ئابدۇراخمان قاھار ئەسەرلىرى

3


# ئىلى دولقۇنلىرى

( رومان )

1- قىسىم



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ئابدۇراخمان قاھار

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب ........................................ 10
ئىككىنچى باب ........................................ 13
ئۈچىنچى باب ........................................ 33
تۆتىنچى باب ........................................ 56
بەشىنچى باب ........................................ 84
ئالتىنچى باب ........................................ 110
يەتتىنچى باب ........................................ 127
سەككىزىنچى باب ........................................ 140
توققۇزىنچى باب ........................................ 159
ئونىنچى باب ........................................ 176
ئون بىرىنچى باب ........................................ 211
ئون ئىككىنچى باب ........................................ 240
ئون ئۈچىنچى باب ........................................ 246
ئون تۆتىنچى باب ........................................ 262
ئون بەشىنچى باب ........................................ 280
ئون ئالتىنچى باب ........................................ 298
ئون يەتتىنچى باب ........................................ 324
ئون سەككىزىنچى باب ........................................ 361
ئون توققۇزىنچى باب ........................................ 390
يىگىرمىنچى باب ........................................ 416
يىگىرمە بىرىنچى باب ........................................ 425
يىگىرمە ئىككىنچى باب ........................................ 455

# بىرىنچى باب

## 1

ئىلى ۋادىسى كەچ كۈز مەنزىرىسى بىلەن چۈمكەلدى. جە-
نۇبتىكى ئاسمانغا تاقاشقان ئاقۋاش تاغلار تۇمانلىشىپ، شىمالدى-
كى كەڭ كەتكەن بىنەملىكلەر، ئوتلاق ـ تەكچىلەر سارغۇچ ـ
سۇر رەڭگە كىرىپ قالدى. ئىلى دەرياسىنىڭ باھار ئايلىرىدىكى
شىددەتلىك دولقۇنلىرى ياز بويى بىردە پەسىيىپ، بىردە ئۆرلە-
گەن بولسا، مانا ئەمدى بارغانسېرى جىمىپ سۇزۇلمەكتە ئىدى.
يازىچە تىرىكچىلىك بىلەن تىنىمسىز ئۆمۈلىگەن قۇرت ـ قوڭ-
غۇزلار ئاللىقاچان ئۆچەكلىرىگە كىرىپ كەتكەنىدى. يوپۇرماق-
لىرى تۆكۈلۈۋاتقان دەل ـ دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى ئەتىسى ـ
ئاخشىمى ئۇرۇپ تۇرغان سوغۇق شامالدا تولغىنىپ شىۋىرلايت-
تى. نە باغلاردا، نە توقايلىقلاردا كۆڭۈل يايرىغۇدەك مەنزىرە
قالمىغانىدى. ھەممە يەر كۆڭۈلسىز، مەھەللىنىڭ ئۇ بېشىدىن ـ بۇ
بېشىغىچە قىقاس سېلىپ قوغلىشىپ ئوينايدىغان يالاڭ ئاياغ يېزا
باللىرى ھازىر ئوچاقنىڭ ئالدىنى بەرمەيدىغان بولدى.

تەبىئەتنىڭ بۇ كۆڭۈلسىز مەزگىلى سوغۇقنى باشلاپ كەل-
گەنىدى. باھار ئايلىرى ياساندۇرغان يېزا، باغۇ بوستان، چى-
مەنزارلارنىڭ يېشىل كىيىملىرىنى كەچ كۈزنىڭ سوغۇق قولى
سالدۇرۇۋالغان، ئۇ يەرلەردە ھازىر قۇشلارنىڭ تاشلاپ كەتكەن
ئۇۋىلىرىلا قالغان، يازنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرى قېنى؟ ئەمدى
قۇشلارنىڭ پۈتۈن دالىلارنى جانلاندۇرۇپ چاڭقىلداپ سايراشلى-

رى، دېھقانلارنىڭ ئېتىزلاردىكى ئەمگەك ناخشىلىرى ئاڭلانمايدۇ. ئۇيەر - بۇيەردە كۆرۈمسىز كۈزلەكلەر، قوغۇنلۇق - باراڭلار ۋە خامانلاردىكى ئىگىسىز قالغان كەپىلەر غوڭۇيۇپ كۆرۈنىدۇ، ئېتىزلاردا قوي - كالىلارنىڭ ئوتلاپ يۈرگىنى كۆزگە چېلىقىدۇ، كۆتەمە ئېرىق ياقىلىرىدا قوراي ئۆرۈپ، كۆتەك قومۇرۇپ يۈرگەن كىشىلەر ئاندا - ساندا كۆزگە چېلىقىپ قالىدۇ.

مەھەللىنىڭ تار، ئەگرى - توقاي كوچىلىرى، ئېرىق - ئۆستەڭ بويلاپ رەتسىز سېلىنغان، ئاقارتىلمىغان سوقما تاملىق ئۆيلىرى كۆڭۈلسىز كۆرۈنىدۇ. غازاڭلار، ئەخلەت - چاۋارلار كۆۋرۈك ئاستىلىرىغا تىقىلىپ، ئېرىق سۇلىرىنى كوچىغا ياپقان بۇ سوغۇق كۈنلەردە بەزىلەر ئۆيلىرىنىڭ يامغۇر سۇلىرى بۇزغان يەرلىرىگە لايچىلىق قىلاتتى، ئاياللار شىلىم بىلەن پەنجىرىلىرىگە سامان قەغەز چاپلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. كەچ كۈزنىڭ ۋەھىمىسى دېھقانلارنى ئالدىرىتىپ قويغان، چۈنكى ئۇلارنى مۇزلىتىدىغان ھەسسىنەم ئايلىرى كېلىپ قالغان. ئۇلار كوچىنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە ياكى تۇگمەنگە يىغىلىشىپ «كۆيدۈرسىمۇ ياز ئاپتىپى ياخشىكەن» دەپ، سوغۇقنىڭ بۇرۇن چۈشۈپ كەتكەنلىكىدىن دادلىشىدۇ ھەم قىشلىق ئوتۇن تارتىش، ئاددىي بولسىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتىدىغان مەشرەپلىرى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ قويۇش، ئۆي - ئىچىدىكىلەرنىڭ قىشلىق كىيىم - كېچەكنى غەملەش قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن باش قاتۇرۇشىدۇ...

«ياغسا يامغۇر، چىقسا بوران، پادىچىغا نەدە ماكان؟» دېگەن گەپ بار، لېكىن نادەمگە ھەممىلا ۋاقىت ئوخشاش بولۇپ قالغان، پەسىللەرنىڭ قايسى بىرى نادەمگە كۈلۈپ قارىدى؟ «يېتىمنى يېتىپ ئۇر، بولمىسا پۈتىدىن تۇتۇپ ئۇر» دېگەندەك يازنىڭ قىزىق ئاپتاپلىرىدا كالىلىرى سايىگە قاراپ قاچسا، ئۇنىڭ ئالدىنى توراپ دەرمانى قالمىغۇچە قوغلاپ يۈگۈردى، ئاش-

AltunOq

لىقلارغا كىرسە ئىگىلىرىدىن تاپاق يېدى، يامغۇر ـ يېشىن، بوران ـ چاپقۇنلاردا يۈزلىرى يېرىلىپ ئېچىشىپ ئاغرىدى، مانا ئەمدى كەچ كۈزنىڭ زەھەردەك شامال ئارىلاش سوغۇقى قىيناۋاتىدۇ.

نادەم پادىنى مەھەللىگە ھەيدىدى. ئۇ پادىسىنى ھەممىدىن بۇرۇن ئاچىقىپ ھەممىسىنىڭ كەينىدە قايتاتتى. مۇنداق بولۇشى باي: «ئوغلۇم نادەم، قوي ـ كالىلار ئەتىگىنى بىلەن كەچقۇرۇنلۇقى ئالايتەنلا ئوتلايدۇ، ھايۋاننىڭ تىلى بولمىغىنى بىلەن، خۇداسى بار، ساڭا ـ ماڭا ئوخشاشلا قورسىقىنى ئوبدان تويدۇرغۇسى كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەتىگەن چىق ـ دە، كېيىن قايت» دەپ جېكىلەيتتى. نادەمنىڭ بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىغۇسى كەلمەيتتى، شۇڭا پادىچى دوستلىرىدىن ئايرىلىپ ئارقىدا قالاتتى. ئۇ مەھەللىگە كالىلىرىنى ھەيدەپ كىرگەندە، توخۇلار ھويلىلاردىكى قارىياغاچ شاخلىرىدا بىر ـ بىرى بىلەن قونداق تالىشىپ چوقىشاتتى، بۇنىڭغا يۇندا تالاشقان ئىتلارنىڭ ئاۋازلىرى قوشۇلۇپ كېتەتتى.

نادەم مەھەللە ئىچىگە كىرىپ كەلگەندە، ئۇنى مەھەللىنىڭ يالىڭاچلانغان ئاق تېرەكلىرىگە قونغان قاغىلار قارشى ئالدى. سەھەردە نادەم بىلەن تەڭ بىر كۈنلۈك ئوزۇق غېمى بىلەن ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەن قاغىلار نادەمدىن خېلىلا بالدۇر كەپتۇ. ئۇلار تېرەك شاخلىرىدا خۇددى بىر يىپقا تىزىپ قويغان قارا مۇنچاقلاردەك تىزىلىپ قاقىلدىشاتتى. نادەم ئۆتكۈر كۆزلىرىنى قاغىلاردىن ئېلىپ، مەنگەننىڭ تۈرخۇنلاردىن كۆتۈرۈلۈشىنى خالىمايۋاتقاندەك ئېغىر ھالدا تولغىنىپ چىقىۋاتقان ئاقۇچ كەچكى ئىسلىرىغا قارىدى ـ دە، كۆزلىرىدە غەمكىنلىك ياندى.

نادەم غەيرەتلىك بالا، لېكىن ئۇنىڭ سۇنۇق چىرايىدىن يېتىملىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بوي ـ تۇرقى، چىرايى دادىسىغا تارتقان: ئېگىز بويلۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك، قويۇق

قېشى قىسقا، بۇرنى قاڭشارلىق، يېشى ئون بەش - ئون ئالتىلەردە بار. ئۇنىڭ بېشىدا چەت - چۆرىلىرى قىرچىلىپ ئۆڭۈپ كەتكەن دوپپا، ئۇچىسىدا كىر كۆڭلەك، ئۇستىدە ئاپىسى قولدا شېرىپ تىكىپ بەرگەن پىنجەك، پۇتىدا چورۇق بار ئىدى. قولىدا پادىچىلارغا خاس تۆز ئىرەن تايىقى بولۇپ، ئۇنىڭغا كالا - قويلارنىڭ سانى بەلدەمچە قىلىپ ئويۇلغان. ئۇ تاياقنى باشقا پادىچىلارغا ئوخشاش كالا مۈڭگۈزىگە دەللەپ ئاتمايتتى، ھەيۋە ئۇچۇن ئايلاندۇرۇپ قوياتتى، «ھايت، ھۇيت» بىلەن پادىسىنى تەرتىپكە چاقىراتتى. ئۇ نېمىلا بولمىسۇن باي قورۇسىدا ئۇ ئىشقا، بۇ ئىشقا بۇيرۇلۇپ يۈرگەندىن كۆرە، ئېتىزلىقلاردا، ئېدىرلىقلاردا مال بېقىپ يۈرۈشنى ئەۋزەل كۆرەتتى.

نادەم ماللىرىنى ھەيدەپ يوغان دەرۋازىدىن كىرگەندە، ئەختەمباي ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، پېشايۋاندا ئۆرە تۇراتتى. ئۇ ماللارنى سانى بويىچىلا ئەمەس، رەڭگى - تۈرقى بويىچىمۇ كۆزدىن تولۇق ئۆتكۈزۈپ بولدى ۋە تويغان - تويمىغانلىقىغا سەپسالدى.

ئانىسىنى كۆرۈپ ئېتىلىپ - تېپىرلىشىپ تۇرغان ئىككى موزاينىڭ يېنىدىكى تەتۈر قوزۇقتا نادەم بىرى قارا ئالا، بىرى قوڭۇر سىيىرنى باغلىدى. ماللىرى قىشلاقتا مېڭىشتىن بۇرۇن ئايرىپ قالغان قويلارنى قوتانغا سولىدى. ئاندىن ئىككى تەرىپىدە تۇتقۇچى بار، قورساقلىق يوغان سېۋەتكە سامان تولدۇرۇپ ئۆستەڭگە ئاچقىپ كەتتى.

نادەمنىڭ ئىشلىرىغا سەپسېلىپ پېشايۋاندا ئۆرە تۇرغان ئەختەمباي ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاشقا باشلىدى: «دادىسىدەك مۇتىھەم، گەپدان ئەمەس، ئىشىغا پۇختا، دېدىل، ئوشۇق - تۆشۈك گېپى يوق ئىدى، نېمە ئىشقا بۇيرۇسا بويۇن تولغىماي ماڭاتتى، قورسىقىنى تويغۇزۇپ قويسا كالىدەك ئىشلەۋېرەتتى. ئەمدى بۇ بالا ئۆزگىرىۋاتىدۇ، گايىتىنىڭ يالىسى يۇقۇۋاتىدۇ،

شۇ تومبالقىنى دوراپ قالسا، بۇمۇ بىر پارچە چىش ئۆتمەيدىغان پاتاڭ بولۇپ قالىدۇ. بىلىمەن، ھەممىنى قىلىۋاتقان ئەنۋەر ئەپەندى، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى بىلىش كې-رەك. ئەيۋەشكە كەلسە ياخشى، ئەيۋەشكە كەلمىسە ھۆكۈمەتمۇ، ساقچىمۇ بارغۇ. مەنسۇرشاكىيومۇ بىر دۆت، ھەدېسىلا ئۇلارنى ھۆكۈمەتكە چاقىدۇ، قامچا، مىلتىق بىلەنلا ئەلنى باشقۇرىمەن دەيدۇ، لېكىن باققان ئىتىنىمۇ ئۇرۇۋەرسەڭ يېنىپ چىشلەيدۇ. بۇ يالاڭتۆشلەرنىڭ يېنىشىدىن خۇدا ساقلىسۇن، ئۇلار يۈزسىز-لىك قىلسا بىزگىلا بولىدۇ. بەزىلەر: «ئېرىق چاپساڭ يېنىنى ئال، مالاينىڭ جېنىنى ئال» دەيدۇ تېخى، يۈرىكىنى مۇجۇي-مەن، دەپ ئۆزىگە قارشى قىلىۋالغاندىن نېمە پايدا؟ ساڭا ئۆچلۇ-كى بار ئادەمنىڭ قىلغان ئىشىدا قانچىلىك ئۇنۇم بولسۇن، بىرنەچچە ئېغىز ياخشى گەپ ئۇچۇن تىلىڭ كۆيمەيدىغۇ، سېنىڭ قارا قورساق خەق ئىچىدە ئىنساپى بار دېگەن ياخشى گېپىڭ چىققىنىدىن مۇنۇ ئەنۋەرگە ئوخشاش ئوقۇمۇشلۇقلار ئىچىدە «مەرىپەتچى» دېگەن نامىڭ چىققىنى ياخشى ئەمەسمۇ، مەكتەپ رېمونتىغا پۇلمۇ بېرەي، ئىمكان بولسا، ئاشۇ ئەنۋەر ئەپەندىنى ئۆيگە كۆچۈرۈپ ئەكېلىۋالاي، ئەپەندى خەق دېگەن ياخشى تا-ماق، پۇلنىڭ قۇلى، ئۆشرە ــ زاكاتنىڭ تولىسىنى مەكتەپكە، ئارزاقىنى ئىمام ــ مەزىنلەرگە بېرەي. ئەلنىڭ كۆزىچە ئەپەندىگە ئاتىدارچىلىق قىلاي، ئوغلاق بولسا، ياخشى ئات توقۇپ مىندۇ-رۇپ، تېخى ئۆيدە مەشرەپمۇ قىلىپ بېرەي، ئۇرۇق ــ جەمەتىمى-نىڭ قىزلىرىدىن تاللاپ تۇرۇپ بىرنى چېتىپ قويساي، پاھ. . . شۇ چاغدا ئۇ ئەپەندىنىڭ ماڭا بويۇن ئەگمىگىنىنى بىر كۆرەيچۇ، گايىتتەك تومبالقىلار، نادەمدەك مۇز پېشانىلەرمۇ مېنىڭ قولۇمغا قارايدىغان بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ناسىر، نادىرلارنىڭ ئۆلۈمىنى ھېچكىم مېنىڭدىن گۇمانلانمايدۇ. . . »

ئەختەمباي خىيالىنى شۇ يەردە توختاتتى ــ دە، پۈرۈشكەن

چىرايىدا خاتىرجەملىك، رازىمەنلىك ئىپادىلەندى ۋە ئىڭىكىنى ئاستا سىلاپ قويدى، ئۇنىڭ چېقىر كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالدى. كۆپ ھاللاردا خىياللىرىنى خۇپىيانە تۇتىدىغان باي يەنە نېمىلەرنىدۇر ئويلاشقا باشلىدى...

ئۇزۇن ئۆتمەي ئادەم ساماننى يۆيۈپ ئەكىردى ۋە ئۇنى تامغا تىكلەپ ساقتىپ قويدى ـ دە، ئامبارغا كىرىپ كېپەك ئېلىپ چىقتى. سامان بىلەن كېپەكنى ئىلەشتۇرۇپ، ھەلەپ ئېتىپ ئىككى سىيىرنىڭ ئالدىغا بۆلۈپ تۆكتى.

«بۇ شۇمتەكمۇ بەلكى چوڭ بولغۇچە ئۆزگىرىپ كېتەر، دادىسىنى كېيىپ چىقار، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشەر، — دەپ ئويلاشقا باشلىدى يەنە باي، — مەنمۇ ئۆزگىرىپ كەتتىمغۇ؟ ياشلىقىم بۆۋەكچىلىك بىلەن ئۆتۈپ كەتتى، دادامنىڭ پىششىقلىق بىلەن تۈگكەن تۈگۈچىنى بۇزۇپ چاچتىم، يوقاتتىم، ھەۋەسىم مېنى نېمىلەرنى قىلدۇرمىدى، نېمە كويلارغا سالمىدى؟ قىڭغىر ـ قىيسىق كوچىلارنىڭ ھەممىسىگە كىردىم. لېكىن، چوڭ بولغانسېرى، بولۇپمۇ بۇ چوڭ ئۆي ماڭا قالغاندىن بېرى، ئەقلىمنى تاپتىم، باشقا بايلارغا قاراپ ئېسىمنى يىغدىم، مال ـ دۇنيانىڭ قەدرىگە يەتتىم. ئۆزگەرگەندىمۇ دادامنىڭ يولىدىن باشقىچە يولدا ماڭدىم. ئىسىت... بۆۋەكچىلىك بىلەن ئۆتۈپ كەتكەن ئون يىل، بولمىسا بۇ چاغقىچە ھېچبولمىغاندا ئۈچ يۈز خو يەر بەش يۈز خوغا، يەتتە قورۇ قوي ئون بەش قورۇغا، جاڭزا ئۈچتىن بەشكە، تۆگە ساندۇقتىكى زىخچە ئالتۇن ئىككى يۈز سەردىن ئۈچ يۈز سەرگە يەتكەن بولاتتى ـ دە، ھەي شۇ دادامنىڭ كالتە پەملىكى، نېمىشقىمۇ باشقا بايلارغا ئوخشاش مېنىمۇ دۇنيا تۇتۇشقا ئۆگەتمىگەن بولغىيتىكىن... روھىنىڭ ئۇچۇنمۇ ياخشىدى، ئەختەمباي كىمنىڭ ئوغلى؟ رۇستەمباينىڭ بولاتتى. خەير، روھىڭ قورۇنمىسۇن، دادا، ئەمدى ئۆزۈمنىڭ يولىنى ئۆزۈم تاپىمەن، ئاسمان پەلەككە كۆتۈرۈلـ

مەن، باشقىلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىمەن...»

سىيىر ساغىدىغان موماي سىرلانغان ئاق چېلەكنى كۆتۈ-رۈپ چىققاندا، ئەختامبايىنىڭ خىيالى ئۈزۈلدى. نادەم ئىشلىرى-نى سەرەمجانلاشتۇرۇپ، كېيەك يېپىشقان قولىنى ئۈۋۈلاپ قو-تاندىن چىقتى. ئۇ كۆزىنى بايدىن قاچۇرۇپ، ئۈۋۈلاۋاتقان قولى-غا قاراپ تۇراتتى.

— نادەم، بالام، — دېدى باي خىيالدىن بېشىنى كۆتۈ-رۈپ، — تامىقىڭنى يەۋال، ئەمدى.

نادەم ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ، كۈندىكىدەك ئوچاق ئالدىدا ئولتۇردى. ئۇنىڭ كەينىدىن يېنىك چامداپ ئەختەمباي كىردى، ھۆرنىساخان نادەمنىڭ ئالدىغا بىر چىنە سۈيۈقئاشنى قويغانىدى، باي:

— نان ئاچىقىپ بەر، نان، ئۆسۈۋاتقان بالا تويغۇچە يېسۇن، سوغۇق يەپ كەلگەن بالا تويامدۇ ئۇنىڭغا، — دېدى. ھۆرنىساخان جىرىستىن يېقىلغان پوم ناندىن بىرنى ئاچىقىپ بەردى.

ئەيلەنگەن ئۆچكە تېرىسى سېلىنغان كاڭنىڭ ئۈستىدە ئول-تۇرغان باي بېشىنى سىلاپ ئەسنەپ تورۇسقا قارىدى: ئاشخانا بەش لىملىق، ئۈچ دېرىزىلىك چوڭ ئۆي ئىدى. كۈن پېتىشقا قارىغان ئىشىكتىن كىرگەندە، ئۇدۇلدا مانتا ئوچاق، ئۇنىڭغا بىر چوڭ، بىر كىچىك ئىككى قازان ئېسىلغان، ئوچاقنىڭ يېنىدىكى تامغا ئۈچ ئۆزۈنچاق ئويۇق ئويۇلغان بولۇپ، چىنە-قاچىلار دەستىلەپ قويۇلغان. يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتى-كى سۇپىغا بەش پارچە چىرايلىق گۈللۈك تېكىمەت سېلىنغان. ئۆينىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تامغا يۆلەپ قاتىرىسىغا ئىككى ساندۇق قويۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېگىز قىلىپ يوتقان - كۆرپىلەر تىزىلغان، ئۆي يورۇق ھەم ئازادە ئىدى.

ئەختامبايىنىڭ يېنىدا گەپ قىلماي، ئۇياق - بۇياققىمۇ

قارىماي ئۇن تۆت ـ ئۇن بەش ياشلار چامىسىدىكى شالاڭ چاچ-لىق، قېشى سارغۇچ بولسىمۇ قويۇق، كېرىكتىن يېڭى تۇرغان ئادەمدەك چىرايى تېگى ـ تېگىدىن سېرىقداپ جۇدىگەن، چوڭ كۆزلىرى پارقىراپ قالغان كەنجى ئوغۇل ــ ۋارىسجان ئولتۇ-راتتى. ۋارىسجاننىڭ بېشىدا بېغىررەڭ مانجىستىر دوپپا، ئۇچى-سىدا كۆك تېرىكىدىن تىكىلگەن ئەستەرلىك شىم ـ چاپان، پۇتىدا غۇلجا خۇرۇمىدىن تىكىلگەن ئىسكەتلىك ئۆتۈك بولۇپ، ئىچىدىكى ئاق كۆڭلەك ياقىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

بەشىنچى لامپا ئۆي ئىچىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. نادەم تامدى-قىنى يەپ بولغانىدى. بۇگۈن باي ئۇنىڭغا خۇددى بىرنېمە دەيدى-غاندەكلا قىلىپ تۇراتتى، شۇڭا ئۇ باينىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇ-رۇپ قالدى. دېگەندەك باي ئۇنىڭغا قاراپ ئېغىز ئاچتى:

ــ بالام، نادەم، ئەتىدىن باشلاپ سەن ۋارىسجاننى مەك-تەپكە ئاپىرىسەن ھەم بىللە ئېلىپ قايتىسەن، ماللىرىڭنى چۈش-تىن كېيىن باقىسەن.

ھېچ ئويلىمىغان يەردىن چىققان گەپ ئۈچۈن نادەم ئەختام-بايغا ئىتتىك قارىدى، ئۇنىڭغىچە ھۆرنىساخان ئادىتى بويىچە گەپكە ئارىلىشىۋالدى، ئۇ گەپكە ئارىلاشمىسا كۆڭلى تىنمايتتى:

ــ ۋارىسجاننى مەكتەپكە ئاپىرىپ قويۇپ كېلىپ، ماللار-نى بېقىپ كەلسۇن، ئېتىزدىن چۈشكە يېقىن قايتىپ كېلىپ مەكتەپكە بارسىمۇ بولىدىغۇ، چۈشكىچە مەكتەپتە بىكار ئولتۇ-رامدۇ؟

ــ بولمايدۇ! ــ دېدى ئەختەمباي بېشىنى سىلكىپ، ــ ھەربىر سائەت ئارىلىقىدىكى تەنەپپۇس ۋاقتىدىمۇ كۆز ـ قۇلاق بولۇش كېرەك، يەنە «بېشى قايغان، پۇتى تايغان» ياقىلارغا كەتسە، سەن ئىزدەپ تاپامسەن؟! سەن ۋايىساشتىن باشقىنى بىلمەيسەن. . .

باي نادەمگە قاراپ مۇنداق دېدى:

— مەكتەپكە ئۇدۇل بېرىپ، ئۇدۇل كېلىڭلار، مۇبادا ۋارىسجان باشقا ياقلارغا بۇرالسا، يول قويما، ئۇقتۇڭمۇ بالام؟

— ئۇقتۇم.

يېقىندىن بېرى ۋارىسجان مەكتەپتىن يېنىپ ئۆيگە كەلمەي، بېشى قايغان ياقلارغا كېتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى، مەكتەپتىن يېنىپ، تۆۋەنكى مەھەللە تەرەپكە كەتتى، باي ئادەم ئەۋەتىپ ئۇياق - بۇياقنى ئىزدەشتۈردى، ھېچ يەردىن تاپالمىدى، كەچ كىرگەنسېرى ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ قورقۇشتى، تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ پايپېتەك بولۇشۇپ كەتكەن ئادەملەر ئۇنى ئاخىر تۆۋەنكى مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى ئەسكى تاملىقتىن تاپتى. ئۇ ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوق بىغەم ئولتۇرغانىدى. مۇشۇ ئىشتىن كېيىن، ئەختەمباي بىلەن ھۆرنىساخان مەسلىھەتلىشىپ، ۋارىسجانغا نادەمنى قوشۇپ مەكتەپكە ئەۋەتىش قارارىغا كېلىشكەنىدى.

ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشەلگەن نادەمگە باي يەنە مۇنداق دېدى:

— ماللارغا بوغۇزنى كۈندىكىدىن ئەتىگەنرەك ئەت، مەكتەپكە ماڭىدىغان چاغدا، ئوقۇرلارنى زىغىر قوغىنى بىلەن تولدۇرۇۋەت، ئۇقتۇڭمۇ، بالام؟

— ئۇقتۇم.

نادەم ۋارىسجاننى مەكتەپكە ئاپىرىپ - ئەكېلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشال بولدى. كىم بىلىدۇ، ئىللىق چىراي ئەنۋەر ئەپەندى ئۇنىمۇ ئوقۇتۇپ قويار، بەلكى. . . كىشىلەر ئۇ چوقۇر ئەپەندىنى كەمبەغەللەرگە ئەجەب كۆيۈمچانكەن دەپ تەرىپلىشىۋاتىدىغۇ، «يېتىمنىڭ ئاتىسى يەتتە» دېگەنلەر بىكار ئېيتمىغاندۇ، شۇنداق قىلسا ئەجەب ئەمەس.

## 2

نادەم ھويلىغا چىقتى. ئىسسىق ئۆيدە ئولتۇرۇپ راھەتلە-
نىپ قالغان بالا، كەچ كۈزنىڭ سوغۇق شامىلىدا تېنىدە بىردىنلا
تىترەشنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى سەزدى ۋە تىترەپ يۈرۈپ، ئۇخ-
لاش ئالدىدىكى كۈندە قىلىپ كېلىۋاتقان ئىشلىرىنى قىلىشقا
باشلىدى. بالا ئىشلىرىنى تۈگەتكۈچە تۇرمۇشنىڭ خۇنۈك، قا-
راڭغۇ كېچىسى ئالىلىقاچان ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئورىۋالغانىدى.
كېچە بەك قاراڭغۇ بولۇپ، يۇلتۇزلارنىڭ نۇرلۇق، كۈمۈش
كىرپىكلىك يۈزلىرىنى قارامتۇل بۇلۇتلار تۇسۇپ كەتكە-
نىدى. ئۇ تېخى قەغەز چاپلانمىغان چاقماق پەنجىرىلىك ئۆيگە
كىردى ـ دە، بەش بارماقنى كۆزگە تىقسىمۇ كۆرۈنمەيدىغان
قاراڭغۇلۇقتا تەمتىلەپ يۈرۈپ، قېتىشىپ قالغان قورايىنى قار-
سىلدىتىپ سۇندۇرۇپ ئوچاققا سېلىشقا باشلىدى. ئۆي ئىچى
ئۇنىڭغا تالادىنمۇ سوغۇق بىلىندى.

تۇرمۇشنىڭ قايسى تەتۈر تەقدىرى تېخى ئاغزىدىن ئانا سۈتى
كەتمىگەن كىچىككىنە بالىنى مۇشۇ گۇندىخانىغا يالغۇزدىن ـ
يالغۇز ئەكېلىپ تاشلىغاندۇ ـ ھە؟ ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىمۇ مۇشۇ
ئىز بىلەن كەلگەن، بۇ ئىز نادەمنى يەنە قاياقلارغا، قايسى
يوللارغا ئېلىپ بارىدىكىن؟ ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆمۈر يولىدا يەنە نېمە-
لەرنى كۆرىدىكىن؟ ئۇ مۇشۇ ئۆيگە كەلگەندە دەسلەپكى بىرنەچ-
چە كۈننى قورقۇش، جۆيلۈش، ئەنسىزلىك بىلەن
كىرپىكمۇ قاقماي ئۆتكۈزۈۋەتتى. لېكىن، كېيىنرەك يالغۇز،
دەردتىلىك ئانىسىنىڭ، ئاتا ـ ئانىسىز قالغان ئادىلجاننىڭ تۇرمۇ-
شى ئۈچۈن باي ھويلىسىغا كېلىپ ئىشلەشكە موھتاج بولغان
بۇ بالا، بۇ ئىشلارغا ـــ يالغۇزلۇققا كۆنۈكۈپ قالدى. ئۆتۈۋاتـ

قان كۆنلەر بىزگە نېمىشقا چىراي ئاچمايدۇ؟ نېمىشقا بىزنىڭ كۆڭلىمىز بەرگىدىن مەزگىلسىز ئۈزۈلۈپ كەتكەن گۈلدەك سولىشىپ كېتىدۇ؟ نېمىشقا بىزنىڭ چىرايىمىز كۈن كۆرمىگەن يوپۇرماقتەك رەڭگى؟ . . . نادەم بۇ ئوي ـ خىياللارنى تالاي قېتىم ئويلاپ كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ۋايىغا يەتمىگەن ئەقلى بىلەن بۇ ئىشلارنىڭ تېگى ـ تەكتىگە چۆكۈپ يېتەلمەيتتى.

نادەم ئوتنى تۇتاشتۇردى ۋە قورايىنىڭ ئاچچىق ئىسسىدىن ياش قويۇلغان كۆزىنى يېڭى بىلەن ئېرتتى. ئۆي ئىچى يورۇپ، كۆڭۈللۈك بىر ھالەت پەيدا بولدى، ئۆيمۇ ئىللىپ قالغاندەك سېزىلدى. ئۇ پۈتىدىكى چوقايىنى يېشىپ، پايتىملىرىنى ئوتنىڭ ئالدىدىكى كېسەكنىڭ ئۈستىگە يايدى. پايتىمىدىن ھو كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، كىر ھەم تەر پۇرىقى ئۇنىڭ دىمىغىغا ئۇرۇلدى. نادەم ئوتسىنىپ بىردەم ئولتۇردى. ئۆي ئىچىدە بۇرۇن ئاق بولسىمۇ، ھازىر كۈل رەڭ بولۇپ قالغان بىر پارچە يىرتىق كىگىز ۋە ئورۇن ـ كۆرپىسى تۇراتتى. ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا بېدە توغرايدىغان جادۇ، بىرى تۆمۈر، بىرى ياغاچ ئىككى دانە ئارا، ئىرگۈلۈ ھارۋىنىڭ جابدۇقلىرى ۋە ياغاچ قوزۇقتا كېرەكتىن چىققان بىر تور ۋە شىليا ـ خامۇتلار توپا بېسىپ تۇراتتى.

نادەم ئاخىرقى بىر تۇتام قورايىنى ئوچاققا سالدى ـ دە، ئوتنىڭ يورۇقىدا تېزلا ئورۇن ـ كۆرپىسىنى سېلىپ يېتىۋالدى. تاڭ ئاتماستىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەل بىر ئۇخلىغانغا قەدەر مىدىرلاپ يۈرگەن بالا، يوتقاننىڭ ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ قاتتىق ھارغانلىقىنى سەزدى.

ئوت ئۆچتى. تالادا گۈركىرىگەن شامال تۈرخۇندىن كىرىپ قورايىنىڭ ئوتى ئۆچكەن بوش ئوچاقتا ئۇشقىتىپ ئوينىماقتا. نادەم پۈتمنى يىغىپ تۈگۈلۈپ ياتقىنىچە، ئۆزىنىڭ ۋەيران بولغان ئائىلىسىنى ئويلىدى: «ئاپام ھازىر ئۇخلىدىمىكىن؟ ئادىل-

جانغۇ ئۇخلاپ قالغاندۇ، تاينىلىق. . . جاپانىڭ چېكى بولار، گايىتكام ئېيتتىنغۇ، تاڭ ئاتمايدىغان تۈن بولمايدۇ ئۇكا دەپ». بىردەمدىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا تېخى ئىككى قېتىملا كۆرگەن ھېلىقى ئەپەندى گەۋدىلىنىپ كەلدى. «ۋارىسجان بىلەن قوشۇپ مېنىمۇ ئوقۇتسا نېمە بولار؟ مەيلى جاپا تارتسامۇ، ياخشى ئوقۇپ چوڭ بولغاندا ئاپامنى، ئۇكامنى ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشتۈرسەم، جاپانىڭ تېگى راھەت دەيدىكەنغۇ. . .». ئۇ، كىشىلەر ياخشى گېپىنى قىلىدىغان ئەنۋەر ئەپەندىنى ۋە مېھرىبان ئاپىسىنى ئەسلەپ يېتىپ تاتلىق خىياللار بىلەن ئۇخلاپ قالدى. خېلىلا ئىسسىپ - ئىللىپ قالغان ئۆي بىردەمدىلا سوۋۇپ كەتتى. شامال تېخىمۇ ئەدىمەكتە، ھەربىر بۇلۇڭ - پۇچقاق، يوچۇقلارغا ئۇرۇلۇپ غەلىتىلا سادالارنى پەيدا قىلماقتا. ئاسمان يۈزىنى قارا يوغان بۇلۇتلار توسۇپ كەتكەن، ئەگەر ھاۋا ئوچۇق بولغان بولسا، سوغۇق تېخىمۇ ئەدەيدىغان چېغى، ھېلىمۇ بوش ئەمەس. قوتاندىكى قويلار، ئېغىل ئالدىدا ياتقان كالىلار سوغۇققا پەرۋا قىلماي، يېنىك پۇشۇلداپ ياتماقتا. نادەم ھېچنېمىنى تۇيماي تۇگۇلۇپ ياتىدۇ، بىراق ئۇ ياخشى چۈش كۆرۈۋاتىدۇ: ھېلىقى يېقىملىق ئەنۋەر ئەپەندى ئۇنى قولىدىن يېتىلەپ سىنىپقا ئەكىرىپ قويدى ۋە ئۇنىڭغا دەپتەر - قېرىنداشلارنى بەردى. ۋارىسجان بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇۋاتىدۇ، مۇئەللىمنىڭ سۆزلىرىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئاڭلاۋاتىدۇ. مۇئەللىم ئۇنى، نادەم تىرىشىپ ئوقۇۋاتىدۇ، دەپ ماختاۋاتىدۇ. . . لېكىن ئۇ، مۇئەللىم مېنى ماختىمىسا بولاتتى، ۋارىسجان مۇئەللىمنىڭ ماختاشلىرىنى ئاپىسىغا ئېيتىپ، مېنى ئوقۇشتىن توختىتىپ قويمىسا بولاتتىغۇ، دەپ ئويلاۋاتىدۇ. . .

# ئىككىنچى باب

## 1

دۆمچەك ـ دۆمچەك، ئېگىز ـ پەس قەبرىلەر بىلەن تولغان گۆرىستان. قانچە ـ قانچە ئارزۇ ـ ئارمانلار بىلەن دۇنياغا كۆز ئېچىپ، لېكىن قارا تەقدىرنىڭ شەپقەتسىز ئىلكىدە ئاچچىق ھەسرەت ـ نادامەتنى ئىچىگە يۇتۇپ، ۋاپاسىز زامان بىلەن مەڭ-گۈگە خوشلاشقان جانلار ماكانى. ھايات بىلەن خوشلاشقان بۇ سانسىزلىغان جانلار ئىچىدە، ئۆز ئۆمرىنى يوقسىزلىق ئازابى بىلەن ئۆتكۈزگەنلەرمۇ، قارا كۆڭلەر باغرىغا خەنجەر ئۇرۇپ، مەردانىلىك بىلەن ئۆتكۈزگەنلەرمۇ، كىشىلەرنىڭ ئەجرىگە چاڭ-گال سېلىپ ھارامدىن سەمرىپ ئۆتكۈزگەنلەرمۇ بار. قەبرىلەر ئىچىدە يىللارنىڭ ئۆتۈشى ۋە جۇدۇن ـ چاپقۇنلارنىڭ سوقۇشى بىلەن ئىزناسى ئۆچۈپ كېتەي دەپ قالغان قەبرىلەرمۇ، ئەتراپى سالاسۇنلۇق قىلىنىپ يېشىل، كۆك رەڭدە سىرلانغان قەبرىلەر-مۇ، ھەتتا يېنىغا كۆچەت تىكىلىپ، ۋاقتى ـ ۋاقتىدا سۇ قۇيۇ-لۇپ تۇرىدىغان قەبرىلەرمۇ بار. ئەنە شۇ سانسىزلىغان قەبرىلەر-نىڭ بىرىنىڭ يېنىغا تىز چۆككەن ئانا ئۆز ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ، مۇنچاق ـ مۇنچاق كۆز ياشلىرىنى تۆكمەكتە ئىدى. ئانا ھېچ چىدىيالمايتتى، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ گاھىدا ھۆركىرەپ يىغلايتتى، كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلغاندەك بولاتتى. قەب-رىستانلىق ئۈستىدە قارا بۇلۇتلار تۇرۇلۇپ ئېغىر ئاقماقتا ئىدى.

مانا، ئاسمان كۆز ياشلار بىلەن تولغاندەك سىمىلداپ يام-

غۇر يېغىشقا باشلىدى. ھالسىزلانغان ئانا ئۆزىنى بىلمىگەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، مەھەللە تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ماغدۇرسىز ئاياغلىرىنىڭ دىرىلدەۋاتقانلىقىنىمۇ، كۆزىگە نېمىلەرنىڭ تاشلىنىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى، بىرھازا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ يۈرىكىدە قوزغالغان ئېغىر ھېسلاردىن قۇتۇلۇشقا، يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر روھىي يۈكلەرنى ئىرغىتىپ تاشلاشقا ھەرىكەت قىلىپ، تىرىكلەرنى — نادەمنى، ئادىلجاننى ئويلىدى. ئۇنىڭ چوڭقۇر قايغۇدا تىترىگەن لەۋلىرى ئۇچۇق ھالەتتە پىچىرلىماي تۇراتتى.

بېشىغا ئېغىر مۇسىبەت چۈشكەن ئادەم ھەرقاچان تىرىكلەرنى ئويلاپ ئۆزىگە تەسەللى تاپىدۇ، تىرىكلەر غېمى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ، «تىرىكلەر ئەلا» دېگەن گەپ بىكار چىقمىغان. ئانا نادەم، ئادىلجانلارنىڭ ئەتىرىمەي چوڭ بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پۈت دەسسەپ تۇرۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى ـ دە، ئۆيىگە ئاستا ياندى.

ئۇ يامغۇردىن ئېغىرلاشقان كىيىملىرى ئىچىدە شۈمشىيىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى ـ دە، نامازغا ئولتۇردى، نامازدىن كېيىن ئۇزاق دۇئا قىلدى، ئاندىن نەۋرىسىنى يېنىغا ئېلىپ يېتىپ خىيالغا چۆكۈپ كەتتى، بۇ خىياللارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. بىردەمدىن كېيىن مەھەللىدىن «توك ـ توك ـ توك...» قىلغان كوندىكى ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئاۋاز بارغانسېرى كۈچىيىپ ھەم كۆپىيىپ بارماقتا ئىدى. بۇ — كىشىلەرنىڭ يېتىش ئالدىدىن غورۇلىرىغا پاناھ قېقىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

گۈلپەمخاننىڭ خىياللىرىنىڭ بىر تۈگۈنى ناسىرئاخۇن ئىدى. ناسىرئاخۇننىڭ سىرلىق ئۆلۈمى ئۇنىڭ باغرىنى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئېچىشتۇرغان ۋە قەلبىدە ئۆچمەس داغ قالدۇرغانىدى، ئۇ ئويلىغانسېرى دەرد ـ ھەسرەتكە چۆكەتتى. بولۇپمۇ ئانىنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس داغلارنى پەيدا قىلغان نەرسە، ئوغلى

نادىرنىڭ تۇرمىدىكى ئۇن ـ تىنسىز ئۆلۈمى ئىدى. ئۇ بالىسىنى
بىرنەچچە كۈندىن كېيىنلا قايتىپ چىقىدۇ، دەپ ئويلىغان ئە-
مەسمىدى، ئانا باغرىنى يىرىپ چۈشكەن بالىغا چىدامدۇ، ئوغلى-
نىڭ ئۆلۈكىنى بەرمىگەنلىكىچۇ تېخى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا ناھايىتى
ئەلەم قىلغانىدى. ئۆلۈكىنى سوراپ كىرگەندە، تۇرمە ئەمەلدار-
لىرىدىن بىرى: «ئۆزىمىز كۆمۈۋەتتۇق، بۇنىڭدىن كېيىن سو-
رىغۇچى بولما، بالاڭنىڭ ئۆلۈكىنى يەيتتىڭمۇيا. . . » دەپ گۈل-
پەمخانىغا دىۋەيلەپ گۈلىيىپ كەلگەندە، ئۇ قورقۇپ كەتكەنىدى.
«تووۋا، ئاشۇ قانخورلارنىڭ ئانىلىرى يوقمىدۇ، بالىلىرى يوق -
مىدۇ، — دەپ ئويلىغانىدى ئانا ئىچىدىن ئۆرتىنىپ، —
زامان شۇنچىمۇ ۋاپاسىز بولامدۇ، رەھىم ـ شەپقەت دېگەن
نەرسىلەر بۇ دۇنيادىن قۇرۇپ كەتكەنمۇ ـ ھە؟ بالامنىڭ يۈزىنى
كۆرۈۋالسامچۇ، يەرلىكىگە ئۆز قولۇم بىلەن قويسامچۇ كاشكى،
ئۇ مەلئۇنلار ئوغلۇمنىڭ يەرلىكىنى قانداق كولاتقاندۇ، جەسىتى-
نى قانداقراق كۆمگەندۇ؟ . . . » مانا شۇنىڭغا ئوخشاش خىياللار
ئانىنى ھەر كۈنى دېگۈدەك ئورىۋالاتتى. كۆكسىدىن ئېتىلىپ
چىققان ئەلەم بىلەن ھەسرەت، غەزەپ بىلەن نەپرەت ئانىغا ھېچ
ئارام بەرمەيتتى، بۈنى ئاز دەپ نادەمنىڭ يېقىنقى بىر ئايدىن
بېرى جۈدەپ قورايدەك قۇرۇپ كېتىشى، ئېچىشقان يەرگە تۇز
سەپكەندەك ئازابلىق بىلىنگەن ۋە ئانىنىڭ قايغۇسىنى، يۈرەك
يارىسىنى ئۇلغايتىۋەتكەنىدى: «كىچىككىنە بالىنى شۇنچىمۇ ئې-
غىر ئىشلارغا سالامدۇ، ئۆزلىرىنىڭمۇ بالىلىرى بارغۇ،
مەھەللە ـ يۇرتنىڭ ئالدىدا يېتىم بالىنى ئوقۇتۇۋاتىمەن دېگەن
ئاتاقنى ئالىدۇ، ئەمما يېتىملارنى بولسا تازا بوزەك تاپىدۇ. . . »
ئادىلجاننىڭ يېنىدا ياتقان ئالا مۇشۇك يېنىك خورۇلداپ
ئۇخلاۋاتاتتى، ئۆي ئىچىمۇ قاراڭغۇلىشىپ قالغانىدى. گۈلپەم-
خان بايا نەۋرىسىنى قارا بېسىپ قالمىسۇن دەپ بېشىغا قويۇپ
قويغان پىچاقنى ئېلىپ ئويۇققا قويۇپ تۇرۇشىغا، سىرتتا بىرد-

نىڭ شىپىلداپ كېلىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى ـ دە، ئىشىك ئېچىلىپ نادەم كىرىپ كەلدى.

— ئاپا!

— ۋاي، نادەمغۇ بۇ... جېنىم بالام... كۆزۈمدىن ئۇچۇپلا كەتتىڭغۇ، — گۈلپەمخان ئىتتىك بېرىپ نادەمنى قۇچاقلىدى ۋە پېشانىسىگە سۆيدى، كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى، — قانداق ئەھۋالىڭ بالام؟ تىنچ ـ ئامان تۇرۇۋاتامسەن؟

— ياخشى ئاپا، — نادەم ئانىسىنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، — يىغلىما ئاپا، مەن يىراققا كەتمىدىمغۇ، بىر مەھەللىدە تۇرۇۋاتىمىز، نېمىگە يىغلايسەن، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، مەنمۇ چوڭ بولىمەن، ئۆز كۈنىمىزنى ئۆزىمىز ئالىمىز.

گۈلپەمخان يېشى ئەمدىلا ئەللىكنىڭ قارىسىنى ئالغان، بۇغداي ئۆڭ، يۈزىنى ھەسرەتلىك قورۇقلار قاپلاپ كەتكەن، ئازابلىق خىياللار بىلەن كۆزلىرى پىلدىرلاپ قالغان خوتۇن ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيىدە بىر كىچىك قازان، ئىككى ـ ئۈچ يېرىدىن تېشىلگەن بىر پارچە كىگىز، سىرى كۆچۈپ كەتكەن بىر ساندۇق، ئورۇن ـ كۆرپىسى ۋە ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەرلا بولۇپ، بىساتىدىكى پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى سېتىلىپ بولغانىدى. ھازىر ئۇ، كىشىلەرنىڭ نېنىنى يېقىپ، كۆلدە كۆمەچ بولۇپ، كىرىنى يۇيۇپ، سىيىرىنى سېغىپ، جۇدەپ ـ سىرىلىپ، كۈننىڭ سېرىقىنى ئارانلا كۆرۈپ كېتىپ باراتتى.

ئانا ئوغلىنىڭ باي ئىشىكىدە ئۆتۈۋاتقان كۈنلىرىنىڭ قانداقلىقىنى دەممۇ دەم بىلگۈسى كېلەتتى. مانا، ھازىر چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭدىن كەينى ـ كەينىدىن سوئال سوراشقا باشلىدى:

— قورسىقىڭغا تويغۇدەك بىرنېمە بېرەمدۇ بالام؟ — دېدى ئانا ئوغلىغا قاراپ، — يا ئاچ ـ توق بولۇپ يۈرۈۋاتامسەن؟

— ئەختەمباي خوتۇنىغا تويغۇدەك نان بەر، دەپ تۇرىدۇ، بولمىسا خوتۇنى بەك پىششىق ئىكەن.

— خۇدا ئىنساپ بەرسۇن، ھېلىقى ئوغلى سېنى بوزەك قىلمايدىغاندۇ؟

— ياق، ئۇنىڭ بوزەك قىلغۇدەك ھالىمۇ يوق، كەچكىچە تامغا مىخلاپ قويغاندەك ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان، مەكتەپتىمۇ شۇنداق، بوزەك قىلماق تۇگۇل، ماڭا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايدۇ، تازا دەلدۈش دېگىنە، ئۇ.

— ئېغىر ئىشلارغا سالامدۇ؟

— ئېغىر ئىشلارغىمۇ سالمايدۇ، ئېغىر ئىشلارغىمۇ بوش كەلمەيمەن، ئاپا چوڭ بولۇپ قالدىم.

— ئۇنداق دېمە بالام، زورۇققۇپ كەتسەڭ بولمايدۇ، باشقىلار سېنى كىچىك كۆرۈپ ئىشلارغا بۇيرۇمدۇ؟

— گايىتكام ناھايىتى ياخشى ئادەم ئىكەن، خۇددى ئاكامدەك كۆيۈنىدۇ. مەن قىلىدىغان بەزى ئىشلارنىمۇ ئۆزى قىلىۋېتىدۇ. شۇ ئادەم بولسىلا مەن خار بولمايمەن، تەلىيىم بار ئىكەن.

— كەمبەغەللىنىڭ قاياشى كەمبەغەل ئەمەسمۇ، بالام، بىر ـ بىرىنىڭ ھالىغا يېتىدۇ. داداڭمۇ شۇنداق، كەمبەغەللەرگە كۆيۈنەتتى، نۇرغۇن ئادەملەرگە رەھمەتلىك ياخشىلىق قىلغان، ئەمدى ئۇنىڭ ياخشىلىقى ساڭا يېنىۋاتىدىغاندۇ. . .

نادەم ھەر قېتىم ئۆيىگە كەلگەندە، «ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى، پۇت ـ قولۇمنىڭ بوشلۇقى» دېگەندەك، ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ كېتەتتى، ئۆي ئىچىمۇ ناھايىتى ئىللىق كۆرۈنەتتى. بىساتسىز بۇ ئۆي چىنىدەك پاكىز بولۇپ، دېرىزىدىكى ئۈچ قاچا گۈل كۆكىرىپ تۇراتتى. ئالا مۈشۈكمۇ نادەمدىن ھال سورىغاندەك، قۇيرۇقىنى ئۇياقتىن ـ بۇياققا تاشلاپ ئويناپ يۇمىلايتتى ۋە نادەمگە قاراپ ئەركىلەيتتى.

نادەم ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ ماڭدى. ئانىسى ئۇنى خۇدا-دى ئەتىۋارلىق مېھمىنىنى ئۇزاتقاندەك كوچىغىچە ئۇزىتىپ چىق-تى. گويا يۈرىكى ئوغلى بىلەن تەڭ سوغۇرۇلۇپ چىقىپ كېتى-ۋاتقاندەك ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇزاق قاراپ تۇردى. ئانىنىڭ پۈتۈن خۇشاللىقى قارا كۆزدىن ياش تامغاندەك بىر تال ئوغلىنىڭ ئالدىدا پىلىسرلاپ يۈرۈشى ئەمەسمۇ، ئۇنى چوڭ قىلىپ ئۆي - ئوچاقلىق قىلمۇالسا، چىرىغىنى ياندۇرسا، قارا يېتىم ئادىلجان-نى قاتارغا قوشۇۋالسا. . . ئۇنىڭ ئوي - خىيال، ئارزۇلىرى شۇنچىلىكلا. خۇدايىم شۇ كۈنلەرگە يەتكۈزسە، ئارزۇلىرى ئا-خىرلىشىدۇ، ئۆلۈپ كەتسىمۇ پۈتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ، گۆرد-دە تىنچ ياتىدۇ. ئۇ باياشات، ئېشىپ - تېشىپ تۇرغۇدەك، قولىنى قاياققا سوزسا، شۇ ياققا يەتكۈدەك تۇرمۇشنى ھەرگىزمۇ خىيال قىلغان ئەمەس. «قايناق سۇ ئىچ، كۆڭلۈك تىنچ» ئۇنىڭ كېچە - كۈندۈز ئويلايدىغىنى شۇلا. ئۇ بۇرۇنمۇ شۇنداق ئويلاپ كەلگەن، ھازىرمۇ ئويلايدىغىنى شۇ، ھەر قېتىملىق نامىزىدا تىلەيدى-غان تىلەكلىرىمۇ شۇ.

## 2

ئايسىز قاراڭغۇ كېچە، پۈتۈن نەرسىلەر كېچىنىڭ سىرلىق قوينىغا كىرىپ غايىب بولۇپ كەتكەندەك كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ. نە نەلەردىندۇر، ئىشلەمچى يىگىتلەرنىڭ مۇڭلۇق ناخشىلىرى كېچىنىڭ سىرلىق باغرىنى يېرىپ ئۇچۇپ كەلمەكتە ئىدى:

ئەجەب بىر زامان بولدى،
ئالەم چۆرگىلەي دەيدۇ.
يۈرەكتىكى زەرداپ سۇ،
قانغا ئۆرۈلەي دەيدۇ.

ھە، شۇنداق چىرايلىق ناخشا ياراتقان، شۇنداق چىرايلىق ناخشا ئېيتقان ئادەملەر، بۇ دۇنيادىكى نېمە خوۋلۇقنى كۆردى؟! مۇشۇ ناخشىلارنىڭ ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا ئۆتۈپ توختىماي ئېيتىلىۋاتقىنىغا قانچە ـ قانچە يىللار، ئەسىرلەر بولغاندۇ، كىشىلەر ئۆز تۇرمۇشىنىڭ قايتا تەسۋىرلىنىپ ئەكس ئېتىلىشىنى ۋە ئۇنىڭ ناخشا قىلىنىپ ياڭرىشىنى شۇنچىلىك خالايدۇكى، ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدۇ. كۆكسىدە كەپىلىشىپ تۇرغان ھەسرەت تۇمانلىرىنى تارقىتىش ئادەمگە ھۇزۇر ئاتا قىلسا كېرەك. مۇڭ بىلەن ئېيتىلغان ناخشا مۇشۇ مۇڭلۇق يۈرەكلەرگە قۇمغا سۇ سىڭگەندەك سىڭىدۇ ۋە ئۇلارنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. ئەنە، نادەم بىر باغ قوراي تىكلەپ قويۇلغان ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئاشۇ ناخشىنىڭ ئىزگۇ مۇڭىدا تەۋرىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ ھېلىراقتا باينىڭ چوڭ ئاشخانا ئۆيىدىن قورسىقىنى تويغۇزۇپ، ئۆزىنىڭ ھېلىقى كىچىككىنە، زەي ئۆيگە كىرىپ كەتمەكچى بولۇپ چىققانىدى، بىراق يىراقتىن كېلىۋاتقان ناخشا مۇڭى ئۇنى ئىشىكى ئالدىدا توختىتىپ قويىدى. بالىنىڭ كىچىككىنە يۈرىكى سىقىلغاندەك بولدى ـ دە، ئۆيگە كىرىشتىن يالتىيىپ، سۇس يورۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان جۇۋازخانىغا قاراپ ماڭدى.

نادەم ئىشىكنى «غىچ» قىلىپ ئېچىپ، جۇۋازخانىغا كىردى. گايىت ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قاراپ:

— مەن سېنى بايمىكىن دەپتىمەن، سەنكەنسەنغۇ، ئەزىمەت يىگىت، — دېدى كۈلۈمسىرەپ.

قارا چىراغ جۇۋاز ئۈستىدىن تورۇسقا ئېسىپ قويۇلغان. قارا چىراغتىن چىقىۋاتقان قاڭسىق ئىس ئىچىدە گايىت بىر جۇۋازلىق قىچىنى جۇۋازنىڭ دۈگىلەك سۇپۇرىسىدا تاللىقان قىلىۋاتاتتى.

— ھېچ ئۇيقۇم كېلىدىغاندەك ئەمەس، — دېدى نادەم، —

بىردەم ئۇلتۇرۇپ چىقاي دەپ كىرىۋىدىم.
— ياخشى ئويلاپسەن، مېنىڭ ئۆيۈم قاراڭغۇ بولسىمۇ، سېنىڭكىدىن كەڭ، كەل، ئولتۇر.
ئادەم مايلاشقان كۆتەك ئۈستىدە ئولتۇرۇپ:
— ماي تارتىشنى ماڭا ئۆگىتىپ قويامسەن يا، — دېدى.
گايىت جۇۋاز سۈپىرىسىدىكى تالقان بولاي دەپ قالغان قىچىلارنى، تۇتاملاپ ئالغان زىغىر مەنگىنى بىلەن ئوق تۆشۈكىگە ھەيدەپ:
— بېشىڭ ئامان بولسا، جان بېقىش يولىنى ماڭا ئوخشاش ئىزدەپ يۈرۈپ، بۇنىمۇ ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولىسەن تېخى. مەن ساڭا ئوخشاش كىچىك ۋاقتىمدا بىر جۇۋازچىغا شۇنداق دېگەنتىم. جۇۋازچى: «ھە، ئالدىرىما، بۇ تىرىكچىلىك ساڭا ئوما ئورۇشنى، خامان تېپىشنى، جۇۋاز ھەيدەشنى ئۆگىتىپ قويىدۇ، يوقسىزلىق ھەممە ئىشنى ئۆگىتىدۇ، ئالدىڭدا سەن ئۆگىنىدىغان تالاي ئىشلار بار تېخى بالا» دېگەنتى. ئۇ چاغدا نېمە دەيدىغاندۇ دەپتىمەن، ئاغزىدىن سائەت چىققانمۇ، دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى توغرا كەلدى، ئۇكا، — دېدى ۋە، — مانا قارا، قىچا تالقان بولدى، كۆزۈڭگە ئاچچىق كىرگەندەك بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئادەمدىن.
ئادەم كۆزىنى يېڭى بىلەن ئېرتىپ دېدى:
— ھەئە، ئاجايىپ بىر ئاچچىق پۇراق چىقتى، ئادەمنىڭ كۆزىدىن ياش چىقىرىدىكەن.
— ئاچچىقىنى زىغىر مەنگىنىنى باسقاندا كۆرىسەن تېخى، قانچىلىك ماي ئالساڭ، شۇنچىلىك يېشىڭ چىقىدۇ، — دېدى ئۇ ئادەمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، — ئات تەرلەپ قالدى، ئازراق دەم ئالسۇن.
بۇ جۇۋازخانا ھويلىنىڭ بۇلۇڭىدىكى كونا، يوغان ئۆي ئىدى. ئۇنىڭ دېرىزىسى بەكمۇ كىچىك بولغاچقا، كۈندۈزدىمۇ

ئانچە يورۇپ كەتمەيتتى. شۇ تاپتا قارا چىراغدىن تىنماي چىقى-ۋاتقان قاپقارا ئىس ئۆي ئىچىگە تولۇپ ئاتمۇ، ئادەممۇ گۇگۇگا كۆرۈنەتتى.

— بۇمۇ بىر تىرىكچىلىك، قورساق بېقىشنىڭ يولى. بۇ يولغا كىرگەن ئىكەنسەن، كۆزلىرىڭدىن تارتقان مايدىن جىقراي ياش قۇيۇلۇپ تۇرسىمۇ، پەش قېقىپ چىقىپ كېتەلمەيسەن، باشقىلارغا باغلىنىپ قالغان ئادەمنىڭ ئىختىيارلىقى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە كۆزلىرىڭدىن شۇنچىلىك ياش قۇيۇلۇپ تۇرسى-مۇ، ئۇ ئۆز ئىشىڭ ئەمەس، كۇچۇڭنى ئەرزان باھادا سېتىپ ياشايسەن. باي ياش تۆكمەستىنلا، پېشانىسىدىن بىر تامچىمۇ تەر ئاققۇزماي تۇرۇپلا، قولىنى كەينىگە تۇتۇپ يۇرۇپ، سېنىڭ تاپقان بايلىقىڭ ھېسابىغا سەمرىيدۇ. ياشنى سەن تۆكسەن، مايىنى ئۇ ئالىدۇ. ئاتا - بوۋىلار مۇشۇ يولدا ماڭغان، ئەمدىكى گەپ سەنمۇ مۇشۇ يولدا مېڭىۋېرەمسەن؟

گايىت نادەمنى ئىچى پىششىق بالا دەپ ئويلايتتى. نادەم گەپ - سۆزلەرگە كەمدىن - كەم ئارىلىشاتتى، ئۇ خىيالچان ئىدى. بۇنىڭدىن خېلى كۇنلەر ئىلگىرى مۇنداق بىر ئىش بولۇپ ئۆتكەنىدى: گايىت سەل كەم يېرىم چېلەك مايىنى مايلىق قاپاققا قۇيۇپ بىر كەمبەغەلگە بېرىۋەتتى. نەق شۇ ئىشنىڭ ئۇستىگە نادەم چوڭ ئايپالتىنى سوراپ كىرىپ قالدىيۇ، ھېچنېمىنى كۆرمىگەندەك، پالتىنى ئېلىپ ئىتتىك چىقىپ كەتتى. نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان گايىت «تايىنلىق، نادەم چىقىپ كۆر-گىنىنى بايغا ئېيىتار، يەنە بىر نېمە دېيىشىپ قالىدىغان بولدۇق - دە، خەير بوپتۇ، يامىنىغا كەلسە ئۇستۇمگە يېزىپ قويار...» دەپ ئويلىدى. لېكىن، شۇ كەمگىچە بايمۇ بىرنېمە دېمىدى، چۇنكى نادەممۇ كۆرگىنىنى بايغا ئېيتمىغانىدى.

— مەن كېيىنكى ۋاقىتلاردا شۇنى ئويلاپ قالدىم، قارا، — گايىت سۆزلەۋېتىپ سەل ئويلىنىپ قالدى. ئەسلىدە

ناسىر ئاخۇننىڭ يۈرەكلىكلىكىنى مىسال قىلىپ سۆزلىمەكچى ئىدى، لېكىن ئاتىسىنىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەن ياش بالىنىڭ كۆڭلىنى بۇزۇپ قويىماي يەنە دەپ ئويلىدى - دە، گېپىنى مۇنداق باشلىدى، — نى بىر ئادەملەر بار، ناھەق ئىشلارنى كۆردىمۇ، چىدىمايدۇ، ھەتتا بېشىغا ئۆلۈم كەلسىمۇ، ناھەق ئىش قىلغانلارنىڭ، مەيلى ئۇ شاڭيو، بەگ، يامۇل ئەمەلدارى بولسىمۇ كۆرگۈلۈكىنى كۆرسەتمىگۈچە توختىمايدۇ. مۇنداق بوزەك بولغاندىن كۆرە، مەردانىلىك بىلەن ئۆلگەن ياخشى، دەيدۇ، راست ئەمەسمۇ، ئەنە، توختىنى بىلمەسەنغۇ؟ — ئۇ يېنىدىن تاماكا خالتىسىنى ئالدى، — ھېلىقى دۇمچەك موماينىڭ بالىسىچۇ؟

— ھە، بىلىمەن، ئاياغ مەھەللىدىكى شەرىخان موماينىڭ ئوغلىنى دەيسەنغۇ؟

— ھە، ھە، شۇ. مانا قارا، شەمەك شاڭيوغا يىللىقچى بولۇپ تۇرغان. ئاخىرى شاڭيو توختىنى ئۇنى يوقاتتىڭ، بۇنى يوقاتتىڭ دەپ توقۇناق بالالارنى ئارتىپ، قۇرۇق قول ياندۇرۇۋېتىپتىكەن، توختى ئەلەمگە چىدىماي: ھەي زالىم شاڭيو، مۇنداق قىلغۇچە بۇلاڭچىلىق قىلساڭ بولمامدۇ، دەپ شاڭيونىڭ ياقىسىدىن ئاپتۇ. شاڭيو: زالىملىقىمنى ئەمدى كۆر، دەپ بالىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئۇرۇپ - دەسسەپ، ئۇنى چالا ئۆلۈك قىلىپ تاشلىۋېتىپتۇ، بىر ئايدىلا ئۆلۈپ كەتتىغۇ شۇ رەھمەتلىك.

ئادەمنىڭ يۈرىكىدە ئېچىنىش ئوتلىرى يېنىپ، كۆزلىرى يوغاق ئېچىلدى. توختىنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمى خۇددى گايىتنىڭ ئاغزى - بۇرنىدىن تۇرۇلۇپ چىقىۋاتقان تاماكا ئىسىدەك ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا روشەن گەۋدىلەندى. بالا گايىتنىڭ سۆزىنى شۇنداق بېرىلىپ تىڭشاۋاتاتتىكى، گايىت سۆزىدىن توختاپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمىگەندى.

— مانا قارا، — دېدى گايىت ئاچچىق تاماكىنى ئىچىگە تارتىپ، — شەمەك دېگەنچۇ، بىر ياۋۇز بۆرە، كىمگىلا بولسا قاپقاننى قۇرۇپ يۈرگەن. توختى شۇ چاغدا شەمەكنىڭ قورسىقىنى قىڭراق بىلەن يېرىپ تاشلىسا بولامدۇ، ھەققىمنى بەرمىسەڭ مانا دەپ. بەرىبىر بىر ئۆلۈم ئىكەنغۇ...

گايىت سۆزىنى توختىتىپ جىمىپ قالدى، ئۇنىڭ يۈزلىرىدە بىردە ئېچىنىش، بىردە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى. تاماكىسىنى كەينى - كەينىدىن توختىماي شوراپ، قويۇق كۆكۈچ ئىسلارنى پۇرقىرىتىپ چىقىراتتى. ئۇ كۆكسىنى كۆتۈرۈپ چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە قارا ئات بىلەن بىللە يەنە پىرقىراشقا باشلىدى.

جۇۋازغا قېتىلغان قارا ئاتنىڭ كۆزىنى قارا لاتا بىلەن تېڭىپ قويغان بولۇپ، ئۇ بىر دائىرىنى ئايلىنىپ، ئېغىر يۈك تارتقاندەك ھۇرۇنلۇق بىلەن پىرقىرايتتى. ئۇ مېڭىشتىن توختىماي ياكى بىرەرسىدىن ئۈركىمەي مېڭىۋېرەتتى. ئۇ بىر ئىزدا، بىر خىل زېرىكەرلىك پىرقىراشتا مېڭىۋېرىشنى بەلكىم خالىماس، ئەمما ھېچ نەرسىنى كۆرمىگىنى ئۈچۈن ئۆزۈن يولغا چۈشتۇم، دەپ ماڭىدىغاندۇر. ئوق نەگىدۇ تېگىپ غىچىرلايتتى. ئۆي ئىچىدە بەزىدە ئاچچىق بەزىدە سۇس قاڭسىق ۋە بەزىدە ئادەمنى خامۇش قىلىدىغان پۇراقلار ئەگىپ يۈرەتتى. ئات بىلەن تەڭ پىرقىراۋاتقان گايىت جۇۋاز سوپىرىسىدىكى قىچىلارنى ئوق تۆشۈكىگە ماڭغۇزاتتى. كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ ئولتۇرغان نادەمنىڭ ئات كۆزىنى لاتا بىلەن تېڭىپ قويغىنىغا ئىچى پۇشتىمۇ، گايىتتىن سورىدى:

— ئاتنىڭ كۆزىنى لاتا بىلەن تېڭىپ، ئۇنى كۆرمەس قىلىپ قويغىنى قىزىق ئىشكەن، كۆزىنى ئېچىپ قويسا بولمامدۇ؟

گايىت كۈلدى:

— ھە، ئىچىڭ پۇشۇۋاتامدۇ؟
— راست، ئىچىم پۇشۇپ كەتتى.
— ئەخمەق بالا، — دېدى گايىت كۈلۈمسىرەپ، — ئىچىپ قويسا ئات ماڭامدۇ، ماڭماي شوخشۇپ تۇرۇۋالىدۇ.
— قاراڭغۇدا ماڭغاندىن، يورۇقتا ماڭسا ياخشى ئەمەسمۇ؟
— قارا سېنى، قاراڭغۇ بولغاچقا مېڭىۋاتىدۇ، ھېچنېمىنى تۇيمايدۇ، يورۇق بولسا ھەرگىز ماڭمايدۇ.
نادەم ئويلىنىپ قالدى. قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلدى. بىراق، ئۇ ئەدېپلىق بىرەر خىيال سۈرگىنى يوق، تېڭىرقاش ئىلكىدە قالغانىدى.
— تېڭىرقاپ قالدىڭ - ھە، ئويلا، ئەتراپىڭدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى چوڭقۇر ئويلا، ئويلانغىنىڭ ياخشى. بىز ئەنۋەر ئەپەندىگە قارىغاندا ئاسان ئالدىنىمىز، نېمىشقا دېسەڭ، بىز نادان، نادانلىقىمىز كۆزىمىزگە ئاشۇ قارا لاتىنى تارتىۋالغانغا ئوخشاش ھېچنېمىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئەنۋەر ئەپەندى ئوقۇغان، ئاق - قارىنى پەرق ئېتىدۇ، كۆزى ئوچۇق، ھەممە نەرسىنى كۆرىدۇ، ئاڭقىرالايدۇ، ھەرقانداق ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلەيدۇ.
نادەم بىرنەرسىنى چۈشىنىۋالغاندەك يۈزلىرى ئېچىلىپ لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايىدا تېڭىرقاش بىلەن ئويلىنىش ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ بىردەم گايىتنىڭ بوي - تۇرقىغا قارايتتى، بىردەم ھېلىقى ئېيتقان سۆزلىرىنى ئويلايتتى ۋە بىردەم قارا لاتا تارتىلغان، ئېغىر چامداپ يىرىقلىراۋاتقان ئاتقا قارايتتى.
كىشىلەر گايىتنى «گايىت نوغاي» دەپ ئاتىشاتتى. ئوتتۇرا بويلۇق، قوللىرى كۈچلۈك بۇ ئادەمنىڭ يۈزلىرى ئاق سېرىق بولۇپ، بۇرۇتىمۇ، كىرپىكلىرىمۇ سېرىق، كۆزلىرى كۆك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بالا چاغلىرىدىلا بېكمۇخەممەت دېگەن تاتار باينىڭ مۇشۇ مەھەللىگە يېقىن جاڭزىسىدا ئىككى - ئۈچ

يىل مالاي بولۇپ تۇرغانىدى. يېشى ئوتتۇز بەشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان گايىت ئەختەمباينىڭ ئىشىكىدە ئون يىلدىن بېرى ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ. شۇڭا ئەختەمباينىڭ مىجەزىنى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىشلىرىنى باشقىلارغا قارىغاندا پۇختىراق بىلىدۇ. ئەتىيازدىن باشلاپ تاكى كۈزگىچە ئېتىز ـ ئېرىقتا ئىشلەيدۇ. كەچ كۈزدىن تارتىپ، دېھقانچىلىق باشلىنىدىغان مەزگىلگىچە مانا مۇشۇ جۇۋازخانىدا ماي تارتىدۇ.

ئۇ ئاتا ـ ئانىسىدىن كىچىكىدىنلا يېتىم قالغان بولۇپ، تاغىسىنىڭ قولىدا نۇرغۇن مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئىشقا پىشىپ چوڭ بولدى. ئۇ باينىڭ، بۇ باينىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئىشلەپ يۈردى. ئاخىرى ئەختەمباينىڭ ھويلىسىدا ئۇ- زۇن يىل توختاپ قالدى. تاغىسى بۇنىڭدىن ئالتە يىل ئىلگىرى دادىسىدىن مىراس قالغان بىر پارچە يېرىنى سېتىپ، ئۆيدە بار نەرسىلەرنى قېتىش ـ قۇرۇش قىلىپ ئۇنى بىر كەمبەغەلنىڭ يالغۇز قىزىغا ئۆيلەپ قويغانىدى. ھازىر گايىتنىڭ بىر ئوغۇل بىر قىزى بار.

خىيال بىلەن ئولتۇرغان ئادەم ھېلىلا سۆزلەنگەن ئىشنى گايىتنىڭ يادىغا سېلىپ:

— ئەختامباينى شۇ ئىشقا ئارىلىشىپتۇ، ئۆلۈمنى شەمەك شاڭيو ئۇزاتتى دەيدىغۇ؟ — دېدى.

— باينىڭ ئارىلاشقىنى راست، ئۇنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن شەمەك تۆت ماتانى خەجلەپ، بىر ئادەمنىڭ خۇنىدىن قۇتۇلۇپ كەتتى، پەتىۋاچىلىرى تەقدىرگە يۈلەپ بەردى. بىراق، — دېدى گايىت ئادەمگە قاراپ، — مەن ساڭا بىر سۆزنى ئېيتاي، بىزنىڭ ئەختەمباي ناھايىتى قۇۋ، تورپاقنى چىمدىپ ئۆلتۈرىدى- غان ئادەم. قارىماققا ناھايىتى ئادىل كۆرۈنىدۇ، لېكىن باينىڭ ئىشىنىڭ تېگى ـ تەكتىگە چۆككەن ئادەم ئۇنى شۇ چاغدىلا بىلىدۇ. سەن تېخى كىچىك، كەلگىنىڭگە ئانچە ئۇزۇن بولمى-

دى. ئۇنىڭ قانداق ئادەملىكىنى كۆپ ئۆتمەي بىلىپ قالىسەن، نۇرغۇن ئادەملەر ئىنساپى بار دەيدۇ تېخى. ئاغزىدىن ھەسەل تامىدۇ، كۆڭلىدىن زەھەر، دېگەن گەپ نەق بىزنىڭ بايغا باب كېلىدۇ. سېنىڭ ئىچىڭ پىششىق بالىغۇ، مەن ساڭا ئۇنىڭ ئىنساپىنىڭ تېگىدە قانداق سىرلارنىڭ بارلىقىنى سۆزلەپ بې-رەي. بۇ زاماندىكى بايلارنىڭ ئىنساپىنى چۈشۈۋالغان كۈن نۇرد-غا يەنە شۇنچىلىك يورۇق قېتىپ قارىساڭمۇ ئىزدەپ تاپالمايسەن ئۇكا، سەن ھېلىقى مۇسەللىمكام دېگەن ئادەمنىڭ ئوغلى قاسىم-جاننى بىلەمسەن؟

گايىتنىڭ ھەربىر سۆزىنى زەن قويۇپ ئاڭلاۋاتقان نادەننىڭ كۆز ئالدىغا قاسىمجان دەررۇ كەلدى.

— مەن ئۇنى تازا بىلىمەن، دادامغا قاپاقتا چاي ئاپىرىۋې-تىپ كۆتەمە ئېرىقتىن ئۆتەلمىگەن چېغىمدا مېنى نەچچە قېتىم ھاپاش قىلىپ ئۆتكۈزۈپ قويغان، دۇتارمۇ چالاتتى، ناخشىمۇ ئېيتاتتىغۇ؟

— يادىڭدا ياخشى بار ئىكەن، شۇ قاسىمجان، ئۇنىڭ قانداق سەۋەب بىلەن ئۆلگەنلىكىنى نۇرغۇن كىشىلەر بىلمەيدۇ، — گايىت يەنە تاماكا ئوراپ چەكتى - دە، ئۆز ھېكايىسىگە چۈشتى:

— بۇ ئىشقا ئۈچ - تۆت يىل بولغان بولسىمۇ، ھازىر بولغاندەك كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ، مۇسەللىمكام ئىككىلا جان ئىدى، ئۆزى، ئوغلى قاسىمجان. ئەتىياز مەزگىلىدە، بىر كۈنى مۇسەللىمكام تۇيۇقسىزلا ئاغرىپ قېلىپ، ئۈچ كۈن يېتىپلا جان ئۈزۈپ قالدى. مۇسەللىمكامنىڭ قولى قىسقا ئادەم ئىدى. بې-شىغا ئۆلۈم مۇسىبىتى چۈشكەن قاسىمجان نېمە قىلارىنى بىل-مەي تەمتىرەپ قالدى. شۇ چاغدا بىزنىڭ ئەختەمباي رەھىمدىل بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى.

— قايغۇرما بالام، يۇرت پاسىبانى بىز، سېنىڭ بېشىڭغا چۈشكەن كۈلپەت بىزگىمۇ چۈشتى. رەھمەتلىك مۇسەللىمنى

قانچىلىك ئىززەت ـ ئابرۇي بىلەن ئۇزىتىشنى خالىساڭ، مانا مەن بار. ئۇنىڭ خىراجىتى چاغلىقلا بىر گەپ، ئىرىق قىرىدا، قوش يېنىدا، خاماندا قوغۇق ـ تاۋۇز يەپ، ئويناپ ـ كۈلۈپ ئۇزۇۋېتەرسەن، — دېدى.

ئىمام بايغا ياندىشىپ تامىقىنى قىرىپ:

— ۋاي ـ ۋاي ـ ۋاي، مانا، مانا، ئاتىدارچىلىق دېگەن مۇشۇ، ياخشى كۈندە ھەركىم دوست، باي ساڭا باشپاناھ بولۇپ تۇرغاندا، نېمىدىن قورقاتتىڭ، سەن مۇسەللىمنىڭ بىردىنبىر ئوغلىسەم، دوست ـ دۈشمەنلەر ئالدىدا رەھمەتلىك داداڭنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى قىل، — دەپ قۇۋۋەتلىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسەللىمنىڭ ئۆلۈمى ياخشى ئۇزىدى، يەتتە نەزىرمۇ چوڭ ئۆتكۈزۈلدى. كىشىلەر ئەختەمباي نېمىدېگەن خەير ـ ساخاۋەتلىك، قولى كەڭ ئادەم ـ ھە، مۇسەللىمنىڭ ئۆلۈمىنى خۇددى دۆلەتمەن ئادەمنىڭ ئۆلۈمىدەك ئۇزاتتى، دېيىشتى. مانا شۇنىڭ بىلەن ئۆلۈم مەرىكىسى ھەم نەزىر ـ چىراغقا كەتكەن خىراجەت قاسىمجاننى ئەختەمبايغا باغلاپ قويدى. باينىڭ ياغلىما سۆزلىرىنىڭ تېگىدە نېمە يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى ئۇ چاغدا قاسىمجان بىلمىدى، باشقىلارمۇ بىلمىدى. قاسىمجان ھەرقانداق ئىشقا ئەپلىشىپ تۇراتتى. بىر ئىشقا بۇيرۇلسا، شۇ ئىشقا ياندىشىپ تۇرغان باشقا ئىشلارنىمۇ قىلىۋېتەتتى. ئەختەمباي ئۇنى قورۇ خىزمەتچىسى قىلىۋالدى. ئۇ سەن ھازىر تۇرۇۋاتقان ئۆيدە يېتىپ ـ قوپاتتى. قاسىمجاننىڭ قانداق يىگىت ئىكەنلىكىنى سەنمۇ بىلىدىكەنسەنغۇ، ئۇ ناھايىتى ئۇستا دۇتارچى ئىدى، ناخشىنىمۇ قەۋەتلا چىرايلىق ئېيتاتتى، ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ سەر-خىل گۈلى ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، باي قاسىمجاندىن ئىككىنچى خوتۇ-ننى كۈنلەپ قالدى. باينىڭ ئىككىنچى خوتۇنى قوشقا يېزىدىكى بىر كەمبەغەلنىڭ قالتىس چىرايلىق ئون سەككىز ياشلىق قىزى

ئىدى. باينىڭ ئۇنىڭغا كۆزى چۈشۈپ، پۇلغا زورلاپ، مەجبۇ-
رىي دېگۈدەك ئېلىۋالغان، شۇڭا قىزنىڭ كۆڭلى سۇنۇق، مىس-
كىن ئىدى. مىسكىن كۆڭۈل قاسىمجاننىڭ چەككەن تارىدىن،
ئېيتقان مۇڭلۇق ناخشىسىدىن سۇ ئىچەتتى. ئۇ ئاخىر قاسىمجاذ-
نى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرۈپ قالدى. مانا بۇنىڭدىن گۇمانلى-
نىپ، ئەنسىزلىككە چۈشكەن باي تەڭلىكتە قالدى. قانداق قى-
لىش كېرەك؟ ئۇنى قورۇدىن قوغلىۋېتەي دېسە، ئۇ قىلتاققا
چۈشكەن ئۆمۈرلۈك مالاي، ئۇنىڭ مەنپەئىتىدىن كېچەلمەيدۇ،
قوغلىماي دېسە، ئۆزى ئارام ئالالمايدۇ. تېخى ئەل ئاغزىغا
چىقىپ قالسا، نومۇسقا قالىدۇ. باي ئاخىر ئەقىل تاپتى، قا-
سىمجاننى يۇقىرىقى جاڭزىغا يۆتكىۋەتتى...
نادەم گايىتنىڭ ھېكايىسىگە شۇنچىلىك بېرىلىپ كەتتىكى،
قىمىرمۇ قىلماي ئولتۇراتتى. گايىت قولىدىكى توگەپ قالغان
تاماكىسىنى دەسسەپ ئۆچۈرۈپ، ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى:
— باينىڭ ياش خوتۇنى ھەقىقەتەن قاسىمجانغا ئاشىق
ئىدى. قاسىمجان يۇقىرىقى جاڭزىغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن،
ئۇنىڭ ئىشق ئوتى تېخىمۇ لاۋۇلداپ يېنىشقا باشلىدى، مانا قارا،
مۇھەببەتمۇ — سەن تېخى بىلمەيسەن — قانچىلىك قارشىلىق-
قا، جۇدالىققا ئۇچرىسا، شۇنچىلىك چىڭىيىدىكەن، «ئاچلىقتىن
خۇمارلىق يامان» دېگەنلەر راست دەپتىكەن. ياش خوتۇن پەيت
تاپسىلا، باي شەھەرگە ياكى يىراق بىر يەرگە كەتسىلا، يۇقىرىقى
جاڭزىغا بىرنېمىلەرنى باھانە قىلىپ قاسىمجاننى كۆرگىلى بارات-
تى ۋە ئۇنى كۆرمىگۈچە كۆڭلى ئەمىن تاپمايتتى. بارغاندا قۇ-
رۇق بارىدۇ دەمسەن، تاماكا خالتا، گۈل چەككەن قول ياغلىق
ھەم پىياز شۆپىكىدە قىزارتىپ پىشۇرغان توخۇملارنى ئېلىپ
باراتتى. راستىمنى ئېيتاي ئۇكا، مەنمۇ بىرنەچچە قېتىم ئۇنىڭ
سوۋغىلىرىنى قاسىمجانغا يەتكۈزۈپ بەرگەنمەن. بىر كۈنى مۇن-
داق بىر نەسچىلىك يۈز بېرىپ قالدى. باي شەھەرگە بىر تويغا

ماڭغان، ئۇ شەھەرگە چۈشسە، ئىككى - ئۈچ كۈنسىز چىقمايتە-
تى. بۇ ۋاقىتتا قاسىمجان بىنەمدىن مۈشۈ قورۇغا سامان توشۇ-
ۋاتاتتى، شۇ كۈنى كەچ قىلىپ سەن تۇرۇۋاتقان ئۆيدە قونۇپ
قاپتۇ، ياش خوتۇن ھۇجرىسىدا تولغىنىپ ياتالماي، ئاخىر قا-
سىمجان ياتقان ئۆيگە كىرىپتۇ... باي نېمىشقىدۇ شۇ كۈنى
يېرىم كېچىدە شەھەردىن.قايتىپ چىقىپتۇ - دە، ئىككىسىنىڭ
ئۈستىگە چۈشۈپ قاپتۇ. باشقا بايلار بولسا شۇنداق قىلىدۇ
دەمسەن، بىزنىڭ باي ھېچقانداق غوۋغا كۆتۈرمەپتۇ.
— ھەي ئەخمەقلەر... — دەپتۇ باي، — ئىزا تارتماي
نېمە قىلىشقىنىڭ بۇ؟ ئىككىڭلارچى بۇنداق قىلغۇچى بولۇشما.
ھەر ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ ئامان قېلىشقانلىرىغا شۈكۈر
قىلىشىپتۇ، لېكىن باينىڭ كۆڭلىدە نېمە ئويىنىڭ بارلىقىنى
بىلمەيدۇ - دە.
ئۈچ كۈندىن كېيىن شەھەردىن قازى چىقىپ قاسىمجانغا
يۈز دەررە بۇيرۇدى. بىلەمسەن، يۈز دەررە دېگەن سۆز —
ئۆلۈم دېگەن سۆز. قايسى تىلىم بىلەن ئېيتاي، شۇ تاياقتىن
كېيىن، قاسىمجان ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى، ئۇزۇن ئۆتمەي
ئالەمدىن ئۆتتى.
ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان نادەمنىڭ كۆزلىرى
يوغان ئېچىلىپ قاراپلا قالدى ۋە قاسىمجاننىڭ تەقدىرىگە ئېچىنـ
ـسىپ، چوڭقۇر ئۇھ تارتتى. گاينت ئاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ،
قاتتىق بىر شورىدى - دە، مۇنداق دېدى.
— شۇنىڭدىن كېيىن يۇرت ئىچىگە: ئەختەمباي شەھەرگە
چۈشۈپ كەتكەندە، قاسىمجان باينىڭ ئىككىنچى خوتۇنىغا چىقىلـ
ـغىلى كىرىپتىكەن، خوتۇنى ۋارقىراپ - جارقىراپ يۇرۇپ باشـ
ـقىلارنى ئويغىتىپتۇ، دېگەن گەپ - سۆزلەر تارقالدى. بۇ سۆز-
لەرنى باي ئۆزى تارقاتقان. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر: «تۈزكور
قىلغۇر ھارىمى، ئاش بەرگەنگە مۇشت بەر دېگەندەك، دادىسىـ

نىڭ ئۆلۈمىنى شۇنچە چىرايلىق ئۇزاتقان بايغا خىيانەت قىلغان-لىقىنى قارىمامدىغان، يۈز دەرره هالال بوپتۇ ئۇنىڭغا» دېيىشىپتۇ. ئەمما، قاسىمجان ئۆلۈپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، ياش خوتۇن ئۆزىنى سۆگەتلىك كۆلگە تاشلاپ ئۆلۈۋالدى. مانا كۆر-دۈڭمۇ، باينىڭ ھىيلىگەرلىكىنى، قانداق ئۇستىلىق بىلەن قا-سىمجاننىڭ بېشىغا چىققان - ھە؟ مانا قارا، مىسالى سەن جۇۋازخانىدا يېتىپ - قوپساڭمۇ بولاتتىغۇ، كىچىككىنە جېنىڭ بىلەن يالغۇزدىن - يالغۇز ئاشۇ گۇندىخانىدا يېتىۋاتىسەن، نې-مىشقا شۇنداق، ئويلاپ باقتىڭمۇ؟

نادەم ئويلىنىپ دېدى:

— ئىككىسى بىر ئۆيدە بولسا، گەپكە بېرىلىپ كېتىمدۇ، ئىش ئاۋۇمايدۇ، دەيدىغاندۇ؟

— ھەببەللى ئەقلىڭگە، يارايسەن يىگىت! مېھىر - شەپ-قەتلىك ئادەمنىڭ ساڭا نېمىشقا ئىچى ئاغرىمىدى؟ بۇ يەردە گەپ باشقا. بىرىنچىدىن، ئىككىسى بىر يەردە بولسا گەپكە چۈشۈپ كېتىپ ئىش ئاۋۇمايدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ئىككىنچىدىن، ئاخشى-مى - ئەتىسى بىر ئۆيدە بولغاندىكىن، گايىت بالىنى گەدەنكەش قىلىپ قويىدۇ دەپمۇ ئەنسىرەيدۇ.

نادەمنىڭ قارا كۆزلىرى تېخىمۇ يوغان ئېچىلدى.

— بۇ باي دېگەنلەر ئاجايىپ بولىدىكەن، ئادەمنىڭ خىيا-لىغا كەلمىگەن نەرسىلەرنى ئويلايدىكەن، بار دۇنياسىغا قاراپ ئەمدى بولدى دېمەيدىكەن، — دېدى نادەم ئويلىنىپ ئولتۇ-رۇپ، خۇددى ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەۋاتقان ئادەمدەك، — باي بولغانسېرى تېخىمۇ باي بولسام دەيدىكەن، كىشىلەرنىڭ ھەققى-نى ئالسىلا دەيدىكەن، پۈتۈن ئەس - يادى پۇلدا ئىكەن.

— توغرا ئېيتىسەن، — دېدى گايىت قىزىشىپ، — ئۇلارچۇ قارا، كەمبەغەللەرنى ھەدېسىلا دىندىن چىقتىڭ، كاپىر بولدۇڭ دەيدۇ. ئەسلىدە دىندىن چىقىدىغىنىمۇ، كاپىر بولىدى-

غىنىمۇ ئـۆزلـىرى. ئەزبـىرايـى خۇدا ئۆزلىرى، ئەسلىدە مېھىر ـ شەپقەت، كىشىلەرگە ئىچ ئاغرىتىش، ئىزا ـ نومۇس دېگەنلەرچۇ قارا، ئۇلاردا دورىلىغقىمۇ تېپىلمايدۇ.

ـــ ئاپام ئېيتىپ بېرىدىغان، يەتتە باشلىق يالماۋۇز دېگەن-نىڭ ئۆزىلا ئىكەن ـ دە، ـــ دېدى نادەم.

ـــ خۇددى ئۆزى، تۇلكىمۇ چاشقان يەيدۇ، توخۇ ـ تۇمان يەيدۇ، ھە، بۇنىڭ يەيدىغىنى مۇشۇلىكەنغۇ، دېسەڭ قوزاڭنى يەيدۇ، ئۇنىڭغىمۇ قويۇپ بەرسەڭ، ئۆزۈڭنى يەيدۇ.

ھەر ئىككىسى خېلى ۋاقىتلارغىچە جىم بولۇپ قالدى. ئادەمنىڭ بويىدىن بىر غېرىچ ئېگىزلىكتىكى ئۆي ئىچى جىن چىراغنىڭ تولغىنىپ چىقمۇاتقان قاپقارا ئىستىن ۋە جوۋازدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئاچچىق بۇستىن تېخىمۇ تۇمانلىشىپ، ئادەملەر-نى خىيالىي گەۋدىلەرگە ئايلاندۇرماقتا ئىدى. گايىت ئويچان ھالدا مۇنداق دېدى:

ـــ ئۇنىڭمۇ يولىنى قىلىدىغانلار چىقىپ قالار، ئۇكا «ئاي-نىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ بولسا ئون بەشى يورۇق» دېگەنلەر ھەرگىز بىكار ئېيتىمىغاندۇ.

جىمجىت كېچىنىڭ باغرىنى يېرىپ ھەر كۈنى بىرىنچى بولۇپ قىچقىرىدىغان ئۇنى زىل خورازنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. نادەم ئۆيگە يېنىپ چىقتى ـ دە، زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇ ئويلىغانسېرى باش ـ ئۇچىغا چىقالمايدىغان ئاللىقانداق چېگىش خىياللار قوينىغا غەرق بولۇپ كېتەتتى.

نادەم شۇنداق چىگىش خىياللار بىلەن تولغىنىۋاتقان چاغدا، ئۇنىڭ ئانىسىمۇ تېخىچە ناسىرئاخۇن بىلەن نادىرنى ئەسلەپ ياتاتتى. باش توخۇ چىلىلىغىنى ئىكەم، ئازابلىق ئوي ـ خىياللار بىلەن ئۇيقۇسىمۇ كەلمىدى، ئۇنىڭ كۆزىدە ئۇيقۇنىڭ ئۇگدىكى ئەمەس، بەلكى غەزەپ ـ نەپرەتنىڭ ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى.

ئاق كۆڭۈل، ساددا ئانا، ھازىرغىچە ئېرى ناسىرئاخۇننىڭ

ئۆلۈمنىڭ سىرىنى، ئۇنىڭ كىملەر تەرىپىدىن، كىملەرنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. ئوغلى نادىرنىڭكىنى بولسا تېخىمۇ بىلمەيدۇ، «ھۆكۈمەت ئۆلتۈرۈۋەت-تى» ياكى «چېرىكلەر ئۆلتۈرۈۋەتتى» دەپ يۈرىدۇ. ھۆكۈمەت-نىڭ ئۆلتۈرۈۋەتكىنى راست، لېكىن ئۇنى تۇتۇپ بەرگۈچىلەر كىم، ئۆلتۈرگۈچىلەر كىم، بۇنىمۇ بىلمەيدۇ..

بىز گەپنى ناسىرئاخۇن بىلەن نادىرغا يۆتكەيلى.

AltunOq

# ئۈچىنچى باب

## 1

ناسىرئاخۇن ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى قاۋۇل، ئىشچان ئادەم ئىدى. ناھەق ئىشلارنى كۆرگەندە قەھر يېنىپ ھەرقانداق ئادەمگە تۆت ئېغىز گەپ قىلالايدىغان، باشقىلار ئۈچۈن ياقا يىرتالايدىغان بۇ ئادەمنى كىشىلەر ئەقىل تاپقان دېيىشەتتى. راست، ناسىرئاخۇننىڭ زېھنى ئۆتكۈر، مىجەزى چۇس، يۇرت چوڭلىرىمۇ ئۇنىڭدىن تەپ تارتىدۇ. چۈنكى، يۇرت چوڭلىرىنىڭ ئالدىغا چۈشكەن دەۋا - سوراقلاردا، ئۇ، ئادىل بولمىغان ھۆكۈملەر ئۈچۈن ئۇلارنى ئەيىبلەپ بىرنەچچە قېتىم لەت قىلىپ قويغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆچلۈكى كېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى كولاپ يۈرگۈچىلەرمۇ يوق ئەمەس.

بۇ مەھەللىنىڭ تۈۋىنىدە مىڭ مودەك بوز يەر بولۇپ، ئۇ ئەزەلدىن تېرىلماي كېلىۋاتاتتى. ئەمما، ھەر يىلى كۈزدە ئەختەمباينىڭ يىلقىچىلىرى ئۇ يەرنىڭ ئوت - چۆپلىرىنى، قوراي - چاتقاللىرىنى ئورۇپ كېتىشەتتى، بۇ ئىش ئەختەمباينىڭ دادىسى رۇستەمباينىڭ ۋاقتىدىن تارتىپلا شۇنداق داۋاملىشىپ كېلىۋاتاتتى. شۇڭلاشقا، دېھقانلار ئىچىدە «بۇ يەر رۇستەم باينىڭ» دېگەن قاراش ئۆزلۈكىدىن شەكىللىنىپ قالغان. ئەمما، بۇ يەر ئەسلىدە پادىشاھلىق يەر ئىدى. بىر كۈنى ناسىرئاخۇن بىرنەچچە نامرات دېھقانلار بىلەن مۇشۇ بوزلۇقنى ئېچىپ يەر قىلىۋېلىشنى مەسلىھەت قىلىشتى. يەر كىمنىڭ؟ رۇستەم

باينىڭمۇ پاكى پادىشالىق يەرمۇ؟ بۇنى بىلىش زۆرۈر ئىدى.
— مەيلى كىممىنىڭ بولسۇن، — دېدى ناسىرئاخۇن، — دېھقانچىلىق قىلىش ئۈچۈن تەلەپ قىلىش — ئورۇنلۇق تەلەپ، بۇنىڭ نېمە يامىنى بار؟ يۈرۈڭلار، مەنسۇر شاڭيودىن ئۇقۇپ باقايلى.
دېھقانلار ناسىرئاخۇننىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئېيتىشىپ:
— مانا، ئىشنىڭ يولى تېپىلىۋاتىدۇ، — دېيىشتى - دە، ئۇنىڭغا كۆرەك جۈۋىلىق ئىككى دېھقاننى ياندىدى. شۇنداق قىلىپ، ناسىرئاخۇن ئاز بولسىمۇ ئۆز ئالدىغا تېرىيدىغان يېرى، بىر ئات ھارۋىسى بولۇشىغا قارىماي، يەرسىز دېھقانلارنى يەرلىك قىلىش نىيىتىدە مەنسۇر شاڭيونىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.
ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە، مەنسۇر شاڭيو بىلەن قەمىردىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقانىكەن، ناسىرئاخۇنلار بۇ يەرگە كېلىش-تىكى مەقسىتىنى ئېيتتى. مەنسۇر شاڭيو بىلەن قەمىردىن ئەللىكبېشى ئويلىمىغان يەردىن چىققان، خىياللىرىغا زادىلا كەلتۈرۈپ باقمىغان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، يۈزىدە ئەكس ئەتكەن نەپرەت ئالامەتلىرىنى يوشۇرۇپ، يەر تېگىدىن ئۇلارغا قاراپ قويدى. ناسىرئاخۇنمۇ ئىككى بەگنىڭ ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ كېتىشلىرىگە سەپسېلىپ، ئۇلارغا بۇ گەپلەرنىڭ ياقمايۋاتقانلى-قىنى سەزدى.
مەنسۇر شاڭيو ئارىغا چۈشكەن جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ئاخى-رى گەپ باشلىدى:
— مەھەللىنىڭ تۆۋەنكى يەرلىرى بۇرۇندىن تارتىپ تې-رىلمىغىنى راست، ئەمما ئۇ يەرلەرگە ئەختەمباي ئىگىدارچىلىق قىلىپ كېلىۋاتىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ قەمىردىن؟ — دېدى ئۇ قەمىردىنگە سوئال نەزىرىدە سىڭايان قاراپ.
— شۇنداق، شۇنداق، بۇ ھەممىگە ئايان ئىشقۇ، پۈتۈن يۇرت ئوبدان بىلىدۇ، — دېدى ئەللىكبېشى بېشىنى لىڭشى-

تىپ.
ناسىرئاخۇننىڭ كۆزى غەزەپتىن چاقنىدى:
— پۇتۇن يۇرتقا بۇ يەرنىڭ پادىشاھلىق يەر ئىكەنلىكى ئايان. بۇ يەرنى كۆكلىتىدىغانلار يەرسىز دېھقانلار، شۇڭا ئۇلار-نىڭ بۇ يەرنى تېرىشقا ھەققى بار.
مەنسۇر شاڭيو ناسىرئاخۇننى گەپتە ئۇتۇپ چىقالمىغان بىر-نەچچە قېتىملىق ساۋاقلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ:
— بولىدۇ، دېگىنىڭلارغا ئەختەمباي رازى بولسا، بىز-نىڭ باشقىچە گېپىمىز يوق، — دېدى ۋە كۆڭلىدە: «مۇشۇ شۇم ئېغىزلىقلىق ئۈچۈنلا پېشانەڭگە بايلىق پۈتۈلمەي، گەپلا پۈتۈلۈپتىكەن. خۇدا بىلىپ پاقىغا قۇيرۇق بەرمىگەن - دە، ئەگەر بايلىق پۈتۈلگەن بولسا، بىزگە ئارام بېرەتتىڭمۇ سەن يالاڭتۆش، سېنىڭ ئەدىپىڭنى سىلىق ياغلىما گەپلەر بىلەن ئاشۇ باي بەرمىسە بىكار...» دەپ ئويلىدى.
ناسىرئاخۇن مەنسۇر شاڭيوغا قاراپ:
— بۇ يەرنى تېرىش ئۈچۈن ئەختەمباينىڭ رازىلىقىنى ئالىدىغان ئىش بولسا، ئۇنى كۆرەيلى، ئۇنداق بولمىسا ھاكىم ئىدارىسىگە كىرەرمىز، — دېدى ئورنىدىن تۇرۇپ.
ئۇلار ھەممىسى ئەختەمباينىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىشتى.
ئۇلار يېشىل سىرلانغان چوڭ دەرۋازىدىن كىرگەندە، ئەخ-تەمباي پېشايۋاندا ئۆرە تۇراتتى. ھەممەيلەن سالام قىلىشتى.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى ئەختەمباي ۋە پېشاي-ۋاندىن چۈشۈپ ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى:
— قېنى، قېنى ئۆيگە كىرەيلى، ئۆيگە.
ئەختەمباي كەلگەنلەرنى چوڭ سارايغا باشلاپ، كۆرپىگە ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن، ھەممىسى دۇئا قىلىشتى. دۇئادىن كېيىن ئەختەمباي مەنسۇر شاڭيودىن باشلاپ تىنچلىق سوراشقا باشلىدى. ناسىرئاخۇنغا كەلگەندە كۆپرەك نادىرنىڭ ئەھۋالىنى

سورىدى:

— نادىر ئەپەندى ئۇبدان تۇرۇۋاتىدىغاندۇ، ئەمدى ئۇ يېڭى يەرگە ئۆگىنىپ قالدى - دە.

— شۇكرى، ئۆگىنىپ قالدى.

— شۇنداق بولىدۇ، — دېدى ئەختەمباي ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — قارا قازان قەيەرگە ئېسىلسا، بىز شۇ يەرلىك بولۇپ قالىمىز.

ئەختەمباي قالغان ئىككى دېھقاندىنمۇ ئەھۋال سوراشنى ئۇنتۇپ قالمىدى.

داستىخان سېلىنىپ چاي كەلگەنگە قەدەر باي ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ئېغىزىنى ئاچقۇرمىدى. ئۇ ئەلۋەتتە بۇ كېلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئەمەسلىكىنى بىلەتتى، ئۇلارنى قانداقتۇر بىرەر ماجىرا بىلەن مېنىڭ ئالدىمغا كەلدى دەپ ئويلايتتى.

ئەختەمباي مىڭ بېگى ئەمەس، ياكى قازى ئەمەس. لېكىن، تۆت يۈز تۈتۈنى، ئون نەچچە مەسچىتى بار بۇ يېزىدا چوڭ ئىشلاردىن تارتىپ، تاكى ئۇششاق ئىشلارغىچە دېگۈدەك باينىڭ مەسلىھەتىسىز، ئەقىلسىز بولمايدۇ. باش ئۇچىغا چىقالمىغان نۇرغۇن تالاش - تارتىشلار ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. «كاۋاپمۇ كۆيمىدى، زىخمۇ كۆيمىدى» دەپ قايتىدۇ بەزىلەر. ئۇنىڭ ھەل قىلغان بەزىبىر ئىشلىرىنىڭ سىرىنى تا ھازىرغىچە كۆپ كىشىلەر بىلمەيدۇ. ئەمما، شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئەختەمباينى بۇ ئەتراپتا كۆپلىگەن كىشىلەر خەير - ساخاۋەتلىك، ئىنساپى بار دەپ قارايدۇ. شائيونىڭ، ئەللىكبېشىنىڭ، ئونبېشىنىڭ ئۇستىدىن ئەرز قىلىپ باينىڭ ئالدىغا كەلگۈچىلەرمۇ ئادەتتە كۆپ بولىدۇ، چۈنكى كىشىلەر ئەختەمباينى مىڭ بېگى ياكى قازى ئورنىدا كۆرۈشىدۇ.

چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ مەنسۇر شائيو بۇ يەرگە كېلىشىنىڭ سەۋەبىنى بايغا تولۇق ئۇقتۇردى. ئەختەمباي خېلى خىيالدىن

كېيىن بېشىنى ماقۇللاش ئىشارىتى بىلەن لىڭشىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— بۇ ناھايىتى ئورۇنلۇق تەلەپ ئىكەن، بىكار قاغجىراپ ياتقان يەرلەرنى يېرى يوق ياكى يېرى ئاز دېھقانلارغا بۆلۈپ بەرسەك، ئەلۋەتتە بۇنىڭ ساۋابىغا ھېچنېمە يەتمەيدۇ، — ئۇ مەنسۇر بىلەن قەمەردىنگە قاراپ، — قار كەتكەندىن كېيىن، ئۇ يەرلەرنى ئۆلچەپ بۆلۈپ بېرىڭلار، — دېدى كۆلۈمسىرەپ، — ھاكىم ئىدارىسىمۇ بىرنېمە دېمەس.

دۇئا قىلىنىپ، ھەممىسى ئورنىدىن تۇرغاندا، باي شاڭيو بىلەن ئەللىكبېشىغا قاراپ:

— ۋاخ بولسا يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ، ئۆستەڭنىڭ ھېلىقى يار ئېلىپ كەتكەن يېرىنى قانداق قىلماقچىسىلەر؟ ئىككىڭلار توختاپ تۇرۇڭلار، مەسلىھەت قىلىشىۋالايلى، — دېدى. مەنسۇر بىلەن قەمەردىن يەنە ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. باي ناسىرئاخۇنلارنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. ئۇ ئۆيگە يېنىپ كىرگەندە مەنسۇر شاڭيو:

— تەقسىر، ئالىقاننى ئەجەب كەلگۈ ئېچىۋەتتىلىغۇ، بۇ نېمە قىلغانلىرى؟ — دېدى مىيىقىدا كۈلۈپ.

— ھە، ھەيران قىلىۋاتامسىلەر، ئىشنى مۇشۇنداق باشلايمىز. ئەمما، ئاخىرىنى باشقىچە تۈگىتىمىز، — دېدى باي ئورنىدا ئولتۇرۇۋېتىپ، — ئىش ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك بولمەۋەرمەيدۇ — ەە.

«باشقىچە تۈگىتىمىز» دېگەن سۆز بىلەن ھەر ئىككىسى باينىڭ مەردلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك بولدى.

— ھەببەللى، شۇنداق قىلمىساق، — دېدى قەمەردىن ئاۋازىنى چىڭراق چىقىرىپ، — بۇلار ئەدەپلا كېتىدۇ.

— شۇنداق قىلىش كېرەك، — دېدى مەنسۇر باينىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — چىشىمىزنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ قو-

يمۇەرسەك، بۇ خۇمسىلار خوتۇنلىرىمىزنى تارتىۋېلىشتىنمۇ ياند-
مايدۇ، ھەممە نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغۇسى بار، بۇ تۇز-
كورلارنىڭ.

مەنسۇر شاڭيو بىلەن قەمىردىن ئەللىكبېشى ناسىرئاخۇننى
ئەيىبلەپ سۆزلەشكە باشلىغاندا، ئەختەمباي ياقتان سەرەڭگىنىڭ
بىكار كەتمىگەنلىكىگە ئىشىنىپ كۆڭلى ئەمىن تاپتى ۋە كۆڭلىگە
دەرھال پۈككەن نىيىتىنى ئاشكارىلىدى:

— بۇ يەردە ھەممە بالانى تېرىۋاتقان ئادەم — ناسىر.
ئۇ بۇرۇندىن تارتىپلا مۇنداق قۇتراتقۇلۇق ئىشلارنى خېلى جىق
قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ مۇتىھەملىكلىرىنى سىلەر مەندىنمۇ
كۆپ بىلىسىلەر، ھەرقايسىڭلارنىڭ ئىشلىرىغا پۇت ئېتىپ كې-
لىۋاتقانمۇ شۇ. بەس، ئەمدى يول قويغىلى بولماس، ئەگەر ئۇنى
كۆزدىن يوقاتمىساق، يالاڭتۆشلەرنى كەينىگە سېلىپ ئالتوپى-
لاڭ چىقىرىدۇ، ھەممىمىزگە ئارام بەرمەيدۇ، ئىشىمىزنى ئىش
قىلمايدۇ. ئەمما، شۇنى بىلىڭلاركى، ئۇنى كۆزدىن يوقىتىدى-
غان ئادەم باشقا بىرى ئەمەس، پەقەت قەمىردىن!

قەمىردىن كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، مەنسۇر شاڭيوغا ئاستا
قاراپ قويدى.

— قانداق؟ — دېدى ئەختەمباي مەنستەمەسلىك بىلەن
كۈلۈمسىرەپ، — قورقۇۋاتامسەن؟

قەمىردىن ئۆزىدە پەيدا بولغان تىترەشنى زورىغا بېسىپ
تۇرۇپ بىرنېمە دەي دېگۈچە مەنسۇر شاڭيو:

— قەمىردىننىڭ تېۋى بار، ھېلىغۇ بىر ناسىر ئىكەن،
ئىككى - ئۈچ ناسىر بولسىمۇ چامى يېتىدۇ. قارىمامدىلا، بەس-
تىدىن كۈچ تېمىپ تۇرغىنىنى بۇنىڭ، — دېدى.

— مەنمۇ شۇنى بىلىپ تۇرۇپ دەۋاتىمەن - دە، — دېدى
باي ئۇنى تېخىمۇ چىڭىتىپ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قەمىردىن بىردىنلا روھلىنىپ قالدى:

— سىلىدەك بىر ئادەم كەينىمىزدە يۆلەك بولۇپ تۇرغاندا، بىز نېمىدىن قورقاتتۇق، تەقسىر، — دېدى.

ئەمما، ئۇنىڭ يۈرىكى پوكۇلداۋاتاتتى.

ئەختەمباي ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەمدى ئۇنىڭغا مەدەت بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى:

— مەنلا ئەمەس، ساڭا پۈتۈن سۈرۈك ھۆكۈمەت يۆلەك بولىدۇ، ھۆكۈمەت ئۆز ئىشىدىن قۇسۇر تاپىدىغانلارنى ياخشى كۆرىدۇ، دەمسەن؟ ناسىرنىڭ قانداق ئادەملىكىنى ئۇلارمۇ بىلىدۇ.

«ھۆكۈمەت» سۆزىنى ئاڭلاپ، قەمىردىننىڭ دۈكۈلدەپ ئۇرۇۋاتقان يۈرىكى پەسەيدى. «ھە، ناسىرنىڭ قانداق ئادەملىكىنى ھۆكۈمەتمۇ بىلىدىكەن» دەپ ئويلىدى، شۇڭا قەددىنى رۇسلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— مۇنداق بىر يالاڭتۆشنى كۆزدىن يوقىتالىسام، ئۆزۈمنى ھەرگىز ئەر ھېسابلىمايمەن، تەقسىر، كۆزىمىزگە مىختەك قادىلىپ يۈرگەن بۇ مۇتىھەمنىڭ غالۋاراپ ئەمدى ئۆرە يۈرگىنىنى كۆرۈپ باقايلى قېنى. ھۆكۈمەت يۆلەكلا بولسا، ھەرقانداق ئىش قولىمىزدىن كېلىدۇ.

— بارىكاللا، — دېدى ئەختەمباي خۇشاللىقىدىن، — ئەمما بۇ ئىشنى ئۈچىمىزدىن باشقا ئىنسان بالىسى بىلمەسلىكى كېرەك ھەم بۇ ئىشتىن بىرەر ئىزمۇ قالماسلىقى كېرەك.

قەمىردىننىڭ ناسىر ئاخۇننى ئۆلتۈرۈشتەك شۇنچە گۇناھلىق ئىشنى قىلىشقا نىيەت باغلىشىغا يەنە مۇنداق بىر كونا ئاداۋەتمۇ سەۋەب بولدى.

قەمىردىن ئوغلاق تارتىشقا ئىشقىۋاز ئادەم بولۇپ، خېلى داڭقىمۇ بار ئىدى. ئوغلاق قولىغا چۈشۈپ قالدىمۇ، ئۇنىڭدىن تارتىۋالماق تەسكە چۈشەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈگۈرۈك تورۇق ئېتى بولۇپ، ئوغلاقنى ئېلىپ توپتىن ئۈزۈلۈپ چىقىۋالسىلا،

ھېچقانداق ئات ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيتتى - دە، ئوغلاق دېگەن يەرگە سۆزسىز تاشلىناتتى.

ئاشلىقلار يىغىلىپ بولغان چاغ، مەھەللىدە توي - تۆكۈن، ئويۇن - تاماشىلار باشلىنىپ كەتتى. بىر كۈنى ئوغلاق تارتىش بولدى، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئوغلاقنىڭ خەۋىرى تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ كوچا - كوچىدىن توپقا قاراپ ئات چېپىشىپ ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار كېلىشكە باشلىدى. ھەتتا بۇ خەۋەر باشقا مەھەللىلەرگىمۇ ئاڭلىنىپ كەتتى.

مانا، ئوغلاقنىڭ بېشى كېسىلىپ توپقا تاشلاپ بېرىلدى. تارتىشماق باشلىنىپ كەتتى. توپ ئۇلغايماقتا ئىدى، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئاتلىقلار بىرنەچچە يۈزگە يەتتى. توپ بىردەم ئۇ مەھەللە تەرەپكە سۈرۈلسە، بىردەم بۇ مەھەللە تەرەپكە سۈرۈلەتتى. سىرتتىكىلەر ئاتلىرىنى قامچىلاپ، دۈۋىتىپ ئوغلاققا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن ئىنتىلەتتى. «تېقىمغا باس. . . !»، «ئاتنىڭ بېشىنى تارت. . . !»، «ئاتنى ئۇر. . . !»، «مەھەللىگە تارت. . . !»، «ئاتنىڭ ئالدىنى توسما. . . !» دېگەنگە ئوخشاش ئاۋازلار، قىقاس - چۇقانلار ئۇلغىيىپ، ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاستىدىن چىققان توپا - چاڭلار ئۇزۇلۇكسىز كۆتۈرۈلۈپ، تارتىشىش بەكمۇ قىزىپ كەتتى.

قەمىردىن قامچىسىنى ئاغزىغا چىشلەپ ئىككى قولى بىلەن ئوغلاقنى تارتماقتا ئىدى، توپ ئىچىدىن كىمدۇر بىرى ئۇنىڭغا ياردەملەشتى. ئۇ ئوغلاقنىڭ بېلىنى ئىگەرنىڭ ئالدى قېشىغا قويۇپ، ئالدى قولى بىلەن پۇتىنى ئۈزەڭگە باغنىڭ ئاستىغا ئېلىپ تېقىمدىۋالدى. باشقىلار تىزگىنىنى تارتىپ ئاتنى قامچىلىدى. ئات كۆچەپ ئوتتۇز مېتىردەك سۈرۈلۈپ توختاپ قالدى. چۈنكى، ناسىرئاخۇن ئېتىنى دۈۋىتىپ قامچىلاپ قەمىردىنگە سول تەرەپ بىلەن يېقىنلاپ كەلگەنىدى، ئۇمۇ قامچىسىنى ئاغزىغا چىشلىۋالغان بولۇپ، قەمىردىننىڭ تېقىمىدىكى ئوغلاقنى

تارتتى، لېكىن ئەپلەشمىدى. ئۇ ئۆزەڭگىدىن پۇتىنى چىقىرىپ قەمىردىنىنىڭ ئېتىنىڭ ئالدى قولى ئۈستىدىن تېپىپ تۇرۇپ تارتىۋىدى، قەمىردىنىنىڭ قولىدىكى ئوغلاقنىڭ بىر تەرىپى نا-سىر ئاخۇننىڭ قولىغا چىقتى. ئۇ ئوغلاقنى تېقىمىغا بېسىپ تۇرۇشىغا ئۇنىڭمۇ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىدىغان دوستلىرى پەيدا بولدى ــ دە، ئاتنى قامچىلىدى. تاياق زەربىدىن ئات بىر ــ ئىككى يۇلقۇنۇپ ئوغلاقنى قەمىردىن بىلەن قوشۇپ ئات ئۈستى-دىن يۇلۇۋالدى. سەۋەبى قەمىردىنىنىڭ ئىگىرىنىڭ تارتمىسى كۆپچەك چىداشلىق بېرەلمەي ئۈزۈلۈپ كېتىپ، ئۇ ئىگەر بىلەن بىللە ئۆرۈلۈپ چۈشكەندى.

بۇ ۋاقىتتا توپ ئىچىدىن ناسىر ئاخۇننى ماختىغان ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى:

ــ پالۋان! پالۋان ــ دە، پالۋان...!

ــ ئوغۇل بالا! سېنى تاپقان ئاتاڭغا رەھمەت...!

بۇ سۆزلەر قەمىردىنگە ناھايىتى قاتتىق تەگدى ــ دە، ئىچىدە «خەپ» دېدى.

ئۇ ئاتنى قايتىدىن ئىگەرلەپ ئەلەم ۋە غەزەپ ئىچىدە ئوغلاق تارتىشىۋاتقان توپقا يەنە يېتىپ باردى. ئوغلاق تېخىچىلا ناسىر ئاخۇندا ئىدى. ئۇنىڭ يېتىپ بېرىشىغا ناسىر ئاخۇن ئوغلاقنى ئېلىپ توپتىن ئۈزۈلۈپ چىقتى. قەمىردىن كەينىدىن يۈگۈرۈك ئېتى بىلەن يېتىپ بېرىپ ئوغلاققا قول سالدى، بولمىدى... بۇ ئىش قەمىردىنگە تېخىمۇ ھار كېلىشكە باشلىدى، ئىچى تىتىل-داپ گۇرەنلىرى كۆپتى. ئۇ غەزەپ بىلەن:

ــ سەن خومپەردىن تارتىۋالمايدىغان بولسام، ــ دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ناسىر ئاخۇننىڭ غەزىپى ئۆرلىدى:

ــ نېمە دەيسەن خومپەر دوغداق؟! ھازىرلا ئاتنىڭ ئۈس-تىدىن ئاغدۇرۇلۇپ كەتكەن ئىدىڭ، ئەمدى چەيلىنەي دەمسەن؟

ناسىر ئاخۇن ئوغلاقنى ئېلىپ توپنىڭ ئىچىدىن بۆسۈپ چى-

قىپ كەتتى. مەھەللىگە يېقىن بارغاندا قەمەردىن يېتىپ بېرىپ ئەلەمگە چىدىماي قامچا بىلەن ئۇنىڭ دۈمبىسىگە ئىككىنى سالدى. كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ قەمەردىننى كۆرگەن ناسىرئاخۇنىڭ بىردىنلا غەزىپى ئۆرلىدى ـ دە، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ بۇرۇلۇپ كەلگىنىچە قەمەردىننىڭمۇ دۈمبىسىگە كۈچەنىپ ئىككى قامچا سېلىپ، ئۇنى يەرگە دومىلىتىۋەتتى.

ئارقىدىن يېتىپ كەلگەن ئوغلاقچىلار قەمەردىننىڭ توپىغا مىلىنىپ ياتقان قىياپىتىگە تەنتەنە قىلىشقاندەك بىردەمدىلا قىقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈشتى.

— يارايسەن ناسىر... يارايسەن...!

— ئەجەب جايلىدىڭ ـ دە، بۇ دوغداقنى...!

بۇ سۆزلەر قەمەردىننىڭ يۈرىكىگە مىختەك قادالدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئېتىغا مىنگەن بولسىمۇ، لېكىن ناسىرئاخۇنىڭ كەينىدىن قوغلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. شۇنچە كۆپچىلىك ئىچىدە كۆلكىگە قېلىپ تېخىمۇ ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالغىنى ناھايىتى ئەلەم قىلدى. «خەپ ناسىر... بىر قوشۇق قېنىڭنى ئىچمىسەم ئاتامنىڭ بالىسى بولماي كېتەي» دېدى ئۇ ئىچىدە ۋە ئوغلاقنى تېقىمداپ مەھەللىگە ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىپ بارغان ناسىرئاخۇنغا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپ قالدى...

مەسلىھەت شۇ بولدى، قوللار چايقىلىپ، داستىخان ئۈستىگە سۇرلەنگەن گۆش بېسىلغان بىر تاۋاق پولۇ قويۇلدى.

تاماقتىن كېيىن ئىككىسى ياندى. كوچىغا چىققاندا، قەمەردىن ئۆزىنىڭ ئەندىشىسىنى يوشۇرالمىدى.

— ئاداش، مېنىڭغۇ كۈچۈم يېتىدۇ، پەلەك ئوڭغا تارتىپ قالسا، ئىش پۈتتى ۋەسسالام، مۇبادا ئېلىشىشقا توغرا كېلىپ قالسا، مەن يالغۇزلۇق قىلىپ قالارمەنمىكىن.

— بايا باينىڭ ئالدىدا شۇنداق دېسەڭ بولماسمىدى، — دېدى مەنسۇر مېڭىشتىن توختاپ.

— پېتىنالمىدىم.
— قورقما «كۆز قورقاق، قول باتۇر» دېگەن گەپ بار.
— شۇنداقتىمۇ ماڭا بىر ئادەم ياندىمىساڭلار بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ، ئىشنىڭ پۇختا بولغىنى ياخشى.
— ئۇنداق بولسا، — دېدى مەنسۇر ئويلىنىپ، — بىزنىڭ ئايۇپنى ياندىساق قانداق؟
— ئايۇپ! . . . ئۇ ئۇنارمۇ؟
— ئۇنىماي نەگە باراتتى، مالاي دېگەن بىر قۇل، نېمە دېسەڭ خوپ دەيدۇ.
— مۇنداق بولسا، مەنمۇ يۈرەكلىك ئىش قىلىمەن - دە.
— بولدى، سەن كېتىۋەر، — دېدى مەنسۇر، — مەن باي بىلەن يەنە بىر سۆزلىشىپ چىقاي.
مەنسۇر ئەختەمبانىڭ قورۇسىغا يەنە كىردى - دە، قەمىردىن بىلەن بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنى تولۇق بايان قىلدى. ئەختەمباي ئويلىنىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:
— قەمىردىننىڭ ئەنسىرىشىمۇ ئورۇنلۇق، ئىشنىڭ پۇختا بولغىنى ياخشى. بىراق، سېنىڭ ئۇ مالىيىڭ قانداقراق نەرسە، ئاغزى مەھكەممۇ؟ يۈرەكسىزلىك قىلماسمۇ؟ بۇ ئىشنى ئوبدان ئويلىنىش كېرەك. مەيلى كىمگە ئېيتمىغىن، ئۇ ماقۇل دەيدىغان كىشى بولۇشى كېرەك، ئەگەر ئۇنىماي تۇرۇۋالسا، ئەلگە يېيىلىپ كېتىدىغان ئىش چىقىدۇ، بايا مېنىڭ سەگەك بولۇش كېرەك دېگىنىم مۇشۇ ئىدى.
— ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولسىلا، — دېدى مەنسۇر، — ئۇ مېنىڭ سۆزۈمنى ئالماي قويمايدۇ، ئەڭ مۇھىمى، ئايۇپنىڭ ناسىرغا ئۆچمەنلىكى بار.
— ھەببەللى، — دېدى ئەختەمباي خۇش بولۇپ، — بۇنىسى جايىدا ئىكەن، باب ئادەمنى تاللاپسەن.
ئايۇپنىڭ ناسىر ئاخۇنغا ھەقىقەتەن كۈچلۈك ئۆچمەنلىكى بار

ئىدى. بۇ ئىش مۇنداق بولغان: بىر كۈنى كېچىسى مەنسۇر مالىيى ئايۇپنى سۇ تۇتۇشقا ئېتىزغا چىقىرىۋېتىپ، ئەل قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەندە، ئۇنىڭ ئۆيىگە تىۋىش چىقارماي كىرىپ كەپتۇ. ئايۇپنىڭ چىرايلىق خوتۇنى سېلىمخان ھاۋا دىمىق بولغاچقا، ئىشىك - دېرىزىلەرنى ئېچىۋېتىپ ئۇخلاپ قالغانىكەن. نەپسى تاقىلداپ كەتكەن مەنسۇر ئۆمىلەپ بارغىنىچە ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ، سېلىمخان بەستىمۇ، تىنىقىمۇ ئايۇپقا ئوخشىمىغان يات بىر ئادەمنىڭ قولىدا تېپىرلاپ: «ۋاي ئوغرى... ۋاي ئوغرى...! مانا ئوغرى...!» دەپ قاتتىق ۋارقىراپتۇ. ئالاقزادىلىكتە چۈشكەن مەنسۇر ئىلاجىسىز قېچىپ چىقىپ كېتىپتۇ، سېلىمخاننىڭ غەزەپلىك ئاۋازىدىن قولۇم - قوشنىلار ئويغىنىپ كېتىپتۇ - دە، بۇ ئىشقا ھەيران بولۇشۇپ: «ۋاھ... ئوغرى مال - دۇنياسى بار باينىڭ ئۆيىگە كىرمەي، گادايىنىڭ ئۆيىگە كىرگىنى قىزىقتۇ؟ شۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ ئادەم ئوغرىسى ئوخشايدۇ» دېيىشىپتۇ. ئەتىسى مەنسۇر: «ئاخشام كەچتە ناسىرئاخۇن مۇشۇ تەرەپتە تىمىسقىلاپ يۈرەتتى، شۇنىڭ ئىشى - دە، بۇ...» دېگەن گەپنى يېيىپتۇ. ئايۇپ چۈشكە يېقىن ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ بولۇنغان ئىشلارنى سېلىمخاندىن ئۇقۇپتۇ، ئۇ ئۆزىمۇ كىشىلەردىن: «ئاخشام ئۆيگە كىرگەن ناسىرئاخۇن ئوخشايدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ كەلگەنىكەن. غەزىپى ئۆرلەپ كەتكەن ئايۇپ: «مەن ھازىر بېرىپ ناسىرنى چانايمەن» دەپ ۋارقىراپتۇ. سېلىمخان: «سارالڭ بولۇپ قالدىڭمۇ، ناسىرئاخۇن ئاكام ئۇنداق شەرمەندە ئىشنى قىلاتتىمۇ، بۇ ئىشنى يامان نىيەت بىلەن ئۇ ئادەمگە دۆڭگەۋاتقانلار باردۇ، ناسىرئاخۇننى قاپقارىسىغىلا چاناتتىڭمۇ» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئايۇپ ئىككىلىنىپ قاپتۇ. گەرچە ئۇ ناسىرئاخۇننى چاناش نىيىتىدىن يانغان بولسىمۇ، شۇ ئىشتىن كېيىن يۈرىكىدە ئۆچمەنلىكى ساقلىنىپ قالغانىدى.

# 2

مەھەللىنىڭ تۆۋىنىدىكى بوز يەرلەرنىڭ دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ياخشى گەپلەر تارقىلىپ يۈرگەن شۇ كۈنلەردە، قەمىردىن بىلەن ئايۇپ ناسىرئاخۇننى كۆزدىن يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشكەنىدى. لېكىن، ئۇنى قانداق يوقىتىش كېرەك، قانداق قىلىپ ئىز قالدۇرماسلىق كېرەك؟ ئۇلار مانا بۇ خۇپىيانە ئىشنىڭ پەيتىنى ئىزدەپ ھەلەك ئىدى.

قەمىردىن ئاخىر ئامال تاپتى. ئۇ ناسىرئاخۇننى ئۆز ھويلىسىدا جايلىۋېتىشنى ئايۇپ بىلەن مەسلىھەت قىلىشتى.

ئىككىنچى ئاينىڭ ئاخىرقى قاراڭغۇ كېچىلىرىنىڭ بىرىدە، ناسىرئاخۇن خۇپتەن نامىزىغا مەسچىتكە ماڭغاندىن كېيىن، قەمىردىن بىلەن ئايۇپ ئۇنىڭ ئېغىلىغا يوشۇرۇندى.

— نېمە بولغاندۇ، يانمايدىغۇ؟ — دېدى قەمىردىن، — ھېلىقى ئىمام ۋەزىخانلىق قىلىپ، ئەزمىسىنى ئېزىپ ئولتۇرغانمىكىن تايىنلىق.

مانا، ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى، ناسىرئاخۇن نامازدىن قايتىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. قۇلاقلار دىڭ ئىدى، سۇرلۇك بىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. ناسىرئاخۇن ئۆيدىن چىقىپ بىر باغ بىدىنى كۆتۈرۈپ ئېغىلغا كىرىپ كەلدى-دە، ئۇنى ئات ئوقۇرىنىڭ ئىچىگە سالدى. قەمىردىن ئۆزىنى دالدىدا ئالغان جايدىن شەپىسىز قوپۇپ، قولىدىكى كەتمەننىڭ جۇلدىسى بىلەن كۈچىنىپ تۇرۇپ ناسىرئاخۇننىڭ بېشىغا ئۇردى. گويا ئېگىز تېرەك قاراسلاپ يىقىلغاندەك ئېغىل ئىچى دىرىلدەپ، ئات ئۈركۈپ كەتتى ۋە ئىگىسىگە سېغىنىپ تېپىرلاپ قاتتىق كىشنىدى...

قەمىردىن بىلەن ئايۇپ كۆزدىن غايىب بولدى.

تۆپۇقسىز چىققان ئۇپۇر ـ توپۇرنى ئاڭلاپ، ئالاقزادە بو-لۇپ ئۆيدىن چىققان گۈلپەمخان ئېرىنى ئېغىل ئىچىدىن — قانغا مىلىنىپ، چىشلىرىنى كىرىشتۇرۇپ، ئوڭدىسىغا سۇنايلى-نىپ ياتقان يېرىدىن تاپتى ۋە داد ـ پەرياد كۆتۈردى. . .

نادىر ئەپەندى دادىسىنى يىغلا ـ قاقشاپ يەرلىكىگە قويدى. لېكىن، ناسىرنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى كىشىلەرگە سىر بولۇپ قالدى.

نـادىرنىڭ قـولى قىسـقا، شۇڭا دادىسىنىڭ ئۆلۈمى، نەزىر ـ چىرىغى ئۇچۇن ئات ـ هارۋىسى بىلەن يېرى قولىدىن چىقىپ كەتتى.

«ناسىر ئاخۇن تۇنجى ئوغلى نادىرنى بار ـ يوقىغا قارىماي ئوقۇتقان. نادىر ئالتە يىللىق مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن بىر يىللىق ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۇرۈش كۇرسىدا ئوقۇپ، يېزىدىكى رايون مەركەزلىرىنىڭ بىرىدە، تۇنجى ئېچىلغان باشلانغۇچ مەك-تەپكە ئوقۇتقۇچى بولۇپ چىقتى. ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە دادىسى ئۇنى ئۆيلەپ قويدى. مانا شۇنىڭ بىلەن نادىر شۇ يەرلىك بولۇپ قالدى. لېكىن، ئۇنىڭ گىمنازىد-يە ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن مـۇناسىۋىـتـى قويۇق بولۇپ، شە-هەرگە پات ـ پات كىرىپ تۇراتتى ۋە ئۇلار بىلەن ئېچىل ـ ئىناق ئۆتەتتى. جامائەتچىلىك ئىچىدە ناسىر ئاخۇننىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا هەرخىل گەپ، گۇمانلار بولۇندى:

— رەھمەتلىك ياخشى ئادەم ئىدى، كەمبەغەللەرنىڭ يىغى-سىنىلا يىغلاپ يۈرەتتى.

— هە، بۇ ئىش شاڭيولارنىڭ ئىشىمىكىن. . . ؟

بولۇنغان گەپلەر بۇنىڭدىن نېرىغا ئۆتمىدى، پەقەت نەزىرىگە كەلگۈچىلەردىن بەزىلەر نادىرنى بىر چەتكە تارتىپ شاڭيو بىلەن ئەللىكبېشى ئۈستىدىكى گۇماننى ئاساس قىلىپ:

— ئەپەندىم، سىز ئوقۇغان ئادەم، ئىشنىڭ يولىنى بىلى-سىز. ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلىپ باقسىڭىز بولمامدۇ، قاراپ تۇ-رۇپ مۇشۇنداق بولۇپ كېتەرمۇ؟ — دېدى.

نادىر:

— بىزدەكلەرنىڭ ھالىغا يېتىش ھۆكۈمىتىمىزنىڭ چۈ-شىگىمۇ كىرمەيدۇ، بۇ بىزنىڭلا بېشىمىزغا چۈشۈۋاتقان كۈلپەت ئەمەس، يۈزلەپ، مىڭلاپ ئائىلىلەرنىڭ بېشىغا چۈشۈۋاتقان كۈلپەت، ھۆكۈمەت بۇنىڭ قايسى بىرىنى ھەل قىلغان، ھەممى-نى ئۆزى قىلىۋاتسا، — دېدى.

— ئۇغۇ شۇنداق. بىراق، ئادەمنىڭ ئىچى ئېچىشىدىكەن، بەك ۋابال بولدىغۇ سىلەرگە.

— ئەڭ ياخشىسى، — دېدى نادىر نەپرەتلىك ھالدا، — مۇنداق ئىشلارنى ئەل يۇرتقا تونۇتۇش كېرەك، ھەممە ناھەق ئىشلارنىڭ چاۋىسىنى يېيىش كېرەك، خەلق ھەممە ناھەق ئىش-لارنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلسە ئىدى. . .

نادىر ئەپەندى دادىسىنىڭ سىرلىق ئۆلۈمى توغرىسىدا شاڭ-يو بىلەن ئەللىكبېشىدىنلا گۇمان قىلىپ قالىدى، ئۇنىڭ كەي-نىدە يۆلەك بولۇپ تۇرغان ئەختەمباي دەپ ئويلىدى ۋە ئەختەم-باينىڭمۇ يۆلەكچىسى بارلىقىنى جەزملەشتۈردى.

شۇنداق قىلىپ، نادىر ئەپەندى دادىسى ئۆلۈپ ئونىنچى كۈنى مۇردا چىققان بۇ سۇرلۇك ئۆيدە ئاپىسى بىلەن نادەمنى يالغۇز قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلىق ئىشىغا — ئىشلەۋاتقان يېزىسىغا يۈرۈپ كەتتى.

شۇ مەزگىلدە يېزىدا مۇنداق بىر ۋەقە بولۇپ ئۆتتى. ئەخ-تەمباي شەھەردىن مېھمان چاقىرىپ، ھەشەمەتلىك بېغىدا كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزدى. زىياپەتكە شەھەردىن ھاكىملار، ھەربىي ئەمەلدارلار، چوڭ بايلار. . . پەيتونلارغا چۈشۈپ چىقىشتى. زىياپەت باينىڭ يېڭى پۈتكەن شىپاڭىدا تەنتەنىلىك ھالدا داۋاملى-

شىۋاتاتتى. كۆتۈرۈپ سېلىنغان شىپاڭدا كېرىلىپ ئولتۇرغان ھەربىي ئەمەلدارنىڭ بىرى قولىغا قەدەھنى ئېلىپ، بايىنىڭ بۇ مەرھەمىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ سۆزلىمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرغانىدى. كۆزى بىردىنلا بايىنىڭ بېغىدا چۆنەك ئوتاپ قايتقان بىر قىزغا چۈشۈپ قالدى ـ دە، دەيدىغان سۆزلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ باغدىن ـ تاغدىن سۆزلەپ قويۇپ شىپاڭدىن چۈشتى. باغدا قىزنى يېنىپ كۆرەلمىدى، ئايلىنىپ كوچىغا چىقتى. ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، تار كوچىغا كىرگەندە، قىز يەڭلىك كۆتۈرۈپ بىر ھويلىدىن چىقىپ قالدى. ھەربىي ئەمەلدار قىزنىڭ مايسىدەك قېلىن كىرپىكلىرىگە، يېنىپ تۇرغان ئوتلۇق كۆزلىرىگە، ئاناردەك قىپقىزىل مەڭزىلىرىگە سەپسېلىپ قاراپ، تۇرغان ئورۇندا تۇرۇپلا قالدى...

ھەربىي ئەمەلدار قايتىپ كىرىپ ئەختەمبايىنى چەتكە تارتىپ، ئۇ قىزنى سورۇشتۇردى.

— ھە، ئۇ قىز بىر كەمبەغەلنىڭ قىزى، ئىسمى تولۇنئاي، ئۇنى يېقىندا ئاتا ـ ئانىسى يوق بىر يېتىم بالىغا بەرمەكچى، چېيىنى ئىچكۈزۈپ قويغان، — دېدى باي كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ.

— چېيىنى ياندۇرۇۋەتسۇن، قىزنى مەن ئالىمەن، بۇ ئىشقا ئۆزىڭىز باش بولسىڭىز، — دېدى ئۇ.

باي ئىككىلىنىپ قالدى.

— سىز بىزگە ئىشەنچلىك ئادەم، — دېدى ئۇ يەنە، — بۇ ئىشقا كۈچ چىقىرىپ، خىزمەت كۆرسىتىڭ، قالغىنىنى ئۆزىمىز بىلىمىز.

باي بۇ ئىشتىن باش تارتىشنىڭ ئۆزىگە ياخشى ئاقىۋەت كەلتۈرمەيدىغانلىقىنى، ھۆكۈمەت ئادەملىرىنى نارازى قىلىپ قويسا، نۇرغۇن ئىشلىرىنىڭ ئاقمايدىغانلىقىنى ئويلىدى ـ دە:

— بولىدۇ، جانابلىرىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن قولىمىز

كۆكسىمىزدە، — دېدى.

ئەختەمباي قىزنىڭ ئائىلىسىگە ئىككى قېتىم كىردى، ئىككىنچى قېتىمدا قىزنىڭ دادىسى غەزەپ بىلەن:

— بۇ نېمىدېگەن زورلۇق، ئاش دېدى بەردۇق، مال دېدى بەردۇق، بىدە دېدى بەردۇق، ئەمدى قىزىمىزنى سورامدىكەن، قىزىمنى ئالىمەن دېسە بىزنى ئېتىۋېتىپ ئالسۇن، — دېدى.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئەمەلدار، يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن بىر كىشىگە يەنە بىر ئەمەلدارنى قوشۇپ يېزىغا چىقاردى. تولۇنئاينىڭ ئاتا - ئانىسىغا يۇمشاق گەپ قىلىپ سۆزىنى ئاقتۇرالمىغان ئەلچى:

— بەرسەڭمۇ بېرىسەن، بەرمىسەڭمۇ بېرىسەن! ۋۇي، قولغا كەلگەن ئامەتنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغان گادايلار، — دېدى دېۋەيلەپ، — تېخى قىزىڭنى ئىككى قوللاپ تۇتۇشنىڭ ئورنىغا بەرمەيمەن، دېگەن سۆز ئاغزىڭغا قانداق كەلدى. بەرمەسەڭ ھەممىڭ سولاققا كىرىپ ئۆلىسەن، ھۆكۈمەتنىڭ سەندەك چۈپرەندىلەرگە كۈچى يەتمەمدۇ؟

تولۇنئاينىڭ تويى بولىدىغان بولدى. ھەربىي ئەمەلدار ئۈچ كىشى بىلەن ئىككى پەيتۇنغا چۈشۈپ مەھەللىگە چىقتى. بۇ قىزنى ئېلىپ كېتىدىغان نىكاھ كۈنى ئىدى.

تولۇنئاينىڭ ئاشىقى ئون نەچچە دوستلىرى بىلەن توي بولىۋاتقان قورۇغا بېسىپ كىرىپ، ھەربىي ئەمەلدارغا پىچاق سېلىپ ئۆلتۈرۈپ، قىزنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى.

يىگىت بىلەن تولۇنئاينى قوغلىغان ئۈچ چېرىك چولڭ قارا سۇنىڭ چالىنقۇل مەھەللىسىدىن ئېشىپ، مىڭ مارال تاغلىرىغا ئەمدىلا ياماشقان بىر جۈپ ياشقا قارىتىپ ئوق ئاتتى. يىگىت ئوق تېگىشى بىلەن چوڭقۇر غولغا غۇلاپ چۈشتى. قىز: «ۋاي» دەپلا ھوشىدىن كەتتى. قولى باغلىنىپ ئېلىپ كېلىنگەن تولۇنئاي ئاق ئۆستەڭگە كەلگەندە، ئۆزىنى سۇغا تاشلاپ ئۆلىۋالدى.

مانا بۇ پاجىئە يېزىنىڭ ئازابلىق تارىخىدا ئۇنتۇلمايدىغان يەنە بىر بەت بولۇپ قالدى.
نادىر ئەپەندىنىڭ بىرنەچچە كۈندىن بېرى يۈرەك ـ باغرىنىڭ دولقۇنلىشى ھەرگىز سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى. ئۆز ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەر، ھادىسىلەر، تۆكۈلگەن ئاچچىق ياشلار، چېچىلغان قانلار، تۈرۈلگەن مۇشتلار... ئۇنى نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشقا، زورلۇقلارنى، ھەسرەت ـ نادامەتلەرنى يېزىشقا ئېلىپ كېلىۋاتاتتى.
ئۇ دادىسىنىڭ سىرلىق ئۆلۈمى، يىگىت بىلەن تولۇنئاينىڭ پاجىئەسى ۋە كۆرگەن ـ ئاڭلىغان ۋەقەلەرنى بىر يەرگە جەملىگەندە، ئۇنىڭ دولقۇنلاپ، ھاياجانلانغان قەلبىدە بىر مۇزىكىلىق سەھنە ئەسىرى تىزىلىپ بولدى. يالقۇنلۇق يۈرەكتىن ئۇرغۇپ چىققان سۆزلەر بىلەن بەش پەردىلىك «قانلىق ياشلار» دۇنياغا كەلدى!
«قانلىق ياشلار» ناملىق سەھنە كىتابىنى ئويناشقا نادىر ئەپەندى ئۆزى يېتەكچىلىك قىلدى، يېزا سازەندىلىرى خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرىدىن پايدىلىنىپ مۇزىكىسىنى ئىشلىدى. ئوقۇتقۇچىلار، يۇقىرى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى، كەچ كۇرسقا كېلىپ ئوقۇۋاتقان يېزا ياشلىرىدىن تەشكىللەنگەن يىگىرمە سەككىز كىشى روللارغا بۆلۈندى. شۇنداق قىلىپ، بىر ئايلىق قىزغىن تەييارلىقتىن كېيىن، «چولپان» مەكتىپى ئاددىي قىلىپ ياسىغان سەھنىگە «قانلىق ياشلار» چىقتى!
«قانلىق ياشلار» نىڭ سەھنىگە چىقىشى يېزىدا خېلى ئادەملەرنىڭ كۆزىنى ئاچتى. يېزىدا ئويۇننى كۆرمىگەن ئادەم ئاز قالدى. بۇلا ئەمەس، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا ئۆتۈپ تارقالغان خەۋەر ناھايىتى زور قىزىقىش پەيدا قىلىپ، قوشنا يېزىلاردىنمۇ تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئادەملەر كېلىپ ئويۇننى كۆرۈشكە باشلىدى. ئويۇننى كۆرگۈچىلەر ئۇنى ئۆز ھاياتىغا ـــ ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا قىياس قىلىشتى.

بىراق، ئويۇن قىزغىن قىزىۋاتقان ۋاقىتتا، يۇرت چوڭ-لىرى، ئۆلىما - مۆتىۋەرلىرى مۇدۇي قوپتى. ئويۇننى قويماس-لىق توغرىسىدا نادىر ئەپەندىگە ئاۋۋال تەكلىپ بەردى، نەسىھەت قىلدى، كېيىن دوق قىلدى، قورقۇتتى، دېۋەيلىدى. ئەمما، «قانلىق ياشلار» سەھنىدىن چۈشمىدى. «ئىش مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، بىزگىمۇ چوڭ بالايىئاپەت كېلىدىغان بولدى، بۇنى ۋاقتىدا تۇنجۇقتۇرۇۋېتىش كېرەك» دەپ ھېسابلىغان رايون تەۋەسىدىكى ھەسەن مىڭبېگى، ئەختەمباي باشلىق كىشىلەر ئاخىرى شەھەر ھاكىمىغا بەش كىشى قول قويغان بىر پارچە خەت يازدى.

«كىشىنى غەزەپلەندۈرىدىغىنى شۇكى، — دېيىلگەنىدى خەتتە، — بۇ سەھنە ئويۇندا يۇرت كاتتىلىرى، ئابرۇيلۇق ئادەملەر، ھۆكۈمەت خىزمىتىنى بەجانىدىل ئىشلەۋاتقان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى خىيانەتچى، پارىخور، خەلققە زورلۇق قىلغۇچى، باسقۇنچى ھەتتا ئۆزى قىلغان ئەسكىلىكلەرنى تەپ تارتماستىن باشقىلارغا دۆڭگەپ قويغۇچى ھىيلىگەر قىلىپ كۆرسەتكەن.»

خەتنى ئېلىپ كىرگۈچىگە ھاكىم سوغوق ھىجىيىپ مۇنداق دېگەن:

— بۇ پىتنە - پاساتتىن بىزنىڭمۇ خەۋىرىمىز بار، تېخى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى گۇناھسىز كىشىلەرنى ئۆلتۈرگۈچى قاتىل، دەپ خەلق ئىچىگە قۇترانقۇلۇق ئۇرۇقىنى چېچىپتۇ. يېزىلغىنىنىڭ ھەممىسى توقۇپ چىقىلغان ئىغۋالار ئىكەن. ھۆكۈمەت مۇنداق بۇزۇقلارنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيدۇ. ئۇنداق قۇترانقۇلۇق قىلغۇچىلارنىڭ جەزمەن ئەدىپى بېرىلىدۇ. بۇ كېچىكتۈرۈدىغان ئىشمۇ ئەمەس، سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، ھايال قىلماي ئادەم چىقارتىمىز.

ھېلىقى «تولۇنئاينى ئالالماي ئۆلگەن ئۇفىتسېرنىڭ قاتىللىرىنىڭ بىرى» دەپ كۆرسىتىلگەن نادىرنى تۇتۇش ئۈچۈن، ئىككى كۈندىن كېيىن ئۈچ قوراللىق چېرىك مەھەللىگە كېچىدە

يېتىپ چىقتى. بۇ چاغدا «قانلىق ياشلار» سەھنىدە ئون ئىككىنچى قېتىم قويۇلۇۋاتاتتى. ئۇلار ئويۇن تۈگەپ، ئەل قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەندە، نادىر ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇنىڭ پۇت ـ قولىنى باغلاپ شەھەرگە ئەكىرىپ كەتتى.

مانا شۇنىڭ بىلەن نادىرنىڭ قانلىق، ئەمما تېخىمۇ جەڭگىۋار كۈنلىرى باشلاندى.

نادىرنى تۈرمىگە ئېلىپ كىرگەن كۈننىڭ ئاخشىمىسىلا ئۇنى ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇپ ھوشسىز قىلىپ تاشلىۋەتتى. ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنى سوراق قىلىشقا ئېلىپ چىقتى؛ تەرىنى تۈرۈپ كەينىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان سوراقچى، سەھنە كىتابىنىڭ قول يازمىسىنى پۇرلەشتۈرۈپ تۈتقىنىچە پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ:

— خوش، يازغۇچى ئەپەندى، بۇ ئىغۋانى توقۇپ چىقىشقا سىزنى نېمە مەجبۇر قىلدى؟ — دېدى نادىرغا كۆزىنى قاتتىق تىكىپ تۇرۇپ:

— ئەمەلدارلارنىڭ جىنايىتى، — دېدى ئۇ دەرھاللا.

— ئەمەلدارلىرىمىزنىڭ سىزنىڭ ئالدىڭىزدا جىنايىتى بارمىكەن؟

— شۇنداق، سوراقچى ئەپەندى، — دېدى نادىر قەتئىي ھالدا، — ئەمەلدارلىرىڭىزنىڭ خەلقنىڭ ئالدىدىكى جىنايىتى تاغدەك تۇرۇپتۇ، مەن ئۇنى قولىڭىزدا تۇرغان كىتابىمدا يازغان.

— خوپ، ماقۇل، بۇنى يېزىشتىكى مەقسىتىڭىز؟

— ھە، بۇ ناھايىتى ئېنىق، — دېدى ئۇ، — ئەمەلدارلىرىڭىزنىڭ جىنايىتىنى پاش قىلىش.

— بۇنىڭ بىلەن نېمە مەقسەتكە يەتمەكچى بولىسىز؟

نادىر كۈلدى.

— خەلققە جىنايەتچىنى تونۇشتۇرماقچى، جازالاتقۇزماقچى؟

— كىمگە؟

— خەلققە!

Altun0q

— ھايۋان! ھەممىڭ ھايۋان! — سوراقچى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئۇياق - بۇياقتا مېڭىشقا باشلىدى.

— راست ئېيتىسىز، جانابىي سوراقچى، مەن ھايۋان، بىز ھايۋان، سىزنىڭ ۋە سىز ۋەكىللىك قىلىۋاتقان ھۆكۈمىتىڭىزنىڭ ئالدىدا بىز ھايۋان، خەلقنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، ئاش - نېنىنى يەپ، شۇ خەلقنى قىلچە ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدىغانلار بار، بۇلارنى نېمە دېيىش كېرەك؟ — نادىر ئەپەندى سوراقچىغا تىكىلىپ قارىدى.

سوراقچىنىڭ قوشۇمىسى تېخىمۇ تۈرۈلۈپ، ئىككى قېشىنىڭ قۇيرۇق تەرىپى لىپىلداپ كەتتى، بۇ ئۇنىڭ ئاچچىقىنىڭ تازا كەلگەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. بىراق، ئاچچىقىنى قانداق قىلىپ بولمىسۇن بېسىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ جاۋاب ئالىدىغان يەنە بىر مۇھىم نۇقتىسى بار - دە. ئۇ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى - دە، بىر پەس جىم بولۇپ قالدى.

— خوش، تولۇئشايغا ئۆيلەنمەكچى بولغان بىزنىڭ ئوفىتسېرىمىزنى ئۆلتۈرۈشكە سىلەر قانچە ئادەم قاتناشقان؟ — دېدى ئۇ ئىككىنچى مەقسىتىگە ئۆتۈپ.

نادىر ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى - دە، كۈلدى:

— مەن ئۇنىڭغا قاتناشمىغان.

— مانا، مانا، سىز ھېلى مەن يالغان ئېيتمىشنى يامان كۆرىمەن دېگەن ئىدىڭىزغۇ ئەپەندىم؟

— شۇنداق، يامان كۆرىمەن، يالغانچىلىق بىلەن كىشىلەرگە تۆھمەت قىلىشنى ئىنتايىن يامان كۆرىمەن.

— سىز شۇ تاپتا جىنايى جاۋابكارلىقتىن قېچىۋاتىسىزغۇ دەيمەن؟

— مەن سىزگە شۇنى ئېيتىپ قوياي، — دېدى نادىر ئەپەندى قەتئىي ھالدا، — ئۇ ۋاقىتتا مەن ئۆز يېزامدا يوق، ئەگەر بولغان بولسام، بەلكى چەتتە قالمىغان بولاتتىم.

— سىز مەردانىلىكىڭىزدىن چەتلەپ كېتىپ بارسىز. ئوغۇل بالا قىلغان ئىشىدىن يانمايدۇ، سىزنى شۇنچىلىك ئىشلارنى قىلىشقا ئۈگىتىۋاتقان ئادەم بار، سىز شۇنى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا گۇناھلىرىڭىز يېيىلىدۇ. ئويلىنىپ بېقىڭ، بارغۇ دەيمەن؟

— بار.

— ئېيتمىشقا بولار؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ.

سوراقچى ئۈمىدلەندى:

— كىم ئۇ؟

— ۋىجدانىم!

سوراقچىنىڭ سەپرايى بىردىنلا ئۆرلەپ، ئۈستەلنى قاتتىق بىر ئۇردى - دە، ئۆزىنى تۇتالماي ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— سەن كىمنىڭكى ئەخمەق قىلىسەن؟ مەن سېنىڭ يۈرىكىڭنىڭ چوڭلۇقىنى كۆرۈپ باقايچۇ قېنى، — دېدى ئۇ ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ ۋە ئالدىدا تىك تۇرغان ئىككى چېرىككە قاراپ:

— ئاچىقىڭلار بۇنى! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئىككى چېرىك نادىرنى دۈمبىسىدىن ئىتتىرىپ جازالاش - قىيناش ئۆيىگە ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

كېچە - كۈندۈز ئۇخلاتماستىن سوراق قىلىش، ئۆز پەيلىدىن ياندۇرۇش ئۇچۇن ئىشلىتىلگەن ھىيلە - مىكىرلەر، ياغلىما گەپلەر، ئۇرۇش - قىيناش، ئېسىشلار. . . كار قىلمىدى. ھەتتا ئۇ بىر تېرە بىر ئۈستىخان بولۇپ قالغان چاغدىمۇ، ئېيتقان سۆزىدىن، يازغان سەھنە ئەسىرىدىن يانمىدى.

ناسىر ئاخۇننىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىدىن كېيىن، ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى نادىر ئەپەندىنىڭ يەنى «قانلىق ياشلار» ئاپتورىنىڭ تەقدىرى مانا مۇشۇنداق ئاخىرلاشتى. ئۇنىڭ ئايالى ئاچچىق ئەلەم

ھەسرىتىدە زار ـ زار قاقشاپ، سىل بولۇپ ئۇچ ئايدىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى.

«دەرد كەلسە قوشلاپ كېلەر» دېگەندەك، بىرنەچچە ئاي ئىچىدە ئۇچ ئۆلۈمنىڭ كەينى ـ كەينىدىن كېلىشى گۈلپەمخاننى ھوشىنى يوقاتقان ئادەمدەك قىلىپ قويدى. ئازابلىق خىياللار، ئىچ ـ ئىچىدىن يېنىش، ئوتتا چۇشكەن قىلدەك تولغىنىش، ئاچچىق ـ ئاچچىق كۆز ياشلار ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سارغايتىپ، مەزگىلسىز قورۇقلارنى پەيدا قىلدى، بەللىرىنى مۈكچەيتتى، كۈچ ـ قۇۋۋىتىدىن ئايرىدى...

بۇ قانداق تەقدىردۇ؟ تەقدىر دېگەن شۇنچىمۇ رەھىمسىز بولامدۇ؟ ئادەملەر دۇنياغا كېلىپ شۇنچە خورلۇق، شەپقەتسىزلىكلەرنى تارتقۇچە دۇنياغا كەلمىسە بولمامدۇ؟ بەزىلەر دۇنياغا كېلىپ راھەت ـ پاراغەت كۆرىدۇ، بەزىلەر دۇنياغا كېلىپ ئاچچىق ئەلەمدە تولغىنىدۇ، ھەتتا ئۇن ـ تىنسىز ھاياتتىن كۆز يۇمىدۇ. بۇ نېمىدېگەن تەڭسىزلىك ـ ھە... ناسىرئاخۇننىڭ بېشىغا كەتمەننىڭ جۇلدىسى بىلەن ئۇرغان كىم؟ نادىر ئەپەندى ساقچىخانىغا ساپساقلا كىرىپ كەتكەن، ئۇ قانداقلارچە ئۆلۈپ قالىدۇ؟ گۈلپەمخانغا بۇ ئىشلار سىر. ئۇنىڭغا ئەلەم قىلىۋاتقىنى مۇشۇ. ئانىسىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تەۋرىتىۋاتقان ۋە ئۇنى بۇرۇقتۇرمىلىققا سېلىپ ئۇنىسىز قاقشىتىۋاتقان ئىشلار مۇشۇ. ئادەمنىڭ بېشىغا ھەرقانچە ئېغىر ئىشلار كەلسە، شۇنچىلىك كېلەر، بۇنى سىڭىرىۋەتمەك ئاسانمۇ، بۇ ئىشلارنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يېتىدىغانلار چىقارمۇ؟

شۇنداق قىلىپ، ناسىرئاخۇنلار ئائىلىسىدە گۈلپەمخان، كەنجى ئوغۇل نادەم، ئاتا ـ ئانىسىز قارا يېتىم بوۋاق ئادىلجانلا قالغانىدى.

گۈلپەمخان بۇ ئىككى ئۆلۈمنىڭ سىرلىق تەرەپلىرىنى تېخى بىلمەي، چوڭقۇر قايغۇدا قالغانىدى.

# تۆتىنچى باب

## 1

ئەنۋەر ئەپەندى ئەختەمباينىڭ ئۆيىگە مېڭىپ كەتتى. ئۇ ئۆزۈنىسىغا كەتكەن ۋە ئاخىرى بىنەملىككە تۇتىشىدىغان بۇ مەھەللىنى ئارىلاپ سالماق قەدەم تاشلاپ كېتىپ باراتتى. ئۇ گويا مەھەللىنى بۈگۈنلا كۆرگەندەك ھەممە ياققا قىزىقىپ قارايتتى. مەھەللىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى چوڭ ئۆستەڭ كۆۋرۈكىدىن ۋە مەھەللىنىڭ ئىچىدىكى كىچىكرەك ئۆستەڭنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتتى. مەھەللىدىكى دېھقانلارنىڭ ئۆستەڭ بويلاپ سېلىنغان قىڭغىر - قىيسىق ئۆيلىرى ئۇنىڭغا تولىمۇ ئىللىق بىلىندى. ھەممىلا قورۇدا دېگۈدەك مېۋىلىك دەرەخلەر بار، ھېچبولمىغانلىرىنىڭ ئىككى - ئۈچ تۈپتىن ئاچچىق ئۆرۈكى بار. مەھەللە كوچىلىرىدا ياش كۆچەتلەر، بىرنەچچە ئون يىللىق، ھەتتا ئەسىرلىك ئۆمۈر كۆرگەن قارا ياغاچلار، سۆگەت، كۆك تېرەك، سېدە، چېقىر ئۈزۈم، مەجنۇنتاللار ناھايىتى قويۇق. مەھەللىنىڭ ئىچىدىن ئۆتىدىغان ئۆستەڭنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى دەل - دەرەخلەر تېخىمۇ قويۇق ۋە باراقسان، بۇ يېزا باشقا يېزىلارغا قارىغاندا، دەل - دەرەخلىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، ياز كۈنلىرى سىرتتىن قارىغاندا قويۇق جاڭگاللىقتەك كۆرۈنىدۇ. يېزىنىڭ ئۈچ تەرىپى بىنەملىكلەر بىلەن ئورالغان. بۇ بىنەملىكلەر، قارىغايلىق، ياۋا مېۋىلىك دەرەخلەرگە تولغان ئېگىز تاغلارغا تۇتىشىدۇ.

ئەنۋەر هارۋىسى پاتقاققا پېتىپ قالغان بىر دېھقاننىڭ يېنىغا كەلدى. ئورۇق ئات تاراسلاپ تېگىۋاتقان قامچىنىڭ زەربىسىدىن قانچە كۈچىسىمۇ هارۋىنى قوزغىتالماس ئىدى.

— توختاڭ، توختاڭ، ئاتنى ئۇرماڭ، — دېدى ئەنۋەر ئېرىقنىڭ قىرىنى ئىككى پۇتى بىلەن كېرىپ دەسسەپ تۇرۇپ. ئۇنىڭغىچە يەنە ئىككى دېھقان كېلىپ ياردەملەشتى. ئەنۋەر بۇل-دىن چىقىپ تۇرغان ئوقنى كۆتۈردى، ئىككى دېھقان يان تەرەپ-تىن هارۋىنى ئالغا مۈرىدىدى، ئۇلارنىڭ «هە - هۇ...» دېيىشىپ، تەڭ كۈچىشى بىلەن هارۋا پاتقاقتىن چىقىپ كەتتى.

— بارىكاللا، — دېدى هارۋىكەش بوۋاي، — رەهمەت ئەپەندىم!

— هېچقىسى يوق.

— ئەپەندى دېگەن ساڭا ئوخشاش بولسا، كۆپچىلىك بېشى-غا ئېلىپ كۆتۈرىدۇ، سېنى.

— بىراق، ئەپەندىنىڭ كىيىملىرى لاي بولۇپ كەتتى - دە، — دېدى هېلىقى ئىككى دېھقان كۈلۈمسىرەپ. ئۇلار كۈلۈشتى. ئەنۋەر ئەپەندى يولىغا راۋان بولدى. ئۇ كېلىۋېتىپ يان كوچىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان بىنەملىككە كۆز تىكتى.

سۈيىنىڭ شۇنچە كۆپ بولغانلىقىغا قارىماي، بۇ يېزىنىڭ ئۆلكە يەرلىرى ئاز، بىنەملىرى كۆپ. شۇڭا، يامغۇر - يېشىن-لىق يىللىرى ئاشلىقى مول بولىدۇ، يامغۇر ئاز ياغقان يىللىرى هوسۇلى كەم بولىدۇ. بۇنداق يىللىرى ئارا - كۆرەكنى قولتۇق-لاپ قالغان دېھقانلار تۇرمۇش غېمى بىلەن شەهەرگە ئوقەت ئىزدەپ كىرىپ كېتىدۇ ۋە ئۆزى بىلەن بىللە يازدا تاغدىن يىغىپ قۇرۇتۇۋالغان ياۋا ئالما، ئۆرۈك قاقلىرىنى بازارغا ساتقىلى ئەكىرىدۇ. بەزى دېھقانلار بولسا، خاڭلارغا چىقىپ، زۇخاڭدىن يەر ئاستىغا چۈشۈپ كېتىدۇ - دە، ئايلاپمۇ يۇقىرىغا چىقالماي-دۇ. ئەنۋەر بۇلارنى ئاڭلىغان، بۇ ئادەملەر توغرىسىدا يول بويى

ئويلاپ كېتىپ باراتتى. ئۇ دەسلەپ نادەمنى ئويلىدى: «بىچارە بالا كىچىككىنە تۇرۇپ يېتىم بولۇپ قالدى، ئاچلىق، موھتاجلىق ئازابى تۇپەيلىدىن مالايلىققا تۇتۇلدى. مەن ھەرقانچە قىيىنچىلىق تارتسامىمۇ ئۇنى دەۋرنىڭ ئاق - قارىسىنى پەرق ئېتەلەيدىغان، بويىنىغا چۇشكەن سىرتماقنى ئۆزۈشكە جۈرئەت قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلىشىم كېرەك، ئاكىسى ماڭغان ئىزغا چۈشۈرۈشۈم كېرەك، ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىغا ئالالايدىغان قىلىشىم كېرەك...»

ئەنۋەر ئەپەندى شۇنداق ئوي - خىياللار بىلەن ئەختەمباينىڭ ھويلىسىغا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى.

ئەنۋەر مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يوغان، ئىككى قاناتلىق، يېشىل سىرلانغان، بىر قانىتىدا يەنە كىچىك ئىشىكى بار، دۇگىلەك تۆمۈر تۇتقۇچلۇق، ھەشەمەتلىك دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختىدى، بۇ ئەختەمباينىڭ دەرۋازىسى ئىدى. دەرۋازىنىڭ ئىككى يېقىدا قۇچاق يەتمەيدىغان ئىككى تۈپ سېدە بار ئىدى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى ئەختەمباينىڭ قوشقار بوۋىسى قويغانىكەن. ياز كۈنلىرى سېدە باراقسان بولۇپ كېتىدۇ ۋە شاخلىرى تەكشى چىقىپ ئۆسۈپ، دۇپدۇگىلەك بولۇپ كۆرۈنىدۇ، ئۆزىدىن ئالىقانچىلىكمۇ ئاپتاپ ئۆتكۈزمەيدۇ.

ئەنۋەر دەرۋازىنىڭ ئوڭ قانىتىدىكى كىچىك ئىشىكنى ئېچىپ قورۇغا كىردى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئەڭ دەسلەپ ئاستىنى بىر مېتىر چامىسىدا پىششىق كۆك خىش بىلەن قوپۇرغان، كۈنگەيگە قارىتىپ سېلىنغان بەش ئېغىزلىق ئۆي چۈشتى. ئۆينىڭ ئالدى - كەينى كەڭ پېشايۋانلىق، ئالدى - كەينىگە قارىغان دېرىزىلىرى قاپقاقلىق. قورۇنىڭ تەسكەي تەرىپىگە ئۇزۇن كەتكەن لاپاسلار ۋە قوتانلار جايلاشقان، باينىڭ مىنىدىغان ئاتلىرى، سېغىپ ئىچىدىغان سىيىرلىرى، قىشچە سويۇپ يەيدىغان قويلىرى، ئوتۇن - ياغاچلىرى، كۆمۈرلىرى، سامانلىرى؛

ئوت ـ چۆپلىرى، بىدىلىرى شۇ يەردە تۇرىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ئىشىكى لاپاس ئاستىغا قارىغان كىچىك بىر ئىغىزلىق ئۆي بولۇپ، بۇ نادەمنىڭ ياتىدىغان ئۆيى. قورۇنىڭ سول تەرىپىدە يەنە بىرنەچچە ئىغىزلىق ئۆيلەر بار، بۇلار باشقىلار تۇرىدىغان ئۆي ۋە ئامبارلار. بۇ بەش ئىغىزلىق ئۆيىنىڭ كەينى پېشايۋىنى باغقا قارايدۇ. ئوتتۇرىدىكى ئۆيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئىشىكى بولۇپ، باغ ئىشىكى ئارقىلىق باغقا چىققىلى بولىدۇ. باغ ناھايىتى چوڭ، ئۇنىڭدا ھەممە مېۋىلەر دېگۈدەك بار: ھەر خىل سورتلۇق ئالمىلار، نەشپۈتلەر، ئامۇتلار، لاك، دۇشەش، ئاق ئۈرۈك، مايلىق ئۈرۈك، شاپتۇللار يەنە نەچچە باراڭ ئۈزۈمۇ بار. باغنىڭ چۆرىسى يىگىرمە ئىككى ياغاچلىق قىلىپ سوقۇلغان تام، تامنىڭ ئۈستىگە بىر مېتىر چامىسىدا كۆمىلاچ لايدىن ئەنجان تېمى تۇرغۇزۇلغان، ئەنجان تېمىغا تىك ۋە يانتۇ قىلىپ قوڭغۇراق تىكەنلەر سانجىپ قويۇلغان. باغقا ئالايىتەن بىر باغۋەن قارايدۇ، كۈزلۈك مېۋىلەرنى ئۆيىنىڭ ئاستىدىكى مەخسۇس ياسالغان ئامباردا ساقلايدۇ. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆۋرۈك ۋە گەرىزلىرى گۈللۈك نەقىشلىك قىلىپ ياسالغان بىر چىرايلىق شىپاڭ بار.

ئەختەمباي ئۆيدىن چىقىپ ئەنۋەر بىلەن كۆرۈشتى، ئامانلىق سوراشتى ۋە بۇ ياش ئوقۇتقۇچىنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. ئەختەمباي ئەنۋەرنى نۇرغۇن كۆرگەن، لېكىن ئازادە پاراڭلاشمىغانىدى. ئۇ ۋارىسجان ئوقۇيدىغان سىنىپنىڭ تەربىيىچىسى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەتتى. ئەنۋەر باينىڭ «قېنى، قېنى ئۆيگە» دېيىشى ۋە قولى بىلەن ئۆي تەرەپنى كۆرسىتىشى بىلەن تۆت باسقۇچلۇق پەلەمپەينى بېسىپ پېشايۋانغا چىقتى، ئوتتۇرىدىكى بىرىنچى ئۆيگە كىردى، بۇ ئۆي قورۇقلا ئىدى. ئوڭغا بۇرۇلۇپ قوش ئىشىكى ئېچىقلىق تۇرغان ئىككىنچى ئۆيگە كىردى. بۇ ئۆيىنىڭ كەينى تېمىغا يەتتە گەزلىك ئانار گۈللۈك گىلەم ئېسىلـ

غان، ئىككى تۆگە ساندۇق قويۇلغان بولۇپ، ئۈستىگە تاۋار يوتقان، چۈرىسىگە زىغزىق تۇتۇلغان ئۇزۇن يېكەندازلار ئېگىز قىلىپ تىزىلغانىدى. تاختاينىڭ ئۈستىگە لىققىدە قىلىپ تېكمەت كىگىزلەر سېلىنغان، ئۈچ دېرىزىگە بېغىررەڭ دۇخاۋا پەردە ئۇزۇنىغا تارتىلغان بولۇپ، تەكچىسىگە يوغان گۈللۈك ساپال قاچىلار، ساماۋار قويۇپ قويۇلغانىدى. ئىشىكنىڭ يېنىدىكى بۇلۇڭدا سېرىق مىستىن ياسالغان ئاپتۇۋا - چىلاپچا تۇراتتى. قوزۇقلارغا بولسا پەتنۇس ۋە ئىككى ئۈچىغا كەشتە تىكىلگەن ئۇزۇن لۆڭگىلەر ئېسىپ قويۇلغانىدى.

ئەنۋەر ئەختەمباينىڭ زورلىشى بىلەن يەكەندە توقۇلغان ئۇزۇن يوللۇق پاياندازنى بېسىپ ئۇچىنچى ئۆيگە كىردى، بۇ ئۆي ئىككىنچى ئۆيگە قارىغاندا تېخىمۇ ھەشەمەتلىكرەك جابدۇقـ لار بىلەن تولغان بولۇپ، قىپقىزىل چوغدەك ئىدى. ئۇلار ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم تىنچلىق سوراشتى. ئەنۋەر يېكەنداز ئۈستىدە جايلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئەختەمبايـ نىڭ بېشىدىن ئايغىغىچە سەپسالدى. ئەختەمباي ئوتتۇرا بويـ لۇق، چېقىر كۆزلۈك، بۇرنىنىڭ يوغانلىقى ئالاھىدە بىلىنىپ تۇرىدىغان، پېشانىسى تارراق كەلگەن، يېشى ئەللىكلەرگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ، چاچ - ساقاللىرىغا تېخى ئاق سانجىمىـ غان ئادەم ئىدى. ئۇ ئۈچىسىغا تىك ياقىلىق پەشمەت، بېشىغا كەمچەت تۇماق كىيىۋالغان بولۇپ، پۇتىدىكى يەك پاشنىلىق ئۆتۈكى پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ سېرىق ساقىلىنى ھەر ئۈچ كۈندە بىر قېتىم قىرقىما قىلىپ چېتىگە چۆپ قوندۇرمايتتى، شۇنـ داقلا سەھەرنىڭ پەيزىنى قولدىن بەرمەيتتى. ھەر كۈنى سۈبھى كۆتۈرۈلگەندە، باغقا چىقىپ ئايلىنىپ يۈرۈشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغان، «سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسى ئادەمنىڭ زېھنىنى ئاچىـ دۇ» دەيتتى ئۇ دائىم.

چــاي تارتــىلدى، چــايدىن كــېيىن ھەش - پەش دېگۈچە

قېزا - قىرغاۋۇل گۆشى بېسىلغان پولو تارتىلدى.
— ئۆزۈم قارا قورساق بولسامۇ ئىلىم ئەھلىنى بەك قەدىرلەيمەن، — دېدى باي كىچىك بەكىسى بىلەن پولۇ ئۇمىتىدىكى گۆشنى توغراۋېتىپ، — ئاڭلىسام مەكتەپ ھېسابىغا ئازراقلا ئۆشرە - زاكات تېگىپتۇ، بىزنىڭ مۇتىۋەللى تولىمۇ كۆزى كىچىك ئادەم. مەن مەنسۇرغا ئېيتتىم، مەكتەپكە ياخشى قارىمىسا بولمايدۇ، ھاۋادا ئۇچۇرغانمۇ، سۇدا ئۈزدۇرگەنمۇ، قارا كۆسەيگە ئەجەل ئوقىنى بېكىتكەنمۇ ئىلىم. ئاللاتائالا ياردىمىنى مەن ياراتتىم، يارىلىش ئۆزۈڭدىن دېگەن. بۇ گەپنىڭ مەنىسى مېنىڭچە: ئۆمىلەپ ماڭامسەن، ئاسماندا ئۇچامسەن، بۇ ئۆزۈڭنىڭ ئەجرىگە باغلىق دېگەنلىك. بۇنداق دېسە كۇپۇرلۇق بولماس دەيمەن!
باي ئەنۋەرگە يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى، ئەنۋەر ئېغىكىنى سول ئالقىنى بىلەن تىرەپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى، باي ئالقانلىرىنى ئېچىپ ئەنۋەرنى ئاشقا تەكلىپ قىلدى ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى. :
— شىمال دۆبەن جانابلىرىنىڭ دانالىقى مانا مۇشۇنىڭدا، شەھەرگە توك زاۋۇتى قۇردى، دوختۇرخانا، مەكتەپ ئاچتى، نەسىللىك مال زاۋۇتلىرىنى قۇردى، ياشلىرىمىزنى رەسىگە ئاچىقىپ ئوقۇتۇپ كەلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ كۆزىمىزنى ئېچىش ئۈچۈن بولماي نېمە؟ لېكىن بەزىلەر ھە دېسىلا قىزىل پاچاق، سېرىق پاچاق دەپ جۆيلۈيدۇ. ئەنۋەرجان بالام، مەن سىزگە راست سۆزۈمنى ئېيتسام، مەن مەرىپەتنى ياخشى كۆرىمەن، ئۆزۈم قېرىپ قالدىم، ۋارىسجاننى، مۆرىتى كەلسە ئادەمنىمۇ ئاشۇ سېرىق پاچاقلارنىڭ مەكتىپىگە ئەۋەتىپ ئوقۇتىمەن. قاچانغىچە خەقنىڭ ئاغزىغا قارايمىز، ئادام رەھمىتى ھەجگە ماڭغاندا مېنىمۇ بىللە ئېلىۋالغان، بىراق تېخى كىچىكتىم، شۇنداق بولسىمۇ، ھېرىپ كەلگۈچە نۇرغۇن ئەللەرنى

كۆردۈق، ئۇلارمۇ مۇسۇلمان ئىكەن، لېكىن ھەممىنى قىلالاي-
دىكەن. تۈركىيىدە، ئىراندا دوختۇرلارنى، نى - نى ئالىملار-
نى، سودىگەرلەرنى كۆردۈق. مۇسۇلمانچىلىقى ئۆز يولىدا، ئەم-
ما ئىلىم - پەندە يېتىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىز ياۋا ئاسلان-
دەك شۈمشىيىپ قالىدىكەنمىز. ئوت ھارۋا، پاراخوت، ئايروپى-
لانلىرى بىر ياقتا تۇرسۇن، مونۇ توّت چاقلىق كوڭكىسنىڭ
چىقىدىغان - چۈشىدىغان پەلەمپىيىنى بىلمەيدىكەنمىز، ۋاي -
ۋۇي نادانلىقىمىز!

ئەنۋەر كۈلۈپ كەتتى.

— ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭىز باي دادا، بىز راستتىنلا
ناھايىتى نادان. راستىنى ئېيتقاندا ھازىرقى دۇنيادا ئىلىم -
پەن تەرەققىي قىلىپ بىزنى تولىمۇ ئارقىدا قالدۇرۇپ قويدى،
بىز مائارىپچىلارنىڭ يۈكىمىز شۇنىڭ ئۈچۈن ئېغىر، ياشلارنى
زامانغا لايىق قىلىپ تەربىيىلەشكە قىيىنچىلىقمۇ ناھايىتى زور!

— شۇنداق بالام، شۇنداق! — دېدى باي ئەنۋەرگە چاي
قۇيۇۋېتىپ، — نادان خەق بار يەردە سىلەرگە قىيىنچىلىق
چوڭ بولماي نېمە بولاتتى. بالام، سىز غەيرەت قىلىڭ، مەن
سىزگە ياردەم قىلىمەن، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، ۋارىس-
جاننى مۇشۇنچىلىك قىلدىڭىز، ئۇنى ئاز دەپ نادەمىسىمۇ ساۋات-
لىق قىلىپ قويدىڭىز. سىزنى مەن شەنگەن ئالدىدىمۇ ماختى-
دىم، شەنگەن جانابلىرىمۇ خۇشال بولدى. قېنى، تارتىنماي
ئېلىڭ، مونۇ ئۆيلەر ئازادە، نېمە قىلىمەن دېسىڭىز بولىدۇ،
مونۇ سارايلار ئۆز ئۆيىڭىز بالام. ياتاقنى تاقاڭ، مۇشۇ سارايغا
كۆچۈپ كېلىڭ، گەپنىڭ بولار يېرىنى ئېيتاي، سىز بالا، مەن
ئاتا، كۆچۈپ كەلمىسىڭىز خاپا بولىمەن، ئەمما!

ئەنۋەر جىم بولۇپ قالدى. ئۇ بايدىن پايدىلىنىپ يېزىدا
جىق ئىشلارنى قىلىشنى، بالىلارنىڭ ئوقۇش شارائىتىنى ياخشى-
لاشنى، مەكتەپنى رېمونت قىلىشۇېلىش، كەچ كۇرس ئېچىپ

Altun Oq

ياشلارنى ساۋاتلىق قىلىۋېلىش، مونۇ يېزىنى ئىلىم - پەن ئۇرۇقىدىن يېڭى مېۋە ئالىدىغان مۇنبەت تۇپراققا ئايلاندۇرۇشنى ئويلايتتى. مانا مۇشۇلارنى قىلىش ئۈچۈن باينىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كېلىش، «ۋاي باي دادا» دەپ ئاغزىدىن كىرىپ بۇرنىدىن چىقىپ يۈرۈپ مونۇ ئېزىلىۋاتقان ئەمگەكچى خەلقلەر ئۈچۈن پايدىلىق جىق ئىشلارنى قىلىۋېلىشنى ئويلىدى، لېكىن بۇنداق قىلسا كەمبەغەللەر ئۇنىڭدىن يىراقلاشسىچۇ؟ ئەختەمباينى ئۆلگۈدەك يامان كۆرىدىغان گايىت، كېۋىرلار ئۆزىنى قاچۇرسا، ئەنۋەرنى غالچىكەن دەپ ئويلاپ قالسىچۇ؟ كۆچۈپ كەلمىسە، بايغا يېقىنلاشمىسا باي ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىدۇ، نۇرغۇن قىلغىلى بولىدىغان ئىشلارمۇ قىلىنماي قالىدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟

— رەھمەت باي دادا، — دېدى ئەنۋەر تاماقتىن كېيىن باينىڭ ئىلتىپاتىغا جاۋاب قايتۇرۇپ، — سىزگە كۆپ رەھمەت. ئاتىدارچىلىقىڭىزنى ئەلۋەتتە قەدىرلەيمەن. كۆچۈپ كېلىشنى ئويلىشاي، ئۆزۈمنىڭمۇ غەمخورلۇقىڭىزغا هازىر جاۋاب بولۇشتىن باشقا يولۇممۇ يوق. بىراق، بىرلا تەڭقىسلىقىم بار، ئوقۇغۇچىلار، يېزا ياشلىرى ئاخشىمى - ئەتىسى مېنىڭ ياتىقىمغا كىرىپ ئۇنى - بۇنى ئۆگىنىۋاتىدۇ، ئۇلار هەر كۈنى ئاخشىمى بار، بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلسەم ئۇلاردىن قاچقاندەك بولۇپ قالارمەن، ئۇلارمۇ ئەيمىنىپ بۇ يەرگە ئەركىن كىرىپ - چىقالماي قالارمىكىن، مۇشۇ تەرىپى مېنى قىيناۋاتىدۇ.

— راست گەپ، — دېدى باي بارماقلىرى بىلەن مايلاشقان قىسقا ساقىلىنى سىپاپ تۇرۇپ، — مېنىڭ سارايلىرىمغۇ باي - كەمبەغەلنى تاللىمايدۇ، بىراق ئادەت شۇنداقكەن، كەمبەغەللەر باينىڭ ئۆيىدە قورۇنىدىكەن، بايلار كەمبەغەللەرنىڭ ئۆيىدىن يىرگىنىدىكەن، بۇ بىر كونىدىن قالغان ئادەت، مۇشۇنداق ئادەت ئۆزگەرسۇن دەپ مالايلىرىمغا پات - پات مۇشۇ سارايلاردا چاي بېرىمەن، ئۆزۈممۇ ئۇلارنىڭ هۇجرىسىغا كىرىپ

كېچىدا ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىمەن. پات ـ پاتلا گۈلپەمخاننىڭ ئۆيىگە بېرىپ تېخى كاۋا مانتىسى يەپ كېلىمەن، ھا ھا ھا. . . بولىدۇ، بۇ بىر نازۇك يېرىكەن، سىزمۇ ئويلىنىڭ، مەنمۇ چارە قىلىپ باقاي. . . ياق قوزغالماڭ، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ سىزگە ئازراق بىر رەھمەت تەزىمى بار ئوخشايدۇ، ھاي ھۆرلەم!

ھۆرنىساخان بىر كىيىملىك ئورۇس تېرىكىسىنى، لۆڭگە ـ سوپۇن، چاقماق قەنت ۋە ئاز ـ تولا پۇل سېلىنغان ئورۇس پەتنۇسىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ داستىخانغا قويدى ۋە باي ئۆگەتكەن سۆزلەرنى تەكرارلىدى:

ــ لايىقىڭىز بولمىسىمۇ ئەمدى ئەپەندىم، بالىمىز ۋارىسجاننىڭ ئاغزىغا ئىلىم سېلىۋاتىسىز، مالىيىمىز نادەمنىمۇ ئوقۇتۇپ ساۋاتىنى چىقاردىڭىز، تېخى كۆڭلىڭىزنى ئېلىۋالمىسىز، قانچە قىلساقمۇ ئەرزىيدۇ، قېنى ئەمسە!

ــ ئېلىڭ، ئېلىڭ، ئايالىرىڭ كۆڭلى، بۇ مېنىڭ قىلغىنىم ئەمەس، ياق دېمەڭ، ئالمىسىڭىز خاپىچىلىق بولىدۇ!

ئەنۋەر ئورنىدى تۇردى. چىرايلىق قاتلانغان سوۋغىنى ئىلاجىسىز قولتۇقىغا قىستى ۋە قولىنى كۆكرىكىگە قويۇپ:

ــ رەھمەت، بۇنچە جوۋىمىساڭلارمۇ بولاتتى، ــ دېدى خوشلىشىۋېتىپ، ــ بۇ سوۋغا ئوشۇقچە بولۇپ كەتتى.

ــ ئۇنداق دېمەڭ ئۇكام، ــ دېدى ھۆرنىساخان قاپىقىنى سوزۇپ، ــ بالىمىز ئادەم بولۇپ قالسىلا سىزگە ئات ـ تۆگە سويۇپ چاي قويساقمۇ ئەرزىيدۇ.

ــ ۋارىسجان ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، ــ دېدى ئەنۋەر ئايالنى ئۈمىدلەندۈرۈپ.

ــ «سادىر لاچىن تۇغۇلىدۇ» دەيدىغان ئەپەندىم، خۇدايا توۋا، ماۋۇ تەتۈرچىلىكنى قاراڭ، لاچىندىن سا تۇغۇلۇپ قالمىدىغاندەك قىلىدىغۇ؟

ــ ئۇنداق بولسا، ــ دېدى ئەنۋەر، ــ بالىنى داۋالاتـ

ساق تۇزۇلـۇپ كېتىدۇ. شـەھـەردە بىر داڭلىق تېۋىپ بار، نى - نى سەۋدايىلار ئۇنىڭ قولىدا ساقىيىپ كەتتى، ۋارىسجان نېمە؟

— دېگىنىڭىز بولار ئىلاھىم، ئەتىلا ماڭغۇزىمەن، ساقىيىدىغانلا بولسا ھازىر بولسىمۇ كىرگۈزىمەن، — دېدى ھۆرنىساخان ھاياجانلىنىپ.

ئەنۋەر سىرتقا ماڭدى، ئۇلار ئەر - خوتۇن ئۇزىتىپ چىقىشتى.

## 2

— سىلىگە نېمە كەم، — دېدى ھۆرنىساخان تېرىكىپ، — نەدىكى يالاڭتۆشلەرگە راپاۋەتچىلىك قىلىپ.

— ئانچە - مۇنچە راپاۋەتچىلىك قىلىپ قويمىساڭ تاپاۋەت ئۈزلىكىدىن كەلمەيدۇ، — دېدى ئەختەمباي تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، قولىدىكى ئىنچىكە ئارچا ياغىچى بىلەن چىشىنى كوچىلاپ. ھۆرنىساخان دېرىزىدە ئىككى قولىنى قولتۇقىغا قىستۇرغان ھالدا بايغا ئاچچىقلىنىپ ئولتۇراتتى.

— راپاۋەتچىلىك دېگەننىچۇ قارىسىلا، بىلمىدىغان، ياندۇرالايدىغان ئادەمگە قىلسا بولىدۇ، — ئۇ قولىنى قولتۇقىدىن ئېلىپ ئالدىغا چۇشۇۋالغان بىر تال چېچىنى كەينىگە ئاچچىقى بىلەن ئاتتى.

ھۆرنىساخان ئاق يۈزلۈك، شالاڭ ئىنچىكە قاشلىق، بويى ئېگىزرەك، ياپىلاق ماڭلايلىق، قاپىقى دۆڭ، چىشلىرى ئالتۇندىن قاپلانغان، چاۋىلداپ تۇرىدىغان سۆزمەن خوتۇن. ئۇ تاپىنىدىغا يەتكۇدەك ئۇزۇن ئىككى ئۆرۈمە چېچىغا بىر جىلغ جالا سېلىپ كۈمۈش چاچتەڭگىلەر ئېسىپ تەڭگىلىرىنى شىرىقلىتىپ، چېچىنى سوقۇپ يۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ يېشى

قىرىقتىن ئاشقان بولۇپ، ئەختەمباينىڭ ئەمرىگە ئىلىنىپ، باشقا يېزىدىكى ھاللىق ئائىلىدىن بۇ يەرگە كەلگىنىگە يىگىرمە بەش يىل بولغان. بۇ مەھەللىگە يېپىڭى كەلگەن چاغلاردا، خوتۇن - قىزلار جامائەتچىلىكى ئىچىدە ئۇنىڭغا «ھۆرلەم» دې- گەن ئۆزگەرگەن ئەركىلەتمە نام قويۇلغانىدى. ئۆز ئائىلىسىگە قارىغاندا بىرنەچچە ھەسسە ئۈستۈن باي بولغان بۇ ئائىلىگە كەلگەندىن كېيىنكى ئىززەت - ھۆرمەت بۇ ياش چوكاننىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ، تاۋىنى ئۆستۈردى، كېيىنرەك چوڭ - چوڭ سورۇنلاردا ئۇ ياشانغان خوتۇنلارنىڭ گەپلىرىگە ئارىلىشى- دىغان بولدى. كىمنىڭ خوتۇنى؟ ئەختەمباينىڭ. شۇنىڭغا يارىشا بىلىكىگە ئالتۇن بىلەزۈك، مەيدىسىگە ئالتۇن بۇلاپكا، بارماقلى- رىغا قوش - قوشلاپ ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكلەرنى سالىدىغان بولۇپ قالدى. چىشلىرىغا ئالتۇن قاپلاتتى. چېچىمۇ ئۆسۈپ ئاينىپ تاپىنىغا يەتتى. مانا شۇنىڭ بىلەن «ئۇزۇن چاچ ھۆر- لەم»، «ئالتۇن چىش ھۆرلەم» دەيدىغان ناملار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. دەسلەپتە بۇ ناملارغا ئۇنىڭ مەسلىكى كېلىپ يۈردى، كېيىنرەك بولسا، بولۇپمۇ بۇ «ھۆرلەم» دېگەن ئەركىلەتمە نام ھۆرمىتى ئۇچۇن توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلاردا ئۇ بارمى- غۇچە داستىخان سېلىنمايدىغان ھال شەكىللەنگەندە ئاچچىقلىنى- دىغان، تېرىكىپ قېلىن لەۋلىرى تىترەيدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى، بۇ نام ئۇنى كىچىكلەتكەندەك، ھۆرمەت قىلمايۋاتقاندەك تۇيۇلىدىغان بولدى.

ئەختەمباي دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ھۆرنىساخاننى ئىگىلىكنى باشقۇرۇش ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرمايتتى. رۇستەم- باي: «ھەرقانداق ئىشقا خوتۇن خەقنى ئارىلاشتۇرماسلىق كې- رەك» دەپ ۋەسىيەت قىلغانىدى. باي ئۇنىڭغا مەسلىھەت قىلماي ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرەتتى. بىراق، ھۆرنىساخان قاچان بولمى- سۇن باينىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالاتتى. ئەختەمباي دەسلەپتە

ھۆرنىساخاننىڭ بۇ قىلىقىغا ئاچچىقلاندى. لېكىن، ئۇ بۇ قىلمىقنى تاشلىمىغاندىن كېيىن، ئېتىبارمۇ قىلمايدىغان بولدى. ھۆرنىساخان بەزىدە مۇنداق ئىشلارغا كانىدەك مەھكەم يېپىشۋېلىپ تۇرۇۋالغان چاغلاردا، باي ئۆز ئىشىنىڭ سىرىنى ـ مەقسىتىنى ئېچىپ ئۇنى قايىل قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى.

— سەن ئۇنداق دېگەنبىلەن، — دېدى باي تۇرقىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ، — راپاۋەتچىلىك قىلىشنىڭ يولى بار.

— ھەرقانداق يول بولغان بىلەن ئۇ قەلەندەر نېمىسى بىلەن ياندۇراتتى؟

باي تېرىكىپ قېشى يوقىرى كۆتۈرۈلدى.

— كۆچى بىلەن ياندۇرىدۇ ئەمەسمۇ.

— ئىشلىمەيدىغان ھەددىمۇ ئۇلارنىڭ.

— ئىشلىمەيدىغان ھەققى يوق، ئەمما «زامان قايان، سەن شۇيان» دېگەن ماقال بار. بىلەمسەن، دادامنىڭ تۇتقان يولى ئاقمايدۇ، قىبلى تامدا سېرىق ھۆكۈمەت بار، ئۇ يەردە بىزدەك بايلار تۇگمدى، ئۇلارغا كەلگەن كۈن بىزگە كەلمەيدۇ دەپ ئويلامسىنا؟ مۇنۇ شىڭ دۇبەن دېگەن نېمە ئاشۇ سېرىق ھۆكۈمەت بىلەن تېخىچە دوست بولۇۋاتسا، سەن ئاغرىقا قاراپ مەش دەسسىمىسەڭ بولامدۇ؟ ھۇسەنبايلار، تۇداخۇنباي، داموللا جاللاپلار... قىسقىسى، ھەممىلا بايلار ھازىر ئاشۇ رەسى بىلەن دوست بولۇپ سودا قىلىۋاتىدۇ، سەن خوتۇن نېمىنى بىلسەن، ئۇلار بالىلىرىنى نە ـ نەلەرگە ئەۋەتىپ ئوقۇتۇۋاتىدۇ. بىزمۇ چوڭراق باي بولايلى، سودىگەرچىلىك قىلايلى، زاۋۇت قۇرايلى، دۇنيانىڭ باشقا يەرلىرىنى كۆرەيلى. سەن خوتۇن تېخى كوڭكىغا چۈشۈپ باقمىدىڭ، سۇدا ئۈزسەن، ھاۋادا ئۇچسەن تېخى ھىم... بۇنىڭ ئۈچۈن ئەنۋەردەكلەرنى قولتۇققا قىسماي بولامدۇ؟ ھۇسەنبايلارنىڭ نى ـ نى كاتىپلىرى، ھېساپچىلىرى، ئەپەندىلىرى، ئەقىلچىلىرى بار. ئۇلار مىسالى ماۋۇ گىلەمدەك

چوڭ بىر يەرنى پىرقىرىتىۋاتىدۇ، بىزچۇ؟ قولىياغلىقچىلىك. تېخى شۇنىمۇ باشقۇرالمايۋاتىمىز. ھەي نادان خوتۇن، تولا چال-ۋاقىماي ھېلىقى بىر نەۋرە سىڭلىڭنى كۆندۇرگىن، ئۇ ئاززۇ-لۇق قىزنى مۇشۇ ئەنۋەرگە چاتايلى، توي ئىگىسى ئۆزۈم بولى-مەن!

ھۆرنىساخان قاپىقىنى سۇزۇپ نازلاندى.

— ھەممىنى ئۆزلىرىلا كۆرىلا، بايلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئۆز-لىرىلا كىرىدىلا، مېنىمۇ ئەكىرسىلە، كۆرەي، بىلەي! بۇنىڭ-دىن كېيىن ئەكىرىمەن، كۆرسىتىمەن، دەپ ۋەدە بەرسىلە، ھۆرلىقانى مونۇ چوقۇر ئەپەندىگە ئۆزۈملا چېتىپ قويىمەن!

باي كۈلۈمسىرىدى ۋە نازلىنىپ تۇرغان ئايالىنىڭ ئېڭىكى-نى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويۇپ:

— ماڭىمۇ بىرەر توقال چېتىپ قويارسەن! — دېدى.

ئايال تۇمشۇقىنى تەتۈر ئۆرۈپ يالغان ناز بىلەن دومسايدى:

— تويماس، نەپسى يامان!

— نەپسى يوق ئادەم باي بولالمايدۇ خوتۇن، — دېدى باي خوتۇننى يېنىك قۇچاقلاپ.

## 3

تاڭ يېڭىلا يورۇشىغا نادەم خادىك ھارۋىنى قوشۇشقا باشلى-دى، ئۇ دوغىنى سېلىشنى تازا ئەپلەشتۈرەلمەي تۇرغاندا، گا-يىت كېلىپ ياردەملەشتى.

— ئەمدى سەن ئەكىرىدىكەنسەن ـ دە، — دېدى گايىت دوغىنىڭ تاسمىسىنى تارتىپ باغلاۋېتىپ، — ئۆتكەندە مەن ئەكىرگەنىدىم، ئىلاھىم بۇ ئىلەشمەنگە دەۋا تېپىلمىغىيدى!

نادەم كۈلدى ۋە ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۆيدىن ئاچىققان قىزىل گىلەمنى كېگىزنىڭ ئۈستىگە سېلىپ، ھارۋىنىڭ كەينى

ئەرىپىگە ئىككى قاتلاپ بىغىررەڭ مەخمەل كۆرپىنى سالدى، ھەممە نەرسە تەييار بولغاندا بېشىغا كەمچەت تۇماق، ئۈچىسىغا قارا كۆك موۋۇتتىن تىكىلگەن پىرىجە، ئايىغىغا پەس پاشىنىلىق ئۆتۈك كىيگەن ئەختەمباي بىلەن ، بېشىغا قاما قۇلاقچا، ئۈچە-سىغا تۈت يانچۇقلۇق چاپان - شىم كىيگەن ۋارىسجان مەخمەل كۆرپىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى.

نادەم بوجىنى قولىغا ئېلىشىغىلا ئات يۈرۈپ كەتتى، ئۇلۇغ ئېچىلغان دەرۋازىدىن ھارۋىنى ئېھتىيات بىلەن چىقاردى، ھۆر-نىساخان ئۇزىتىپ كوچىغىچە چىقتى.

— خوش بالام، سالامەت بېرىپ كەل.

ئۇلار پەقەت خادىكىلا قوشۇلىدىغان قاۋۇل تورۇق ئاتنىڭ بوينىغا سېلىنغان جاراڭلىق قوڭغۇراقلار ساداسى ئىچىدە مەھەل-لىدىن تېزلا چىقىپ كەتتى. ئۇلار تېز مېڭىپ چۈشكە يېقىن شەھەرگە كىرىپ كەلدى. بۈگۈن جۈمە ئىدى. نادەم غۇلجا شەھىرىنى بىرىنچى قېتىم كۆردى، ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا يېڭى بولۇپ كۆرۈندى. ئەختەمباينىڭكىدەك ئېسىل ئىمارەتلەر كۆپ ئۇچرايتتى، كوچىنىڭ بەزى يەرلىرىدە بالىخانىلىق ئۆيلەر كۆز-گە چېلىقاتتى. ھەر خىل كىيىملىك ئادەملەر — بەزىلىرى ئىسكەتلىك پەلتولارنى كىيگەن، باشلىرىغا چاچ قويغان، بەزىلە-رى خۇددى بايىنىڭكىدەك چاپانلارنى كىيگەن، بەزىلىرىنىڭ مۇ-رىلىرىدە ئاجايىپلا بەلگىلەر بار، شەپكىسىنىڭ ئالدى ئېگىز بولۇپ، ماڭلىيىغا نۇرغۇن بۇرجەكلىك ۋالىلداپ تۇرىدىغان بىر نەرسە قادالغان، بەلدىكى تاسما بەلۋاغقا قاپلىق تاپانچا ئاسقان ئادەملەرمۇ بار ئىدى. «ھە بۇ چېرىكلەر باشلىقى» دەپ ئويلىدى نادەم. ئۇ ناھايىتى ئېنىق كۆردى، شەھەر كوچىلىرىدا يۈرگەن كۆپچىلىك ئادەملەر يەنىلا ئۆز يېزىسىدىكىدەك جۇل - جۇل كىيىملىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەلەندەرلەرمۇ كۆپ ئىدى.

— پەخەس بول، كۆزۈڭگە قاراپ ھەيدە، — ئەختەمباي

پات ـ پات شۇنداق دەپ ئادەمنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى. ھەقىقەتەن شەھەردە ئادەم كۆپ ئىدى. ھەر خىل كەسىپ ئىگىلىرىنىڭ ئۆز ماللىرىنى داڭلاپ ۋارقىراشلىرى قۇلاقنى ياراتتى، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئاپتوموبىللارمۇ ئۇچراپ قالاتتى، مۇنداق چاغدا كىشىلەر دەررۇ ئۆزلىرىنى يولنىڭ چېتىگە ئالاتتى، ئۆتۈپ كەتكۈچە ھارۋىلار توختاپ تۇرۇشاتتى.

ئۇلار كۆك كۆۋرۈككە يېتەي دەپ قالغاندا، ئالدى تەرەپتىن خادىك ھارۋىغا چۈشكەن يوغان سەللىلىك، چاساقال بىر ئادەم كۆرۈندى، ئەختەمباي ئادەمگە:

ــ توختات ھاۋۋىنى! ــ دېدى ـ دە، ئۆزى ھارۋىدىن چۈشتى، يوغان سەللىلىك ئادەممۇ ھارۋىدىن چۈشۈپ، ھەر ئىككىسى تەڭلا:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ــ دېيىشىپ ناھايىتى قىزغىن كۆرۈشۈپ كېتىشتى ۋە كوچىنىڭ چېتىگە چىقىپ ئېرىق بويىدا پاراڭ قىلىپ ئولتۇردى.

بۇ يەر سودا دۇكانلىرى كۆپ، باشقا يەرلەرگە قارىغاندا ئاۋاتراق بولۇپ، كۆكتات ۋە ھەر تۈرلۈك مېۋىلەرنى ساتىدىغانلار كۆپرەك ئىدى. ئەتىگەندىن كەچكىچە سودا ـ سېتىق قىلىدىغانلار بېسىقمايتتى ھەم سودا قىلمايدىغانلار ئاچچىق كۆك تاماكىنى تارتىشىپ دۈگدەرىشىپ يۈرگەن بىكار تەلەتلەرمۇ نۇرغۇن ئىدى. قىبلىدىن سوققان سوغۇق شامال، ئۇلارنىڭ باش ئۈستىدە ساڭگىلاپ يۈرگەن قارامتۇل كۆكۈچ بۇلۇتلار قار يېغىپ قېلىشىدىن دېرەك بەرمەكتە ئىدى. كوچا توپىلىرىمۇ نەملىشىپ ئېغىرلىشىپ قالغاچقا پۇرقىراپ ئۇچمايتتى. ئادەملەر چۈشكەن خادىك ھارۋىلار ئۇياقتىن ـ بۇياققا جاراڭلاپ ئۆتۈپ تۇراتتى. ئىرىكچىلىك غېمى، قار يېغىپ قېلىش ئەندىشىسى ئادەملەرنى ئوبدانلا ئالدىرىتىپ قويغانىدى. ۋارىسجان قېلىن كىيىملەر ئې-

چىدىمۇ مۈزلاپ تىترەپ ئولتۇرغىنى بىلەن ئادەم سوغۇققا پە-
سەنت قىلماي تۆت ئەتراپىغا پالت ـ يۇلت قىلىپ قاراپ ئولتۇ-
راتتى. شەھەرنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقانلىقى ئۈچۈن قىزد-
قىش تۇيغۇلىرى دەممۇ دەم ئۆرلىمەكتە ئىدى.

— ھەي بالا، — دېدى ئادەمگە مايلاشقان ھەربىي كىيىم
كىيگەن بىرى، — ھارۋاڭنى مايافقا ئەكەل.

ئادەم بېشىنى چايقاپ:

— ياق، — دېدى. ئۇ يېنىپ كېلىپ ئادەمنىڭ مەيدىسى-
گە نوقۇپ:

— مايافقا ماڭ، بىزنىڭ سەينى سالىدۇ، مەن پۇل بېرد-
دۇ، — دېدى ئۇيغۇر تىلىنى بۇزۇپ سۆزلەپ.

ئادەم ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ:

— ياق، مەن كىرا قىلمايمەن، — دېدى. ۋارىسجان ئۆز
ئورنىدا قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى. ھەربىي ئاتنىڭ بوجىسىنى
ئادەمنىڭ قولىدىن تارتتى، ئادەم بوجىغا مەھكەم ئېسىلىۋېلىپ:

— كىرا قىلمايمەن دېدىمغۇ، كىرا قىلمايمەن، قانداق
گەپ ئۇقمايدىغان نېمە ماۋۇ، — دېدى.

نېرىراقتا سەي دۇكىنىنىڭ ئالدىدا ھاۋارەڭ ھەربىي
شىم ـ تۇجۇركا كىيگەن، ئالدى ئېگىز شەپكىسىنىڭ ماڭلىيىغا
ئون ئىككى قىرلىق بەلگە تاقىغان، مەيدە يانچۇقىنىڭ ئۈستىگە
ئايروپىلان سۈرەتلىك ئىزناك قادىغان بىر ئەسكەر باشلىقى سەپ-
سېلىپ قاراپ تۇراتتى. ئاخىرى ئۇ كەلدى ـ دە، «زۇ...
زۇ...» دەپ ۋارقىراپ، ئاچچىقى بىلەن ئادەمنىڭ كاچىتىغا
ئىككى ـ ئۈچنى ئۇرۇۋەتتى. ئادەممۇ ئۇنىڭ يانپېشىغا بىرنى
تەپتى. شۇ ئەسنادا ئادەملەر يىغىلىپ كەتتى، ئەختەمبايمۇ ھې-
لىقى يوغان سەللىلىك ئادەم بىلەن خۇشلىشىپ يېتىپ كەلدى.

بۇ ئەسكەرلەر سەي دۇكىنىدىن ئايروپىلان ئىستانسىسىدىكى ليۇد-
چىكلار ئۈچۈن ھەر كۈنى ئەتىگەندە سەي سېتىۋالاتتى ـ دە،

ئۇنى هارۋىكەشلەرگە كىرا قىلىپ، بۇ يەردىن بەش ـ ئالتە چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئايروپىلان ئىستانسىسىغا ئېلىپ كېتەتتى. بۈگۈن ئۇلار هارۋا تاپالماي قالغانىدى. ئەسلىدە بۇ يەردە كىرا هارۋىلىرى توختايدىغان ئورۇن بار ئىدى. بىراق، بىرنەچچە كۈندىن بېرى بۇ يەردە چۈشكىچە بىرمۇ هارۋا توختىمايدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى، ئۇلار كىرا قىلىپ سەيلىرىنى ئاپىرىۋېلىپ پۇلىنى بەرمەي هارۋىكەشلەرنى قوغلىۋېتەتتى.

هېلىقى ئەسكەر باشلىقى ئاتىنىڭ بوجىسىنى تارتىپ، ئاغزىغا كەلگەن يامان تىللار بىلەن نادەمنى تىللاۋاتاتتى:

— زو، سىڭكۇ... زۇ...!

ئادەملەر كۆپ يىغىلىپ كەتكەچكە، ئۇ يانپېشىغا بىر تېپىك يېگەن بولسىمۇ، نادەمنى قايتا ئۇرمىدى. ئەختەمباي كۈلۈمسىرەپ ئەسكەر باشلىقىنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، بوجىنى تۇتۇپ:

— بىز كىرا قىلمايمىز، سىز ئۇقماي قالغان ئوخشايسىز، — دېدى ۋە: «ئەمدى مېنى كۆرۈپ بوجىنى تاشلاپ بېرىدىغۇ» دەپ ئويلىغانىدى، بىراق تەلەتى سۈرۈن ئەسكەر باشلىقىنىڭ باينىڭ سۆلەتلىك كىيىم ـ كېچىكى بىلەن نېمە ئىشى. ئۇ باينى مەيدىسىدىن كۈچ بىلەن ئىتتىرىۋەتتى، ئەختەمباي بىر تاشقا پۇتلىشىپ ئوڭدىسىغا چۈشتى، توپىدا بۇلغىنىپ ئوڭدىسىغا ياتقان دادىسىنى كۆرۈپ ۋارىسجان يىغلاپ كەتتى، ئەختەمباي ئەلەمگە چىدىماي ئورنىدىن تۇردى ـ دە:

— هوي مۇناپىق، كىشىگە زورلۇق قىلامسەن؟ — دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى، باينىڭ يۈزلىرى تاتىرىپ، قىرقىلغان ساقاللىرى تىترەپ كەتكەنىدى، — نېمىدېگەن زورلۇق بۇ، ئاش بەرگەنگە مۇشت بېرىدىغان ئىشكەن ـ دە. يېقىندىن بېرى ئۇلارنى كىشىلەرگە بەك زورلۇق قىلىدىغان بولۇپ كەتتى، دېيىشىۋاتاتتى، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، راستكەن.

— بىز خەققىلا مۇشۇنداق قىلىدىغان بولۇپ كەتتى، —

دېدى قاراپ تۇرغۇچىلاردىن بىرى، — غالجىرلاشتى بۇلار...
ئۇنىڭ سۆزىگە تەرەپ - تەرەپتىن ئۇن قاتقان ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى:
— قانچە غالجىرلاشسا، ئۆلۈمى شۇنچە يېقىنلىشىدۇ.
— غالجىرلاشقان ئىت ئاخىر تاياق - توقماقتا ئۆلىدۇ ئەمەسمۇ...
ئەسكەر باشلىقى يېنىدىن تاپانچىسىنى سۇغۇرۇپ ئالدى - دە، كۆزلىرىنىڭ ئاق پاختىسىنى چىقىرىپ:
— سىڭكۇ، سىڭكۇ... — دەپ تىللاشقا باشلىدى. ئۇ تاپانچىنى كۆرۈپ ھەممىسى قاچىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. بىراق، يىغىلغان ئادەملەر تەرەپ - تەرەپتىن چۇرقىرىشىشقا باشلىدى. ئۇلار ئەسكەر باشلىقىنىڭ قولاق مېڭىسىنى يېدى ۋە ئۇنى چۆچۈ-تۈپمۇ قويىدى، كىشىلەر ئۇنىڭ تاپانچىسىغا پىسەنتمۇ قىلماي ۋارقىراشتى:
— پاھ... نېمانچە زورلۇق سەنلەرگە، ھە... كۆزۈڭ-نى ئاچ!
— ئۇرۇپ ياتقۇزۇۋېتىش كېرەك، بۇ ئىپلاسلارنىڭ قولى-دىن نېمە كېلىدىكەن كۆرۈپ باقايلى!
— نوچى بولساڭ تاپانچاڭنى ئېتىپ باققىنا قېنى، ھەي دوزاخ شوتىسى!
— نوخلىسى ئۆسۈپ قاپتۇ بۇنىڭ، جاجىسىنى بېرىپ قويمىغۇچە تىنمايدۇ بۇ!
ئۇنىڭ تۆت ئەتراپى غەزەپلەنگەن كىشىلەرنىڭ نوقۇۋاتقان قوللىرى بىلەن تولغانىدى. ئۇ ئۆزىگە نەپرەت بىلەن تىكىلىپ تۇرغان يۈزلەرگە، ئوت چاقنىغان كۆزلەرگە قارىيالماي قالدى، يۈرىكى دۈپۈلدەپ چىرايى سارغىيىشقا باشلىدى - دە، سوقۇ-شۇشتىن چىققان خورازدەك پۈتلىرى دىرىلداپ - دىكىلدەپ توپ ئىچىدىن چىقىپ كەتتى ۋە ئالغان سەيلىرىگىمۇ قارىماي ماڭدى.

كۆپچىلىك ئىچىدىن بىرى:

— تېكىدىن چىقتى، تېكىدىن، — دېگەنىدى، كۆپچىلىك پاراقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

شۇنچە كۆپ ئادەم ئىچىدە نومۇسقا قالغان، ئەلەمدىن يۈزلىرى تاتارغان ئەختەمباي نېمە قىلارىنى بىلمەي تەمتىرەپ هارۋىغا چىقىپ ئولتۇردى، نادەم بوجىنى سىلكىدى، هارۋا كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ يان كوچىغا بۇرالدى. تېۋىپ مۇشۇ كوچىدا ئىدى.

باي خىيال قىلىپ كېتىپ باراتتى «قاراڭلار، ئەخمەقنىڭ زورلۇقىنى، شۇنچە كۆپچىلىك ئىچىدە ئۆلتۈردىغۇ مېنى، يۈزۈمنى يەرگە ئۇردىغۇ. مېنى تەپ تارتماي شۇنداق قىلغان يەردە ئاۋام خەلققە كۈن يوقكەن ـ دە، بىزنىڭمۇ ئادەملىكىمىزنى ئۇنتۇپتۇ، راستلا غالجىرلىشىپتۇ. بىزدىن نېمە سەۋەنلىك ئۆتتى؟ بىز كىراكەش بولمىساق، كىرا قىلمايمىز، دېگەنگە زورلۇق قىلسا، تېخى تاپانچىسىنى چىقارسا، بۇ ھەددىدىن ئاشقانلىق بولماي نېمە! . . . »

نادەممۇ خىيال قىلىپ كېتىپ باراتتى: «ھۆكۈمەت دېگەنلىرى مۇشۇلار ئىكەن ـ دە، ھە، ئەمدى بىلدىم، ئاكامنى ئۆلتۈرگەنلەرمۇ مۇشۇلار ئىكەن، ئاپام سۆزلەپ بەرگەنلەرنىڭ ئەينى ئۆزىلىغۇ. ئەگەر كۆپچىلىك ئارىلاشمىغان بولسا، مېنى ئېتىپ تاشلايتتى، بولمىسا مېنىڭدىن بىر تېپىك يېگەن ئۇ قانخور توختاپ قالاتتىمۇ، كۆپچىلىكتىن تازا قورقىدىكەنغۇ، شەھەر ئادەملىرى نېمىدېگەن قورقماس ـ ھە، ئۇلار بىر ھۆرپىيىشۇندى، قۇيرۇقىنى خادا قىلدىغۇ ئەنە. توختاپ تۇر زالىملار، ئەنئۇەر ئەپەندىم دېگەندەك سەنلەرنىڭ ئەدىپىڭنى بېرىدىغان چاغلارمۇ كېلىپ قالار. . . » .

شۇ چاغدا ئۇنىڭ يادىغا دادىسى بىلەن ئاكىسى كەلدى. چۈنكى، نادەم دادىسى ناسىرئاخۇن بىلەن ئاكىسى نادىرنىڭ باي-

لاردىنمۇ، ھۆكۈمەتتىنمۇ قورقمايدىغان ئادەملەر ئىكەنلىكىنى كۆپ كىشىلەردىن ئاڭلىغان. قورقماس بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆز تەڭتۇشلىرىدىن بۇرۇن — بىئەجەل ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ ياش بالا ئويلاپ يەتكەن، لېكىن دادىسى بىلەن ئاكىسىنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى ئۇ تېخىمۇ بىلمەيتتى.

نادەم شەھەردىن چىققاندىن كېيىن، قورسىقىنى يېرىم - ياتا تويغۇزۇپلا، ئۆزى قارايدىغان ماللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى - دە، ئۆيىگە كىرىپ ياتاتتى. لېكىن، ئۇيقۇسى كەلمە-دى. بۈگۈن نېمىشقىدۇر ئىچى تىتىلداپ، يۈرىكىنى نېمىدۇر بىرنېمە تاتىلايتتى. پۈتۈن بەدەنلىرىدىن قوزغالغان ئاچچىق ھېسلار ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيۋاتاتتى. ئاخىرى ئۇ ھويلىغا چىقىپ دېرىزىدىن سۇس يورۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان گايىتنىڭ جۇۋازخانى-سىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. بىراق، ئۇ يەرگە كىرىشتىنمۇ يالتايدى، كېچىلەپ ئۆز ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۆيىگە كېلىپ ئانىسىغا شەھەردە كۆرگەنلىرىنى، تەلەتىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدى-غان ھېلىقى ئەسكەر باشلىقىنى، ئۇنىڭ قىلغان زورلۇقلىرىنى، شەھەر خەلقىنىڭ ئۇنىڭغا بىرلا ھۆرپىيىپ، ئۇنى قاچۇرۇۋەتكەن-لىكىنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بەردى ۋە ئاخىرىدا:

— ئاكامنى ئۆلتۈرگەنلەر شۇلارمىكىن، دەيمەن ئاپا، — دېدى.

كۆپ ئىشلارنى كۆرۈپ، يۈرەكئالدى بولۇپ قالغان ئانا، چوڭقۇر غەزەپ بىلەن كەلگەن ئوغلىغا نەسىھەت قىلىشقا باشلى-دى:

— قوي بالام، ئۇنداق ھۆكۈمەت ئادەملىرىگە بىھۇدە چې-قىلما، مېنى ئايا.

— سەن ئۇنداق دېگەن بىلەن، مۇتىھەملىككە قانداق چى-دايدۇ كىشى، — دېدى نادەم ئاپىسىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — شەھەر ئادەملىرىنى قارا، ئۇلار قورقمايدىكەنغۇ؟

— قورقمايدىغاندۇ، بېشىغا كەلمىگەندىكىن شۇنداق قورقمايدىغاندۇ.

— سەن قانچە قورقساڭ، ئۇ شۇنچە قورقۇتىدۇ، دەيدۇ ئەنۋەر ئەپەندىم، بۇ گەپ راستكەن.

نادەم يېرىم كېچە بولاي دېگەندە ئۆز ئۆيىدىن ياينماڭ ئۆيىگە قايتتى. ئۇ دەرۋازا ئالدىدىكى سۇپىدا ئۇزاق ئولتۇردى. دادىسى پاجىئەلىك ھالدا ئۆلمىگەن بولسا، ئاكىسىنى ھۆكۈمەت ئۆلتۈرۈۋەتمىگەن بولسا، ئۇ ئەختەمباينىڭ گۇندىخانىسىغا باغلىنىپ قىينالمايتتى. ھېلىقى ئۆزىنى مۇشت بىلەن ئۇرغان ئەسكەر باشلىقى ئاكىسىنىمۇ ئۆلتۈرگەنمۇ كىم بىلىدۇ ئۇنى؟ ئۇنىڭ كىيىملىرى پارقىراق بولغىنى بىلەن كۆزلىرى قان ئىچكەن ئىتنىڭ كۆزىدەك قىپقىزىل تۇرامدۇ. ئاشۇ قان ئىچكۈچىلەر-نىمۇ، مونۇ ئەختەمبايدەك قان شورىغۇچىلارنىمۇ گۆرگە تىقالاي-دىغان بىر پالۋان چىقماسمۇ؟! بۇنى جەزمەن ئەنۋەر ئەپەندىم بىلىدۇ...

ئۇ يېشەلمەيدىغان بۇ چىگىشنىڭ سىرىنى سوراپ بىلىش ئۈچۈن ئەنۋەر ئەپەندىنىڭ ياتىقى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

## 4

ئايدىڭ كېچە، ئەجەب كۆڭۈللۈك كېچە، باللار چاڭىلدى-شىپ مۆكۈ - مۆكۈلەڭ ئوينايدىغان كېچە. يېزىنىڭ ئايدىڭ كېچىلىرى نېمىدېگەن گۈزەل، نېمىدېگەن يېقىملىق... «ساپ ھاۋا، تەنگە داۋا» دېگەنلەر شۇنداق چىرايلىق كېچىلەرگە قاراپ ئېيتقاندۇ، بەلكى... مۇنداق گۈزەل كېچىلەردە تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىپ ھارغان باللار ئاللىقاچان ئۆي - ئۆيلىرىگە تارقىلىپ تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىشكەن، يېزا ئىچى جىمجىتلىققا چۆككەن. بىراق، يىراق - يىراقلاردىن ئايدىڭ كېچىگە مەسلە-

كى كېلىپ ھېسسىياتى قوزغالغان يىگىتلەرنىڭ ناخشىلىرى نا-
گان ـ ناگاندا ئاڭلىنىپ قالىدۇ.
شۇنداق كېچىدە ئەنۋەر ئەپەندى قارا چىراغنىڭ گۇڭگا
يورۇقىدا پۈتۈن زېھنى بىلەن كىتاب ئوقۇماقتا ئىدى. ئۇ ھەر
كۈنى كېچىسى ئەل بىر ئۇخلىغانغا قەدەر، مۇشۇنداق كىتاب
ئوقۇپ چىقاتتى، مۇلاھىزە قىلاتتى، نىزامىدىنىڭ ئېيتقان
سۆزلىرىنى قانداق قىلىپ ئورۇنداش توغرىسىدا ئويلىناتتى.
ئۇ بەزى ساۋاقداشلىرى چىقىشقا ئۈنىمىگان يېزىدىكى بۇ
ئوقۇتقۇچىلىقىدىن رازى ئىدى. ھەر كۈنى دېگۈدەك كەچ كىرد-
شى بىلەنلا يېزا ياشلىرى بوش قالغان ئوقۇتقۇچىلار بۆلۈمىگە
كىرىپ كېلىشەتتى، ئۇنى ـ بۇنى سورىشاتتى، بەزىلىرى خەت
ئۆگىنەتتى. «ھەقىقىي كۆڭۈللۈك ھاياتىم مانا ئەمدىلا باشلاذ ـ
دى، ـــ دەپ ئويلايتتى ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا، ـــ ئادەمنى
غەم قاقشىتىدۇ، ئۈمىد ياشنىتىدۇ، دېگەنلەر ھەقىقەتەن توغرا
ئېيتىلغان. مەن تەربىيىلەيدىغان ئادەملەرنى ئىزدىمەك تۈگۈل،
تېخى ئۇلار ئالدىمغا مۇشۇنداق دۈكسىرىشىپ كىرىپ تۇرسا، بۇ
مېنىڭ نىشان ـ نىيەتلىرىمنىڭ چېچەكلەۋاتقانلىقى ئەمەسمۇ؟
دېھقان ياشلىرى نېمىدېگەن ساپدىل، كىشىگە شۇنداق يۇقۇش-
لۇق، ئۆزلىرىنى ماڭا پەرۋانىدەك ئۇرۇپ تۇرىدۇ. مۇنداق
جۇشقۇن ياشلار بىلەن كىشى قانچە پەخىرلەنسە، شۇنچە ئەرزد-
مەمدۇ...» ئۇ ئۇلارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇشقا تىرىشاتتى،
شۇنداق بېرىلىپ ھەتتا بەزىدە كەچلىك تاماقلارنىمۇ ئۇنتۇپ
قالاتتى.
ئەنۋەر شۇ تاپتا «مەن نېمە ئۈچۈن ياشايمەن ۋە بۇ يەردە
نېمىلەرنى قىلىشىم كېرەك؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدى. ئۇ
گىمنازىيىنى تۈنجى قېتىم تۈگەتكەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى.
ئۇ يەردە ئۆتۈلگەن دەرسلەر ھېلىمۇ ئېسىدە ھازىرقىدەك تۇرۇپ-
تۇ. كىشىلىك تۇرمۇشقا توغرا قاراش، ھازىرقى جەمئىيەتتە

كىشىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن پەرقلىق ياشاۋاتقانلىقى، پېشانە تەرنىڭ ئەجرىگە مىڭلىغان - مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ ئىگە بولالمايۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبلىرى سۆزلەنگەن يالقۇنلۇق نۇتۇقلار ئۇنىڭغا قۇمغا سۇ سىڭگەندەك سىڭگەن. ئۇ ئەي سىچىنىڭ «ئاممىباب پەلسەپە» سىنى بىرنەچچە قېتىم ئوقۇغان، نىزامىدىن ئەپەندى بەرگەن «جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىك سەپ»①، «يېڭى تىكەن» ② ژۇرناللىرىنى قايتا - قايتا ئوقۇپ چىققان، «ئانا»، «قۇللار»، «داخۇندا»، «مېھرابتىن چايان»، رومانلىرىنىڭ ۋەقەلىرىنى تولۇق بىلىدۇ ۋە ئۇنى تۇرمۇشقا تەتبىقلاپ مۇلاھىزە قىلغان. ئۆمەر مۇھەممەدى ③، ھادى تاقتاش ④ شېئىرلىرىنى يادقا ئالغان. ئۇ ئۆگەنگەنلىرىنى باشقىلارغا ئۆگىتىش كېرەك، بۇ ساپدىل، ساددا ئادەملەرنى ئويغىتىپ، يېڭى ئىزغا چۈشۈرۈش كېرەك، دەپ كۆپ قېتىم ئويلىغان، باش قاتۇرغان، شۇنداق ئىشنى باشلىغاندىلا، ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن ياشاۋاتقانلىقىنىڭ مەنىسى يېشىلىدىغانلىقىنىمۇ ئۇ ياخشى بىلىدۇ.

ئۇ كىتاب ئوقۇۋېتىپ، بەزى يەرلىرىدە توختاپ قالاتتى، بىردىنلا قوزغالغان تۇيغۇلارغا چۆمۈلۈپ ھاياجانلىناتتى، ھەر خىل تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ روھىي ھالەتلىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ، ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان تۈرلۈك - تۈمەن ئىشلارغا سېلىشتۇرۇپ كۆرەتتى. شۇنداق چاغلاردا، ئۇنىڭ چىرايىدا بەزىدە خۇشاللىنىش، بەزىدە غەزەپلىنىش ۋە بەزىدە ئاچچىق كۈ-

① بۇ ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان جاھانگىرلىككە قارشى باش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى. بۇ ژۇرنال 1935 - يىلدىن 1942 - يىلغىچە نەشر قىلىنغان، ئاساسەن ماركسىزمنى تەشۋىق قىلىدىغان ژۇرنال ئىدى.

② شۇ يىللاردا شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا نەشر قىلىنغان ژۇرنال بولۇپ، ماركسىزم - لېنىنىزمنى تەشۋىق قىلاتتى.

③ سوۋېت ئۇيغۇر شائىرى

④ سوۋېت تاتار شائىرى

لۈمسىرەش جىلۋىلىنەتتى.

ئۇ گېزىتتىن كۆزىنى ئېلىپ، بىر نۇقتىغا تىكىلىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى ۋە پىچىرلىدى: «شەھەرلەردىكى ئىككى بىلىكىگىلا تايىنىپ جان بېقىپ يۈرگەن ئادەملەر، يېزىلاردىكى يىللىقچىلار، مەدىكارلار بىر ـ بىرىدىن نېمە پەرقلىنىدۇ؟ پەرقلەنمەيدۇ. ئۇلار توپىغا مىلىنىپ يۈرۈۋاتىدىغۇ، ئەمما ئۇلار ئەڭ ساپ، ئەڭ ۋىجدانلىق، بىر ـ بىرىگە ئەڭ كۆيۈمچان، ئۇلار بىر پارچە ناننى ھالاللاپ يەيدۇ، مۇنداق خىسلەت پەقەت مۇشۇلاردىلا بار، نېمىشقا ئۇلار بىزگە ئۇلۇغ كۆرۈنمىسۇن، بەزىلەر تېخى ئۇلارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدۇ، ئىپلاسلار.»

ئۇ قويۇق قارا قېشى، چوقۇر يۈزى جىددىي تۈس ئالغان ھالدا، ئۆي ئىچىدە يېنىك قەدەم تاشلاپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى ۋە ئۇنىڭ خىيالىغا بىردىنلا ئاتا ـ بالا مىخائىل ۋىلاسوپ بىلەن پاۋىل ۋىلاسوپ كەلدى. ئۇ ماكسىم گوركىينىڭ «ئانا» ناملىق تىلى ئۇيغۇرچە يېزىقى لاتىنچە كىتابىنى گىمنازىيىدە ئوقۇپ يۈرگەندە، بىرنەچچە قېتىم ئوقۇغانىدى. يېقىندا (بۇ كىتاب ئوقۇش مەنئىي قىلىنغاندىن كېيىن) يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتى.

«مىخائىل ۋىلاسوپ نېمىشقا ھەر كۈنى ھاراق ئىچىپ، خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئازابلايدۇ؟ ھازىر بىزنىڭمۇ نۇرغۇن ئادەملىرىمىز خۇددى مىخائىل ۋىلاسوپتەك ھايات كەچۈرمەكتە، ــ دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، سىرتتىن تىڭشىغان ئادەم ئۇ بىرەر كىشىگە سۆزلەۋاتىدۇ، دەپ ئويلايتتى، ــ خەلق تېخى تولۇق ئويغانغىنى يوق، ئۇسال تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى پېشانىسىگە يېزىلغان دەپ قارايدۇ. ئۆزلىرىنىڭ باي ـ بەگلەرگە قانداق قىلىپ زەنجىرلىنىپ قالغانلىقىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى تازا چوڭقۇر ئۇقمايدۇ ياكى شۇ زەنجىرنى قانداق قىلىپ ئۈزۈشنىڭ يولىنى ئۇقمايدۇ.»

شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلگەنلەرنىڭ بىرىنچىسى كېۋىر ئاتلىق كىشى بولدى. ئەنۋەرنىڭ لەۋلىرى يەنە قىمىرلاشقا باشلىدى: «كېۋىركام ئىچكۆلۈككە نېمانچىلا بېرىلىپ كەتكەن؟ چۈنكى ئۇ ئۆز زامانىدىن، ئۆز تۇرمۇشىدىن نارازى. ئوتتۇز يىللىق هالال ئەمگىكىنى ـــ قان ـ تەرىنى باي ـ بەگلەر شوراپ بولدى. پېشانە ئەجرىنىڭ هېچ خۇۋلۇقىنى كۆرمىدى. تۇرمۇشنىڭ تەتۈر قولى ئۇنىڭ ياقىسىنى قاتتىق سىققاچقا ئۇ هەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىپ شۇنداق جۇنۇن هالىغا چۈشۈپ قالغان.»

مەكتەپكە قوشنا كىچىك ۋەيرانە بىر ئۆيدە كېۋىر ياشايدۇ. ئۇنىڭ يېشى قىرىقتىن ئېشىپ قالغان بولسىمۇ، تېخىچە ئۆيلەنمىگەن يا ئۇنىڭ بىرەر پارچە يېرى يوق، ئات ـ ئۇلىقى يوق، ئۆزى تەنها. ئۇنىڭ كۆرگىنى كۆپ، بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئۇ كىشىلەرگە ئايلىقچىلىققىمۇ، مەدىكارلىققىمۇ تۇرمايدىغان بولدى، بىر كۈنلۈك، ئىككى كۈنلۈك ئىش بولسا قىلىدۇ ياكى بەزىدە شەهەرگە چۈشۈپ هامماللىق قىلىدۇ، قولىغا پۇل چۈشتىمۇ بولدى، ئۇدۇل بېرىپ ئاق ئۆستەڭ بويىدىكى قىرغىز مۇمايىنىڭ ياخشى ئىشلەنگەن بوزىسىدىن ئىچىۋالىدۇ، هېچكىمگە ئارىلاشمايدۇ، چاپىنىنى مۈرىسىگە تاشلايدۇ ـ دە، تاكى ئۆيىگىچە ناخشا ئېيتىپ كېلىدۇ. هەممە ئادەم ئۇنىڭ ناخشىسىغا ئامراق، چۈنكى ئۇ ناخشىنى ناهايىتى چىرايلىق ئېيتىدۇ، هەممە دەردىنى ناخشىسىدا بايان قىلىۋاتقاندەك بېرىلىپ ئېيتىدۇ...

ئەنۋەر تەكىيىسىنىڭ ئاستىدىن «ئانا» رومانىنى ئالدى ـ دە، قاتلاپ قويغان بەتنى ئاچتى ۋە ئۆزى ئاستىغا سىزىپ قويغان قۇرلارنى ئوقۇپ چوڭقۇر خىيالغا چۆكتى.

ئەنۋەر ئەپەندى بۇ ياققا ماڭىدىغان چاغدا نىزامىدىن ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەنىدى:

ـــ سەن خىزمەتكە ـــ يېزا بالىلىرىنى ئوقۇتۇشقا چىقىپ

كېتىپ بارسەن، ئوقۇتقۇچىلىق ئادەم تەربىيىلەشنىڭ ئوبدان ۋاستىسى. يېزىنىڭ شەرت - شارائىتى شەھەرگە قارىغاندا كەڭرەك، دېھقانلار ئەمگەكچان، ئاق كۆڭۈل، تۈرلۈك يامان ئىللەتلەر بىلەن بۇلغىنىش ئۇ يەردە ئىنتايىن ئاز. دېھقان بالىلىرىدىن نۇرغۇن دوستلارنى تېپىشىڭ كېرەك، ئۇلارنى تەربىيىلەش كېرەك. خەلقنى ئويغىتىش ئۈچۈن باسقان يول — ئىنقىلاب يولى. ئىنقىلاب يولىلا ئادەملەرنى روھىي، ماددىي كىشەنلەردىن ئازات قىلالايدۇ، ئەمما سەگەك بولۇش كېرەك، بۇنى ئۇنتۇپ قېلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ!

ئەنۋەر ئەپەندى نىزامىدىنىنىڭ شۇ سۆزلىرىنى يادىغا ئالدى ۋە ئاستا پىچىرلىدى: «مېنىڭ بىرىنچى دوستۇم نادەم ئىدى، ھازىر كۆپەيدى، كېۋىر، گايىت، جامالىدىن...». ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا سانسىزلىغان قورقۇمسىز ياشلار كەلدى.

ياش ئوقۇتقۇچى تالاغا چىقتى، پۈتۈن يېزا ئۇيقۇغا چۆككەندى. ھاۋا ئېچىلغان، سان - ساناقسىز يۇلتۇزلار جىمىرلاپ ئۇنىڭ كۆكسى - قارنىنى كۆتۈرەتتى. خېلىلا سوغۇق چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەستەرلىك چاپىنىنىڭ ئىزمىلىرىنى يېشىۋېتىپ راھەتلىنىپ - كېرىلىپ ساپ ھاۋادىن تويماي - تويماي نەپەس ئالاتتى.

ئۇ شۇنداق راھەتلەنگەن ھالدا ھويلىنى ئىككى - ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ چىقىپ، ياتىقىغا كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرىغىمۇ تاكى باش توخۇ قىچقارغۇچە ئۆچمىدى. چۈنكى، ئۇ نادەم بىلەن قىزىق پاراڭغا چۈشكەنىدى.

نادەم ئەنۋەر ئەپەندى بىلەن پاراڭلاشسا ھەم مىسكىن، ھەم تۇمانلىق دىلى يورۇپ قالاتتى. ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلاردىن بالىدا نۇرغۇن سوئاللار تۇغۇلاتتى. ئەمما، ئۇ بۇ سوئاللارنى يېشىشكە قانچە ئۇرۇنسىمۇ، نۇرغۇنلىرىنى يېشەلمەي، چامى كەلمەي تېڭىرقاپ قالاتتى. ئۇنىڭدا پەيدا بولغان سوئاللار ئەنۋەر

ئەپەندى تەرىپىدىن قانائەتلىنەرلىك هالدا يېشىپ بېرىلەتتى. ھەرقاچان ئۇ ئەنۋەر ئەپەندىنىڭ ياتقىغا تېڭىرقىغان، گاڭگىرىغان هالدا كىرىپ كېلەتتىيۇ، يانغاندا جۇشقۇن، يۈزى ئېچىلغان ۋە يۈزلىرىنى تەبەسسۇم ئورىغان هالدا قايتاتتى.

— كەمبەغەللەر كېچە - كۈندۈز ئىشلىسىمۇ چاپىنى تىزىدىن ئاشمايدۇ، قورسىقىنىمۇ تۈزۈك باقالمايدۇ، — دېگەندى بىر كۈنى نادەم ئۇنىڭ ياتقىدا ئولتۇرۇپ، — بايلار ئەمگەكمۇ قىلمايدۇ، پېشانىسىدىن بىزدەك تەرمۇ ئاقمايدۇ، ئەمما لېكىن قورسىقى توق، كىيىملىرى ياخشى، ھەممە نېمىسى تەل، نېمىشقا شۇنداقتۇر، ئەنۋەركا؟

— بۇنى ئەجەب سوراپ قالدىڭغۇ؟

— ئاپامغا ئېيتسام، خۇدايىم شۇنداق ياراتقان، دەيدۇ.

— بىكار گەپ، ئىشەنمە، ئەختەمبايدەك ئادەملەر ھىيلە ئىشلىتىپ، كەمبەغەللەرنى ئالداپ، ئۇلارنى قاقشاق هالغا چۈشۈرۈپ قويغان. ئۆزلىرى ئەمگەك قىلماي، باشقىلارنىڭ ئەمگىكى بىلەن بېيىغان. سەن ئەختەمباينىڭ ئەمگەك قىلغىنىنى كۆردۈڭمۇ؟

— ياق، كۆرمىدىم.

— شۇنداق، ئەمگەك قىلمايدۇ، ياشلىقىدىمۇ قىلمىغان. بۇنى يېپىش ئۈچۈن خۇدايىم شۇنداق ياراتقان، دەپ نادان خەقنى ئالدايدۇ، نادان خەق بۇنىڭغا ئالدىنىپ يۈرۈۋېرىدۇ. بولمىسا خۇدايىم ھەممە بەندىلىرىنى ئوخشاش ياراتقان.

— مۇنداق دەڭا، — نادەم چوڭقۇر تىنىدى.

— ھۆكۈمەتنى قارا، — دېدى ئەنۋەر سۆزگە باشقىدىنلا كىرىشىپ، — بەئەينى بۇلاڭچىنىڭ ئۆزى بولدى. نېمىدېگەن كۆپ سېلىقلار بۇ، دېھقانلارغا ئۇۋال ئەمەسمۇ، باشقا سېلىقلار تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەسكەرلىرىنىڭ كىيىدىغان خېيى ئۈچۈن «خەي پۇلى»، يەيدىغان سېيى ئۈچۈن «سەي پۇلى»، ئاتلىر-

نىڭ يەيدىغان بىدىسى ئۈچۈن «بىدە پۇلى» ئالىدۇ. ھۆكۈمەت پۇت دەسسەپ تۇرۇش ئۈچۈن ئالمايدىغان سىلىقى قالمىدى. ئەتە - ئۆگۈن خەلقتىن ماڭغان يولۇڭ ئۈچۈن دەپ «يول ھەققى»، ئىچىدىغان سۈيىڭ ئۈچۈن دەپ «سۇ ھەققى» تىخى ھاۋادىن نەپەسلىنىۋاتىسەن دەپ «ھاۋا پۇلى» ئالىدىغان ئوخشايدۇ.

— خەلقنىڭ تۇرمۇشنى ئويلىمايدىغان، — دىدى نادەم ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ، — قانداق ھۆكۈمەت بۇ، ئەنۋەركا؟

— شۇنداق ئۇششۇق ھۆكۈمەت، ھۆكۈمەت چىرىكلەشسە، شۇ ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ، — ئەنۋەر قايناپ قالدى، — چىرىكلەشكەن ئىكەن، غۇلىماي قالمايدۇ، بۇ غۇلاشنىڭ ئالدى-دىكى تىپىرلاش، جان تالىشىش...

ئەنۋەر جىمىپ قالدى، نادەم خىيالغا چۆكتى. ئۆي ئىچى-مۇ، تالا - تۈزمۇ سىرلىق جىمجىتلىققا چۆكۈپ، غۇڭۇيۇپ قالغاندى. نە بىرەر دەردمەنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى، زۇۋاللىق تىلەۋاتقاندەك نە بىرەر ئىتنىڭ ھوۋلىشى ئاڭلانمايتتى. ئەنۋەر ئەپەندىنىڭ ياتىقىدا پىل - پىل قىلىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان چىراغ يورۇقىنى ھىسابقا ئالمىغاندا، پۈتۈن يىزىدا ئۆلۈم جىمجىتلىقى ھۆكۈم سۈرەتتى. شۇنداق جىمجىتلىقتا تۇيۇقسىزلا باش تو-خۇنىڭ قىــچقارغىنى ئاڭلاندى. ئەمدى ھايال قىلماي توخۇلار تەرەپ - تەرەپتىن قىچقىرىشقا باشلايدۇ.

نادەم قايتتى.

# بەشىنجى باب

## 1

ئەختەمباي شەھەردىن چىققان جاڭ جۇنگۇەن بىلەن بۇلۇكەيـ
ـدىكى بىر تويىنى تۈگىتىپ يانغانىدى. باي يۈقىرىقى جاڭزىسىنى
ئايلىنىپ كەتمەكچى بولغاندا، جاڭ جۇنگۇەن: مەنمۇ ئايلىنىپ
كېلەي، سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە بىر ئىككى كۈن دەم ئېلىپ ئاندىن
ياناي، دېگەن. شۇنىڭ بىلەن توي ئىگىسى ئۇنى ياخشى ئاتقا ـــ
جىبىرەن قاشقىغا مىندۇرۇپ قويغانىدى. جاڭ جۇنگۇەن ھازىر
يېزىغا تولا چىقىدىغان، بولۇپمۇ ئەختەمباينىڭ ئۆيىگە تولا چىقىدـ
ـىغان بولۇپ قالغان. ياناشىدا نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملارغا ئىگە
بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، بەلكى شۇنداقتۇر. بۈگۈنمۇ ئۇنىڭ شۇنـ
ـداق تەمەسى بارمۇ، ئەختەمباي بىلەن جاڭزىغا كەلدى.

ئەختەمباينىڭ كۈمۈچ ئىگەر ـ توقۇم توقۇلغان، مۇشۇ
ئەتراپتا خېلىلا داڭقى بار قارا ـ ئالا ئېتى بىر ئورۇندا تۇرماي
تېپچەكلەپ ئويناپ تۇراتتى. ئۆيدىن چا ساقاللىق بىر بوۋاي
چىقىپ ئۇلارغا سالام قىلدى ـ دە، ئىككىسىنى قولتۇقىدىن
يۆلەپ ئاتتىن چۈشۈردى ۋە ئاتلارنى موما ياغاچقا باغلاپ قويدى.

ـــ ھە، نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟ ـــ دېدى ئەختەمباي
بېدە بېسىلغان لاپاسقا قاراپ.

ـــ جامالىدىن بىنەمدىن سامان توشۇۋاتىدۇ، ـــ دېدى
بوۋاي مۇلايىم قىياپەتتە بايغا قاراپ.

ـــ سەنچۇ؟

— مەن كۆندىكى ئىشنى قىلىۋاتىمەن، بىرنەچچە كۈن بولدى، قوناقلارنى قورۇتۇپ ساتقىلى كىرگۈزۈۋاتىمەن.

هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، پاكىز سۈپۈرۈلگەن بىر پارچە كەڭرى يەردە يېيىلغان قوناق تۇراتتى. جاۋ جۇنگۈەن قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، يەرنى قاتتىق تېپىپ، قوناققا يېقىنلاشقان توخۇلارنى قوغلىۋەتتى.

— جامالىدىنىنىڭ ئىشى قانداقراق؟

— ياخشى.

— ياخشى بولغاندا، كۈندە ئۈچ قېتىم ئەكېلىۋاتامدۇ يا لەلەڭلەپ يۈرۈۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئەختەمباي.

— تۈنۈگۈن ئۈچ قېتىم ئەكەلگەن، بىراق بەك كەچ قالدى، كېيىنكىسىدە يېرىم كېچىگە يېقىن كەلدى.

— ئەتىگەنرەك ماڭسا ئەكېلەلەيدۇ ئەمەسمۇ، ئېيتىپ قوي، ئەتە ئەتىگەنرەك ماڭسۇن، ئاتلارغا بوغۇزنى كۆپرەك بەرسۇن، ئاندىن ئاشۇ بىنەم سامىنىدىن چوڭ قورۇغا بىرنەچچە هارۋا ئەكېلىپ تۆكۈۋەتسۇن. قىشچە ماللارغا بىنەم سامىنى بېرىدىغىنىمىزنى ئۇنتۇپ قالدىمۇ نېمە ئۇ.

— مەن ئېيتاي.

باي ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، لاپاس ئۈستىدىكى ئاستىنى كەڭرەك قىلىپ، ئۆرلىگەنسېرى كىچىكلىتىپ بېسىلغان بېدىلەرگە كۆز يۈگۈرتتى ۋە ئىچىدە ئۇنىڭ قائىدىلىك ھەم چىرايلىق بېسىلغانلىقىدىن خۇرسەن بولدى، ئاندىن قوتانغا كىردى. ئۇ قارا غونان ئۆكۈزنى كۆرۈپ تۇرغان ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى. ئۇياق - بۇيىقىغا قارىدى، ئايلىنىپ ئالدى تەرىپىگە ئۆتتى.

— پاھ، پاھ، پاھ، نېمىدېگەن سەمرىگەن بۇ - ھە، تۇرغۇزغىنە بۇنى، مەن ئۆكۈز بالىسىنىڭ مۇنداق سەمرىگىنىنى كۆرمىگەن.

— هۆش - هۆش، چۈھۈي، ھۆش
ئۆكۈز ئېرىنچەكلىك بىلەن ئىرغاڭلاپ ئورنىدىن تۇردى. باي ئۆكۈزنىڭ بېقىنلىرىنى تۇتۇپ كۆرگەندى، قولىغا غىچچىدە ماي ئۇرۇلدى.
— پاھ، پاھ، تولۇمدەك سەمرىپتۇ بۇ، تولۇمدەك، ئۈستىدە تۇخۇم تۇختايدۇ بۇنىڭ!
— بىچارە بالا كۆپ ئەجىر قىلىپ باقتى بۇنى، ئەجرىسىگە لايىق ئوبدانلا سەمرىپ قالدى.
— بۇ ئۆكۈز سىزنىڭ ئەمەسمۇ؟ — جاۋ جۇنگۇەننىڭ تېخى جاۋاب ئالماي تۇرۇپلا كۆزلىرىدىن ئوت ياندى، لەۋلىرىنى تامشىدى.
— مېنىڭ ئەمەس، — دېدى ئەختەمباي جاۋ جۇنگۇەنگە قايرىلىپ قاراپ، — جامالىدىن دېگەن بىزنىڭ مالايىمنىڭ.
— شۇنداقمۇ، — جۇنگۇەننىڭ كۆزى قىزاردى، — ياخشى بولدى، بەك ياخشى بولدى. مەن مۇشۇنداق بىر سېمىز مالنى ئىزدەپ يۈرەتتىم، بۇ ئۆكۈزنىڭ ماڭا ئۇچراپ قالغىنىنى قاراڭا، تەلىيىم بار ئىكەن، باي.
— بۇ ئۆكۈزگە كۆزىڭىز چۈشۈپتۇ - دە؟
— مۇنداق گەپ، — دېدى ئۇ كۆڭلىدىكىنى ئايان قىلىپ، — بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، بىزنىڭ خوتۇننىڭ سىڭلىسىنىڭ تويى بولىدۇ، مۇشۇ ئۆكۈزنى تويدا سويساق بەخۇدۇك بېتىدۇ، تويىنى باياشات ئۆتكۈزەلىمىز ئەمەسمۇ، بۇ يەرگە سىز بىلەن بىللە كەلگىنىم ياخشى بوپتىكەن.
باي ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدى:
— توي قىلىسىڭىز قولىمىزدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمىز، جۇنگۇەن. بۇ ئۆكۈزنى جامالىدىن بەرمەسمىكىن، ئۇنىڭغىمۇ مۇھىم ئىشقا كېرەك.
— بېرىدۇ، باي، بېرىدۇ، بەرمەي ھەددى ئەمەس، مەن

كۆزۈم چۈشكەن نەرسىنى ئالماي قويمايمەن. مەنمۇ پۇل بېرىمەن ئەمەسمۇ، تويدىن كېيىن ئوبدان رازى قىلىمەن، ئۇنى.
باي ئويلىنىپ قالدى: «بۇ چاتاق ئىش بولدىغۇ، تويدىن كېيىن پۇل بېرىمەن دېگىنى بىلەن بەربىر بەرمەيدۇ، مەن بىلمەمدىم بۇلارنى، ئەمدى نېمە ئىش يۈز بېرىدۇ؟ ئەختەمباي ھەربىي ئەمەلدارنى جاڭزىسىغا باشلاپ كېلىپ، جامالىدىننىڭ مېگىبىر جاپا بىلەن باققان ئۈكۈزىنى ئۇنىڭغا بېرىۋېتىپتۇ، دېگەن گەپ - سۆز تارقىلىدۇ، دېھقانلار مېنى نېمە دەر؟ ئەل ئىچىدىكى ئىناۋىتىم يەرگە ئۇرۇلماسمۇ؟ ھەممە ئىشتا مېنىڭ ئاغزىمغا قارايدىغان خەق ئەمدى كۆزگە ئىلماس بولۇپ قالماسمۇ؟ . . .
بۇلارمۇ بەك ئەدىگىلى تۇردى، ئوچۇق - ئاشكارا مۇشۇنداق زورلۇق قىلسا قانداق بولىدۇ، بىز خەققىلا مۇشۇنداق قىلىۋاتىدۇ - ھە. . . ئۇنىڭ ئۈستىگە جامالىدىننىڭ مىجەزى ئەسكى، باي ھەربىي ئەمەلدارغا خۇشامات قىلىپ، ئۈكۈزۈمنى ئۇنىڭغا بېرىۋەتتى، دەيدۇ - دە، ئەلنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالغىلى بولامدۇ؟ . . . بىچارە بالىغا ئۇۋال بولىدىغان بولدى.»
— ئۈكۈزنى سىزنىڭ چولڭ قورۇغا ئاپىرىۋەتسۇن، مەن ئەته سەھەر ماڭىمەن، — دېدى جۇنگۇەن قولىنى شىلتىپ.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ بوۋاينىڭ ئىچى قاراڭغۇلاشقاندەك بولدى - دە، جۇنگۇەنگە يەر تېگىدىن كۆزلىرىنى ئالايتىپ قارىدى.
— ھە، قارايسەنغۇ؟
— ماقۇل.
— ماقۇلۇڭنى قوي، ھازىرلا ئاپىرىۋەت!
بوۋاينىڭ خوجايىنى ئەختەمباي بولسىمۇ، لېكىن ھازىر ئۇنىڭغا جۇنگۇەن خوجايىنلىق قىلماقتا ئىدى.
— قوناقنى توخۇلار بېزەپ قىلىۋېتەر، كەچقۇرۇن ئاپارساممىكىن دەيمەن، — دېدى بوۋاي جامالىدىننىڭ كېلىشىنى

كۆتۈپ.

جۇنگۆەننىڭ ئاچچىقى كەلدى:

— بويۇن تولغىما، مەن بىلەن سودىلاشماقچىمۇ سەن ـ ھە! توخۇلارغا خوتۇنۇڭ قاراپ تۇرسۇن، ئاچىق قوتاندىن ئۆز ـ كۆزنى! — ئاندىن ئۇ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ئەختەمبايغا قاراپ دېدى، — خوش، باي، مۇشۇنداق گەدەنكەشلەرنى ئىشـ لىتمۇاتامسىز؟

ئەختەمباينىڭ ئۆز مالايلىرىغا جۇنگۆەننىڭ خوجايىنلىق قىلـ لمۇاتقىنىغا سەل ئاچچىقى كەلدى ئەتىمالىم، بوۋاينى ئاقلىدى:

— بوۋاي ياۋاش ئادەم، ھالال ئىشلەيدۇ. ئۇ جاڭزىننىڭ كۆزەتچىسى، ئۆزلۈكىدىن قوناقلارنى قورۇتۇۋاتقىنىنى كۆرمىـ دىڭىزمۇ؟

— مالايلارنى چىڭ تۇتۇش كېرەك، بوش تۇتسىڭىز بېشىـ ڭىزغا چىقىۋالىدۇ.

بوۋاي ئۆكۈزنى ئېلىپ چىقتى. باي بىلەن جۇنگۆەن ئاتلىـ رىغا مىندى ـ دە، ئۆكۈزنى يېتىلىگەن بوۋاينى ئالدىغا سېلىپ مەھەللە تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

چۈشتىن كېيىن ھاۋا تۇتۇلۇپ كەتتى. غەرب تەرەپتىن ئاچچىق شامال ئۇرماقتا ئىدى. ئاسمان يۈزىنى قارامتۇل كۆكۈچ بولۇتلار قاپلاپ كەتكەنىدى. قار ئۇچقۇندامدۇ، يامغۇر تامچىلامـ دۇ، ھېچكىم ئۇنى ئويلىغىنى يوق، جۇنگۆەن بوگۇنكى ئولجىـ سىدىن ئىنتايىن خۇشال، ئەختەمباي غەمكىن، بوۋاي غەزەپلىـ نىپ كېتىپ بارماقتا ئىدى. ئاشلىقى ئورۇلۇپ بولغان ئېتىزلار سارغىيىپ ياتاتتى. ئېتىزلاردا قوي ـ كاللار ئوتلاپ يۈرەتتى. يېڭىندەك سانجىلىۋاتقان سوغۇقتىن شۈمشەدەپ قالغان پادىچى باللار ئۆيگە قايتىشنىڭ غېمىدە دەممۇ دەم ئەتراپىغا، تۇتۇلۇپ كەتكەن ئاسمانغا قارايتتى.

بوۋاي كۈن ئولتۇرماستا خۇددى ماتەمدار كىشىدەك بېشىنى

سىلىپ قايتىپ كەلدى. بىردەمدىلا ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ ئولتۇرۇ-
شۇپ كەتكەنىدى. «باي ئۆكۈزنى جامالىدىن بەرمەسمىكىن،
دېسە، ئۇ، بىرىدۇ، بەرمەي ھەددى ئەمەس، دەيدا، — دەپ
ئويلانماقتا ئىدى بوۋاي، — نىمىدېگەن مۇتىھەملىك بۇ، قاراڭ-
لار ئۇنىڭ يوغۇرۇپ كەتكىنىنى، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى
بېشىنى يەيدۇ ئۇ.نىجىسلار!» تۇل خوتۇنىنىڭ ئوغلى جامالىدىن-
نىڭ بۇ ئۆكۈزنى قانچىلىك جاپا ۋە قانچىلىك ئۈمىد بىلەن
بېقىپ سەمرىتكەنلىكىنى ئۇ ياخشى بىلەتتى. «تېخى ئوبدان
رازى قىلىمەن دەيدا، ئۇششۇقلار، رازى قىلامدۇ، رازى قىلى-
دىغان بولسا نېمىشقا جامالىدىن كەلگۈچە تۇرۇپ تۇرمايدۇ،
ئوغرىلىغاندەك قاچىدۇ؟... — دەپ ئويغا كەتتى ئۇ يەنە، —
ئالغىنى ئالغان، بۇلىغىنى بۇلىغان، جامالىدىن ھەققىمنى بەر-
مەمسەن، دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا بارسىچۇ قېنى، خورلىنىدۇ، ئاھا-
نەت ئاڭلايدۇ، تاياق يەيدۇ، زورلۇقنى شۇ چاغدا كۆرىدۇ.
قانداق زامان بولۇپ كەتتى بۇ ھە، ھەرقانداق ناھەقچىلىكنىڭ
سورىقى بولمايۋاتىدۇ... بىرنېمە ياغىدىغاندەك قىلىدۇ، قوناق-
لارنى يىغىۋېتەي.» بوۋاي يېيىلغان قوناقلارنى يىغىشقا كىرىشتى.
ھايال قىلماي جامالىدىنمۇ سامان باسقان ھارۋىسىنى ھەي-
دەپ يېتىپ كەلدى. يىگىرمە ياشلارغا كىرىپ قالغان جامالىدىن-
نىڭ بويى ئېگىز، ئورۇق، مىجەزى چۇس ئىدى. بولۇنغان بۇ
ئىشلارنى ئاڭلىسا، ئۇنىڭ چېچىلىپ، دەرھال سەپرايى ئۆرلەپ
كېتىدىغانلىقىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، بوۋاي ئۇنى چاي
ئىچىۋالسۇن، دەپ ئۇ ھەققە ئېغىز ئاچمىدى. قورسىقى ئېچىپ
كەتكەن جامالىدىن ھېچ نەرسىگە قارىماي، خۇددى بىر ئىشقا
ئالدىراۋاتقان ئادەمدەك چاينى تېز ئىچىشكە باشلىدى. بىراق،
تۇيغۇن بالا بىرنەرسىنى سەزدى ئەتىمالىم، بوۋايغا لىپ - لىپ
قاراپ:
— ھەي، بوۋا، بۇگۈن سۇلتىيىپلا قاپسەنغۇ؟ — دېدى.

— ھە، بالام، — دېدى بوۋاي مەيۈس ھالدا، — بەرىبىر ساڭا دەيدىغان گەپ، ئۆكۈزنىڭنى بىر ھەربىي ئەمەلدار ئېلىپ كەتتى.

ئۇ چايناپ بولغان نېنىنى يۇتمايلا ھەيران بولغان ھالدا بوۋايغا ئۈتتىك قارىدى:

— نېمە دەيسەن... نەنىڭ ئەمەلدارىكەن ئۇ؟

— بىلمەيمەن، ئەختەمباينىڭ ئۆيىدە بىر قېتىم كۆرگەن ئىدىم، باي بىلەن بىللە كەلگەنىكەن.

— نېمە دەۋاتىدىغانسەن، نېمە گەپ بۇ؟

— راست، بالام، ماڭا ھەيدەتكۈزۈپ ھېلىلا ئېلىپ كەتـتى، مەن چولڭ قورۇدىن ھازىرلا كەلدىم.

— نېمىشقا ئېلىپ كەتتى؟ — جامالىدىن ئالدىدىكى ئىچىپ بولمىغان چېيىنى نېرىراق سۈرۈپ قويدى.

— شۇ، سېمىزلىكىگە كۆزى چۈشتى ـ دە، سىگلىمىنىڭ تويىنى قىلاتتىم، ئۇنى ئوبدان رازى قىلىمەن، دەيدۇ.

جامالىدىن چېيىنى تاشلاپ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ـ دە، ھارۋىدىن ئاتنى چىقىرىشقا باشلىدى.

— ئەكېتمۇۋېرىدىغان باغنىڭ ئالمىسىمىكەن ئۇ، ھەربىي ئەمەلدار توي قىلسا ئۇنىڭغا مال كەممۇ، ئەختەمباي گەپ قىلـ ـمىدىما؟ — جامالىدىن جىلە بولۇپ، يۈزلىرى تاتىرىپ، ئاردـ دەك قوللىرى تىترەپ كەتتى.

— گەپ قىلدى، جامالىدىن بەرمەسمىكىن، توي قىلسىـ ڭىز قولىمىزدىن كېلىشىچە بىز ياردەم قىلايلى، دېدى، نەدىكىـ نى، گېپىنى ئاڭلىمىدى. ماڭمۇ چاپسان ماڭ، دەپ بىرمۇنچە ئاھانەتلەرنى قىلدى. مەن نېمە دېيەلەيتتىم، بىلمىدە تاپانچىسى تۇرسا...

جامالىدىن ھارۋىدىن ئاتنى تېزلا چىقاردى.

— ئۇ ھەربىي ئەمەلدارغا سىلىق گەپ قىل، بالام،

ئۆزۈڭنى، ئاپاڭنى ئويلا، قانچە قىلغان بىلەن. . .
بوۋاينىڭ كۆز ئالدىغا نۇرغۇن ئىشلار گەۋدىلىنىپ كەلگەندى. ئۇ بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇقنى كۆپ ئۆتكۈزگەن، كۆپنى كۆرگەن، ھاياتىدا باي - بەگلەر بىلەن، ئەمەلدارلار بىلەن ناھەق ئىشلار ئۈچۈن ئېلىشقانلارنىڭ تەقدىرىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن تالاي قېتىم كۆرگەن. جامالىدىننىڭ مۇشۇ ئىش بىلەن بىرەر يامان ئاقىۋەتكە قېلىشىنى خالىمايدۇ - دە.
جامالىدىن تەرلەپ كەلگەن ئاتنى ياۋداق مىندى - دە، مەھەللە تەرەپكە قاراپ چاپتى.
— توقۇم سېلىۋالساڭچۇ؟ — بوۋاي ئۇنىڭ كەينىدىن ۋارقىراپ قالدى. لېكىن، ئۇنىڭ قۇلىقىغا ھېچنېمە كىرمەيدىتى. ئۇ پەقەت «بۇلار نېمانچە بوزەك قىلىدۇ بىزنى - ھە؟» دەپ ئىچ - ئىچىدىن يېنىپ كېتىپ باراتتى.
جامالىدىن بۇ يىل ئەتىياز بايغا چاڭگۈلۈك تورغاندا مۇنداق كېلىشكەندى: باي ئۇنىڭ ھەققىگە بىرقۇر ماتا كۆڭلەك - تامبال، تۆت خو ئاشلىق، بىر تاي بەرمەكچى بولغان. ئۇ تاينىڭ ئورنىغا مۇشۇ غونان ئۈكۈزنى كۆرسەتكەن، شۇ چاغدا جامالىدىن غونان ئۈكۈزنى كۆرۈپ ئىككىلىنىپ قالغانىدى. چۈنكى، ئۈكۈز شۇقەدەر ئورۇق ئىدىكى، ئارانلا يەر دەسسەپ تۇراتتى. ئۈچ - تۆت ئايدىن بېرى ئۈكۈزنىڭ ئىچى سۇرۇپ قانچە قىلسىمۇ توختىماي، جېنى ئارانلا قالغانىدى. باي ئەنە شۇ ئۈكۈزنى بېرىپ قۇتۇلماقچى بولغانىدى.
جامالىدىن ئۈكۈزنىڭ چوڭلۇقىغا قىزىقىپ، ئۆلەرمەنلىكىدىن يالتىيىپ ئىككىلىنىپ قالغاندا، باي:
— قورقما، كېسەل باشقا، ئەجەل باشقا، تۈزۈلۈپ كەتسە بىرنەچچە تاينىڭ پۇلىغا يارايدۇ، — دېدى.
— تۈزۈلۈپ قالسىغۇ، سىلى ئېيتقاندەك ناله گۆش، بولمىسا سەككىز - توققۇز ئايلىق ئىش ھەققىم شامالغا ئۇچۇپ

كەتمەمدۇ؟

— ئۆكۈزنى ئۆزۈڭ بىلەن بىللە جاڭزىغا ئېلىپ كېتىدسەن، كەچ كىرگۈچە ئوتلايدۇ، ئاخشىمى - ئەتىسى ئاتلاردىن ئاشقان بوغۇز بىلەن باق، ئەجرى تاپسا ئالامەت مال بولىدۇ بۇ.

جامالىدىن ئۆكۈزنىڭ بويىغا قىزىقىپ قالغانىدى.

— ئالسام ئالاي، پېشانەمدىن كۆردۈم، — دېدى جامالىدىن بايغا قاراپ، — ئۇنداق بولسا، گەپنى جىلىڭ، پىششىق قىلايلى. ناۋادا پەلەك ئوڭغا تارتىپ بۇ جىنازىغا جان كىرىپ قالسا، كۆز قىزىرىدىغان ئىش بولماس.

— توختام تۈزىمىز ئەمەسمۇ، توختام، تۇل خوتۇننىڭ بالىسى دەپ راپاۋەت قىلغاننى بىلمەيدىكەنسىنا. ئەخمەق بالا، — دېدى باي ئۆكۈزدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى ئويلاپ.

شۇ بويىچە بىر - ئىككى مۆتىۋەرنىڭ ئالدىدا خەت توختام قىلىنىپ پۈتۈشكەنىدى.

جامالىدىن كىشىلەردىن ئاڭلىغىنى بويىچە ئۆكۈزگە ھەركۈنى بۇغداي كېپىكىگە تۇزنى ئۆتكۈزۈپ ئاداپ چېلىپ، تېرىقتەك كۆكتاشنى سوقۇپ، ئاداپقا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈپ تۇردى. زېرىكمەي بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت باققاندىن كېيىن، ئۆكۈزنىڭ ئىچى سۈرۈشى سەللىمازا ساقىيىپ، كۈندىن - كۈنگە سەمرىشكە باشلاپ، بۈگۈنكىدەك باينىڭ كۆزىنى ئەمەس، ئەمەلدارنىڭ كۆزىنى قىزارتقۇدەك ھالغا كەلگەنىدى. جامالىدىننىڭ كۈنلىرىمۇ ئاز قالغان، سامانىنى توشۇۋەتسە قالغان ھەققىنى ئېلىپ كەتمەكچى، غوجان ئۆكۈزنى سېتىپ بۇ يىل قىش كىچىك ئانىسىنىڭ ئۆيلىنىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرەتتى. قېرىشقاندەك ماۋۇ پېشكەللىكنى قارىمامدىغان.

جامالىدىن ئەختەمباينىڭ ھەشەمەتلىك دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئاتتىن ئىرغىپ چۈشتى - دە، ئۇنى دەرەخكە باغلاپ قويۇپ ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ھويلا ئىچى جىمجىت

AltunOq

بولۇپ، ئاربلاپ ئاتنىڭ پۇشقۇرغىنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
«ياخشى، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئۆكۈزۈمنى تېخى شەھەر-گە ئېلىپ كەتمەپتۇ» ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى - بەدىنى غەزەپتىن تىترەپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇراتتى. يۈزلىرىمۇ تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۇياق - بۇياققا قارىدى، كۆزىگە ھېچكىم چېلىق-مىدى. «ئۆيگە كىرەيمۇ ياكى مەشەگە چاقىرايمۇ، — دەپ ئويلاناقتا ئىدى ئۇ، — نېمىشقا چاقىرىمەن، ئۆكۈزۈمنى ماڭا بەر - سۆز قىلماي ھەيدەپ كەتكەنىكەن، ئۇنداقتا مەنمۇ ئۆزۈم-نىڭ مېلىنى ئۇلارنى چاقىرىپ سوراپ ئالاتتىممۇ؟ ھەرگىز چاقىرمايمەن. مەنمۇ ھەيدەپ كېتىۋېرىمەن، شۇنداق قىلغىنىم يوللۇق. تايىنلىق ئۆكۈزۈم قوتانىدۇر.»
جامالىدىن ئۇدۇل قوتانغا قاراپ ماڭدى. ئۇنى دېرىزىدىن كۆرۈپ قالدىمۇ ياكى ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىدىمۇ ئەختەمباي ئۆي-دىن چىقىپ قالدى. جامالىدىن ئاچچىقى بىلەن بايغا بىر قارىدى -دە، قوتانغا قاراپ ماڭغۇەردى. باي ئۇنىڭ ئەلپازىنىڭ ئوساللىقى-نى كۆرۈپ، سەل چۆچۈپ قالدى، ئەمما زورىغا كۇلۇمسىرىدى.
— توختا بالام، خوش، بۇياققا كەپسەن، ئۆيگە كىر، — دېدى ئەختەمباي يېنىك قەدەم تاشلاپ كېلىپ.
جامالىدىن توختىدى، لېكىن ئۇنىڭ چىرايىدا قان قالمى-غان، پۈتۈن بەدەنلىرى جالاقلاپ تىترەيتتى.
— ئەمەلدار بولسا بۇلىۋالىدىغان ئىشمىكەن؟ مەن ئۆكۈ-زۈمنى ئېلىپ كەتكىلى كەلدىم، ئېلىپ كېتىمەن!
— راست، ئۆكۈز سېنىڭ، بۇنى ھەممە بىلىدۇ، لېكىن جاڭ جۈنگۈەنگە كېرەك بولۇپ قاپتۇ...
— كېرەك بولۇپ قالسا، ئەكېتىۋېرىدىغان گەپمىكەن، بۇغۇ ئۆكۈز، ئەنە ئاۋۇ چۈجە - خورازنىڭمۇ ئىگىسى بار.
— ئۇ دېگىنىڭ توغرا بالام، جاڭ جۈنگۈەن سىڭلىسىنىڭ توينى قىلماقچىكەن، سېنى ئوبدان رازى قىلىمەن، دەيدۇ.

— ئۆكۈزۈمنى ئېلىپ كەتكەن سىلى ئەمەس، باي ئاتا، سىلى بۇ ئىشقا ئارىلاشمىسىلا، ئۆكۈزۈمنى ئۇ قانداق ئېلىپ كەتكەن بولسا، مەنمۇ شۇنداق ئېلىپ كېتىمەن. ھېلىغۇ سىڭلىسىنىڭ تويىنى قىلىدىكەن، ئانىسىنىڭ تويىنى قىلسىمۇ ئۆكۈزۈمنى بەرمەيمەن! ئەمەلدارلار ماڭا ئۆكۈز بېقىشىپ بەرمىگەن.

شۇ ئەسنادە ۋاڭ - چۇڭنى ئاڭلاپ، ئۆيدىن جاۋ جۇڭگۇەن چىقىپ قالدى - دە، جېدەلنىڭ چوڭى چىقتى. ئىككى ئوتتۇرىدا ۋارقىراش، تىللىشىش باشلاندى ھەتتا جۇڭگۇەن بىر پاي ئوقمۇ ئاتتى.

## 2

ئەنۋەر ئەپەندى قىشنىڭ ئۇزاق كېچىلىرىنى ئۆزىنىڭ يېڭى دوستلىرى بىلەن مۇڭدىشىپ - سىردىشىپ ئۆتكۈزىدىغان بولدى. ئۇنىڭ دوستلىرى كۆپىيىپ قالدى. يېڭى دوستلار بىلەن ئۆتىدىغان قىزىق سۆھبەتلەر كۆپىنچە ئۆزىنىڭ ياتىقىدا، بەزىدە كېۋېرنىڭ ئۆيىدە بولاتتى، سۆھبەتكە كېلىدىغانلارمۇ ئۆز قەرەلىدە كېلىپ تۇراتتى.

بۇ يىل قىش ئادەم ئىككىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئەختەمباي ئۇنى مەكتەپكە بېرىشتىن توختاتتى.

— قورۇنىڭ ئىشلىرىغا ئۈلگۈرەلمەس بولۇپ قالدىڭ، ساۋاتىڭمۇ چىقىپ قالدى، قالغىنىنى ئۆزۈڭ تېپىۋالىسەن، ئەقىللىق بالىغۇسەن، — دېدى. باينىڭ بىر يىلدىن ئۇشۇقراق تېۋىپقا داۋالىتىشى بىلەن ۋارىسجاننىڭ سەۋدايىلىقى ئوڭلىنىپ قالغانىدى. ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ مەكتەپكە بېرىشىنىڭ ھاجىتى قالمىدى. ئۇنىڭ ۋارىسجانغا يېرىم كۈن ھەمراھ بولۇپ مەكتەپكە بارغانلىق ۋاقتىنى باي كېچىسى جۇۋاز ھەيدىتىپ تۆلىتىۋالغانىدى، ئادەم باينىڭ خۇپىيانە سىرىنى بىر چۈشەن-

گەن، مانا ئەمدى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندى. گايىتنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ ناھايىتى توغرىلىقىنىمۇ ئۇ تازا ئېنىق بىلدى. مانا مۇشۇ ئىشتىن كېيىن نادەم ئەنۋەر ئەپەندىنىڭ ياتقىغا پات - پاتلا كېلىپ پاراڭلىشىدىغان بولۇپمۇ قالغانىدى. باشقىلارمۇ ئەپەندىنى كۆپ يوقلايدىغان، ئىززەيدىغان بولدى.

ئۇلار بۈگۈن كېۋىرنىڭ ئۆيىدە تا يېرىم كېچىگىچە قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

جامالىدىن كېۋىرگە قاراپ:

— كېۋىركا، بۈگۈن پەيزىلىك يوقتەك تۇرىدىغۇ، كەم بولۇپ قالدىمۇ نېمە؟ — دېدى.

— ئىككى چىنە بوزىغا ئېغىز تەگمىسە، — دېدى گايىت كۈلۈپ، — بۇنىڭ پەيزى ئۇچۇپ كېتىدۇ - دە.

— ھە، بىز دۇنيانىڭ ھەممە نېمىسىدىن كەچكەن ئادەم مانا، ئالدىڭلارغا بىر چىنە چاي قويالمايمىز يا يۇگۇرۇپ قوپۇپ چاي قاينىتىپ بېرىدىغان خوتۇن يوق، — دېدى كېۋىر بۇرۇتىنى سىلاپ تۇرۇپ، — بىزگە خوتۇنمۇ شۇ، بالا - ۋاقىمۇ شۇ، ئۆي - جاھانمۇ شۇ دېگىنە، بۇزىدىن باشقا نېمەم بار ئەمدى؟

— كېۋىركامىنىڭ تەركىدۇنياچىلىقىنى تاشلاپ ئىچكۈلۈككە يېقىنمۇ كەلمەيدىغان چاغلىرى كېلىدۇ، ئۇ چاغدا بوزاڭنى زورلاپمۇ ئىچكۈزەلمەيسەن، — دېدى ئەنۋەر مەنىلىك قىلىپ.

— توغرا ئېيتتىڭ ئۇكا، جاھان تۈزەلسە، بىزمۇ تۈزۈلۈپ كېتىمىز، — دېدى كېۋىر.

ئەنۋەر ئەپەندى: جاھاننى بىرى تۈزۈپ بەرمەيدۇ، ئۇنى تۈزەيدىغان سەن بىلەن بىز دېمەكچىدى، بىراق نېمىشقىدۇر توختاپ قالدى.

گايىت دېدى:

— كېۋىر، جامالىدىن ھېلىقى ھەربىي ئەمەلدارنى راسا كېلىشتۈرۈپ ئوخشاتقان كۈنى، سېنى جامالىدىننىڭ سالامەتلى-

كى ئۇچۇن دەپ تازا ئىچتى دەيدىغۇ؟

— راست ئاداش، راست، خۇشاللىقىمدا راسا ئىچىپتىمەن، — دېدى ئۇ جامالىدىنغا قاراپ.

— بۇگۇن نادەم كېلەلمەمدۇ نېمە، مۇشۇ چاغقىچە يوق، — دېدى ئەنۋەر بىتاقەت بولۇپ، ھەممىنىڭ كۆزى ئىشىكتە ئىدى.

كېۋىر جامالىدىنغا قاراپ:

— ئۇكا، خەقلەردىن يېرىم ياتا ئاڭلىدۇق، ئۆز ئاغزىڭ بىلەن بىر ئېيتقىنە، ھەربىي ئەمەلدارنى زادى قانچىلىك ئوخشىتالىدىڭ؟ — دېدى.

— مەن ئوخشاتقاچقا، سەن ئىچكەنسەن، — دېدى جامالىدىن. باشقىلار پاراققىدە كۈلۈپ كەتتى.

ئەنۋەر ئەپەندى سۆھبەتنى كۆڭۈلدىكىدەك باشلىۋېلىش ئۈچۈن ھېلى ئېيتىلغان سۆزلەرنى تەكرارلاپ دېدى:

— قېنى، جامالىدىن سۆزلىگىنە، ھەربىي ئەمەلدار ئۆكۈزۈڭنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، زادى نېمە ئىش بولدى؟

يۈرەكتىن ئۇرغۇپ چىققان تەقەززالىق بىلەن ھەممە ئۇنىڭ ئاغزىغا قارىدى. جامالىدىن ھەم كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان ھەم غەزەپلەندۈرىدىغان ئىشنى سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىنەمدىن سامان توشۇۋاتقان مەزگىلىم ئىدى. بىر كۈنى سامان بېسىلغان ھارۋىنى ھەيدەپ جاڭزىغا كەلسەم، باي تەلەتى سۆرۈن بىر ھەربىي ئەمەلدار بىلەن جاڭزىغا كەپتىكەن، ھەربىي ئەمەلدارنىڭ كۆزى مېنىڭ ئۆكۈزۈمگە چۈشۈپ، ئۇنى ھەيدەپ كېتىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ بېشىمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. ھارۋىدىن ئاتنى چىقىرىپ ياۋداق مىندىم ـ دە، مەھەللىگە ئۇچقاندەك يېتىپ باردىم. ئەلپازىمنى بۇزۇپ ئەختەمباينىڭ قورۇسىغا كىردىم. ھېلىمۇ ياخشى ئۆكۈزۈمنى تېخى شەھەرگە ئېلىپ كەتمىگەنىكەن. باي پەيدا بولۇپ:

— بالام، ئۆكۈزۈڭنى جاۋ جۇنگۇەن ھەيدەپ كەلدى، تويغا سويماقچىكەن، سېنى ئۇبدان رازى قىلىمەن، دەۋاتىدۇ. جېدەل چىقارما، ئۆزۈڭنى ئايا، ھازىر ئۇلارغا گەپ قىلىش بۇياقتا تۇرسۇن، تىكىلىپ قاراپ قويساڭمۇ تۇتىدىغان بولۇۋالدى. ئۇ سېنى رازى قىلمىسا مەن رازى قىلاي، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا مال بېرەي، سەن جاڭزىغا كېتىۋەر، گەپ قىلما بالام، گېپىمنى ئاڭلا، — دېدى.

— ئەمەلدار بولسا بۇلىۋالىدىغان گەپمىكەن، ئۆكۈزۈمنى ھەرگىز بەرمەيمەن، ئۆز مېلىمغا ئۆزۈم ئىگە بولالمامدىم، — دېدىم - دە، قوتانغا قاراپ ماڭدىم. ئۆڭسىلى ئۆچكەن باي ئالدىمنى تورىۋالدى:

— ئۇنداق قىلما بالام، جاۋ جۇنگۇەن چىقىپ قالسا جېدەل-نىڭ چوڭى چىقىدۇ.

قورۇدىكى ۋاڭ - چۇڭنى ئاڭلاپ، ئۆيدىن جاۋ دېگەن ھەربىي ئەمەلدار چىقتى. ئۇ پېشايۋاندا تۇرۇپ، بىزگە مەڭسىتـ-مىگەن نەزىرىدە قاراپ:

— ھە، نېمە گەپ بۇ، بۇ كىم بولىدۇ، — دېدى. باي:

— بۇ، ئۆكۈزنىڭ ئىگىسى، جاڭزىدىكى جامالىدىن دېگەن بالا، ئۆكۈزۈمنى كىم ئالدى، ئۇقۇپ باقاي، دەپ كەپتۇ، — دېدى.

— ئۆكۈزنى مەن ئالدىم، ماڭا كېرەك بولۇپ قالدى، — دېدى جۇنگۇەن، — سەن كېتىۋەر، كېيىن ھەققىڭنى بېرىۋې-تىمەن.

— ئۆكۈز ماڭىمۇ كېرەك، ئۇنىڭغا كىمنىڭ كۆزى چۈش-سە ئەكېتىۋېرىدىغان ئىش نەدە بار ئىكەن، سىزنىڭ قانۇنىڭىزدا شۇنداق دېيىلگەنمۇ يا؟

— سەن تېخى ھالىڭغا باقماي قانۇندىن گەپ ئاچىسەنغۇ، ساڭا قانۇندىن گەپ ئېچىشنى كىم قويۇپتۇ. مالىڭ يوگۇر، مالاي-

لىقمىنى قىل!

ئاچچىقىم شۇنداق كەلدىكى، «سىز» لەشنى قويدۇم:

— قېنى ئېيتقىنە، قانۇندا پۇقرالارنىڭ مال - مۈلكىنى ئەمەلدارلار خالىغانچە تارتىۋالسا بولۇۋېرىدۇ، دېيىلگەنمۇ؟ — دېدىم.

ئۇنىڭ جان - پېنى چىقىپ كەتتى:

— ئاغزىڭغا كەلگەننى جۆيلىمە!

— سەنمۇ خىيالىڭغا كەلگەننى قىلما!

— يوقال هارىمى! جېدەل تېرىساڭ ساڭا ياخشى ئاقىۋەت يوق!

— مەن مۇشۇ قورۇنىڭ مالىيى، نەدىن كەلدىڭ، ئاۋۋال سەن يوقال! سەن يوقالساڭ مۇشۇ جېدەلمۇ بولمايتتى.

ئىككىمىز ۋارقىرىشىپ - تىللىشىپ كەتتۇق. جۇنگۇەن پېشايۋاندىن چۇشمەي قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ جان - جەهلى بىلەن سۆزلىمەكتە ئىدى. ئەختەمباينىڭ چىرايى تاتىرىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي ئۇياق - بۇياققا ماڭاتتى، هېلى جۇنگۇەننىڭ ئالدىغا، هېلى مېنىڭ ئالدىمغا كېلەتتى، لېكىن نېمە دېيىشنى بىلمەيتتى، ئېغىزىنى گەپكە ئۆمەللەتتىيۇ، توختاپ قالاتتى. قورۇنىڭ تاملىرىدىن ئۇچۇپ چىققان ۋاڭ - چۇڭنى ئاڭلاپ، سىرتتا تۇرۇپ گەپ تىڭشاۋاتقان كىشىلەر قورۇغا بىر - بىرلەپ كىرمەكتە ئىدى.

— مېنىڭ مېلىمنى ئەكېتىدىغانغا سېنىڭ نېمە هەققىڭ بار، بىراۋنىڭ مېلىغا زورلۇق قىلىشقا شۇنچە سۆلىتىڭ بىلەن يۈزۈڭ قانداق چىدىدى، هەي نا ئەهلى، — ئادەمنىڭ غەزىپى كەلسە كۆزىگە هېچنېمە كۆرۈنمەيدىكەن، ئۇنىڭ مۈرىسىدىكى ۋالىلداپ تۇرغان بەلگىلەر، مەيدىسىدىكى مېدالىلار، بىلىدىكى قاپلىق تاپانچىلىرى كۆرۈنمىدى.

— ئاغزىڭغا بىقىپ سۆزلە، هارىمى، — دېدى ئۇ بىگىز

بارمىقى بىلەن مېنى جۈنۈپ تۇرۇپ، — ھېلى كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن جۇمۇ، مېنى بوش چاغلىما. . .

— سېنىڭ ئۆمرۈڭ كىشىلەرگە مۇشۇنداق زورلۇق قىلىش بىلەن ئۆتۈپتىكەن - دە،

— ئەستاغپۇرۇللا. . . ئېغىرلىق قىلغاننى بىل، ھېلى پۇشايمان قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالىسەن!

ئۇنىڭ چاشقاننىڭكىدەك كىچىك كۆزلىرى يېنىپ، كۆتمەك بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېرىلدى، بىر ئورۇندا تۇرالماي تېپچەكلەپ، يەر تېپىپ، ئۇياق - بۇياققا تاشلىنىپ غالۋارىدى، بويۇن تومۇرلىرى بىرلىك كۆپتى. مەن، ئۆزۈمنىڭ مېلىنى نېمىشقا سەندىن سوراپ ئالاتتىم، دېدىم - دە، ئۇنىڭ پوپوزىلىرىغا قارىماي قوتان تەرەپكە ماڭدىم.

— توختا، — دېدى ئۇ پېشايۋاندىن چۈشمەي، — بىلىپ قوي، قولغا چۈشكەن مالنى مۇنداق ئاسانلا بېرىۋېتىدىغان جاۋ جۇڭگۇەن تېخى تۇرەلمىگەن. قېنى، قوتاندىن ئۆكۈزنى ئاچىقىپ باققىنە، مەن بىر كۆرەي!

مەنمۇ بوش كەلمىدىم:

— ئۆزى ئەجىر قىلىپ، بېقىپ ئۆستۈرۈپ تەييار قىلغان مالنى بۇلاڭچىغا بېرىۋېتىدىغان جامالمۇ تېخى تۇرەلمىگەن، سەنمۇ بىلىپ قوي، موللام ماڭا مۇنداق ئۆگەتمىگەن!

— ياھ، قالتىس گەپلەرنى قىپسەنا، جۈرئەتلىك يىگىت بوپسەن جۇمۇ سەن، — دېدى ھاياجانلانغان گايىت پانپېشىغا ئۇرۇپ.

ئەمەلدارنىڭ مۇتىھەملىكىدىن ئاچچىق ئۇچىيىمگە يىغىلىپ قالغان گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئايىماي چىقاردىم. ئەمەلدار زەھەر يۇتقان ئىلاندەك تولغىنىپ، ئاغزىغا كەلگەن گەپلەرنى چىقىرالماي چىچاڭشىپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن ئۆزىنى بىرقۇر ئوڭشاپ دېدى:

— ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ژۆي هايۋان! . . . هەممىڭ هايۋان! . . . يوقىلىش كۆزۈمدىن رودۇپايلار! . . .

جامالىدىنغا بولدى قىل، گەپ قىلما، دەپ شەرەت قىلىۋاتقان كىشىلەر جۇنگوەن قولىنى تاپانچىسىغا ئاپىرىشىغا كەينىگە داجىدى.

— خەلقنىڭ شىللىسىگە مىنىۋالغان، قېنىنى شورايدىغان سەندەك ئۆلەرمەنلەرنى رودۇپاي دېسە بولىدۇ، كىشىنىڭ مىلىغا بىسوراق چاڭگال سالغان ئادەمنى هايۋان، ياۋۇز بۆرى دېيىش كېرەك، ئۇقتۇڭمۇ ئوغرى، بۇلاڭچى!

— يارايسەن، ئوغۇل! مۇشۇنداق تىغدىن ئىتتىك گەپلەرنى قىلىپ ئۆلۈپ كەتسەڭ نېمە ئارمان! — دېدى كېۋىر تاماكىسىنى قاتتىق شوراپ، — قورقۇش دېگەن خىيالىڭغىمۇ كەلمەپتۇ - دە.

— ئادەمنىڭ غەزىپى ئۆرلىسە، قورقۇش، ئېھتىيات قىلىش، ئەندىشە دېگەنلەر ئۆزىنى كۆرسىتەلمەيدىكەن.

— ئاغزىڭنى باس هارىمى، كىم بۇلاڭچى - هە! . . . سەن كىمنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتىسەن، هازىر كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن، — دېدى ئۇ تېپىرلاپ ۋە يېنىدىن تاپانچىسىنى سۇغۇرۇپ ئالدى. ئەختەمباينىڭ ئۆڭى ئۆچتى - دە، جۇنگوەننىڭ ئالدىغا باردى.

— ئۇنداق قىلماڭ، جاۋ جۇنگوەن، ئۇنى كەتكۈزۈۋېتەي، خۇدا هەققى ئۇنداق قىلماڭ، ئۇ تۇل خوتۇننىڭ يالغۇز ئوغلى، ياشلىق قىلىپ. . .

ئۇ ئەختەمباينىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا پىسەنت قىلماي تاپانچىسىنى ئاتتى، بىراق ئاسمانغا قارىتىپ ئاتتى. يىغىلغان ئادەملەر تاپانچىنىڭ ئۈنىنى ئاڭلاپ هويلىدىن دۇررىدە چىقىپ كېتىشتى. بىراق، مەن ئورنۇمدىن قوزغالمىدىم. ئاتسالڭ ئاتارسەن، مۇنداق خارلىنىپ ياشىغاندىن كۆرە، ئۆلگەنمۇ ياخشىغۇ، دەپ

ئويلىدىم.

ئۇلار جامالىدىننىڭ گېپىگە تازا بېرىلىپ، قىزىشىپ ئولتۇرغاندا، ئىشىك ئېچىلىپ نادەم كىرىپ كەلدى.

— تازا كېچىكتىڭغۇ؟ — دېدى بىرى.

— باي كۆلەڭگە بولۇۋېلىپ قوزغىلالمىدىم، چىراغنى ئۆچۈرۈپ ئۆزۈندىن كېيىن ماڭدىم، — دېدى نادەم ئىشىك تۈۋىگە جايلىشىپ. نادەم ئولتۇرغانلارغا ئاستا قارىدى، ھەممىسىنىڭ چىرايىدا جىددىيلىك، قىزىقىش يېنىپ كەتكەنىدى.

جامالىدىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— شۇنداق قىلىپ، ئۇ پېشايۋاندىن چۈشۈپ مەن تەرەپكە ماڭدى. «مېنى ئىككى كاچات ئۇردى - دە، بوپتۇ، ئۇرسا ئۇرسۇن، بىر باش بىلەنلا ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويۇپ، راسا سالاي، دەردىمنى چىقىراي، ئاندىن قېچىپلا كەتسەم بولىدىغۇ، ئۇ مەندىن ئۆكۈزنى ئالغانغا خوش، مەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلغانغا خوش بولمامدىم» دەپ ئويلاپ تۇرسام، نەدىندۇر ئاپام كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ياش يۇقى ئىدى.

— ۋاي جېنىم بالام، ساق ئىكەنسەنغۇ، يۇر كېتەيلى، بولدى ئۆكۈزۈڭدىن كەچ. ماڭ بالام، «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دەپتىكەن، ھېلىمۇ ساق قاپسەن، بىر ئۆكۈزنى دەپ ئۆزۈڭنى سېلىپ بېرەمسەن، — ئاپام قاقشاپ تۆكۈلۈپ تۇراتتى، — ئۇلار بىلەن تەڭ بولغىلى بولامدۇ، ئەزىز بېشىڭ ئامان بولسا، ئۇنداق ئۆكۈزدىن نەچچىنى تاپىسەن، — دەپ يالۋۇرغىلى تۇردى. ئاخىرى ئاپامنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ قورۇدىن چىقتىم ۋە باغلاپ قويغان ئاتنى يېشىپ ئاپام بىلەن كەتتىم. ئادەم ئاننىڭ زارىغا چىدىمايدىكەن.

— شۇنداق قىلىپ، سەككىز - توققۇز ئاي باققان، ھەققىمگە بېرىلگەن تامدەك ئۆكۈزۈمدىن ئايرىلىپ قالدىم. بولغان ئىش مۇشۇ. دۇنيادىن قۇل بولۇپ ئۆتىدىغان ئوخشايمىز، —

جامالىدىن سۆزىنى توختاتتى ـ دە، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ھەم غەزەپلەنگەن ھەم مەيۈسلەنگەن كۆزلىرىنى سەپداشلىرىدىن قاچۇرۇپ يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— شۇدە! — دېدى كېۋىر موخوركىسىنى قاتتىق شوراپ، — مەن شۇنىڭ ئۈچۈن ئىچىمەن ئەمەسمۇ؟ باش ـ ئۈچى يوق چىگىش خىياللار مېنى ئىچكۈزىدۇ. زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى نەدە زادى؟ كۆردۇڭقۇ، مەھەللىمىزنىڭ ئەتىۋارلىق قىزى نومۇسنى دەپ سۇدا ئۆلدى، ئۇنىڭ يىگىتى ئوقتا ئۆلدى. يەنە قايسىمىز نېمە ئىشتا، قانداق قاپقانلاردا ئۆلىمىز، بۇنى كىم بىلىدۇ؟ ئۆلگەنلەر ئۈچۈن يىغلىدۇق، قاقشىدۇق، لېكىن ئىنتىقام ئالىدىغان ئەر چىقمىدى. بۇ قاراڭغۇلۇقنى يورۇتىدىغان چىراغ يوق ئوخشايدۇ، دەردىمىزنى ئىچىش، چېكىش، ئىچىۋېلىپ ناخشا ئېيتىش، مۆرىتى كەلسە جامالىدىنغا ئوخشاش ئەمەلدارلارنى تىللىۋېلىش بىلەن چىقىرىدىغان ئوخشايمىز!

ئۇنىڭ كۆكەرگەن كالپۇكلىرى تىترەيتتى، ئۆسكىلەڭ ساقال ـ بۇرۇتى تىك ـ تىك بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ كۆك تاماكىسىنى يەنە ئورىدى ۋە ئەلەم بىلەن شورىدى. ئۇنىڭ ئېغىز ـ بۇرنىدىن كۆپكۆك ئاچچىق ئىس بۇرۇقتۇم بولۇپ ئېتىلىپ چىقتى.

— بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس كېۋىركا، — دېدى ئەنۋەر ئەپەندى ئۇنىڭغا قاراپ، — ھەممىمىزنىڭ بېشىدا دەرد ـ ئەلەم بار، دەرد ـ ئەلەمگە چىدىماي ھەممىمىز تەركىدۇنيا بولۇپ كەتسەك بولامدۇ؟ سەن مىڭ تەركىدۇنيا بولۇپ، ئىچىۋېلىپ خىيالنىڭ پەيزىنى سۈرگەن بىلەن يەنە بەربىر ئەركىن ئادەم ئەمەسسەن ـ دە، يەنە باينىڭ ئالدىغا بارىسەن، يەنە شۇنىڭغا ئىشلەيسەن، شۇنىڭ دېگىنىنى قىلىسەن، سەن خالىساڭمۇ، خالىمىساڭمۇ ئۇ ساڭا دېگىنىنى قىلدۇرىدۇ. بوزخانا سېنى سېھىرگەر قىزدەك ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا پۇل

Altun0q

كېرەك، تىرىكچىلىك كېرەك، شۇ چاغدا يەنە شۇلارنىڭ قاپقىنىغا، چىشىنىڭ ئېقىغا قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

تالادا شىۋىرغان ئەدىمەكتە ئىدى. ئۇ قار ئۇچقۇنلىرىنى قەغەز چاپلانغان دېرىزىگە ئۇراتتى، ئۆي ئىچىمۇ ئاستىلاپ سوۋۇپ باراتتى. كېۋىر جەينىكىنى يەرگە تىرەپ، ئېڭىكىنى ئالىقىنىغا قويۇپ يانپاشلاپ ياتاتتى. گايىت تامغا يۆلىنىپ ئەنۋەر ئەپەندىگە قاراپ ئولتۇراتتى. جامالىدىن بولسا نېمىلەرنىدۇر ئويلاپ كۆزىنى بىر نۇقتىدىن ئالماي تىپتىنچ قېتىپ قالغاندەك ئولتۇرۇپ قالغانىدى.

تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان نادەممۇ خىيالغا كەتكەن: جاھان نېمىشقا تۈزەلمەيدۇ، ھەممە ئادەم كېۋىركامدەك بولۇپ كەتسە، جاھاننى كىم تۈزەيدۇ؟ ئاكامۇ ھېلىقى «قانلىق ياشلار» دېگەن ئويۇننى بىكارغا قويمىغاندۇ؟ ئەمەلدارلارنىڭ، بايلارنىڭ قىلمىشلىرىنى چۈشۈپتىكەنغۇ، ئۇمۇ جاھاننى تۈزەيمەن دەپ ئويلىغانمىدىكىنە؟ ئاكامنى تۇتۇپ شەنگەن يامۇلغا سولىغاندا، كىشىلەر «نېمىشقا ئۇنى تۇتۇشىلەر، نادىر راستىنى يازدىغۇ» دەپ ئۇ يەرگە بارالمىدى؟ بوزەك بولغانلارغا ئىچ ئاغرىتىپ، بوزەك قىلغانلارغا غەزەپلىنىپلا يۈرەمدۇق؟ زادى بۇنىڭ نېمە چارىسى بار؟

ئۇنىڭ تېخى تازا چوڭقۇر يېشىلمىگەن سوئاللىرى كۆپ ئىدى. شۇڭا ئۇ: «ئەنۋەركام بىرنېمە دەر، ئۇنىڭغا ئەگەشسەك، بىر گەپ بولار» دەپ ئويلىدى ـ دە، ئەنۋەر ئەپەندىگە ئۈمىدلىك كۆزى بىلەن تىكىلدى.

كېۋىرنىڭ كىچىك ئۆيىدە بىر پارچە تىتىلىپ كەتكەن كىگىز، بىر يوتقىنى، بىر قۇم قازان، بىر قۇم چۆگۈن بولۇپ، مورا ئوچاقتا كۆل باسقان بىر ھۆل كۆتەك تۇراتتى، مورا بېشىدا قارا چىراغ نىمجان ئاسلانىنىڭ كۆزىدەك پىلدىرلاپ ياناتتى.

ئەنۋەر سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— كۆنلەر مانا مۇشۇنداق ئېغىر ئۆتمەكتە. قاراڭلار كېۋىركامنىڭ ئۆيىنى، مۇشۇمۇ ئۆي بولدىمۇ، تۇرمۇش بولدىمۇ؟، كەمبەغەللەر تىنىم تاپماي ئەمگەك قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ راھىتىنى كىم كۆرۈۋاتىدۇ؟ بىز نېمىشقا كەمبەغەللىكتىن باش كۆتۈرەلمەيمىز؟ نېمىلا بولسا، تەقدىر ـ تەقدىر دەيدۇ، تەقدىرگە تەن بەر دەيدۇ، بۇ قانداق تەقدىر؟ ئەمگەك قىلغان ئادەم ئۇنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋىتىنى كۆرمىسە، ئەمگەك قىلمىغانلار تەييارغا ھەييارلىق قىلسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلسا، بۇ قانداق تەقدىر؟ بىر ئادەم ناھەقتىن ـ ناھەق بوزەك قىلىنسا، ئۇرۇلسا، ئۆلتۈرۈلسە، يەنە بىرى زورلۇق قىلسا، بىرۋانىڭ ئەجرىگە چاڭگال سالسا، خۇددى ھېلىقى ھەربىي ئەمەلدارلارغا ئوخشاش جامالىدىنىنىڭ ئۆكۈزىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا تارتىۋالسا، ھەتتا قاتىللىق قىلسا، بۇ ھۆكۈمەت قاتىلنى قوللىسا، مۇكاپاتلىسا بۇنىڭغا قاراپ تۇرۇشقا بولامدۇ؟ بۇنىڭ زادى سورىقى يوقمۇ؟

ئەنۋەر بىر مىنۇتتەك جىم تۇرۇپ قالدى. ھەممىسى ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ، سۆزلىرىنىڭ دولقۇنىدا تەۋرىنىپ تۇرۇشاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى:

— ياق، سورىقى بار، سورىقى بولىدۇ، خەلق قوزغىلىپ زۇلۇمغا قارشى تۇرىدۇ. ھەددى ـ ھېسابسىز تۇرغۇن ئالۋاڭ ـ ياساق، چېكىدىن ئاشقان زورلۇق، زۇلۇم خەلقنى قوزغىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. جامالىدىن نېمىشقا ھەربىي ئەمەلدارنىڭ ھەيۋىسىدىن، ئۇنىڭ تاپانچىسىدىن قورقمىدى؟ زۇلۇم، زورلۇق، كەمسىتىش ئۇنى جانىدىن تويدۇردى، قارشىلىق قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. قارشىلىق كۆپىيىۋەرسە نېمە بولىدۇ؟ بىرلەشكەن قۇدرەتلىك كۈچ بولىدۇ. مانا بۇ سورىقى بولغانلىقى. چۈنكى، بۇنداق كۈچنىڭ ئالدىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ!

چوڭقۇر خىيال بىلەن ئولتۇرغانلار ھەم ھاياجان بىلەن قىزىقىپ، ھەم قورقۇپ ـ چۆچۈپ ئەنۋەرنىڭ ئاغزىغا قاراشتى. كېۋىرنىڭ قولىدىكى تاماكىسى قۇرۇق كۆيۈپ، كۈلى يانپېشىغا چۈشتى. گايىتنىڭ كۆزى ئۆزى تۇيمىغان ھالدا يوغان ئېچىلغان، جامالىدىننىڭ ئاغزى يۇمۇلماي قالغان، نادەمنىڭ خۇشاللىق ۋە ھاياجاندىن كۆز چاناقلىرىدا مۇنچاقتەك ياش يالتىرىغان. چىراغ قاپقارا ئىس چىقىرىپ تۈتەپ يانماقتا، ئىس ۋە تەر پۇرىقى بىلەن تولغان ئۆي ھاۋاسى ھازىرلا پارتلاپ كېتىدىغان لاۋىدەك قىسىلماقتا ۋە چىڭقىلماقتا ئىدى. ئۆي ئىچىدە ئاجايىپ جۇشقۇن كەيپىيات، ئۈمىد ۋە ئەندىشە ئارىلاشقان ھاياجان تەنتەنە قىلماقتا ئىدى. ئەنۋەر ئەپەندى قويىنىدىن ئەختەمباينىڭ خوتۇنىنىڭ سوۋغىسىنى ئېلىپ تىتىلىپ كەتكەن كىگىز ئۈستىگە تاشلىدى.

— كۆردۈڭلارمۇ، مانا بۇ ئەختەمباينىڭ مېنى سىلەرگە قارشى قويۇش ئۈچۈن بەرگەن پارىسى. ئۇ مېنى ئۆيىگە كۆچۈرۈپ ئاپىرىۋالماقچى، بالا قىلماقچى. كەمبەغەللەرنىڭ ئوقۇشىغا، ھەتتا نادەمنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشىغا ياردەم قىلماقچى بولدى. نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ؟ ئۇ ھىيلىگەر! قىبلىدىن سوقۇۋاتقان بورانىنىڭ شەپىسىنى سېزىپ، ئۆزىنى ئىنساپلىق، مەرىپەتچى قىلىپ كۆرسەتمەكچى. ئۇنىڭ بىلەن بىرىنچىدىن، ئادەملەرنى ئۆزىگە تېخىمۇ قاتتىق باغلاپ، بايلىقىنى كۆپەيتمەكچى، يەنە بىر جەھەتتىن، بىزنىڭ بىرلىشىۋاتقىنىمىزنى سېزىپ، بىزنى پارچىلىماقچى، بىر ـ بىرىمىزگە قارشى قويماقچى، بىرىمىزنىڭ قولى بىلەن يەنە بىرىمىزنى بوغماقچى! كەمبەغەلگە شۇنچە غەمخورلۇق قىلغۇسى كەلگەن بولسا، نېمىشقا جامالىدىننىڭ ئۆككۈزىنى بېرىشكە قىستايدۇ ۋە ۋەدە قىلغان مېلىنى بەرمەيدۇ؟ نېمىشقا گايىت، نادەملەرنى ئازراق ھەق بىلەن كېچە ـ كۈندۈز ئىشلىتىدۇ؟ توغرا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھازىر ئۇلارنى ئانچە مەنسىتمەيدىغان، كۆزگە ئىلمايدىغان

بولۇۋالدى، شۇڭا ئۇلاردىمۇ ئانچە - مۇنچە قارشىلىق قوزغىلىدىغان بولۇپ قالدى، بۇ تەرەپلەرنى كۆرۈشمىز كېرەك. ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت چىرىكلەشكەندە، ھىمايىچىلىرىنىمۇ چەتكە قاقىدۇ.

ئولتۇرغانلار پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئەنۋەرنىڭ سۆزىنى بېرىلىپ ئاڭلىماقتا. ۋاقىتنىڭ قانچىلىك ئۆتۈپ، نەلەرگە بارغانلىقىنى ھېچكىم ئويلىغىنى يوق. ئۇلار ئەنۋەر ئەپەندىنىڭ يەنە كۆپرەك سۆزلىشىگە تەقەززا بولۇپ ئولتۇرماقتا ئىدى.

ئەنۋەر ئەپەندى سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئەختەمبايدەك بايلارنىڭ ئۆي‌ يۈز يىلقىلىرى، قورۇ - قورۇ قويلىرى، ئېسىل كىيىم - كېچەك، ئالتۇن - جابدۇقلىرى نەدىن كەلگەن؟ ئۆزلىرى ئىشلەپ تاپقانمۇ؟ ئۇلارنىڭ بىلىنى ئېگىپ قويىماي، قولىنى كەينىگە تۇتۇپ يۈرگەنلىكىنى سىلەر بىلىسىلەرغۇ، ھەممىسى كەمبەغەللەرنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە كەلگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەختەمباينىڭ دادىسى رۇستەمباي ئەسلى كەمبەغەل ئىكەن، ئەمما ناھايىتى ھىيلىگەر ئىكەن. تۆت ئېغىز سۆزنى جايلاپ قىلالىغانلىقى ئۈچۈن، يۈز بېشى بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى قورقۇتۇپ، بۇنىڭغا سىلىق - يۇمشاقلىق قىلىپ مال - دۇنيا يىغىپتۇ. ھىيلە ئىشلىتىپ، ئالدامچىلىق قىلىپ، ئىشلەمچىلەرگە ئاز ھەق بېرىپ، ئاخىرى «باي» ئاتىلىپ كېتىپتۇ. باي بولغاندىن كېيىن ھىيلە - مىكىرنى چۆرۈۋېتىپ، قاتتىق قوللۇققا، زالىملىققا ئۆتۈپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ ئۇنىڭ دۇنياسى ئەختەمبايغا قاپتۇ. ئەختەمباي ئائىلە ئىگىلىكىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ھىيلە - مىكىر، ئالدامچىلىق قىلىش، تورپاقنى چىمدىپ ئۆلتۈرۈش يولىغا ماڭدى. ئىشلەمچىلەرنى ياغلىما گەپلەر بىلەن كۆپ ئىشلىتىپ، ئاز ھەق بېرىپ ئىشلەتتى. مىسالى، گايىتكامنى ئالايلى، گەپ يوق ئىككى كۆنلۈكچىنىڭ

ئىشىنى قىلىدۇ. بازاردىكى كۈنلۈكچىلەر كۈنىگە ئۈچ تەڭگە ئالىدۇ...

— گايىت كۈنلۈكچىنىڭ بەشىنىڭ ئىشىنى قىلىدۇ دەڭا ئەپەندىم، — دېدى كېۋىر كۈلۈپ قويۇپ.

— بۇغداي ئورۇسا، — دېدى ئەنۋەر، — كۈنىگە بەش خودىن، چالغا چاپسا ئالتە يۈتتىن چاپىدۇ، بېدە باغلىسا كۈنىگە مىڭ باغدىن ئوشۇق باغلاپ بولىدۇ. تاغار كۆتۈرسىچۇ؟ ئون پۈتلۈق تاغارنى دەم ئالماستىن هۆكۈمەت سېڭىنىڭ يۈقىرىسىغا كۆتۈرۈپ ئاچىقىدۇ. بوپتۇ، ئىككى كۈنلۈكچىنىڭ ئىشىنى قىلىدۇ دەيلى، بۇ ئالتە تەڭگە بولىدۇ، بىر ئايدا بىرىيۈز سەكسەن تەڭگە بولىدۇ. لېكىن باي ئايلىقىغا يىگىرمە تەڭگە بەرمەيدۇ. هە، مەيلى، يىگىرمە تەڭگە بېرىدىمۇ دەيلى، باينىڭ يانچۇقىغا قانچە تەڭگە چۈشىدۇ؟ بىر يۈز ئاتمىش تەڭگە چۈشىدۇ. بىر يىلدا قانچە تەڭگە چۈشىدۇ، بەش يىل، ئون يىلدىچۇ؟

— ياھ، مۇنۇ هېسابنى قارا، بىز هېچنېمىنى چۈشەنـ مەيدىكەنمىز، — جامالىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — ئەكەلگىنە، كېۋىركا، بىر شورنۇالاي...

— سىغىن سىيىر ئىكەنمىز - دە! — دېدى گايىت پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتۈپ، — ئۇلارنى هۆركۈرەتكەنلەر بىزدەك يالاڭتۆشلەر ئىكەنمىزغۇ... بىز ئازراق هەققە ئىشـ لەپ، ئۇلارنىڭ تۆگە ساندۇقلىرىدىكى ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى بىز تېپىپ بېرىپتىكەنمىز - دە...

ئۆيدىكىلەر قاتتىق هاياجانلانغان، غەزەپلەنگەنىدى. گويا يىراقتا كۆرۈنگەن يورۇقلۇق بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئەنۋەر ئەپەندى قولىغا بىر كىيىملىك رەختنى ئېلىپ پۇلاڭلىتىپ سۆزلىدى:

— ئەختەمباي نېمىشقا مېنى ئۆزىگە تارتتى؟

— ئەلۋەتتە چۈشىنىشلىك ئەپەندىم، — دېدى كېۋىر

بېشىنى لىڭشىتىپ، — بىزنىڭ بېشىمىزنى تۇتتۇپ بېرىشىڭىز. نى تىلەيدۇ. سىز تۇتتۇپ بېرىسىز، ئۇ ساغىدۇ، شۇ، خاتا گەپ قىلىپ قويدۇمۇ يا؟

— توغرا، — دېدى ئەنۋەر، — مۇشۇنداق قىلماقچى!

گايىت ئورنىدىن تۇردى ۋە ئاپئاق لۆڭگىنى قولىغا ئېلىپ:

— بىزنىڭ قولىمىز قاپقارا بولغىنى بىلەن مانا مۇنداق پاكىز رەختلەرنى تاپالايدۇ. باينىڭ سوۋغىسىنى پۇتۇمغا پايتىما قىلىپ سېپستىمۇېتەي! — دېدى. كۆپچىلىك قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— ئەكەلگىنە ماۋۇ سوپۇننى، باش - كۆزۈمنى راسا بىر يۇياي، — دېدى كېۋىرمۇ قول سوزۇپ.

— مە، جامالىدىن، مونۇ رەختنى ئال، — دېدى گايىت جامالىدىنغا رەختنى تاشلاپ، — تويۇڭغا كېرەك بولىدۇ، قېيناتاڭغا تىزۋاسقىغا ياراپ قالار ھېچبولمىسا!

— مە، ئاكا ئىچ، ئەمما پەيتنى تېپىپ ئىچ، — ئەنۋەر پۇلنى كېۋىرگە چۆرىدى.

— ئەمدى چۈشىنىشلىك بولۇۋاتىدۇ، ئەپەندىم، — دېدى كېۋىر شۇنىڭدىن كېيىن، — ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرمىغىچە، ئۇ. نىڭ زۇلمىدىن، زالىملىقىدىن، بۇلاڭچىلىقىدىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ دەڭگا، — ئۇ قىزىپ كەتكەن ئالىقانلىرىنى بىر - بىرىگە سۈركىدى.

— نەق شۇنداق، بوينىمىزغا چۈشكەن سىرتماقنى ئۈزمە. گۈچە ھەرگىز ئەركىن نەپەس ئالالمايمىز. قايسى كۈنى ئېيتىل. غان چۆچەك ئېسىڭلاردا باردۇ؟ تاغدا بۆرىنىڭ دەستىدىن قوي. مۇ، ئېشەكمۇ، ئۆشكىمۇ، توخۇمۇ ئەركىن - ئازادە يۈرەلمەيدى. كەن. ئاخىر ئۇلار بىرلىشىپ بۆرىگە ھۇجۇم قىلىش نىيىتىگە كەپتۇ. بىرى تېپىپ، بىرى ئۈسۈپ، بىرى چوقۇپ بۆرىنى قوپالماس قىلىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇلار ئەركىن

يۇرەلەيدىغان بوپتۇ. خەلقىنىڭ مۇشۇنداق چۆچەكلەرنى چىقىرىش-تىكى مەقسەت - مۇددىئاسى نېمە؟ ئويلاپ باقتىڭلارمۇ، تازا چوڭقۇر ئويلاپ بېقىڭلارچۇ قېنى؟

ئۇلار ئەنۋەر ئەپەندىنىڭ سۆزىنى بېرىلىپ تىڭشىدى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا چىگىشلىنىپ تۇرغان تۈگۈچلەر يېشىلد-ۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئەنۋەرگە نىسبەتەن چىن كۆڭلىدىن رازىمەن-لىك ۋە ھۆرمەت تۇيغۇسى ئۇرغۇپ بارماقتا ئىدى.

— ھە، بۇ سىرتماقمۇ ئۇزۇلەر، بۇنداقمۇ كېتىۋەرمەس، — دېدى گايىت خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ.

ئەنۋەر قاتتىقراق ئاۋاز بىلەن دېدى:

— چوقۇم ئۈزۈلىدۇ؟

نادەم ئۇمىدلىك كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭ جىددىي تۇس ئال-غان چىرايىغا تىكىلدى.

# ئالتىنچى باب

## 1

ئۇ كۆندىكىگە ئوخشاش ئىش كىيىملىرىنى كىيىپ سەھەردە ئىشقا ماڭدى. يەر - جاھان يورۇپ كەتكەن بىلەن قۇياش تېخى چىقمىغان. تۈنۈگۈن قاراڭغۇ چۈشكۈچە كوچىلاردىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزانلار كېچىچە بېسىقىپ، ھاۋا سۈزۈلۈپ كەتكەن. شەھەر ۋاڭ - چۇڭلىرى تېخى باشلانمىغان بولۇپ، شەھەر ئىچى تىنچ ئىدى.

ئۇ يارىشىملىق بۆرۈت قويغان ۋە ھەر قېتىم ساقىلىنى ئالغاندا بۆرۈتىنى قىرقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىش كىيىملىرى باشقا ئىشچىلارغا ئوخشاش مايلىشىپ - كىرلىشىپ كەتمەيتتى. پاكىز ئىشلەيتتى ۋە ئىش كىيىملىرىنى پات - پات يۇيۇپ تۇراتتى. ئۇ ئوزۇندىن - ئۇزۇن ئېگىز كۆملاش تامنى بويلاپ ئېغىر قەدەم بىلەن زاۋۇت دەرۋازىسىغا قاراپ كېتىۋاتىدۇ. بىراق، ئۇنى يولنىڭ چېتىدە يۈز بېرىۋاتقان مۇنۇ بىر ئىش توختىتىپ قويدى.

— نېمە بولدى، ئۇكا؟

— قارىمامسىز، باغدىن ئالما ئەكېلىۋاتسام، مۇنۇ ساقچى، توختا، بۇياققا كەل، دېدى، ئالدىغا كەلسەم، ئالمامنىڭ سەرخىللىرىدىن يەتتە - سەككىزنى ئېلىۋېلىپ پۇلنى بەرمەي زورلۇق قىلىۋاتىدۇ، — دېدى چىرايىدا قان قالمىغان ئون تۆت - ئون بەش ياشلار چامىسىدىكى بالا، — ئۇنىڭ يېنىدا

ئىككى سېۋەت ئالما بولۇپ، بالا ئەپكەشنى تۇتقىنىچە ساقچىغا غەزەپلىك كۆزلىرىنى تىكىپ تۇراتتى.

ساقچى بالىنىڭ سۆزلىرىگە پىسەنت قىلماي، ھەدەپ يوغان بىر ئالمىنى ۋارسىلدىتىپ يەۋاتاتتى.

— كۆردىڭىزمۇ ئاكا، مۇشۇنداق زورلۇق قىلسا بولامدۇ؟ — بالىنىڭ يانغان كۆزلىرىدە يىلىنىش - يالۋۇرۇش، ئۆزىگە ياردەم تىلەش، شۇنداقلا يىغلىۋېتىدىغاندەك روھىي ھالەت ئەكس ئەتمەكتە ئىدى.

ئىشچى كىيىملىك كىشى ساقچىغا بىرنېمە دەي دېگۈچە، ساقچى ئۇنىڭغا قوللىرىنى شىلتىپ گۆلەيدى:

— سەن يولۇڭغا مېڭىۋەر، ئارىلاشما! . . . — ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئىككىنچى ئالمىنى مەيدىسىگە سۈركەپ قويۇپ ئېغىز سالدى.

— ئەرزىگۈدەكمۇ پۇل ئەمەسكەن، ساقچى ئەپەندى، — دېدى ئۇ پەس ھەم سىلىق ئۈن بىلەن، — بېرىۋەتسىڭىز بوپتىكەن. . .

— يوقال كۆزۈمدىن! ساڭا سالاچىلىقنى كىم قويدى - ھە! — ساقچى ئۇنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى.

ئۇ ئۇنىڭ قوپال ھەم ئاھانەتلىك سۆزلىرىگە ئېتىبارمۇ قىلماي، باققال بالىغا قارىدى:

— بولدى، ئۇكا، يولۇڭغا ماڭ، بەش - ئالتە تال ئالمىغا ئۆلمەيسەن، — دېۋىدى، باققال بالا ئۇنىڭغا:

— بىكاردىن - بىكار ئالمىلىرىمنىڭ باش - بۇرنىنى ئۇنىڭغا يېگۈزۈپ قويامدىم؟ — دېدى جىملە بولۇپ.

— بولدى، كەت، بىكار ھېلى ھارام تاياق يەيسەن، گېپىمنى ئاڭلا، ئۇكا، ماڭ دەيمەن، ماڭ. . .

باققال بالا سېۋەتلىرىگە ئەپكەشنى ئۆتكۈزۈپ غودۇڭشىپ، ئاچچىقىدا سېۋەتلىرىنى داۋالغۇتۇپ يۈرۈپ كەتتى.

ئىشچى كىيىملىك كىشى باشقا گەپ قىلماي، خاتىرجەم ئالما يەۋاتقان ساقچىنىڭ ياڭىقىغا كېلىشتۈرۈپ بىر مۇشت سالدى. ساقچى تۇيۇقسىز بېرىلگەن كۈچلۈك زەربىدىن ئارقىسىغا «تىرىڭڭىدە» ئۈچۈپ كەتتى. ئۇ مۇنداق بولار، دەپ قىلچە ئويلىمىغان، ھازىرغىچە مۇنداق زورلۇقلىرى ئۈن - تىنسىز داۋاملىشىپ كەلگەنىدى. لېكىن، ئىشچى كىيىملىك ئادەم بىر مۇشت بىلەن توختاپ قالمىدى. كۆزلىرى يېرىم ئېچىلىپ، ئوڭدىسىغا ياتقان ساقچىنىڭ ئاش بېقىنىغا ئىككى - ئۈچنى تېپىۋەتتى - دە، ھېچ ئىش بولمىغاندەك يولىغا راۋان بولدى. ساقچى ئىچى قاراڭغۇلىشىپ كەتتىمۇ ياكى تاياق قاتتىق تەگدىمۇ، ئىش قىلىپ ھوشسىزلىنىپ سۇنايلىنىپ يېتىپ قالدى.

شەرق قان رەڭگىگە كىرگەندە، قۇياش تاغلار ئۈستىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقتى. قىزغۇچ، قېنىق ھال رەڭ قۇياش شولىسى دەل - دەرەخلەرنىڭ ئۇچلىرىدا ئويناقتا، ئۇنىڭ ئارا - ئارىلىرىدا قۇشقاچلار ۋىچىرلىشىپ، شەھەر ۋاڭ - چۇڭلىرىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە. ئىشچىلار گۇدۇكتىن بۇرۇن زاۋۇتقا يېتىپ كېلىپ ھەرقايسى سېخلارغا كىرىپ بولۇش كېرەك. ئۇلار ئارقىمۇ ئارقا كېلىپ دەرۋازىدا تۇرغان ساقچىغا ئىشچىلىق كىنىشكىسىنى كۆرسىتىپ، زاۋۇت ئىچىگە كىرمەكتە. ئالدىرىشىپ كەلگۈچىلەر بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. گۇدۇكتىن كېيىن قالغان ئىشچىلار ھەرگىز زاۋۇتقا كىرگۈزۈلمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بىر كۈنلۈك ئىش ھەققىمۇ بېرىلمەيدۇ، بۇ زاۋۇت بىنا بولغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تۈزۈم، خىلاپلىق قىلغۇچىلار كەچۈرۈلمەيدۇ.

ئۇ تۆمۈر دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ، دەرۋازىۋەنگە كىنىشكىسىنى كۆرسىتىپ كىرىپ كەتتى. ئۇ كىرىپ ئون - يىگىرمە قەدەم ماڭا - ماڭمايلا گۇدۇك چېلىنىپ قالدى. زاۋۇت ئىچىدە يۇڭ، تېرە، تېرە ئاشلىمىغان سېرىق سۇ ۋە تېرىدىن چىققان گۆش

AltunOq

قالدۇقلىرى بىقىسىپ تۇراتتى. بۇ سىپىسقچىلىققا زاۋۇتتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر كۆنۈپ كەتكەن بىلەن زاۋۇت ئالدىدىن ئۆتكەن ھەرقانداق ئادەم ئېغىز ـ بۇرنىنى ئېتەتتى.

ھېلى كوچىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىش ئۇنىڭ ئېسىدە تۇرۇپتۇ، بىراق ئۇنىڭ چىرايىدا نە قورقۇش، نە ئەندىشە ـ ئەنسىزلىك ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى: «ئەمدى ئۇ زورلۇق قىلىشقا ئاسان-لىقچە پېتىنالمايدۇ، ئەڭ بولمىغاندا، ھىمايە قىلىدىغانلارنىڭ چىقىپ قالمىدىغانلىقىنى ئويلاپ قالىدۇ.» دەپ ئويلىماقتا ئىدى ئۇ.

ئۇ سېخ ئىشىكىگە يېتىپ بېرىشىغا كەينىدىن بىرى چاقى-رىپ قالدى:

— زەينىدىن!

زەينىدىن ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلۇپ، زاۋۇتنىڭ پاكىنەك بوغالتىرى ھەسەنجاننى كۆردى ـ دە، توختىدى.

— سىېنى خوجايىن ياردەمچى ماستىرلىق (تېخنىكلىق) دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپتۇ، دەپ ئاڭلايمەنغۇ، — ئۇ كۈلۈمسىرەپ گەپ قىلىۋاتقاندەك قىلغان بىلەن چىرايىدا قانداقتۇر مەڭىستى-مەسلىك، تەنە ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

— شۇنداق ئوخشايدۇ، — زەينىدىن ئېرەنسىزلىك بى-لەن جاۋاب بەردى ـ دە، مېڭىشقا تەمشەلدى.

— باش تېخنىكتىن ياخشى ئۆگەن، — دېدى ھەسەنجان بوغالتىر يېتىپ كېلىپ، — ماستىرلىق ئاستا ـ ئاستا ساڭا قالىدىغان ئوخشايدۇ.

زەينىدىن ئۈنچىقماي سېخقا كىرىپ كەتتى.

ئەمما، ھېلىقى تاياق يەپ ھوشسىزلىنىپ قالغان ساقچى ئون بەش ـ يىگىرمە مىنۇت ئۆلۈكتەك يېتىپ ھوشىغا كېلىپ قالدى. ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى قېقىش-تۇرۇپ ئۇياق ـ بۇياققا قارىدى. ئالمىچىمۇ، ئۆزىنى تۇيۇقسىز

ئۆرۈۋەتكەن ئادەممۇ كۆرۈنمەيتتى. «مېنى ئۆرۈشقا پېتىنغان قانچىلىك نېمىدى ئۇ، ئۇنى تاپماي قويمايمەن. كىيىم ـ كېـ. چەكلىرىگە قارىغاندا ئىشچىدەك قىلىدۇ، ـــ دەپ ئويلىدى ئۇ ئاچچىقىدا سەپرايى ئۆرلەپ، ـــ مونۇ زاۋۇتنىڭ ئىشچىسى بولسا كېرەك.» ئۇنىڭ كۆكىرىپ كەتكەن ئولۇق قاپىقى ۋە ئىچە. نىڭ قەيىرىدۇر بىر يەرلىرى زىڭىلداپ ئاغرىپ تۇراتتى. ئاغرىق ئۆچ ئېلىش ئىستىكىنى قوزغاپ، ئۇنى ھەر كويغا سالماقتا ئىدى. شۇ ئارىلىقتا ئالايغان كۆزلىرى نېرىدا ـ ئىككى سېۋەتنى ئەپكەش بىلەن كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان بىر ئادەمگە چۈشتى «ئەنە ھېلىقى ئالىمچى، يىراقتا كەتمەپتۇ، ئۇ ئۇنى بىلىدۇ، بىلمىسە بولۇشامدۇ» ئۇ شۇنداق ئويلىدى ـ دە، ئاغرىقنى ئۇنتۇپ، شۇ ياققا قاراپ يۈگۈردى. بېرىپ قارىسا، ئۇ ھېلىقى ئالىمچى بالا بولماي، چوڭ ياشلىق ئادەم ئىكەن. ئۇ ئۇ يەردىن يېنىپ زاۋۇتقا قاراپ يۈگۈرگەندەك تېز ماڭدى. زاۋۇت ئىچىگە كىرىپ چەكچەيگەن كۆزلىرى بىلەن ئۇياق ـ بۇياققا قارىدى. ئۇ نەگە بېرىشنى، قايسى بۆلۈم ـ ئىشخانىلارغا كىرىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. قانتىق سوقۇۋاتقان يۈرۈكى ئۇنىڭ نەگە بولسىمۇ، تېز-رەك قەدەم تاشلىشىنى ئۈندەپ تۇراتتى. ئاخىر ئۇ ئۆزى كەت-كەن ئىشخانا بىناسىغا كىردى ـ دە، زالدىكى نۇرغۇن ئىشىك-لەرنىڭ بىرىگە كىردى. بۇ بوغالتىر ھەسەنجاننىڭ ئىشخانىسى ئىدى. ھەسەنجان بوغالتىر ئۇنىڭغا سەپسىلىپ قاراپ:

ـــ خوش، ساقچى ئەپەندى، نېمە ئىش بىلەن كىردىڭىز، بىرسىنى ئىزدەپ كىردىڭىزمۇ قانداق؟ ـــ دەپ سورىدى.

ـــ شۇنداق، بىر ئىشچىنى ئىزدەپ كىردىم، سىلەرنىڭ بىر ئىشچى مېنى ئۇرۇپ قاچتى، ـــ ئۇ كۆكەرگەن يېرىنى كۆرسەتتى.

ـــ قاچان؟

ـــ ھېلىراقتا، تېخى يېرىم سائەتمۇ بولمىدى.

— نېمىشقا ئۇردى؟
— بىلمەيمەن.
— بۇ قانداق گەپ؟ سەۋەبسىزلا ئۇردىما؟
— مۇنداق گەپ، بىر ئالمىچىدىن ئالما ئېلىپ، ئەمدى پۇلنى بېرىۋېتەي دەپ تۇرسام، تۇيۇقسىزلا ئىشچى كىيىمىنى كىيگەن بىرى ئۇرۇۋەتتى، بولمىسا مەن ئۇنىڭدىن تاياق يەيدىغان ئادەم ئەمەس ئىدىم، تۇيۇقسىزلا. . .
— بىكاردىن ـ بىكار سىزنى نېمىشقا ئۇرغاندۇ؟ مەن ھەيران قىلىۋاتىمەن.
— نېمىشقا ئۇرغانلىقىنى ئۇنى تېپىپ كۆرسىتىپ قويماقـ چىمەن، ھەم تاپماي قويمايمەن!
— ئۇنى تونۇمسىز؟
— كۆرسەم تونۇيمەن.
— بىزنى نېمە قىل دەيسىز؟
— ئىشچىلارنىڭ ھەممىسىنى تېزلىك بىلەن ھويلىغا يىغىڭ، ئۇنى كۆرسەملا جەزمەن تونۇيمەن، بولۇڭ. . .
ھەسەنجان بوغالتىر ئاچچىق كۈلدى.
— مەن زاۋۇت خوجايىنى ئەمەس ھەم مۇنداق قىلغىنىمۇ بولمايدۇ، بىر مىنۇت ئىش توختىسا، زاۋۇتقا قانچىلىك زىيان بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ خوجايىنمۇ ئىشنى توختىتالمايدۇ، ساقچى ئەپەندى.
— ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئىشىم يوق، ھۆكۈمەتنىڭ ساقـ چىسىغا مۇشت ئاتقان ئادەم سىلەرنىڭ زاۋۇتتا، ئۇنى تاپمىسام، تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدىغان يەرگە ئاپارمىسام ھەرگىز بولـ مايدۇ، ئۇقتىڭىزمۇ؟
ساقچى ناھايىتى تېرىكىپ جىلە بولۇپ كەتكەنىدى. بوغالـ تىرنىڭ ئۆزىگە ياندىشىۋاتقانلىقىدىن بىر ئورۇندا تۇرالماي تېپىرلايتتى، چالۋاقاپ ئۇياق ـ بۇياققا ماڭاتتى، دېرىزىدىن

سىرتلارغا قارايتتى. ئاچچىقى شۇنچىلىك تۇتقان ئىدىكى، چىكە تومۇرلىرى بىرلىك كۆپۈپ كەتتى ۋە ئارىلاپ تىپىك يېگەن بېقىنلىرىنى تۇتۇپ بېسىپ ـ بېسىپ قويىاتتى، كۆكەرگەن قاپىـ. قىنى سىلايتتى. بوغالتىرنىڭ غەم تارتماي ئولتۇرغانلىقىمۇ ئۇ. نىڭغا ئەلەم قىلماقتا ئىدى.

— سىز ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن خوجايىنغا ئېيتىپ باقاي، — دېدى بوغالتىر.

ئۇ، خوجايىنىنىڭ يېنىغا مەنمۇ كىرەي، دېمەكچىدى، بىـ. راق ئاغزىنى ئۆمەللەپ گەپ قىلغۇچە، بوغالتىر چىقىپ كەتتى. ھەسەنجان خوجايىنىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ، ئەدەب بىلەن ئىشىكنى يېنىك چەكتى. خوجايىن رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن، بۆلۈمگە كىرىپ كەلدى.

— ھە، نېمە ئىش؟

بوغالتىر ئۆرە تۇرغان پېتى بىر ساقچىنىڭ كەلگەنلىكىنى، ساقچىنىڭ ئېغىزىدىن چىققان گەپلەرنى تولۇق بايان قىلدى ھەم ساقچىنىڭ ئەلپازىنىڭ يامانلىقىنى، ئۆزلىرىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ تۇرۇۋېلىۋاتقانلىقىنىمۇ قوشۇپ قويدى.

— بىكاردىن ـ بىكارغا ئۇرۇپتىما؟

— شۇنداق، ئۆزى شۇنداق دەيدۇ.

— بىكاردىن ئۇرمىغاندۇ، بىرەر سەۋەبى باردۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ساقچى تۇرسا، پۇقرالار ھازىر ساقچىدىن ئۆلگۈدەك قورقىدۇ، سارائ ئادەممۇ ساقچىغا قول كۆتۈرەلمەيدۇ. ئۇنىڭدا چوقۇم بىر سەۋەب بار.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، خوجايىن.

— ئۇ ئالمىچىدىن ئالما ئالغان، تايىنلىق پۇلىنى بەرمەي زورلۇق قىلغاندۇر، شۇ ئىشنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئىشچى كېلىپ قىلىپ، ئالمىچىغا ئىچى ئاغرىپ، ساقچىنى ئۇرۇپ قاچقان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، خوجايىن، لېكىن بۇ گەپ-لەرنى ئۇنىڭغا ئېيتىشقا تىلىم بارمىدى، — دېدى ھەسەنجان بوغالتىر.

— مەنمۇ قورقتۇم دېگىنە. . . ھازىر ھۆكۈمەت ئادەملى-رى بەك ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. مۇنداق ئىشلار كۆپە-يىپ كەتتى. ئازراق بولسىمۇ ھەق بېرىشى كېرەك-دە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بىزنىڭ ئىشچىمۇ، ئەمەسمۇ، ئۇنىمۇ بىلمەيمىز. ئىشچى كىيىمى كىيىۋالسىلا بىزنىڭ زاۋۇتنىڭ ئىشچىسى بولۇ-ۋەرمەيدۇ-دە، چىداملىق بولىدۇ، دەپ ئىشچى كىيىمى كىيىپ يۈرگەنلەرمۇ كۆپ. ئۇنىڭ خىيالىدىكى ئادەمنى بىز نەدىن تې-پىپ بېرەلەيمىز. چىقىپ ئېيت، سەنمۇ ياخشى دەپسەن، ئىشنى بىر مىنۇت ئەمەس، بىر سېكۇنتمۇ توختاتقىلى بولمايدۇ. بىز-نىڭ زاۋۇتتىن گۇمان قىلسا، چۈشتە ئىشچىلار تاماققا ماڭىدۇ، شۇ چاغدا دەرۋازىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ تونۇۋالسۇن. تېخى ئىشنى توختىتىپ ھويلىغا يىغىپ بەرگۈدەكمىز، ئېلىشىپ قاپتۇمۇ ئۇ، بۇ گېپىنى دەرياغا بېرىپ ئېيتىۋەتسۇن! — خوجايىن ئورنى-دىن تۇرۇپ كەتتى.

ھەسەنجان بوغالتىر يېنىپ چىقىپ، ساقچىغا خوجايىننىڭ گېپىنى ئوچۇق ئېيتتى. ساقچى غودۇڭشىپ ئىچىدە بىرنېمى-لەرنى دەپ قايتىپ چىقتى-دە، دەرۋازىۋەننىڭ يېنىدا ھېلىقى ئىشچىنى تۇتماقچى بولۇپ تۇردى. ئۇ يېنىدىن تاماكا چىقىرىپ ئۇنى تۇتاشتۇرۇپ چېكىپ ئولتۇردى.

چۈش بولاي دەپ قالغاندا، قارا كۆك سارجىدىن كاستۇم-بۇرۇلكا كىيىپ، بوينىغا تېگى كۆل رەڭ، كەرەشمە-ۋاي يوللۇق گالستۇك ئاسقان خوجايىن قىزىل گىلەم سېلىنغان يۆلەنچۈكلۈك خادىكتا ئولتۇرۇپ زاۋۇت ئىچىدىن چىقىپ كەل-دى. تۆمۈر دەرۋازىنىڭ قاناتلىرى ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلدى. خوجا-يىن خادىكنىڭ يۆلەنچۈكىگە يۆلەنگەن پېتى دەرۋازا ئۈۋدە ئول-

تۇرغان ساقچىغا قاراپمۇ قويماي تاراقلاپ چىقىپ كەتتى. ساقچى ئۇنىڭدىن ئەيسەنگەن بولسىمۇ، لېكىن كەينىدىن كۆزلىرىنى ئالايتىپ قاراپ قالدى.

ھـايـال قىلماي گـۇدۇك چېلىندى. ئىشچىلار ئالدىراش سېخ - سېخلاردىن چىقىپ كېلىشتى. ئىشچىلار قايتىدىغان چاغدىمۇ دەرۋازا ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلمەيتتى. ھېربىر - چارچىغان ئىشچىلار دەرۋازىدىن قىستىلىشىپ چىقماقتا ئىدى. دەرۋازىنىڭ ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلمىگىنى ساقچىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىش بولدى. ئۇ كۆزلىرىنى يوغاق ئېچىپ چىقىۋاتقان ھەربىر ئىشچىغا سەپسېلىپ قارايتتى. لېكىن، ئۇنىڭغا تونۇش ھېلىقى چىراي كۆرۈنمەيتتى. ساقچى ئۇنى ھازىرلا تۇتىۋالىمەن، دېگەن ئۈمىدە دەرۋازىدىن چىقىۋاتقانلارنىڭ تۈگەپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالدى. ئۇ ئۆگىسلى ئۆچكەن ھالدا ئۇياق - بۇياققا قاراپلا قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىردە غەزەپ، بىردە مەيۈسلۈك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى، ئۇ ئۇنى قانداقمۇ كۆرمەي قالغاندۇ؟

لېكىن، زەيىندىن ئىشتىن چۇشۇپلا زاۋۇتنىڭ كەينىدىكى باغ تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ ئاللىقاچان ئۆيىگە كەتكەنىدى.

## 2

گۇدۇك چېلىنىش بىلەن سېخ - سېخلاردا يەنە ئىش باشلىنىپ كەتتى.

بۇ چولڭ سېختا ئىنتايىن يوغان، قورساقلىق، چەمبەرلەنگەن ئون دانە تۈلڭ بار. ھەربىر تۈڭگە ئەللىك - ئاتمىش تېرە ۋە يۈز چېلەككە يېقىن سۇ سىغىدۇ. سۇ تۈڭنىڭ يېنىدا ھاك قاچىلانغان ئۆي بولۇپ، ئۇ ئۆيدىن ئۆتكەندىن كېيىن تېرە قىرىدىغان سېخ بار. بۇ سېختىكى ئىشچىلار ھەرقاچان ھاك سۈيىگە مىلىنىپ ئىشلەيدۇ. بۇ يەردە ھېلىدىن - ھېلى ھاك

پۇرقۇراپ تۇزۇپ تۇرىدۇ ۋە دىماغلارغا ئۇرۇلۇپ ئىشلىگۈچىلەر-
نى قاقىلدۇرۇۋېتىدۇ. ئىشچىلار هاك تۇزۇپ تۇرغان ئۆيدىن
هەر كۈنى هاك ئېلىپ تۇڭگا تۆكىدۇ، ئۈستىگە يۇمشاپ كەتكەن
تېرىلەرنى تاشلايدۇ، تېرە هاك سۈيىدە بەلگىلىك ۋاقىت تۇرغان-
دىن كېيىن، ئۇنى هاك سۈيىدىن سۈزۈپ ئالىدۇ. مۇشۇ ئىش-
لارنىڭ هەممىسى قول بىلەن قىلىنىدۇ. هەر كۈنى مۇشۇنداق
تەكرارلىنىشلار، قول ئۈزگىلى بولمايدىغان ئىشلار ئىشچىلارنى
ماغدۇرىدىن كەتكۈزىدۇ، ئىلىكىنى قۇرۇتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىك-
كىنچى ۋە تۆتىنچى قېتىملىق گۇدۇك ئاۋازىغا تەقەززا بولۇشىنىڭ
سەۋەبلىرىمۇ مۇشۇ. ئەمما، تۇرمۇش غېمى، كۈن ئۆتكۈزۈش-
نىڭ كويى ئۇلارنى كېچىكمەسلىككە ئۈندەپ تۇرىدۇ. ئۆمرى
مۇشۇ ئىشقا باغلىنىپ ئۆتۈۋاتقان ئادەملەرنىڭ باشقا ئىلاجىمۇ
يوق.

بۇ سېختا ئىشلەيدىغان هەربىر ئىشچى هاكنى سۇغا تۆكۈپ
ئېرىتقان ۋاقىتتا قوللىرى چىدىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئې-
چىشىپ كېتىدۇ ۋە نەپەس يېتىشمەيۋاتقاندەك دېمى سىقىلىدۇ،
كۆزلىرىدىن تارام - تارام ئاچچىق ياش قۇيۇلىدۇ. تېرە سۈزۈش
سېخىدىكى ئىشچىلارنىڭ قول - پۇتلىرى هەمىشەم هاك سۈيىگە
مىلىنىپ تۇرغانلىقتىن، يېرىلىپ سويۇلغان يەرلەردىن قىپقى-
زىل گۆشلىرى كۆرۈنۈپ قالىدۇ. ئارىلاپ - ئارىلاپ ئىشچىلار-
نىڭ: «كۈن كۆرمەك نېمانچە تەستۇر»، «ياشىغانغا مىڭ توي-
دۇققۇ...»، «كىچىك ۋاقتىمىزدا ئۆلۈپ كەتكەن بولساق،
بۇ ئېغىر ئازابلارنىمۇ تارتماس ئىدۇق» دېگەن نالىلىرى ئاڭلى-
نىپ قالىدۇ. ئىشچىلار شۇنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەن ئىدى-
كى، ياشاش دېگەن - ئازابلىنىش دېگەن گەپ ئىكەن.

زەيىنىدىن تېرە قىرىش سېخىدا، ياشانغان ئىشچىلارنىڭ
يېنىدا تۇرۇپ تېرە قىرىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ دىققىتىنى زاۋۇتقا
كەلگىنىگە بەش - ئالتە ئاي بولغان رېشىت ئىسىملىك ياش

ئىشچى تارتقانىدى. ئۇ مەغرۇر، قىيىنچىلىقتا بويسۇنماس ياش ئىدى. سىختىكىلەر ئۇنى «شوخ يىگىت» دەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭ تېنى ساق، قاۋۇل ئىدى. ھازىرمۇ ئۇ شۇنچە جاپالىق ئىشنى ئويلاپمۇ قويماي «قۇرغۇيۇم» ناخشىسىنى غىڭشىپ ئېيتىپ ئىشلەۋاتاتتى. ئىشتا ھەرقاچان باشقىلارنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. زاۋۇتنىڭ ھەربىر سايمان، ماتېرىياللىرىغا ئۆزىنىڭ مۈلكىدەك كۆيۈنەتتى. ئۇنىڭ زاۋۇت مۈلكىگە شۇنچىلىك كۆيۈنۈپ كېتىشىلىرىگە باشقىلار ھەيران قالاتتى. ئۇ بۇ زاۋۇتقا كەلمەستىن بۇرۇن باشقا بىر تېرە زاۋۇتتا ئىشلەپ، ئىشنىڭ يولىنى ئوبدان ئىگىلەپ ئالغانىدى. شۇڭلاشقىمۇ ئىشنىڭ ئۈنۈمى ياخشى ئىدى. زاۋۇت باشلىقلىرى ئۇنى ماختاپ ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيتتى.

ئۇنىڭ بىر قىزىق مىجەزى بار ئىدى. خاپا بولۇپ قالسا ياكى كۆڭلىگە ياقمىغان بىرەر ئىش بولسا، ھەرقانداق ئادەمگە، ھەتتا قاپىقى يامان بوغالتىرغىمۇ قاتتىق گەپلەرنى قىلىشتىن يانمايتتى. تېخى خوجايىنغىمۇ يامان گەپلەرنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالايتتى. گەپ توشۇيدىغانلار ئۇنىڭ يامان گەپلىرىنى خوجايىنغا يەتكۈزۈپ قويسا، خوجايىن: «بوپتۇ، ئۇ قارام نەرسە، قارا كۈچى بار، ئىشنىڭ ئۈنۈمى ياخشى، قولىدىن ئىش كېلىدۇ، بىزگە خېلى كۆپ پايدا يەتكۈزۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئېشەكنىڭ گۆشى ھارام بولغان بىلەن كۈچى ھالال ئەمەسمۇ. . .» دەپ كۈلۈپلا قوياتتى. ئۇ راستتىنلا جان كۆيدۈرۈپ كۆپ ئىشلەيتتى، ھالال ئىشلەيتتى. ئەمما، ياشانغان ئىشچىلار ئۇنىڭدىن دائىم ئەنسىرەيتتى: «مۇشۇ بالا بىر كۈنى ئۆزىگە بىر بالا تېپىۋالمىسا بولاتتىغۇ» دەيتتى، بۇ ئەنسىرەشلەردىن ئۇنىڭ پەرۋايى پەلەك ئىدى.

— ئۇكام، — دېدى بىر ياشانغان ئىشچى زەينىدىنگە قاراپ كۆيۈمچانلىق بىلەن، — سىز ئەمدى ياردەمچى ماستىر بوپسىز، نېمىشقا يەنە تېرە قىرىدىغان پىچاقنى كۆتۈرۈپ يۈرى-

سىز، سىخ ئىشخانىسىغا چىقىپ ئولتۇرۇڭ.

يەنە بىر ئىشچى مۇنداق دېدى:

— بۆلۈمگە چىقىپ ئولتۇرىۋېرىڭ، بىراق بىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

زەينىدىن كۈلدى:

— ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن، قەيەردە بولساممۇ سىلەر-نىڭ مەنپەئەتىڭلارنى دەيمەن، بۇ مېنىڭ چىن سۆزۈم.

سېخنىكى ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك زەينىدىنگە تى-كىلدى، ئۇلارنىڭ مۆلدۈرلىگەن كۆزلىرىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى.

— ئىشچىلار بىر - بىرىگە كۆيۈنۈشى، بىر - بىرىنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلىشى كېرەك، شۇنىمۇ قىلالمىسا ئۆمۈرنىڭ نېمە مەنىسى قالىدۇ؟! راست دەيمەن، مەن قەيەردە بولماي خىيالىم سىلەردە، — دېدى زەينىدىن قولىدىكى تېرىنى قىرد-ۋېتىپ.

ئۇنىڭ ئالىقىنى ئۇستىدىكى بۆرتۈپ چىققان كۆپكۆك تو-مۇرلىرى چىڭقىلىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئىش قىلىۋېتىپ ئىشى-دىن كۆزىنى ئۈزمەي قىلغان سۆزى، باشقىلارنىڭ تەنتەنىلىك يىغىنلاردا سۆزلىگەن سۆزىدىن ساپ، سەممىي، راست ئىدى. ئىشچىلارنىڭ گېپىنى قىلىدىغان، يىغىسىنى يىغلايدىغان زەينى-دىننى خوجايىن قانداق قىلىپ ياردەمچى ماستىرلىققا تاللاپ قالدى؟ ئۇنىڭ ئىشچىلارغا كۆيۈنىدىغان، مەنپەئەتىنى ئويلايدى-غانلىقىنى ئۇ بىلمەمدۇ يا؟ ئۇنداق ئەمەس، بىلىدۇ، ئوبدان بىلىدۇ. بىراق، زاۋۇتنىڭ باش ماستىرى بۇ يەردىن كەتمەك-چى، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر باش ماستىر بولمىسا بولمايتتى، ئىشچىلارنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭدىن باشقا مۇۋاپىق ئادەم يوق ئىدى. زەينىدىننىڭ قولىدىن ئىش كېلىدۇ. تېخنىكىلىق ئىشلارنى ئۇنىڭدەك ياخشى بىلىدىغان، خام تېرىنىڭ زاۋۇتقا كېلىپ پىش-

شىقلىنىپ ئىشلىنىپ چىقىش جەريانىدىكى ئىشلارنى ئۆنىڭدەك ئىنىق چۈشىنىدىغان باشقا ئادەممۇ يوق ئىدى. خوجايىن شۇڭا ئۇنى تاللىغان، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، باش ماستىر قىلماقچى.

## 3

بازاردا ئۇن، گۆش، چاي، تۇزنىڭ نەرقى يەنە ئۆرلەپ كەتتى. ئىشچىلار ئارىسىدا غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى:

— ئالغان مائاشىمىز بىر ئايلىق يېمەك - ئىچمەككە يەتمىسە، بىز قانداق قىلىمىز، مۇشۇمۇ كۈن ئېلىشمۇ؟

— كىيىم - كېچەكلىرىمىز بىر ياقتا تۇرۇپ تۇرسۇن، قورسىقىمىزنى تۇزۇك باقالمىساق، بىز قانداق ئىشلەيمىز؟

— نېمىدېگەن ئوسال تۇرمۇش بۇ...

جانغا تاقىلىۋاتقان ئىشتىن غۇلغۇلا، قارشىلىق چىقماي قالمايدۇ. بۇنداق نارازىلىقلار سىخ - سېخلاردا، كوچىلاردا، ھەرقايسى ئۆيلەردە تۇغۇلۇپ تۇراتتى. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ھەسەنجان بوغالتىر سېخلارغا كىرىپ مۇنداق دېدى:

— قېرىنداشلار، مەن خوجايىنغا ئېيتىپ ئايلىق ئىش ھەققىڭلارنى ئۆستۈردۇم. ئەگەر بۈگۈن چىقىپ بازاردىن يېمەك - ئىچمەكلەرنى ئېلىۋالمىساڭلار ئەتە باھا يەنە ئۆرلەپ كېتىشى مۇمكىن، بۈگۈن چۈشتىكى ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويماڭلار، — دېدى.

قولىغا ئۆتكەن ئايدىكىگە قارىغاندا كۆپرەك پۇل تەگكەن كېرىماخۇننىڭ دەرھال بوغالتىرغا رازىمەنلىكى ياندى:

— ھەسەنجاننىڭ كۆڭلى ياخشى ئادەم - دە، ئۇ بىزنىڭ نامىمىزدىن خوجايىنغا تەلەپ قويۇپ ئىش ھەققىمىزنى ئۆرلى-

تىپتۇ.

ھەسەنجان بوغالتىر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ماستىر زەينىدىن كۆپچىلىككە قاراپ مۇنداق دېدى:

— باشقا ماللارنىڭ نەرقى ئۆزلەپ، خوجايىنىنىڭ ماللىرى توختاپ قالغىنى يوق، يەنى بىز ئىشلەپ چىقارغان مەھسۇلاتلار-نىڭمۇ نەرقى ئۆرلىدى. شۇڭا، خوجايىن مائاشىمىزنى بىرئاز ئۆرلەتتى، بۇنىڭغا ئىشچىلارنىڭ بىرنەچچە كۈندىن بېرىقى غۇل-غۇلا ـ قارشىلىقلىرى سەۋەب بولدى.

زەينىدىنىنىڭ سۆزى ئىشچىلارنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ قوي-دى. ئۇلارنىڭ قولى ئىشتا بولسىمۇ، خىيالىدا ھېلى ئېيتىلغان ئىككى خىل سۆزنىڭ سالمىقى ئۈزۈپ يۈرەتتى. مائاشنىڭ بىر-ئاز ئۆرلىگەنلىكى ھەسەنجان بوغالتىرنىڭ كۆڭلىنىڭ ياخشىلى-قى، ئىشچىلارغا ئىچ ئاغرىتقانلىقىمۇ ياكى مال باھاسىنىڭ ئۆر-لەپ كېتىپ، ئالغان مائاشىنىڭ قورساققا يەتمەيۋاتقانلىقىنىڭ ئاقىۋىتىمۇ؟ ياخشى ئۇنۇم يارىتىش ئۈچۈن، ھېچبولمىغاندا قورساق توق بولۇش كېرەك، خوجايىن بۇ تەرەپلىرىنى ئويلىماي قالامدۇ؟ بەلكى ئۇنىڭ باشقا ئويلىغانلىرىمۇ باردۇر؟

«زەينىدىن راست بىزنى خىيالىدىن چىقارمايدۇ، ئۇنىڭ خىزمىتى ئۇستەلدە ئولتۇرۇشقا ئالماشقان بولسىمۇ، يەنىلا بىز-نى ئويلاۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ قەيەردە بولسامۇ سىلەرنىڭ مەنپەئە-تىڭلارنى ئويلايمەن، دېگىنى چىن سۆزىكەن.» ئۆزئارا پىچىر-لاشلاردىن كېيىن، سېخ ئىچى بىردىنلا جىمىپ كەتتى. پەقەت قوللاردىكى پىچاقلارنىڭ تېرىگە سۈركىلىۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئېچىۋېتىلگەن دېرىزىلەردىن شامال شۇۋىرلاپ كىرىپ تەرلىگەن ۋە چارچىغان ئادەملەرگە بىرئاز ئارام بەرگەن بولسى-مۇ، كۆڭۈللەر غەش ئىدى. مۇشۇ تۇمان، غەشلىكلەر كۆتۈرۈ-لۈپ كېتىدىغان كۈنمۇ بولارمۇ؟ ئوي ـ خىياللارنىڭ تۈگۈنى مۇشۇ ئىدى.

كەچتە ئىشتىن قايتقان ئىشچىلار تۈمۈر دەرۋازىغا چاپلاپ قويۇلغان مۇنۇ ئېلاننى كۆرۈپ توختاپ قېلىشتى ـ دە، ئېلانغا قىزىقىپ قاراشتى. زاۋۇتتا قانداق ئۆزگىرىش بولسا، دائىم قىلىن ئاق قەغەزگە يېزىلىپ مۇشۇ يەرگە چاپلىناتتى.

— ئۇنلۇكرەك ئوقۇغىنە! — دەپ ۋارقىرىدى بىرى.

ئېلان مۇنداق يېزىلغانىدى:

«ئىشچى قېرىنداشلار!

زاۋۇتىمىز يېقىندىن بۇيان تىجارەتتە زىيان تارتىپ قالدى. مەھسۇلاتلىرىمىز سېتىلماي نەرقى تۆۋەنلەپ كېتىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق كاساتچىلىق پەيتىدە زاۋۇتنى تاقاپ قويماسلىق ئۈچۈن، مەھسۇلاتلارنىڭ نەرقىنى تۆۋەنلىتىش زۆرۈر بولۇۋاتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشتىكى جىددىي ئېھتىياجىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئىش ھەققىنى تۆۋەنلەتمەي، ئىش كۈنىنى ئىككى سائەت كۆپەيتتۇق. ئەگەر بۇنىڭغا نارازى بولىدىغانلار بولسا، ھېساباتنى ئۈزۈپ باشقا ئىش تېپىۋالسا بولىدۇ.»

— غەلىتە گەپقۇ بۇ، مېنىڭ بىلىشىمچە يېقىندا سېتىلغان بىر تۈركۈم مەھسۇلاتتىن ئېلىنغان پايدا بۇرۇنقى پايدىلاردىن خېلى يۇقىرى بولغانىدى، بۇ ئېلاندا زىيان تارتتۇق دەپتا، تۇۋا، — ماستىر زەينىدىن ياقىسىنى تۇتۇپ ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنلۇك سۆزلىۋەتكىنىنى تۇيماي قالدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر خىل گەپلەر، غۇلغۇلىلار كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

— نېمە گەپ بۇ، — دېدى كېرىماخۇن ئۇستا زەينىدىننى بىر چەتكە تارتىپ. ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى پارقىراپلا قالغانىدى.

— نېمە گەپ بولاتتى، كۈنىگە ئىككى سائەت ئارتۇق ئىشلەڭلار، دەپتۇ. كۆردىڭىزمۇ، بىزگە راپاۋەت قىلىدىغان خوجايىنىنىڭ ھىيلىسى، ئۇستىلىق قىلىپ بۇرۇن بىز بىلەن تۈزگەن شەرتنى بۇزۇپتۇ، — دېدى زەينىدىن يېنىپ كەتكەن

كۆزلىرى بىلەن نەلەرگىدۇر تىكىلىپ.

— ھەي ۋىجدانسىزلار، — دېدى كېرىماخۇن ئۇستا تىترەۋاتقان لەۋلىرىنى بېسىپ تۇرۇپ، — كۈنىگە ئون سائەت ئىشلەپ بېرىۋاتساق شۇنىڭغا قانائەت قىلماي، يەنە ئىككى سائەت قوشۇپتىما؟ . . . بوپتۇ. نەگە باراتتىم، مېنىڭ يەنە قانچىلىك ئۆمرۈم بار خۇدا بىلىدۇ، ئۆمۈر بويى مۇشۇ زاۋۇتتا ئىشلەپ كۈچۈمدىن ئايرىلدىم. خۇدا، مېنىڭ بالىلىرىمنى خوجايىنلارغا ئىشلەيدىغان ئىشچى قىلمىغايسەن. . . مۇشۇ ئېغىر كۈنلەرنىڭ چېكى بارمىدۇ؟ ئۇستىمىزدىكى ئېغىرچىلىقلار كۆتۈرۈلۈپ كېتەرمۇ؟ . . . — كېرىماخۇن ئۇستا تېخى ئەللىك ياشتىن ئەمەدىلا ئاشقان بولسىمۇ، ئۆزىنى سەكسەن - توقسان ياشلىق بوۋاي چاغلايتتى. چۈنكى، ئۇ پۈتۈن كۈچ - قۇدرىتىدىن ئايرىلىپ، ئىككى مۈرىسى چىقىپ، نۇرسىز كۆزلىرى پىلدىرلاپ رەزگى ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇ غەزەپ بىلەن شۇ سۆزلەرنى ئېيتتى - دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ توپلىشىپ ئېلاننى ئوقۇۋاتقان ۋە بەزىلىرى بىردە قايغۇرۇپ، بىردە غەزەپلىنىۋاتقان ئىشچىلارغا قارىدى، — قېنى، قېرىنداشلار گەپ قىلساڭلارچۇ؟ — دېدى.

— ئۇستام، مەن ئىككى ئېغىز گەپ قىلاي، — دېدى ياشراق بىر ئىشچى پەس ئاۋاز بىلەن، — بىز ئىشچىلار نېمىشقا قويغا ئوخشاش ياشايمىز، نېمىشقا خوجايىننىڭ دېگىنىگە كۆنۈۋېرىمىز؟ بوشاڭلىق قىلغانىمىزنى بوزەك قىلىدۇ، نېمىشقا ئۆزىمىزنى رۇسلاپ چىڭراق تۇرمايمىز؟

— ئۆزىمىزنى چىڭراق تۇتايلى دېسەك كۈچىمىز ئاجىز، ئۆزىمىز زىيان تارتىپ قالىمىز، ھۆكۈمەت بىزنىڭ گېپىمىزنى قىلمايدۇ، ھېلى مىلتىق تۇتقانلار كېلىدۇ. قاغا - قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇمايدۇ - دە، — دېدى يەنە بىر ئىشچى كۆپچىلىككە قاراپ.

پاكار بويلۇق، تەمبەل كەلگەن، يېشى ئوتتۇز بەشلەردە بار بىر ئىشچىنىڭ سۆزى باشقىچە بولدى:

— خوجايىنىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىشلەۋەرمەمدۇق، ئەمگەكچان ئادەم كۆپ ئىشلەشتىن قورقاتتىمۇ، بىرئاز جىقراق ئىشلىگەنگە نېمە بولاتتۇق...

كىرىماخۇن ئۇستا ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قارىدى:

— مەنمۇ ياش ۋاقتىمدا سىنىڭدەك كۈچلۈك، يولۋاستەك يىگىت ئىدىم، بىز قىرىپ راسلاپ چىققان تېرىلەرنى دۆگىلەيدىغان بولساق، ئېگىز تاغ بولىدۇ. ھازىر قېرىدۇق، كۈچ - قۇۋۋىتىمىز تۈگىدى. كونا ئىشچىلار خۇددى مېغىزىنى ئېلىۋالغان ئۇرۇقچىدەك شاراقلاپ قالدۇق. مۇشۇ ھالدا يەنە ئىككى سائەت ئوشۇق ئىشلەيسەن دېسە، تۈگەشمەمدۇق. ياق دېسەڭ، قوغلىۋېتىدۇ، قانداق قىلىمىز، نېمىدېسە خوپ، دەپ تۇرامدۇق؟

— مەن سىلەرگە بىر يېڭى خەۋەرنى ئېيتاي، — دېدى زەينىدىن كۆپچىلىككە قاراپ، — يېقىندا ئالتە شەھەردىن تۇرغۇن ئىشلەمچى بالىلار چىقىپتۇ، بىز ئىشلىمەيمەن، دەپ كېتىپ قالساق، شۇلارنى ئېلىپ ئورنىمىزنى تولدۇرماقچى.

بۇ سۆز بىلەن تۇشمۇ تۇشتىن ۋارقىراشلار ئاڭلاندى:

— كۈچىمىز بار چاغدا ئىشلىتىپ، كۈچىمىزدىن قالغاندا قوغلامدىكەن...

— بىزنىڭ پۈتۈن كۈچ - قۇدرىتىمىزنى مۇشۇ زاۋۇت يەپ بولدى...

— قېنى، قوغلاپ باقسۇن، بىزنى ئۇنچىلىك بوزەك كۆرمىسۇن...

— ئۆزىمىزنى بىر تونۇنۇپ قويمىساق بولمىدى...

ئۇلار شۇنداق دەپ ۋارقىراشقان بولسىمۇ، باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشىپ، ئۆي - ئۆيلىرىگە تارقىلىپ كېتىشتى.

# يەتتىنچى باب

## 1

ئىش چوڭىيىشقا باشلىدى. ئىشچىلارنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى ئاشماقتا ئىدى. مال باھاسى دەممۇ دەم ئۆرلەۋاتسا، بەرگەن پۇلى بىر ئايلىق يېمەك ـ ئىچمەككە يەتمەيۋاتسا، «ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەن» دېگەندەك، يەنە ئىش ۋاقتىنى ئۇزارتىۋاتسا، بۇنىڭغا قانداق چىداپ تۇرغىلى بولىدۇ؟ ئىشچى دېگەنمۇ ئادەم، ئۇ ماشىنا ئەمەس. ئۇ يەيدۇ، ئىچىدۇ، كىيىم كىيىدۇ. . . ئىشچىلار مانا بۇلارنى ئويلىغانسېرى يۈزلىرى تاتىرىپ، چېكە تومۇرلىرى كۆپەتتى، مۇشتلىرى تۈگۈلەتتى. شوخ يىگىت دەپ ئاتالغان رېشىتمۇ ئەمدى بېشىغا يۈگەن سېلىنىپ قالغاندەك ئۇنسىز بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ «قۇرغۇيۇم» ناخشىسىمۇ ئاڭلانـ ماس بولۇپ قالدى. ئىشچىلار قەتئىي نىيەتكە كەلمىگۈچە، ھازىرقى يۈز بېرىۋاتقان ناھەقچىلىكلەرنى تۈگەتكىلى بولمايدىغانـ لىقىنى ھېس قىلىشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىش تاشلاپ، خوجايىن بىلەن ئوچۇق سۆزلىشىش كېرەك، زاۋۇت گۇدۇكىنى چېلىپ، ھويلىغا يىغىلىپ تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. بىرنەچـ چە ئادەم تەرىپىدىن بىرلىككە كېلىنگەن بۇ گەپ ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە سېخ ـ سېخلاردىكى ئىشچىلارغا يەتكۈزۈلدى. ئۇلار گۇدۇكنىڭ چېلىنىشىنى كۈتۈپ تەقەززا بولۇپ تۇردى. شۇ چاغدا گۇدۇك مەزگىلسىزلا دەھشەتلىك ھۆركىرەپ چېلىندى. ئىشچىلار سېخ ـ سېخلاردىن قىلمۇۋاتقان ئىشلىرىنى تاشلاپ زاـ ۋۇت ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا توپلىنىشتى. گۇدۇك ئاۋازىنى ۋە

ئىشچىلارنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرىنى ئاڭلاپ ئىشخانىسىدا ئولتۇرالماي قالغان ھەسەنجان بوغالتىر سىرتقا چىقىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ بىلەتتىكى، گۇدۇك ئاۋازى ئىشچىلارنىڭ ئىشنى تاشلاپ، ئىدارە ئالدىغا يىغىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئەمما، خوجايىن ئىشچىلارغا يەتكۈزىدىغان مۇھىم خەۋەر بار، دېمىگەن، ئۇنىڭ ئۈزىمۇ ھازىر يوق. بۇ نېمە ئىشتۇر؟ ھەسەنجان باشلىق بىرنەچچە خىزمەتچى ھودۇقۇپ - تەمتىرەپ ھويلىغا چىقتى. ئىشچىلارنىڭ روھىي كەيپىياتى باشقىچە، ئۇلار قاپاقلىرىنى تۈرۈشۈپ، مۇشتلىرىنى تۈگۈشۈپ، جۇشقۇن ھالدا ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. ئىشچىلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرغان كېرىماخۇن، رىشىت، توختى قاتارلىقلار خوجايىننى كۆزلىرى بىلەن ئىزدەمەكتە ئىدى. خوجايىن كۆرۈنمەيتتى.

ھەسەنجان بوغالتىر كۆپچىلىككە قاراپ كۇلۇمسىرەپ تۇرۇپ:

— كېرىماخۇن ئاكا، سىلەر زاۋۇتنىڭ ئۈز ئادىمىغۇ، گۇدۇكنى چېلىپ ئىشنى توختاتقىنىڭلار نېمىسى، ئىش بىردەم توختاپ قالسا، قانچىلىك زىيان بولىدىغانلىقىنى سىلەر بىلمىسىلەرغۇ، ھەرقانچە گەپ بولسا چىرايلىق دېيىشسەك بولىدىغۇ، بۇ قىلغىنىڭلار بولمىدى، — دېدى.

— سەن تولا كاپشىما! — دېدى توختى كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ غەزەپ بىلەن، — خوجايىننىڭ نەدىلىكىنى چاپسانراق ئېيت، ئىشچىلارنىڭ ئۇنىڭغا دەيدىغان گېپى بار، بىزگە سەن كېرەك ئەمەس، خوجايىن كېرەك، ئۇقتۇڭمۇ!...

ھەسەنجان بوغالتىر ئالىيىپ قارىدى - دە، غەزەپلىك كۆزلەرنى كۆرۈپ، كۆزىنى ئۇلاردىن قاچۇرۇپ دېدى:

— خوجايىن ھازىر ئىشخانىدا يوق، ئىشىڭلار بولسا ماڭا دەڭلار، خوجايىن كەلگەندە ئۈزۈم يەتكۈزىمەن، قانداقلا ئىش بولسا ھەل قىلغىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ، بۇنچىۋالا غەلۋە قىلىپ كېتىشنىڭ نېمە ھاجىتى.

— بىز مانا هازىردىن باشلاپ ئىش تاشلىدۇق، بىزنىڭ ئۈچ تۈرلۈك شەرتىمىز بار، بۇ شەرتلىرىمىزگە خوجايىن قاچان ماقۇل بولىدىكەن، شۇ چاغدا ئىشقا چۈشىمىز، بولمىسا ئىشقا چۈشمەيمىز!
— توغرا! — دەپ ۋارقىراشتى كۆپچىلىك.
— قېنى، شەرتىڭلارنى ئېيتىپ بېقىڭلار، — دېدى بوغالتىر.
— بىرىنچى، ئىشچىلارنى ئىشتىن بوشىتىش مەنئى قىلىنىدۇ؛ ئىككىنچى، ئىش ۋاقتى ئۆزارتىلمايدۇ، ئىش ھەققى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا بېرىلىپ تۇرىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئىشچىلار ۋەكىلى بىلەن خوجايىن ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم تۈزۈلىدۇ.
بۇ شەرتلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەسەنجاننىڭ چىرايىدا قان قالمىدى، يۈزلىگەن كۆزلەرنىڭ ئۆزىگە قادىلىپ تۇرغانلىقىدىن ئۇ ھودۇققان ھالدا:
— مەن تېلېفوندا خوجايىننى چاقىراي، شەرتىڭلارغا ئۆزى جاۋاب بەرسۇن.
ئۇ بۆلۈمگە كىرىپ كەتتى، كەينىدىن ئىشچىلار ۋەكىللىرىمۇ كىردى. ئۇ تۇرۇپكىنى قولىغا ئېلىپ:
— ئالۇ، ئالۇ، ماڭا ساقچى ئىدارىسى كېرەك، ساقچى ئىدارىسى. . . — دېدى.
توختى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كولۇۋەتكىلى تاس قالدى. چۈنكى، زاۋۇت بىلەن ساقچى ئىدارىسى ئوتتۇرىسىدىكى تېلېفون سىمىنى بۈگۈن ئەتىگەن ئىشچىلار كېسىپ تاشلىغانىدى. بوغالتىر بۇنىڭدىن خەۋەرسىز بولغاچقا ھودۇقۇپ قالدى.
— بۇ ئۈچ تۈرلۈك شەرتىڭلار مېنىڭچە بولىدۇ، لېكىن خوجايىن كەلسۇن، مەسلىھەتلىشىپ كۆرەيلى، — دېدى ئۇ، — سىلەر ئىشچىلارغا ئېيتىپ قويۇڭلار، ئىشنى ئىشلەپ تۇرسۇن، مەسلىھەتلىشىپ بولغاندىن كېيىن بىر گەپ بولار.
— بولمايدۇ، بۇ كۆپچىلىكنىڭ قارارى، — دېدى رې-

شىت قەتئىيلىك بىلەن، — بىز جاۋاب ئالماستىن ئىشقا چۈشـ
مەيمىز!

ئۇلار ھەسەنجان بوغالتىرنىڭ جاۋاب بىرەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، بۆلۈمدىن قايتىپ چىقتى ـ دە، ئىككى ئوتتۇرىدا بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەرنى كۆپچىلىككە سۆزلەپ بەردى. كۆپچىلىك ئۆز قاراردا مەھكەم تۇردى، خوجايىننىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمىغۇچە ئىشقا چۈشمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى ۋە ئۆي ـ ئۆيلىرىگە تارقىلىپ كېتىشتى. شۇنىڭ بىلەن زاۋۇت ئىچىدە بوغالتىر ھەسەنجان باشلىق بىرنەچچە خىزمەتچىلەردىن باشقا بىرمۇ ئادەم قالمىدى. نەچچە يۈزلىگەن ئىشچىلارنىڭ سىخ ـ سېخلاردىكى ھەرخىل مەشغۇلاتلىرى بىلەن خۇددى قايناۋاتقان قازاندەك پۇرۇقلاپ تۇرىدىغان زاۋۇت ئىچى بىردىنلا بوران ئۇچۇرۇپ كەتكەندەك جىمىپ، سۇرلۇك تۇسكە كىرىپ قالدى. ئاستا ئۇرۇۋاتقان شامال قەغەز پارچىلىرى ۋە غازاڭلارنى ئۇچۇرۇپ يۈرەتتى. سېخلارنىڭ ئىچى غۇڭۇيۇپ قالدى...

ئىش تاشلاش يۈز بېرىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، كۈن ئىسسىق بولغىنى ئۈچۈن ھاك سۇيىگە چىلانغان مىڭلىغان تېرە بىقسىپ بۇزۇلۇشقا باشلاپ، ئېچىغان پۇراقلار تارقالماقتا ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ يېگىدىن ئالتە شەھەردىن چىققان ئىشلەمچى بالىلارنى قوبۇل قىلسا، ئىشنىڭ يولىنى بىلمەيدۇ، مۇشۇ ئىش بىلەن زاۋۇتنى تاقىسا تېخىمۇ بولمايدۇ. خوجايىن ناھايىتى قىيىن بىر مەسىلىگە دۇچ كەلگەنىدى. ئاخىرى ھېچ قانداق ئامال قىلالمىغان خوجايىن ئىشچىلار ۋەكىللىرىگە:

— بولىدۇ، شەرتىڭلارغا ماقۇل بولدۇم، — دېدى ۋە ئۇقتۇرۇش قىلىنغاندىن كېيىنلا ئىشچىلار ئىشقا چۈشتى.

كۈنلەر ئۆتمەكتە ئىدى. خوجايىن ماقۇل بولغان ئۈچ شەرتنىڭ بىرىدە «ئىشچىلار ۋەكىلى بىلەن خوجايىن ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم تۈزۈلىدۇ.» دەپ بەلگىلەنگەنىدى. لېكىن، خوجايىن

تۇرلۇك باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرستىپ ھازىرغىچە كېلىشىم تۈزۈلمەي كېلىۋاتاتتى. گەپ قىلماي قويۇپ بەرسە، كۆن ئۆتۈ-ۋېرىدىغاندەك قىلىدۇ، خوجايىن ئۇنىڭدىن ئېغىز ئاچىدىغاندەك ئەمەس.

بىر كۈنى زەيىندىن خوجايىننىڭ ئالدىغا كىرىپ كەلدى. خوجايىن زەيىندىننىڭ بېشىدىن ـ ئايىغىغىچە غەزىپىنى يوشۇ-رۇپ قاراپ چىقتى:

— خوش، بۇياققا كىرىپسىز، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟

— ئەلۋەتتە ئىشىم بار...

— ئىشخانىڭىزدا ئولتۇرمايدىكەنسىزغۇ؟ — ئۇ زەيىن-دىننىڭ ئاغزىدىن گەپنى تارتىۋېلىپ، ئۇنى باشقا ياققا بۇرىۋەت-مەكچى بولدى.

— ئىشخانىدا ئولتۇرغۇم يوق، ئىشچىلار ئارىسىدا بولسام ماستىرلىقنىمۇ ياخشى قىلالايمەن ـ دە. خوجايىن، ھېلىقى كېلىشىم تېخىچە تۈزۈلمىدى، ئىشچىلار يەنە غۇلغۇلا قىلىۋاتى-دۇ، مېنى ۋەكىل قىلىپ كىرگۈزدى، بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟

— بولىدۇ، تۈزەيلى، ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئۇ قاپىقىنى سېلىپ، ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى: «ئۇ-نىڭ خىزمىتىنى ئۆستۈرسەم، ئىشچىلار تەرەپكە ئۆتۈۋېلىپ ماڭا پۇت ئېتىۋاتقىنىنى قارىمامدىغان، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان بە-لىمسىز...» دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن پىنىپ.

— سىز بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىپ ئىشلەشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ، — دېدى زەيىندىن.

ئۇلارنىڭ كېلىشىم ھاسىل قىلىشىغا ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت كەتمىدى. قىسقا تالاش ـ تارتىش قىلىنغاندىن كېيىنلا كېلىشىم تۈزۈلدى.

يېڭى كېلىشىم بويىچە ھەر ئايدا ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققى-نى ماستىر زەيىندىن بەلگىلەيدىغان بولدى. پۇل كۈندىن ـ كۈنگە پاخاللىشىپ كېتىپ بارغانلىقتىن، ئىش ھەققىنى مەھسۇ-

لاتنىڭ تەننەرخىگە قاراپ بەلگىلەشكە توختاتتى.

ئىشچىلار ئەمدى رازى بولدى. بۇ ئىشچىلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك كېلىشىم بولغانىدى. زەينىدىنىنىڭ ئىشچىلار تەرەپتە تۇرۇپ ۋەدىسىدە تۇرغىنىدىن ھەممىسى ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتىشتى. ئەمما، مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، خوجايىن بۇنىڭغا چىدىمىدى، ئۇ بوغالتىر ئارقىلىق ئىش يۇرگۈزمەكچى بولدى.

خوجايىنىنىڭ ئوي - خىيال، پىلانلىرىغا ماسلاشقان ھەسەنجان بوغالتىر زەينىدىنىنىڭ بەلگىلىگەن ئىش ھەققىنى بۇزۇپ، ئۆزلىرىنىڭ دېگىنىنى قىلدى. بۇنى ئۇققان زەينىدىن سېختىن چىققان پېتى بوغالتىرنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. ئۇنىڭ كەينىدىن بىرقانچە ئىشچىنىڭمۇ كىرگەنلىكىنى ئۇ تۇيماي قالدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى يېنىپ، بەدەنلىرى تىترەپ، چىرايلىرىدىن غەزەپ - نەپرەت ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

— بۇنىڭغا سىزنىڭ ئارىلىشىدىغان نېمە ھەققىڭىز بار، بۇ خوجايىن بىلەن تۈزگەن كېلىشىم تۇرسا؟ — دېدى زەينىدىن ئۆڭۈپ.

— ئالدىرىما، سېنى بىلىمەن، زەينىدىن، سېنىڭ نېمە قۇتراتقۇلۇقلارنى قىلىپ يۈرگىنىڭنىمۇ بىلىمەن، — بوغالتىر قىزىرىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە جىلە بولۇپ ئىشخانا ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى.

زەينىدىن «سىز» نى قويۇپ، «سەن» لەپ چۈشتى:

— خوش، ماقۇل، سەن نېمىنى بىلىسەن، نېمىگە ئاساسلىنىپ ئىش ھەققى كېلىشىمىنى بۇزدۇڭ؟

— ھازىر مەھسۇلاتتا زىيان ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ، بازار كاسات. سەن ماستىر تۇرۇپ خوجايىنغا مۇشۇنداق زىيان سالساڭ بولامدۇ، سېنىڭ ئىشچىلار ئارىسىدا پىتنە - پاسات تېرىۋاتقىنىڭنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟

— تۆھمەت قىلما، ماستىرلىققا ئۆستۈردى، دەپ ئىشچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى يەرگە ئۇرۇشقا ۋىجدانىم كۆتۈرمەيدۇ مىنىڭ! ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىش تۈزگەن كېلىشىم بويىچە بولمايدىغان بولسا، مەن بۇ يەردە ئىشلىمەيمەن، ئۇقتۇڭمۇ!

— ئىشلەمسەن - ئىشلىمەمسەن ئۆزۈڭنىڭ ئىشى، بۇنىڭغا مەن ئارىلىشالمايمەن، ئىشلىمەيمەن دېسەڭ يولۇڭ ئوچۇق، — بوغالتىر ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئالدىدىكى قانداقتۇر بىر قەغەزلەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ بۇ قىلغىنى ئەمدى ئىش تۈگىدى، دېگىنى ئىدى.

زەينىدىن چۈشەندىكى، بوغالتىر كېلىشىمنى ئۆز ئالدىغا بۇزالمايدۇ، ئۇنىڭ كەينىدە چوقۇم خوجايىن بار، خوجايىننىڭ دېگىنى بويىچە ئۇ بۇزغان. زەينىدىن شۇلارنى ھېس قىلىپ، ئەمدى بۇ يەردە ئىشلەشنىڭ ئورنى قالمىدى، دەپ ئويلىدى - دە، ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى ۋە شۇ چىققانچە زاۋۇتتىنمۇ كەتتى.

بىراق، ئىشچىلار ئارىسىدا غۇلغۇلا، قارشىلىق كۈچىيىشكە باشلىدى. بىرقانچە كۈن شۇ تەرىقىدە ئۆتتى. ئۇلار ئەمدى قانداق قىلىشنى ئويلىشىۋاتقاندا، بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا گۈدۈك غوڭۇلداپ چېلىنىشقا باشلىدى. مەزگىلسىز چېلىنغان گۈدۈك ئاۋازى ئىشچىلارنىڭ يىغىلىشىغا بېرىلگەن سىگنال ئىدى. ئىشچىلار سېخ - سېخلاردىن چىقىشىپ ھويلا مەيدانىغا يىغىلىشقا باشلىدى. ئىشچىلار، بۇ نېمە گەپ، نېمە ئىشتۇر، دېگەندەك قىلىشىپ ئەنسىزلىك يانغان كۆزلىرى بىلەن بىر - بىرىگە قاراشتى. ھەممىسى يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، خوجايىن پۇقراچە كىيىنگەن بىر ئادەم بىلەن پەيدا بولدى. كىشىلەر ئۇنىڭ خەنزۇ ياكى تۇڭگانلىقىنى بىلەلمىدى. پۇقراچە كىيىنگەن ئادەم قولىنى بىر شىلتىۋىدى، قاسقان شەپكىسىنىڭ چىيىكى ئاق، قارا كىيىملىك ئون نەچچە قوراللىق ساقچى يىغىلغان ئىشچىلار ئالدىدا قاتار تىزىلىپ تۇردى.

— خوجايىنىڭ يېنىدا تۇرغان كىم ئۇ؟ — دېدى بىرى پىچىرلاپ، — كۆرمىگەن نەرسىغۇ؟

بىلىدىغان بىرى جاۋاب بەردى:

— ھە، ساقچى باشلىقى ليۇبىندې بولىدۇ، ئۈرۈمچىدىن كەلگەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ھەسەنجان بوغالتىر بىر پارچە ئاق قەغەزنى ئېلىپ چىقتى.

— ھازىر مەن خوجايىن نامىدىن سۆزلەيمەن. ئىشچىلار ئۆتكەن قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان ئۈچ تۈرلۈك شەرت ۋە تۈزۈلگەن كېلىشىمنىڭ ئىناۋەتسىز ئىكەنلىكىنى جاكارلايمەن، — دېدى ئۇ ۋارقىراپ تۇرۇپ، — ئەمدى پىتنە - پاساتچى، ئىشچىلار ئارىسىدا قۇتراتقۇلۇق قىلغان ئادەملەرنىڭ زاۋۇتتىن قوغلانغانلىقىنى ئېلان قىلىمەن: توختى، رېشىت، كېرىماخۇن. . .

زاۋۇتتىن قوغلانغان ئىشچىلار ئون ئۈچ ئىدى.

ئارقىدىن بوغالتىرنىڭ ئۇنى يەنە ئاڭلاندى:

— بۇلارنىڭ ئورنىغا ئالتە شەھەردىن ئىش ئىزدەپ چىققان ئىشلەمچى باللارنى قوبۇل قىلدۇق. ئۇلار بىلەن ياخشى ھەمكارلىشىپ، كونىلار يېڭىلارغا ئىشنىڭ يولىنى ئوبدان ئۆگىتىپ، ياخشى ئىشلەڭلار، چاتاق چىقارغانلارنىڭ ئاقىۋىتى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. يىغىن تۈگىدى، تارقىلىڭلار.

## 2

زەيىندىن زاۋۇتتا يۈز بەرگەن كېيىنكى ئەھۋاللارنى زاۋۇتتىن قوغلانغان كېرىماخۇن ئۇستىدىن ئۇقتى. بۇ چاغدا زەيىندىن شەھەر سىرتىدىكى — ئىلى دەريا بويىدىكى باشقا بىر زاۋۇتتا ئىشلەۋاتاتتى.

— بۆرى قانچە ياۋۇزلاشسا، قاپقانغا شۇنچە تېز چۈشىدۇ،

كېرىماخۇن ئاكا، — دېگەنىدى زەينىدىن شۇ چاغدا، — بۇ ئىشلارنىڭ سورىقى بولىدىغان چاغلار كېلىدۇ. تۈن ھەرقانچە قاراڭغۇ بولسىمۇ، بەربىر تاڭ ئاتىدۇ.

— شۇ كۈنكى ئىشلارنى سىز كۆرمىدىڭىز، بىزنى قوغلاپ- دىغان چاغدا، — دېدى كېرىماخۇن چوڭقۇر تىنىپ، — زاۋۇت ئىچىنى شۇنداق سۈر بېسىپ كەتتى. ئۇن نەچچە قورال- لىق ساقچى كەپتۇ، ئۇلار بىزگە قوراللىرىنى تەڭلەپ تۇردى. ليۇ دېگەن بىر باشلىقىمۇ بار، ئۇنى ئۇرۇمچىدىن كەلگەن، دەيدۇ. ئەمما، ئۇ يۇقىراچە كىيىنگەن، بىزنىڭ ھېچكىمنى مەڭ- سىتمەيدىغان خوجايىن ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇ خېلى چوڭ ئەمەلدار ئوخشايدۇ.

— شۇنداق، ئۇ چوڭ ئەمەلدار، ئۆلكىلىك باش ساقچى- نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، غۇلجىلىق تونۇگان، جاللاتلىقتا شىڭ شىسەيگە ياراپ قالغاچقا ئۇنى ئۆستۈرگەن، — زەينىدىننىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، يۈزلىرى ئوت ئالدى، — ھازىر غۇلجى- دىكى ئادەم تۇتۇش، ئۆلتۈرۈشلەرنىڭ باش ئاتامانى ئاشۇ ئەب- لەخ! ئۇ ئۆزىلا ئەمەس، يېنىدىكى بىرقانچە ئادەملىرىمۇ يۇقىرا- چە كىيىنىپ، ناگانلىرىنى قوينىغا يوشۇرۇپ، كوچا - رەستى- لەرنى ئايلىنىپ تىڭ - تىڭلاپ يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ياللىۋالغان لۈكچەكلىرىمۇ بار. قايسى كۈنى بىر مۇئەللىم گومىنداڭغا قار- شى تۆت ئېغىز گەپ قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، كۆك كۆۋرۈك- نىڭ قايرىلغان يېرىدە ئاشۇ لۈكچەكلەر تەرىپىدىن پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈلگەن. ھېچقانداق گۇناھى يوق تۈرمىگە ئېلىنغان ئادەم- لەرنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كېلىۋاتىدۇ، مانا مۇشۇنىڭدەك سانسىز- لىغان ئىشلارنىڭ باش ئاتامانى ئاشۇ ليۇبىندې! . . . خوش، ئۆزىڭىزنىڭ كۈنى قانداقراق؟

— تۆت كوچا دوقمۇشىدا ياماقچىلىق قىلىۋاتىمەن.

— ھۈنىرىڭىز ئەسقېتىپتۇ - دە؟

— زاۋۇتقا ئوتتۇز يىل ئىشلەپ ئاخىرى قالغان كۇنۇم مۇشۇ... يامان ئەمەس، ئۇكام، ئۆينىڭ چاي - تۇزىنى قامداپ كېتىۋاتىمەن. جاپا تارتساڭ ھالاۋەت كۆرىسەن دەيدىغان، تارتى- مىغان جاپارىمۇ قالمىدى، ھالاۋەت بىزگە نېسىپ بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

— نېسىپ بولىدۇ، ياخشى كۇنلەرگە ئىگە بولىمىز، ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ بولسا، ئون بەشى يورۇق بولىدۇ ئەمەسمۇ...

قاراڭغۇلۇقتىن بېشارەت بېرىۋاتقاندەك، قۇياشمۇ بۇلۇتلار ئارىسىدىن چىقىپ ئەتراپقا ئۇنىڭ سارغۇچ - قىزغۇچ شولىلىرى يېيىلدى. ھاۋانىڭ سەت تۇتۇلۇپ كەتكىنىگە قاراپ، يامغۇر يېغىپ قالارمىكىن، دەپ ئۆزىنى دالدىلىق يەرلەرگە ئالغانلار، قۇياش نۇرىنى كۆرۇپ كوچىلارغا چىقتى. قايىنام - تاشقىنلىق بازار سورۇنى قايتىدىن جانلاندى. زەينىدىن كۆزىنى تۆت كوچا دوقمۇشىدا مىغىلداپ يۇرگەن ئادەملەرگە تىكتى. بۇ بازار ئۆز قوينىغا نېمىلەرنى يوشۇرغاندۇ؟ كىشىلەر نېمىلەرنى ئويلاۋاتقاندۇ؟ ئاستا ئۇرۇۋاتقان شامال بورانغا ئايلانامسۇ؟ ئايلىنىدۇ، ھېلىتىن ئۇنىڭ شەپىسى سېزىلىۋاتىدۇ، پات ئارىدا چوقۇم ھۆركىرەپ بوران چىقىدۇ!

زەينىدىن ئەتىسى ئەتىگەندە ئىلى دەرياسى بويىدىكى چوڭ يولنى بويلاپ تېرە زاۋۇتقا كېتىۋاتاتتى. ئەتىگەنلىك قۇياش پارلاپ چىققان، ئۇ شالاڭ بۇلۇتلارنى ئارىلاپ ئۆرلىمەكتە. دولقۇنلىنىپ ئېقىۋاتقان ئىلى دەرياسى تەرەپتىن سالقىن شامال ئۇرۇلماقتا. دەريا بويىدىكى زاۋۇتتىن ياغاچ بېسىلغان ھارۋىلار ئۇزۇلمەي ئارقا - ئارقىدىن كەلمەكتە. بېشىنى سېلىپ كېلىۋاتقان زەينىدىننىڭ خىياللىرى چېچىلىپ كەتكەن...

ئورۇققىنە كەلگەن، ۋىجىك، كەكە ساقاللىق بىر بوۋاي چەنزە بېسىلغان ھارۋىسىنى ھەيدەپ كېلىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز

هارۋىنىڭ ئىككىلا چاقى پاتقاققا پېتىپ قالدى. هارۋىغا قېتىلـ
غان ئورۇق، قىزىل ئۆكۈز شۇنچە كۈچەپ تارتسىمۇ، هارۋىنى
پاتقاقتىن چىقىرالمىدى. ئۇنىڭغىچە يولۇچىلار يىغىلىپ كېـ
لىپ، بىرى بۇلدىن چىقىپ تۇرغان ئوقنى كۈچەپ كۆتۈرۈپ،
بىرى مۈرىدەپ، يەنە بىرسى ئىتتىرىپ دېگەندەك «هە ـ هۇ»
دېيىشىپ، هارۋىنى پاتقاقتىن چىقىرىشىپ بەردى. بوۋاي خۇ-
شاللىقىدا كىشىلەرگە قايتا ـ قايتا رەھمەت ئېيتتى.

— قېنى، بوۋا، ماڭسىلا، بۇ رەھمەت ئېيتقۇدەكمۇ ئىش
ئەمەس، — دېدى بىرى يول چېتىدىكى ئېرىقتا قولىنى يۇيۇۋېتىپ.

شۇ ئەسنادا باج ئىدارىسىنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ تۇرىدىـ
غان سېمىز باجگىرى كېلىپ قالدى ـ دە، قاپىقىنى تۈرۈپ:

— سىلەر بۇ يەردە نېمە چۇقان سېلىپ يۈرىسىلەر؟ —
دېدى.

— چۇقان سالغىنىمىز يوق، مۇنۇ هارۋا پاتقاققا پېتىپ
قاپتىكەن، هە ـ هۇ، دەپ چىقىرىشىپ بەردۇق.

باجگىر هارۋىغا كۆز يۈگۈرتۈپ:

— چەنزىلەرنى چۇشۇرۇڭلار، تەكشۈرىمەن، — دېدى.

— بۇ كونا چەنزىلەر، — دېدى ئېگىز ئۈچكەن
بوۋاي، — ئالغان چاغدا باجلاتقان، هازىر تامغىسى ئۆچۈپ
كەتتىمىكىن...

— بولمايدۇ، چۈشۈر دېدىم، چۇشۇر!

بوۋاي ئۇنچىقماستىن چىشىنى چىشلەپ جەنزىلەرنى بىر ـ
بىرلەپ چۇشۇرۇشكە باشلىدى. باجگىر چۇشۇرۇلگەن چەنزىلەر
ئارىسىدىن كونا، تامغىسى يوق ئۈچ تال چەنزىنى تېپىۋالدى.
ئۇ خۇددى چوڭ بىر ئىش قىلغاندەك مەغرۇرلانغان هالدا قولىنى
شىلتىپ:

— ئۆلمەيدىغان قېرى! سەن هۆكۈمەتنىڭ باج قانۇنىغا
خىلاپلىق قىلغۇدەك بولدۇڭمۇ، مېنى كۆرمەيدۇ، دېگەنىمىدىڭ،

ئالدامچى، ھازىر جەرىمانە تۆلە، — دېدى ئۇ بوۋاينى جۇنۇپ تۇرۇپ.

— باجگىر، بالام، — بوۋاي قورقۇپ - تىترەپ يالۋۇر-غىلى تۇردى، — ماۋۇ ئۈچ تال چەنزىنى ئەسكى ئۆيۈمدىن سوغۇرۇپ ئالغان، كونا چەنزىلەرنى باجلىتىدىغان ئىشمۇ يوق-تۇر، ئامالسىزلىقتىن سېتىشقا مەجبۇر بولۇۋىدىم، خۇدا ھەق-قى، ماڭا رەھىم قىلسىڭىز. . . بولمىسا ماۋۇ يېگىراقلىرىدىن قانچىنى ئالسىڭىز ئېلىڭ. . .

— بولمايدۇ، نېمانداق غەرەز ئۇقمايدىغان نېمىسەن، جە-رىمانە تۆلىمىسەڭ تۈرمىدە ياتىسەن، ئۆكۈزىڭنىمۇ ئېلىپ كېتى-مەن.

ئەتراپتىكى كىشىلەر غەزەپلىنىۋاتسىمۇ، بىراق بىر ئېغىز-مۇ گەپ - سۆز قىلالمىدى.

— قانداق قىلغۇلۇق ئەمدى، يېنىمدا بىر تىيىنمۇ يوق. . .

— قانچە پۇل لازىم، مانا مەن بېرىمەن! — دېدى ئىرگىلو ھارۋا ئۈستىدە ئۆرە تۇرغان سېرىق يۈزلۈك، كۆك كۆزلۈك بىر كىشى ھارۋىسىدىن چۈشۈپ.

ھەممەيلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى. ئۇ ئادەملەر ئارىسى-دىن ئۆتۈپ يانچۇقىدىن پۇل ئالدى. ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىدىن غەزەپ - نەپرەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى. سېمىز باجگىر ئۇنىڭ قولىدىن پۇلنى ئېلىپ ساناپ يانچۇقىغا سالدى، ئاندىن بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ كەتتى. بوۋاي كۆك كۆزلۈك ئادەمنى قۇچاقلاپ كىچىك بالىدەك يىغلىۋەتتى.

— سىز مېنىڭ بالا - چاقىلىرىمنىڭ ساۋابىنى ئالدىڭىز، بەرگەن پۇلىڭىز ئۈچۈن مۇشۇ چەنزىلەرنىڭ بىرىمىنى ئېلىڭ، ئۇكام. . .

پۇل بەرگەن كىشى بوۋايغا تەسەللى بېرىپ، چەنزىلەرنى

هارۋىغا بېسىشىپ بەردى ـ دە، ئۇنى يولغا سالدى ۋە هارۋىسىنى هەيدەپ كېتىۋاتقان بوۋاينىڭ ئارقىسىدىن مېيىقىدا كۈلۈپ قاراپ قالدى. ئادەملەر تارقىلىشقا باشلىدى.

— سىز كىم بولىسىز؟ — دېدى زەينىدىن مېڭىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقان ئادەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۈلۈمسىرەپ.

— ئىسمىم گايىت، بايىدىن سوراپ يېزىدىن بىر هارۋا سامان ئەكىرگەن، شۇنى سېتىپ يېنىشىم ئىدى، بۇ ئىشقا ئۇچراپتىمەن.

بوۋايغا خەيرخاهلىق قىلغان گايىت ئىسىملىك بۇ دېهقاننىڭ ئىشىدىن تەسىرلەنگەن زەينىدىن ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزاتتى:

— ئىشچىمەن، تونۇشۇپ قالايلى، ئىسمىم زەينىدىن، بوۋاينى چوڭ بالادىن قۇتقۇلدۇرۇپ قالدىڭىز...

— شەهەردە هارۋىلارنى سەيسىگە تۇتىۋاتىدۇ، دەپ ئاڭلاپ، شەهەرنىڭ سىرتىدىراق ماڭغانىدىم. بوۋايغا بەك ئىچىم ئاغرىپ كەتتى، سامان ساتقان پۇلۇمنىڭ هەممىسىنى بېرىۋەتتىم، بولمىسا بوۋاي قانداق قىلاتتى، دەڭلا.

زەينىدىن ئۇنىڭ كەمبەغەللىكىگە قارىماي بوۋايغا خەيرخاهلىق قىلغىنىغا قاراپ ئىشەنچلىك هالدا:

— خەلقىمىز ئېغىر كۈندە قالدى، كۆردىڭىزمۇ، باجگىرنىڭ قاراپ تۇرۇپ زورلۇق قىلغىنىنى، — دېدى.

— بۇنداق ئىشلار هازىر جىق، يېزىدىمۇ دېهقانلارنىڭ كۆرمىگەن كۈنى قالمايۋاتىدۇ... — گايىت نېمىشقىدۇر سۆزىدىن توختاپ قالدى. ئۇ بۇ ناتونۇش ئادەم بىلەن هۆكۈمەتكە قارشى سۆزلەرنى قىلىشتىن ئېهتىيات قىلدىمۇ، بۇ يەردىن دەرهال كېتىش ئويىغا كەلدى.

— خوش، مەن ياناي، يەنە ئۇچرىشىپ قالارمىز، ئالدىرايتتىم.

— خوش، ئامان بولۇڭ.

# سەككىزىنچى باب

## 1

بۇ يىل نادەمنىڭ بويى لوڭگىدە ئۇسۇپ يىگىت بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بۇرۇتى خەت تارتقان، يۈزى تولغان. ئۇ سەككىز خو بۇغداي بېسىلغان ئىرگىلو هارۋىنى هەيدەپ، باش توخۇ بىلەن شەهەرگە ماڭدى، يول بويى جىرەن قاشقىنى ئىلداملىتىپ ئەتىگەنلىك چاي ۋاقتىدا شەهەرگە كىردى.

دۇكانلار تېخى ئېچىلمىغان، ئادەملەر كوچىلارغا تولۇق چىقمىغان، شەهەر ۋاڭ - چۇڭلىرى تېخى باشلانمىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا «پوش، پوش...» دېيىشكىمۇ ۋە هارۋىنى ئاستىراق هەيدەشكىمۇ توغرا كەلمىدى، جىرەن قاشقا يېزا يولىدا قانداق ئىلداملىق بىلەن ماڭغان بولسا، شەهەر كوچىسىدىمۇ شۇنداق ئىلداملىق بىلەن ماڭدى. نادەم ئەختەمباي-نىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، بۇغداينى هۆرنىساخاننىڭ دۆڭ مەهەللىدىكى بىر تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈرۈۋېتىپ، بىر چىنە چاي ئىچىپلا كەينىگە ياندى. ئەمما، كۆرە دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بىر پىشكەللىككە يولۇقۇپ قالدى.

قوللىرىدا سىم قامچىسى بار ئىككى ئاتلىق چېرىك ئۇنىڭغا نېرىدىن ۋارقىرىدى:

— هەي هارۋا، توختا!

نادەم بوجىنى تارتىپ هارۋىنى توختاتتى.

— سەيسىگە، هارۋاڭنى بۇياققا بۇرا، — دېدى ئۇلار

يېتىپ كېلىپ.
هالىڭ ـ تالىڭ بولۇپ قالغان ئادەم:
ــ نېمە سەيسە بۇ؟ ــ دېدى ئۇلارغا قاراپ.
ــ نېمىلىكى بىلەن سېنىڭ ئىشىڭ بولمىسۇن، نېمىلە-
كىنى هازىر بىلىسەن.
ــ بۇ هارۋا مېنىڭ ئەمەس، باينىڭ.
ــ باي تۇرماق ئەۋلىيا بولسىمۇ، ماڭ دېگەندىن كېيىن
ماڭ! ــ ئۇلارنىڭ تەلەتىدىن دەهشەت يېغىپ تۇراتتى.
ــ سەيسەڭنى مەن بىلمەيمەن، بايدىن سورا، ــ دېدى
ئادەم ۋە ئاتنىڭ بوجىسىنى سىلىكىدى.
ــ بۇرنىنىڭ بېـزى خېلى ئۆسۈپ قالغان هارىمىغۇ
بۇ، ــ دېدى ئۇلارنىڭ بىرى ۋە ئېتىنى دېۋىتىپ، هارۋىغا
يانداپ كېلىپ، ئادەمنىڭ دۈمبىسىگە قامچا بىلەن بىرنى سال-
دى، قامچا ئادەمگە خېلى ئوبدانلا تەگكەن بولسىمۇ، لېكىن
غەزىپىنى بېسىپ تۇرۇپ دېدى:
ــ بىكاردىن ـ بىكار نېمە زورلۇق قىلىسەن؟
ــ زورلۇق، ــ دېدى چېرىكلەرنىڭ بىرى، ــ تېخى
زورلۇقنى كۆرمىدىڭ، مانا ئەمدى كۆرىسەن، ــ ئۇ قامچىسى-
نى ئېگىز كۆتۈرۈپ غەزەپ بىلەن ئادەمگە ئېتىلىپ كەلدى ۋە
باش كۆزىگە تارسىلدىتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى. چېرىكلەر ئەنە شۇ
تەخلىتتە ئادەمنى هارۋىسى بىلەن قوشۇپ هەيدەپ ماڭدى.
چېرىكلەرنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ، چوڭقۇر خىيال بىلەن كې-
تىپ بارغان ئادەم، ئۆزىگە ئوخشاش سەيسكەشلەرنىڭ بىردەم-
دىلا ئوندىن ئاشقانلىقىنى كۆردى.
بۇ ۋاقىتتىكى سەيسلەر ئاساسەن ئىككىگە بۆلۈنەتتى. بى-
رى، بىر كۈنلۈك هەقسىز سەيسە، يەنە بىرى، بىر ئايلىق
سەيسە بولۇپ، بۇ شىخۇدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ئۇزۇق ـ
تۈلۈك، كىيىم ـ كېچەك يەتكۈزۈپ بېرىش سەيسىسى ئىدى.

بۇنىڭغا تۆۋەن ھەق — پەقەت ئاتلارنىڭ يەم - بوغۇزىغا يەتكۈدەك ھەق بېرىلەتتى. لېكىن، بۇ ھەقمۇ مەھەللىلەرگە چۈشكەن هارۋا سېلىقىدىن يىغىلغان پۇلدىن ئاجرىتىلاتتى.

نادەم شەھەرنىڭ سىرتىدىكى تۈگمەنگە ساڭدىن بۇغداي توشۇدى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ كۆرگىنى كۆپ، يېمىگىنى چۆپ بولدى. هارۋاڭنى چاققان ھەيدىمەمسەن، دەپ يەنە بىرنەچچە قېتىم تاياق يېدى، خورلۇققا چىدىماي، بىر چېرىكنىڭ قولىدىكى قامچىنى تارتىۋالغانلىقى ئۈچۈن، بىرنەچچە چېرىك بىرلىشىپ هارغۇچە دۇمبالىدى. ئەسلىدە ئۇ بىر كۈنلۈك سەيىسگە تۇتۇلغانىدى، لېكىن چېرىكلەرگە يېنىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئىككى كۈن ئىشلىگەندىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى.

ئۇ ئېغىر بىر نەپەس ئالدى - دە، يولنىڭ چېتىدە توختاپ، بۇلاق سۈيىدە يۈز - كۆزىنى يۇدى، چاپىنىنىڭ پېشى بىلەن يۈزىنى ئېرتىپ، بۇلاق سۈيىدىن ئوچۇملاپ ئېلىپ قانغۇدەك ئىچتى. شۇ چاغدا ئانىسىنىڭ تاپىلىغان ئىشى يادىغا كەلدى - دە، هارۋىسىنى ھەيدەپ تاشلەپكە بازىرىغا قاراپ يول ئالدى. لېكىن بازارغا يەتمەي تۇرۇپلا بىر تونۇشى ئۇچراپ قالدى. ئۇنىڭ باش - كۆزى توپا، كىيىملىرىگە قويۇق هاك چاچراپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن نادەم:

— نېمە بولۇپ كەتتىڭ ئەزىمەتكا، — دېدى.

— قويساڭچۇ ئۇكا، بۇ پېشكەللىكنى، — دېدى ئەزىمەت ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — قازانچى ساقچىسىدىن كېلىۋاتىمەن.

— نېمە بولغان؟

— ھە، نېمىسىنى دەيسەن، ئۆگزىدە توققۇز - ئون باغ بېدە قالغان، بۇ ماشكىلار شۇنى پۇراپ تېپىپتىكەن، ئۆگزىگە بېدە باسقان گۇناھىم ئۈچۈن قازانچى ساقچى ئىدارىسىنى ئاقلاپ بېرىپ، كېلىۋاتىمەن.

Altunoq

ئەزىمەت نادەمدىن ئۈچ ـ تۆت ياش چوڭ بولۇپ يىگىرمە بىر، يىگىرمە ئىككى ياشلارغا كىرىپ قالغان ھەم بۇلارنىڭ شىرەم تۇغقىنى ئىدى.

— تولا، — دەپ ياقىسىنى تۈتتى نادەم، — بىدە دىگەننى ئۆگزىگە باسماي نەگە باسىدۇ ئەمىسە؟

— بۇ ھۆكۈمەت ھازىر ئۆزىنىڭ سايىسىدىن ئۆزى چۆچۈي-دىغان بولۇپ قالدى، — دىدى ئەزىمەت ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ قويۇپ، — ئۆگزىلەرگە ئوت ـ چۆپ باسماسلىق، بىر يەرگە يىغىلىپ تۇرماسلىق، كېچىسى بالدۇر ئۇخلاش، چىراغ ياقماس-لىق... توغرىسىدا پەرمانلارنى چىقارغان ئەمەسمىدى بۇ يۇرد-كى پوك ـ پوكلار.

— ھە، مۇنداقمۇ ئىشلار بار دىگىن، بۇ ھۆكۈمەت بىر ئۇششۇق بولدى دىگىنە، نىمىلەر بولۇۋاتىدۇ، نەگىلا قارىما، تۇتقۇن، ئالۋاڭ، ئۇر ـ يىقىت!

ئەسلىدە شەھەردىكى ساقچى ئىدارىلىرىنى ئاقلاپ، تازىلاش ئۈچۈن يۇقىرىدىن پۇل كېلىپ قالغانىكەن، قازانچى ساقچىسى-نىڭ باشلىقى بۇ پۇلنى ئۆز يانچۇقىغا سېلىش ئۈچۈن، تەۋەسى-دىكى مەھەللىلەرنى يېرىم كۈن ئارىلاپتۇ. ئاخىرى ئۇ، ئۆگزد-لىرىگە بىدە بېسىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمر ـ پەرماننى بۇزدى، دەپ ئۈچ كىشىنى تۇتۇۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى مۇشۇ ئەزىمەت، ئىككىنچىسى قورۇسىنىڭ ئاخىرىدىكى ئېغىلنىڭ ئۈستىگە بەش ـ ئون باغ قورايىنى چىقىرىپ قويغان بىر كىشى. ئۈچىنچىسى يېڭىلا ئۈچ يۈز باغ بېدە ئېلىپ ئۆگزىگە ئەمەس، قورۇ ئىچىگە ئېگىز قىلىپ بېسىپ قويغان يەنە بىر كىشى ئىدى. ساقچى باشلىقى بۇ ئۈچ كىشىنى ھازىر ئاپىرىپ سولايمەن، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن، دەپ ۋارقىراپ، نوقۇشتۇرۇپ تۇرغاندا، نەدىد-دۇر گەيجاڭ تۆپىلەپ كېلىپ قاپتۇ ۋە ئارىغا چۈشۈپتۇ.

— باشلىق جانابلىرى، ئىلتىپات قىلسىلا، مەن سورىۋالاي،

بۇلارنىڭ ئۇششاق بالىلىرى بار، قىلغان گۇناھى ئۈچۈن ساقچى ئىدارىسىنى ئاقلاپ بەرسۇن.

باشلىق گەيجاڭنىڭ سالاسىغا تەسلىكتە «كۇنۇپتۇ». ئەزىمەت بۇ ئىشنى نادەمگە سۆزلەپ بەردى.

— يۈر، بىزنىڭكىگە چۈش، — دېدى ئەزىمەت، — بىر كېچە قون، پاراڭلىشىمىز.

— خوش، مەنمۇ ساڭا ئوخشاش پېشكەلىككە يولۇقۇپ ئاران قۇتۇلدۇم، ئىككى كۈن كېچىكىپمۇ قالدىم، تېخى باي نېمە دەيدىكىن؟

ئۇلار خەيرلىشىپ ئايرىلدى.

نادەم هارۋىسىنى هەيدەپ تاشلەپكىگە كەلدى. بۇ يەر قايناۋغان بازارلارنىڭ ئەڭ چوڭى ئىدى. تۆت كوچىنىڭ هەممىسىدە دېگۇدەك پۇللۇق ماللار سېلىنغان دۇكانلار بولۇپ، ۋاپورۇش بازىرى، تۇماق بازىرى، يەل - يېمىش بازىرى، قاسساپ بازىرى ۋە باشقا بازارلارمۇ مۇشۇ تاشلەپكە بازىرىغا تۇتىشىپ كېتەتتى. ئادەتتىكى سودا - سېتىقتىن باشقا ئالتۇن - كۈمۈش، مەرۋايىت، ياقۇت سودىلىرىمۇ دەل مۇشۇ بازاردا بولاتتى. بازاردىكى ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن بەزى كۈنلىرى ئات - هارۋىلار بۇ يەردىن ئۆتەلمەي قالاتتى، هاۋاغا چاڭ - توزان، بىقسىغان بۇس ئۆزلۈكسىز كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئۆز مېلىنى ماختاپ ۋارقىراۋاتقان ئۇششاق ئوقەتچىلەرنىڭ ئىنچىكە، بوم ئاۋازلىرى بىلەن دېۋانىلەرنىڭ مۇڭلۇق نالىلىرى بازار ئۈستىدىكى سېسىق هاۋانى ياراتتى، بۇ يەردە دېۋانىلەر ناهايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەڭدىن تولىسى كۆزىدىن ئايرىلغان ياكى باشقا يەرلىرى ناكا بولغان ئادەملەر ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يېتىم - يېسىرلارغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا نالىسا، بەزىلىرى قانداقتۇر بىر مۇڭ بىلەن مەشرەپ، هۆۋەيدا، سوپى ئاللايارلارنىڭ بېيىتلىرىنى، غەزەللىرىنى هۆكمەت قىلىپ ئېيتىشاتتى.

كەڭرەك يەرلەردە ئۆچىسىغا ئۆزۈن قارا ـ ئالا يوللۇق چاپان، بېشىغا كۆلا كىيىۋالغان، بېلىگە كىچىك ـ كىچىك بوغما قاپاق، چوڭ قۇلۇلە قاپلىرىنى ئېسىۋالغان، سۆزلەۋېرىپ لەۋلىرى قۇرۇپ، تەرلەپ ـ پىشىپ كەتكەن مەدداھلار بىرنەچچە شاگىرتلىرىنى «دوست ـ دوست» دېگۈزۈپ، ئەتراپىغا يۈزلەنگەن ئادەملەرنى يىغىۋېلىپ، كۆزلىرىنى ئالايتىپ، قوللىرىنى شىلتىپ، جەڭنامە قىسسىلىرىدىن مەدداھلىق قىلماقتا ئىدى. قايسى بىر دىۋانە ئۆز ناللىرى ئارىسىغا:

خەلق ھوشيار بولغايسەن،
ئەتراپىڭغا باققايسەن.

دېگەن بېيىتلارنى قىستۇرۇپ، ئۆزىمۇ ئەتراپىغا سەپسېلىپ قاراپ قويىدى. كىشىلەر ئارىسىدا كىملەردۇر پىچىرلىشىپ ۋە ئىشارىلىك سۆزلەرنى قىلىشىپ، باشلىرىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس ھالدا سىلكىپ قويۇشتى. لېكىن، باشقىلار مۇنداق خۇپىيانە ھەرىكەتلەرنىڭ مەنىسىنى بىلمەيتتى. شۇنداق ھەرىكەتلەرنى كۆزىتىپ يۈرگەنلەرمۇ يوق ئەمەس ئىدى.

تاشلەپكە بازىرىدا باھا ھەيئىتىنىڭ ئادەملىرى كۆپ ئىدى. سىرتتىن يۈزەكى قارىغان كىشى ئۇلارنى مال باھاسىنىڭ مۇقىم بولۇشىنى كۆزىتىپ يۈرىدۇ، دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن، ئىشنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە زەن سېلىپ قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئىشى ئاساسەن، ئۆز يانچۇقلىرىنى تولدۇرۇش ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس.

نادەم ئېتىنى تۇۋرۇككە باغلىدى ـ دە، بىر دۇكانغا كىرىپ ئانچە باھا تالاشمايلا ماتادىن بىرنى ئالدى ۋە ئۆزى شەھەرگە مېڭىشتىن بۇرۇن ئانىسى تىكىپ بەرگەن چاپىنىنىڭ ئىچىدىكى يانچۇقىدىن پۇلنى ئېلىپ ساناپ بېرىۋاتقان چاغدا، دۇكان ئىچى-

گە باھا ھەيئەتنىڭ بىرنەچچە ئادەملىرى كەينى ـ كەينىدىن كىرىپ كەلدى. نادەم ھەيران قالدى، دۇكاندارنىڭ قولى تىتى-رەپ، كۆزى چانىقىدىن چىقىپ كېتىشكە ئاز قالدى. ئۇلار نادەمدىن ماتانى قانچىگە ئالغانلىقىنى سوراشتۇرۇپ كۆردى ـ دە، دۇكاندارغا تەرەپ ـ تەرەپتىن ۋارقىراشقا باشلىدى.
ـــ سەن نېمىشقا تاختاي باھاسىدىن بىر تەڭگە ئاشۇرۇپ ساتىسەن؟ باھانى بىز بېكىتىپ بەرگەن ئەمەسمىدۇق ـ ھە؟
ـــ سەن باھانى خالىغانچە بۇزۇپ، شۇنچە يوغىناپ كەت-تىڭمۇ، نائىنساپ!
ئۇلارنىڭ ئوشۇقى ئالچۇ چۈشكەنىدى.
ئۇلار پەشتاختىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، جاھازلارغا تىزىپ قويۇلغان ھەممە ماتانى دۇكاننىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلاشقا باشلىدى.
ـــ ھەممىسىنى ئۆتكۈز!
باھا ھەيئەتنىڭ ئادەملىرى دۇكاندارنىڭ شۇ گۇناھى ئۈ-چۈن ھەممە ماللىرىنى ئۆز باھاسىدىن يېرىم ھەسسە چۈشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىۋاتاتتى.
دۇكاندار ئىككى پۈكلىنىپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى:
ـــ خۇدا ھەققى، رەھىم قىلىڭلار، ئىككىنچى مۇنداق قىلماي، مەن بىلمەي...
ـــ تولا كاپشىما، ئوغرى كاززاپ!
دۇكاندار ياخشى بىلەتتى، ئۆتكۈزۈۋېلىنغان بۇ ماتالار ئەتە-دىن باشلاپ، مۇشۇ ئەمەلدارلارنىڭ باشقا شېرىكلىرى ئارقىلىق ئېلىنغان باھاسىدىن بىر يېرىم ھەسسە ئۈستۈن باھا بىلەن خۇددى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا سېتىلىۋېرەتتى، ئەلۋەتتە بۇنى تۆتە-دىغان ياكى سوراشتۇرىدىغان باشقا ئەمەلدارلار بولمايتتى. شۇ-ڭا، ئۇ زىيانغا چىدىماي، ئوت ئۈستىدىكى قىلدەك تولغىنىپ، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ يەنە يالۋۇرۇشقا باشلىدى:
ـــ ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ كېچىككە كىرىدىغان

بولسام، قەسەم ئىچىپ بېرەي، پۈتۈن مېلىمنى مۇسادىرە قىلىڭلار.

باشقا سودىگەرلەرمۇ ئۇنىڭ يېنىنى ئېلىپ، بىرمۇنچە چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ باقتى، لېكىن ئۇلارنىڭ كېيىنگە قولاق سالىدىغان بىرەر ئەمەلدار چىقاتتىمۇ؟! شۇنچە مال ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى قىزارتىۋەتكەن تۇرسا، ئۇنىڭدىن قولغا كىلىدىغان تاپاۋەتنى ئاللىقاچان ھېسابلاپ بولغاندۇر، بەلكىم.

نادەم بۇلۇۋاتقان بۇ ئالامەتلەرگە ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قاراپلا قالدى. باھا ھەيئىتىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭ دۇكاندارغا بېرىۋاتقان پۇلىنىمۇ تارتىۋالغانىدى.

— مەن ماتانى ئالمىدىمغۇ، — دېدى نادەم قولىدىن پۇلنى تارتىپ ئېلىۋالغان ئەمەلدارغا قاراپ، — مېنىڭ پۇلۇمنى بېرىۋەتمەمسىلەر؟

— سەنمۇ تاختاي باھاسىنى بۇزدۇڭ، سېنىڭ پۇلۇڭمۇ قايتۇرۇلمايدۇ، — دېدى ئۇ.

— ماتانى قىممەت ساتقان سودىگەر مەن بولمىسام، قانداق بۇزىمەن؟

— سەنمۇ تولا كاپشىماي يولۇڭغا ماڭ، — دېدى بىر پارچە قەغەزگە نېمىلەرنىدۇر يېزىۋاتقان ئەمەلدار كەينىگە ئاچچىقى بىلەن بۇرۇلۇپ قاراپ

— مېنىڭ پۇلۇمدا سىلەرنىڭ نېمە ھەققىڭلار بار؟

نادەم بىرنىگە قاراپ ماڭدى. لېكىن، ئەنۋەرنىڭ «ئۆزۈڭنى تۇت» دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ توختىدى. ھېلىقىلار نادەمنىڭ ئۇستۈپشىغا سەپسېلىپ قاراپ، ئۇنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كېلىشتى ۋە بىرى:

— خىلى تىلىڭ چىقىپ قالغان سەھرالىققۇ سەن، ھەققىڭنى ئالساڭ، يۈر بىز بىلەن ماڭ، — دەپ گۆلەيدى.

شۇنداق قىلىپ نادەم ئانىسىنىڭ بىر ماتا ئۈچۈن مىڭ

تەسلىكتە يىغىپ بەرگەن پۇلىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى ـ دە، غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ھارۋىسىنى ھەيدەپ ماڭدى ۋە ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن بېرى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلاپ خىيال قىلىشقا باشلىدى: «مۇنداقمۇ زورلۇق بولىدىكەن، بۇ زورلۇق يېزىدىمۇ، شەھەردىمۇ ئوخشاشلا ئىكەن، شەھەر بۇزۇلۇپتۇ، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ پەيلى بۇزۇلۇپتۇ. ئەنۋەر ئەپەندىنىڭ ‹ھۆكۈمەت بارغانسېرى غالجىرلىشىۋاتىدۇ›، دېگىنى شۇكەن ـ دە، غالجىرلاشقان بولسا ياخشى، بېشىنى يەيدۇ، تاياق ـ توقماق ئېلىپ بۇ غالجىر ئىتنى ئۇر ـ ئۇر قىلىدىغان كۈن پاتراق كەلسىدى، ئەمدى مېنىڭ تاقىتىم تۈگىدى، قولۇم قىچىشقىلى تۇردى.»

نادەم شۇنداق خىياللار بىلەن ھارۋا ئۈستىدە يىنىك تەۋرىنىپ كېتىپ بارغاندا، ئەنۋەر ئەپەندى بەستلىك بىر كىشى بىلەن شەھەرنىڭ بىر كوچىسىدا پاراڭ قىلىشىپ كېتىپ باراتتى.

— تۇرلۇك ئالۋاڭ ـ ياساقلار، ئېغىر سېلىقلار خەلقنى قۇرۇق قاقشال قىلىپ قويدى، — دېدى ھېلىقى بەستلىك ئادەم، — دېھقانلارنىڭ تۆكمىدىغان دەن سېلىقى، ئارپا، بېدە سېلىقى، تۇياق بېجى، شەھەرلەردىكى تۇرلۇك سەيسىلەر نەچچە ھەسسىلەپ كۆپەيدى، — يېشى ئوتتۇزدىن ئەمدىلا ھالقىغان، ئۆتكۈر كۆزلۈك، قويۇق قوشۇما قاشلىق، بەستلىك كەلگەن بۇ ئادەم گىمنازىيىدىن قوغلانغان ئوقۇتقۇچى نىزامىددىن ئىدى. ياش ئوقۇتقۇچى ئەنۋەر ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلاپ كېتىپ باراتتى.

— ھازىر دېھقانلار ئۈچۈن، — دېدى ئەنۋەر، — كۈنلەر شۇنچىلىك قاتتىقكى، ئۇلار جىنىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قېلىۋاتىدۇ، ئاسمانغا چىقاي دېسە يىراق، يەرگە كىرەي دېسە قاتتىق، ھۆكۈمەتنىڭ زورلۇقى شۇنچىلىك ھەددىدىن ئاشقان...

— شۇنداق، ئۇلۇم ئالدىدا جان تالىشىش دېگەن مانا شۇ، — دېدى نىزامىدىن كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىكىپ تۇ-رۇپ.

كىشىگە چىرايى سۇرلۇك كۆرۈنىدىغان بۇ ئادەمنىڭ مىجە-زى چۇس ئىدى. ئۇ سۆزلىرىنىڭ سالمىقى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە ئاسانلا جەلپ قىلاتتى.

— ھازىر ئىشپىيونلۇق، پايلاقچىلىق، چېقىمچىلىق ئەۋ-جىگە چىقتى، — دېدى ئۇ يەنە، — كەينىمىزمۇ پايلاقچى ياردەك قىلىدۇ، بەزى كۈنلىرى بىزنىڭ كوچىدا ناتونۇش ئادەم-لەر پەيدا بولۇپ قالىدۇ ۋە ئۇزاققىچە ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ، كىشىلەرگە يەر ئاستىدىن قارايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە تىرىكچىلىك-مۇ تەس بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا، بالىلارنى موڭغۇلكۈرەگە ئاچىقىپ قويسامىكىن دەۋاتىمەن، ئۇ يەردە ھەدەمنىڭ تاغىسى بار.

— ئۆزىڭىز ئانچە كېچىكمەسسىز؟

— ئەھۋالغا قارايمەن.

نىزامىدىن ئەسلىدە ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىنىڭ ئىل-مىي مۇدىرى ئىلياس ئەپەندى بىلەن يېقىن ئۆتەتتى. ئىلياس ئەپەندىنى ھۆكۈمەت ئوقۇغۇچىلارغا كوممۇنىستىك تەشۋىقات - تەربىيە بەردى، دەپ قولغا ئالغاندىن كېيىن، نىزامىدىننى ئۇ-نىڭ بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتى بار، دەپ مەكتەپتىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، ئۇن زاۋۇتىغا ھاممال، پىلچى خانىدا كۆمۈر تارتقۇچى بولۇپ ئىشلەپ، ھازىرغىچە ئائىلىدىكى بەش جاننى بېقىپ كېلىۋاتاتتى. ھازىر بولسا ھېچ يەردىن ئىش تاپالماي، تۇرمۇشى ئېغىرلاشماقتا ئىدى.

— شۇنداق قىلىپ ئىلياس ئەپەندىنىڭ ھېچ دېرىكى بول-مىدى - دە، — دېدى ئەنۋەر ئۇنىڭغا قاراپ.

— ئۇرۇمچى تۇرمىسىگە يۆتكەلگەندىن كېيىن، ھېچبىر ئىز دېرىكى يوق، — دېدى ئۇ ھەسرەتلىنىپ.

قاپاقلىرى تۈرۈلگەن، لەۋلىرى مەھكەم يۇمۇلغان نىزامىدىن قانداقتۇر بىر چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولۇپ كېتىپ باراتتى.

ئۇلار ئىككىسى بىر يان كوچىدىن چوڭ كوچىغا چىققاندى، ئالدىدىن ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان ۋە تېخى ئاخىرى قوزغالمىغان هارۋىلار كارۋىنىغا يولۇقتى. هارۋىلارنىڭ هەممىسىگە ئۇن بېسىلغانىدى.

— مانا بۇ گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئۇچۇن شىخوغا ئېلىپ بارىدىغان ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەك، — دېدى نىزامىدىن ئەنۋەرگە قاراپ، — بۇلارنىڭ هەممىسى سەيسىگە تۇتۇلغان هارۋىلار!

ئۇلار ئىككىسى تېخى ئەللىك - ئاتمىش قەدەم ماڭا - ماڭمايلا، كىشىلەر دۇررىدە قىلىپ كەينىگە قاراشتى. ئۈچ چېرىك ئىككى دېھقاننى ئالدىغا سېلىپ هەيدەپ كەلمەكتە ئىدى. هەر ئىككىسىنىڭ قولىغا كويزا سېلىنغان، كىيىملىرى جۇل - جۇل، يۈزىدە قان داغلىرى، كۆكەرگەن ئىزلار بولۇپ، كۆزلىرى غەزەپتىن چاقناپ تۇراتتى. ئۇلارغا ئەگەشكەن نۇرغۇن كىشىلەر ئېچىنغان قىياپەتتە كەلمەكتە ئىدى.

— مانا، خەلقىمىز مۇشۇنداق كۈنگە قالدى، — دېدى نىزامىدىن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — بىز دۇنياغا خورلۇق تارتقىلىلا كەلگەنمۇ، بىزنىڭ غۇرۇرىمىز يوقمۇ؟ بار. بىزنىڭمۇ باش كۆتۈرۈپ چىقىدىغان كۈنىمىز كېلىدۇ، يۈرەك يېرىلغۇدەك خۇشال بولىدىغان كۈنىمىزمۇ كېلىدۇ، ئۇزاق قالمىدى. . . — ئۇ-لۇغ - كىچىك تىنىدى ئۇ، — بۇ ئۇلۇمتۇكلەرنىڭ قىلغان - ئەتكىنى مۇشۇ تۇرسا، ئۇنىڭغا كىممۇ قارشى چىقمىسۇن! بۇلار قانچە ۋەھشىيلەشسە، بىزگە شۇنچە پايدىلىق! ئۇلار ئۇزلىرى خەلقنى قوزغاپ بېرىدۇ، تەربىيىلەيدۇ! ۋەھشىيلىك كۈچەيگەنسېرى، خەلقنىڭ قولىغا قورال ئالىدىغان كۈنى شۇنچە يېقىنلى-

شىدۇ.

ئەنۋەر چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ، ئىككى دېھقاننىڭ يېرىلىپ كەتكەن يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىغا قاراپ ئېچىنغان هالدا مۇنداق دېدى:

— ھەقىقەتەن دېھقانلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەت ئاز ئەمەس، مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈۋاتىمەنغۇ، دەن سېلىقى، ئالۋاڭ ـ ياساق دېگەننى، ئاشلىق بولدىمۇ، بولمىدىمۇ ئۇنىڭغا قارىماي، كىمنىڭ قانچىلىك يېرى بولسا، يېرىگە قاراپ بەلگىلەيدۇ. شۇڭا ئالغان ھوسۇلى سېلىققا يەتمەي، يېرىدىن، ئات ـ هارۋىسىدىن ئايرىلىپ كېتىدىغان دېھقانلار ناھايىتى كۆپ. «دەن سېلىققا چۈشلۈق ئاشلىق ئالالمىدىم» دېسە، ئۇنامدۇ، «ۋۈي كاززاپ، ئاشلىقنى نەگە تىقىپ قويدۇڭ» دەپ ساۋايدۇ، ھەق ئىش ئۈچۈن قارشى چىقسا، كۆرىدىغان كۈنى مانا مۇشۇ، بۇمۇ تىرىكچىلىك بولدىمۇ، بۇنىڭ دادىغا زادى كىم يېتىدۇ؟!

— ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، دېھقانلار بۇ سېلىقتىن باشقا چېرىك ئاتلىرى ئۈچۈن يەنە ئارپا، بېدە سېلىقى تۆلەيدۇ.

— بۇنىڭ قىزىق يېرى شۇكى، — دېدى ئەنۋەر قىزىد-شىپ، — ئارپا، بېدە تېرىمىغان دېھقانمۇ، ئارپا، بېدە تېرى-غان ھېسابتا ئۇنى باشقىلاردىن سېتىۋېلىپ، بۇ سېلىقنى تۆلەي-دۇ. بۇ ئىشلارغا ئادەمنىڭ بىر تەرەپتىن كۈلگۈسى كېلىدۇ، بىر تەرەپتىن غەزىپى. بۇنداق سېلىقنى تۆلىيەلمىگەن دېھقاننىڭ پۇتىغا كىشەن، قولىغا كويزا، بوينىغا قۇۋۇق سېلىنىدۇ. باش-قىلارغا ئىبرەت قىلىنىپ، يېزا كوچىلىرىدا سازايى قىلىنىدۇ ـ دە، ئاخىرى بۇ ئىككى دېھقانغا ئوخشاش شەنگەن يامۇلىغا ئېلىپ كېتىلىدۇ.

— سەن ئاڭلىمىغان بولۇشۇڭ مۇمكىن، يېقىندىن بېرى يەنە ئىككى سېلىق چىقتى، — دېدى نىزامىدىن، — بىرى،

چېرىكلەر يەيدىغان كۆكتات ئۆچۈن تۆلەيدىغان سېلىق، بۇنى ئۇلار «سەي پۇلى» دەپ ئاتايدۇ. يەنە بىرى، چېرىكلەر كىيىدىغان خەي، پايپاق ئۈچۈن تۆلەيدىغان سېلىق، بۇنى ئۇلار «خەي، پايپاق پۇلى» دەپ ئاتايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا تۇياق بېجى[①] دېگىنىمۇ بىر بالا.

— نېمىدېگەن تۈگىمەيدىغان سېلىقلار بۇ - ھە! زورلۇق، ئۇششۇقلۇق بۇلار، ھەرقانچە بولسا شۇنچىلىك بولار، — دېدى ئەنۋەر غەزىپىنى باسالماي، ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلاپ چىقىپ كەتتى.

— ئاستا سۆزلە، ئاستىراق، — دېدى نىمىزامىددىن ئۇياق - بۇ يېقىغا قاراپ قويۇپ.

ئۇلار ئىككىسى سۆزلەشتىن توختاپ، تەگسىز خىياللار ئىچىدە ئۈنسىز كېتىپ باراتتى. يۈزلىرىدە يۈرەكتىن ئېتىلىپ چىققان غەزەپ ئۇچقۇنلىرى ۋالىلداپ چاقنايتتى. يۈرەكلىرى كۆكرەك قەپەسلىرىگە پاتمايۋاتقاندەك دولقۇنلىناتتى. ئۇلارغا ھەممە نەرسە — كوچىدا ئۇياقتىن - بۇياققا كېتىپ بارغان ئادەملەرمۇ، دەل - دەرەخلەرمۇ قانداقتۇر بىر كۈچلۈك غەزەپكە كەلگەندەك كۆرۈنمەكتە ئىدى.

## 2

يېزىغا قايتقان ئادەم بويىنكېسىك مەھەللىسىگە يېقىنلاپ كەلدى - دە، يەنە بىر ئىشقا يولۇقۇپ قالدى.

---

① تۇياق بېجى — بىر زەڭگىلىكتىكى ئومۇمىي مال سانىدىن ئېلىنىغان باج. زەڭگىلەر باجنى ھەربىر چاڭغىراققا (ئائىلىگە) چاچىدۇ، ھەربىر چاڭغىراق ئۆز ئومىتىگە چۈشكەن تۇياق سانىنى مىلىنىڭ بار - يوقلۇقىغا قارىماي تۆلەيدۇ. بۇ سېلىق بولۇپمۇ قازاق خەلقىنى بەك قاقشاتقان.

Altun0q

نادەم هارۋىسىنى ئەمدىلا قايرىپ مېڭىشىغا، نەدىندۇر يې-
تىپ كەلگەن بىر ئاتلىق چېرىك ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى:
— هارۋاڭنى بۇياققا هەيدە، سەيسىگە ماڭمىسەن، —
دېدى قاپىقىنى تۈرۈپ.
نادەم كۆزىنى ئالايتىپ:
— نېمانداق تۆگمەيدىغان سەيسە ئۇ، مەن سەيسىدىن
هازىرلا كەلدىمغۇ، — دېدى ۋە هېچنېمە ئاڭلىمىغاندەك هارۋى-
سىنى هەيدەپ ماڭدى. هېلىقى چېرىك ئېتىنى دېۋىتىپ كې-
لىپ:
— كىمىڭنى ئەخمەق قىلىسەن! — دەپ نادەمنىڭ
باش - كۆزىگە قامچا بىلەن بىرنەچچىنى ئۇرۇۋەتتى. نادەم
شۇنچىلىك غەزەپلىنىپ كەتتىكى، هارۋىنىڭ ئۈستىدىن ئۆزىنى
چېرىككە ئاتتى - دە، ئۇنى ئات ئۈستىدىن يۇلۇپ چۈشتى ۋە
ئاچ بېقىنىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدى. چېرىك «ۋاي-
جان. . .» دەپ ئىچى ئېلىشىپ يىقىلدى، بىراق شۇ ئەسنادا
يەنە نەدىندۇر ئۈچ - تۆت ئاتلىق چېرىك چېپىپ كېلىشتى -
دە، نادەمنى قوللىرىدىكى كالتە ئاق تاياق بىلەن دۇمبالىغىلى
تۇردى. بىرىنىڭ تايىقى ئۇنىڭ بۇرنىغا تېگىپ كېتىپ، قان
كەتتى. . . كىشىلەر ئولاشتى، نىزامىدىن بىلەن ئەنۋەرمۇ ئا-
دەملەر توپلىشىپ تۇرغان بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشتى. ئەنۋەر
نادەمنى كۆردى - دە، بىردىنلا ۋارقىرىۋەتتى:
— هوي، نادەمغۇ بۇ! نا. . .
نىزامىدىن دەرهال ئۇنىڭ بىلىكىگە نوقۇپ، ئۇنى توختىتى-
ۋالدى - دە، پەس ئاۋاز بىلەن:
— ئۆزۈڭنى باس، — دېدى.
— بىچارە دېهقانغا ئۇۋال ئەمەسمۇ، — دېدى توپ ئىچى-
دىن بىرى.
— تېخى ياش بالىكەن، — دېدى يەنە بىرى.

— قورسىقىڭنى بېقىشقا ۋاقتىمىزنىڭ گۇناھى مۇشۇمۇ، ھە!
— ھەي، قانخورلار، — دېدى يەنە بىرى. چېرىكلەر كۆپچىلىككە دىۋەيلەپ:
— نېمە دېيىشىۋاتىسەن، پىتنە - پاساتچىلار، — دەپ ۋارقىرىدى.
ئۇلار قولىدىكى تاياقلىرىنى كۆتۈرۈشكەندى، غەزىپىنى باسالماي تىترەپ كەتكەن ئەۋەر نىزامىدىنغا قارىدى، نىزامىدىن بېشىنى سىلكىپ قويغاندى، ئەنۋەر چېرىكلەرنى كۆرسىتىپ:
— ئۇر بۇ خۇمسىلارنى! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى.
كۆپچىلىك خۇددى بىر قوماندانلىقنى كۈتۈپ تۇرغان ئەسكەرلەردەك «ئۇر» بىلەن تەڭلا چېرىكلەرنى ئاتتىن تارتىپ چۈشۈرۈپ، ئۇرۇپ، دەسسەپ بىردەمدىلا ھوشسىز قىلىۋەتتى. بۇنىڭ كەينىدىن بولىدىغان ئالامەتلەرنى پەملىگەن ئەنۋەر نادەمگە دەرھال ۋارقىرىدى:
— نادەم، ھارۋاڭنى ھەيدە، تېز ماڭ!
— ئەنۋەركا، سىز...
— بول، چاپسان ھەيدە!
— نادەم ناھايىتى چاققانلىق بىلەن ھارۋىسىنى تاراقلىتىپ ھەيدەپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭغىچە ئۆڭشىلىپ ئۈلگۈرگەن بىرنەچچە چېرىك يۈگۈرۈپ كەلدى - دە، ئۇرغۇچىلارنى ئىزدەپ ئۇياق - بۇياققا چاپتى. لېكىن، ئۇلارمۇ، نىزامىدىن بىلەن ئەنۋەرمۇ ئاللىقاچان بۇ يەردىن كەتكەنىدى.
دەرۋەقە مۇنداق ئىشلار شەھەردە خېلى كۆپىيىپ قالغانىدى، شەھەرنىڭ سەل سىرتىدىكى تاللىق ئىچىدىن، چوڭ كۆۋرۈكلەرنىڭ ئاستىدىن، ئېرىقلارنىڭ ئىچىدىن گومىنداڭ ليۇتېچىلىرىنىڭ، كوماندىرلىرىنىڭ ئۆلۈكلىرى پات - پات تېپىلىپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا، گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى كۈندۈزى كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، ئەتراپقا سەپسېلىپ يۈرگەن

بىلەن، كېچىلىكىگە ئىشەنچىسى قالمىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قانداقتۇر بىر ئەنسىزلىككە چۈشۈپ، «قاتىللارنى تۇتۇش» دې-گەن نام بىلەن شەھەردە ئادەم تۇتۇشنى جىددىيلەشتۇردى.

ئۇلار ئىككىسى قەدەملىرىنى تېز - تېز ئېلىپ كېتىپ باراتتى:

— مەن ساڭا ئابدۇكېرىمنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، — دېدى نىزامىدىن ئەنۋەرگە، — هازىر ئۇنىڭ ئۆيىگە بارىمىز. ئۇ كىشى بىزگە يول كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ بىرى.

ئەنۋەرنىڭ خىيالى دولقۇنلاندى.

— مانا كۆردۈڭمۇ، — دېدى نىزامىدىن پەس ئاۋاز بىلەن، — خەلق هازىر نېمىدېسە، خوپ دەپ قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشتىن ئۆتۈپ كەتتى، — ئۇ يەنە مەنىلىك قىلىپ مۇنداق دېدى، — تۆن قانچىلىك قاراڭغۇلاشسا، يۇلتۇزلار شۇنچە رو-شەنلىشىدۇ.

## 3

ئەنۋەر ئابدۇكېرىمنى بۇرۇن كۆرمىگەنىدى. ئۇ يولدا كې-لىۋېتىپ، نىزامىدىندىن ئۇنىڭ كىملىكىنى سورىغاندا، مېنىڭ يېقىن ئاغىنەم، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ تەرجىمانى دېگەنىدى. مانا هازىر ئۇنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار تىنچلىق - ئامانلىق سورىشىپ، ئابدۇكېرىمنىڭ كىچىك ئانىسى ئەكىرگەن چايدىن ئىككى پىيالىدىن ئىچىشتى - دە، يەنە گەپكە كىرىشتى. ئاۋۋال نىزامىدىن ئۆزىنىڭ ياش دوستىنى — ئەنۋەرنى ئابدۇكېرىمگە تونۇشتۇردى.

— مەن بۇرۇن سىزنى كۆرمىگەن، ئەمما، ئىسمىڭىزنى ئاڭلاپ تۇرغانىدىم، — دېدى ئابدۇكېرىم. نىزامىدىن بۇ يەرگە كەلگۈچە، كوچىدا كۆرگەنلىرىنى ئۇنىڭغا باشتىن - ئاياغ سۆز-

لەپ بەردى.

— زۇلـۇم چـېـكـىدىـن ئاشتى، خەلقنىڭ تـاقـىتى تۈگىدى، — دېدى ئابدۇكېرىم سالماقلىق بىلەن، — خەلق ھازىر ئېتىلىشقا تەييار تۇرغان بومبا. ئوت تەگسۇنچۇ دەرھال پارتلايدۇ!

ئەنۋەر ئابدۇكېرىمنىڭ بوي - تۇرقىغا سەپسېلىپ، گەپلىرىگە دىققەت قىلىپ ئولتۇراتتى. ئابدۇكېرىم ئوتتۇرا بويلۇق، قارا قاشلىق، ئورۇقراق كەلگەن، چاققان، تېتىك ئادەم بولۇپ، يېشى نىزامىدىندىن كىچىك ئىدى. ئەمما گەپ - سۆزلىرىنىڭ ئېنىقلىقى، سالمىقى، ئەپچىل ھەرىكەتلىرى كىشىلەرنى ئۆزىگە ئوخشايلا جەلپ قىلىۋالاتتى.

ئۇ نىزامىدىننىڭ ئائىلە تۇرمۇشىدىن گەپ ئاچتى.

— خوش، شۇنداق قىلىپ ھامال ئەپەندى، تۇرمۇشىڭىزنى قانداق قىلىۋاتىسىز؟

— ھەرھالدا تۇرمۇش كېتىپ بارىدۇ، ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار، — دېدى نىزامىدىن بېشىنى لىڭشىتىپ.

— ئەلۋەتتە، — دېدى ئابدۇكېرىم، — ئائىلىنىڭ خاتىرجەمسىزلىكىمۇ يامان، لېكىن تۇرمۇشىمىزنى تۈزەيدىغان چاغلارمۇ كېلىدۇ، چىداش كېرەك.

— شۇنداق، ھازىرچە نېمە ئامال بار دەيسىز. قىزىق، مەن بىر يەرگە ئىشقا كىرسەم، بىرەر ھەپتە ئۆتمەيلا قوغلاپ چىقىرىلىمەن، — دېدى ئۇ.

— تېجىمەل ئادەمنىڭ دۇنياغا سىغمىقى تەس، — دېدى ئابدۇكېرىم چاقچاق ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ.

ئۇلار پاراڭ بىلەن بىر سائەتتىن ئوشۇقراق ئولتۇردى. كەچ كىرىپ قالغان بولۇپ، كوچىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭلارمۇ ئاستا - ئاستا بېسىلىشقا باشلىدى. كوچا تەرەپتىكى دېرىزىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغان كۈننىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى ئۆي ئىچىد-

گە چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ قىزغىن گەپلىرىنى تەبرىكلەۋاتقاندەك يۈزلىرىدە جىلۋىلىنىپ ئويناۋاتاتتى.
— مەن ياناي، — دېدى ئەنۋەر ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئەتە ئەتىگەنلىكتە دەرسكە ئۈلگۈرۈشۈم كېرەك.
ئۇ ئابدۇكېرىم ئابباسوف بىلەن نىزامىدىنغا قولىنى ئۇزاتتى ـ دە، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.
ئىككىسى ئورۇندۇقلىرىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم مۇنداق دېدى:
— ھازىرقى ۋەزىيەتنى ئاساسەن مۇنۇ ئىككى تەرەپتىن مۆلچەرلەشكە بولىدۇ. بىرسى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى راسا پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. يەنە بىرسى، خەلق ئويغىنىپ كەتتى. بىز بىرەر ئۇچقۇننى چىقارساقلا، ئۇ دەرھال يالقۇنغا ئايلىنىشى مۇمكىن. قايسى كۈنى بىز تاملارغا يېپىشتۇرغان، كوچىلارغا، قورۇلارغا تاشلىغان تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىدىن خەلق زور ئىشەنچكە ئىگە بولغاندەك تۇرىدۇ، ئەمدى گەپ خەلققە يېتەكچىلىك قىلىدىغان رەسمىي بىر تەشكىلات قۇرۇش. بىز ھازىر مۇشۇ ئىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىمىز.
ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرى قانداقتۇر بىر كۈچ بىلەن دولقۇنلىنىپ ئېيتىلدى. ئۇنىڭ كىشىگە ئۈمىد، ئىشەنچ بەخش ئېتىدىغان سۆزلىرىدىن نىزامىدىن ھاياجانلاندى، يۈرەكلىرى دولقۇنلىنىپ، تېز ـ تېز ئۇرۇشقا باشلىدى ۋە يۈزلىرىدە خۇشاللىق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ، ئۆتكۈر كۆزلىرى يېنىپ كەتتى.
— ئەنۋەرنىڭ ئېيتقىنىغا قارىغاندا، — دېدى نىزامىدىن قىزىق ھېسسىياتلار ئىچىدە، — يېزىلاردىمۇ كىشىلەر: تويدۇق بۇنداق قاشقاق تۇرمۇشتىن يا خۇدا جاننى ئالساڭ، يا بىزنى ياخشىراق بىر يولغا سالساڭ، دېيىشمەكتە ئىكەن، ئۇ ئۆزىمۇ ئەتراپىغا توپلىغان يەتتە ـ سەككىز كىشىنى خېلىلا ياخشى تەربىيىلەپتۇ.

— ياخشى، ئۇلارنىڭ تەسىرى باشقىلارغىمۇ ئۆتىدۇ - دە، — دېدى ئابدۇكېرىم ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ، ۋەزىيەتتىكى يېڭىلىقلارنى بايان قىلىشقا باشلىدى:

— ھازىرقى ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىش تېز. يېقىندا ئىلقىدا گومىنداڭنىڭ گەزلەپ ئات ئېلىش سېلىقىغا قارشى بىر دولقۇن قوزغالدى. خەلق غەزىپىنىڭ پارتلىشىغا بۇ سېلىق بىر پىلتە بولدى. ئۇلار ئۇۋ مىلتىقلىرى ھەم ئەمەلدار، چېرىكلەردىن تارتىۋالغان قۇراللار بىلەن قوراللىنىپ، تاغ ئارىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

نىزامىدىن تېخىمۇ ھاياجانلاندى ۋە سوئال نەزىرىدە ئۇمىدلىك كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ:

— ئۇلار قاراملىق بىلەن ئىش قىلمىسا بولاتتىغۇ ئەمدى، — دېدى.

— ياق، ئۇلارنى تەشكىللەۋاتقان ئادەملەر بار، شۇنداقتىمۇ بىز دەرھال ئادەم ئەۋەتتۇق. ئۇلارغا قوشۇلۇۋاتقانلارمۇ خېلى باردەك قىلىدۇ، ئۇنىمۇ ئۇقۇپ تۇرۇۋاتىمىز.

ئۇ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى - دە، بىر مىنۇتتەك ئويلىنىۋېلىپ مۇنداق دېدى:

— ياش ئوقۇتقۇچىڭىزنىڭ يىگىتلىرى سىنالغان بولسا، مۇشۇ ئىشلاردىن شەپە بەرسەكمۇ بولىدىغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، ۋاقىت يەتتى، كىشىلەرنىڭ تەشنالىقى ئەمدى ئەمەلىيەتكە ئايلىنىدۇ!

— ئەگەر سىزگە مۇڭغۇلكۈرەگە چىقىشقا توغرا كەلسە، ئۇ يەردە بىزنىڭ بىرنەچچە قازاق، قىرغىز يولداشلىرىمىز بار، شۇلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىسىز، بۇ ئەھۋالنى بايا ئۇقتىڭىز.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف بىلەن نىزامىدىن بىر - بىرىنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ خوشلاشتى.

# توققۇزىنچى باب

## 1

ئەنۋەر ئەپەندى دادىسىدىن بىر يېشىدا يېتىم قېلىپ ئانىسىنىڭ قولىدا قالدى. لېكىن، يامان كۈن كۆرمىدى. ئانىسى ئوغلۇمنى ئۆگەيلەمدىكىن دەپ ئىككىنچى قېتىم ياتلىق بولمىدى، تاپقان ـ تەرگىنىنى يالغۇز ئوغلىغا يېگۈزۈپ باقتى. ئۇ ئاش ـ تاماققا ناھايىتى ئۇستا بولغانلىقى ئۈچۈن، قورسىقىغا ئامراق بىر باينىڭ قورۇسىدا ئۇزۇن يىل ئۆي خىزمەتچىسى بولۇپ تۇرۇپ قالدى. باي ئۇنىڭ ئەتكەن تامىقىنىڭ تەملىكلىكى ۋە مەززىلىكلىكىدىن ئىنتايىن رازى ئىدى. شۇڭا، باينىڭ ئۆزدىمۇ، خوتۇنىمۇ ئۇنى مالاي قاتارىدا كۆرمەي، ئەتىۋارلاپ ئىشلىتەتتى. ئەنۋەر ئانىسىنىڭ باھانىسىدا ئاشۇ ئېسىل تاماقلاردىن ھەر كۈنلۈكى بەھرىمەن بولاتتى. باي كىتاب ئوقۇشقا زوقمەن ئىدى، ئۇ باشقا بايلاردىن ئۆزىنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىكى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. شۇڭا، ئەنۋەر ئون ياشقا كىرگەندە، باي ئۇنى ئالدىغا چاقىرتىپ:

— ھە، ئەنۋەر، سېنى ئوقۇتۇپ قوياي، مىللىتىمىز ئىچىدىن نادانلاردىن بىرى بولسىمۇ كېمەيسۇن، قانداق، ئوقۇمسەن؟ — دېدى.

ئەنۋەر تىرنىقىنى تاتىلاپ، يەرگە قاراپ ئۈنسىز تۇردى، ئانىسى:

— باي ئاتاڭنىڭ شەپقىتىگە رەھمەت دېگىن، ئوقۇيمەن

دېمەمسەن، — دېدى خۇشال بولۇپ.
شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ باينىڭ ئوغۇللىرى بىلەن غۇلجا شە- ھىرىدىكى «مەكتەبى ھۆسەينىيە» گە كىردى. مەكتەپتىمۇ مالاي خوتۇننىڭ بۇ بالىسىغا خەيرخاھلىق قىلىدىغان ئوقۇتقۇچىلار چىقتى. ئەنۋەر بالىلىقتىكى كوچا ئويۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنى تاشلاپ، تىرىشىپ ئوقۇپ، پاتلا باشقىلاردىن ئۆزۈپ كەتتى. بۇ ھال مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنى ھەيران قالدۇردى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ كىچىككىنە بالىغا كۆچلۈك ھەۋەسىنى قوزغىدى. مەكتەپ بويىچە سىنىپلار ئارا ئۆتكۈزۈلىدىغان سۆز مۇسابىقىلىرى، دېك- لاماتسىيە كېچىلىرىدە ئۇ دائىم بىرىنچىلىكنى قولدىن بەرمەي مۇكاپاتلىنىدىغان بولدى. ئۇنىڭ يازغان ئىنشالىرى مەكتەپ تاختىسىدا پات - پات ئۇلگىلەر سۈپىتىدە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تەقدىرنامىلەر ھەم ماددىي مۇكاپاتلارنى كۆتۈرۈپ كەلگەندە، ئا- نىسى بېشى ئاسمانغا يەتكۈدەك بولۇپ خۇشاللىقىدىن كۆز يېشى قىلاتتى. باي شۇنداق چاغلاردا:
— مانا، مانا، نېمىدېگەن ئۇلۇغ ئىش بۇ، بىزنىڭ مىللە- تىمىزدىن ئەمدى ئاسماندا ئۇچىدىغانلارمۇ، سۇدا ئۈزىدىغانلارمۇ چىقىدۇ، — دەيتتى.
ئەنۋەر شۇنداق تىرىشىپ ئوقۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئانىسى تۇيۇقسىز ھوشسىز بولۇپ يىقىلىپ، پەقەت ئىككى كۈن يېتىپلا تۈگەپ قالدى. كىچىككىنە ئەنۋەر قارا يېتىم بولۇپ، ساماندەك سارغىيىپ كەتتى. بىراق، ئوقۇشتىن بوشىشىپ قال- مىدى. شۇك بولۇپ كەتكەن بىلەن يەنە ئالدىنقى ئورۇننى بەر- مىدى. ياخشىسى بايمۇ ئۇنى ئوقۇشتىن توختاتمىدى. ئەمما، ئالتە يىللىق مەكتەپنىڭ ئاخىرقى يىللىقىنى ئوقۇۋاتقاندا، مۇن- داق بىر كۆڭۈلسىزلىك بولدى: يىرىم يىللىق ئوقۇشتىن خۇلا- سە چىقىرىلىپ، مەكتەپ بويىچە چوڭ يىغىن ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا ئاتا - ئانىلار چاقىرىلدى. باي مەكتەپ زالىغا چاپلانغان

يوغان ئاق قەغەزدە ئۆز مالىيى ئەنۋەرنىڭ ئوقۇشتا ئەلا كېتىۋات-
قانلىقىنى، ئەنۋەر بىلەن تەڭ مەكتەپكە كىرگەن ئۆز ئوغلىنىڭ
تېخىچە ئۇچىنچى سىنىپتىن كۆچەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئەر-
ۋايى ئۇچتى. باشقا بايلارنىڭ ئالدىدا نومۇس قىلىپ ئۆلمىدى،
ئۇنىڭ بىرسى بولدى. ئۇ مەرىپەتپەرۋەرلىكىنى شۇ هامان ئاسمان-
نىڭ قەرىگە چۆرۈۋەتتى ـ دە، ئەنۋەرنى دەرهال ئوقۇشتىن توختاتتى.
يېرىم يىل ئوقۇشتىن قالغان ئەنۋەر «هۆسەينىيە» مەكتى-
پىدىكى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياردىمىدە باينىڭمۇ ئىلكى-
دىن قۇتۇلۇۋالدى ۋە يېڭىدىن ئېچىلغان ئىلى مىللەتلەر گىمنا-
زىيىسىگە قوبۇل قىلىندى. شۇنداق قىلىپ، مەكتەپ تەمىناتىدا
ئوقۇش پۇرسىتىگىمۇ ئىگە بولدى. بۇ يەردە ئۇ ئۆزىنىڭ ئوقۇش-
تىكى ئالاهىدە ياخشى نەتىجىسى بىلەن باشقىلارنى تېخىمۇ هەي-
ران قالدۇردى. بەزى دۆلەتمەن ئائىلىلەرنىڭ هاكاۋۇر، باشقى-
لارنى كۆزگە ئىلمايدىغان باللىرىمۇ «ۋاي ئەنۋەر» دەپ تۇرىدى-
غان ۋە ئۇنى ـ بۇنى سوراپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەيدىغان
بولدى. بۇ مەكتەپتە سەۋىيىلىك، چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەن
ئوقۇتقۇچىلارمۇ كۆپ ئىدى. ئۇلار ئەنۋەرنىڭ زېهنىنىڭ ئۆتكۈر-
لۈكىنى، ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنىڭ يۇقىرىلىقىنى سېزىپ، ئۇ-
نىڭغا ئالاهىدە ئېتىبار بىلەن قارايدىغان ۋە چەت ئەلدىن ئېلىپ
كەلگەن كىتابلىرىنى پات ـ پات بېرىپ تۇرىدىغان بولدى.
ــ بۇ بالىدىن جەزمەن بىر ئىش چىقىدۇ، ــ دېيىشتى
ئۇلار، ــ تەشكىلاتچىلىقى كۈچلۈك، ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلى-
يەتكە تەتبىق قىلالايدۇ، قولىدىن ئىش كېلىدۇ...
ئەنۋەر كېيىنرەك نىزامىدىن بىلەن تونۇشۇپ، بارا ـ بارا
ئۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ يېقىن بولۇپ قالدى هەم ئۇنىڭ مەسلىهىتى
بىلەن يېزىغا خىزمەتكە چىقتى. ئەنۋەر يېزىغا چىققاندىن كې-
يىن، بىرىنچى بولۇپ تونۇشقان، يېقىن بولغان ئادىمى نادەم
بولدى. ئاستا ـ ئاستا گايىت، كېۋىر، جامالىدىن هەم باشقىلار

بىلەن يېقىن سۆھبەتداش بولۇپ قالدى. بىرنەچچە يىل ئۇنىڭغا
ھېچقانچە ئۇزاق بىلىنمىدى، خۇددى بىر قىزىق، تەسىرلىك
ھېكايە سۆزلەنگەندەك ئۆتۈپ كەتتى. كۆڭلىگە بىرەر مەقسەتنى
پۈككەن ئادەم، ئۇنىڭدىن بەلگىلىك ئۇنۇمگە ئېرىشسە، قىلغان
ھەرىكىتىدىن، ئېيتقان سۆزىدىن، باسقان قەدىمىدىن رازى بو-
لىدۇ. ئەنۋەر بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدىلا گىمنازىيە ئوقۇغۇچى-
سى ئەمەسمىدى؟ ئۇ سېرىق پارتىدا ئولتۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلىرى-
دىن قانچە قېتىملاپ گۈزەل ھايات قۇرۇپ، بەخت يارىتىش
توغرىسىدىكى يالقۇنلۇق نۇتۇقلارنى ئاڭلىمىغان؟ يېرىم كېچى-
لەرگىچە ھەتتا بەزىدە ئاپئاق تاڭلار ئېتىپ كەتكۈچە قانچە ئونلى-
غان پەلسەپە، تارىخ، ئەدەبىي كىتابلاردىن ئوقۇمىغان؟ مۇلاھىزە
قىلمىغان؟ شۇ كىتابلاردىكى مەزمۇنلار ئۇنىڭ قەلبىگە كۈن
نۇرىدەك قۇيۇلدى، سىڭدى، ئۆزلەشتى. ئۇ چاغلاردا كىشىلىك
تۇرمۇشقا توغرا قاراش توغرىسىدىكى شۇ نۇتۇقلار ئاشكارا سۆز-
لىنەتتى، ئۇنداق كىتابلارمۇ ئاشكارا ئوقۇلاتتى. ئەمدىچۇ؟ مەن-
ئى قىلىندى، چەكلەندى، لېكىن ئۇنىڭ ئوقۇغانلىرىنى، ئاڭلى-
غانلىرىنى باشقىلارغا يەتكۈزۈشنى ھېچكىم چەكلىيەلمىدى. ئۇ-
نىڭ گايىت، كېۋىر، جامالىدىن ۋە نادەملەر بىلەن ئۆتكۈزىدىغان
سۆھبىتى كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇ شۇنىڭدىن ئىنتايىن رازى
ئىدىكى، سۆھبەتداشلىرى ئاددىي، نادان يېزا ئادەملىرىدىن ئاس-
تا - ئاستا ئۆز ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ تېگى -
تەكتىگە چۆكۈپ يېتەلەيدىغان ئاڭلىق ئادەملەرگە ئايلانماقتا ئىدى.

بۈگۈن ئۇ باشقىلار يىغىلغۇچە ئىككى كۈندىن بېرى كۆرۈ-
ۋاتقان «ئاممىباب پەلسەپە» [1] دېگەن كىتابنى كۆرۈشنى داۋام-
لاشتۇردى. ھايال قىلماي سۆھبەتداشلىرى كەينى - كەينىدىن

[1] «ئاممىباب پەلسەپە» —— بۇ ئەي سىچىننىڭ 1940 - يىللارنىڭ بېشىدا يازغان، ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان كىتابى.

AltunOq

كىرىپ كەلدى ـ دە، سىرلىق جىمجىتلىقتا چۆكۈپ قالغان بۇ ئۆي بىردەمدىلا پاراڭچىلارنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭلىرى بىلەن ئاۋاتلىشىپ كەتتى. ئەنۋەر ئەپەندى ئۆزى ياسىۋالغان بۇلۇڭلۇكتە، قالغانلىرى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قىزىق پاراڭغا چۈشتى. ھېلىلا ئوقۇتقۇچىنىڭ كىتاب ئوقۇۋاتقان، قۇرلارنىڭ ئاستىنى سىزىۋاتقان ۋە بەزى قۇرلىرىنى خاتىرىگە كۆچۈرۈۋاتقان چاغدىكى جىددىي تۇس ئالغان چىرايى، ئەمدى تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان ھالەتكە كۆچكەنىدى.

مۇشۇ ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كىچىكى نادەم، بىراق ئۇ ئەمدى كىچىك بالا ئەمەس. ئۇ دەسلەپتە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا ئولتۇراتتى، كېيىنرەك كۆپ ئويلايدىغان بولدى، ھازىرچۇ؟ ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا ئۆز قاراشلىرىنى، باھالىرىنى ئېيتالايدۇ. ئوقۇتقۇچىسىنىڭ نۇرغۇن سۆزلىرى ئۇنى قايىل قىلغان. ئۇ ھازىر ئوقۇتقۇچىسى ئېيتقان چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەرنىڭ تېگىگە يېتەلەيدىغان ئون سەككىز ياشلىق ئېغىر ـ بېسىق ئويچان يىگىت.

ئۇلارنىڭ مۇنداق يىغىلىشلىرى تالاي قېتىم بولدى. ئەنۋەر ئەپەندى ئەمدى بۇرۇنقىدەك سۆزلىرىنى ئەگىتىپ ئولتۇرمايدۇ ياكى ئاسماقچىلاپ گەپ ئېلىپ كۆرمەيدۇ، ئوچۇق ـ يورۇق سۆزلىشىۋېرىدۇ:

— گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ھازىر تازا چىرىكلەشتى، — دېدى ئۇ ئىزامىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى ئۇلارغا بىر ـ بىرلەپ يەتكۈزۈپ، — چىرىگەن نەرسە، بەرىبىر ئۆرە بولالمايدۇ، ئىتمۇ غالجىرلاشسا ئۇلمەي قالمايدۇ. گومىنداڭ ھاكىمىيىتى جەزمەن غۇلايدۇ. ئۇلارنىڭ خەلققە سېلىۋاتقان زۇلمى ئېغىرلاشقانسېرى نارازىلىق، قارشىلىق كۈچىيىدۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولۇۋاتىدۇ.

— شۇنداق، — دېدى گايىت، — دېھقانلارغا ھۆكۈمەت

بەش تەڭگە سېلىق چاپسا، بۇ يەردە ئۇن تەڭگە قىلىپ ئېلىۋاتامدۇ.
— تۈنۈگۈن، — دېدى ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاشتۇرۇپلا نادەم، — ئەللىكبېشى ئارپا، بېدە سېلىقى يىغقىلى كەلگەندە ئۇراخۇنكام: «مېنىڭ سېلىققا بېرىدىغان ھېچنېمەم يوق، ئالسالڭ خۇدا بەرگەن جان بار. قولۇڭدىن كەلگەننى قىل، سەنلەرگە خوش - خوش، دەپ قول قوشتۇرۇپ يۈرۈپ كەلگەن يېرىمىز مۇشۇ» دېدى. ئەللىكبېشى: «تولا تېرە تاراقلاتما، ھېلى چېرىكلەر چىقسا موللام مۇشۇك بولۇپ كېتەرسەن» دېسە، ئۇ «چېرىكلەر چىقسا ئەمدى كالتەك بىلەن بېشىغا يەيدۇ. مانا مەن جېنىمنى ئاتاپ قويدۇم، يۈگۈر، چېرىكلىرىڭنى باشلاپ چىق» ، دېدى. ھازىر كىشىلەر قورقماس بولۇپ كېتىپتۇ.
— سەۋر - تاقەتنىڭمۇ چېكى بولىدۇ، — دېدى ئەنۋەر ئەپەندى، — ئاخىر پىچاق سۆڭەككە يەتتى - دە، ئەمدى ھۆكۈمەتنىڭ چېرىكلىرىمۇ خەلقنىڭ غەزىپىنى باسالمايدۇ.
ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن نېمە قىلىش توغرىسىدا سۆھبەتداشلىرىغا قانداق گەپ ئېچىشنى ئويلاپ چوڭقۇر خىيالغا پاتتى. كېچە بەك قاراڭغۇ ھەم سۈرلۈك ئىدى. پىلىلدىغان جانسىز چىراغ ئۆينى سۇس يورۇتقان، ئۆي جىمجىت، تالامۇ جىمجىت ئىدى، ناۋان - ناۋاندا يىراقلاردا ھاۋشىۋاتقان ئىتلارنىڭ ئاۋازلىرى، نەلەردىندۇر ئارىلاپ - ئارىلاپ سۇس ئاڭلىنىپ قالىدىغان ناخشا سادالىرى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. ئۇلار ھەممىسى مانا شۇنداق سىرلىق جىمجىتلىققا چۆكۈپ ئويلىشاتتى، باش قاتۇرۇشاتتى.
ئەنۋەر ئاخىر گەپنى ھەممە تونۇش بولغان ناسىر ئاخۇننىڭ سىرلىق ئۆلۈمىدىن، نادىرنىڭ تۈرمىدىن چىقارغان خېتىدىن باشلاشنى، يەنى ئاشۇلار ئۈچۈن، مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان قېرىنداشلىرى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشنىڭ كېرەكلىكىدىن باش-

لاشنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ـ دە، بېشىنى كۆتۈردى. ئۇ نادەمگە قاراپ گەپ باشلىدى:

— سىنىڭ خوجايىنىڭ ناھايىتى ھېيلىگەر ئادەم، داداڭنىڭ ئۆلۈمىنىڭ سىرلىق بولۇپ قېلىشى ئاشۇنىڭ ھېيلىگەرلىكىدىن. مېنىڭچە، داداڭ ئەختەمباينىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ سىرنى بىلمەيدۇ. ناسىرئاخۇنكامنىڭ ئۆلۈمى باجگىرنى بىر كاچات ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغىنى ئۈچۈن ئەمەس، بۇ بىكار گەپ، بۇ يەردە ئەختەمبايلارنىڭ ھېيلىسى بار.

— مانا بىز بىلىمىز، — دېدى گايىت ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — ناسىرئاخۇنكام ناھايىتى يوللۇق ئىش قىلىدىغان، ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان ئادەم ئىدى. يولسىز ئىش بولدىمۇ، جېنىنى تىكىپ قوياتتى. شۇڭا، بايلار ئۇنى ناھايىتى ئۆچ كۆرەتتى. ئاشۇنى كۆزدىن يوقاتساق بىزنىڭ ئىشىمىزدىن قۇسۇر تاپىدىغان ئادەمدىن قۇتۇلىمىز، دەپ ئويلايتتى.

ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەلەمدىن يانغانىدى. كېيۈرمۇ قىزىپ قالدى:

— ئۇ ئادەم مەھەللىمىزنىڭ شۇڭقارى ئىدى. رەھمەتى بىزنىڭ يۆلەنچۈكىمىز، بېشىمىزنى سىلايدىغان ئاتىمىز ئىدى!

جامالىدىننىڭ ئۇزۇق يۈزلىرى تاتىرىپ، بويۇن تومۇرلىرى كۆپتى، كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ كەتكەندەك بولۇپ دېدى:

— ئادەم ئۆلتۈرۈش ئۇلار ئۈچۈن ھېچنېمە ئەمەس، ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەمغۇ، قەيەردىن يارىلىپ قالغان ئادەملەردۇر؟ نېمانچە قارا كۆڭۈل، نېمانچە ۋەھشىي!

ئەنۋەر ئەپەندى جامالىدىننىڭ سۆزلىرىنى يېشىپ، شەرھىلىگەندەك سۆزلەپ كەتتى:

— نېمىشقا ئۇلار بەخۇدۇك ئادەم ئۆلتۈرەلەيدۇ؟ ئادەم ئۆلتۈرۈش شۇنچە ئاسان ئىشمۇ، ئادەمنىڭ جېنى قۇشقاچنىڭ

جىنىمۇ؟

ئۇ سوئال نەزىرى بىلەن نادەمگە قارىدى. ئۇنىڭ چىرايى مانا ئەمدى باشقىچىلا تۇس ئالدى، قارا كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ، چېكە تومۇرلىرى لىپىلداپ، لەۋلىرى تىترەپ، چىرايى سۇرلۇك تۇس ئالدى. ھېلىلا ئوقۇتقۇچىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ سۆزلىرىنى ئادەتتىكىدەك تىڭشاپ ئولتۇرغان نادەمگە ئۇنىڭ سوئالى ناھايىتى قاتتىق تەسىر قىلغانىدى.

ئۇلار كىشىنى ئويغاتقۇچى شۇنداق قىزىق - يالقۇنلۇق سۆزلەر تەسىرىدىن ۋاقىتنىڭ قانچىلىك ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەيتتى. پۈتۈن مەھەللە قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپ، يېزىدا گويا ئۆلۈم جىمجىتلىقى ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى، شۇنداق جىمجىت-لىق ئىچىدە بىر ناخشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى، ناخشىنىڭ ھەربىر سۆزلىرى دانە - دانە، ئوچۇق ۋە مەردانە ئىدى:

يامۇلنىڭ ئىچى زەيلىك،
بۇ دەردلەرگە نېمە دەيلىك.
ئەركىنلىككە بەل باغلاپ،
ياخشىلىقنى ئىزدەيلىك.

شۇ چاغدا باش توخۇ كېچىنىڭ قارا باغرىنى يېرىپ قىچقىر-دى. باش توخۇنىڭ ئاۋازى خۇددى كۆمۈردەك قاپقارا تۈننى ئاستا - ئاستا قوغلاۋاتقان تاڭنىڭ شەپىسىدىن دېرەك بېرەتتى. ناخشا قوشاقنىڭ مىسرالىرى قەلبىنى ھاياجانغا سالغان ئەنۋەر ئەپەندى بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ مەقسىتىنى ئېچىشقا ئۆتتى:

— خوش، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك، بويۇنغا چۈش-كەن سىرتماقنى سۆرەپ يۈرۈۋېرىمىزمۇ؟ ئەركىنلىك ئۈچۈن بەلنى باغلاپ ياخشىلىقنى ئىزدەيمىزمۇ؟ ۋاقىت يەتتى، سىرت-ماقنى ئۈزىدىغان ۋاقىت يەتتى! سىرتماقنى ئۈزۈش ئۈچۈن

ھەرىكەت قىلمىغان ۋاقىت يەتتى!

چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرغان نادەم ۋە باشقىلارمۇ شۇ سۆزدىن كېيىن باشلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، بىر - بىرىگە قاراشتى ۋە ئۈمىد - ئىشەنچ چاقنىغان كۆزلىرى بىلەن ئەنۋەر ئەپەندىگە تىكىلىشتى. بۇ ئالامەتلەرنى بايقاپ ئولتۇرغان ئەنۋەر:

— قانداق قىلىش كېرەك؟ مانا بۇنىڭ ئۈچۈن نادەمنىڭ ئاكىسىنىڭ ئۆلۈشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن تۈرمىدىن چىقارغان خېتى بىزگە ياخشى جاۋاب بېرىدۇ — دېدى - دە، بوگلۇك ئاستىدىكى كىچىك ساندۇقتىن نادىرنىڭ تۈرمىدە يازغان خېتىنى ئالدى. بۇ خەت ئانىسىغا يېزىلغان. ئەنۋەر ئەپەندى خەتنى بۇنىڭ-دىن ئىككى يىل بۇرۇن گۈلپەمخاننى يوقلاپ بارغاندا، مەن ساقلاپ قوياي، دەپ ئېلىۋالغانىدى. گۈلپەمخان خەت تۈرمىدىن چىقىرىلىپ قولىغا تەگكەن چاغدا، پەقەت بىر قېتىملا ئوقۇتۇپ ئاڭلىغان، نادەم بولسا ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەرسىز، باشقىلار تېخىمۇ خەۋەرسىز ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ، ئاكىسىنىڭ خېتىگە تەلمۈرۈپ قارىدى، باشقىلارمۇ تەقەززالىق بىلەن خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلاشقا ئىنتىزار ئىدى. ئۇلار ئۆز ئۆمۈرلىرىدە تالاي سالام خەتلەرنى ئاڭلىغان، لېكىن ئۇ خەتلەر-گە مۇنداق تەشنالىق، تەقەززالىق بىلەن تەلمۈرمىگەنىدى. بۇ خەت گويا ئۇلارغا دەھشەتلىك قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يول تېپىپ بېرىدىغاندەك ياكى قەدىمىي قاياقتا يۆتكەشكە بۇيرۇق بېرىدىغان-دەك تۇيۇلماقتا ئىدى. ئەنۋەرمۇ قانداق قىلىش كېرەك؟ دېگەن سوئالغا مۇشۇ خەتتىن جاۋاب بەرمەكچى. شۇڭا، ئۇمۇ دولقۇن-لۇق ھېسسىياتقا چۆمۈلگەنىدى. خەت نېپىز تاماكا قەغىزىگە ئۇششاق قىلىپ يېزىلغان. ئەنۋەر ئوقۇشقا كىرىشتى، خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«ئانا!

ساڭا مەن تۈرمىگە كىرگەندىن بېرىقى بىرىنچى خېتىمنى،

شۇنداقلا ئاخىرقى خېتىمنى يېزىۋاتىمەن.

كىشى دۇنياغا كۆز ئاچقانىكەن، ئۇنىڭ بېشىدا ئاخىر بىر كۈن ئۆلۈم بار، لېكىن كىشى دۇنياغا كېلىپ ئەرزىگۈدەك ئىشلارنى قىلىپ ئۆلسە، ئۇ، ياش بولسىمۇ ئۆزىدىن رازى بولىدۇ. ئۇنى باققان ئاتا - ئانىسى، ئەل - يۇرتىمۇ ئۇنىڭدىن رازى بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن.

مەن دۇنياغا كۆز ئاچقان كۈنۈمدىن تارتىپ، ماڭا ئانىلىق مېھرىڭنى تۆكۈپ، پۈتۈن ياشلىقىڭنى سەرپ قىلىپ، مېنى ئاسراپ ئۆستۈردۈڭ، «بەختلىك بول بالام» دەپ بار - يوقۇڭغا قارىماي ئوقۇتۇپ قاتارغا قوشتۇڭ، مېنى چوڭ قىلغۇچە ئېغىر يىللارنى هاپاش قىلىپ مۈكچەيدىڭ، يۈزلىرىڭگە قورۇقلار چۈشتى، چىشلىرىڭ سارغايدى، چاچلىرىڭ ئاقاردى. ئۆمۈر سائىتى يىگىرمە ئۈچكە سوققاندا مانا مەن هازىر قاراڭغۇ زىنداندا يېتىپتىمەن. بۇرنۇمغا قان پۇرايدۇ. ئەجەل ئۆز سايىسىنى ئۇستۇمگە چۈشۈرۈپ تۇرماقتا. ئېھتىمال ئەتە كۆز يۇمارمەن، ئېھتىمال ئۆگۈن، ئېھتىمال خېتىمنى داۋاملاشتۇرالماسمەن. ئەمدى بۇ بەربىر، شۇنداق ئىكەن، ئانا، مەن بەختسىز بولۇپ قالدىممۇ؟ سەنچۇ؟ بەزىلەر مېنى «نادىر بەختسىز» دېيىشىدۇ، سېنىمۇ، «بەختسىز ئانا» دېيىشەر، ياق، بۇ، بەختنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىك!»

ئەنۋەر هاياجانلىنىپ ئوقۇۋاتقان خېتىنى توختىتىپ نادەمگە قارىدى، نادەمنىڭ كۆزىدىن ئىختىيارسىز ئېتىلىپ چىققان ئىككى تامچە ياش ئۇزۇن كىرپىكىدە ئىلىنىپ توختاپ مەڭزىگە تېمىپ چۈشتى. ئۇ قۇرۇغان كالپۇكىنى تىلى بىلەن نەمدەپ قويۇپ، خەت ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى:

«ئانا، مېنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىم - تەربىيىچىلىرىم هەقىقى هاياتقا كۆزۈمنى ئېچىپ، دوست - دۈشمەننى تونۇتتى. كىشىلىك هاياتىمىزنى ساقلاش ئۈچۈن ئۆز تەقدىرىمىزنى ئۆز قول-

مىزدا تۇتۇپ كۆرەش قىلىشنىڭ لازىملىقىنى ئۆگەتتى. قاراڭ-
غۇچىلىق بىزنى ئورىۋالغان زۇلۇمنى پەقەت كۆرەش بىلەنلا
يوقاتقىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، جېنىم
ئانام، سېنى ۋە مىليونلىغان جاپاكەش خەلقىمنى ئازاد قىلىش
ئۈچۈن مۇستەبىت ھاكىمىيەت ۋە ئۇنىڭ مالايلىرىنىڭ قىلمىش-
لىرىنى پاش قىلىش، خەلقنى ئويغىتىش يولىدا ھەرىكەت قىل-
دىم، ئەپسۇسكى قولغا چۈشۈپ قالدىم. بىراق، بۇنىڭغا ھەرگىز
پۇشايمان قىلمايمەن، بۇنداق بولۇشىنىمۇ بىلەتتىم.

ئانا! كىشى دۇنياغا ئاچچىق ئەلەم يۇتقىلى، خورلىنىش
بىلەن بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۇنسىز يۈرگىلى، پاسكىنىچىلىقتا
بۇلغىنىپ قۇرتتەك مىدىرلاپ يۈرگىلى كېلەمدۇ؟ كىشى دۇنياغا
كىم نېمە دېسە، خوپ دەپ ئۆز ئەجرىنى باشقىلارنىڭ يېرىگە
تۆكۈپ، بىر بۇردا ناننىڭ غېرىبى بولۇپ، تويماس يالماۋۇزدەك
ھەممىمىزنىڭ بايلىقىنى يۇتۇۋاتقانلارنىڭ قاپقىغا ۋە چىشىنىڭ
ئېقىغا قاراپ ئۆمۈر ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كېلەمدۇ؟ ئۆمرىمىز
شىرقىراپ ئاققان لاي سۇدەك ئۆتۈۋېرەمدۇ؟

ئانا! مەن بەختسىزمۇ؟ ياق، بەختسىز ئەمەسمەن، مېنىڭ
قەلبىم دەردتىن، ھەسرەتتىن، ئادالەتسىزلىكتىن ئاغرىغانلىقىغا
خۇشالمەن. ئەگەر مېنىڭ قەلبىم ھېچنېمىگە ئاغرىمايدىغان بو-
لۇپ قالسا، بۇنىڭدىن ئارتۇق بەختسىزلىك بولامتىمۇ؟!

ئانا! سەن بەختسىزمۇ؟ ياق، سەنمۇ بەختسىز ئەمەسسەن.
سەن مېنى ئۆستۈرۈپ قاتارغا قوشتۇڭ، مېنىڭ ئۆمرۈمنىڭ
ئاخىرقى سائەتلىرى قالدى، سەن ئۆز خەلقىڭنىڭ بەختى ئۈچۈن
چېلىش سېپىدە قۇربان بولغان ئوغلۇڭنىڭ بەختلىك ئانىسى-
سەن!

مەن تېخى ھېچقانچە ئىش قىلمىغاندىم، قىلمىدىغان نۇر-
غۇن ئىشلىرىم بار ئىدى، مەن ئىشىنىمەنكى، ئارزۇلىرىم چو-
قۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. پات يېقىندا تەڭلىك - ئازادلىق ئۆز

جامالىنى كۆرسىتىدۇ!

ئانا! پاسكىنىچىلىقلارنى، ئىپلاسلىقلارنى، خورلىنىشلارنى قان بىلەن يۇيۇپ، باش كۆتۈرىدىغان كۈنىمىز كېلىدۇ. ئىشەن ئانا! ئەمدى زۇلۇم ئۇزاققا بارمايدۇ.»

ئەنۋەر خەتنى ئوقۇپ تۈگەتكەندە نادەم يىغلاۋاتاتتى. بىراق، ئۇ تىرىنقىنى تاتىلاپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغىنى يوق، ياش تامچىلىرى ئېقىۋاتقان كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ، چىشلىرىنى كىرىشتۈرۈپ، مۇشتلىرىنى تۈگۈپ ئولتۇراتتى. باشقىلارنىڭمۇ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىگەن، يۈزلىرى جىددىي تۈس ئالغان، يۈرەكلىرى قېنىغا پاتمىغاندەك تومۇرلىرى تېز ئۇرۇپ ھاياجانلانغانىدى. ئۇلارغىمۇ گويا چەكسىز كەتكەن قاراڭغۇلۇق ـ زۇلمەت ئىچىدىن يالقۇنلىنىپ بىر ئوت كۆرۈنۈۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى.

ــ كۆڭلۈڭنى بۇزما، يىغلىما نادەم، ــ دېدى ئەنۋەر ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، ــ مانا، ئاكاڭ قانداق ئادەم ئىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى قانداق ھايات ئىكەن؟ ئېزىلىۋاتقان، يانجىلىۋاتقان جاپاكەش خەلقى ئۈچۈن ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان باتۇر ئىنقىلابچى ئىكەنلىكىنى كۆردۈڭمۇ! سەن شۇنداق ئاكاڭ بولغىنى ئۈچۈن پەخىرلەن، خۇشال بول!

ئەنۋەرنىڭ سۆزىدىن كېيىن نادەم ئۆپكىدەپ كەتتى. غەزەپتىنمۇ ياكى ھەسرەت ـ ئەلەمدىنمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇنىڭ كۆڭلى قاتتىق بۇزۇلغانىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئاكىسى نادىر شۇنداق ئېنىق گەۋدىلىنىپ كەلدىكى، «خەت يېزىم دىدار» دېگەنلەر كەم ئېيتقانىكەن. ئەنە ئۇنىڭ ئاكىسى، ئۇز ئىنىسى بىلەن يۈزمۇيۈز ئىلتۇرۇپ مۇڭداشماقتا، سىرداشماقتا!...

ئەنە، ئۇنىڭ ئاكىسى ئىنىسىغا كېلەچەككە تولۇق ئىشەنگەن سۆزلىرىنى ۋارقىراپ ـ ۋارقىراپ ئېيتماقتا!...

ئەنە، ئۇنىڭ ئاكىسى ئىنىسىنى يالقۇنلۇق ـ قايناق كۈرەش

ئىچىگە چاقىرماقتا! . . .
بۇ خىتابلار نادەمنىڭ يۈرەك باغرىنى شۇنداق دولقۇنلاتقان ئىدىكى، گويا ئۇ ئىبتىلىشقا تەييار تۇرغان بومبىدەك قىسىلماقتا ئىدى.
— بولدى قوي، يىغلىما، — دېدى ئەنۋەر، — هازىر يىغلايدىغان پەيت ئەمەس، يىغا بىلەن نادىر ئەپەندىنىڭ ئۆمىدىنى ئاقلىغىلى بولمايدۇ.
— يىغلاش بىلەن ئىش تاڭاتمايدۇ، ئۇكا، بۇ خەت بىزنىڭ ئەمدى قانداق قىلىشىمىز خۇسۇسىدا كۆڭلىمىزگە بىر ئوي سېلىپ قويدى، — دېدى گايىتمۇ سارغۇچ بۇرۇتىنى سىلاپ تۇرۇپ ئويلانغان هالدا.
جامالىدىن چوڭقۇر خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ دېدى:
— بولدى قىل نادەم، ئاكاڭنىڭ خېتى سېنىڭمۇ، مېنىڭمۇ كۆزىمىزنى ئاچتى، بىزنى ئويغاتتى. راست ئەمەسمۇ، ئۆمرىمىز پاسكىنىچىلىقتا بۇلغىنىپ، قۇرتتەك مىدىرلاپ يۈرۈۋاتىمىزغۇ.
نادەمنىڭ كۆز يېشى توختىمىدى، ئۇنىڭ يېشى هېلى توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى.
— هە، بوپتۇ، يىغلىۋال، — دېدى ئەنۋەر ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇپ، — سېنىڭ بۇ يىغاڭ بىكار كەتمەس، ئاز كۈندە بۇ يىغىلار ئىبتىلغان ئوق بولۇپ قالار، — ئۇ ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى.
بۇ هالەت خېلىغىچە داۋام قىلدى.
— ئاھ. . . قانلىق يارا. . . — نادەم كۆزىنى هېلىغىچە تىكىپ تۇرغان بىر نۇقتىدىن ئۈزۈپ بىردىنلا ئەنۋەرگە تىكىلدى، — ئەنۋەركا، مېنىڭ كۆكسۈمدە قانلىق يارىلار بار. . .
— شۇنداق، — دېدى ئەنۋەر مېڭىشنى توختىتىپ دەر -

ھاللا، — پۈتۈن ئەلنىڭ كۆكسىدە قانلىق يارىلار بار. يارىنى ساقايتىش كېرەك. ئۇنى كىم ساقايتىدۇ؟ ئاسماندىن بىرى چۈشەمدۇ ياكى باشقا ياقتىن بىرى كېلەمدۇ؟

مانا ئەمدى ئوقۇتقۇچىسى ئوقۇغۇچىسىنىڭ كۆزىگە تىكىلدى. بىر مىنۇتتەك جىملىق ھۆكۈم سۈردى.

— ياق! — دەۋەتتى نادەم بىردىنلا ۋە ئاۋازىنىڭ قاتتىق چىقىپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى، — بىز، پەقەت بىز ساقايتىمىز!

— مانا، بارىكاللا، ئوغۇل! مانا ئەمدى ئەركىن ئادەمسەن، مانا ئەمدى ئۆز خالىغىنىڭنى قىلالايسەن، بىز ئاكاڭنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئۇ ئويلىغان زامان ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم!

ئۇ كۆڭلىگە پۈككەن نىيىتىگە يېتىپ، گويا تىككەن كۆچەتنىڭ مېۋىسىنى يېگەندەك ھۇزۇرلىنىپ كەتتى. شۇڭا، دولقۇنلانغان يۈرىكىنى باسالماي كۆتۈرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن مۇنداق دېدى:

— توغرا ئېيتتىڭ، ئىنىم، بۇ يارىنى بىز ساقايتىمىز، بۇ يارا قولىمىزغا مىلتىقنى ئالغاندا چوقۇم ساقىيىدۇ؟

— توغرا، «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولمايدۇ» دېگەن گەپ بار، — دېدى كېۋىرمۇ ئۆزىنى باسالماي.

نادەمنىڭ ئاكىسىنىڭ كېلەچەككە تولۇق ئىشەنچ بىلدۈرگەن خېتى، ئەنۋەر ئەپەندىنىڭ يالقۇنلۇق بۇ سۆزى كۈرەش يولىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى بۇ يولغا سەكرەپ چۈشۈشكە تەييار ھالغا كەلتۈرگەن ۋە ئۇلارنى قانداقتۇر بىر كۈچ بىلەن جانلاندۇرۇۋەتكەندى.

ئوقۇتقۇچىسى بىلەن ئوقۇغۇچىسى قوللىرىنى بىر - بىرىنىڭ مۈرىسىگە قويغاندا، ھەر ئىككىلىسىنىڭ يۈرىكى يالقۇنلۇق بىر پەدىگە تەڭ تېپمەكتە ئىدى.

ئەنۋەر ئىلقا تاغلىرىدا يۈز بېرىۋاتقان يېڭىلىقلاردىن تېخى گەپ ئاچمىدى. ھازىرقى ئەھۋالغا قارىغاندا، دوستلىرى كۈرەش


AltunOq

يولىغا سەكرەپ چۈشۈشكە تەييار تۇرغاندەك قىلاتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئويغىنىپ قوزغالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ نىلقا تاغلىرىدىكى يېڭىلىقلاردىن سۆزلەشنى يەنە بىر قېتىملىق سۆھبەتكە — ئۆگۈنلۈككە قالدۇردى. شۇنىڭغىچە نىزامىدىنغا خەت يېزىپ، دوستلىرى بىلەن تاغقا چىقىپ كېتىشكە ئۇنىڭ قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلىش قارارىغا كەلدى.

— بىز يىمىرىلمەس كۈچ بولۇپ ئۇيۇشتۇق، — دېدى ئەنۋەر جىددىي هالدا، — ئەگەر ۋەزىيەت تەقەززالىقى بىزنى كۈرەشكە چاقىرسا... — ئۇ ھەممىسىگە سەپسالدى، نادەم، گايىت، كېۋىر، جامالىدىنلار خۇددى هۇجۇمغا ئۆتۈشكە تەييار تۇرغان جەڭچىلەردەك يۈرەك باغرىنى دولقۇنلىتمۇاتقان بىرنەرسىگە ئىنتىلىپ تۇرۇشاتتى، — بىلمىزنى باغلاپ مەيدانغا چۈشەلەيمىزمۇ؟ — ئۇ سىناق نەزىرىدە سەپداشلىرىغا قارىدى.

— جېنىمىز پىدا، ئۇكا، — دېدى كېۋىر ياڭراق ئاۋاز بىلەن، — سەن نەگە باشلىساڭ بىز شۇ يەرگە تەييار! — باشقىلارمۇ كېۋىرنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ، ئارقا - ئارقىدىن مەردانە ئاۋازلىرىنى جاراڭلاتتى. ئۇلار قەسەم ئىچمىشتى، ۋەدە بېرىشتى. ئۇلار ئەمدى دەردمەن دېھقانلار ئەمەس، ئۇلۇغ نىيەت يولىدا ئاتلانغان، ئەركىنلىك ئۈچۈن جېنىنى تىككەن قەھرىمان جەڭچىلەر ئىدى. ئۇلار قايتىپ چىققاندا، تاڭمۇ يوراي دەپ قالغانىدى.

ئەنۋەر نادەمنى ئايرىپ قالدى:

— مەيەرگە كەل، ئولتۇر، — دېدى ئەنۋەر، — نىزامىدىن ئاكامنى تونارسەن؟

— سىزنىڭ سۆزلەپ بەرگىنىڭىز بويىچە كۆرسەم چوقۇم تونۇيمەن.

— ئۇنداق بولسا، مەن خەت يېزىپ بېرىمەن، سەن ئەكىرىپ جاۋابىنى ئېلىپ چىق!

— بولىدۇ.

نادەم بىردىنلا نىزامىدىننىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ، ئۇنى كۆرد-
دىغان بولدۇم، دەپ ھاياجانلاندى ۋە يۈرىكى قىن - قىنىغا
پاتماي ئۇرۇپ كەتتى.

— بىراق...

— ھە، قانداق دەيسەن؟

— بايغا نېمە دەيمىز؟

— بايغا؟... — ئەنۋەرمۇ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— تۇختاڭ، ئامال تاپتىم، — دېدى نادەم ئالدىراپ، — ئاپام ئاغرىپ قالدى، ئۇنىڭغا قارايدىغان ئادەم يوق، شەھەردىن توغقىنىمىزنى ئېلىپ چىقاي دەپ بايدىن سورد- امدىم. ھازىر راستلا ئاپامنىڭ مىجەزى يوق.

— بۇ ئامالىڭمۇ بولىدۇ، — دېدى ئەنۋەر ۋە قولىغا قەلەم ئالدى - دە، خەت يېزىشقا ئولتۇردى. ئۇنىڭ قەلىمى قەغەز ئۈستىدە تېز - تېز يورغىلاشقا باشلىدى:

«نىزامىدىن ئاكا!

سىزگە ئالاھىدە يېڭى خەۋەر يەتكۈزىمەن:

مەن ئىشلىرىمدىن بىرىنچى قېتىملىق ئۇنۇمگە ئېرىشتىم، جىددىي كۆزىتىشلەردىن ئۆتكەن جەڭچىلەردىن گۇرۇپپا قۇرۇل- دى، يېزىدىمۇ تەشكىللىك بىر ئۇلۇغ كۈچ دۇنياغا كەلدى! بۇ خەتنى گۇرۇپپىمىزنىڭ قەيسەر جەڭچىسى، نەۋاقتا، كوبىدا ھېلىقى چېرىكلەر بىلەن ئېلىشقان نادەم ئىسىملىك يىگىت ئە- كىرىپ كەتتى، جاۋابىنى تېزرەك بېرەرسىز.

ھازىر مېنىڭ ئۆلۈمدىن قورقماس، مەردانە، قەيسەر جەڭ- چىلىرىم تەييار بولدى، ئىلقا تاغلىرىغا قاراپ سەپەر قىلساق قانداق دەيسىز؟ بىز تەقەززالىق بىلەن بۇيرۇق كۈتمەكتىمىز!»

ئەنۋەر ئەپەندى قىسقا خەتنى تۇمارچە قىلىپ قاتلىدى - دە،

ئادەمگە ئۇزاتتى:

— مانا، تېز ئەكىرىپ، تېز قايت.

— بولىدۇ.

ئادەم كەينىگە بۇرۇلدى.

— توختا، — دېدى ئەنۋەر ئويلىنىپ تۇرۇپ، — ئەگەر ياخشى كۆڭلىڭ يامىنى بولۇپ قالسا چاتاق بولىدۇ، خەتنى قەيەرگە سالىسەن؟

ئادەممۇ ئويلىنىپ جاۋاب بەردى:

— مانا، تاپىنىمنىڭ ئاستىغا، — ئۇ پۇتىدىكى چورۇقنى كۆرسەتتى.

— يارايسەن، — ئادەمنىڭ ھېلىلا ياش تولغان كۆزلىرىدىن كۈلكە كۆرۈندى.

— يەنە بىر ئىنتايىن مۇھىم ئىش بار، — دېدى ئەنۋەر، — ئەتراپنى ياخشى باقىپ، نىزامىدىن ئاكام، بۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭكىگە كىرگەندە ئەتراپنى ياخشى كۆزىتىپ كىر، دېگەنىدى. ھازىر شەھەردە پايلاقچىلار كۆپ، ئەگەر كوچىدا، دەرۋازىنىڭ ئالدىدا يوچۇن كىشىلەرنى بايقىساڭ، كىرمەي يېنىپ چىق، سەگەك بولمىساق بولمايدۇ ئۇكام.

— بايقاپ كىرىمەن.

ئادەم كەينىگە بۇرۇلۇپ مېڭىپ ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە، ئەنۋەر ئۇنى يەنە توختىتىۋالدى:

— ئۆيىنى بىلىسەنغۇ؟

— سىز دەپ بەرگەن كوچىدىغۇ؟

— ھەئە، شۇ كوچىغا كىرىپ، ئۈچىنچى دەرۋازىغا كىرىسەن. ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە تۆم قارا كىگىز قېقىلغان.

— چۈشەندىم.

ئادەم چىقىپ كەتتى.

# ئونىنچى باب

## 1

بۇ شەھەرنىڭ توغرا كۆۋرۈك بازىرى ئەڭ ئاۋات بازارلارنىڭ بىرى. ھازىر بۇ يەردە كىشىلەر تامغا چاپلانغان رەسىملىك تەشۋىقات ۋەرەقىسىنى قىستا ـ قىستاڭ بولۇپ كۆرۈشمەكتە. بۇ تەشۋىقات ۋەرەقىسىگە رەسىم سىزىلغان، رەسىمگە قاسقان شەپكىسىنىڭ ماڭلىيىغا ئون ئىككى قىرلىق كاكار تاقىغان گو-مىنداڭ ئەسكىرىنىڭ كۆكسىگە مىلتىقنىڭ ئىشتىكىنى غەزەپ بىلەن ئۇرۇۋاتقان بىر قوزغىلاڭچىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. رەسىمنىڭ ئاستىغا: «يوقالسۇن گومىنداڭ!»، «ياشىسۇن ئىنقىلاب!» دېگەن شوئار يېزىلغان.

بارغانسېرى ئۇلغىيىۋاتقان كىشىلەر توپى ئىچىدە يۈزلىرىگە تەبەسسۇم يۈگۈرۈپ، رەسىمگە زوقلىنىپ قاراپ تۇرغۇچىلارمۇ، بۇ خەۋەرنى باشقىلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالماي، تېزلا بۇرۇلۇپ كېتىپ بارغۇچىلارمۇ ۋە ئۆگىسىلى ئۆچۈپ، دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكۈچىلەرمۇ بار. كىشىلەر تېخى تۈنۈگۈنگىچە «ئازادلىق» نامى بىلەن چاپلانغان تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى كۆرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا گومىنداڭغا قارشى باش كۆتۈرۈشنىڭ، ئازادلىق سېپىگە ئۇيۇشۇشنىڭ لازىملىقى يېزىلغانىدى. ئەمدى بولسا، باش كۆتۈرگەن ئىنقىلابچىنىڭ جان-لىق قىياپىتى گەۋدىلىنىپتۇ! بۇ كىشىلەرنى ھاياجانغا سالماي مۇمكىنمۇ؟!

بىردەمدىن كېيىن ئەتراپقا ساقچى يېغىپ كەتتى، ئۇلار توپلانغان كىشىلەرگە ئالىيىپ قاراپ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراشقا باشلىدى:

— دەرھال تارقىلىش رودۇپايلار، بولمىسا ھازىر كاللاڭ-دىن ئىس چىقىدۇ!

بۇ يەرگە كەلگۈچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى، رەسىملىك تەشۋىقات ۋەرەقىسى توغرىلۇق خەۋەر ئېغىزدىن - ئېغىزغا، قۇلاقتىن - قۇلاققا يېتىپ، ھايال بولماي نەچچە يۈزلىگەن كىشى يىغىلدى. ساقچىلارنىڭ شۇنچە قاتتىق ۋارقىراش، دىۋەي-لەشلىرىگە، دوقلىرىغا كىشىلەر پىسەنت قىلمىدى، ساقچىلار قوپاللىق بىلەن ۋارقىرايتتى:

— تارقىلىش رودۇپايلار! ئۆلگۈڭ كېلىشتىمۇ، نېمانچە بىزەڭلىشىپ كەتتى بۇ خەق؟!

لېكىن، خەلق تارقالمىدى، ساقچىلار ئۇلارغا تاشلىنىپ، تاراسلىتىپ قامچا سالدى. ئادەملەر قالايمىقان قېچىشتى، يىتى-راشتى، بىرەر يۈز مېتىر يەرگىچە بېرىشىپ توختاپ قېلىشتى ۋە يەنە يىغىلىشقا باشلىدى. كوچىدا ئەنسىزلىك بىلەن ئۇياقتىن - بۇياققا چىرقىرىشىپ ئۆتكەن ماشىنىلار، ئاتلىق چېرىكلەر كۆپىيىشكە باشلىدى. شۇنچىلىك ھەيۋەتلىك ئىشلار قىلىنىۋاتسىمۇ، كوچا - كوچىدا يۈرگەن كىشىلەر خۇددى قى-ياندەك ئاقاتتى. غەزەپكە كەلگەن كىشىلەرنىڭ كوچىغا چىقىشى-نى توسۇپ قالغىلى بولمايتتى. بۇنىڭدىن قانلىق يارىلارنىڭ ئېغىز ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى.

«ئازادلىق» تەشكىلاتىنىڭ يەر ئاستى خىزمىتى جىددىي-لەشكەن ۋە ئۇنۇم بېرىشكە باشلىغانىدى. ھەر كۈنى تاڭ ئالدىدى-كى قاراڭغۇلۇقتا كوچىلارنىڭ تاملىرىغا، سىمتاناپ تۈۋرۈكلى-رىگە تەشۋىقات ۋەرەقلىرى، رەسىملىرى چاپلىناتتى، ھويلىلا-رغا تاشلىناتتى، ھەر كۈنى چېرىكلەر تەرىپىدىن يۈزلەپ ۋەرەقى-

لەر يىرتىلىپ تۇرسا، ئەتىسى ئەتىگەندىلا يەنە يۇزلەپ ۋەرەقىلەر پەيدا بولۇپ تۇراتتى. ۋەزىيەتتىكى بۇ ئۆزگىرىشلەر قوزغىلاڭ بولىدىغانلىقىدىن شەپە بېرەتتى ۋە خەلقتە ئىشەنچ پەيدا قىلاتتى.

زەينىددىن سائەت تۆتكە يىگىرمە مىنۇت قالغاندا، سۇر باسقان كوچىلارنى بويلاپ، ئالتە شوئار مەھەللىسىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ بۈگۈن مۇنداق بىر باغاق تاپشۇرۇۋالغانىدى:

«تەكلىپنامە

مۆھتەرەم زەينىددىن، چارشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە، ئالتە شوئار مەھەللىسىدىكى ئەللىك ئالتىنچى نومۇرلۇق قورۇدا ئۆتكۈزۈلىدىغان توي مۇراسىمىغا قاتنىشىپ بېرىشىڭىزنى سورايمىز.

ئېھتىرام بىلەن: مامۇتاخۇن

1944 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى»

زەينىددىن ئويلىنىپ قالدى: بۇ ئاجايىپ ئىشقۇ، يا مەن ساھىبخانىدىكى تونۇمىسام، بۇ باغاق قانداقلارچە ماڭا كېلىپ قالدى؟ . . . بۇرۇن تېرە زاۋۇتىدا ئىشلىگەن ئىشچى مامۇتاخۇنمۇ يا؟ . . . ياق، ئۇ مامۇتاخۇن باشقا مەھەللىدە، ئۇنىڭ مېھمان چاقىرغۇدەك ھالىمۇ يوق. ئۇنداق بولسا، بۇ زادى كىم؟ . . . بۇ ليۇ بىندې دېگەن جاللاتنىڭ ئويۇنى بولمىسۇن يەنە؟ بۇ ئەبلەخ ئىلى ۋىلايىتىگە كەلگەندىن بېرى كوچا ـ بازارلاردا پۇقراچە كىيىنىپ، ئىچىگە تاپانچا ئېسىۋالغان، پىچاق سېلىۋالغان قارا كۆڭۈل لۈكچەكلەر كۆپەيدى. بۈگۈن مەن بۇ باش ـ ئۇچى يوق باغاقنى تاپشۇرۇۋالدىم، ليۇ بىندې بىرەر باھانە ـ سەۋەب تېپىپ قولغا ئالماقچىدۇر، ھازىر يۇز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ مەركىزىدە مۇشۇ سىر يوشۇرۇنغاندۇ، بەلكى؟ . . . ھازىر سىرلىق ئىشلار ئازمۇ؟ . . .

ئۇ شۇلارنى ئويلاپ، قولىدىكى چىرايلىق ئىشلەنگەن باغاقنى سىنچىلاپ قاراپ قويۇپ يولىنى داۋام ئەتتى. ئۇنىڭ باش ـ

ئۇستىدىكى قارا بۇلۇتلار ھېلى يامغۇر قۇيۇۋېتىدىغاندەك ساڭگى-
لاپ تۇراتتى. كوچىدىكى ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتكۈچىلەر ئالدىرى-
شىپ ماڭماقتا ئىدى.

نىزامىدىن ئېرەنسىزلىك بىلەن كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنسى-
مۇ، لېكىن كوچىدا كېتىۋاتقان ھەربىر كىشىگە زەن قويۇپ
ماڭماقتا ئىدى. ئەگەر يولدا بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراپ قالغۇ-
دەك بولسا، قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇنداق ئىشلار ئاز بولۇۋا-
تامدۇ؟ كىشىلەر ھەر كۈنلۈكى ئۇنلاپ ـ يۈزلەپ تۇتۇلۇپ كې-
تىپ بارامدۇ؟! ھۆكۈمەت ھازىر شۇنچىلىك ۋەھشىيلىشىپ
كەتتىكى، ئۇنىڭ ساقچىلىرى ئۆزلىرىگە ئالىيىپ قاراپ قويغۇ-
چىلاردىنمۇ گۇمان قىلىدىغان بولۇپ كەتتى. بىرەر پاكىت بىلەن
تۇتۇش ئەمەس، ئالدى بىلەن تۇتۇش، ئاندىن پاكىت ئىزدەش،
ياشاشقا ئۆتتى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ماھىيىتى مۇشۇ.
شۇڭا، مېنى نېمە ئاساس بىلەن تۇتىسەن، دېگىلى بولمايدۇ،
تۇتۇپلىۋالسا، پاكىتنى پەيدا قىلماق تەس ئەمەس. ياخشىسى
تۇتۇق بەرمەسلىك! يىراقتىنلا ساقچىغىمۇ، پۇقراچە كىيىنگەن
كىشىلەرگىمۇ سەپسېلىپ ماڭغان تۈزۈك. نىزامىدىن شۇنداق
ئىش ـ پېشكەللىك يۈز بېرىپ قالغۇدەك بولسا، قانداق قىلىش-
نىڭ لازىملىقىنى ئويلاپ، ئوڭ قولىنى يانچۇقىدىن چىقارماي
كېتىپ باراتتى.

كەينىدىن بىرى ئۇنىڭغا يېتىشىپ كەلدى:

ـــ سالام، ئەپەندى، نەگە؟

ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ:

ـــ سالام، زەينىدىن! ـــ دېدى قول بېرىپ.

زەينىدىن يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى نىزامىدىن بىلەن تونۇ-
شۇپ قالغان. بۇ ئۇچرىشىش بىلەن ھەر ئىككىسىنىڭ چىرايىدا
خۇشقۇنلۇق ياندى.

ـــ تويغا! ـــ جاۋاب بەردى نىزامىدىن.

— نەدىكى تويغا؟
— ئالتە شوئار مەھەللىسىدىكى تويغا.
— مۇنداق دەڭا، ئالتە شوئار مەھەللىسىدىكى توي مۇرا.
سىمىغا قاتناشقىلى مېڭىپسىز - دە؟
زەينىدىن ئىشىنىڭ دەل ئۇستىدىن چۈشكەنىدى. ئۇلار خې-
لى يېقىن بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما باسقان قەدەملىرىنى
بىر - بىرىدىن يوشۇرۇپ يۈرۈشكەن. مانا ئەمدى ئىككىسىنىڭ
بىر يولدا ئىكەنلىكى ئايان بولۇپ، سىر تۇتۇشقا ئورۇن قالمىغا-
نىدى. شۇڭا، ئۇ ئىشەنچلىك ھالدا ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە
قاراپ:
— ئەلۋەتتە، ۋاقىت يەتتى، زەينىدىن، ھەرىنىڭ زەھىرى-
دىن قورققان ئادەم ھەرگىز ھەسەل يېيەلمەيدۇ، — دېدى.
— توغرا ئېيتتىڭىز، ئەپەندىم، — ئۇنىڭ بايىقى ئەندى-
شىلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. شۇڭا، جىددىي ھالدا مۇنداق
دېدى، — ھامىنى بىر ئۆلۈم، ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قى-
لىشتا ئۆلۈمدىن قورقماسلىق كېرەك!
— شۇنداق، — دېدى نىزامىدىنمۇ جىددىي ھالدا، —
گومىنداڭچىلار بىزنى «سىڭكۇ» دەپ كېلىۋاتىدۇ، دۇنيادا بۇ-
نىڭدىنمۇ ئارتۇق خورلۇق بولماس. خورلۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈ-
چۈن كۈرەش قىلىشقا، ئۆلۈمدىن قورقماسلىققا توغرا كېلىدۇ.
ئادەم ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە — ئازادلىق - ئەركىن-
لىك! مۇشۇ يولدا «سىڭكۇ» لارنىڭ قانداق ئىشلارنى تەۋرىتە-
لەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ۋاقتى يەتتى. بىزنىڭمۇ تارى-
خىمىز يېزىلىۋاتىدۇ، خورلانغان ئادەملەر تارىخىنىڭ داۋامىنى:
كۈرەش قىلماق، بەختكە يەتمەك، دەپ يازىدۇ. چۈنكى،
خورلۇق چەكلىك بولىدۇ، كۈرەش چەكسىز بولىدۇ، شۇنداق
ئەمەسمۇ؟! — نىزامىدىن توختاپ ئۇنىڭغا قارىدى، ئۇنىڭ ئۆز
سۆزىدىن ئۆزى ھاياجانلىنىپ قويۇق قاشلىرى تىكلىشىپ، چە-

رايى تېخىمۇ سۈرلۈك تۈسكە كىرگەنىدى.

ئەلۋەتتە، — دېدى زەينىدىن نىزامىددىننىڭ سۆزلىرىدىن ھاياجانلىنىپ، — ھازىر ئالتە شوئار مەھەللىسىدىكى تويغا قاتنىشىمىز، كەچ كىرگەندە، يۈلەن تارتىمىز - دە! — ئۇ ھۇزۇرلىنىپ قىزىپ كەتكەن ئالىقانلىرىنى بىر - بىرىگە سۈر-كىدى..

نىزامىددىن كۈلۈمسىرەپ:

— ھاي - ھاي يۈلەن، ھاي يۈلەن، بەخت نەدە، يارى - يار،

ئازادلىققا بەلنى باغلاپ چىققان پەردە يارى - يار، دەيمىز دەگىا، — دېدى.

ئىككىسى كۈلۈشۈپ كەتتى، بۇ كۈلكە ئىچ - ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىققانىدى.

ئۇلار دوقمۇشتىن قايرىلىپ، ئالتە شوئار مەھەللىسىگە كەلدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى بىر ھويلىدىن داپ، دۇتار، تەمبۇر ئاۋازى ئاڭلاندى. يەنە بىرنەچچە ھويلىدىن ئۇتتىسلا، نەغمە - ناۋا ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتقان ئەللىك ئالتىنچى نومۇرلۇق ھويلىغا باراتتى. ئىككىسى قەدەملىرىنى تېزلەتتى. ئەللىك ئالتىنچى نومۇرلۇق ھويلىدا توي مەرىكىسى قىزىپ كېتىپتۇ، بىرنەچچە ئادەملەر پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ساز چېلىۋېتىپتۇ. ھويلا ئىچى يۈزلىرىدىن خۇشاللىق، تەبەسسۇم ئېپادىلىنىپ تۇرغان مېھمان-لار بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. زەينىدىن مامۇتاخۇن ئىسىملىك ساھىبخان بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىرىماقتا ۋە ئەتراپىغا سەپسې-لىپ قارىماقتا ئىدى. ناخشا - ساز، ئويۇن - تاماشا داۋام قىلماقتا ئىدى.

مېھمان كۈتۈۋاتقان بىرى ئۇلارنىڭ قولىقىغا پىچىرلىدى:

— ساھىبخان ئىككىڭلارنى ئاۋۇ ئۆيدە بىرەر پىيالە چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ، قېنى مەرھەمەت.

ئىككىسى پاكارغىنا بىر ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى.

مېھمان كۈتكۈچى ئۇلارنى ئۆيگە كىرگۈزۈۋېتىپ، ئىشىكنى يې-پىپ قويۇپ كەتتى.

بۇ ئۆيدە يەنە بىر مېھمان كۈتكۈچى بار ئىدى، ئۇ:

— قېنى، ئىچكىرىكى ئۆيگە، — دېدى.

ئىككىسى ئىچكەركى ئۆيگە سالام بىلەن كىردى. ئىچكەركى ئۆيدە چۆرىدەپ كۆرپىلەر سېلىنغان، كۆرپىلەر ئۈستىدە لىققىدە كىشىلەر ئولتۇرۇشاتتى. ئىزامىدىن بىلەن زەينىدىن ئولتۇرغان ئادەملەر بىلەن بىرمۇبىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى-دە، كۆر-پىدىن ئورۇن ئالدى. ياش بىر يىگىت ئولتۇرغانلارنىڭ قولىغا سۇ ئالدى-دە، داستىخان سالدى. نان، تاتلىق تۈرۈملار سېلىنغان پەتنۇسلارنى قويدى، ئاندىن چاي تارتىلدى. زەينىدىن قولىغا چىنىنى ئېلىپ ئۆيدىكىلەرگە سەپسالدى. ئۇلارنىڭ چى-رايلىرىدا ئېغىر بېسىقلىق، خۇشخۇيلۇق، كۆتۈرەڭگۈ روھىي ھالەت ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ تېخى گەپ-سۆز باشلانماي تۇرۇپلا كىشىلەرنىڭ نېمىشقا بۇ يەرگە يىغىلىپ قالغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ ياخشى تونۇيدىغان ئادىمى تۆردىكى قاتارنىڭ چېتىدە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ناۋاقتا زەينىدىنگە، پات ئارىدا مەلۇم جايدا بىر يىغىن ئېچىلىدۇ، دېگەنىدى. ئۇ يىغىن مۇشۇ بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى.

— مېھمانلىرىمىز كېلىپ بولدى، قېنى، توي مۇراسىمە-مىزنى باشلايلى يولداشلار، — دېدى تۆردىكى قاتاردا ئولتۇر-غان ئابدۇكېرىم ئابباسوف كۈلۈمسىرەپ، — بۇ يىغىلىش بىز تەشنا بولۇپ كەلگەن «ئازادلىق» تەشكىلاتى رەھبەرلىكىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى. يىغىندا ھەرقايسى چوڭ گۇرۇپپىلارنىڭ مەسئۇللىرى چاقىرىلدى. ھازىر ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش تېز بولماقتا. ئويغانغان خەلق تەشكىللىك بىر كۈچنىڭ رەھبەرلىكىگە موھتاج، بىز ئۇيۇلتاشتەك مۇستەھكەم ئۇيۇشتۇق. ۋاقىت پە-شىپ قالدى. يولداشلار، مانا ئەمدى مەڭگۈ ئۆچمەس كۈرەشچا

تارىخ يارىتىمشىنىڭ پەيتى كەلدى. بىز بۈگۈنكى خەلقىمىزلا ئەمەس، بەلكى كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدىغان ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەك. بىز ھەرگىز ئۇلارنىڭ قارغىشىغا قالماسلىقىمىز كېرەك. بىز قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە بەل باغلىدۇق، شۇڭا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ تەييارلىقىنى پۇختا ئىشلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ، — ئۇ سوۋۇپ قالغان چايدىن ئىككى يۇتۇم ئىچىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ھازىر نىلقىدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەرىكىتى جىددىي، بىزنىڭ ئەۋەتكەن ئادەملىرىمىز خەلقنى تەشكىللەش - ئۇيۇشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبەرلىكىگە ياخشى ياردەم بەرمەكتە. قوزغىلاڭچىلارنىڭ بىزگە قويۇۋاتقان ئورۇنلۇق تەلەپلىرىمۇ بار...

يىغىن باشقۇرغۇچى يىغىندا ئولتۇرغانلارغا جىددىي ھەم ئېغىر ۋەزىپىلەرنى يۈكلىمەكتە ئىدى. بۇ يەردە ئولتۇرغانلار زاۋۇتلارنىڭ بوشىتىلغان ئىشچىلىرىدىن، غۇلجا شەھەر ئەتراپىدىكى دېھقانلاردىن ۋە زىيالىيلاردىن بولۇپ، يىگىرمىگە يېتەتتى. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنى ئىزامىدىن تونۇمايتتى. بىرنەچچە تونۇشلىرىدىن باشقا ئابدۇكېرىم ئاباسوفنى ئەڭ ياخشى تونۇيتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن سىرداش دوست ئىدى. ئۇلار ئۈرۈمچىدە تونۇشقان، ئىزامىدىن ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئەڭ بۇرۇن ئوقۇش تۈگەتكەن ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، شۇ يەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغاندا، ئابدۇكېرىم تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئۇلار شۇ مەزگىلدە تونۇشۇپ قېلىن دوستلۇق ئورناتقان، كېيىن ئىزامىدىن ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ يۆتكىلىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ كەينىدىن ئابدۇكېرىممۇ كېلىپ، شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىگە تەرجىمان بولۇپ ئورۇنلاشقان.

يىغىن قاتناشقۇچىلىرى جىددىي كەيپىياتتا سۆزلىگۈچىنىڭ

ئاغزىغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئابدۇكېرىم سىرتتىكى ئەھۋاللارنى، لېۇ بىندېنىڭ ئىلىغا كەلگەندىن بۇياقى ئېلىپ بېرىۋاتقان خۇپىيانە ھەرىكەتلىرىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭغا قارشى كەيپىياتىنىڭ ئۇستۇنلۇكىنى، خەلقنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىككە بولغان ئىنتىلىشىنى ئۇزاق سۆزلىدى. باشقىلارمۇ ئۆز پىكىرلىرىنى بايان قىلدى.

ئابدۇكېرىم يەنە ئىلقا قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ يېقىنقى ھەرىكەتلىرىنى، گومىنداڭنىڭ بەزىبىر ئورگانلىرىغا تۇيۇقسىز تېگىپ قويۇپ، ئۇلارنى ئالاقزادىلىككە سېلىۋەتكەنلىكىنى بايان قىلىشقا باشلىدى. ئاباسوفنىڭ ئېيتقىنى ئولتۇرغانلار ئۇچۇن يېڭىلىق ئىدى.

— ئېلىنغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا، — دېدى ئۇ، — بۇ يىل يەنى 1944 - يىل ئاۋغۇست ئېيىدا پاتىخ مۇسلىموف يولداشلىرىدىن ئايرىلىپ، قاچقۇن بولۇپ يۈرۈپ، ئاخىر نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۇلاستاي دېگەن تېغىغا بارىدۇ. ئۇ يەردە سوۋېتلىك ئىسمىلىك ئاغىسىنىڭ ئۆيىدە ياتىدۇ. ئەتىسى سوۋېتلىك جېلىلىيۇزىدىكى خەمىت مۇسلىموفنى تېپىپ كېلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن رەپىق بايچۇرىن، ھوشۇرەم مەمەتوف، ئوسمان ئىبراھىموف، نۇرۇم ئوبۇلۇفلارمۇ كېلىدۇ. بۇلار سوۋېتلىكنىڭ ئۆيىدە ئۇچرىشىدۇ. بۇ چاغدا ئۇلار گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ئۇچمەنلىكى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان غېنى مەمەتباقىيۇفنىڭ قاش دەرياسى ئەتراپىدا يۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ. ئۇلار غېنىنى تېپىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن غېنىمۇ، ئاكىسى ئەكبەر بىلەن سېيىتمۇ كېلىدۇ. ئەكبەر بۇ چاغدا يوشۇرۇنۇپ يۈرەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ يوشۇرۇنۇپ يۈرۈشىگە زېرەكلىك ھەم چاققانلىق بىلەن قىلىنغان مۇنداق بىر ئىش سەۋەب بولغان، بۇنى سىلەرگە قىسقىچە ھېكايە قىلىپ بېرەي: بىر كۈنى گومىنداڭچىلار ئۇنىڭ ئۆيىگە تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كىر-

گەن. ئەكبەر ئۇلارغا: «مېنى تۇتۇپ كەتسەڭلار مەيلى، قارشى-
لىقىم يوق، لېكىن مەن ئۆمرۈمدە ئۆيۈمگە كەلگەن كىشىنى
مېھمان قىلماي قايتۇرغان ئەمەسمەن. ئاۋۋال سىلەرنى ئەنە،
ئاۋۇ ئوغلىقىم بىلەن مېھمان قىلىمەن، شۇنىڭدىن كېيىن چى-
رايلىقچە ئالدىڭلارغا چۈشۈپ ماڭىمەن» دەپتۇ. ئۇلار رازى
بولۇشۇپتۇ. شۇ ئارىلىقتا ئەكبەر خوتۇنىغا ئاتنى ئىگەرلەپ يار
بويىغا تەييار قىل، دېگەن گەپنى شەرەتلەپ ئۇقتۇرۇپ ئۆلگۇ-
رۇپتۇ. ئەكبەر ئوغلاقنى تۇتۇشقا كىرىشىپ، ئۇنى قوغلاپ —
قوغلاپ يار بويىغا چۈشۈپتۇ — دە، تەييار قىلىنغان ئېتىغا
مىنىپ قېچىپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ تاغ ئىچىدە يوشۇ-
رۇنۇپ يۈرگەن يېرىدىن كەلگەن. مانا بۇلار ئىلقا قوزغىلاڭچىلى-
رىنىڭ باشلامچىلىرى، تەشكىللىگۈچى، رەھبەرلىك قىلغۇچى
كۈچلىرى، شۇنداقلا يەنە بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرنەچچە ئون
كىشىلىك ئەترەتلەرنىڭ كوماندىرلىرى. يېقىن ئارىدا ئۇلار بىر-
نەچچە يۈز، بىرنەچچە مىڭ كىشىلىك ئەترەتلەرنىڭ كوماندىرلى-
رى بولغۇسى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئۇلاستاي تېغىغا يىغى-
لىپ، گومىنداڭ تۈزۈمىگە قارشى كۈرەش قىلىش ئۈچۈن قە-
سەمياد قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ سۆيۈملۈك خەلقىنى ئازاد قىلىشقا
بەل باغلىغان. ئۇلار ئالدى بىلەن گومىنداڭچىلارنى ئالاقزادى-
لىككە سېلىش، ئەنسىزلىككە چۈشۈرۈشنى ئويلاشقان. غېنى
بىلەن ئەكبەر بىردىن مۇھاپىزەتچىسىنى ئېلىپ، غۇلجا شەھىرى-
گە يوشۇرۇنچە كىرگەن. غېنى يېرىم كېچىدە گومىنداڭ قوشۇنى-
لىرىنىڭ ئىلىدىكى قوماندانلىق شتابىنىڭ دەرۋازىسىدا تۇرغان
ئىككى قاراۋۇلنىڭ ئالدىغا ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارنى
ئېتىپ تاشلاپ، قولىدىكى قورال، بېلىدىكى ئوقدانلىرىنى ئې-
لىپ ئايرودروم تەرەپكە قېچىپ كەتكەن. ئەكبەرمۇ نەق شۇ
چاغدا ئايرودروم دەرۋازىسىدىكى ئىككى قاراۋۇلنى ئېتىپ، ئۇ-
لارنىڭمۇ قورال، ئوقدانلىرىنى ئېلىپ قاچقان. ئۇلار تۆتى ئۈچ-

رىشىپ تاغقا يول ئالغان ۋە ئەتىسى ئۆلاستايغا يېتىپ بارغان.
بۇ ئىش گومىنداڭ ئۈچۈن ئاجايىپ چوڭ ۋەھىمە پەيدا قىلغان.
گومىنداڭچىلار پايپېتەك بولۇشۇپ، خۇددى يامان چۈش كۆر-
گەن ئادەمدەك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپلا قالغان ۋە ئىدارە -
ئىدارىلەردە ئەنسىزلىك يانغان. . .

ئابدۇكېرىم بىر تىنىۋالدى. يېنىدا ئولتۇرغانلارنىڭ هايا-
جانلانغان، تەبەسسۇم ئەكس ئەتكەن چىرايلىرىدا دېرىزىدىن چۈ-
شۈپ تۇرغان كۈننىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى ئوينىماقتا ئىدى. ئول-
تۇرغانلار سۆزگە شۇنچىلىك بېرىلىپ كەتكەن ئىدىكى، ئابدۇ-
كېرىم سۆزدىن توختىغان بولسىمۇ، قىمىر قىلماي، خۇددى
قېتىپ قالغان ئادەمدەك ئۇنىڭغا تىكىلىپ قالغانىدى. بەزىلەر
ئىشنىڭ بۇ دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى تېخى بىلمەيتتى بىلگەنلەرمۇ
ئومۇمىي كەيپىياتقا ئۆزلۈكىدىن ئەگىشىپ، جىمىپ ئولتۇرۇپ
كېتىشكەنىدى. ئادەملەرنىڭ بىر ئىرادىگە كەلگەنلىكى، ئۆزلە-
رىنى ئۆلۈغ بىر ئىشقا ئاتىغانلىقى جىددىي تۈس ئالغان قىياپەت-
لەردىن، بەزىدە غەزەپ ئۈچقۇنلىرى يانغان، بەزىدە تەبەسسۇم
چاقنىغان كۆزلەردىن، يىمىرىلگەن لەۋلەردىن بىلىنىپ تۇرات-
تى. شۇ هالدا بىرهازا ئۆتكەندىن كېيىن، ئاڭلىنار - ئاڭلان-
ماس پىچىرلاشلار باشلاندى.

ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— يەنە خەۋەرلەرگە قارىغاندا، نىلقا قوزغىلاڭچىلىرى
گومىنداڭچىلارنىڭ قولىدىن نۇرغۇن قورال - ياراغلارنى تارتى-
ۋالغان. ئۇلار بىر تۈركۈملا ئەمەس، تۈركۈم - تۈركۈملەپ،
تاغدا بىمالال هەرىكەت قىلماقتا. پاتىخ، غېنى ئەترىتىدىن قى-
رىق ئادەم، ئوسمان، نۇرۋۇملار ئەترىتىدىن ئوتتۇز ئادەم، ئەك-
بەر ئەترىتىدىن يىگىرمە ئادەم، سىپىت ئەترىتىدىن ئون ئادەم
بولۇپ، هەممىسى يۈز ئادەم نىلقا ساقچى ئىدارىسىگە تۇيۇقسىز
هۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋەتكەن ۋە كۆپ مىقدار-

دا مىلتىق، ئوق ـ دورا غەنىيمەت ئالغان. ئۆزلۈكىدىن كېلىپ ئەترەتلەرگە قوشۇلغانلارغا قورال ـ ياراغ تارقىتىپ بېرىلگەن. مانا بۇلار ئىلقىدىكى ئاساسلىق ئەھۋاللار...

يىغىن قاتناشچىلىرى ئابدۇكېرىم ئاببasوفنىڭ يەتكۈزۈۋات-قان مەلۇماتلىرىدىن تېخىمۇ روھلىنىپ هاياجانلاندى. ئۇنىڭ سۆزىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ كەتكەنلەر ئۆزۈلدۈرمەي تاماكا چېكىشەتتى، ئۆي ئىچىنىڭ كۆپكۆك تاماكا ئىسىغا تولغان-لىقىنى هېچكىممۇ سەزمەيتتى. ئادەم دەرد تارتىپ قايغۇرسا ياكى خۇشال بولۇپ هاياجانلانسا تاماكا خۇمارى قاتتىق تۇتىدۇ. شۇ تاپتا قوزغالغان هاياجان ئۇلارنى ئەنە شۇنداق هالغا كەلتۈ-رۈپ قويغانىدى. ئۇلار ئابدۇكېرىمدىن يەنە يېڭى، ئاڭلىمىغان سۆزلەرنىڭ چىقىشىنى كۈتەتتى. ئولتۇرغانلار ئۆز هاياتىدا كىر-مىگەن كوچىلارغا كىرگەنلىكىدىن، تاشلانمىغان قەدەملەرنىڭ تاشلانغانلىقىدىن سۆيـۈنـمەكـتـە ئىدى. ئادەم شۇنداق نەرسە، ئارزۇ ـ ئارمىنىنىڭ ئۇچقۇنلىرىنى كۆرسىلا هېس ـ تۇيغۇلىرى قوزغىلىپ، ئۆزىنى شۇ يولدىكى پىداكار هېسابلايدۇ. شۇنداقلا ئۇلار ئۆزلىرىنىلا ئەمەس، كەلگۈسىنىڭ، بالا ـ چاقىلىرىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن چېلىشقا ئاتلانغانلىقىدىن ئۆزلىرىنى بەختىيارلىق ئىلكىدە سېزىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئابدۇكېرىمنىڭ سۆزلىرىگە تەشنا، ئۆزلىرىنى قانداق ۋەزىپىلەرنىڭ كۈتۈپ تۇر-غانلىقىغىمۇ تەشنا.

ئابدۇكېرىم تېخى سۆزلەنمىگەن، ئەمما سۆزلەش ئۈچۈن كۆڭلىگە پۈككەن سۆزلەرنىڭ سالمىقىدىن هاياجانلىنىپ مۇنداق دېدى:

— بىز ئۇلۇغ ئىش ئۈچۈن ئاتلىنىپ چىقتۇق، تارىخ يانمايدۇ، مەردلەر باسقان ئىزىدىن قايتمايدۇ!... گومىنداڭ هۆكۈمىتى بىزنى هېچ ئىش قىلالمايدۇ، دەپ ئويلايدۇ، راست شۇنداقمۇ؟ قولىمىزدىن هېچ ئىش كەلمەمدۇ؟ — ئۇ مەردانە،

جۇشقۇن چىرايلارغا تىكىلدى، ــ كېلىدۇ، كېلىۋاتىدىغۇ.
دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەر قىلالىغان ھەرقانداق ئىشنى بىزمۇ
قىلالايمىز، ئۆزىمىزنى باشقۇرالايمىز، يۇرت سورىيالايمىز. . .
ئەمما بىز بۈگۈن مەھكۇم مىللەت، ئىشىنىشىمىز كېرەككى،
پات يېقىندا ئازاد مىللەتكە ئايلىنىمىز!

كەلگۈسىگە يانغان ئىشەنچتىن كىشىلەر ئولتۇرالماي قال-
دى. جىددىي تۇس ئالغان چىرايلار ئوت ئالدى. داستىخان
يىغىشتۇرۇلماي ئۈستى - ئۈستىلەپ قايناق چاي قۇيۇلماقتا
ئىدى. ئاندىن لېگەن - لېگەنلەردە پولۇ تارتىلدى. ئۆي ئىگىسى
ئولتۇرغانلارنى تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلاتتى. لېكىن، ھەم-
مىنىڭ يېنىپ كەتكەن كۆزلىرى سۆزلىگۈچىدە ئىدى.

ــ قېنى، تاماق يېگەچ ئاڭلايلى، ــ دېدى ئابدۇكېرىم
سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ــ چارلاپ ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا
قارىغاندا، غۇلجىدىكى چولڭ - كىچىك تېرە زاۋۇتلار شېخودا
تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قىسىملىرى ئۈچۈن ئىگەر - توقۇم، كە-
مەر، جۇۋا، قۇلاقچا، پىيما ئىشلەۋېتىپتۇ. دېمەك گومىنداڭ
قوشۇنلىرى تاغ رايونلىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋېتىپتۇ.
ئۇلار شۇ جايدىكى قوشۇنلىرىنى يۆتكەپ كېلىپ، نىلقىدا يانغان
ئوتنى ئۆچۈرمەكچى ۋە غۇلجا شەھىرىدىكى ئادەملەرنى قاتتىقراق
يۆتىلەلمەيدىغان ھالغا كەلتۈرمەكچى. . . بۇنىڭغا نىسبەتەن بىز-
دىمۇ پۇختا تەييارلىق بولۇشى كېرەك.

ئابدۇكېرىم قىزىق چايدىن بىرنەچچە يۇتۇم ئىچتى - دە،
تۆت يانچۇقلۇق ئەستەرلىك چاپىنىنىڭ ئىزمىلىرىنى يېشىۋەت-
تى. قورساق ئاچىدىغان مەزگىل بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ھېچ-
كىم تۇزۇككىنە تاماق يېگىنى يوق. ھەممىسىنىڭ ھېسسىياتى
دولقۇنلىنىپ، كۆز ئالدىدىكى ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئويلاپ تۇرغان-
لىقى ئۈچۈن تاماققا ھېچكىمنىڭ ئىشتىھاسى تارتمايتتى. بۇ
ئولتۇرغانلار ئۆز خەلقىنىڭ تەقدىرىنى ئۆز قولىغا ئېلىشقا رەھ-

بەرلىنىڭ قىلمىش تارىخىنىڭ ئۆلارغا يۈكلىگەن مۇقەددەس ۋەزىپى-
سى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ۋە شۇ كويدا يالقۇنلىنىپ
يېنىپ كېلىۋاتقان ئادەملەر!

ئابدۇكېرىم ھاياجاندىن سەل - پەل تىترىگەن قولىنى يان-
چۇقىغا سېلىپ، تۇمارچە قىلىپ قاتلانغان بىر پارچە خەتنى
ئالدى.

— مانا بۇ خەت نىلقىدىن كەلگەن، — دېدى ئۇ
خەتنى پۈلاڭلىتىپ. ھەممىسى خەتكە ئىنتىزارلىق بىلەن
تىكىلدى، — خەتكە قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئەترەت كوماندىرلىرى
ئىمزا قويغان. ئوقۇپ بېرەي، ئاڭلاپ بېقىڭلار:

«. . . ئەھۋالدا تېز ئۆزگىرىش بولۇشى مۇمكىن. ھازىر-
قى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن ئۆز ھەرىكىتىمىزنى چاپ-
سانراق كېڭەيتىشىمىزگە توغرا كېلىۋاتىدۇ. قوزغىلاڭچىلىرى-
مىز ھازىر نىلقىنى ئىشغال قىلىشقا جىددىي تەييارلانماقتا.
ئەمما، ھازىر نىلقا تاغلىرى سوغۇق، يەنە بىر ئىككى ھەپتىدىن
كېيىن قاتتىق سوغۇق چۈشۈپ كېتىدۇ. قوزغىلاڭچىلىرى-
مىزنىڭ پاختىلىق كىيىمى يوق، بۇ ئەھۋال بىزنىڭ ھەرىكىتى-
مىزگە توسقۇنلۇق قىلماقتا. ئەگەر سىلەر گومىنداڭ تىكتۈرۈ-
ۋاتقان ۋە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن شىخوغا ماڭغۇزماقچى بولغان
قىشلىق كىيىم - كېچەكلەرنى قولغا چۈشۈرۈپ بىزگە يەتكۈزۈپ
بەرسەڭلار ئىدى، ئىنتايىن ياخشى بولغان بولاتتى. بىزنىڭ
قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشىمىزگە ناھايىتى چوڭ ياردەم بولاتتى.
بىر ئىلاجىنى قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.»

كۈن ئولتۇرۇپ كەتتى. دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان كۈن
شولىسى يىتتى. قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكۈچە يىغىن قاتناشقۇچىلى-
رى تارقىلىپ كېتىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، ۋەزىيەت تەقەززا-
سى بويىچە ۋەزىپىلەرنى تەقسىم قىلىش مۇزاكىرىسى باشلاندى.
بۇ ئىش ئانچە ئۇزاققا سوزۇلمىدى. ئارىدىن ئون بەش - يىگىرمە

مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، يىغىن باشقۇرغۇچى قىسقىچە غۇلغۇ- لىدىن كېيىن ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى:

بىرىنچى، شەھەر قوزغىلاڭچىلىرىنى قورال - ياراغ بىلەن تەمىنلەشكە تۆت كىشى؛

ئىككىنچى، تەشۋىقات ۋە ياشلار خىزمىتىگە ئىككى كىشى؛

ئۈچىنچى، گومىنداڭنىڭ تىكتۇرۇۋاتقان قىشلىق كىيىم- لىرىنى، ئېگەر - جابدۇقلىرىنى قولغا چۈشۈرۈشكە ۋە ئىلقا قوزغىلاڭچىلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە تۆت كىشى؛

تۆتىنچى، ئىلقا بىلەن داۋاملىق ئالاقە قىلىپ تۇرۇشقا ئىككى كىشى مەسئۇل قىلىندى. نىزامىدىن بىلەن يەنە بىر كىشى يېقىن ئارىدا ئىلقىغا ئەۋەتىلىدىغان بولدى.

يىغىن تارقالدى.

ھويلىغا چىققاندا ئابدۇكېرىم نىزامىدىنغا دېدى:

— خوش، نىزامىدىن ئەپەندى، ئۆيىڭىزگە قارايدىغان ئادەم يوق، بالىلىرىڭىزنى قانداق قىلىشنى ئويلاۋاتىسىز؟

— موڭغۇل كۈرەگە ئاچىقىپ قويۇش قارارىغا كەلدىم.

— كېچىكىپ قالامسىز كىن؟

— ياق، ئۇ يول بىلەن ماڭمايمەن، سۇمۇل تەرەپ بىلەن ماڭىمەن. ئەۋلىياھ چوققا ئارقىلىق ئۆتۈپ كەتكىلى بولىدۇ.

— ئۇنداقتا قاتناشنى ھەل قىپسىز - دە؟

— ھەئە، نۇراخۇن بۇلاقنىڭ يېنىغىچە ئاپىرىپ قويىدىغان ماشىنا تاپتىم، ئۇ يېقىنغا ئۇلاغ تېپىلىدۇ، ناھايىتى يېرىم كۈن- لۈك يول.

— ياخشى، بالىلىرىڭىزنى خاتىرجەم قىلغىنىڭىز تۈزۈك.

— ھەمراھىم بىلەن ئوبدان كېلىشىۋالساق، بەلكى يول چىقىپ قالسا، شۇ ياق بىلەنلا كېتىپ قالارمەنمىكىن.

— ئىشقىلىپ يول بىخەتەر بولسا، ئۇنداق قىلسىڭىز تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ، — ئۇ ئويلىنىپ قالدى - دە، يەنە

مۇنداق دېدى، — ئۇنداق بولسا سىز بىلەن بەزىبىر مەسىلىلەر-نى ئوبدانراق سۆزلىشىۋالايلى، يۈرۈڭ، بىللە يانايلى.

ئابدۇكېرىم بىلەن ئىزامىدىن كوچىغا چىققاندا، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. كوچا سىرلىق جىمجىتلىقى، بىرمۇ ئادەم-نىڭ كۆزگە چېلىقماسلىقى بىلەن سۈرلۈك تۈسكە كىرىپ قالغا-نىدى. ئۇلار ئارامبەخش ساپ ھاۋادىن راھەتلىنىپ نەپەس ئال-دى. سوغۇق شامال يۈزىگە ئۇرۇلغاندا، ئابدۇكېرىم ئۆزىنىڭ قاتتىق چارچىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەنسىزلىك پەيدا قىلىپ، يېقىنلا بىر يەردە تۇيۇقسىز ئىتنىڭ ھاۋشىغىنى، ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى ئاڭلاندى. ھەر ئىككىسى ئۆز كۆڭۈللىرىدە، ئادەم ئوغرىلىرىنىڭ بۇ يەرگىمۇ قەدىمى يېتىپتۇ - دە، دەپ ئويلىدى.

ئىككىسى يانمۇ يان مېڭىپ، قەدەملىرىنى ئىلداملىتىپ تۈننىڭ سىرلىق قوينىدا بىرەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

## 2

غۇلجا شەھىرىنىڭ ۋەزىيىتى بارغانسېرى جىددىيلەشتى. ليۇ بىندېبىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەر كۈنى دېگۈدەك گۇمانلىق دەپ قارالغان ئادەملەر تۇتقۇن قىلىناتتى. ئۈزۈلدۈرمەي تۇتقۇن قى-لىش كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە ۋەھىمە - ئەندىشە پەيدا قىلماقتا ئىدى.

بۈگۈن تۇغرا كۆۋرۈك ئەتراپىدا ئەھۋال ئۈشتۈمتۇتلا ئۆز-گىرىپ كەتتى. دۇكاندارلار دۇكانلىرىنى تاقىدى، كىرا ھارۋى-لىرى نەلەرگىدۇر مۆكۈنگەندەك غايىب بولدى. ھەممىلا جايدا مىلتىقلىرىنىڭ ئۇچىغا يالتىراپ تۇرىدىغان ئىشىكلەرنى بېكىتمە-ۋالغان كوچا قاراۋۇللىرى تۇرۇپ كەتتى. گومىنداڭچىلار خۇد-دى گۇناھكارلارنى ئېلىپ ماڭغاندەك ئىدارە خىزمەتچىلىرى ھەم

پۇقرالارنى توغرا كۆۋرۈك يېنىدىكى كۆلۈبقا يىغماقتا ئىدى. مەلۇم بولدىكى، لىۇ بىندې خەلققە سۆزلىمەكچىكەن. ئەمما، كىشىلەر گۇمانسىراشقا باشلىدى:
— نېمانچىلا سۈرلۈك يىغىن بۇ...
— كوچىنىڭ ئىككى يېقىدا تۇرۇپ كەتكەن ساقچىلار لىۇ بىندېنى قوغداۋاتامدۇ ياكى نىلقا پارتىزانلىرىدىن ئەنسىرەۋاتامدۇ؟
— بىزنى كۆلۈبقا يىغىۋېلىپ ئوققا تۇتامدۇ يا؟...
ئادەملەر كۆلۈبقا لىق تولغاندا، لىۇ بىندې بىلەن ئابدۇكېرىم ئاباسوف سەھنىگە چىقتى. ئابدۇكېرىم لىۇ بىندېنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن چاقىرتىلغانىدى. لىۇ بىندې ئىلىدا پەيدا بولغاندىن بېرى مۇنداق يىغىنلارنى كۆپ ئاچقان ۋە ئىدارىلەرگىمۇ كۆپ بارغان. ئۇ ھەر قېتىملىق چوڭ - كىچىك يىغىنلاردا خەلق كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىشقا ئۇرۇناتتى ۋە ئۆز كۆڭلىدىكى بىئاراملىقنى يوشۇرۇشقا كۈچەپ تىرىشاتتى. شۇڭ-لاشقا، ئۇ نىلقا بىلەن غۇلجىنىڭ قاتنىشىنى ئۈزۈپ تاشلىغان بولسىمۇ، لېكىن قوراللىق پارتىزانلارنىڭ نىلقا تاغلىرىدا نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقى، بۇ ئۇلۇغ تەۋرىنىشنىڭ ھۆكۈمەتنى قانداق ئالاقزادىلىككە سېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ئۇ-زۇلمەي كېلىپ تۇراتتى.
لىۇ بىندې سۆزىنى كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ، خۇددى خاتىر-جەم ئادەم قىياپىتىدە مۇنداق باشلىدى:
— ھەر مىللەت ھەر كەسىپتىكى پۇقرالار، قېرىنداشلار، ئەمدى خاتىرجەم ئۆز ئىشىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار، يېقىندا نىلقا ۋەقەسى باستۇرۇلدى. بۇ غېنى، پاتىخ، ئەكبەر قاتارلىق ئالتە ئوغرىنىڭ ئىشى ئىدى. ئۇلار بىزگە ھەيۋە قىلىپ، تۇيۇقسىز نىلقا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىگە بېسىپ كىرىپ، ئەھمىيەت-سىز نەرسىلەرنى بۇلاپ كەتكەن. ئەمما، بۇ ئىش يامان نىيەتلىك ئادەملەر تەرىپىدىن چوڭايتىلىپ سۆزلىنىپ، پۇقرالار ئارىسىدا

AltunOq

ۋەھىمە پەيدا قىلغان. لېكىن، بۇ ئۇنداق ۋەھىمە پەيدا قىلغۇدەك چوڭ ئىش ئەمەس. سىلەر ئويدان ئويلاپ بېقىڭلار، نەچچە مىليون مۇنتىزىم ئارمىيىسى، زامانىۋى قورال - ياراغلىرى بار ھۆكۈمەت بۇ ئىشقا قاراپ تۇرامدۇ، بىر نەچچە ئوغرىنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە كۈچى يەتمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە يېتىدۇ، يەتتى، ئۇلارنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋەتتى. دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ كۈچىنى سەل چاغلىماسلىق كېرەك. ئەمدى بۇ ئالتە توك -توكنىڭ ئىشىغا ھەيران بولۇپ، گاڭگىراپ - تەمتىلەپ يۈرمەڭلار، مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنىڭ ھەممىسى راست. ئۇنداق بۇزۇق پىتنە - پاساتچىلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەسلىك لازىم. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئاڭلىساڭلار ھەرگىز ئىشەنمەڭلار، ئۇنداق يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ئىغۋالىرىنى ۋاقتىدا ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىڭلار، شۇ چاغدا سىلەرمۇ خاتىرجەم بولىسىلەر...

ئابدۇكېرىم ئابباسوف ليۇ بىندېنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن سەھنىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ چىرايىدا تەنە، مەسخىرە چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ليۇ بىندېنىڭ سۆزىنى باشقىچە سۆزلەر بىلەن تەرجىمە قىلدى: «ئالتە ئوغرى» دېگەن سۆزىنى «نۇرغۇن ئادەم» دەپ، «ئالتە ئوغرىنىڭ ئىشى» دېگەننى «خەلق ھەرىكىتى» دەپ، «ئەھمىيەتسىز نەرسىلەرنى بۇلاپ چىققان» دېگىنىنى «نۇرغۇن قورال - ياراغلارنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن» دەپ ئۆرىدى. ليۇ بىندې ئۇيغۇرچىنى بىلەتتى. ئۇ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، چىرايى ئۆڭدى، تېپىرلاپ ئۇياق - بۇياققا ماڭدى ۋە ئابباسوفنى سۆزلەۋاتقان يېرىدىن ئىتتىرىۋەتتى - دە، كۆزلىرىنى ئالايتىپ، تەرىنى تۈرۈپ ئۆزى ئۇيغۇرچە سۆزلەشكە چۈشتى. ئابباسوف ئۇنىڭ خاپا بولۇپ غەزەپلەنگەنلىكىنى ۋە ئۇنى بوش قويۇۋەتمەيدىغانلىقىنى پەملىدى - دە، پەيتنى غەنىيمەت بىلدى. ئۇ سۆزلەۋاتقان پەيتتىن پايدىلىنىپ، تەرەت قىلىۋېلىش باھانىسى بىلەن ھاجەتخانىنىڭ ئارقىسىدىكى پاكار تامدىن

ئۇياققا سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى ۋە كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە غايىب بولدى.

لىيۇ بىندى سۆزىنى تۈگىتىپ كەينىگە، ئىككى يېنىغا قارىدى. ئابدۇكېرىمنىڭ ئۆزى تۇرماق سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ بۇلۇڭ - پۇچقاقلارنى ئىزدەشتۈردى. ئۇرۇمچىدىن ئېلىپ كەلگەن ئالتە نەپەر كانوۋۇيلىرىنى ئۇياق - بۇياققا چاپتۇردى، لېكىن ئۇنى ھېچنەدىن تاپالمىدى. ئۇنىڭ تېزلىك بىلەن قېچىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۆزى سۆزلىگەن پىتنە - پاساتچى، ئىغۋاگەرنىڭ چوڭى يېنىدا ئىكەن ئەمەسمۇ. . . ئۇنى تۇتۇش كېرەك، تۇتماي بولمايدۇ، چاپسانراق تۇتمىسا بالانىڭ چوڭىنى شۇ تېرىيدۇ، قاپقانغا چۈشكەن بۆرىنى قاچۇرۇپ قويغىنىمىزنى قارىمامدىغان، ئەستاغپۇرۇللا. . .

لىيۇ بىندى شۇلارنى ئويلىدى - دە، يۈرىكىنىڭ ئەلەم ئوتىدا كۆيۈۋاتقانلىقىنى، قەيەردۇر بىر يەرلىرىنىڭ ئېچىشىۋاتقانلىقىنى ھەسرەتلىنىپ ھېس قىلدى: «قارا بۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭلۇقىنى، مېنىڭ سۆزۈمنى تەپ تارتماي، تەتۈرىسىگە تەرجىمە قىلغىنىنى. . . — دەپ ئويلىدى ئۇ تېپىرلاپ ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ، — خەپ سېنى، ئۆززۈمنىڭ كىملىكىنى ساڭا تونۇتۇپ قويمايدىغان بولسام، بىر قوشۇق قېنىڭنى ئىچمەيدىغان بولسام! . . .»

ئۇ دەرھال بۇيرۇق چۈشۈردى: شەھەرنى قورشاڭلار! ھەممە يەرنى ئالا قويماي ئاختۇرۇڭلار! ئىزدەپ تېپىپ قولغا ئېلىڭلار!

## 3

چۈشتىن كېيىنكى ئىختىيارىي ھەرىكەت ۋاقتىدا ئىلى گىمنازىيە مەيدانى ئوقۇغۇچىلار بىلەن تولغان، مەيداندا بەزىلەر

ۋالىبول، ۋاسكېتبول ئويناۋاتىدۇ، بەزىلەر تورنىكقا ئېسىلىپ
موللاق ئېتىۋاتىدۇ، بەزىلەر ئېرىق ياقىلىرىدا ئولتۇرۇشۇپ
دەرس تەييارلىشىۋاتىدۇ، پاراڭلىشىۋاتىدۇ.

مەيداندا ئىككى كۆك چاپانلىق پەيدا بولدى. ئۇلار ئىدارە
تەرەپكە ماڭدى. قورغۇي كۆرگەن قۇشقاچلار تۇيۇقسىز جىم
بولغاندەك، پورۇقلاپ قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەن-
دەك ھالەت يۈز بەردى: ئوقۇغۇچىلار كۆك چاپانلىقلارغا قارى-
شىپ بىر - بىرىگە ئاستا پىچىرلىشاتتى، يەنە بىرلىرى ئەكسىچە
خۇشال بولۇپ، يەنە بىرلىرىگە ھەيۋە قىلىپ:

— ئالتە ئوغرىغا يان باسقان، كوچىلاردىكى ھۆكۈمەتكە
قارشى تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى ئوقۇغانلارنى قويماي تۇتسا بولى-
دۇ! تۇتۇش، قاماش، ھەتتا ئۆلتۈرۈش كېرەك! — دەيتتى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان تولىمۇ چىرايلىق بىر قىز نېپىز لەۋلىرى-
نى چىشلەپ تىترەپ: «ۋىجدانسىز! . . .» دەپ پىچىرلىدى - دە،
چەتكە بېرىپ ئېرىق بويىغا بىر كېسەك قويۇپ قولىدىكى كىتابى
بىلەن يۈزىنى يېپىپ ئولتۇرۇۋالدى، بۇ رەيھان ئىسىملىك ئو-
قۇغۇچى ئىدى.

ئىككى ئوغۇل ئوقۇغۇچى تورنىك ئوينىغان بولۇپ پەرۋا-
سىزلا ھالدا سۆزلەشتى:

— كىمنى تۇتسار، باتىرغازى، سەن پەرھىز قىلىپ
باققىنا؟ — دېدى ئورۇققىنا كەلگەن تۇڭگان يىگىت ئۇيغۇر
تىلىدا پىچىرلاپ.

— كۆردۇڭمۇ ئىسھاق، — دېدى بايىقى باتىرغازى ئى-
سىملىك قازاق بالا رەيھاننى شەرەت قىلىپ، — بۇ كۆك ئىتلار
ئۇنىڭغا قول سالمىسا بولاتتىغۇ! قارا، چىرايى تاتىرىپ كېتىپ-
تۇ.

كۆك چاپانلىقلار مەكتەپ تەرتىپ مۇدىرىنىڭ شەرەتلەپ
كۆرسىتىشى بىلەن مەيداندا توپ ئويناۋاتقان ئىككى ئوقۇغۇچىنى

چاقىردى. ئىككىسى ئويۇننى تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. مەكتەپ تەرتىپ مۇدىرى ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى مىجەزىگە يات ھالدا سىپايىلىشىپ:

— بۇلارنىڭ سىلەرگە ئېيتىدىغان ئايرىم سۆزى بار ئى-كەن، ئاڭلاپ بېقىڭلار، — دېدى.

كۆك چاپانلىقلار ئىككى ئوقۇغۇچىنى باشلاپ ماڭدى. بۇ يەرگە يىغىلغان ئوقۇغۇچىلار بىردىنلا غەزەپلەندى، لېكىن غە-زەپ ئۇلارنىڭ تۈگۈلگەن مۇشتلىرىدا، تاتارغان يۈزلىرىدە، يان-غان كۆزلىرىدە ئۇچقۇنداپلا قالدى، پارتلىيالمىدى، چۈنكى ۋە-ھىممۇ بار ئىدى. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلار ۋەھىمە ئىچىدە ۋاڭ - چۇڭ قىلىشىپ، ئىككى ساۋاقدىشىنى چوڭ دەرۋازىغىچە ئۇزى-تىپ مېڭىشتى. مەكتەپ تەرتىپ مۇدىرى ئۇلارنىڭ كەينىدىن دۇرۇلدەپ كېلىشىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا تارقىلىپ كېتىش توغ-رىسىدا بۇيرۇق بەردى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار پىچىرلاشقان، تىترىگەن ۋە بەزىلىرى ياش كۆزلىرىنى سۈرتكەن ھالدا جاي - جايلىرىغا تارقىلىپ كېتىشتى. ئەمما، ھېچكىمنىڭ قولى ئويۇنغا بارمى-دى، مەكتەپ ئىچى سۈرلۈك تۈس ئالدى.

— ساپلا يۇقىرى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تۇتتىمۇ؟ — دېدى باتىرغازى تامدەك تاتىرىپ.

— ئۇلارنى ئىلياس ئەپەندى بىلەن نىزامىدىن ئەپەندىنىڭ شايكىلىرى دەپ تۇتۇۋېتىپتۇ!

— بۇ كۈن بىزگىمۇ بارمىدۇ؟ تۇتۇلۇشنى كۈتۈپ قاراپ تۇرامدۇق؟ ئوقۇشنى تاشلايلى، بىزنىڭ ئۆيگە چىقىپ كېتەيلى، — دېدى باتىرغازى، — يامىنىغا كەلسە ئىلقىغا كېتىمىز!

— ئۇنى ئويلىشىمىز، — دېدى ئىسھاق پەس ئاۋازدا.

ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى بىنا بولغاندىن بېرى ئۆز

بېشىدىن ئېغىر يىللارنى ئۆتكۈزۈپ كەلمەكتە ئىدى. گىمنازى-
يىدە ئۇزاق مۇددەت تۇرۇپ قالغان ئوقۇتقۇچىلار ئاز، ئۇلاردىن
ئۈچ يىل، ئىككى يىل، بىر يىل ھەتتا بىرنەچچە ئايلا ئىشلەپ
يۆتكىلىپ كېتىدىغانلىرى، قوغلىنىپ كېتىدىغانلىرى، ئۆزلۈ-
كىدىن بىر كېچىدىلا يوقىلىپ كېتىدىغانلىرى كۆپ. يۈز بېرى-
ۋاتقان بۇ سىرلىق ھاللاردىن ئوقۇغۇچىلار دەسلەپتە ھاڭ - تاڭ
بولۇشۇپ يۈرگەن بولسىمۇ، كېيىنرەك بىر - بىرىگە مەنىلىك
قارىشىدىغان ۋە قولاقنى - قولاققا يېقىپ پىچىرلىشىدىغان بولۇپ
قالدى.

كېيىنكى ئىككى يىلدىن بېرى گىمنازىيىدە مۇنداق ئۆزگى-
رىشلەر ئەج ئېلىپ كەتتى. ئوقۇتقۇچىلار دائىرىسىدىن چىقىپ،
ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىمۇ تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىدىغان، كېچىسى
ئۇخلاۋاتقان چېغىدىلا چاقىرتىلىپ ئېلىپ كېتىلىدىغان ئەھۋاللار
كۆپەيدى. شۇ نەرسە ئېنىق بولۇپ قالدىكى، ھېلىقى كۆك
چاپانلىق ناتونۇش ئادەملەرنىڭ مەكتەپتىمۇ تىلى باشقا، دىلى بىر
يېقىنلىرى چىقىپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەكتەپ تۇتۇپ كې-
تىلگەن بۇ ئوقۇغۇچىلارنى سۈرۈشتۈرمەيتتى.

رەيھان يۈزىنى كىتاب بىلەن يېپىپ ئۆپكىدەپ يىغلىۋەتتى.
ئۇ پەرىشان ھالدا چىگىشلەنگەن خىيالىنى ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچى-
سى ئىلياس ئەپەندىگە يۆتكىدى.

ئىلياس ئەپەندىنىڭ ئۆتكۈر سۆزلىرى، تەمكىن ھەرىكەتلى-
رى، ئوقۇغۇچىلارغا بولغان غەمخورلۇق - كۆيۈمچانلىقلىرى،
يېنىكمۇ ئەمەس، ئېغىرمۇ ئەمەس مىجەزى، بىر كۆرگەندىلا
كىشىنىڭ ئېسىدە قالىدىغان يېقىملىق قىياپىتى كىملەرگە تە-
سىر قىلمىغان؟ شۇڭا ھەممىسى ئۇنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى.
ئۇ ۋاللىبول ئويۇنىسا ئاجايىپ ماھىر، بىرەر سەھنە كىتابى ئوي-
نالسا، چېۋەر رېژىسسور، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى بولسا،
داڭلىق ناخشىچى ئىدى.

بىر قېتىم گىمنازىيە تەنھەرىكەتچىلىرى بىلەن گومىنداڭ لېيۈتچىكلىرى پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. شۇ چاغدا ئىلياس ئەپەندىنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا قىلغان ئىككى - ئۈچ جۈملە سۆزى ئۇلارنىڭ غەيرىتىگە غەيرەت قوشتى. مۇسابىقە ھەرەمباغ گازار-مىسىنىڭ ئالدىدا — پەسلىكتىكى توپ مەيدانىدا ئېلىپ بېرىل-دى. ئويۇن تازا جىددىيلىشىۋاتقاندا بىر ئوقۇغۇچى پومزەكنى ئولڭ پۇتىغا ئېلىپ شۇنداق قاتتىق تەپكەندى، پومزەك ئوقتەك ئۇچۇپ كېلىپ، لېيۈتچىكلارنىڭ بىر ئويۇنچىسىنىڭ ئاغزىغا تې-گىپ، ئۇنىڭ ئۈستۈنكى قېلىن كالپۇكىنى يېرىۋەتتى - دە، قان شورقىراپ ئېقىپ كەتتى ۋە ئۇنىڭ ھاۋا رەڭ مايكىسىنى بۇلغىۋەتتى. لېيۈتچىك ئاغزىنى تۇتۇپ يۈگۈرگىنىچە پومزەكنى تەپكەن ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئاناڭنى... لوكچەك! سەن قەستەن قىلدىڭ، — دەپ ئۇنىڭغا دېۋەيلىدى. مۇسابىقە بۇزۇلۇپ، كىشىلەر يىغىلى-شىپ كەتتى. لېيۈتچىك تېرىكىپ يامان تىللار بىلەن ئۇنى تىللا-شقا باشلىدى. سەپرايى ئۆرلەپ، تېپىرلاپ، سەكرەپ كەتتى، پەيلىنى بۇزۇپ، مەيداندىن چىقىپ، سېلىپ قويغان كىيىملىرى ئارىسىدىن تاپانچىسىنى ئىزدىدى. شۇ چاغدا ئىلياس ئەپەندى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ھەممىڭلار ئالدىغا بېرىڭلار، مىختەك قادىلىپ تۇ-رۇڭلار، — دېدى.

لېيۈتچىك كىيىملىرى ئارىسىدىن تاپانچىسىنى تېپىپ، غال-ۋارىغان ھالدا ھېلىقى ئوقۇغۇچىغا تەڭلىگەن چاغدا، مۇسابىقىگە چۈشكەن ۋە مۇسابىقىنى كۆرۈشكە بارغان ئەللىكتىن ئوشۇق ئوقۇغۇچى مۇشتلىرىنى تۈگۈپ، كۆزلىرىنى ئالايتىپ، جىددىي قىياپەتتە ئۇنىڭ ئالدىغا مىقتەك قادىلىپ تۇرۇشاتتى. لېيۈتچىك بۇ ھالنى كۆرۈپ كىچىك كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ كەينىگە داجىدى. قالغانلىرىمۇ بوشىشىپ قالدى. باشقا لېيۈتچىكلار كال-

پۈكى يېرىلغان ھېلىقى لېۋتچىكنى ئارىغا ئېلىپ فودۇڭشىپ:
— كۆرسىتىمىز، سەنلەرگە تېخى كۆرسىتىمىز! —
دېيىشىپ توپ مەيدانىدىن چىقىپ كەتتى.
شۇنىڭدىن كېيىن ئىلياس ئەپەندى سەپ بولۇپ تۇرغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ:
— سىلەر كىم؟ — دېدى تەمكىنلىك بىلەن، — سىلەر خەلقنىڭ ھەقىقىي پەرزەنتلىرى، سىلەر ئۇلاردەك لۈكچەك، نىيىتى قارا ئادەملەر ئەمەس، ئۇلار كىم؟ ئۇلار شۆھرەتپەرەس، قائىدە - تۈزۈمنى ئاياغ - ئاستى قىلىدىغان، خەلققە زورلۇق قىلىدىغان نىيىتى قارا، لۈكچەك لېۋتچىكلار. سىلەر ھازىر بىر يەڭدىن قول، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ ئۇلارنى يەڭدىڭلار، بىز مانا مۇشۇنداق ھەقىقىي ئۇيۇشقان كۈچ بولساقلا ئۇلارنى ئاخىرغىچە يېڭەلەيمىز!
مانا مۇشۇ ئىشلار ئۆتۈپ ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىتلار ئۆتتى-كىن، ئىلياس ئەپەندى بىر كېچىدىلا تۇيۇقسىز يوقىلىپ كەت-تى.
قىزنىڭ خىيالى مانا ئەمدى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى كۆرى-دىغان يەنە بىر ئادىمى نىزامىدىن ئەپەندىگە يۆتكەلدى. ئىلياس ئەپەندى ئىزسىزلا يوقىلىپ ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار ئىلياس ئەپەندىنىڭ ئىزدەك - سورىقىنى قىلىپ نىزامىدىن ئەپەندىنىڭ ئالدىغا باردى. نىزامىدىن ئەپەندى دەسلەپتە كۈلۈمسىرىدى، كېيىن قايغۇنى سالغان ھالدا:
— نەگە كېتەتتى، ئەجدىھا يۇتۇپ كەتتى! — دېدى غەزەپ بىلەن، — ھازىرچۇ؟ ئادەم ئوغرىلىرىنىڭ قەدىمى ئىت-تىكلەپ ئوقۇغۇچىلارغىمۇ يېتىپ كەلدى!
قىزنىڭ نېپىز لەۋلىرى پىچىرلىدى: «بۇ جاللاتلار تازا ئەدىگىلى تۇردى... جىگەرلىك ئادەملەر، ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغانلار، ئۆز خەلقىنىڭ غېمىنى يەيدىغانلارنى قويمايدۇ-

غان ئوخشايدۇ! . . . » ئۇ يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلىغان بولات-
تى، بىراق شۇ چاغدا بىرى:
ـ رەيھان! ـــ دەپ چاقىرىپ قالدى.
رەيھان چۆچۈپ يانغا قارىدى، ۋارىسجان ئۇنىڭغا كۈلۈمسى-
رەپ قاراپ تۇراتتى.
ـــ رەيھان! ـــ دېدى ۋارىسجان قىزنىڭ نەملەشكەن
چىرايلىق كۆزلىرىگە، تاتىرىپ كەتكەن، لېكىن يېقىملىق يۈزى-
گە كۆز ئۈزمەي تەلمۈرۈپ، ـــ يوقىلاڭ ئىشلارغا كۆڭۈل
بۆلمەڭ. قاراڭا، ئۇ ئىككىسىنى تۇتۇپ كەتكىنىگە ئىچ ئاغرى-
تىپ تېخى يىغلاپسىز، قورقۇپ كەتتىڭىزمۇيا؟ ھە، راست،
قىز بالا دېگەن قورقۇنچاق بولىدىغان. . .
ـــ قورققۇنۇم يوق! ـــ دېدى قىز كۆزلىرىنى ۋارىسجان-
دىن قاچۇرۇپ نەلەرگىمدۇر قاراپ.
ـــ ئەمىسە نېمىشقا شۇنچە تاتىرىپ كەتتىڭىز؟ چوڭ ئاپام
كۆرسە خاپا بولىدۇ، ـــ دېدى ۋارىسجان قىزغا تېخىمۇ يېقىن-
لىشىپ، ـــ رەيھان، سىز ئازابلانسىڭىز مەن. . . راست
گېپىمنى ئېيتسام مەن سىزگە قاراپلا تىتىلداپ كېتىدىكەنمەن!
ـــ يالغان گەپ قىلماڭا! ـــ دېدى قىز يەرگە
قاراپ، ـــ ساۋاقداشلىرىڭىز، ئوقۇتقۇچىلىرىڭىز تۇتۇلۇپ كې-
تىۋاتسا، ئىچ ئاغرىتىپمۇ قويمايسىز، كىم بىلىدۇ خۇشال بولۇ-
ۋاتامسىز تېخى، ماڭا قاراپ تىتىلداپ كەتكۈدەك تېخى!
ـــ ئۇلار كىم، سىز كىم؟ ـــ دېدى ۋارىسجان قىزنىڭ
دولقۇنلۇق، قاپقارا چاچلىرىغا، ئاپئاق بوينى ۋە غىجىم چاچلار
ئارىسىدىكى ئالتۇن ھالقا ئاسقان قۇلاقلىرىغا يەسەۋېتىدىغاندەك
ئاچ كۆزلۈك بىلەن تەلمۈرۈپ، ـــ سىز دېگەن مېنىڭ
بەختىم. . .
ۋارىسجاندىن تولا ئاڭلىغان بۇ سۆزلەرنى قىز يامان كۆرەت-
تى. رەيھان قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ۋارىسجانغا قارىدى.

— يەنە لاۋزىلاشقىلى تۇردى. . .

ۋارىسجان گىمنازىيىگە كىرگەندىن كېيىن، رەيھاننىڭ كەينىگە كىرىۋالىدىغان بولدى. دەسلەپ تارتىنىپ ئاشىقلىق دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈردى. قىزغا بولغان مۇھەببىتىنى ئىز-هار قىلىپ يوشۇرۇنچە ئۇن نەچچە پارچە خەتمۇ يازدى. لېكىن، بىرىنىمۇ بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. كېيىنرەك شەھەر تۇر-مۇشى، شەھەر بالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇشى، قىزلار بىلەن بولغان مۇئامىلىدىكى ئەركىن - ئازادىلىكى ئۇنىڭغا بارا - بارا تەسىر قىلىپ، ئۇلاردىن ئېشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن رەسمىي بىرىنچى خېتىنى يېزىپ رەيھانغا تۇتقۇزۇپ قوي-دى. جاۋاب ئالالمىغاندىن كېيىن، ئىككىنچى، ئۈچىنچى خېتى-نى، ئۇنىڭغىمۇ جاۋاب ئالالمىغاندىن كېيىن، تۆتىنچى، بەشىن-چى قېتىملىق خەتلىرىنىمۇ يازدى. ئۇمۇ جاۋابسىز قالدى. بولمىسا كېيىنكى خېتىگە ئۆز مۇھەببىتىدىن باشقا، دادىسىنىڭ پۈتۈن تەئەللۇقاتىنى، ئۇ تەئەللۇقات ئاخىر ئۆزىگە قالىدىغانلى-قى، توي قىلسا، رەيھان بىلەن شاھانە تۇرمۇش ئۆتكۈزىدىغانلى-قى ھەققىدىمۇ يازغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خەت يېزىشنى توختىتىپ، رەيھانغا سالجىدەك يېپىشىۋالدى. كۆرگەنلا يەردە بايىقىدەك تېتىقسىز گەپلەرنى قىلاتتى. ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقنى تولا تەرىپلەپ، پات - پاتلا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىۋالاتتى ۋە ئانىسى ئارقىلىق سوۋغا - سالاملارنى كۆپلەپ كىرگۈزۈپ تۇرات-تى. يېزىغا چىقسا ئانىسىغا «گۈلسۈمخان چوڭ ئاپاملار ئۇنىدىن قىسىلىپ قاپتۇ» دەپ تاغارلاپ ئۇن ئەكىرگۈزۈپ رەيھاننىڭ ئانىسىغا «ئاپام سىلەرگە لەگمەن ئېتىپ يېسۇن دەپ بىنەم ئۇنىدىن كىرگۈزۈپتۇ» دەيتتى. ۋارىسجان ئۆزىنى رەيھانغا قانچە يېقىن تۇتقانسېرى، رەيھان ئۆزىنى ئۇنىڭدىن شۇنچە يىراق تۇتاتتى.

رەيھان ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ كۆيۈشۈپ كەتكەن پۈتى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك كۆپۈپ كەتكەندەك بىلىندى، ئۇ ئېڭىشىپ

تىزىنى ئۆۋۆلىغان ھالدا:
— باشقىلار نېمە كويدا، سىز نېمە كويدا؟ — دېدى ۋە سىرتقا قاراپ ماڭدى، ۋارىسجان چاقىرىۋىدى، قايرىلىپمۇ قويمىدى. ۋارىسجان قايىقا مېڭىشنى بىلمەي كۆزلىرى گىمىر - چىمىر بولدى - دە، ئۆزىنى باشقۇرالمىغان ھالدا رەيھاننىڭ كەينىدىن مېڭىپ كوچىغا چىقىپ قالدى ۋە ئالدىغا كېلىپ قالغان نادەمنى بايقىمىدى.
— ھە، ۋارىسجان، — دېدى نادەم ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قاراپ، — نېمە بېشى تەۋرەپ قالغان ئادەمدەك قىلىپ يۈرىسەن؟
ۋارىسجان چۆچۈپ كەتتى ۋە كۆزلىرىنى يوغاق ئاچتى. چۈنكى، ئۇ نادەمنى مۇنداق ئۇچرىتىپ قالىمەن دەپ ھەرگىز ئويلىمىغانىدى.
— ھە، نادەم، ھوي... قاچان چۈشتۈڭ، — دېدى ئۇ ھەيران بولۇپ.
نادەم بۇنىڭ سەۋدايىلىقى تېخى بارمۇ نېمە، دەپ ئويلىدى - دە:
— ھازىر چۈشۈشۈم، قانداق ئەھۋالىڭ، — دېدى ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ.
— ياخشى، ياخشى، — دېدى ئۇ ئۆزىگە كېلىپ، — ئاپاملارنىڭ ئەھۋالى قانداق، مەھەللە ئىچى تىنچلىقمۇ؟
نادەم قىسقىلا جاۋاب بەردى:
— سەن كۆرگەندەك.
نادەمنىڭ بىر قولىدا توغاچ، قەنت - گېزەك سېلىنغان خالتا، يەنە بىر قولىدا كۆلچەكتە لىق قايماق تۇراتتى. ئۇ بايىدىن شەھەرگە كىرىش ئۈچۈن بىر كۈنلۈك رۇخسەت سورىغاندا، ئەختەمباي دەسلەپتە ئۇنىمىغان، كېيىن ئوقۇۋاتقان ئوغلىغا خالتا كىرگۈزۈش ئېسىگە كېلىپ قىلىپ:



AltunOq

— بوپتۇ، كىرسەلڭ كىر، ۋارىسجانغا خالتا ئالغاچ كىرد.
سەن، ئەمما بۇگۇندىن قالغۇچى بولما، — دېگەنىدى.
— ماۋۇ خالتىلارنى ئاپالڭ كىرگۈزدى، — دېدى نادەم قولىدىكىلەرنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ.
— يۇر، ياتاققا كىرمەمسەن؟
— ياق، ئاپام ئاغرىپ قالغان، هازىر تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىگە بارىمەن.
نادەم ئەنۋەر ئەپەندى يېزىپ بەرگەن خەتنى ئېلىپ ئىزامىدىن بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ، شەھەرگە چۈشكەنىدى. بوينى كېسىك مەھەللىسىدىن چۈشۈپ كېلىپلا كىشىلەرنىڭ چىرايلىرىدىن بىر ئەندىشىلىك چىقىپ تۇرغانلىقىنى سەزدى. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭمۇ يۈرىكى سىقىلغاندەك بولدى - دە، قەدەملىرىنى ئىلداملىتىپ، ئۇدۇل ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىگە كەلگەنىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئىزامىدىننىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ كوچىدىكى كىشىلەرنىڭ چىرايلىرىغا، مېڭىش - تۇرۇشلىرىغا سەپسېلىپ كېتىپ باراتتى ۋە ئارىلاپ يۇتىدىكى خەت قىستۇرۇلغان چورۇققا قاراپ قوياتتى.
نادەم ئىزامىدىننىڭ ئولتۇرىدىغان ئۆيى بار كوچىغا يېقىنلاپ كەلدى. ئۇ دوقمۇشقا قارىدى - دە، تېنى شۈركۈنۈپ، يۈرىكى بىردىنلا تېز - تېز ئۇرۇپ كەتتى. چۈنكى، بۇ يان كوچىنىڭ ياغاچ كۆۋرۈكىدە كۆزلىرىنى چاۋا يېگەن مۈشۈكتەك پارقىرىتىپ كۆك چاپانلىق بىر كىشى ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يادىغا دەررۇلا ئىزامىدىننىڭ ئەنۋەرگە ئېيتقان سۆزلىرى كەلدى.
نادەم ئويلىدى: «بۇ كىم ئۆزى؟ پايلاقچى بولۇپ قالمىسۇن يەنە، قانداق قىلىش كېرەك؟ كىرىش كېرەكمۇ ياكى كىرمەسلىك كېرەكمۇ؟ بۇ بىر قىسما مەخلۇق بۇ يەردە نېمىشقا پەيدا بولۇپ قالدى؟ هە، ئۇقۇلدى، بىخۇدلۇق قىلىشقا هەرگىز بولمايدۇ، دېمەك ئادەم ئوغرىلىرىنىڭ قەدىمى بۇ يەرگە يېتىپتۇ - دە...»

ئۇ قەدەملىرىنى ئىلدام ـ ئىلدام تاشلاپ، ئىزامىدىن ئول-تۇرغان ئۇچىنچى قورۇغا يۈرالماي ئۆتۈپ كەتتى.
ئۇ ئايلىنىپ چولڭ كوچىغا چىقىپ، ئازراق ماڭا ـ ماڭمايلا بىر توپ ئادەمنىڭ بىر ئىستولبىغا ئولىشىۋالغانلىقىنى كۆردى. ئىستولبىنىڭ كىشىلەرنىڭ بويىدىن ئېگىزرەك يېرىگە بىر پارچە قەغەز يېپىشتۇرۇلغانىدى: «بارايمۇ، بارمايدۇ، — دەپ ئويلى-دى ئۇ، — ئادەملەر نېمىشقا بۇ يەرگە يىغىلىۋالدى، ئۇلارنىڭ قىزىقىپ ئوقۇۋاتقىنى نېمىدۇ؟ بېرىپ باقاي، بىرەر ئىشتىن خەۋەردار بولارمەن.» ئۇ كىشىلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ ھېلىقى قەغەزگە كۆز تاشلىدى ـ دە، ھەيران بولۇپ تۇرغان ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى، يۈزلىرىدىن ئوت يېنىپ كەتكەندەك بولدى...
قەغەزنىڭ يۇقىرى تەرەپ ئولڭ بۇرجىكىگە ئەنۋەر ئەپەندى تەس-ۋىرلەپ بەرگەن ئادەمنىڭ خۇددى ئۆزى — ئىزامىدىنىنىڭ سۈ-رىتى چۈشۈرۈلگەنىدى! ئۇ ئۆزىگە ئىشەنمىگەن ھالدا تازا زەن قويۇپ يېنىپ ـ يېنىپ قارىدى، شۇ، ئىزامىدىنىنىڭ نەق ئۆزى.
نادەم «ئېلان» نى ئوقۇدى. ئۇنىڭدا ئىلى مىللەتلەر گىمنا-زىيىسىنىڭ سابىق ئوقۇتقۇچىسى ئىزامىدىنىنىڭ خوتەن ـ بالىلى-رىنى ئېلىپ قاياققىدۇر قېچىپ كەتكەنلىكى، ئەگەر كىمدۇ ـ كىم ھۆكۈمەتكە سادىقلىق بىلەن خىزمەت كۆرسىتىپ ئۇنى تۇ-تۇپ بەرسە، ئون سەر ساپ ئالتۇن بېرىلىدىغانلىقى ئېيتىلغانىدى.
نادەم «ئېلان» نى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتى ـ دە، خۇددى ھېچنېمە كۆرمىگەن ئادەمدەك، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا بىر خىل قەدەم تاشلاپ يۈرۈپ كەتتى.
«نەگە كەتكەندۇ، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — شەھەردە خۇپىيانە يۈرەمدىغاندۇ؟ بايا ئۇ قورۇغا بۇرۇلمىغىنىم ئەجەب ياخشى بوپتىكەن ـ دە، بولمىسا تازا تۇزاققا چۈشىدىكەنمەن.»
ئۇ شۇنداق ئوي ـ خىياللار بىلەن كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ خىيالىغا ئەمدى ئەنۋەر ئەپەندىنىڭ ھازىر شەھەردە ئەھۋال جىد-

دي، ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكەتمۇ كۈچلۈك، ھۆكۈمەتنىڭ ئا-
دەم تۇتۇشمۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن، دېگەن سۆزلىرى
كەلدى. «ئەنۋەركام شەھەرنىڭ ۋەزىيىتىنى بايقىغاچ چىق دې -
گەندى، — دەپ ئويلىدى نادەم يەنە، — بۇ توغرۇلۇق
ۋارىسجاندىنمۇ بەزى نەرسىلەرنى ئۇقۇش مۇمكىنمۇ، توختا،
شۇنىڭ يېنىغا باراي...»

ئۇ گىمنازىيە تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ئېلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى مەيدانىدا ئوقۇغۇچىلارنى چۆ-
چۈتكەن يەنە بىر ۋەقە يۈز بەردى. مەكتەپ تەرتىپ مۇدىرىنىڭ
ئىشخانىسىدىن كۆك چاپانلىق ئىككى كىشى چىقتى. يېقىندىن
بېرى ئوقۇغۇچىلارغا بۇ كۆك چاپانلىقلار ئوبدانلا تونۇش بولۇپ
قالغاچقا، ھەممىسى ئۇلارغا سەپسېلىپ، قەدىمىنىڭ قاياققا تاش-
لىنىدىغانلىقىغا دىققەت قىلدى. شۇ چاغدا تەرتىپ مۇدىرى دېرى-
زىدىن بوينىنى سوزۇپ قاراپ تۇراتتى. ھېلىقى ئىككىسى رې-
شاتكىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ پىچىرلىشىپ پاراڭ قىلىشىۋاتقان
باتۇرغازى بىلەن ئىسھاقنىڭ ئالدىغا ئۇدۇل كەلدى ـ دە، ئۇلارغا
نېمىدۇر بىرنېمىلەرنى دەپ، ئىككىسىنى ئالدىغا سېلىپ ماڭ-
دى. ئوينىلىۋاتقان ئويۇنلار چىپپىدە توختاپ قالدى، ئوقۇغۇ-
چىلار دۈررىدە قىلىپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئىككى ئوقۇ-
غۇچىنى ئالدىغا سېلىپ كېتىپ بارغان ھېلىقى كۆك چاپانلىق
باشقا ئوقۇغۇچىلارغا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇپ دېدى:

— سىلەرنى باش ساقچى چاقىرىۋاتىدۇ، بىرنەرسىنى سو-
رىماقچى، ئېنىقلاپ بولغاندىن كېيىن ھازىرلا قايتىپ كېلىسىلەر.

كۆك چاپانلىق باتۇرغازى بىلەن ئىسھاقنى مەكتەپنىڭ جە-
نۇب تەرىپىدىكى چوڭ دەرۋازىدىن ئېلىپ چىقىپ، ئوڭ قولغا
بۇرۇلدى، باتۇرغازى بىلەن ئىسھاق ئۆزلىرىنى نېمىشقا ئېلىپ
كېتىپ بارغانلىقىنى چۈشەنگەندەك، نۇرغۇنلىغان ئوقۇغۇچىلار-
مۇ بۇ ئېلىپ كېتىشنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشىنەتتى. بىر ئوقۇغۇچى:

— بۇگۈن بۇلار تۇتۇپ كېتىلدى، ئەته كىملەر تۇتۇپ كېتىلىدىكىن. . . ، — دېدى ئېغىر خورسىنىپ.
شۇ چاغدا مەكتەپ قورۇسىغا نادەم كىرىپ كەلدى. ئۇنى ياتاق دېرىزىسىدىن كۆرۈپ قالغان ۋارىسجان ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.
— ئەمدى قايتماقچىمەن، — دېدى نادەم، — گەپ - سۆزۈڭ بارمۇ، ئالغاچ كېتەي.
— ئاپاملارغا سالام ئېيتىپ قوي، باشقا گەپ - سۆزۈم يوق، — دېدى ئۇ.
— نېمە، مەكتەپ ئىچى ئەنسىزلىكغۇ، — دېدى نادەم تولىمىشىپ بىر قىسما ھالەتتە تۇرغان ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ.
— ھازىر مەكتەپتىن بۇزۇق ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى كۆپ چىقىۋاتىدۇ.
— بۇزۇق ئوقۇغۇچىلار؟
— ھەئە، ھۆكۈمەتكە قارشى بۇزۇق ئوقۇغۇچىلارنى تۇتۇپ كېتىپ بارىدۇ، يېڭىراقتىلا ئىككى ئوقۇغۇچىنى مۇشۇ مەيداندىن تۇتۇپ كەتتى.
— قاچاندىن بېرى جىق تۇتۇۋاتىدۇ؟
— مۇشۇ بىر ھەپتىدىن بېرى.
نادەم شەھەردە تۇتقۇن قىلىنىشنىڭ كەڭ قانات يايغانلىقىدىن، ھۆكۈمەتنىڭ تازا تېپىرلاپ، ئەنسىزلىككە چۈشۈپ قالغانلىقىنى بايقىدى.
— دىققەت قىل، — دېدى ئۇ، — بۇزۇق ئوقۇغۇچىلارغا چېتىلىپ قالما يەنە.
— مەن نېمىشقا چېتىلاتتىم، — دېدى ۋارىسجان قاپىقىنى تۈرۈپ، — ئۇنداق بۇزۇقلارغا قارشى كۈرەش قىلىدىغان ئادەممەن.
نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان بەختسىزلىك-

لەردىن ۋارىسجاننىڭ پەرۋايى پەلەك ئىدى. باشقىلار يۈز بېرى-
ۋاتقان ئىشلاردىن غەزەپلىنىپ ياكى ئەندىشە قىلىپ يۈرۈۋاتسا،
ئۇ خاتىرجەم يۈرەتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان،
قىزىقىۋاتقان نەرسىلىرىنى ئۇ ئويلاپمۇ قويمايتتى. ۋەزىيەتتىكى
شۇنچە تېز ئۆزگىرىشلەر ئۇنىڭ مەيلىنى قىلچىمۇ تارتالمايتتى.
قانچە ئونلىغان ساۋاقداشلىرىنىڭ قارا دەرۋازا ئىچىگە كىرىپ
كېتىلىشى ئۇنىڭدا تېرىقچىلىكمۇ ئېچىنىش پەيدا قىلالمىدى.
بەلكى شۇنداق ئوقۇغۇچىلارغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى سىنىپتا،
ياتاقتا، مەيداندا ۋە كۆرگەن ھەربىر كىشىگە ئېيتىپ يۈرەتتى.

ئادەم ۋارىسجاننىڭ شۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، كۆزىنىڭ ئىچىگە
بىر قارىدى - دە.

— ئەمىسە، مەن ياناي، — دېدى كەينىگە بۇرۇلۇپ.

— خوش.

ئۇلار سۇسلا خوشلاشتى.

## 4

ۋارىسجان ئىمازىيىگە كەلگەندىن باشلاپلا چېچىنى ئالدۇر-
ماي ياساتتى، ئۇ يېزىدىن كىيىپ كەلگەن ئىككى يانچۇقلۇق
ئاددىيراق تىكىلگەن چاپىنىنى، قىزىل مانجىستىر دوپپىسىنى،
تىك ياقىلىق كۆڭلىكىنى تاشلىدى. بېشىغا شەپكە كىيدى.
ئۈچىسىغا قايرىما ياقىلىق ئاق كۆڭلەك، تۆت يانچۇقلۇق ئىس-
كەتلىك تىكىلگەن چاپان، كەم ئۇچرايدىغان سارجىدىن شىم،
پۇتىغا چىرايلىق پوسۇنلۇق كەرىشنىۋاي شىبلىت كىيىپ، ئۆزى-
نى ياساپ - تۈزەپ يۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بۈگۈن ئادەم
بىلەن خوشلىشىپ يېنىپ، مەكتەپ زالىدىكى يوغان تاش ئەي-
نەككە قارىدى، كېلىشكەن يىگىت! ئۆزۈن يىل كېسەل تار-
تىپ، شالاڭشىپ كەتكەن چېچى ئاينىپ - قويۇقلىشىپ، قويۇق

سارغۇچ قېشى بىرئاز قارىداپ، ئۆزىمۇ سەمرىپ قالغاچقا، يو-
غان پارقىراپ تۇرىدىغان كۆزىمۇ كىچىكلەپ، زەپىرەگدەك سې-
رىقداپ كەتكەن يۈزىگە قىزىللىق يۈگۈرۈپ كېلىشكەن يىگىت
بولۇپ قاپتۇ: «پاھ... قالتىس يىگىت بولۇپ قاپتى-
مەن... — دەپ ئويلىدى ئۇ، — رەيھاننى قىزلىق نومۇسى
شۇنداق قىلدۇرۇۋاتىدۇ، ئاسانلىقچە باش ئەگمەيدۇ، لېكىن
ئاخىر ئىندەككە كېلىدۇ. مەن بۈگۈن ئۆيىگە بېرىپ قونۇپ
كېلەيچۇ! چوڭ ئاپام خۇشال بولۇپ كېتىدۇ، رەيھانغا لەگمەن
ئەتكۈزۈپ يېمىسەم خۇمارىم بېسىلمايدىغان ئوخشايدۇ. ياق،
ئۇنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈشىنى كۈتۈپ نېمە قىلىمەن، دادامغا
ئەلچى قويىمەن، ئانىسىنى دادام كۆندۈرسە، قىزنى زورلاپ
بولسىمۇ ئۇناتقىلى بولىدۇ...»
ئۇ شۇ خىيال بىلەن رەيھانلارنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.
ئۇنى رەيھاننىڭ ئانىسى راستتىنلا قىزغىن كۈتۈۋالدى، بىراق
ئۆيدە رەيھان يوق ئىدى. ئۆي ۋارىسجانغا كۆڭۈلسىز تۇيۇلدى.
ئۇ:
— چوڭ ئاپا، رەيھان يوققۇ؟ ھازىر ئەنسىزچىلىك بولۇۋا-
تىدۇ. مەن تېپىپ كېلەيمۇ؟ — دېدى.
مۇماي ئۈنىمىدى، بىراق ئەنسىرەپ قالدى:
— ۋاي خۇدايىمەي، قانداق قىلارمەن... سەل توختاي-
لى، كېلىپمۇ قالار.
ۋارىسجان ئىلاجىسىز قاراڭغۇ چۈشكۈچە كۈتتى، ئۆي ئە-
چىدە ئۇياقتىن - بۇياقتا ماڭدى، قولىغا كىتاب ئېلىپ ۋاراقلاپ-
مۇ كۆردى، ھويلىغا، دەرۋازا ئالدىغا چىقىپمۇ باقتى، كوچە-
نىڭ بېشىغا ئۈمىدلىنىپ قارىدى، رەيھاننىڭ قارىسى كۆرۈنمە-
دى. ئۇ ئېتىلىۋاتقان لەگمەننىڭ مەززىلىك پۇراقلىرىنىمۇ سەز-
مىدى. ئاخىر ئالدىغا كەلگەن تاماقنى ئىشتىھاسىزلىق بىلەن
يەۋاتقاندا، رەيھان كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ھاياجانلانغان، روھلان-

غان كۆزلىرىدە شادلىق ئۇچقۇنلىرى چاقنىغانىدى. قىزنى كۆ-رۈپ ۋارىسجاننىڭ ئاچچىقلىرى تارقاپ، خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە ئۇنى - بۇنى سوراپ، قىزغا زادى ئارام بەرمىدى، قىز بولسا ۋارىسجاننىڭ سوئاللىرىدىن بىزار ئىدى، لېكىن ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ۋارىسجانغا ئوچۇق چىراي ۋە سىلىق مۇئامىلە قىلىشقا مەجبۇر بولدى، ئاخشىمى ئۇلار بىللە دەرس تەييارلى-دى، ۋارىسجان قىز بىلەن بىر جوزىدا ئولتۇرغىنى ئۈچۈن ئۆزىنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلدى. ئۇ نە دەرسكە، نە چوڭ ئاپىسىنىڭ سوئاللىرىغا قىزىقمايتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى رەيھان-غا بولغان ئىشق - ھەۋىسى بىلەن ئۆرتىنەتتى...

ئۇنىڭدىن ئۇنى - بۇنى سوراپ كۆرۈپ تۈزۈك جاۋاب ئالال-مىغان گۈلسۇمخان ئاخىر قىزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپقاندەك رەي-ھانغا قاراپ:

— يۈگۈر، ۋارىسجان بالامغا سارايغا سىم كارىۋاتقا ئورۇن سېلىپ بەرگىن، — دېدى. رەيھان سارايغا كىرىپ كەتتى. ۋارىسجان ئىچىدە مومايىنى مىڭنى تىللىدى: «قاقۋاش! قارا، مېنى يالغۇز ئۆيگە سولاپ قويماقچى بولۇۋاتقىنىنى!...» دەپ ئويلىدى. رەيھان ئۆيدىن كۈلۈپ چىقىپ ۋارىسجانغا:

— يېتىڭ، ئورۇن سېلىپ قويدۇم، — دېدى ۋە ئاپىسى-غا بۇرۇلۇپ، — بىزمۇ ياتايلى ئاپا، — دېدى.

ۋارىسجان ئىشكلىرى ھەم يېپىلغان ئۆيدە يالغۇز يېتىپ ئۇخلىيالماي ئۇياق - بۇياققا تولا ئۆرۈلۈپ ئازاب چېكىۋاتقان ئاشۇ كېچىدە، يېزىغا ئاللىقاچان يېتىپ چىققان نادىم، شەھەردە كۆرگەنلىرىنى، ئىزامىدىنىنىڭ نەگىدۇر قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئەنۋەر ئەپەندىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئەختەمبايىنىڭ چوڭ قورۇ-سىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقتى. ئۇ يول بويى بىرلا نەرسىنى — «ئىزامىدىنىكام قېچىپ كەتمىگەن بولسا چاتاق بولاتتىكەن - دە، نەگىمۇ كەتكەندۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ كېتىپ باراتتى.

نادەم مەكتەپ قورۇسىغا يېتىپ كېلىپ، تۆت ئەتراپقا تازا زەن سېلىپ قاراپ چىقتى ـ دە، ئاندىن تام ياقىلاپ قاراڭغۇ دېرىزە تۈۋىگە كەلدى. ئۇياق ـ بۇياققا يەنە بىردەم قاراپ تۇردى، ھېچقانداق تىۋىش سەزمىگەندىن كېيىن، دېرىزىنى چەكتى:

— تاك ـ تاك ـ تاك، تاك ـ تاك ـ تاك. . .

— كىم، كىمسەن؟

— مەن، مەن، ئەنۋەركا، بۇ مەن. . .

— ھە، نادەممۇ سەن.

ئۇخلىماي چوڭقۇر خىيال بىلەن ياتقان ئەنۋەر دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، چىراغنى ياقتى ـ دە، ئىلغۇچنى چۇشۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى.

— سالامەت چىقىپسەن، خوش، ئىشلار قانداق؟ — ئالدىراپ سورىدى ئۇ.

نادەم شەھەردە كۆرگەنلىرىنى ئەنۋەر ئەپەندىگە بىر ـ بىرلەپ تولۇق سۆزلەپ بەردى.

ئەنۋەر بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن:

— ئەمدى بىزنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشىمىزنىڭ ئورنى قالمىدى، — دېدى جىددىي ھالدا، — بىزنىڭ ئەمدى جايىمىز ئىلقا، شەھەردە تۇتقۇن قىلىشىنىڭ ئەۋج ئېلىۋاتقانلىقى — ئىلقا قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ غەلىبە قىلىۋاتقانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ.

نادەم خۇشال بولۇپ ئەنۋەرگە قارىدى.

— ھازىرلا ماڭايلى! — دېدى ئۇ ئالدىراپ.

— گايىتكاملارغا خەۋەر قىل، ئەتە كەچقۇرۇن يىغىلايلى، قالغان گەپلەرنى شۇ ۋاقىتتا قىلىمىز!

# ئون بىرىنچى باب

## 1

نىزامىدىن مۆڭغۈلكۈرەگە چىقىپ قولغا چۈشۈپ قالدى. ئالدارباي كوجالڭ ئۇنى كۆكتۈپىدىكى ياش مالچى ئاقىلبەكنىڭ ئۆيىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان يېرىدىن ئۈچ قوراللىق چېرىكنى يوشۇرۇنچە باشلاپ كېلىپ تۇتۇۋالدى ۋە ئىككىسىنىڭ قولىنى كەينىگە مەھكەم باغلاپ، غۇلجا شەھىرىدىكى باش ساقچىغا ئېلىپ ماڭدى.

نىزامىدىن مۆڭغۈلكۈرەگە چىقىپ، ئابدۇكېرىم ئېيتقان كىشىلەرنى تاپالمىدى، ئۇلارنى سىجىل ئىزدەپ سۈرۈشتۈرۈشكىمۇ ئىمكانىيەت يار بەرمىدى. چۈنكى، بۇ يەردىمۇ ۋەزىيەت قالايمىقان بولۇپ، ئۆي ئاختۇرۇش، ئادەم تۇتۇش ئىشلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىپ كەتكەنلىكىنى خوتۇنىنىڭ تاغىسى ھەسرەتلىنىپ سۆزلەپ بەردى. ئېھتىمال ئۇلار پاناھلىق جايلارغا مۆكۈپ كەتكەندۇ، ئېھتىمال ئۇلار قولغىمۇ چۈشۈپ كەتكەندۇ ياكى باشقا ياقلارغا سەپەر قىلغاندۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارنى سۈرۈشتۈرۈش ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىش بىلەن باراۋەر ئىدى، شۇڭا ئەتىسىلا خوتۇن ـ بالىلىرىنى تاغىسىنىڭ ئۆيىدە قالدۇرۇپ، ئۆزى كەتمەكچى بولدى. بىراق، كۆكتۈپىدىكى ياش مالچى يىگىت ئاقىلبەك بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئاقىلبەك ئويچان، جىگەرلىك يىگىت بولۇپ، نىزامىدىن بىلەن پىكىرداش چىقىپ قالدى. نىزامىدىن ئۇنىڭغا شەھەردىكى يىغىلىقلارنى، شەھەر

خەلقىنىڭ ئويغىنىپ قالغانلىقى، گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قار-شى روھىي كەيپىياتلىرىنىڭ ئۆسۈپ كەتكەنلىكىنى، خۇددى بىرەر شەپىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى ئۇزاق سۆزلىدى. ئاقىلبەكمۇ بۇ يەردىكى تېز ئۆزگىرىشلەرنى، خەلققە چۈشۈۋاتقان ئېغىر چىلىقلار قانچە ئاشقانسېرى قارشىلىق-نىڭمۇ شۇنچە كۈچىيىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا تۇت - تۇتلارنىڭ باشلىنىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلىدى.

— ئەھۋال شۇنداق، — دېدى نىزامىدىن، — ۋەزىيەت بىزنى كۈرەشكە چاقىرماقتا. گەپ بىزنىڭ كۈرەش مەيدانىغا چۈشۈشنى خالاش - خالىماسلىقىمىزدا قالدى، — نىزامىدىن بۇ سۆزنى ھەرگىز تاسادىپىيلا ئېيتمىدى.

— نىزامىدىنكا، — دېگەندى ئاقىلبەكمۇ ئوتتەك يال-قۇنلىنىپ يېنىپ، — ئەمدى نېمىسى قالدى، خەلقىمىزنىڭ ئۈستىدىكى قارا بۇلۇتلارنى سۈرۈۋەتمىگۈچە، كۈن يۈزىنى كۆ-رۈش تەسقۇ ئەمدى، — نىزامىدىن ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن قانداق-تۇر بىر پىداكارلىقنىڭ يېنىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

شۇنداق قىلىپ، ئىككىسى ئىلقا تاغلىرىغا قاراپ يول ئال-ماقچى بولۇشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاقىلبەك يارارلىق ئىككى ئات تاپماقچى بولۇپ كېلىشكەندى. بىراق، ئاتلىرى ۋاقتىدا كەل-مەي، بىر كۈن كېچىكىپ قېلىپ قولغا چۈشۈپ قالدى. چۈن-كى، مۇڭغۇلكۈرەگىمۇ باش ساقچىنىڭ نىزامىدىننى تۇتۇش توغرىسىدىكى «ئېلانى» چاپلىنىپ بولۇنغانىدى.

ئۇ يول بويى خادىك ھارۋىدا ئولتۇرۇپ قۇتۇلۇشنىڭ ئامالى-نى ئويلاپ كەلدى. ھارۋا بارغانسېرى غۇلجىغا يېقىنلاپ كەل-مەكتە. بۇگۈن ياماتۇغا يېتىپ بارسا ئۇ يەردىن غۇلجىغا بېرىش-مۇ ئاسان، ئېھتىمال ئۇ يەردىن ماشىنىغا سېلىپ ماڭار، ئۇ چاغدا بىردەمدىلا باش ساقچىنىڭ دەھشەتلىك قارا دەرۋازىسى ئالدىغا بېرىپ توختايدىغۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر چارە تېپىش



AltunOq

كېرەك. ئاقسلبەكمۇ قوتۇلۇشنىڭ ئامالىنى ئويلاپ كېتىپ بارد-
ىغاندۇ.

بۇگۈن سەپەرنىڭ ئۈچىنچى كۈنى، ئۇلار تېكەستىن تاڭ قاراڭغۇسىدا بىر يۇتۇم سۇمۇ ئىچمەي يولغا چىققانىدى. چۈش مەزگىلىدە سارۇچىن مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدى. هارۋا ئالدار-باي كۇجاڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مەھەللىدىن بىرەر كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تاغنىڭ باغرىغا كېلىپ توختىدى. ئۇلار سارۇچىند-ىكى كىچىك ئاشپۇزۇلنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، سەي قورۇيد-ىغان چوڭ ساپلىقنى تېگىپ جاراڭلىغان چۆمۈچنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ مەززىلىك تاماقنىڭ پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلدى. شۇ چاغدا ئالدارباينىڭ نەپسى تاقىلداپ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلدى. ئۈچ كۈندىن بېرى ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، بەللىرى تېلىپ ئاغرىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ تاپتا قورسىقى ئىنتايىن ئېچىپ كەتكەن ئالدارباي هارۋىكەشلىك قىلىپ كېلىۋاتقان چېرىككە قاراپ:

— ياخشى قارا، ئاتقىمۇ بوغۇز بەر، مەن كەلگەندىن كېيىن سەن بارسەن، ئاندىن يولغا چىقىپ كېتىمىز، — دېدى ۋە ئىزامىدىن بىلەن ئاقسلبەككە قاراپ، — مەن كەلگۈچە هەممە ئىشلىرىڭنى پۈتتۈرۈۋېلىش، — دېدى.

ئۇ ئاشپۇزۇلغا قاراپ ئېتىنى يورۇتۇپ ئالدىراپ ماڭدى. يوللاردا ئىزامىدىن بىلەن ئاقسلبەكنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇۋې-لىش ۋە هاجەتلىك ئىشلىرى ئۈچۈن قوللىرى بوشىتىلاتتى. هەر ئىككىسىنىڭ بىراقلا يېشىلەتتى. كوجاڭ تاپانچىسىنى، هارۋ-كەش مىلتىقىنى ئۇلارغا تەڭلەپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىشلىرى پۈتكەندىن كېيىن، قوللىرى قايتىدىن كەينىگە مەھكەم باغلىناتتى — دە، ئىككىسى نوۋەتلىشىپ غىزالىناتتى.

هارۋىكەش ئاۋۋال ئاقسلبەكنىڭ قولىنى يېشىپ، ئۇنىڭغا بىر پارچە ناننى تاشلاپ بەردى. ئۇ يەپ بولغاندىن كېيىن،

نىزامىددىننىڭ قولىنى يەشمەكچى بولدى.
نىزامىددىن كۆيۈشۈپ كەتكەن پۇتلىرىنى قاتتىق ـ قاتتىق بېسىپ ھارۋىنىڭ ئەتراپىدا مېڭىپ يۈرۈپ ئويلايتتى، قۇتۇلۇش-نىڭ بۇنىڭدىن ئارتۇق پەيتى بولمايدۇ. مۇنۇ رودۇپاينى ئۇجۇق-تۇرۇۋەتسىلا ئىش تامام. ئاقىلبەكمۇ قانداق قىلىمىز دېگەن مەنىدە نىزامىددىنغا لىپ ـ لىپ قىلىپ قاراۋاتىدۇ. نىزامىددىن كۆزى بىلەن ھارۋىكەشنىڭ بېلىدىكى خەنجەرنى شەرەت قىلدى. بۇ چاغدا ھارۋىكەش يەم توشقۇزۇلغان توۋرىنى ئاتنىڭ بويىنىغا ئېلىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. نىزامىددىن ئۆزىنىڭ بەستلىك، كۈچلۈك گەۋدىسى بىلەن يان تەرەپتىن ھارۋىكەشنىڭ مۈرىسىگە شۇنداق قاتتىق ئۇرەدىكى، ئۇ ئوڭدىسىغا بىراقلا يىقىلدى، نىزا-مىددىن ئاچ بېقىنىغا ئۆتۈك بىلەن قاتتىق تېپىۋىدى، بۇ زەربى-دىن ھارۋىكەشنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، ئۈنىنىمۇ چىقىرالمى-دى. ئاقىلبەك قولىدىكى ناننى تاشلاپ، چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ بېلىدىكى خەنجەرنى ئالدى، نىزامىددىننىڭ ئوڭ پۇتى ئوڭدىسىغا چۈشكەن كالامپاينىڭ كېكىرتىكىنى قاتتىق باستى. ئۇ تېپىرلاپ پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ:
ـــ ۋاي...جا...ن... قا...قاچ...تى، ـــ دەيتتى.
خەنجەر ئۇنىڭ بىرقانچە يېرىگە ئۇرۇلغاچقا ئۇ ئاستا ـ ئاستا تېپىرلاشتىن قېلىپ خىرقىراشقا ئۆتتى.
ـــ بول، چاققان كەس، ـــ دېدى نىزامىددىن توت ئەتراپقا تېز ـ تېز قاراپ.
ئاقىلبەك يېگىلا قانغا بويالغان خەنجەر بىلەن ئۇنىڭ قولىنى چىڭ بوغقان قارا قىل ئارقاننى كېسىپ تاشلىدى.
ـــ ئاتنى چىقار.
ئاقىلبەك ھارۋىدىن ئاتنى چىقىرىشقا تۇتۇندى. نىزامىددىن ھارۋىكەشنىڭ بويىمدىن مىلتىقنى ئاۋايلاپ ئالدى. ئىككىسى

ئاتقا مىنگەشتى ـ دە، تاغ تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. تاڭ ئاتماستىنلا هارۋىنى، ئۈچ ئادەمنى سۆرەپ كەلگەن ۋە تېخى بوغۇزغا ئەمدىلا ئېغىز تەگكەن كۆل رەڭ ئات يەنە ئىككى ئادەمنى كۆتۈرۈپ، هۇزۇرلۇق بىلەن چاپماقتا ئىدى.

ئالدارباي كوجاڭ ئاشپۇزۇلدىن ياخشى تاماق يەپ چىقتى. ئۇ يۈزىدىكى، بويۇنلىرىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈپ ئېتىغا مىندى ـ دە، هارۋا توختىغان جايغا قاراپ ماڭدى. هاۋا ئىسسىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئېزىلىپ ئۇيقۇسىز كۆزلىرىنى يېرىم ئېچىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ ئالدىدىكى هارۋىنى كۆرۈپ بىردىنلا توختاپ قالدى ۋە چۆچۈپ كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى، ئادەممۇ، ئاتمۇ كۆرۈنمەيتتى. «ئوغرىلار، هەممىسىنىڭ تىلى بىر ئىكەن ـ دە. نېمىشقا بىلمىگەندىمەن. ئەجەب بىخۇدلۇق قىپتىمىنا، ئەستاغپۇرۇللا. . . » ئۇ ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ، هارۋىنىڭ ئالدىدا قانغا مىلىنىپ سۇنايلىنىپ ياتقان هارۋىكەش چېرىكنى كۆردى ـ دە، ئەرۋايى ئۇچۇپ كەتتى ۋە شۇندىلا هەقىقىي ئىشنى چۈشەندى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلغاندەك بولدى. ئەتراپىغا ۋە يىراقلارغا سەپسېلىپ، ئولڭ تەرەپ جىرا ئىچىدە ئاتقا مىنگىشىپ ئىككى كىشىنىڭ كېتىپ بارغانلىقىنى ئىلغا قىلدى ۋە شۇ هامان ئۆزىگە جان كىرگەندەك تاپانچىسىنى قېپىدىن سۇغۇرۇپ ئالدى ـ دە، ئېتىغا قامچا سالدى:

«تۇتالارمەنمۇ، ئەجەب ئىش بولدى، جويجاڭنىڭ ئالدىدا نېمە دەرمەن، باش ساقچىنىڭ ئالدىدا نېمە دەرمەن. ئون سەر ساپ ئالتۇننى قولۇمدىن چىقىرىپ قويارمەنمۇ، ماۋۇ پېشكەللىكنى قارىمامدىغان. . . » شۇنداق ئوي ـ خىياللار بىلەن ئېتىنى قامچىلاپ قاچقانلارغا يېقىنلىشىپ قالدى.

نىزامىدىن ئاتتىن چۈشتى ـ دە، ئاقىلبەككە:

ـــ سەن ئۆرلەپ مېڭىۋەر! ـــ دېدى.

بۇ جىرا ئىچى قويۇق ئارچىزارلىق ۋە تېۋۈلغىلىق ئىدى.

نىزامىدىن ئۆسكىلەڭ بىر تۇپ ئارچىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، مىلـ
تىقىنى بەتلەپ قاراپ تۇردى. ئالدارباي ئەگرى ـ بۈگرى يالغۇز
ئاياغ يول بىلەن ئىتتىكلەپ كەلمەكتە ئىدى. يولغا غۇلاپ چۈشـ
كەن تاشلار ئاتنىڭ مېڭىشىغا كاشىلا قىلاتتى، شۇڭا، ئۇ ئېتىنى
تىللاپ تېرىكىپ كېلەتتى. ئەللىك مېتىر چامىسى ئالدىغا كەلـ
گەندە نىزامىدىن: «ئاتايمۇ، ـــ دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىد ـ
دى، ـــ كۆكسىگە ئاتايمىكىن، ياق، كىيىمى بۇلغىنىپ كېـ
تىدۇ، كىيىمى كېرەك، ياخشىسى ماڭلىيىغا ئاتاي.»
ئۇ يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. نىزامىدىن ئاتتى. تاغ ئىچى
جاراڭلاپ يىراقلاردا ئەكس سادالار ئاڭلاندى. ئوق ئاۋازىنى
ئاڭلاپ ئاقىلبەكمۇ كەينىگە ياندى. ئالدارباي ئوق تېگىشى بىلەن
كەينىگە بىر سىلكىنىپ ئاتتىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى.
ـــ تېز ھەرىكەت قىلايلى، ـــ دېدى نىزامىدىن يېتىپ
كەلگەن ئاقىلبەككە.
ئىككىسى ئالدارباينىڭ كىيىملىرىنى يەشتى، قان تەگكەن
يەرلىرىنى بۇلاق سۇيىدە يۇدى.
ـــ قېنى، كوجاڭنىڭ كىيىمىنى كىي، ـــ دېدى نىزامىـ
دىن ئالدىراپ. ئاقىلبەك كوجاڭنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، تاپانـ
چىسىنى بېلىگە ئاستى. ئۇلار بۇلاق سۇيىدىن قانغۇدەك ئىچتى.
كوجاڭنىڭ ئېتىنى ئاقىلبەك، ياۋداق كۈل رەڭ ئاتنى نىزامىدىن
مىنىپ بولۇشىغا چېپىپ ياماتو تەرەپكە قاراپ كەتتى.
ئۇلار دەريانى بويلاپ چاپماقتا ئىدى. ياماتو مەھەللىسىگە
كىرمەستىن تۇرۇپ ئاتلىرىدىن چۈشتى.
ئاقىلبەك ئارقان بىلەن نىزامىدىننىڭ قولىنى كەينىگە قىـ
لىپ باغلىدى ۋە ياۋداق ئاتنىڭ ئۈستىگە مىندۈرۈپ، ئاتنىڭ
ئارقىنىنى ئالدارباينىڭ ئېتىنىڭ بويىنىغا باغلاپ ئۆزى ئالدارباي
كوجاڭنىڭ ئېتىغا مىندى ـ دە، نىزامىدىننى ئالدىغا سېلىپ
ياماتو كېمە بويىغا يېتىپ كەلدى. ئىلى دەرياسى يېيىلىپ ئاقـ

ماقتا. دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى كېمە بويلىرىدا قاراۋۇل-لۇق پونكىتلىرى قۇرۇلغان. ئىككى ھەپتىدىن بېرى ئىلى سى-لىڭبۇسىدىن چىققان بىر تۇركۇم قوراللىق قىسىم كېمە بويىنى ساقلاپ ياتماقتا ئىدى. ئۇلار ئۇياقتىن ـ بۇياقتىن ئۆتكۈچىلەرنى ناھايىتى قاتتىق تەكشۈرەتتى، سەل گۇمانلىقراق دەپ قارىغان ئادەملەرنى ياكى تونۇشتۇرۇشى بولسىمۇ سورىغان سوئاللارغا سەل ـ پەل دۇدۇقلاپراق جاۋاب بەرگۈچىلەرنى شۇ يەردە تۇتۇپ قالاتتى ياكى تېگىشلىك ئورۇنغا يەتكۈزۈپ بېرەتتى. كېمە بويىدا ئەنسىزلىك ھۆكۈم سۈرەتتى. قاراۋۇللۇق پونكىتى يېنىدا ئىك-كى قازاق كىشىگە بىر ئەسكەر مىلتىقىنى تەڭلەپ تۇراتتى، نېرىراقتا بىرنەچچە ئادەم قوللىرى باغلانغان ھالدا تۇراتتى. بۇ يەردىكى ئەسكەرلەر بولسۇن، كوماندىرلار بولسۇن ناھايىتى ئە-سەبىيلىشىپ كەتكەن، ئادەمگە يەۋەتكۈدەك قارايتتى، چىرايىدىن دەھشەت يېغىپ تۇراتتى.

ئاقىلبەك «كوجاڭ» قاراۋۇلغا تۆش يانچۇقىدىن تونۇشتۇ-رۇشنى ئېلىپ ئۇزاتتى. ئۇ تونۇشتۇرۇشقا بىر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ ئىككىسىنى قويۇپ بەرمەكچى بولغانىدى، بىراق، نېرى-قى ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن كۆزىتىپ تۇرغان بىر ئوفىتسېر چى-قىپ كەلدى. ئىزامىدىن ئاقىلبەككە: «ئەگەر بىرەر چاتاق چى-قىپ قالسا، بىرنەچچە پاي ئوق چىقىرىپ دەرياغا سەكرەش كېرەك» دەپ پىچىرلىدى.

تەلەتىدىن دەھشەت يېغىپ تۇرغان ئوفىتسېر ئۇنىڭغا ئۇزاق قاراپ چىققاندىن كېيىن، بىر قېشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئا-قىلبەككە سوئال بېرىشكە باشلىدى.

— جىنايەتچى ئىككى دېيىلگەن، بۇ بىرغۇ؟

— بىرى تىكەس داۋنىدا قېچىپ كەتتى.

— قېچىپ كەتتى؟

— ھەئە قېچىپ كەتتى.

— هارۋا قېنى؟
— داۋاندا هارۋىنىڭ ئوقى سۇنۇپ، بىز هارۋىنى جۆندەي-مىز دېگۇچە كېچىدە قاياققا قاچقىنىنى بىلەلمەي قالدۇق.
ئوفىتسېر ئويلىنىپ دېدى:
— قولى بوشمىدى؟
— ياق، باغلانغان، بىر ئادىمىمىز هارۋىنىڭ يەنە بىر ئېتىنى مىنىپ ئۇنى ئىزدەپ كەتتى. باش ساقچى ئىدارىسى هايال قىلماي ئەكىلىڭلار دېگەچكە، مەن دەرھال بۇنى ئېلىپ يولغا چىقتىم. ئەگەر مۇمكىن بولسا، سىلەر بىزگە ياردەم قىلىپ ئۇنى ئىزدىشىپ بەرسەڭلار، قاچقۇنىنىڭ قولى باغلاقلىق بولغاچقا، ئانچە يىراغقا كېتەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن.
— بۇ ئىشنى باش ساقچىنىڭ ئۆزىگە خەۋەر قىل!
— سارۇچىدىن خەۋەر قىلىۋەتتىم.
— بىزنىڭ چولىمىز تەگمەيدۇ. خوش، بۇنىڭ جىنايىتى نېمىكەن؟
— بىز بىلمەيمىز، باش ساقچى بىلىدۇ، بۇ شۇلارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تۇتۇلغان، بىز پەقەت يەتكۈزۈپ بەرسەكلا بول-دى.
ئۇ «ئۆتۈپ كەت» دېگەن مەنىدە قولىنى شىلتىپ كېمە تەرەپنى كۆرسەتتى. ئاقىلبەك نىزامىدىنغا قاراپ:
— ماڭ! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى. نىزامىدىن ئېتىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كېمىگە چىقتى. كەينىدىن ئاتلارنى يېتىلەپ ئاقىلبەك چىقتى. كېمىنىڭ زەنجىر تاقىسى يېشىلدى، پالاق هەرىكەتكە كەلدى. ئىككىسى ئۆتۈپ كەتتى. ئۇقاتقا ئۆت-كەندىن كېيىن كالىچى مەھەللىسىدىن چىققۇچە نىزامىدىننى باغلاقلىق هەيدەپ ماڭدى، مەھەللىدىن ئۇزۇلۇپ چىقىپ ئىككى-سى توختىدى.
— يارايسەن ئاقىل!

— ئازا بابلىدۇقمۇ؟

— ئۇنىڭ سوئاللىرىغا ئەمتىرىمەي قالتىس جاۋاب بەردىڭ، ئۇمۇ راستلا دەپ ئىشەندى.

— ئەمدى كەينىمىزدىن قوغلاپ كېلىپ قالمىغىيدى، دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن، — ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى.

— تېز بولايلى!

نىزامىدىننىڭ قولى يېشىلدى. ئىككىسى ئىككى ئاتقا مىنىپ قاش دەرياسى بويىدىكى قويۇق جاڭگاللىققا كىرىپ كەتتى، بۇ جاڭگاللىق بىلەن ئىلقا يولىغا چىققىلى بولاتتى.

سارۇچىنىدا بولۇنغان ۋەقەدىن خەۋەر تېپىپ يولغا چىققان توققۇزتارا ناھىيىلىك ساقچىنىڭ سارۇچىن پونكىتىدىكى ئىككى ئاتلىق چېرىك، ئاتلىرىنى قارا تەرگە چۆمدۈرۈپ ياماتو كېمە بويىغا يېتىپ كەلدى. قاراۋۇلدىن ئىككىسىنى سۈرۈشتۈردى. ھېلىقى ئوفىتسېر چىقىپ، ئەھۋالنى ئۇقۇپ چىرايى جىددىيلەشتى، تېپىرلاپ ئۇياق - بۇياققا يۈگۈردى.

— ھازىر ماڭدى، ھازىر، دەرھال يېتىشىۋالغىلى بولىدۇ. قارا، بۇ ئوغرىلارنىڭ بىزنى ئالدىغىنىنى!

كېمە بويىدا گۈپۈر - تۇپۇر ۋە ئالاقزادىلىك باشلىنىپ كەتتى. ئىككى چېرىككە يەنە ئىككى ئاپتومات ئاسقان ئاتلىق ئەسكەر قوشۇلدى. ئۇلار ناھايىتى ئالدىراشچىلىقتا كېمىدىن چۈشتى - دە، ئاتلىرىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ كەينىدىن قوغلاپ كەتتى.

ئىز قوغلاپ چىققان ئاتلىقلار چوڭ يول بىلەن ئاتلىرىنى ئاراسلىتىپ ئۇدۇل شەھەرگە قاراپ كېتىپ قالدى.

ئۇلار ئىككىسى دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا قاراپ، توقايلىق، چاتقاللىقلار ئارىسىدا يول يۈرۈپ، يېڭىئاۋات يېزىسى يېنىدىكى ئېرەنلىكنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ توختىدى. نىزامىدىن ئۇ قاتتىكى بۇلۇڭ - باراقسان ئېرەنلىك ئىچىدە پاناھلىنىشنى

ئويلىدى ـ دە، ئېرەنلىككە ۋە دەريا ئېقىنىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. دەريا ئېقىنى ناھايىتى تېز، ئات سېلىش خەتەرلىكمۇ، قانداق؟ قاراڭغۇ چۈشكىچە توقايلىق ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ يېتىش مۇمكىنمىدۇ، كەينىدىن ئېز بېسىپ چېرىكلەر كېلىپ قالسا قېچىپ ئۈلگۈرۈش تەس بولارمىكىن. ئەگەر ئۇ قاتقا ئۆتۈپ ئېرەنلىك ئىچىگە كىرىۋالسا، قوغلاپ كەلگۈچىلەر ئۇ قاتقا ئۆتكۈچە، بۇلارمۇ كۆزدىن غايىب بولالايدۇ.

نىزامىدىن خېلى ئويلانغاندىن كېيىن ئاقىلبەككە مەسلىھەت قىلدى.

— قاراڭغۇ چۈشكۈچە ئۇ قاتقا ئۆتۈپ، ئېرەنلىك ئىچىدە ياتساق قانداق؟ دەريا ئېقىنى ناھايىتى تېز ئىكەن، سۇيىمۇ كۆپىيىپ كېتىپتۇ، ئېقىتىپ كېتەرمۇ يا؟

دەريا ياقىسىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان ئاقىلبەك ئىككىلەنمەيلا جاۋاب بەردى:

— ئېقىتىپ كەتسىمۇ چىقىۋالغىلى بولىدۇ، ئاتلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالمىساقلا بولدى.

ئىككىسى ئاتلىرىنى كېچىككە سالدى. راست دېگەندەك ئاقىلبەك مىنگەن هارۋا ئېتى سۇنىڭ تېز ئېقىنىغا بەرداشلىق بېرەلمەي مۇدۇرۇپ يىقىلدى ـ دە، يەنە تۇرۇپ كەتتى. يىقىلغان ئاقىلبەك ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ ئۇ قاتقا چىقىۋالدى.

ئېرەنلىك ئىچى ھەقىقەتەن پىنھان جاي ئىدى ئىككىسى قاراڭغۇ چۈشۈشنى كۈتۈپ ياتتى.

كۈن ئاستا ـ ئاستا ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. ھاۋا ئوچۇق بولۇپ ئاسمان بوشلۇقىدىكى سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار قويۇق ئېرەنلىكلەر ئارىسىدىن جىمىرلاپ كىشىگە ئېيتقۇسىز گۈزەللىك بەخش ئېتەتتى. سالقىن شامال يۇزلەرنى يەلپۈپ يۈرەككە خۇشاللىق ۋە ھاياتقا بولغان مۇھەببەت تۇيغۇسىنى قوزغىتاتتى ـ دە، ئاچلىق ۋە ھارغىنلىقنىمۇ ئۇنتۇلدۇراتتى

تى. نىزامىدىن بىلەن ئاقىلبەك تەبىئەتنىڭ بۇ گۈزەللىكىگە مەھلىياھ بولۇپ، قوللىرىنى بېشىغا قويغىنىچە ئۇڭدا يېتىشتى.
نىزامىدىن كۆزىنى يۇلتۇزلار ئالەمىدىن ئېلىپ خىيال سۈرۈپ كەتتى. «ئەمدى بالىلىرىم نېمە كۈن كۆرەركىن، ساقچى ئەمەلدارلىرى ئۇلارغا نېمە كۈن كۆرسىتەركىن؟ خەير، مەيلى، نېمە كۆرسە كۆرىدۇ، بۇ ھېچ گەپ ئەمەس، ھەرقانچە كۈن كۆرسە جاپاكەش خەلقىم كۆرۈۋاتقان كۈننى كۆرىدىغۇ...» ئۇنىڭ خىياللىرى ئاخىر بېرىپ ئىلقا تاغلىرىدا، قاش دەرياسى ياقىلىرىدا، توقايلىقلاردا پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. ئاقىلبەكچۇ؟ ھە، ئۇمۇ خىيال قىلىپ ياتىدۇ، ئۇمۇ قېرى، ئاغرىقچان دادىسىنى، ئىنىسىنى ئويلاۋاتىدۇ. «دادام، ئىنىم قالدى، ئەمدى ئۇلار قانداق كۈنگە قالار، ساقچىنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى ئۇلارنى نېمە كۈنلەرگە سالار، ئوغلۇڭنى تاپ دەپ قىينار... كىچىككىنە ئىنىم كۆز ياشلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تەلەتىدىن مۇز يېغىپ تۇرغان ئادەم سىياقىدىكى ۋەھشىيلەردىن قورقۇپ يىغلار... يىغلىما ئىنىم، ئۆمرىمىز يىغلاش بىلەن ئۆتتى. بەس، ئەمدى يېتەر، مەن بۇ يولغا كىردىم، مۇشۇ يولدا كۆز ياشلىرىڭنى قۇرۇتۇشقا تىرىشىمەن، جەزمەن قۇرۇتىمەن!...»
ھەممە ياق جىمجىتلىققا چۆمدى. دەريا شاۋقۇنى بىر خىل سادا بىلەن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار ئاچ قالغان ئاتلىرىنى ئوتقا قويدى، ئۆزلىرىمۇ ئالدارباينىڭ خورجۇنىدىكى نان بىلەن غىزالاندى. قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن ئۇلار ئابرال تېغى باغرىنى بويلاپ يۇقىرىلاپ ماڭدى. ھەممىياق جىمجىت ئىدى. يىراق - يىراقلاردا ئىتلارنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازى ۋە يېقىن ئەتراپلاردا ئاچ بۆرىلەرنىڭ دەھشەتلىك ھۇۋلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار ئاتلىرىنى تېزلىتىپ ئەشرەپ مەھەللىسىدىن يانداپ ئۆتۈپ بەشدۆڭگە يېتىپ كەلدى.
— مۇنۇ ئەتراپلاردا بىلىپ قوي، — دېدى

نىزامىدىن، — بۇ بەشدۆڭ، قازاق مەھەللىسى، ئەنە ئاۋۇ قارىيىپ كۆرۈنگەن قاراباغ مەھەللىسى، — ئۇ يەنە كۆرسەتتى، — ئاۋۇ سېپىل، سالا ھەم بىز كۆرۈپ كەلگەن سامىيوزى، يېڭىئاۋات يېزىلىرى قوشۇلۇپ قاش رايونىنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇ يەردە بىزنىڭ قوزغىلاڭچىلىرىمىزمۇ بار.

ئۇلار بەشدۆڭدىن ئۆتۈپ سولغا بۇرۇلۇپ، تاغ ئېچىگە كىرىپ بىر سائەتتىن كۆپرەك ماڭدى. ئېگىز تاغنىڭ تۆپىسىگە چىققاندا سۇبھى كۆتۈرۈلۈپ ئۇ قات كۆرۈندى. قويۇق توقايلىقلار ئارىسىدا ئېقىپ كېلىۋاتقان قاش دەرياسى يىلان باغرىدەك تولغىنىپ سوزۇلۇپ ياتاتتى.

نىزامىدىن قامچىسىنىڭ ئۇچى بىلەن تۆۋەن تەرەپنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى:

— بىز دەريانىڭ ياقىسىدىكى ئەنە ئاۋۇ مەھەللىگە بېرىپ چۈشىمىز، قورساقنى، ئاتلارنى ئوبدان تويغۇزىمىز، ياخشىلاپ ئۇخلايمىز. ئۇ يەردە بىزنىڭ ئادەملەر بار. دەريادىن ئۆتىدىغان كېچىكلەرگە ئات سالدۇرۇپ، ئۇ قاتقا — ئۇلاستايغا ئۆتۈپ كېتىمىز. ئۇلاستاي بىزنىڭ مەنزىلىمىز!

ئۇلار ئېتىنى دېۋىتىپ ئاقتۆبەك مەھەللىسىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

## 2

بىرنەچچە كۈندىن بېرى شەھەردىن كېلىۋاتقان ئەنسىز خەۋەرلەر ئەختەمبايىنىڭ ئائىلىسىگە ۋەھىمە سالدى. بولۇپمۇ باينىڭ خوتۇنى ھۆرنىساخان ئەنسىزلىككە چۈشۈپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. ئۇنىڭ قولى ئىشقا بارماي، يۈرىكى دۈكۈلدەپ بىردەم ھويلىغا چىقاتتى، بىردەم ئۆيگە كىرەتتى. ئۇ شۇنداق دەككە - دۈككىدە كېچىچە ئۇخلىيالماي تولغىنىپ چىققاند-

دى. ئاخىر تاقەت قىلالماي، ئەمدىلا ئەتىگەنلىك چايغا ئولتۇر-
غان ئېرىگە ۋايساشقا باشلىدى:

— نېمانداق قۇدۇقىقا چۈشۈپ كەتكەن ئادەمدەك ئۈنسىز ئولتۇرىدىلا، ۋارىسجاننى قانداق قىلىمىز، شۇنچە بالا - قازانىڭ ئىچىدە يۈرۈۋاتسا.

— نېمە قىل دەيسەن، ئۇمۇ ئىرىك جان بولغاندىكىن بىر ئىشنىڭ يولىنى قىلىۋاتىدىغاندۇ، — دېدى ئەختەمباي ئانچە كېرەن قىلماي.

— توۋا قىلدىم خۇدايىم، دەۋاتقان گېپىنى، شۇنچە خەلق يالغان ئېيتامدۇ، كۆرۈپ چىققانلار دەۋاتامدۇ، ھەر كۈنى كې-چىسى ئۆزۈلدۈرمەي ئادەم تۇتۇۋېتىپتۇ، تۇت - تۇت قىلىۋاتقان-لار گىمنازىيىدە ئەڭ كۆپ دەيدۇ.

— يىراق يەرنىڭ گېپى ھەر ياغزا دېگەن گەپ بار، ئۇنچىلىكمۇ ئەمەستۇ، ئۆزۈڭنى مۇنچىلىك ئەنسىزلىككە سالما، — دېدى ئەختەمباي خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرماقچى بولۇپ.

— سىلى تالا ئادىمى بولغاندىكىن، شەھەردىكى ئەنسىزچى-لىكلەرنى مەندىنمۇ جىق ئاڭلىغانلا، — دېدى ھۆرنىساخان ۋە تېخىمۇ چېچىلىپ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ كەتتى، — جېنىم بالامنى قانداقمۇ قىلارمەن، ئالتوپىلاڭنىڭ ئىچىدە سەن كىم-نىڭ بالىسى دەپ سورۇشتۇرۇپ تۇراتتىمۇ، شۇنچە ئىشلار بولۇ-ۋاتسا، ھېچنېمە كۆرمىگەندەك يۈرۈۋاتقىنىنى قارىمامدىغان.

ئايال كۆز يېشى قىلدى. ئەختەمباي شەھەردىكى ئادەم تۇتۇشلارنىڭ بارغانسېرى ئەۋج ئېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان، بى-راق گىمنازىيىدە ئوقۇۋاتقان ئوغلىدىن خاتىرجەم ئىدى. ئۇ ھۆرنىساخاندەك ۋەھىمىگە چۈشۈپ كەتمىگەنىدى. خوتۇنىنىڭ ئەنسىزلىككە چۈشۈپ ۋايساپ كېتىشلىرىدىن ھەم يېگىدىن يېڭى خەۋەرلەردىن مانا ئەمدى ئۆزىمۇ بىرئاز ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدى

ئەتىمالىم، قىرقىلغان ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ:
— قانداق، نادەمنى كىرگۈزەيلىمۇ؟ — دېدى.
— دەۋاتقىنىنى... بۇ چاغقىچە شەھەرگە يېتىپ بارغان بولسا بولاتتى، — دېدى ھۆرنىساخان ئاچچىقى بىلەن. ئەختەمباي ئىچىۋاتقان چېيىنى تاشلاپ ھويلىغا چىقتى - دە، ۋارقىردى:
— نادەم، ھاي نادەم!
نادەم بوغۇز ئېتىۋاتاتتى، باينىڭ ئۈنىنى ئاڭلاپ، كېپەك يۇقى قولىنى ئۇۋىلاپ ئېغىلدىن چىقتى.
— بول بالام، خادىكنى قوشۇپ شەھەرگە چۈش، ۋارىسجاننى ئېلىپ چىق.
نادەم كەينىگە بۇرۇلۇپ لاپاس ئاستىدىكى كىچىك ئۆيدىن شىليا - خامۇتلارنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ چىقتى ۋە لاپاس ئاستىدىكى خادىكنى سۆرەپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ كەلدى. ئاندىن بوغۇز يەۋاتقان قارا ئاتنىڭ بوينىدىن تۇۋۇرنى ئالدى - دە، ھارۋىغا قوشۇشقا باشلىدى.
ئەختەمباي ئۆيدىن پەقەت خادىك ھارۋىغا سېلىش ئۈچۈنلا توقۇتقان قىزىل گىلەمنى ئېلىپ چىقىپ، ھارۋىغا بىر ئات قوشۇلغانلىقىنى كۆرۈپ نادەمگە دېدى:
— بىر ئات قوشقىنىڭ نېمىسى، مالڭ يۇگۈر، قاشقىنى ياندا.
ھۆرنىساخانمۇ سارايدىن كۆك يوللۇق ئۇزۇن يېكەندازنى كۆتۈرۈپ چىقتى، نادەم ھارۋىغا گىلەمنى يېيىپ سالدى - دە، قاتلانغان كۆرپىنى كەينىگە قويۇپ قويدى.
— چېپىڭنى ئىچىپ تېز ماڭ.
ئەختەمباينىڭ گېپى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا، ھۆرنىساخان يەنە قاپىقىنى تۈردى:
— يەنە چاي ئىچىپ دەۋاتىدىلىغۇ، مەن ئالدىرايمەن كەت-

كىملى، ئىشىكىم ئالدىرايدۇ ياتقىلى دەپ، توۋا قىلدىم، ئادەمنىڭ جېنىغا تېگىپ مۇنۇ ئادەمنىڭ گېپىنى، بىر پارچە نان ئېلىپ ماڭمامدۇ.

— ئەمىسە نان ئاچىقىپ بەرمەمسەن، — ئەختەمباي خوتۇنىغا گۈلەيدى.

شۇ ئەسنادا باياتىن بېرى بولۇۋاتقان گەپلەنى ئاڭلاپ تۇرغان گايىت جۇۋازىخانىدىن چىقتى. پار ئات قوشۇلغان خادىك تەييار بولغانىدى. ئۇ دەرۋازىنىڭ ئىككى قانىتىنى ئاچتى.

— ئۇچقاندەك ماڭ، — دېدى ئەختەمباي.

— شەھەرگە كىرگەندە ئارقا كوچىلاردىن ئۆت، يولنىڭ ئوي - چوڭقۇرىنى بايقا، ئادەم يىغىلغان يەرلەرگە يولىما.

— ۋاي شورىمەي، ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن، — ھۆرنىساخان يەنە چالۋاقاپ سۆزلەشكە باشلىدى، — رەيھانئاينىمۇ بىللە ئېلىپ چىق، قىز بالا دېگەن شۇنچە قالايمىقانچىلىق ئىچىدە يۈرسە بولاتتىمۇ!

نادەم ھارۋىنىڭ كىرۋىكىدە ئولتۇرۇپ بوجىنى سىلىكىدى، خادىك دەرۋازىدىن چىقتى. گايىت دەرۋازىنىڭ قاناتلىرىنى ياپتى - دە، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ كۈلۈمسىرەپ پىچىرلىدى:

— كۆردۈڭمۇ، خوجايىنلارنىڭ جېنى سىرقىراۋاتىدۇ.

— ھە، يۆلەكچىلىرى تىپىرلاۋاتىدۇ - دە، — دېدى نادەممۇ پىچىرلاپ.

— ئەتىگەنرەك چىقىشقا تىرىش.

يېنىك ھارۋا جاراڭلاپ بىردەمدىلا مەھەللىدىن ئۆزاپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ھارۋىنى كۆتەمە ئېرىق كۆۋرۈكىدىن ئۆتكۈزمەي، ئاتلارنىڭ بېشىنى بۇراپ، كۆۋرۈك يېنىدىكى كېچىككە سېلىپ سۇغاردى. ئاندىن ئېرىقتىن ئۆتۈپ ئوڭغا بۇرۇلدى - دە، بىر جۈپ مەجنۇنتال ئاستىدىكى سۈزۈك بۇلاق يېنىغا كېلىپ توختىدى، خادىكتىن ئىرغىپ چۈشۈپ، بايا ھۆرنىساخان

ئاچىقىپ بەرگەن ناننى ئېلىپ، ئەتىگەنلىك ناشتا ئۈچۈن بۇلاق تۈۋىگە كەلدى.

بۇلاق سۈيى بۇلدۇقلاپ تۇرغان كىچىك قايناملاردىن ئېتىلىپ چىقاتتى. بۇلاقنىڭ گىرۋەكلىرىدىكى يالپۇزلار تېخىچىلا كۆكىرىپ، سۈزۈك سۇدا يۇيۇلۇپ يالتىراپ تۇراتتى. سۇنىڭ تېگىدىكى قۇم ۋە ئۇششاق تاشلار ۋىلىلداپ ئاللىقانداق گۈزەل كۆرۈنۈشلەرنى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى. بۇلاقنىڭ ئەتراپى چىملىق بولۇپ، يولۇچىلار ھەرقاچان بۇ يەردىن ئۆتسە، بىردەم ھاردۇق ئالماي ئۆتمەيتتى. نادەم يۈزىنى چايپىنىشتىن بۇرۇن، قولىنى ئىككى قولتۇقىغا تىقىپ ئېرتتى ـ دە، ئاندىن نېنىنى سۇغا چىلاپ يېيىشكە باشلىدى.

ئۇ نېنىنى يەپ بولۇپ، ئوچۇملاپ بىرنەچچە قېتىم سۇ ئىچتى. ئاندىن ئۈزۈن يېكەندازنى تۆت قاتلاپ ئاستىغا سېلىپ ئولتۇرۇپ، ھارۋىنى ئىتتىك ھەيدەپ ماڭدى. ئۇ شەھەرگە مۇشۇ خادىك ھارۋىنى ھەيدەپ بىرنەچچە قېتىم كىرگەن، ھېچقاچان مۇشۇنداق ئازادە، ئەركىن ئولتۇرۇپ كىرمىگەنىدى. ئۇنىڭ يېنىدا: «كۆزۈڭگە قارا، ئالدىرىما...» دەپ ئولتۇرىدىغان ئەختەمباي يوق ياكى «ئىتتىك ھەيدىسەڭچۇ، نېماقداق سۆرەلمىلىك قىلىسەن...» دەپ چاپاندەك چېقىپ ئولتۇرىدىغان ھۆرنىساخانمۇ يوق ئىدى. نادەم يۇمشاق كۆرپىدە راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ ئەتراپقا سەپسالاتتى. ئېتىزنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن نەپەس ئېلىپ كېتىپ بارغان نادەمنىڭ خىيالىغا باينىڭ ھېلىلا قورۇدىكى كايىشلىرى، ھۆكۈمەتكە قارشى چىققان، چېرىكلەرگە مۇشت ئاتقان دەپ كىملەرنىدۇر تىللاشلىرى كەلدى. «نومۇسسىز باي، — دەپ نەپرەت بىلەن پىچىرلىدى ئۇ، — سەن تىللاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئاز كۈندە نېمە ئىشلارنى تەۋرىتىدىغانلىقىنى كۆرىسەن، سەن باش قويۇۋاتقان چېرىكلەرنىڭ نېمە كۈنلەرگە قالىدىغانلىقىنىمۇ كۆرىسەن، ھېلىمۇ ياخشى، ياقاڭ-

دىن ئېلىپ يەرگە ئۇرغىنى، بولمىسا قانچىلىك خۇشامەتچىلىك قىلاتتىڭكىن. . . »

نادەم خىيال بىلەن شەھەرگە كىرىپ قالغىنىنى تۇيماي قالدى، ئۇنىڭغا شەھەر ئادەملىرى جىددىيلەشكەندەك، بىر ـ بىرىگە گۇمانسىراپ قارىشىۋاتقاندەك كۆرۈندى.

نادم هارۋىسىنى ھەيدەپ مەكتەپ قورۇسى ئىچىگە كىردى. مەكتەپ ئىچىدە ۋالڭ ـ چۇڭ، شاۋقۇن ـ سۈرەندىن، تۈرلۈك تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرىدىن قىلچە ئەسەر قالمىغان بولۇپ، ئوقۇ-غۇچىلار توپ ـ توپ بولۇشۇپ ئەنسىزلىك بىلەن پاراڭ قىلىشى-ۋاتاتتى. مەكتەپ ئىچىنى سۈر باسقان، قانداقتۇر، بىر ۋەھىمە-لىك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. بىردەم ئۆتمەيلا كۆزلىرى پارقىراپ قالغان ۋارىسجان يېتىپ كەلدى، ئامانلىق سورىمايلا:

— نېمىگە چۈشتۈڭ، نېمە بولدى؟ — دېدى ئەنسىزلىك بىلەن.

— سېنى دەرھال قايتىپ چىقسۇن، شەھەردە تۈرلۈك خەتەرلىك دەپ مېنى چۈشۈردى، — دېدى نادەم، — رەيھانئاي دېگەن قىزنىمۇ بىللە ئېلىپ چىقسۇن دېدى.

— ناھايىتى ياخشى، تازا ۋاقتىدا چۈشۈپسەن، — دېدى ۋارىسجان، — مەن رەيھاننى ئىزدەپ تاپاي، ساقلاپ تۇر.

ۋارىسجان شۇنداق دېدى ـ دە، ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتى. نادەم مەكتەپ ئىچىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە سەپسې-لىپ قاراپ تۇراتتى. ھايال قىلماي رەڭگى ئۆچكەن ۋارىسجان ئوتتۇرا بويلۇق، زىلۋا، قاش ـ كىرپىكى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، ئويناق قوي كۆزلۈك، ئوڭ مەڭزىدە بىر تال خالى بار بىر قىزنى باشلاپ كەلدى.

— مانا، دادام مۇشۇ ھارۋىنى چۈشۈرۈپتۇ، ئاپام قىز بالىنىڭ شۇنچە قالايمىقانچىلىق ئىچىدە تۇرۇشى ياخشى ئەمەس دەپتۇ، — دېدى ۋارىسجان ئىككىلىنىپ تۇرغان رەيھانغا. قىز

نادەمنىڭ چورۇق تارتىۋالغان پۇتلىرىغىچە سەپسېلىپ قارىدى.
— بۇ كىم بولىدۇ؟
— بۇ بىزنىڭ نادەم دېگەن مالىيىمىز، دادام ئېلىپ چىق دەپ ئالايىتەن چۇشۇرگەن، چاپسان بولۇڭ، چىقىپ كېتەيلى، باشقىلارمۇ كېتىۋاتىدىغۇ.
— ئەمىسە ئاپامدىن سوراپ ماڭايلى، — دېدى رەيھان.
— چوڭ ئاپام بەربىر ئۇنايدىغۇ.
— ئۆيگە بېرىپ چاي ئىچىپ، ئاپام بىلەن خوشلىشىپ ماڭارمىز! — ئۇلار هارۋىغا چۇشۇپ مەكتەپ قورۇسىدىن تېز چىقىپ كەتتى. رەيھاننى ئېلىپ چىقىپ كېتىش ۋارىسجاننىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىش، شۇڭا ئۇ ناهايىتى خۇشال ئىدى.
ئۇلار رەيھاننىڭ ئۆيىگە كەلدى. ۋارىسجان ئۆيگە ئالدىراپ ماڭدى، قىز نادەمگە قاراپ:
— يۇرۇڭ، چاي ئىچىپ ماڭىمىز! — دېدى.
— رەھمەت! — دېدى نادەم بايلارغا بولغان نەپرىتىنى ئىپادىلىگۈچى قوپال ئاۋاز بىلەن، — بايا تاماق يېدىم.
قىز نادەمگە تىكىلىپ قارىدى. قويۇق قارا قاش، ئويچان كۆزلىرى تولىمۇ چىرايلىق، بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان يىگىت قىزدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ يەرگە قاراپ تۇراتتى.
— يۇرۇڭ، تارتىنماڭ! — قىز نادەمنىڭ كىر چاپىنىنىڭ يېڭىدىن چىمدىپ تۇتۇپ تارتتى.
— بولدى رەيھان! — دېدى ۋارىسجان كەينىگە بۇرۇ - لۇپ، — نادەم هارۋىسىنى جۆندەپ تۇرسۇن، بىز چوڭ ئاپام بىلەن خوشلىشىپ چىقايلى!
قىز نادەمگە يېنىشلاپ - يېنىشلاپ قاراپ ئۆيگە ماڭدى. نادەم بىر تاسمىنى يېشىش بىلەن ئاۋارە ئىدى.
هويلىغا كىرگەندىن كېيىن ۋارىسجان:
— نېمانچە قىلىسىز، ئۇنىڭ جۇلدەرەپ تۇرغان كىيىملە-

رنى تۇتقىنىڭىز نېمىسى؟ — دېدى.
— مالاي بولسىمۇ ئادەمغۇ! — دېدى قىز نارازى بو-لۇپ، — ئۇلار بولغاچقا بىزنىڭ نېمىمىز پۈتۈن، ۋارىسجان!
— كىتابىي گەپ! — دېدى ۋارىسجان كۈلۈپ، — كىتابتا يېزىلغىنىنى تۇرمۇشقا كۆچۈرۈپ ئەكېلىشكە بولمايدۇ رەيھان!
— ئەمما، ھەقىقەتنى ئىقرار قىلمايمۇ بولمايدۇ!
ئۇلار ئالاش - تارتىش بىلەن ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇلارنى خېلىدىن كېيىن گۈلسۈمخان موماي ئۇزىتىپ چىقتى.
ۋارىسجان بىلەن رەيھان خادىكنىڭ كەينىگە سېلىنغان يې-كەندازنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى. نادەم ھارۋىدا ئولتۇرا- ئولتۇر-مايلا ئاتلار ئۆزلۈكىدىن يۈرۈپ كەتتى.
رەيھان يېنىدا ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈنمۇ ۋارىسجان ناھايىتى خۇشال ئىدى. ئۇ بىردە نادەمگە، بىردە رەيھانغا چاقچاق قىلات-تى. ئۆزىچە يوقىلاڭ ئىشلارغا قاقاقلاپ كۈلەتتى. تۇرۇپلا غىڭ-شىپ ناخشا ئېيتىپ قوياتتى. مانا ھارۋا جاراڭلاپ خىتاي بازىرى-غا كەلدى. بۇ يەرمۇ ئوقەتچىلەرنىڭ قايىنىغان يېرى. ئوقەتچى-لەرنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، خۇدانىڭ نەزىرى تەگكەن بازار ئىدى. ۋارىسجان ھارۋىنى توختىتىپ، نادەمگە پۇل بىلەن قول-ياغلىقنى ئۇزاتتى:
— يۈگۈر، سامسا ئېلىۋالايلى.
نادەم ئاشپۇزۇلغا قاراپ ماڭدى، كىشىلەر ھارۋىنىڭ كەي-نىدىكى يۆلەنچۈككە يۆلىنىپ ئولتۇرغان ۋارىسجان بىلەن رەيھان-غا زوقلانغاندەك قارىشاتتى، ۋارىسجان ئادەملەرنىڭ قاراشلىرى-دىن بەخت ۋە چەكسىز ھۇزۇر ھېس قىلاتتى.
ئاشپۇزۇلدىن مەززىلىك تاماق ۋە ھاراق ئىچىپ، چالا مەست بولغان بىر ئوفىتسېر سەل دەلدەڭشىگەن ھالدا چىقىپ كەلدى. ئۇ ھارۋىغا يېقىنلاپ كەلدى - دە، ۋارىسجان بىلەن

رەيھاننىڭ باش ـ ئايىغىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى، ۋارىسجانغا يېقىن كېلىپ:

— بۇ پار ئات قوشۇلغان ئېسىل ھارۋىنى سەيسىگە تۇتقۇزۇپ قويغان ئادەم بۇ ياقتا قەيەردە تۇتتەمەنغۇ دەيمەن؟ — دېدى ھىجىيىپ.

ۋارىسجان:

— ياق، بۇ بازاردا كىرا قىلىدىغان ھارۋا ئەمەس، سەھرادىن كىرگەن، — دېدى.

— سەھرادىن بولامدۇ، شەھەردىن بولامدۇ، ھەممىگە سەيسە بار، ئالدىغا ئۆتۈپ ھاۋرىنى ھەيدە، مېنى ئاپىرىپ قويىسەن!

چىرايى سارغىيىشقا باشلىغان ۋارىسجان ھارۋىدىن چۈشتى:

— بىز گىمنازىيىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى، ئۆيىمىزگە چىقىپ كېتىپ بارىمىز، — دېدى ئۇ.

قولىياغلىقتا چىگىلگەن سامسىنى ئېلىپ كەلگەن نادەم ئوفىتسېرغا قاراپ تۇرۇپ قالدى.

ئوفىتسېرنىڭ كۆزى رەيھانغا چۈشتى:


— ئۇھ، بۇ چىرايلىق خىنىمنى قارىمامدىغان، يېنىمىزدا ئولتۇرسام قارشى چىقماسسىز، چىرايلىق قىز!

— ھۆرمەتلىك ئوفىتسېر، بىز ئۆيىمىزگە كېتىپ بارىمىز!

— ئاپئاق قىز، شەھەردىكى لوكچەك ـ ئوغرىلارنىڭ ھەرىكىتىدىن قورقۇپ كەتكەن ئوخشىمامسىز؟ — ئوفىتسېر ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن ئەتراپتا تۇرغان ئادەملەرنى، بىرنەچچە كۈندىن بېرىقى ئۆزىگە يېپىشقان قورقۇنچ ۋە ئەنسىزچىلىكلەرنى بىراقلا ئۇنتۇپ، ھىجىيىپ قىزغا يېقىنلاپ كەلدى.

— نېرى تۇر! — دېدى قىز نەپرەت بىلەن ۋە ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئۆرۈدى. ھارۋىغا ئادەملەر ئولاشتى.

— ئوفىتسېر جانابلىرى، — دېدى ۋارىسجان ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ، — بىزنى يولدىن قويماڭ، ئەختەمباينىڭ بالىسى



بولمىمىز بىز.

ئادەم ئوفىتسىرغىمۇ، ۋارىسجانغىمۇ غەزەپلىنىپ قاراپ تۇ-راتتى. ئوفىتسېر ۋارىسجانغا:

— سىزنىڭ بايلىقىڭىزدىن بۇ قىز نەچچە ھەسسە ئۈس-تۈن، — دېدى ۋە قىزغا قاراپ ھىجايدى، — ھاياتىڭىزنىڭ خاتىرجەملىكىگە پەقەت مەنلا كېپىللىك قىلالايمەن، نېمانچە سەپرا مىجەز بولۇپ كەتتىڭىز؟ سىزدەك گۈزەل قىزلارغا مۇلا-ئىم قىلىش ياراشمايدۇ، ماڭا قاراڭا، ئاپئاق قىز،-ئوفىتسېر رەيھاننىڭ ئېڭىكىنى تۇتتۇۋىدى، رەيھان ھارۋىدىن ئىرغىپ چۈش-تى ـ دە، ئۇنىڭ كاچىتىغا كۈچ بىلەن بىرنى سالدى. ئوفىت-سېرنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ كەتتى. قىزنىڭ بۇ مەردلىكى-گە ئەتراپتا تۇرغان ئادەملەرمۇ، نادەممۇ ھەيران قالدى.

ئەمدى ئىش چوڭىيىشقا باشلىدى.

رەيھاندىن كېلىشتۈرۈپ بىر كاچات يەپ، سەپرايى ئۆرلەپ كەتكەن ئوفىتسېر:

— ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ھايۋان! — دېدى ـ دە، يېنىدىن تاپانچىسىنى سۇغۇرۇپ ئالدى، — يۈرىكىڭىنىڭ چوڭ-لۇقىنى كۆرسىتىپ قوياي ساڭا... ئالدىمغا چۈشۈپ ماڭ، ھېلى ئۆلىسەن بولمىسا.

ۋارىسجاننىڭ جان ـ پېنى چىقىپ كەتتى، كۆزىنىڭ ئاق ياختىسىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ يېلىنىشقا باشلىدى:

— جېنىم ئاكا، نېمە دېسىڭىز بېرەي، خۇدا ھەققى، بىزگە رەھىم قىلىڭ... — ئۇ يىغلامسىراپ ئوفىتسېرنىڭ مۇرىسىنى سىلاشقا باشلىدى. ئوفىتسېر ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ رەيھانغا ئېسىلدى. باياتىن بېرى غەزىپىنى ئاران بېسىپ تۇرغان نادەمنىڭ ھېچ تاقەت قىلغۇچىلىكى قالمىغانىدى. ئۇ شۇنداق تېز كەلگىنىچە كۈچىنىپ تۇرۇپ ئوفىتسېرنىڭ قۇلاق تۈۋىگە بىر مۇشت سالدى، تۇيۇقسىز بېرىلگەن بازغاندەك ئېغىر



AltunOq

زەربەدىن ئۇ ئۇگىدىسىغا چۈشتى ـ دە، يېتىپلا قالدى، قولىدىكى تاپانچىسى نەگىدۇر قاڭقىپ چۈشتى.

تېخى بايىلا ۋارىسجاننىڭ كەمسىتىشىگە يولۇققان بۇ مالاي يىگىتكە ئەتراپتا تۇرغان ئادەملەر ئاپىرىن ئېيتىشىپ كەتتى:

ــــ يارايسەن يىگىت، ئاتاڭغا رەھمەت!

ــــ ئەجەب بابلىدىڭ بۇ مۇناپىقنى!

نادەم ئالدىراپ دېدى:

ــــ بولۇڭلار، هارۋىغا چىقىڭلار!

نادەم قامچىسىنى پۇلاڭلىتىش بىلەنلا چاپقان پار ئات هارۋىنى خىتاي بازىرىدىن ناهايىتى تېزلا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. توپا دەڭنىڭ كەلك كوچىسىغا چىققاندا ئۇ ئاتلىرىغا قامچا سىلىپ بولۇشىغا قويۇپ بەردى. لېكىن، شۇنچە تېز چېپىپ كېتىپ بارغان ئاتلارغا قانائەت قىلماي، ۋارىسجان ئۈگىسلى ئۆچكەن هالدا كۆزلىرىنى ئالاق ـ چالاق قىلىپ:

ــــ ۋاي... بول، كەينىمىزدىن كېلىپ قالسا ئۆلگىنىمىز شۇ! ــــ دەپ ئولتۇرالماي قالغانىدى. دەھشەتلىك بىر قورقۇنچ بىلەن بىر ئالدىغا، بىر كەينىگە قارايتتى. نادەم بولسا، خۇددى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك، ئاڭلىسىمۇ پىسەنت قىلمايۋاتقاندەك شۇنداق تەمكىن ۋە خاتىرجەم ئولتۇرۇپ كېتىپ باراتتى. رەيهانچۇ؟ ئۇ يېشى بىر ـ بىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان بۇ ئىككى يىگىتنىڭ قىلىقلىرىغا، روھىي هالەتلىرىگە، مىجەز ـ خۇلقىغا سەپسېلىپ، ئېمىلەرنىدۇر ئويلاپ جىمجىت ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۆزىگە كەينىنى قىلىپ ئولتۇرغان بۇ قورقۇمسىز، مەرد مالاي يىگىتكە نىسبەتەن بىر خىل رازىمەنلىك ۋە هۆرمەت پەيدا بولغانىدى، ئۇ يىگىتكە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتىشنى خالايتتى، لېكىن يىگىت قايرىلىپ قويمايتتى.

هارۋا توپادەڭ مەھەللىسىدىن ئۇزاپ چىققاندا، نادەم ئاتلارنىڭ بېشىنى ئۆزى بىلىدىغان ئېتىز يوللىرىغا بۇرىدى ۋە ئاتلارنى

بىر خىل چىپىشقا چۈشۈردى. ئۇ شۇ ۋاقىتتىلا قىز توغرىسىدا ئويلاشقا باشلىدى ۋە قىزغا قاراپ قويدى. قىز كۆلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى، ئۇ قىزنى قەيەردىدۇر بىر يەردە كۆرگەندەك قىلاتتى.

رەيھان شەھەردىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىر سودىگەرنىڭ يالغۇز قىزى بولۇپ، ئەختەمبايىنىڭ خوتۇنى ھۆرنىساخانغا شىرەم تۇققان كېلەتتى. ئۇ، دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئانىسى گۈلسۈمخان بىلەن يالغۇز قالغان، ئالتە يىللىق مەكتەپنى تۈگەت-كەندىن كېيىن، ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىگە كىرىپ ئوقۇۋا-تاتتى. قىز كىچىكىدىن تارتىپلا كىتاب ئوقۇشقا، مەسىلىلەرگە يولۇقسا پىكىر يۈرگۈزۈشكە زوقمەن بولۇپ ئۆسكەن، ئۇ ھەر يىلى تەتىلدە ئەختەمبايىنىڭ چوڭ بېغىغا دەم ئېلىشقا چىقاتتى. نادەم-باي قورۇسىغا مالاي بولۇپ كەلگەن يىلى بۇ قىزنى باغدا، ئېرىق قىرىدا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغان يېرىدە كۆرگەن، ئۇ چاغدا قىزمۇ كىچىك ئىدى، شۇ چاغدا نادەم باغدا سۇ تۇتۇپ يۈرەتتى. ئاق پوپىلىندا ئىسكەتلىك كۆڭلەك كىيگەن، كىتاب-تىن بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇرغان بۇ قىز نادەمگە ناھايىتى چىرايلىق كۆرۈنگەن. سۇ تاشقىنلاپ كېتىپ، قىزنىڭ ئەتراپىنى سۇ بېسىپ كەتكەن، قىز ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ نازۇك ھەرىكەت بىلەن:

— ھوي بالا، قولۇمنى تارتقىنا، — دېگەن. نادەم تارتىنىپراق كېلىپ قىزنىڭ قولىدىن تۇتۇپ سۇدىن ئۆتكۈزۈپ قويغان. مانا بۇ يېقىملىق ھالەت نادەمنىڭ ئېسىدىن بىرنەچچە ئايغىچە كەتمىگەن. ئۇ شۇنىڭدىن بېرى قىزنى كۆرمىگەنىدى. ئارىدىن تۆت ـ بەش يىل ئۆتۈپ، مانا ئەمدى كۆرۈپ تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوفىتسېرنى بىر كاچات ئۇرغانلىقى، ئۇنىڭ ۋىجدانلىق قىز بولۇپ ئۆسكەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىپ تۇراتتى.

ئاتلارنىڭ توختىماي چېپىشى بىلەن ئۇلار بىردەمدىلا مە-ھەللىگە يېتىپ چىقتى. ئۇلار دەرۋازىدىن كىرگەندە ھارۋىنىڭ

ئۇنىنى ئاڭلاپ ئەختەمبايمۇ، ھۆرنىساخانمۇ ئۆيدىن چىققانىدى، ئوغلىنىڭ سالامەت چىققانلىقىنى كۆرگەن ھۆرنىساخانىنىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى:

— ۋاي... جېنىم بالىلىرىم، سالامەت چىقتىڭلارمۇ، — دېدى ھۆرنىساخان، — ئەجەبمۇ ئەنسىرىۋىدىم سىلەردىن، قانداق رەيھانئاي، گۈلسۈمخېنىدەمنىڭ ئەھۋالى ياخشىمۇ؟

— ياخشى، ھەممىڭلارغا سالام ئېيتتى، — دېدى رەيھان ھارۋىدىن چۈشۈۋېتىپ.

نادەم تەرگە چۆمۈلگەن ئاتلارنى ھارۋىدىن چىقىرىشقا باشلىدى.

— تۈت - تۈت قىلىۋاتىدۇ دېۋىدى، جېنىم چىقاي دېدى، شەھەر ئىچى قانداقراق، — سورىدى ھۆرنىساخان.

— قانداق بولاتتى، — دېدى ۋارىسجان بايىقى قورقۇنچلارنى ئۇنتۇپ، ھېچ نەرسىنى پىسەنت قىلمىغان قىياپەتتە، — يامان ئادەملەرنى، ھۆكۈمەتكە قارشى چىققانلارنى تۇتۇۋاتىدۇ.

— ھىم... شۇنداق بولىدۇ ئەلۋەتتە، — باي ئەستىقلاپ سۆزلىدى، — دېگەنىبىلەن بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرىماي چىقىپسىلەر.

— نەدىكىنى، تاس قالدۇق پىيادە قالغىلى.

— ھە، ھە... نىم بولۇپ؟ — سورىدى ئەختەمباي.

— ھارۋا سەيسىسگە ماڭىسەن دەپ خېلى كۈننى سالدى دىمەمسەن تېخى.

— ئەھۋالنى چۈشەندۈرمىدىڭمۇ، — دېدى ئەختەمباي ئوغلىنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەيلا.

— ساقچى ئەمەلدارى ئوخشايدۇ، ئۆزى مەست، تېخى رەيھانغا چېقىلىپ...

— ھە...؟

— تاس قالدى بىزنى ئېتىۋەتكىلى، نادەم بىر مۇشت ئۇرغانىدى، يېتىپلا قالدى، بىز ئاران قېچىپ قۇتۇلدۇق.

— بىر مۇشت ئۇرغان ماۋۇ ئەسكىلىكنى قاراڭلار، — ئەختەمباي چۆچۈپ كەتتى.

— ھەئە، رەيھانغا چاڭگال سېلىپ ئېسىلغان...

نادەم يول بويى چېپىپ كەلگەن ئاتلارنى قاڭتۇرۇپ باغلاپ لاپاس ئاستىدىن چىققاندى، ئاچچىقى كېلىپ تىترەپ كەتكەن باي ئۇنىڭغا ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ئەخمەق، ئاش يەۋاتقان تاۋاق-نى چېقىپ بۇ نېمە قىلغىنىڭ - ھە؟

گەپ قىلماي غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇپ تۇرغان نادەمنىڭ ئاغزىدىن مۇنۇ گەپ گويا ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى:

— ئۇنىڭ نومۇسسىزلىقىغا قانداق چىداپ تۇرغىلى بول-دۇ. ئەگەر ئاشۇلارنىڭ تاۋىقىدا ئاش يەۋاتقان بولساق بۇ تاماقنى ئەمدى ئىت يېسۇن، ئۇنداق تاۋاقنى چېقىپ، كۆكۈم - تالقان قىلىۋېتىش كېرەك!

— نېمە! نېمە دېدىڭ ھوي تۇزكور، — باينىڭ كۆزلە-رى چانىقىدىن چىقىپ كېتىشكە تاس قالدى.

رەيھان ئەختەمباينىڭ ئەلپازىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى كۆرۈپ گەپكە ئارىلاشتى:

— باي ئاتا، بۇ نادەم ناھايىتى مەرد يىگىتكەن، بىزنى ئۇ نومۇسسىزنىڭ تاپانچىسىدىن قۇتقۇزۇپ قالدى، بولمىسا قاند-داق ئاقىۋەتكە قالاتتۇقكىن؟ — دېدى نادەمنى ئاقلاپ.

— ھەرھالدا، — دېدى ئەختەمباي ئاچچىقى بې-سىلماي، — ھۆكۈمەت ئادىمىگە مۇشت ئېتىش — ئاش بەرگەنگە مۇشت بەردى دېگەن سۆز. كۆرە بۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭلۇقىنى، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاش كېرەك - دە، بۇنىڭ ئەختەمبايغا كېلىدىغان دەردىسەسىنى ھېسابقا ئېلىش لازىم - دە! مۇشتىزمۇ ياخشى گەپ بىلەن قۇتۇلغىلى بولار ئىدى.

ھۆرنىساخانمۇ نادەمنى ئەيىبلەشتىن قالمىدى.

— ھەر بالا كېلىدۇ بۇنىڭ قاپىقىدىن! — دېدى قاپاقلى-رىنى سۈزۈپ.

— سىلەر ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى كۆرمىدىڭلار، — دېدى رەيھان يەنە ئارىغا چۈشۈپ،-ئۇ لۈكچەككە مۇشت ھالال تەگدى.

— قېنى، ئۆيگە كىرىڭلار، بولغۇلۇق بوپتۇ، نېمە كەلسە ئۆزى كۆرەر، — دېدى ھۆرنىساخان ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ.

ۋارىسجان بىلەن رەيھان كىيىملىرىنى قېقىشىپ ئۆيگە كى-رىپ كەتتى. نادەم بولسا خادىكنى سۆرەپ لاپاس ئاستىغا ماڭدى.

ئۇ بۈگۈن كېچىدە ئەنۋەر ئەپەندىنىڭ ياتىقىغا يىغىلىدىغان-لىقىنى ئۇنتۇمىغانىدى.

# 3

ھۆرنىساخاننىڭ بۇ قىزغا يېقىنچىلىق قىلىپ، ۋاي رەيھان-ئاي، دەپ كېتىشلىرىنىڭ تۇغقانچىلىقىدىن باشقا سەۋەبلىرىمۇ بار. ئۇ ئوغلى ۋارىسجانغا مۇشۇ قىزنى ئېلىپ بەرمەكچى، بۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئويلاپ كېلىۋاتقان ئوي، بۇنىڭدىن گۇل-سۇمخاننىڭمۇ خەۋىرى بار، بەزىبىر ئەگىتمە گەپلەرنىڭ مەنىسى-دىن رەيھانمۇ خەۋەرسىز ئەمەس. بىراق، قىز ھازىرغىچە بۇ توغرۇلۇق ئويلاپمۇ كۆرگىنى يوق، رەيھان بۇ يەرگە ھەر قېتىم چىققاندا، ھۆرنىساخان قىلغىلى قىلىق تاپالماي خۇش بولۇپ، گەپ ئەگىتىپ قىزنى چېكىپ قوياتتى. رەيھان بولسا ھېچنېمى-نى سەزمەس بولۇۋالاتتى. بۈگۈن مۇنداق خۇپىيانە مەنىدىكى سۆزلەرمۇ بولۇنمىدى، شەھەردىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە ئۇزاق پاراڭ بولۇپ، ئاخىر يېتىپ قېلىشتى.

ئەمما رەيھان بۈگۈن تۇزۇككىنە ئۇخلىماي، تۈن قايىرىلغۇ-چە خىيال بىلەن تولغىنىپ چىقتى. بۇ خىيال نەدىن كەلدى؟ ئاھايىتى چۈشىنىشلىك، بۇ خىيالنى مالاي يىگىت نادەم پەيدا

قىلدى. يىگىتنىڭ ساقچى ئەمەلدارىغا مۇشت ئېتىشى، ئەختەمـ
بايغا ئېيتقان سۆزى، ئۆزىنىڭ تەمكىن، خىيالچانلىقى قىزنىڭ
كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. ياش ۋە ھېسسىياتچان قىز ئۇچۇن
يىگىت توغرىسىدا خىيال قىلىش ھەم كۆڭۈللۈك، ھەم ئازابـ
لىق. ئۇنىڭ خىيالىدا، ئەتىلا ئۇ يىگىت بىلەن پاراڭلىشىش
ئىستىكى بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ كەتتى. پۇتىغا چورۇق تارتـ
قان، ئۇچىسىغا كونا، ياماق چۇشكەن يالاڭ چاپان كىيگەن،
قارا قاشلىق، كەم سۆزلۈك مەردانە يىگىت ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن
بىردەممۇ نېرى كەتمىدى، بولۇپمۇ نادەمنىڭ تەمكىن ھەرىكەتلىـ
رى، ناھەق ئىشقا غەزەپلىنىشى، ئورۇنلۇق مەردانە سۆزلىرى
ئۇنىڭ خىيالىدا تەكرارلىنىۋەردى، ئۇنىڭغا زادىلا ئارام بەرمىـ
دى. رەيھان نۇرغۇن كىتابلارنى، بەزىدە ھۆكۈمەت ئوقۇشنى
مەنئى قىلغان ئەدەبىي كىتابلارنى ئوقۇغان، ئۇ، شۇ كىتابلاردا
تەسۋىرلەنگەن قەھرىمانلاردەك ئادەم بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى.
بۈگۈن خۇددى شۇنداق بىر ئادەمنى كىتابتا ئەمەس، ئۆزىنىڭ
ھاياتىدا — كۆز ئالدىدا كۆردى! ئۆزى ئەسكى چاپان ئىچىدە
تۇرسىمۇ يۈرىكى ئالماستەك چاقناپ تۇرغان نادەمنى، سۆلەتلىك
كىيىم - كېچەكلەر ئىچىدىكى ۋارىسجانغا سېلىشتۇرۇپ كۆرـ
دى: «قاراڭلار، — دەپ ئويلايتتى قىز، — قاراپ تۇرۇپ
زورلۇق قىلىۋاتقان ئىپلاس بىر ئەمەلدارغا ۋارىسجان نېمانچە
خۇشامەت قىلىدۇ، يېلىنىدۇ - يالۋۇرىدۇ، ئۇنىڭدا ھەقىقىي
ئىنسانلىق ۋىجدان يوق ئىكەنغۇ؟! نادەم مانا ئۇ ھەقىقىي ۋىجدان
ئىگىسى، مەرد - جۇرئەتلىك يىگىت، مەن ئوقۇغان كىتابلاردىـ
كى قەھرىمانلارغا ئوخشاش. ۋارىسجاندەك قورقاق، خۇشامەتچى
ئادەملەر بىلەن قانداقمۇ ئۆمۈرلۈك دوست - سىرداش بولغىلى
بولسۇن، كىشى نادەمدەك ئادەم بىلەن ئۆمۈرلۈك دوست -
سىرداش بولسا، ئۇنىڭدا نېمە ئارمان قالىدۇ؟...».
شۇنداق قىلىپ رەيھاندا بۈگۈنلا كۆرگەن نادەمگە نىسبەتەن

ئىسسىق بىر تۇيغۇ پەيدا بولۇپ قالدى ۋە شۇ تۇيغۇ دولقۇنىدا تەۋرىنىپ خىيال سۈردى. ئۇ ھۆرنىساخاننىڭ نەچچە قەۋەت قىلىپ سېلىپ بەرگەن يۇمشاق كۆرپىسىنىڭ ئۈستىدە ئەمەس، گويا قاتتىق تاشنىڭ ئۈستىدە ياتقاندەك تولغىنىپ ئۇخلىيالماي، پۈتۈن تۈننى ئازاب بىلەن ئۆتكۈزدى. تەقەززا بولۇپ كۈتكەن تاڭ سۈبھىسىدىن دېرەك كەلگەندە بولسا ئۇ ئۇخلاپ قالدى.

# ئون ئىككىنچى باب

## 1

قاراقسىز قېلىپ ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل بولۇپ كەتكەن بۇ تاشيولدا ئۈزۈندىن ـ ئۈزۈنغا سوزۇلغان هارۋىلار كارۋىنى كەلمەكتە. تاغ هاۋاسى سوغۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە يىراقتا قالغان سايرام كۆلىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاچچىق شامال يېتىپ كېلىپ، يۈزلەرگە يېڭىنىدەك سانجىلماقتا. كۈن كۆتۈرۈلۈپ ئارغامچا بويى ئۆرلىگەن بولسىمۇ، سوغۇق تېخى بوشىغىنى يوق. ھەم بوشايدىغاندەكمۇ ئەمەس، هارۋا ئۈستىدە ئولتۇرغانلارنى شۈمـ ـشەيتىپ قويغان. سەپەرگە ئاتلانغانلار ئـەتـىـگەندە بىر ـ ئىكـ ـكى پىيالە قىزىق چاي ئىچىپ ماڭغان بولسا، بەلكى مۇنچىلىكمۇ توڭۇپ كەتمەس ئىدى. ئۇلار ئۈتەيدىن سەهەر يولغا چىققان، بۈگۈن سەپەرنىڭ ئالتىنچى كۈنى. ئۇلارنى گومىنداڭنىڭ بىر ئىزۋۇت ئاتلىق ئەسكىرى قوغداپ كېلىۋاتىدۇ. ئىزۋۇت كومانـ ـدىرى كارۋان بېشىنىڭ: «چاي ئىچىپ قورساقنى تويغۇزۇپ ماڭايلى، بۈگۈن سوغۇق ئەدەپ قاپتۇ.» دېگىنىگە ئۇنىماي، ئەتىگەنلىك چاينى داخىيەنزىدە ئىچىمىز، دەپ هارۋىلارنى مەجـ ـبۇرىي ماڭغۇزغان. مانا ئەمدى ئۇلارنىڭمۇ قورسىقى ئېچىپ ئات ئۈستىدە ئولتۇرالماي قالدى، يا ئۇ گەپنى ئېغىزىدىن چىقىرالمىدى.

بۇ كارۋان گومىنداڭنىڭ شىخودىكى قىسىملىرىغا قىشلىق كىيىم ـ كېچەكلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە ماڭغان بولۇپ، تېخى يولنىڭ كۆپ قىسمى ئالدىدا ئىدى. قوماندانلىق شىخوغا ئون

كۇندە يېتىپ بېرىشنى بەلگىلىگەن. شۇڭا، ئىزۋۇت كوماندىرى-مۇ ئون كۇندە يېتىپ بارمىساق بولمايدۇ، دەپ هارۋىلارنى هەدەپ ئالدىراتماقتا ئىدى.

— هەي رودۇ، ئۇخلاۋاتىسەنغۇ، يولۇڭغا قارا!

— ئات ئۆزى يول تېپىپ ماڭىدۇ.

— ئىتتىك ماڭ، لايغەزەل!

— هارۋا توختاپ قالغىنى يوق، مېڭىۋاتىدىغۇ.

— چۇمۇلىدەك ماڭماي ئاتنى ئۇرمامسەن، تازىمۇ ئۆلۈمتۈك نېمىكەنسىنا بۇ، قارا كەينىدە قالدىڭ.

— ئاتنى ئۇرسام بولدۇرۇپ قالسا، سەن ئاستىڭدىكى ئاتنى بېرەمسەن؟

ئۇ قولىدىكى قامچىسىنى كۆتۈرگەنىدى، ئۇنىڭغىچە كارۋان بېشى بىلەن ئىزۋۇت كوماندىرى كېلىپ قالدى. ئۇلار ئارىغا چۈشۈپ ئىككىسىنى بېسىپ قويدى، ئەمما ئىزۋۇت كوماندىرى هارۋىكەشكە گۆلەيدى:

— تاكاللاشماي هارۋاڭنى تېز هەيدە، ئۇخلاپ قېلىپ هارۋاڭ كاتاڭغا چۈشۈپ ئۆرۈلۈپ كەتسە قانداق قىلىسەن؟

كارۋان بېشى گەپكە ئارىلاشتى:

— ئاتلار ئۆگىنىپ كەتكەن، هەرگىز كاتاڭغا چۈشۈرۈپ قويمايدۇ، ئۇنداق يەرلەردىن ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

كارۋان ئېغىر چامداپ يۈرمەكتە. يول بويىدىكى قاقشال قوراي ـ چاتقاللار تىترەپ شىۋىرلىماقتا. كىمدۇر بىرى بوش ئاۋازدا ناخشا ئېيتماقتا:

سايرامنىڭ كۆلى دەيدۇ،
بىز بارغۇچە توڭلايدۇ.
غەمدە قالغان بېشىمنى،
خۇدايىم ئۆزى ئوڭلايدۇ.

— بېشىڭنى ئوڭلايدىغانلار بىردىنلا چىقىپ قالارمىكىن، ئىلاخۇنكا، — دېدى بېلىنى قارا لەستىك پوتا بىلەن باغلىۋالغان، قارا بۇرۇتلۇق كارۋان بېشى. ئۇ مۇزلاپ كېتىپ ھارۋىدىن چۈشۈپ پىيادە ماڭغانىدى.

— ئۇنداقلار چىقىپ قالسا قالتىس خۇش بولىمىز دېگىنە، مۇنۇ تەلەتى سۈرۈن مۇز چىرايلاردىن قۇتۇلارمىزمۇ ئۇكا؟

— ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار، دەپتىكەن، — دېدى ئۇ كۇلۇمسىرەپ، — بەلكى قۇتۇلۇپ غەمدە قالغان بېشىمىز ئوڭلىنىپ كېتەر... — كارۋان بېشىنىڭ شۇنداق دېيىشىگە سەۋەب بار ئىدى. كارۋان بېشى زەينىدىنىنىڭ يېقىن تونۇشى ئىدى. ئۇ پەنجىم، خۇدىيارىيۇزى، كېپەكيۈزى قاتارلىق يېزىلارنىڭ دېھقانلىرىغا ھارۋا سەيسىسى چۈشۈپ ئۇلار ماڭماقچى بولغاندا، زەينىدىن كارۋان بېشى بىلەن كۆرۈشكەن، داخىيەنزە ئەتراپىدا بىر گۇرۇپپا قوراللىق پارتىزانلارنىڭ كارۋاننى قوغداپ كېتىپ بارغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە ئوق ئېتىپ، ئۇلارنىڭ قولىدىكى كىيىملەرنى تارتىۋالىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى ئىلقىغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

— ئۇنداقتا بىز نېمە ئىش قىلىپ بېرىمىز؟ — دېگەنىدى كارۋان بېشى بۇ گەپكە قىزىقىپ.

— بىز ئۇلارغا تېگىش قىلغاندا، ئۆزۈڭلەرنى دالدىلىق يەرلەرگە ئېلىپ، بىزگە ماسلىشىپ بەرسەڭلار بولدى، قالغىنىنى ئۆزىمىز بىلىمىز، — دېگەنىدى زەينىدىن جېكىلەپ.

كارۋان بېشىنىڭ كۆزى ئەتراپتا، چاتقاللىقلار، ھەربىر توپ يۇلغۇنلارغىچە سەپسېلىپ كېتىپ بارىدۇ، كېلىدىغانلارنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتىدۇ. بىردەم كارۋاننىڭ ئالدىغا كېلىپ، بىردەم كەينىگە ئۆتۈپ، كۆڭلى تارتقان ئادەملەرگە بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈۋاتىدۇ. ئاڭلىغانلارمۇ خۇش بولۇپ، قىن - قىنىغا پاتماي قىلىۋاتىدۇ ۋە ئەتراپقا سىنچىلاپ قاراۋاتىدۇ.

Altunoq

كارۋانمۇ ئاسانلىقچە يولغا چىققان ئەمەس، يولغا چىقىشقا قارشى-لىقمۇ قىلغان، لېكىن قارشىلىقىنى ئاقتۇرالمىغان. ئۇنداق بولۇشى بۇ يىل ئاشلىق ياخشى ئوخشىمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرلۇك ئالۋاڭ ـ ياساقلار كۆپىيىپ ئېغىرلىشىپ كەتكەن. كۇنىنىڭ قاتتىقلىقىدىن ھېچ ئىلاج قىلالماي، جان ساقلاش ئۈ-چۈن ئۆز ئارا سۆزلىشىپ تاغدىن ياغاچ كېسىپ كېلىپ ساتساق بولارمۇ ياكى خاڭلارغا چۈشۈپ كۆمۈر تارتساق بولارمۇ ۋە ياكى شەھەرگە كىرىپ مەدىكارچىلىق قىلساق بولارمۇ دەپ تۇرغاندا، ھۆكۈمەت پەرمان چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى شىخوغا ماڭغۇزماقچى بولغان. ئۇلار ئۆز ئارا پىچىرلىشىپ، هارۋىلارنى كۆيدۈرۈۋې-تىپ، ئاتلارنى تاغقا چىقىرىۋەتسەك قانداق بولار، دېيىشىۋاتقان-دا، يېزىلارغا چىققان ھەربىي ئەمەلدار: «ئاتلىرىڭلارنى تاقى-لىتىمىز، يەم ـ بوغۇزنى ئاشۇرۇپ بېرىمىز ھەم پۇلىنىمۇ تۆلەپ بېرىمىز»، دەپ تۇرۇۋالغان. بۇ پەرماندىن قۇتۇلماقمۇ تەسكە چۈشكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ ئۇزۇن يولغا چىققان. راست، ئاتلارنى تاقىلاتتى، يەم ـ بوغۇزنىمۇ بېرىۋاتىدۇ، لېكىن هازىر-غىچە پۇل بەرگىنى يوق. قايتىپ كەلگەندە بېرىمىز دەيدۇ، راستىنلا بېرەمدۇ، بەرمەمدۇ، بۇنى خۇدا بىلىدۇ.

ئىززەت كوماندىرىمۇ تۆت ئەترايقا زەن قويۇپ، دىققەت قىلىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئەندىشىسى باشقىلارنىڭكىدىن كۈچ-لۈك. چۈنكى، سەپەرگە مېڭىشتىن بۇرۇن باشلىقى: يولدا پەخەس بولۇڭلار، ئالتە ئوغرىنىڭ ئادەملىرىگە ئۇچراپ قېلى-شىڭلار مۇمكىن، ئەگەر ئۇچراپ قېلىپ سىلەرگە ھۇجۇم قىل-سا، قاتتىق ئېلىشىڭلار، كېيىم ـ كېچەكلەرنى ئۇلارغا ھەرگىز بېرىپ قويماڭلار، دەپ قاتتىق تاپىلىغانىدى. ئەسكەرلىرىگە ئەندىشە ـ قورقۇنچ سېلىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇ بۇ گەپلەرنى باشلىقىنىڭ تاپشۇرمىسى بويىچە ئۇلارغا دېمىدى. شۇڭلاشقا، ھەركۈنى كېچىسى قەيەرنى قونالغۇ قىلسا، شۇ يەرگە ئون نەپەر

ئەسكىرىنى پوستقا قويۇپ، ئۆزىمۇ ئاز ئۇخلاپ ماڭدى. شۇ تاپتا ئۇ ئەندىشىلىك خىياللارغا پېتىپ، بەش كۈنلۈك سەپىرىنىڭ تىنچ ئۆتۈپ كەتكىنىگە خۇش بولۇپ، قالغان سەپىرىدىن ئەندىشە قىلىپ، تۆت ئەتراپىغا يالت - يۇلت قاراپ كېتىپ باراتتى.

داخىيەنزىگە ئاز قالغاندا، تۇيۇقسىز چاقماق چاققاندەك تالڭ - تۇلڭ قىلىپ ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئوقنىڭ قاياقتىن چىققانلىقىنى ھېچكىم سەزمەي قالدى. ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭلا ئۈچ ئادەم ئات ئۈستىدىن غۇلاپ چۈشتى. بۇنىڭ بىرى ئالدىدا كېلىۋاتقان ئىزۋۆت كوماندىرى، ئىككىسى ئۇنىڭ كەينىدە كېلىۋاتقان ئەسكىرى ئىدى. جىمجىت كېلىۋاتقان كارۋان بىردىنلا پاتىپاراقچىلىققا چۈشتى. زەيىندىن باشچىلىقىدىكى ئون نەپەر قوراللىق پارتىزان بۇنىڭدىن بىر سائەت ئىلگىرى كېلىپ، بۇ يەرگە — يۇلغۇنلۇق، چاتقاللىقلار ئارىسىغا يوشۇرۇنغانىدى؛ تېزلىك بىلەن ئاتلانغان پارتىزانلار ئاپتومات، مىلتىقلىرىدىن ئوق ئۈزۈپ قىقاس - چۇقان بىلەن ئوقتەك ئۇچۇپ كەلمەكتە ئىدى. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئىشتىن ئۆڭى ئۆچۈپ، كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتىشكە ئاز قالغان ئەسكەرلەر بويۇنلىرىغا ئاسقان قوراللىرىنى ئالغۇچە، يەنە بىرقانچىسى يىقىلدى. ئېتىدىن چۈشۈپ ئۆزىنى ھارۋىنىڭ دالدىسىغا ئېلىپ، ئالدىدا كېلىۋاتقان زەيىندىننى نىشانغا ئالغان يوغان باش ئەسكەر كارۋان بېشىنىڭ كەينىدىن كېلىپ كۈچىنىپ تۇرۇپ ئۇرغان قامچىسىدىن يىقىلدى. پارتىزانلار قىقاس - چۇقان بىلەن يېتىپ كەلدى. قىشلىق كىيىم - كېچەكلەرنى قوغداپ كېلىۋاتقان قىسىمنىڭ ھايات قالغانلىرى قوراللىرىنى تاشلاپ قولىنى كۆتۈردى. ئۇلار ئەتىگەندىن بېرى سوغۇقتىن تىترىگەن بولسا، مانا ئەمدى پارتىزانلاردىن قورقۇپ، ھايات قالارمىزمۇ، دەپ تىترىمەكتە ئىدى.

تاغ تەرەپتىن بىرنەچچە كىشىنىڭ تۆگە ۋە ياۋىداق ئاتلارنى

ھەيدەپ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈندى.

— زەيىنىدىن ئىكەنسىزغۇ، ئۇكاموي... — كارۋان بېشى زەيىندىننىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئاتتىن چۈشتى:

— قالتىس يەردە ئۇچرىشىپ قالدۇق - ھە؟

— قاراڭ سىزنى... ئۇچرىشىپ قېلىشىمىزنى بىلەتتىمكىزكەن - دە، داخىيەنزىدە پەيدا بولىدىغان مەن دېسىگىز بولماسمىدى... ئۇلۇغ ئىشلارنى تەۋرىتىپسىلەر جۇمۇ، بىزنىڭمۇ جېنىمىز پىدا ئۇكا، مۇنۇ ئۆلەرمەنلەرنى ئېتىۋەتمەمسىلەر؟

— قول كۆتۈرگەنلەرنى ئاتساق بولمايدۇ.

— غۇلجىغا مۇشۇنداق قول كۆتۈرۈپ بارسا، باشلىقلىرى بەرىبىر ئېتىۋېتەر؟

— ئۇلار نېمە قىلسا ئۆزلىرىنىڭ ئىشى.

تۆگە، ئاتلارغا ھارۋىلاردىكى قىشلىق كىيىم - كېچەكلەر ئارتىلىپ مەھكەم چىگىلدى. ئەسىرلەر جىڭغا يولغا سېلىندى. يۈكلەر تاغ تەرەپكە — ئاچالىغا ماڭدۇرۇلدى.

— سىزمۇ ئىلىغا ماڭامسىز؟

— ئەھۋالغا قارايمەن. سىلەر غۇلجىغا قايتىڭلار، ئەمما ئىككى - ئۈچ ھەپتىگىچە ھۆكۈمەتنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەڭلار، خوش، — زەيىندىن ئەسىرلەر كۆزدىن يىتىپ، خېلى ۋاقىتقىچە ئۇلارنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇردى - دە، سەپداشلىرىغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ئات سالدى.

بىردەمدىن كېيىن ئۆلۈكلەر ئۈستىدە قۇزغۇنلارنىڭ ئۇچۇپ يۈرگەنلىكى كۆرۈندى.

# ئون ئۈچىنچى باب

## 1

غۇلجا تارىخىدا سۈرلۈك، پاجىئەلىك بىر كۈن باشلاندى.
تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن چىققان شامال بۈگۈن تاڭغا يېقىن بورانغا ئايلىنىپ، دەھشەتلىك ھۆركىرەپ توپىلارنى توزۇتتى، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ بەزىسىنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ تاشلىدى، بەزىسىنى قاراسلىتىپ سۇندۇرۇۋەتتى. ئەخلەت ـ چاۋارلارنى ئۇچۇرتۇپ قاياقلارغىدۇر پىرقىرىتىپ تاشلىدى. مارغايغان يوپۇرماقلار كوچىلاردىكى ئېرىق ۋە گوداڭلارغا تىقىلدى. ئۇچار قۇشلار، جان ـ جانىۋارلار ئۆچەكلىرىگە كىرىپ كېتىشتى. كۈن يۈزىنى توسۇپ چاڭ ـ توزانغا تولغان ئاسماندىن توپا يېغىپ شەھەر گويا خارابىلىككە ئايلانغاندەك كۆرۈمسىز ھەم سۈرلۈك، بىر تۈسكە كىرىپ قالدى.

باش ساقچى ھەم تارماق ساقچىلاردىن تېگىشلىك ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان چىرىكلەر ۋە يۇقىراچە كىيىنگەن ساقچى ئوفىتسېرلىرى تاڭنىڭ ئېتىشىنى كۈتۈپ، خۇددى چاشقاننى ماراپ ياتقان مۈشۈكتەك تەييارلىنىپ تۇرۇشاتتى.

تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ئۇلار ھەرىكەتكە كەلدى، قىلىچلىرىنى قېپىدىن چىقىرىپ، مىلتىق ـ تاپانچىلىرىنى بەتلەپ، نىشانلانغان ئورۇنلارغا قاراپ يۈگۈردى. «قىزىل پاچاقلار»، «ئىسيانچىلار»، «نىلقىدىكى ئالتە ئوغرى بىلەن مۇناسىۋىتى بار» دېيىلگەنلەرنى ۋە «گۇمانلىق ئادەملەر» نى بىراقلا تۇتۇش ئىشى

باشلاندى.

چېرىكلەر ۋە يۇقىراچە كىيىنگەن ساقچىلار يوگۇرگىنىچە كوچىلارغا كىردى ـ دە، ئالدىنئالا بەلگىلەنگەن دەرۋازىلارنى، ئىشىكلەرنى قاتتىق ئۇرۇشقا باشلىدى. تېز ئېچىلمىغان ئىشىك-لەرنى ئۇرۇپ ـ سۇندۇرۇپ ئۆيلەرگە باستۇرۇپ كىردى. ھايال قىلماي ئۇلار كىرگەن ئۆيلەردىن قورقۇپ كەتكەن بالىلارنىڭ قىيا ـ چىيا قىلغان ئاۋازلىرى، ئاياللارنىڭ داد ـ پەريادلىرى ۋە بوۋاي ـ موماينلارنىڭ نالىلىرى كۆتۈرۈلدى.

چولڭ كوچىلاردا، تار ھەم يان كوچىلارنىڭ دوقمۇشلىرىدا ئىككىدىن ـ ئۈچتىن چېرىكلەر تۇرۇۋېلىپ، بىرمۇ ئادەمنىڭ ئۆيلىرىدىن، قورۇلىرىدىن چىقىشقا رۇخسەت قىلمىدى. بازاردا دۇكانلار تاقىلىپ، سودا ـ سېتىق توختىدى. بوش ۋە ۋاڭ ـ چۇڭسىز قالغان كوچىلارنى سۈر بېسىپ كەتتى.

مانا، ئۆيلەردىن قوللىرىغا كويزا سېلىنغان ياكى قوللىرى كەينىگە قىلىپ باغلانغان ئادەملەرنى چېرىكلەر ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ چىقىشتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن يىغا ـ زارە بىلەن ئەگە-شىپ چىققان ئاتا ـ ئانىلار ۋە بالا ـ چاقىلار خۇددى ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان چۈجىلەرنى ئەسلەتتى.

تۇتۇلغان بالىسىدىن ئەگىشىپ بىر موماي چىقىپ كەلدى. موماينىڭ كۈمۈش رەڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان، كۆڭلەكلىرى تى-تىلغان، چىرايى ئاقارغان بولۇپ، بىردە ھەيدىلىپ كېتىپ بارغان قىزىغا، بىردە مىلتىق تەڭلەپ كېتىپ بارغان چېرىككە ئېسىلاتتى ۋە ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا قاقشاپ نالە قىلاتتى. ئىككى قولى كەينىگە باغلانغان قىز ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىنىڭ ئوقۇغۇچىسى رەيھان ئىدى. قىز بېشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مەيدىسىنى كېرىپ، گويا ئانىسىنىڭ داد ـ پەريادىنى ئاڭلىمى-غاندەك مەردانە قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ چۇۋۇلغان قارا چاچلىرى يۈزلىرىگە چۈشكەن، كۆچلۈك شامال چاچلارنى

ئىككى تەرەپكە قايرىپ يەلپۈپ تۇراتتى.

— بالامنى قويۇپ بەر، قانخورلار، — دەيتتى موماي غەزەپلىك ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپ، — نېمە گۇناھى ئۈچۈن تۇتىشىسەن، ئېيتىنشە قېنى؟

رەيھان يېزىدىن تېزلا قايتىپ كىرگەنىدى. چۈنكى، ئۇ قانچە قىلىپمۇ بىرىنچى قېتىم كۆرۈپلا يۈرىكىدە ئىسسىق بىر تۇيغۇ پەيدا قىلغان مالاي يىگىت — نادەم بىلەن قايتا كۆرۈشەلـ ـمىدى. ۋارىسجاننىڭ تېتىقسىز قىلىقلىرى، ئانىسىنىڭ خۇشاـ ـمىتى ئۇنى بىزار قىلىۋەتكەن، شۇڭا ئۇنىڭ يۈرىكى قىسىلدى، ئىچى پۇشتى، ھاياتىدا نېمىدۇر بىرنېمە كەملىك قىلدى. ئۇ ئىچ پۇشۇقىنىڭ سەۋەبىنى تېپىش، سۆيۈملۈك دوستلىرى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇش ئۈچۈن شەھەرگە قايتىپ كىردى. ئەتىسىلا مەكتەپكە قاراپ ماڭغانىدى، ئانىسى ئۇنى توستى:

— جېنىم بالام، بارما، سەن كەتكەندىن كېيىن، دېدىمـ ـغۇ، مەكتىپىڭ تېخىمۇ ئەنسىزلىشىپ كېتىۋېتىپتۇدەك.

— نېمە دېگىنىڭ بۇ ئاپا، مەكتەپتىن، ساۋاقداشلىرىمدىن ئايرىلىپ قالسام بولامدۇ، نېمە ئىشلار بولۇپ كەتكىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشۈم كېرەك، — دېدى قىز ئانىسىغا، ئۇ ئاخىر ئانىسىنىڭ رايىغا باقماي مەكتەپكە كەلگەنىدى.

رەيھان يېزىغا چىقىپ كىرگەن ئارىلىقتا يەنە بىرنەچچە ساۋاقداشلىرىنىڭ تۇتۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتى. قىز ئىچى قايناپ، غەزەپتىن تىترەپ كەتتى ـ دە، يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئالامەتلەرگە پەرۋاسىزلىق قىلىپ يۈرۈشنى ئۆزىگە نومۇس دەپ بىلدى: «يېزىنىڭ ئادەملىرىنى نادان، ياۋاش دەيدۇ تېخى، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئەنە، نادەم يېزىنىڭ بىر مالاي بالىسىغۇ، غالۋارىغان ھېلىقى ساقچى ئەمەلدارىنىڭ راسا ئەدىپىنى بەردىغۇ، ئۇ شۇنچىلىك جۈرئەتلىك، ۋىجدانلىق يىگىت ئىكەنغۇ، بىزدە شۇنچىلىك جۈرئەت، ۋىجدان، نومۇس يوقمۇ؟ شۇنچە

زورلۇق، دـاھەقچىلىكلەرگە نەپرەتلەنمەي، موللا مۇشۇك بو-
لۇپ يۈرەمدۇق؟ . . . » ئۇ كەچكى تاماق ۋاقتىدا مەكتەپ ئاشخا-
نىسىدا ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ جۇرئەتلىك بىلەن قايناپ
تۇرۇپ مۇنداق نۇتۇق سۆزلىگەنىدى:

— ساۋاقداشلار! ھازىر مەكتىپىمىزدە بىرقانچىلىغان
ئۇستازلىرىمىز، ساۋاقداشلىرىمىز تۇتۇپ كېتىلدى، ئۇلارنىڭ
گۇناھى نېمە؟ بىز بىلمەيمىز. مەكتەپ تەشكىلىنىڭ بۇنىڭ
بىلەن نېمىشقا كارى بولمايدۇ، بۇ ئىشنى بىز نېمىشقا سۈرۈش-
تۈرمەيمىز؟ بىز بىر ـ بىرىمىزگە نېمىشقا مەسئۇل بولمايمىز؟
ھەممىمىزنى تۇتۇپ بولغۇچە قاراپ تۇرىمىزمۇ؟ ئويلاپ باقايلى،
ساۋاقداشلار، گومىنداڭچىلار بىزنى نېمىشقا ئادەم قاتارىدا كۆر-
مەيدۇ؟ نېمىشقا بىزنى خالىغانچە بوزەك قىلالايدۇ؟ گۇناھسىز
ئادەملەرنى خالىغانچە تۇتقۇن قىلالايدۇ، ئۇنىڭ ئاغزىدىكى «بارا-
ۋەرلىك» ، «خەلقچىللىق» ، «ئادىللىق» دېگەنلەر نەگە كەتتى؟
بىز نېمە قىلسا خوپ دەپ يۈرەمدۇق؟ قاراڭلار! كوچىلاردا،
ئۆي ـ ئۆيلەردە نېمە ئالامەتلەر بولۇۋاتىدۇ، بىر يەردە زورلۇق،
بىر يەردە يىغا ـ زارە، بىر يەردە قان. . . بىـر يـەردە
ئۆلۈم. . . بىز بۇلارنى كۆرمەسكە سېلىپ، قۇلاق يۇپۇرۇپ
يۈرەمدۇق؟ ھېچبولمىغاندا ھۆكۈمەت ئالدىدا ھەققانىي گېپىمىز-
نى قىلىش، ھەققانىي مەيداندا تۇرۇش بىزنىڭ قولىمىزدىن
كەلمەمدۇ؟ بەزى ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ ھەققانىي گەپلىرى،
نۇتۇقلىرى، بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدلىرى ئېسىمىزدىن چىقتىمۇ؟
ئۇنىڭ ئەھدىسىدىن چىققۇدەك ئىرادە، كۈچ، ۋىجدان بىزدە
يوقمۇ؟

ئۇنىڭ كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ، يۈزىگە چىپ-
چىلغان بىرنەچچە تال چېچى تىترەيتتى، چىرايى سۇرلۇك تۈس
ئالغانىدى. ئۇ قۇرۇغان لەۋلىرىنى نەمدەپ قويۇپ سۆزىنى دا-
ۋاملاشتۇردى:

— بىز مەكتەپ تەشكىلىنىڭ ئاغزىغا قارىدۇق، ئاغزىغا قاراپ مەشەگە كەلدۇق، لېكىن ھەق سادا چىقمىدى، كېيىن بىلسەك ئۇلارنىڭ ساقچىلار بىلەن، ھېلىقى مولۇندەك قارىشىپ يۈرگەن كۆك چاپانلىقلار بىلەن تىلى بىر ئىكەن. بىز ئەمدى چۈشەندۇق، جۈرئەت قىلىپ باش ساقچى ئىدارىسىگە بېرىشىمىز، تۇتۇلۇپ كېتىلگەنلەرنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىشىمىز كېرەك. ئۇلارنىڭ گۇناھسىزلىقىنى جاكارلىتىپ، ياندۇرۇپ چىقىشقا جىددىي ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك...!

شۇ چاغدا ھاياجانلانغان ئوقۇغۇچىلار چاۋاك چېلىشىپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ماقۇللاشقانىدى. مانا شۇ سۆزى ئۈچۈن رەيھان بۈگۈن تۇتۇلدى.

بىر چېرىك مىلتىقىنىڭ قوندىقى بىلەن ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلگەن موماينىڭ مەيدىسىگە ئۇرغانىدى، موماي كەينىگە سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىپ چۈشتى - دە، يېتىپ قالدى. رەيھان كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ:

— ئاپا! ئاپام...! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى بورانغا قوشۇلۇپ ساداسىز يوقىلىپ كەتتى.

چېرىك مىلتىقىنىڭ قوندىقى بىلەن ئۇنى ئالدىغا ئىتتەردى، قىز تىرەجەپ تۇرۇۋېلىپ بىردىنلا ئالغا ئېتىلىپ چىقىپ ھېلىقى چېرىكنى كۆچەپ قاتتىق تەپتى، چېرىك ئوڭدىسىغا چۈشتى - دە، ئىككى دومىلاپ بېرىپ ئېرىقنىڭ ئىچىگە تىقىلدى. قولىدىكى مىلتىقى قاڭقىپ نېرىغا چۈشتى. شۇنىڭدىن كېيىن باشقا چېرىكلەر رەيھاننىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇپ ئۇنى يىقىتتى ھەم دەسسەپ كېتىشتى. قىز ھوشىدىن كەتتى، ساقچىلار ئۇنى سۆرەپ ماڭدى. ئۇ ھوشىغا كەلگەندە قاتتىق ئازاب ۋە خورلۇق ھېس قىلدى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى قوغدايدىغان ئادەمنىڭ بولۇشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئادەم... يېزىلىق شۇ مالاي يىگىت، رەيھانغا ئېسىلغان ئوفىتسېرنىڭ ئەدىپىنى

راسا كېلىشتۈرۈپ بەرگەن ئەمەسمىدى، نېمىدېگەن جۇرئەتلىك، نېمىدېگەن ۋىجدانلىق، قورقماس يىگىت ـ ھە؟ ھازىر ئۇ بۇ يەردە بولغان بولسا، چېرىكلەرگە شىردەك ئېتىلماسمىدى، قاندىچىسىنى يەرگە ئۇرۇپ، رەيھاننى ھىمايە قىلماسمىدى. . . مانا، چېرىكلەر يەنە بىر تار كوچىدىن ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى چا ساقاللىق بىر ئادەمنى ھەيدەپ چىقماقتا، ئەمما ئۇنىڭ قولى باغلانمىغان، يېنىدا بىللە كېلىۋاتقان پۇقراچە كىيىنگەن بىرسى ئۇنىڭغا قاراپ:

— بالاڭنىڭ نەدىلىكىنى ئېيتامسەن ـ يوقمۇ؟ ياخشىلىقنى ئىزدەمسەن ـ يامانلىقنىمۇ؟ — دېدى تەرىنى تۈرۈپ.

— ئېيتمىۋاتىمەنغۇ، ئۇچ كۈننىڭ ئالدىدا چىقىپ كەتكەن دەپ، نەگە بارىدىغانلىقىنى ھازىرقى ياشلار ئاتا ـ ئانىسىغا ئېيتامدۇ، — دېدى چا ساقاللىق كىشى، — ئەزبىرايى، مەن بىلمەيمەن.

— سەن بىلمەيسەن، شۇقداقمۇ ـ ھە. . . مەن سېنى ھازىر بىلدىغان قىلىمەن، ھازىر بىلىدىغان يەرگە ئاپىرىمەن، توختاپ تۇر، — دېدى ئۇ پارقىرىغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىككىنىچە، ئۇنىڭ چىرايىدىن ۋەھشىيلىك يىغىپ تۇراتتى.

ھەربىر ئۆيدىن تۇتۇپ چىققان ئادەملەرنى كىچىك كوچىلاردىن ئېلىپ چىقىپ، بوش ۋە جىمجىت قالغان چوڭ كوچىغا يىغدى. شۇ ئەسنادا ساندۇق كوزۇپلۇق قىزىل سىرلانغان ئىككى ماشىنا چىرقىراپ كېلىپ توختىدى، پۇقراچە كىيىنگەن بىرسى ماشىنىنىڭ كەينىدىكى ئىشىكنى جالاقلىتىپ ئاچتى. تۇتۇلغان ئادەملەرنى ئىتتىرىشىپ چىقىرىپ، ساندۇقنىڭ ئىچىگە سولىدى. ئىشىك ئېتىلىشى بىلەنلا ماشىنا يەنە دەھشەتلىك چىرقىراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

شامال گۈركىرىمەكتە، دەل ـ دەرەخلەر شاۋقۇن سالماقتا. «ھۆكۈمەتنىڭ ئالتە ئوغرى دېگىنى ئىنقىلابچىلار ئىكەن»،

«ئىنقىلابچىلار ھازىر نىلقىدا غەلىبە قىلىۋېتىپتۇ»، «ئازادلىق تەشكىلاتى ھازىر قالتىس ئىشلەۋاتىدۇ»، «خەلقنىڭ ئاھ - دادىغا يېتىدىغانلار چىقىپ قالدى» دېگەن گەپ - سۆزلەر ئېغىزدىن - ئېغىزغا، قۇلاقتىن - قۇلاققا ئۆتۈپ، پەقەت غۇلجا شەھىرىدىلا ئەمەس، بەلكى ئىلى تەۋەسىدە قاتتىق غۇلغۇلا قوزغىغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇ ئىشنى «ئىلى ۋەقەسى» دەپ ئاتىدى. «ئىلى ۋەقەسى» دېگەن بۇ گەپ چىقىشى بىلەنلا، ھۆكۈمەت ئىچىدە دەررۇ قانداقتۇر بىر ۋەھىمە پەيدا بولۇپ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئەنسىزلىككە چۈشۈپ، ئولتۇرسا - قوپسا شۇنىلا ئويلايدىغان، شۇنىلا سۆزلەيدىغان، ئويلىغانسېرى تېخىمۇ قورقىدىغان، ھەتتا كېچىلىرى چۈشىدىمۇ «ئىلى ۋەقەسى» نى چۈشەپ، جۆيلۈپ ئويغىنىپ كېتىدىغان، ئۆيدىمۇ، تالادىمۇ ئۆزىنى سۇر بېسىپ تۇرىدىغان بىر ھالەت پەيدا بولۇپ قالغانىدى. يۇقىرىدا يۈز بېرىۋاتقان ئالامەتلەر مۇناسىۋىتى بىلەن يېقىندا ئۆلكىلىك ساقچىدىن ئالتە نەپەر كانۋېينى ئەگەشتۈرۈپ ليۇ بىندې ئىسىملىك ئەمەلدار كەلگەنىدى. ئۇ «ئىلى ۋەقەسى» نى تىنجىتىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان تەدبىرلەرنى قوللاندى. بۇگۈنكى مۇنۇ دەھشەتلىك تۇتقۇن ئەنە شۇ تەدبىرلەرنىڭ بىرى ئىدى.

## 2

ئەختەمباي مەنسۇرشاڭيونىڭ گېپىنى تولۇق ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— بۇ ئىشنى ھۆكۈمەتكە ۋاقتىدا مەلۇم قىلىش كېرەك، كېچىكتۇرۇشكە ھەرگىز بولمايدۇ، زادى بوشاڭلىق قىلما.

— تەقسىر، بىراق ئۇنىڭ ياتىقىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ كىملىكىنى ھازىرچە بىلمىدۇق، ئەگەر ئۇلار

Altunoq

كىملەر دەپ سوراپ قالسا نېمە دەيمىز؟ — دېدى مەنسۇر شاڭيو.

ئەختەمباي ئويلىنىپ قالدى.

باش ساقچى ئىدارىسى يېقىندا شەھەر، ناھىيە، رايون، يېزىلارغىچە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكەت قىلغان، خەلقنى قۇتراتقان، كېچىلىرى ئۇخلىماي بىر يەرگە يىغىلىپ گەپ ـ سۆز قىلغان، «ئالتە ئوغرى» بىلەن مۇناسىۋەتى بولغان ياكى مۇناسىۋەتى بار دەپ گۇمان قىلىنغان ئادەملەرنى مەلۇم قىلىشنى تەلەپ قىلغانىدى.

— سەن كىرىپ مۇنداق دېمەمسەن، — دېدى ئەختەمباي خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، — «ئۇنىڭ ياتىقىدا بەزى كۈنلىرى يېرىم كېچىگىچە ھەتتاكى تاڭ ئاتقۇچە گۇدۇڭلىشىپ پاراڭ قىلىپ مەجلىس ئېچىپ چىقىدىغانلار بار، ئۇلارنىڭ كىملىكىنى بايقايلى دېگۈچە، ۋاقىت ئۆتۈپ كەتمىسۇن، ۋاقتىدا مۇشۇنى بولىسمۇ مەلۇم قىلايلى، دېدۇق. يېقىن ئارىدا ئۇلارنىڭ كىملىكىنى ئېنىقلاپ يەنە مەلۇم قىلماقچىمىز». قانداق دەيسەن؟ بەلكى شۇنىڭ ئۆزىنىلا ئەكىرىپ كەتسە، قالغانلىرىنى سوراق بىلەن بىلىۋېلىش تەس دەمسەن. بۇ يەردە بۇقىدەك ھۆركىرىگىرگەنلەر ئۇ يەرگە كىرگەندە، موللا مۇشۇك بولۇپ، بۇگۈنكىنى دەيمۇ، تۈنۈگۈنكىنى دەيمۇ، دەپ تىترەپ كېتىدۇ، ھەي ساددا شاڭيو.

— تەقسىر، بۇ ھۆكۈمەتمۇ، ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ بەك ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئويلاپ ئىش قىلايلى دەيمىنا، بىز ئۇلارنى چاققان بىلەن ئەتە ـ ئۆگۈن ئۇنىڭ سورىقى بولۇپ قالارمىكىن...

— سورىقى بولسا نېمە قورقىسەن، سەن دېگەن ئاۋام خەلق سايلىغان، ھۆكۈمەت تەستىقلىغان شاڭيو، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلمىسام بولامدۇ، دېمەمسەن، كىم

شاڭيو بولسىمۇ دەيدىغان گەپ بۇ.
— مۇنۇ نىلقىدىكى ئىش ئالتە تولۇق - توكىنىڭ ئىشى ئەمەستەك قىلىدۇ، ئۇلار شەھەرگە بىسىپ كىرسە قانداق قىلىمىز؟
— ھەي ئەخمەق شاڭيو، ناۋادا ئۇلار شەھەرگە بىسىپ كىرسە، ساڭا، ماڭا تەگمەيدۇ، ئۇلار گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى. ئۇلارغىمۇ پۇقرا كېرەك، ئۇلارنى قوللاپ، دېگىنىنى قىلىپ يۈرۈۋېرىسەن، «ئەل قايان، سەن شۇيان» ئەمەسمۇ . . . بىسىپ كىرسە، مەنمۇ، سەنمۇ ئۇلارنى باقمىمىز تېخى، ئەگەر ھۆكۈمەت- نى قۇرۇۋالسا، ئۇلارمۇ خەلققە سېلىق سالىدۇ، سەن يەنە كېرەك بولىسەن، بولمىسا قانداق يۇت دەسسەپ تۇرىدۇ، دەي- سەن. ئەمما، شۇنى بىلگىنكى، ئۇلارنىڭ سېلىقى بۇلارنىڭكە- دىن يەڭگىل بولىدۇ. سېلىق ئېغىر بولغاچقا ئۇلار گومىنداڭغا قارشى قوزغىلىۋاتىدۇ. شۇنىمۇ مۆلچەرلىيەلمىدىڭما؟
— مەيلى ئەممە، شۇنى بولسىمۇ مەلۇم قىلىپ تۇراي.
— ھۆكۈمەت ئۆلتۈرۈش چىقارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا جاۋاب قىلىش كېرەك ئەمەسمۇ، بۇنداق ئىشنى ھەرگىز بوش چاغلىماسلىق كېرەك، بۇ ئەپەندى دېگەن خەقتىن ھەر بالا چىقى- دىكەن. ھېلىقى ناسىرنىڭ ئوغلى نادىر دېگەنمۇ ئەپەندى ئەمەس- مىدى، ئەنە شۇمۇ، ھەممە بالانى تېرىپ ھۆكۈمەتكە قارشى چىقىپ، ئاخىر ئۆز بېشىنى يېدىغۇ. . .
ئەختەمباينىڭ شۇ سۆزلىرىدىن كېيىن، مەنسۇر شاڭيونىڭ ئالدىدا كەلگ يول ئېچىلغاندەك بولدى - دە، ئويلىنىپ ئولتۇر- مايلا شۇ كۈنى شەھەرگە ئات چاپتى.
مەنسۇر شاڭيو چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆيگە ھۆرنىسا- خان ئېتىلىپ كىردى:
— نېمە؟ ئۆنى تۆتۈپ بېرەمسىلەر؟ ھۆرلىقا قانداق قىلى- دۇ؟ جىم ياتقان يىلاننىڭ بېشىنى دەسسىگەندەك قىزنىڭ خىيا- لىدا يوق ئىشنى ئۆزلىرى قوزغىدىلا، ھۆرلىقا ھازىر چوقۇر

ئەپەندىگە ئوت ـ كاۋاپ بولۇپ كۆيۈپ يۈرىدۇ، ــــ ئۇ ئاچچىق ـ لاندى، ــــ تۇتۇپ كەتسە ھۆرلىقا نېمە بولار؟

ــــ قوي خوتۇن! ــــ دېدى ئەختەمباي چېچىلىپ، ــــ ئۇ چاغدا شەپقەت قىلغىنىممۇ توغرا ئىدى، ھازىر بۇنداقلارنى تۇتۇپ بەرگەنمۇ توغرا، لېكىن بىرىگە تىنغۇچى بولما، يامىنىغا كەلسە مەنسۇر تۇتۇپ بەرگەن دەپ قۇتۇلىمەن كىم بىلىدۇ، بۇ «ئالتە ئوغرى» دېگەننى كېيىن يۇرت سورامدۇ تېخى!

ئۇلارنىڭ سارايدا قىلىشقان گېپى يان ئۆيگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆيدە ھۆرنىساخانىنىڭ سىڭلىسىنىڭ قىزى ھۆرلىقا ئىسىملىك گۈزەل قىز ئالىقانلىرى بىلەن ئېڭىكىنى تىرەپ، دېرىزە يېنىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. باي ئۇ قىزنى ئەنۋەر-گە چېتىپ قويۇش ئۈچۈن بىرنەچچە يىل بۇرۇن بۇ يەرگە ئەكەل-دۈرگەن. ھۆرنىساخان قىزنى ئەپلىك پەيتلەرنى تېپىپ ئەنۋەر بىلەن ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئۇچراشتۇردى. دەسلەپكى قېتىمدا قىزغا بۇ چوقۇر ئەپەندى بىر قىسما كۆرۈندى، لېكىن ئوقۇتقۇ-چىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ جايىدىلىقى، كىيىم ـ كېچەكلىرى-نىڭ پاكىز ـ رەتلىكلىكى، ئەخلاقىي ـ پەزىلىتى، ئاياللارغا بولغان تەبىئىي ھۆرمىتى قىزنى تەسىرلەندۈرۈپ قويدى. شۇ كۈنى كېچىسى قىز يېرىم كېچىگىچە ئويلاپ چىقتى: چوقۇرلە-قىلا بولمىسا چىرايىمۇ يامان ئەمەس، چىرايىغا چاي قۇيۇپ ئىچكىلى بولاتتىمۇ. كەمبەغەل بولسا مەيلى ئەمەسمۇ، مېنى تېخىمۇ ھۆرمەت قىلىدىغان بولىدۇ، گېپىمدىن چىقمايدۇ. باي باللىرىغا تەگسەم، مېنى خارلاپ قويسا، ئۇنىڭدىن ئارتۇق دەرد بولامدۇ، يامانلىسام، ياش تۇرۇپ تۇل قالسام تۇگىمەس ئازاب. ئۇ چاغدا تۇرمۇش لەززىتى قېنى؟ «ئېيىق بولسىمۇ ئېرىم بولسۇن» دېگەنلەر بىكار ئېيتىمىغاندۇ، ئەڭ ياخشىسى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ يوقلۇقى، ماڭا قېيناندا-دارچىلىق قىلىدىغىنى يوق، نېمە قىلسام شۇنى قىلىمەن، ماڭا

كۆرپە سالمىدى، چىنىنى چىنىگە ئۇردى، دېگەنلەردىن خالىي، ھېچنېمىسى بولمىغاندىن كېيىن، «بالا قۇل» بولۇپلا ئۆيگە كىرسە، بىزنىڭ يالغۇزلۇقىمىزدا ئائىلىمىزگە پاشپاناھ بولمامدۇ، سىڭىللىرىمنىڭ بېشىنى سىلاپ ئوقۇتامدۇ. باشقا يەرگە ياتلىق بولۇپ كەتسەم، ئاپام، سىڭىللىرىم قانداق قىلىدۇ؟ بىزنىڭ ئائىلىگە تازا بابكەن، باي ئاتامنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن، تازا مۇۋاپىق ئادەم تېپىپتۇ. ھۆر ھەدەمگە ئېيتاي، مەيلى دەي...

مانا شۇنداق شېرىن خىياللار بىلەن ھۆرلىقانىڭ كۆڭلىدە شۇ كۈنى كېچىسىلا ئەنۋەر ئەپەندىگە نىسبەتەن ئىسسىق بىر تۇيغۇ پەيدا بولۇپ قالدى. ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشكەندىن كېيىن، بۇ ئىسسىق تۇيغۇ مۇھەببەت ـ كۆيۈككە ئايلاندى. بىراق، ئېچىنىشلىق يېرى ھۆرلىقا ئەنۋەر ئەپەندىدىن مۇھەببەتلىك سۆز ئاڭلىيالمىدى. ئۆزى ئويلىغانلىرىنى دەي دېسە، قىزلىق نومۇسى يول قويمىدى. مانا مۇشۇ تەرىپى ئۇنى قىيناشقا باشلىدى. مۇھەببەت ئوتى ئوچاقتا يانغان ئوتقا ئوخشىمايدۇ، ئۇ بەزىدە يانىدۇ، بەزىدە ئۆچىدۇ، ئەمما مۇھەببەت ئوتىنى ئۆچۈرگىلى بولمايدۇ. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇ چوقۇر ئەپەندىگە ئوت ـ كاۋاپ بولۇپ كۆيۈشكە باشلىدى. ئالدىدىكى خۇشال كۈنلەرنى كۈتۈپ بۇ ئۆيدىن كەتمىدى.

بۇ باينى بايىقىدەك قورقۇنچلۇق خۇپىيانە پارالڭ قىلىدۇ، دەپ ئەسلا ئويلىمىغان. ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلىغاندا دەسلىپىدە پۈت ـ قولىدا جان قالمىدى، كېيىن ئاستا ـ ئاستا دەرمانىنى يىغىپ، ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى.

## 3

ئۇلارنىڭ قەدىمى شەھەر سىرتىغىمۇ تاشلاندى.

چۈشتىن كېيىنكى مەزگىل، ھاۋا تۇتۇق، يامغۇر ياغمىغان

بىلەن ئاسماندا ساڭگىلىشىپ تۇرغان قارامتۇل كۆكۈچ بۇلۇتلار گويا قايغۇلۇق كۆڭۈلگە ئوخشايدۇ.

يېزا يولىدا تۆت ئاتلىق كىشى كېتىپ باراتتى. ئالدىدىراق ماڭغان يالغۇز بىرى ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئەمەلدارى بولۇپ، پۇقراچە كىيىنىۋالغان، بېلىدىكى بەلۋاغقا ئېسىقلىق تۇرغان تاپانچىسىنى چاپىنىنىڭ پېشى يېپىۋالغانىدى. قالغان ئۈچى گو- مىنداڭ چېرىكلىرى بولۇپ، مىلتىقىنىڭ بېغىنى قولتۇق ئاس- تىدىن ئېلىپ بوينىغا ئېسىۋالغان. ئۇلار ئەتراپقا كۆز سىلى- شىپ، ئۆزئارا پاراڭ قىلىشىپ باراتتى. ئالدىدىكى ئەمەلدار بولسا، ھېچ نەرسىگە دىققەت قىلماي ۋەھىمىلىك خىياللار بىلەن قورقۇش، ئەنسىزلىك ئىلكىدە كېتىپ باراتتى.

«ئەگەر قارشىلىق قىلسا قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۆزى يالغۇز بولسىمۇ بىر نۆرى، مىلتىقلارنى بەتلەپ كىرىش كېرەك. قارشىلىق قىلسا ياكى بىزگە ھۇجۇم قىلسا بىرنى ئاتارمىز، ئىككىنى ئاتارمىز، قالغانلىرى قاراپ تۇرامدۇ، بىزگە يېپىش- ماسمۇ، ئۇلاردا قورال بولسىچۇ؟ ھازىر خەلقنىڭ پەيلى يامان... — ئۇنىڭ خىياللىرى بارغانسېرى چىگىش- لەشتى، — ئەگەر ئالدىمىزغا يېزىنىڭ پۈتۈن دېھقانلىرى ئارا ـ گۇرجەكنى كۆتۈرۈپ چىقىپ: يوقال كۆزىمىزدىن، سەن- لەرگە بوزەك بولىدىغان ئادەم يوق، ھېلى كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆر- ستىمىز، دېسە، قانداق قىلىش كېرەك...»

ئۇنىڭ ۋەھىمىلىك خىياللىرى تېخى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا، يول بويىدىكى يوغان بىر تۈپ چىغنىڭ كەينىدىن بىر توشقان چىقىپ قاچتى، ئەمەلدارنىڭ ئاستىدىكى ئات ئۈركۈپ تۇيۇقسىز- لا يانغا تاشلاندى. ئۇ ئات ئۈستىدىن يەرگە موللاق ئېتىپ چۈشتى ـ دە، خۇددى كۈچلۈك دۈشمىنىگە ئۇشتۇمتۇت دۇچ كېلىپ قالغاندەك، يېنىدىن تاپانچىسىنى ئالدىراپ ـ تېنەپ چىقىرىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئۇياق ـ بۇياققا قارىدى ۋە

توشقان قاچقان تەرەپكە ئىتتىكلا تاپانچا تەڭلىدى، ھەتتا ئوق ئۈزۈشكە تاسلا قالدى. قالغان ئۈچى بۇ كۈلكىلىك ھالەتنى كۆرۈپ پاراقلاپ كۈلۈپ كەتتى. بىراق، توپىغا بۇلغىنىپ بىر قىسما قىياپەتكە كېلىپ قالغان باشلىقنىڭ سوغۇق تەرىنى كۆرۈشى بىلەن كۈلكىلىرىدىن چىپپىدە توختاشتى - دە، ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى قېقىشقا باشلىدى. چېرىكلەر باشلىقنى ئۈركۈپ خارتىلداپ تۇرغان ئېتىغا تەسلىكتە مىندۈرۈپ يولىغا راۋان بولدى.

قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن مەزگىلدە ئۇلار مەنسۇر شائىيو بىلەن بىللە، ئەختەمسىبايىنىڭ يوغان دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلدى.

ئەنۋەر ئەپەندى، نادىم، گايىت، كېۋىر ۋە جامالىدىنلا ئاخىرقى ئۈچرىشىشتىن تارقالغاندا تۈن يېرىم بولغانىدى. ئۇ ياتىقىغا كىرىپ ئەمدىلا يېتىشىغا بىرى دېرىزىسىنى چەكتى، بۇ بۇرۇنقى چېكىشلەرگە ئوخشىمايتتى، ئەنۋەر ئويلىنىپ دېرىزە يېنىغا كەلدى:

— كىم؟

— بۇ مەن، ھۆرلىقا! — دېدى قىز تىترىگەن ئاۋاز بىلەن، — قېچىڭ، تېز قېچىڭ، سىلەرنى تۇتقىلى شەھەردىن چېرىكلەر چىقتى!

قىزنىڭ سۆزلىرى ئۈزۈك - ئۈزۈك چىقماقتا ئىدى. ئەنۋەر بۇنداق تۇتقۇن بولۇشنى ھېلىلا پەرەز قىلغان، لېكىن مۇنداق تېز بولۇشنى ئويلىمىغانىدى. جىددىي پەيتتە ئۆزىگە خەۋەر يەتكۈزگەن مۇنۇ بايىنىڭ قىزىغا يۈرىكىدە ھۆرمەت ۋە يەنە چۈشىنىپ بولمايدىغان يېقىملىق تۇيغۇ پەيدا بولدى - دە، ئۇ دېرىزىنى ئاچتى. قىز ئۆزىنى قاچۇرمىدى، بەلكى ئۆپكىدەپ يىغلىۋەتتى...

— مەن... مەن سىزنى... — قىزنىڭ ئۆپكىسى

ئۆرۈلۈپ، ئېيتماقچى بولغان سۆزىنى ئېيتالمىدى. بىراق، ۋۇجۇدىدىكى ئىشق - مۇھەببىتى ئىككى كۆزىدىن تامچا بولۇپ توختىماي تۆكۈلۈۋاتاتتى. ئەنۋەرچۇ؟ ئۇ، ھۆرلىقانىڭ ئۇزۇندىن بېرى ئۆزىگە كۆيۈپ - پىشىپ يۈرگەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. لېكىن، ئۆزى بۇ ھەقتە ئويلىشىپ باقمىغان، ھازىرقى پەيتتە، ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان جىددىي پەيتتە، مۇھەببەت كۈچى بىلەن بۇ يەرگە يۈگۈرۈپ - ھاسىراپ يېتىپ كەلگەن بۇ قىزغا يۈرىكىدە يېقىملىق تۇيغۇ پەيدا بولغان ئەنۋەر بىرنېمە دېيىشى كېرەك ئىدى، قىزنىڭ ئېيتالمىغان سۆزىنى ئېيتىشى كېرەك ئىدى، ئەمما ھازىر ئۇنداق پەيت ئەمەس، ئۇنىڭغا ئۈلگۈرگىلى بولمايدۇ - دە، ئەنۋەر پەيتنىڭ جىددىيلىكىدىن ئەپسۇسلاندى.

— تېز قېچىڭ، تېز قېچىڭ، — دېدى قىز يىغلاپ تۇرۇپ، — ئامان بولۇڭ ئەپەندىم!

— رەھمەت سىزگە، — دېدى ئەنۋەر يېقىملىق تۇيغۇ بىلەن، — مەن سىزنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭىزنى، ماڭا قىلغان ياردىمىڭىزنى، بىزنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرىمىزغا قىلغان ياردەم دەپ بىلىمەن! سىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن! ئامان بولۇڭ ھۆرلىقا! رەھمەت سىزگە.

قىز ئەنۋەرنىڭ قولىغا بىرنېمىنى تۇتقۇزدى - دە، كەينىگە بۇرۇلدى. مانا ئەمدى ئۇ ئۇنىڭ ئامان قېلىشىغا ئىشەنچ قىلىپ، خۇشال ھالدا قاراڭغۇ كېچىدە غايىب بولۇپ كەتتى.

ئەنۋەر قىزنىڭ تۇتقۇزغىنى چۆرىسىگە گۈل ئىشلىگەن چىرايلىق قولياغلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇھ تارتىپ تۇرۇپ قالدى. ئەمما، ھازىر مۇھەببەتلىك تۇيغۇلارغا چۆمۈلۈپ ئويلىنىپ تۇرىدىغان چاغ ئەمەس، قاچىدىغان چاغ، تېز قاچىدىغان چاغ! سەپداشلىرىنى بىللە ئېلىپ قاچىدىغان چاغ!

ئۇ تېز قېچىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلاندى.

ئارىدىن بىر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى.

مەنسۇر شاڭيوننىڭ يول باشلىشى بىلەن چېرىكلەر مىلتىق-لىرىنى بەتلىشىپ، قەدەملىرىنى ئېھتىيات بىلەن بېسىپ ئەن-ۋەرنىڭ ياتىقى ئالدىغا كەلدى ـ دە، بىر ـ بىرىگە قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى. ياتاق قاراڭغۇ ئىدى. ئىشىكنىڭ ھالقىسىدا قۇلۇپ يوق، دېمەك ئۇ بار، ئۇخلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، تازا نەق ئۈستىگە چۈشكەنگە ئوخشايمىز دەپ ئويلاشتى ئۇلار.

پۇقراچە كىيىنگەن باشلىقنىڭ ئىشارىسى ئارقىلىق بىر چېرىك ئىشىكنى تارتتى، لېكىن ئىشىك ئېچىلمىدى.

— ئاچ ئىشىكنى، ئاچ!

— . . .

قاراڭغۇ ياتاقتىن ھېچ جاۋاب چىقمىدى، ئاخىر ئۇلار ئى-شىكنى قاتتىق ئۇرۇشقا باشلىدى.

— ھوي ئەنۋەر، ئىشىكنى ئاچ!

ئۇلار ئىشىكنى مۇرىدىدى، مىلتىقنىڭ قونداقى بىلەن قاتتىق ئۇرۇشقا باشلىدى. ئەتراپتىن ئىتلار ھاۋشىپ كەتتى. كىشىلەر ئۆيلىرىدىن چىقىپ مەكتەپ ئەتراپىغا ئەنسىز-لىك بىلەن قۇلاق سالدى. ئىچىدىن دەم سېلىنغان ئىشىك قا-راسلاپ ئۆرۈلدى. قاراڭغۇ ئۆي جىمجىت بولۇپ، ناھايىتى سۈر-لۈك كۆرۈنەتتى. ئۆيگە كىرىشكە ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىدى. پۇقراچە كىيىنگەن باشلىقنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئاخىر ئۈچ چې-رىك مىلتىقلىرىنى تەڭلىشىپ مۈكچەيگەن ھالدا، بىرىنىڭ كەي-نىدىن بىرى ئۆيگە كىردى. شۇنىڭدىن كېيىن قالغانلىرىمۇ كىردى، بۇلۇڭ ـ بولۇڭدىن ئوق چىقىپ كېتىدىغاندەك ياكى كىملەردۇر بۇلارنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىدىغاندەك بىر سۈرلۈك ھالەت ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى.

پۇقراچە كىيىنگەن ھېلىقى باشلىق يېنىنى ئاختۇرۇپ سە-رەڭگىسىنى تەسلىكتە تېپىپ دېرىزىدىكى قارا چىراغنى ياقتىن-دى، ئۆي ئىچى سۈس يورۇدى. ھەممىسى ئۇياق ـ بۇياققا

قاراشتى. ئۆيدە ئادەم كۆرۈنمەيتتى، پەقەت ئەنۋەر ئەپەندىنىڭ ئورۇن - كۆرپىلىرىلا رەتلىك تىزىپ قويۇلغانىدى.

— ئەنۋەر قېچىپتۇ! — دېدى مەنسۇر شائىيو كۆزلىرى-نىڭ ئاق پاختىسىنى چىقىرىپ، ھەممىسى ھاڭ - تاڭ بولۇشۇپ بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قالدى.

يۇقراچە كىيىنگەن باشلىق ھەيران بولۇپ:

— ئۇنىڭغا كىم خەۋەر قىلدى؟ ئۇ بىزنىڭ كەلگىنىمىزنى قانداق بىلىپ قالغاندۇ - ھە؟ — دېدى. ئۇنىڭ ئىنچىكە قارا بۇرۇتى تىترەۋاتاتتى.

# ئون تۆتىنچى باب

## 1

يىغىن دەريا ياقىسىدىكى قويۇق تاغ تېرىكى ئارىسىدا — چىملىقتا ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى، ھەربىر پارتىزان ئەترىتىنىڭ مەس-ئۇللىرى قاتناشقان بۇ يىغىندا نىزامىدىن سۆزلىمەكتە. ئۇ دەريا لېۋىدىكى غوللۇق تاغ تېرىكىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ پارتىزانلار-نىڭ ھەرىكەتلىنىش يوللىرىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى:

— بىز گومىنداڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە قارشى ئۇ-رۇش قىلىۋاتىمىز، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىرنەچچە يۈز كىشى-لىك قوشۇنغا ئايلاندۇق، ئەمدى نىلقا ناھىيىسىنى ئازاد قىلىشقا كۈچىمىز يېتىدۇ. نىلقىنى تېز ئازاد قىلىپ غۇلجا شەھىرىگە يۈرۈش قىلىمىز. ئۇ يەردىكى ئازاب چېكىۋاتقان جان - جىگەر-لىرىمىز بىزنىڭ يولىمىزغا قاراپ تەقەززا بولماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ يۈكىمىز ئېغىر، سەپىرىمىز ئۇزۇن، ئەمما ئىشەنچىمىز زور. بۇ يولدا قۇربان بولۇش بىز ئۈچۈن شەرەپ-لىك. قان تۆكمەي، ئەزىز جاندىن كەچمەي بىزگە ئازادلىق يوق!

ئەترەت باشلىقلىرى قىلىن قەغەزلەرگە قوپال قىلىپ ئو-رالغان تاماكىلىرىدىن پۇرقىرىتىپ قويۇق ئىس چىقىرىپ، ئۇ-نىڭ سۆزلىرىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئاڭلىماقتا ئى-دى. ئۇ يەر - بۇ يەردە قالايمىقان ھالدا ئولتۇرغان بۇ ئادەملەر-نىڭ بەزىلىرى ئەللىك ياشتىن ئاشقان، بەزىلىرى تېخى ئەمدىلا



AltunOq

ئون سەككىز ياشقا تولغان. گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى يانغان قەھر ـ غەزەپ ئۇلارنى مۇشۇ سەپكە ئۇيۇشتۇرغان. قايسى بىرلىرى قېرى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رايىغا باقماي، قايسى بىرلىرى يالغۇز ئوغۇللۇقىغا قارىماي ۋە قايسى بىرلىرى بەش ـ ئالتىدىن بالىلىرىنى تاشلاپ بۇ يەرگە توپلانغان ئادەملەر.

ئۇلار ئەزىز جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويغان پىدائىيلار، نىزامىدىنىنىڭ سۆزلىرى ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئارزۇلىرى ئىدى. شۇڭا، ئۇلار نىزامىدىنىنى باش لىڭشىتىپ قوللىشاتتى.

نىزامىدىن ئۆتكەندىكى ئۇرۇشلاردىن بىرقۇر خۇلاسە چىقىرىپ كېلىپ مۇنداق دېدى:

— بىز پارتىزانلارمىز، پارتىزانلارنىڭ ۋەزىپىسى بىر يەردە ئاز ۋاقىت تۇرۇش، قىسقا دەم ئېلىش ھەم ئۇزۇۋقلىنىش. ھەرىكەت — پارتىزانلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۇسۇل. قېنى ئەنۋەر، سەن سۆزلىگىنە، — دېدى نىزامىدىن ئەنۋەرگە قاراپ، — ئۇلاستايدا بولغان بىرىنچى قېتىملىق جەڭدە بىز نېمىشقا غەلىبە قىلالماي قالدۇق؟

باشقا ئەترەت باشلىقلىرى ئەنۋەرگە قاراشتى، ئۇ سەل ئويلىنىۋېلىپ جىددىي قىياپەتتە مۇنداق دېدى:

— بىزدىن ئىككى خاتالىق ئۆتتى، بىرسى، ھەرىكىتىمىز تېز بولمىدى، بىر جايدا ئۇزاق ۋاقىت تىركىشىپ تۇرۇپ جەڭ قىلدۇق، شۇڭا دۈشمەن بىزنىڭ يوشۇرۇنغان ئورۇنلىرىمىزنى بىلىپ قالدى. يەنە بىرسى، ئىنتىزامچانلىقىمىز يېتەرلىك بولمىدى، شۇڭا قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى، نىشانلىق ئوق ئاتالمىدۇق.

— ئىمىدىتايىن توغرا، ئەنۋەرنىڭ يەكۈنى ئىنتايىن توغرا، — دېدى نىزامىدىن ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئەنۋەرنىڭ ئۇلاستايدا بولغان بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇشتىن چىقارغان يەكۈنىگە قايىل بولغانىدى.

نىلقا تاغلىرىغا يىغىلغان پارتىزانلار بىرنەچچە چوڭ ئەترەت- لەرگە بۆلۈنۈپ، بىرنەچچە ئورۇندا ئۇرۇش قىلماقتا ئىدى. تۈنۈگۈن كېچىدە قوماندانلىق شتابىدا يىغىن بولۇپ، يىغىندا ئۇرۇش قىلىش تاكتىكىسى، قورال - ياراغ يېتىشمەسلىك، رازۋېدكىنى كۈچەيتىش، ئىنتىزام ۋە ئوزۇق - تۈلۈك قاتارلىق مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىنغانىدى، نىزامىدىن ئۆز ئەترەتلىرىگە شۇ يىغىندا قارالغان ئىشلارنى يەتكۈزمەكتە ئىدى.

— بىزنىڭ بىرنەچچە قېتىملىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن كەلگەن خۇلاسىمىز مۇنداق، — دېدى بەستىمدىن پالۋانلىق چىقىپ تۇرىدىغان گەۋدىلىك بىر ئوتتۇرا ئەترەت كوماندىرى سۆز ئېلىپ، — ھەربىر ئەترەتنىڭ رازۋېدكا ئىشى ئۆز ئالدىغا بولمىسا قاملاشمايدىكەن.

— توغرا، بىز بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلغان، مەن ھازىر يەتكۈزمەن، — دېدى نىزامىدىن دەرھاللا، — بىرنەچ- چە قېتىملىق ئۇرۇش ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدىكى، كوماندىر قا- بىل ئېيتقاندەك ھەربىر ئوتتۇرا ئەترەتلەردە بىر رازۋېدكا گۇ- رۇپپىسى قۇرۇلمىسا بولمايدىكەن، پارتىزانلىق ئۇرۇشتا راز - ۋېدكا — غەلىبە قىلىشنىڭ ئاساسى دېسەكمۇ ئارتۇقلۇق بول- ماس. بىر جايدا ئۇزاقراق تۇرۇش ئۈچۈن دۈشمەن ئەھۋالىنى تولۇق بىلىش كېرەك، بۇنىڭدا نېمىگە يۆلىنىمىز؟ ئەلۋەتتە رازۋېدكا قىلىشقا يۆلىنىمىز، رازۋېدكىچىلىرىمىز كۆپچىلىككە يۆلىنىدۇ.

— كۆپچىلىككە يۆلەنگەندە، ھەرقاچان ئۈستۈنلۈكتە تۇر- غىلى بولىدىكەن ھەم ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە پايدىسى ناھايىتى زور بولىدىكەن، — دېدى ئەنۋەر، — بىز تاشداۋاندا بىر ماشىنا ئوق - دورىنى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق قولغا چۈشۈردۇق. دەسلەپتە تاي - تاي يولاك بېسىلغان ئىككى ماشىنى- نى ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، كېيىن شۇ يەردىكى مالچىلار بۇنداق ماشى-

نىلاردا ھەرقاچان قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا بولىدىغانلىقىنى بىزگە ئېيتىپ بەردى، ئۇچىنچى ماشىنىنى قولغا چۈشۈرۈپ قارىساق، راست دېگەندەكلا يۈكىنىڭ ئاستى پۈتۈنلەي ئوق ـ دورا ئىكەن.

— ئەلۋەتتە شۇنداق، — دېدى نىزامىدىن، — ئۇرۇش قىلىشتا كۆپچىلىككە يۆلەنمەي بولمايدۇ. بىز قانداق قىلىپ يەت تىرەپ تۇرۇۋاتىمىز؟ ئەلۋەتتە خەلق بىزنى قوللىغاچقا.

يىغىن ئىككى سائەت داۋام قىلدى. نىزامىدىن ئۆز سۆزلىـ رىدە پارتىزان ئەترەت كوماندىرلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان نۇر- غۇن گۈزەل ئىشلىرىنى يورۇتتى، باشقىلارمۇ سۆزلىدى. ئۇ تۈنۈگۈن كېچىدە بولۇپ ئۆتكەن يىغىننىڭ قارارلىرىنى تولۇق يەتكۈزۈپ بولدى. ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇردى.

نىزامىدىن كەپىسىگە كىرىپ كەتمەي، قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، يېنىك قەدەم تاشلاپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلى- دى ۋە قانداقتۇر ئۇمىدلىك ئوي ـ خىياللاردىن ھاياجانلىنىپ، قامەتلىك تاغلارنىڭ ئۇچىغا چوققىلىرىغا قارىدى.

كۈننىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى ھەيۋەتلىك تاغلارنىڭ تىك چوق- قىلىرىدا، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئۇچلىرىدا تاۋلانماقتا ئىدى. دەريا ياقىسىدىكى بۇ قويۇق توقايلىقتىن ناخشا ساداسى ياڭرىدى:

ئەجدادلىرىم، سېنىڭ ناخشاڭ،
يورۇق يۇلتۇز بولۇپ ياندى.
مەقسىتىڭنى جەڭلەردە،
ئوغلۇڭ يەلكىگە ئالدى.
...

ئۇھۇ! نېمىدېگەن يالقۇنلۇق، نېمىدېگەن جاراڭلىق ناخشى- لار بۇ ـ ھە! تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ، يىراق ـ يىراقلاردا

ئەكس سادالىرى جاراڭلاپ، تىنىق ئاسماندا خۇددى قىران بۈركۈتتەك پەرۋاز قىلىۋاتقان بۇ ناخشىلار زامان - زامانلاردىن تارتىپ، ئاتا - بوۋىلارنىڭ يالقۇنجاپ تۇرغان ئارزۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرمامدۇ؟ ئەسىرلەردىن بېرى مۇشۇ قايناق ناخشىنىڭ ئىشقىدا يانمىغان، يۈرىكى پارە بولمىغان قايسى دەردمەن بار ئىكەن؟ پىغانلىق ئەلەملىرىنى كۆكسىگە سىغدۇرالماي، ئەزىز جانلىرىنى قۇربان قىلغانلار ئازمۇ؟! تاغ يۈرەك جەڭچىلەر قوللىرىغا خەنجەر ئېلىپ، ئاشۇ خۇنۇك ئالەمنىڭ باغرىغا تىغ ئۇرغاندا مۇشۇ ناخشىلارنى ياڭراتقان ئەمەسمىدى - ھە، بۇ ناخشىلار باتۇر ناخشىلار! باتۇر ئادەملەرلا ئېيتالايدىغان ناخشىلار! تەڭلىكنى، ئازادلىقنى چاكىلدىغان تەشنالىق بىلەن كۈتكەن ئەجدادلىرىمىزدىن، قوللىرىغا تاياق - توقماق ئېلىپ زۇلۇم بىلەن ئېلىشقان مەردانە ئوغلانلىرىمىزدىن بىزگە مىراس بولۇپ قالغان جەڭگىۋار ناخشىلار بۇ!

قويۇق توقايلىقتىن چىققان ئاقۇچ تۈتۈن ھاۋاغا كۆتۈرۈلمەكتە، تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان قاش دەرياسى بىر خىل ئاۋازدا شاۋقۇنلايدۇ، ئورمانلاردىن گويا يىراقلاردىن كېلىۋاتقان قىقاس - چۇقانلاردەك سادا گۈركىرەپ ئاڭلىنىدۇ، تىنىق ئاسمان ئاجايىپ گۈزەل...

نىزامىدىننىڭ كۆزى يىراقتىكى ئېگىز، يوغان بىر توپ دەرەخنىڭ مىدىرلاۋاتقان شاخلىرىغا چۈشتى. ئۇ شۇ ياققا زەن قويۇپ قارىدى. ئۇ دەرەخنىڭ ئۇششاق شاخلىرىنى مىدىرلىتىپ قاراۋۇللۇققا يېڭىدىن ئالمىشىپ چىققان ئادەمنى كۆردى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا پاختىلىق تۇجۇركا، بېشىدا تېرە قۇلاقچا بولۇپ، بوينىغا دۈشمەندىن ئولجا ئېلىنغان ئاپتومات ھەم دۇربۇن ئېسىلغانىدى. بۇ يەردىكى جەڭگىۋار، كۆڭۈللۈك ھايات ئۇنىڭ تاۋىنى كۈندىن - كۈنگە ئۆستۈرۈپ بارماقتا ئىدى.

يېزىنىڭ تۈنۈگۈنكى ئاددىي يېتىم بالىسى بۈگۈن ئۈستىگە

چوڭ ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ، دەرەخ ئاستىدا يۈزلىگەن سەپداشلى-رىنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىش بىلەن كۆزلىرىنى بۇركۈت كۆزىدەك يىراقلارغا تىكىپ تۇرماقتا. بىر تالمۇ ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىمىغان نادەم مانا ئەمدى ئۇرۇش شارائىتلىرىغا شۇنداق كۆنۈكۈپ كەتكەن، قانلىق كۈرەشكە، دۈشمەن بىلەن ئېلىشىشقا ئۆگىنىپ قالغان، ئۇ ھازىر ۋىژىلداپ ئۇچۇۋاتقان ئوقلار، پارتلاۋاتقان بومبىلارغا پىسەنتمۇ قىلمايدۇ. ئۇنىڭغا بۇ ھايات قوي ـ كالىلار بىلەن ھەپىلىشىشتىن كۆڭۈللۈك ۋە مەنىلىك، ئۇ ئادەم ئىزى كەم چۈشىدىغان بۇ قويۇق توقايلىقتا ئۆز خەلقىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن كېلىپ سەپكە قوشۇلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مۆرىتى كەلسە ئۆلۈمگىمۇ ئوخشاشلا پىسەنت قىلمايدۇ. ئۇنىڭ كۆزى تۆۋەنگە — دەريانىڭ ئاراللارغا بۆلۈن-گەن كېچىكلىرىگە چۈشتى، ئۇچ پارتىزان كېچىككە ئاتلىرىنى سالدى، ئالدىدىكىسىنىڭ بېشى تېگىلغانىدى. كەينىدىكى ئىك-كىسى ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقاندەك يانداپ ـ يېقىنداپ ماڭات-تى. ئۇچىلىسىنىڭ بوينىدا ئاپتومات، بېلىگە بومبىلار ئېسىل-غان، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن ھارغىنلىق، ئاچلىق بەلگىلىرى چىقىپ تۇراتتى، چۈنكى بۇلار ۋەزىپە ئۆتەپ قايتقانلار ئىدى. نادەم كېچىكتىن كۆزىنى ئېلىپ سول يانغا — ئېگىزگە قارى-دى. تاغدىن توقايلىققا چۈشۈۋاتقان ئىككى ئاتلىق كۆرۈندى. ئالدىدىكى كەڭ يەلكىلىك ئۆتكۈر كۆزلۈك پارتىزان، ئېغىر يارىدار بولغان ھوشسىز پارتىزاننى ئالدىغا ئېلىپ قۇچاقلاپ تۇتۇۋالغان، يارىدارنىڭ ئېتىنى يېتىلىۋالغانىدى.

دەريانىڭ يېيىلىپ ياتقان ياقىلىرىدا بىر نەچچە كۈندىن بېرى پارتىزانلار يوشۇرۇنۇپ تۇرماقتا ئىدى. ھەر خىل كىيىملىك ھەر مىللەتتىن تەشكىل قىلىنغان ۋە ئېقىنلار قوشۇلۇشىدىن پەيدا بولغان دەريادەك كۈندىن ـ كۈنگە ئۇلغىيىۋاتقان پارتىزا-نلارنىڭ قەلبى ئۈمىد بىلەن يالقۇنلاپ، كۆزلىرىدىن كۈرەش

ئۆچقۇنلىرى چاقنايتتى. ئۇلارنىڭ روهى كۆتۈرەڭگۈ ۋە تېتىك، خۇشخۇي ئىدى. ئەنە، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قارىغا ئېتىش مەشىقى، دۈشمەنگە ئىتتىك ئۇرۇش مەشقى، يەر بېغىرلاپ يۈرۈش مەشقى، ئاتلىرىنى ياتقۇزۇش مەشقى، گىرانات ئېتىش مەشىقى . . . ئۆتكۈزمەكتە، بەزىلىرى كىچىك - كىچىك گۈلخانىلار يېقىپ، چاي ياكى كالا گۆشى سېلىنغان چېلەكلەرنى پورۇقلىتىپ قايناتماقتا، بەزىلىرى بولسا، گۈلخانىلارنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ياكى يانپاشلاپ يېتىپ ئۆزلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلىمەكتە ئىدى.

## 2

تاغنىڭ كۈز هاۋاسى سوغۇق، كەچ كىرگەنسېرى ئەتراپنى نەم هاۋا قاپلىماقتا ئىدى. چاراسلاپ يېنىۋاتقان ئوت چۆرىدەپ ئولتۇرغانلارغا قىزغۇچ شولا يېيىپ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى نۇرلاندۇراتتى.

— دادام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، — دېدى ئاراش ئىسىملىك موڭغۇل يىگىت هېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۆيدە ئاپام، مەن، سىڭلىم ئۈچىمىز قالدۇق، كۈن ئۆتكۈزۈش تېخىمۇ قىيىنلاشتى، دادامنىڭ قەرزى ئۈچۈن ئۈكەر ئامبالنىڭ مالچىلىقىغا تۇتۇلدۇم، ئۇستۇبېشىمىز جۇل - جۇل كىيىم، يەيدىغىنىمىز خاربۇرسۇك① ئىدى. تاپقىنىمىزنى ئامبالنىڭ ئالىقىنىغا تۆكۈپ، هېچ نەرسىنىڭ خوۋلۇقىنى كۆرمەيتتۇق، كۈنىمىز بوزەك بولۇش بىلەنلا ئۆتمەكتە ئىدى. سىڭلىم ئون ئالتە ياشلارغا كىرىپ قالغانىدى. باهار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۈكەر ئامبالنىڭ ئۆيىگە چىققان، ئوۋچىلىقنى ياخشى كۆرىدىغان

① خاربۇرسۇك — كېپەك ئۇنىدا پىشۇرۇلغان قارا نان.

ھەربىي ئەمەلدارنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا چۈشۈپتۇ. ئەسلى بىزنىڭ ئادىتىمىزدە چوڭ ياشلىق كىشىلەرنىڭ كىچىك ياشلىق قىزلارنى ئېلىشىغا يول قويۇلمايتتى.

بىر كۈنى ھەربىي ئەمەلدار ئۆيىمىزگە كىشى كىرگۈزۈپ، سۆيىننى ماڭا بەرسۇن، دەپتۇ. ئۆيىمىزگە ئەلچى ئەمەس، خۇددى بىر بالايىئاپەت كەلگەندەك بولۇپ كەتتۇق، ئاپام ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلدى. ھەربىي ئەمەلدار چىرايلىقچە بەرسە بەرسۇن، بولمىسا كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىمەن، دەپ تۆمۈر تىرنىقىنى بىزگە پاتۇرۇشقا ئۆتتى. ئاپام بىلەن سۆيىننىڭ كۆز يېشى قۇرۇمىدى. كۆز يېشىغا زورلىماقتىن باشقا نېمە چارە بار، بىزنىڭ ھالىمىزنى كىم ئاڭلايدۇ، كىمگە بېرىپ ئەرز قىلىمىز؟ سوراقچىلارنىڭ ئەڭ چوڭى شۇنىڭ ئۆزى تۇرسا. بىچارە سىڭلىم بىرنەچچە كۈنگىچە ھېچ نەرسە يېيەلمىدى، كېچىلىرى ئۇخلىيالمايتتى، مۈبادا ئۇخلاپ قالسا: «ئەنە ئەمەلدار... ئەمەلدار كېلىۋاتىدۇ، ئاپا، ئاپا... مېنى قۇتقۇزۇڭلار...» دەپ جۆيلۈپ ئويغىنىپ كېتەتتى، ئۇ قورايدەك قۇرۇپ كەتتى. مەن چىشىمنى چىشىمغا بېسىپ، غەزەپلىنىپ ـ ئازابلىنىپ يۈرەتتىم.

مانا شۇنداق ئازابلىق كۈنلەرنىڭ بىر كېچىسى ھەربىي ئەمەلدارنىڭ بىرنەچچە ئادەملىرى كېلىپ، قارشىلىقىمىزغا قارىماي سۆيىننى بۇلاپ كەتتى. مەن چاڭ توزۇتۇپ يۈرۈپ كەتكەن بىر توپ ئاتلىق بۇلاڭچىلارغا قاراپ مۇشتلىرىمنى تۈگكىنىمچە تۇرۇپ قالدىم، ئاپام بولسا ئۇلارنىڭ كەينىدىن خېلى يەرگىچە يۈگۈرۈپ بېرىپ «سۆيىن، سۆيىن... جېنىم بالام سۆيىن...!» دەپ ۋارقىراپ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. يىغلىدۇق، قاقشىدۇق، ئۇنىڭدىن نېرىغا ئۆتەلمىدۇق. بىراق، خۇددى قانىتىمدىن ئايرىلغان قۇشتەك سىڭلىمدىن ئايرىلىپ قالدۇق. كىم ئۆز پەرزەنتىنى بۆرىنىڭ چاڭگىلىغا تاشلاپ بېرىشنى خالايدۇ؟!

ئەمەلدار سىڭلىمنى بۇلاپ كەتكەن كۈنىنىڭ ئەتىسى سۈيىن-نىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلدى. . . يېشىمىزغا چىقىلغان چۈشكەن-دەك دەھشەتلىك بۇ خەۋەر كىچىككىنە كىگىز ئۆيىمىزنى زىلزى-لىگە سالدى. تېخىمۇ قايغۇرلۇق كۈنىمىز باشلاندى. ئاپام ئې-سىنى يوقىتىپ سۇنايلىنىپ يېتىپ قالدى. سۈيىن خورلۇققا چىدىماي، ۋىجدان ئازابىدا تولغىنىپ، ئاخىرى بىر خالىي پۇر-سەتنى تېپىپتۇ ـ دە، تاغقا قاراپ قېچىپتۇ، ئانچە يىراق بولمى-غان ئېگىز خادا تاشنىڭ ئۇستىگە چىقىپ، قوغلاپ كەلگەنلەر يېتىپ كەلگۈچە: «خوش ئاپا، خوش ئاكا، خوش ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم، خوش تاغلىرىم. . . » دەپتۇ ـ دە، ئۆزىنى چوڭقۇر ھاڭغا تاشلاپتۇ.

يىگىرمە ياشلارغا كىرىپ قالغان قارىقۇمچاق، خۇشخۇي، قاش ـ كۆزلىرىنى ئۇچۇرۇپ سۆزلەيدىغان بۇ يىگىتنىڭ كۆزىگە يىغا ياماشقانىدى. ئۇنىڭ ياشقا تولغان كۆزىگە ھېكايە ئاڭلاپ ئولتۇرغانلارمۇ، توقايلىقلارمۇ، تاغلارمۇ غۇۋا كۆرۈندى. ئوتنى چۆرىدەپ ئولتۇرغانلار جىددىيلىشىپ، كۆزلىرىدىن زومىگەر-لىككە، ۋەھشىيلىككە غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىپ، جىم-جىت بولۇشۇپ كەتكەن، قۇلاققا نە ئەتراپنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭى، نە دەريانىڭ شاۋقۇنى، نە ئورمانلارنىڭ گۇرۇلدەشلىرى ئاڭلان-مايتتى. پەقەت سۆزلىنىۋاتقان ھېكايىنىڭ داۋامىنى ئاڭلاش تەقەززاسىلا ھەممىنى چۇلغىۋالغانىدى.

ئاراش كىرپىكلىرىدە ئىلىنىپ توختاپ قالغان ئىككى تامچە ئاچچىق ياشنى ئېرتتى ـ دە، قۇرۇغان لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ، ھېكايىسىنى دۇاملاشتۇردى:

ـــ سۈيىن ئۇچۇن ئەمەلداردىن ئىنتىقام ئېلىشنىڭ كويىغا چۈشتۇم. مەن يالغۇز بولغاچقا مۇۋاپىق پەيت تېپىش كېرەك ئىدى. ئاپامنىڭ پەلىلداپ قالغان نۇرسىز كۆزلىرى، تاتارغان لەۋلىرى مېنى ئىنتىقام ئېلىشقا ھەر كۈن، ھەر سائەت

ئۆندەيتتى.
ئىنتىقامنى قانداق ئالىمەن؟ قەيەردە؟ قانداق ۋاقىتتا؟ مانا مۇشۇ خىياللار مېنى قىينايتتى. ئولتۇرسام ـ قوپسام ئويلايدىغىنىم ئىنتىقام ئېلىش! كۆڭلەر ئۆتكەنسېرى قەلبىمدە قىساس ئوتلىرى لاۋۇلداپ، كۆزلىرىم بۇركۈتنىڭ كۆزىدەك يېنىپ، غەزەپلىرىم كۆكسۈمگە پاتماي قالدى.
ئاخىرى پەيت تېپىلدى.
بىر كۈنى ئۇ يالغۇز ئوۋغا چىققاندا، بېقىۋاتقان ماللىرىمنى تاشلاپ قولۇمغا چوقماقنى ئېلىپ، ئۇنىڭ كەينىگە چۈشتۇم. ئۇ ئېتىنى بىر قارىغاينىڭ يېنىغا قويۇپ مىلتىقىنى بەتلەپ ماڭغاندا، مۆكۈپ تۇرغان يوغان، قۇچاق يەتمەيدىغان قارىغاينىڭ يېنىدىن چىقىپ، چوقماق بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا شۇنداق قاتتىق سالدىمكى، ئەمەلدار «ۋايجان» دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي نەچچە يۇمىلاپ بېرىپ يىلتىزى بىلەن قومۇرۇلۇپ چۈشكەن يوغان بىر قارىغاينىڭ ئاستىغا تىقىلدى ـ دە، ئۇن ـ تىنسىزلا بولۇپ كەتتى.
ــ ئۇھ...! ــ دېدى ئولتۇرغانلاردىن بىرى ئىختىيارسىزلا، ــ يارايسەن يىگىت!
ــ مانا سەن ھەقىقىي بۈركۈت ئىكەنسەن! ــ دېدى يەنە بىرى ئۇنىڭ دولىسىغا قېقىپ.
ھېكايە ئاڭلاۋاتقانلارنىڭ تۈرۈلگەن قاپاقلىرى، قاتلانغان ماڭلايلىرى بىردىنلا ئورنىغا كېلىپ، يۈزلىرى ئېچىلىپ كەتكەنىدى.
قاراۋۇللۇقتىن ئالمىشىپ ئاراشنىڭ دەردلىك قىسسىسىنى ئاڭلاشقا ئۈلگۈرگەن نادەم ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى ـ دە، كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ نېمىلەرنىدۇر ئويلاپ تۇرۇپ قالدى.
ئاراش مانا ئەمدى ھېكايىسىنىڭ داۋامىنى ئۆزىنىڭمۇ چىراپى ئېچىلغان ھالدا ئالدىرىماستىن، تەمكىنلىك بىلەن سۆزلەشكە

كىرىشتى:

— ئەمەلدارنىڭ نېرىغا قاڭقىپ چۈشكەن مىلتىقى بىلەن ئوقدانلىرىنى چاققانلىق بىلەن ئالدىم - دە، نېرىراقتا ئوتلاپ تۇرغان كۈمۈش ئېگەر توقۇملۇق داڭلىق كۆك ئېتىنى مىنىپ تاغ ئىچكىرىسىگە قېچىپ كىرىپ كەتتىم.

مانا شۇنىڭدىن باشلاپ مېنىڭ تاغلار ئارىسىدىكى يالغۇز ھاياتىم باشلاندى. مەن ئەمەلدارنى ئۆلدى، دەپ ئويلىغانىدىم، بىراق ئۇ ئۆلمىگەنىكەن، بىر ئايدىن كېيىن ساقىيىپ بىرنەچچە قوراللىق چېرىكلەرنى باشلاپ چىقىپ مېنى ئىزدەپتۇ، ھەممە يەرنى ئاختۇرۇپتۇ، چېرىكلەر تاغ ئىچكىرىسىگە كىرىشتىن قورقۇپتۇ. كىرگەن بولسا، يالغۇز بولساممۇ ئاخىرغىچە ئېلىشقان بولاتتىم. بىراق، «ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە، ئۇر توقۇمنى» دېگەندەك، چېرىكلەر ئاپامنى ئوغلۇڭنى تاپ دەپ ھارغۇچە ئۇرۇپتۇ، موما ياغاچقا باغلاپ قويۇپتۇ، لېكىن ئاپامدىن ھېچ جاۋاب ئالالماپتۇ. ئاپاممۇ مېنىڭ نەگە كەتكەنلىكىمنى ئەلۋەتتە بىلمەيتتى. مەن تاغ ئىچكىرىسىدە بولغىنىم بىلەن ھەممە خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ تۇراتتىم. چۈنكى، كەمبەغەللەر ماڭا كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇردى. تاغ ئارىسىدا يالغۇزدىن يالغۇز بەش ئايلىق ھاياتىم ئۆتتى. بۇ جەريانىدا مەن خېلى ئۇستا مەرگەن بولۇپ قالدىم. ئوۋچىلىق قىلىپ ئاتقان نەرسىلىرىمنى يەپ، تېرىلىرىنى يوتقان - كۆرپە قىلىپ كۈن ئۆتكۈزدۈم.

بىراق. يالغۇزلۇق جېنىمغا تەگدى. ئاپامنىڭ كۈنى نېمە بولۇۋاتىدىغاندۇ، دەپ ئويلايتتىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوق - دورىلىرىممۇ، ئوزۇقلۇقۇممۇ تۈگىدى. ئەمدى قىلتاق قويۇشقا ئۆتتۈم. قورساق بېقىشمۇ ناھايىتى تەسكە چۈشىدىغان بولدى. كۈنلەپ - كۈنلەپ ئاچ قالىدىغان چاغلار بولۇپ تۇراتتى.

مانا شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلابچىلارنىڭ ئىلى تاغلىرىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى

AltunOq

ئاڭلاپ قالدىم. ئىنقىلابچىلارغا قوشۇلۇپ كېتەي دېگەن ئويغا كەلدىم ـ دە، ئاتلىنىپ يولغا راۋان بولدۇم. كۆك ئات مېنى قانچىلىغان داۋانلاردىن ئۆتكۈزۈپ مانا بۇ يەرگە ئەكېلىپ تاشلىدى. مۇشۇ مىلتىق ھەربىي ئەمەلداردىن ئولجا قىلغان مىلتىق.

ئاراش ھېكايىسىنى تۈگىتىپ، دەرەخقە يۆلەكلىك تۇرغان مىلتىقىنى قولىغا ئالدى. ھەممىسى مىلتىقىنى قولدىن ـ قولغا ئېلىشىپ، يەنە بىرقۇر كۆرۈشۈپ چىقتى.

ھېكايە نادەمگە ھەممىدىن قاتتىق تەسىر قىلدى. ئاراشنىڭ سىڭلىسى، نادەمنىڭ ئاكىسى، يەنە بىرلىرىنىڭ ھەدىسى، ئىنىسى... ئەڭ ئەزىز ئادەملىرى ئەنە شۇنداق بىمەھەل نابۇت بولدى... كۆڭۈلدىكى بۇ داغلارنى مۇشۇ مىلتىق بىلەن يۇيۇۋەتكىلى بولارمۇ؟

تۈن قارا پەردىسىنى ئاستا ـ ئاستا يايماقتا، تاغلار قارىيىپ كۆرۈنمەكتە، دەريانىڭ شاۋقۇنى بارغانسېرى تېخىمۇ قاتتىق ئاڭلانماقتا، چېلەكلەردە قايناۋاتقان كالا گۆشى شورپىسىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئەتراپقا تارقالماقتا ئىدى.

مانا ئەمدى پارتىزانلار بەداشقاننى قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، يۇمشاق پىشقان گۆشنى مەززە قىلىپ يېگەچ، باتىرغازى بىلەن ئىسھاقنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاشقا باشلىدى.

باتىرغازى بىلەن ئىسھاقنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى، تەقدىرلىرى ئوخشاپ كېتەتتى. ئىككىسى گىمنازىيىدىن تۇتۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، تۈرمىدە بىر كامېردا ياتتى. تۈرمىدە ياتقانلارنىڭ قۇلىقى ئۇزۇن بولىدۇ. تۆت تامنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ سىرتتا بولۇۋاتقان ئەھۋاللارنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئۇقۇپ، كامېردىن ـ كامېرغا يەتكۈزۈشۈپ تۇرىدۇ. قايسى كامېردىن كىمنى سوراققا ئاچىققانلىقىنى، ئۇنىڭ سوراقتىن قانداق قايتقانلىقىنى، ئۆزى مېڭىپ چىقىۋاتامدۇ ياكى تاياق يەپ ھوشسىز قىلىنىپ سۆرەپ ئېلىپ چىقىلىۋاتامدۇ بۇنى قايتقۇچىنىڭ مېڭىشىدىن ۋە باشقا

ئەھۋاللاردىن بىلىپ تۇرىدۇ. قايسى كامېردا كىملەر ياتىدۇ، كىملەر باشقا يەرلەرگە يۆتكەلدى، قايسى كامېرغا يەنە كىملەر يېڭىدىن سولاندى ـــ مانا بۇلارنىمۇ ئۇقۇپ تۇرىدۇ، شۇنداقلا تۈرمە خىزمەتچىلىرىنىڭ قەدىمىنىڭ سانىدىن ئۇلارنىڭ قايسى كامېرنىڭ ئالدىدا توختىغانلىقى ۋە كامېرغا كىرگەن ـ كىرمە. گەنلىكىنى، پوزىتسىيىسىنىڭ قانداق بولىۋاتقانلىقىنى بەش قولدەك ئېنىق بىلىپ تۇرىدۇ.

ئىسھاق بىلەن باتىرغازى تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن بىر نەچچە قېتىم سوراق قىلىندى. ئۇلارنىڭ سوئالى، قانداق تەشۋىقات ئاڭلىدىڭ؟ كىملەرگە تەشۋىق قىلدىڭ؟ ئالتە ئوغرى بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىڭ بار؟ دېگەنلەر ئىدى.

ـــ ئۆلۈمنى كۆتۈپ ياتامدۇق، ـــ دېدى ئىسھاق باتىرغا. زىغا قاراپ، باتىرغازى جەينىكىنى يەرگە تىرەپ، بېشىنى ئالە. قىنىغا قويۇپ يېنىچە ياتاتتى.

ـــ قاچايلى، ـــ دېدى باتىرغازى ئۇنىڭ سوئالىنىڭ تېگىگە يېتىپ.

ـــ قانداق قاچىمىز؟

ـــ ئۇنى ئويلىشىمىز.

كامېرلارنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، تام. لىرى قېلىن، ئۈستى بورا ـ چەنزىلىك ئىدى. كامېرنىڭ كەينى تېمىنىڭ يۇقىرىراق تەرىپىدە ئەسلىدە بىر كىچىك پەنجىرە بار ئىدى. كېيىنرەك بۇ پەنجىرىلەرنى بۇزۇپ تۈرمىدە ياتقانلاردىن بىرنەچچىسى قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، پەنجىرىنىڭ ئورنىنى يۆتكىدى. ئاۋۋالقى ئورۇننى ئېتىپ تاشلاپ، ئۆگزىدىن پەنجىرە ئاچتى ۋە ئۆگزىگە پەنجىرىلەرنى كۆزىتىدىغان قاراۋۇل قويۇل. دى. شۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل قېچىش توختاپ قالغانىدى.

باتىرغازى بىلەن ئىسھاق قېچىش ئورنىنى مۇشۇ پەنجىرە بولىدۇ دەپ قارارلاشتۇردى.

خوش، پەنجىرىگە قانداق چىقىش كېرەك؟

— مەن سىنىڭ مۆرەڭگە دەسسەپ تۇرىمەن، — دېدى ئىسھاق يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، — سەن ئاستا-ئاستا ئۆرە تۇرىسەن، بۇنى بىرنەچچە قېتىم مەشىق قىلىمىز. شۇ چاغدا مېنىڭ قولۇم پەنجىرىنىڭ ئاستىدىكى ئەنە ئاۋۇ چەنزىلەرگە يېتىدۇ. مەن چەنزىلەرگە ئېسىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، سەن ئىككى قولۇڭ بىلەن پۇتۇمنى يۇقىرى كۆتۈرىسەن، مەن تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ چەنزىلەرنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالىمەن. ئۇ يەرگە چىقىۋالغاندىن كېيىن ئىش ئاسان.

باتۇرغازى ئىسھاقنىڭ بۇ قېچىش ئۇسۇلىدىن قانائەت ھاسىل قىلىپ، كۆڭۈل كۆزلىرىنى بەنجىرىگە تىككىنىچە:

— بولىدۇ، مۇھىمى قاراۋۇل ئۇخلاپ قالغان چاغ بولۇش كېرەك، — دېدى.

— ئەلۋەتتە، بۇ مۇھىم پەيت.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىسھاق بىلەن باتۇرغازى بىرنەچچە كۈنگىچە تۇرمىدىن قېچىش مەشىقى ئۆتكۈزدى.

ئۆگزىنىڭ ئۈستىنى قارىسىلدىتىپ ئۇياقتىن-بۇياققا ماڭىدىغان ئاۋاز بىر كېچىسى توختاپ قالدى. ئۇلار ئۆرە تۇرۇشۇپ پەنجىرىگە قاراپ ئۇزاق تىڭشىدى.

— ئۇخلاپ قالغانمىدۇ ياكى ئولتۇرامدىغاندۇ، — دېدى ئىسھاق پەنجىرىدىن كۆزىنى ئالماي.

— ئەگەر ئولتۇرغانلا بولسا، — دېدى باتۇرغازى ئويلاپ، — ئۇ ئەلۋەتتە ئۇخلاپ قېلىشى مۇمكىن.

ئۇلار يەنە بىرھازاغىچە تىڭشاپ تۇردى، ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمىغاندىن كېيىن ئىسھاق:

— مەن چىقىپ باقاي، — دېدى، ئاندىن باتۇرغازىنىڭ بەستلىك گەۋدىسىنى دەسسەپ پەنجىرىگە چىقتى-دە، چەنزىنى مەھكەم بېسىپ تۇرۇپ قۇلىقىنى ئەينەككە ياقتى. قاراڭغۇ كېچە

جىمجىت بولۇپ ھېچقانداق تىنۇش ئاڭلانمايتتى. ئۇ تۇۋەنگە بويىنىنى سوزۇپ تۇرۇپ پەس ئاۋاز بىلەن:
— جىمجىت، — دېدى.
باتىرغازى دەرھاللا:
— ئال، — دېدى.
ئىككىسى تونۇگۇن قاراۋۇل ئالمىشىش پەيتىدىن پايدىلىنىپ پەنجىرىنىڭ ئەينىكىنى چىقىرىپ، يەنە ئورنىغا سېلىپ قويغانىدى. ئىسھاق رامىدىن ئەينەكنى ئاۋايلاپ ئالدى – دە، باتىرغازىغا ئېگىشىپ تۇرۇپ سۇنۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇچۇق كۆزنەكتىن بېشىنى چىقىرىپ قارىدى. قاراۋۇل ھەقىقەتەن مىلتىقىنى تىزىغا قويۇپ پۈشۈلداپ ئۇخلاپ قالغانىدى.
باتىرغازى پەنجىرىنىڭ ئاستىغا ئورۇن - كۆرپىلىرىنى قاتلاپ تىزىپ ئېگىزلىك ياسىدى. بەلۋاغلىرىدىن، كۆڭلەك - شىملىرىدىن ئېشىلىپ تەييارلاپ قويۇلغان ئىككى مېتىر چامىسىدىكى «ئارقانىنى» ئىسھاقىنا ئاتىدى ۋە «ئارقان» غا ئېسىلىپ - يامىشىپ يۇقىرىغا چىقتى. ئۇلار ئېھتىيات بىلەن بىر – بىرلەپ كۆزنەكتىن ئۆگزىگە چىقتى. باتىرغازى قەدەملىرىنى ئاۋايلاپ بېسىپ، قاراۋۇلنىڭ كەينىگە ئۆتتى، ئىسھاق ئالدىغا كەلدى.
كېچە قاراڭغۇ، ھەممە ياق جىمجىت، جىنازا يۇلتۇزى ساڭگىلاپ تۇرغىنىغا قارىغاندا، ۋاقىت يېرىم كېچىگە يېقىنلاپ قالغانىدى. بۈگۈن نېمىشقىدۇر ئەنسىزلىك بىلەن ھۇۋلايدىغان ئىتلارنىڭ ئاۋازلىرى، كۆمۈرگە ماڭغان ھارۋىكەشلەرنىڭ سوزۇپ ئېيتىدىغان مۇڭلۇق ناخشىلىرى ئاڭلانمايدۇ، پەقەت جىنى تېنىدىن جۇدا بولۇشقا ئازلا قالغان قاراۋۇلنىڭ پۈشۈلدىغان ئاۋازىلا ئاشكارا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئىسھاق ئىككى بارمىقىنى قىسقۇچ شەكلىگە كەلتۈرۈپ بېشىنى ساڭگىلىتىپ باتىرغازىغا ئىشارە قىلدى. باتىرغازى كۈچلۈك قوللىرىنى قاراۋۇلنىڭ

كېكىرتىكىگە ئامبۇردەك سېلىپ قاتتىق قىستى. قاراۋۇل «غىق...» قىلىپ قالدى ـ دە، جان ئاچچىقىدا پۇتلىرىنى تېپىرلىتىپ ئۆگزىگە ئۇرۇشقا باشلىدى ئىسھاق ئۇنىڭ پۇتلىرىنى تىزلىك بىلەن مەھكەم بېسىپ تۇرۇۋالدى، ھايال قىلماي قاراۋۇل جانسىز گەۋدىگە ئايلىنىپ سۇنايلىنىپ يېتىپ قالدى.

ئۇلار مىلتىقنى ئېلىپ ئۆگزىدىن سىيرىلىپ چۈشتى ـ دە، شۇئان كۆزدىن غايىب بولدى. تار كوچىلار ۋە ئېتىز يوللىرى بىلەن مېڭىپ سۇبھى كۆتۈرۈلگەندە ئۈچئۈن يېزىسى ئەتراپىغا كېلىپ يەتتى.

ئۇلار ئوڭغا بۇرۇلۇپ ئۈچئۈن ئەتراپىدىكى قويۇق قومۇشلۇق ئىچىگە كىرىپ كەتتى ۋە قاراڭغۇ چۈشۈپ ئەل ئايىغى بېسىلغاندا يەنە يولغا چىقتى، تاڭ سۈزۈلگەندە سۇپتايغا كەلدى.

— بىزنىڭ سەپدىشىمىز رەيھان شۇ تۈرمىدە قالدى! — دېدى باتۇرغازى ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، — ھاياتمۇ ياكى ئارمان بىلەن مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمدىمۇ؟ بۇ تەرىپى بىزگە قاراڭغۇ، ئاجايىپ قىز ئىدى، ئىسىت!...

— ھېلىقى ئوقۇغۇچىلارنى ئۇيۇشۇشقا چاقىرىپ نۇتۇق سۆزلىگەن قىز شۇمىدى؟ — دېدى تىڭشىغۇچىلارنىڭ بىرى.

— نەق شۇ، ئۇ قىز بولغان بىلەن ئون ئوغۇلغا بەرگۈسىز ئىدى، — دېدى ئىسھاق، — بىز دەسلەپتە ئوقۇغۇچىلارنى تۇتقۇن قىلىشقا باشلىغاندا، قىزنىڭ يىغلىغانلىقىغا قاراپ، قورقۇنچاقمىكىن دەپ ئويلاپمۇ قاپتۇق، لېكىن ئۇ غەزىپىگە پايلىماي يىغلىغانىكەن.

ئۇنىڭ سۆزىنى ياش بىر پارتىزان قۇۋۋەتلىدى:

— كىشى قاتتىق غەزەپلەنسىمۇ ھەقىقەتەن يىغلىۋېتىدۇ.

— مانا شۇنداق نۇرغۇن جەڭگەرلىك ساۋاقداشلىرىمىز تۈرمىدە. نىلقىنى ئالساق، شەھەرگە تېزرەك ھۇجۇم قىلىپ كىرسەك، شۇلارنى ئازاد قىلساق، بۇ نېمىدېگەن ئۇلۇغ ئىش بولغان

بولاتتى ـ ھە! ئەگەر ھاياتلا بولسا، بەلكى رەيھان بىلەن تۇرمىدە ئۇچرىشىپمۇ قالارمىز، ـــ دېدى باتۇرغازى ھاياجانلىنىپ.

ئۇ رەيھاننىڭ تەقدىرىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى ئويلاپ، ھەس-رەت بىلەن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنندى، تىڭشىغۇچىلارنىڭ ھەممە-سىلا قىزنىڭ تۇرمىگە چۈشۈپ قالغانلىقىغا ئېچىندى، ئۆرتەن-دى. لېكىن، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا رەيھاننىڭ جانلىق ئوبرازى گەۋدىلەنمىگەنىدى، پەقەت نادەملا بۇ قىزنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ قاتتىق ئېچىندى ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى: «رەيھان ھەقىقەتەن ئېسىل قىز ئىكەن ئۇ قورقۇن-چاق، خۇشامەتچى ئاشۇ ۋارىسجانغا كۆڭۈل بەرگەنمىدۇ؟... مەن ئۆمرۈمدە ئۇنداق مەردانە، ئۇنداق ۋىجدانلىق قىزنى كۆرمىگەن. ۋارىسجان ئوغۇل بالا تۇرۇپ ئوفىتسېرغا قاتتىقراق ئىككى ئې-غىز گەپ قىلالماي، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ خۇشامەت قىلغاندا، رەيھان قىز جېنىدا ئۇنىڭ يولسىزلىقلىرىغا چىداپ تۇرالماي قورقۇمسىزلىق بىلەن بىر كاچات سالدى، ئاجايىپ مەردانىلىك قىلدى. ئەتراپتا قاراپ تۇرغان ئادەملەر ئۇنىڭ مەردلىكىگە ئاپى-رىن ئېيتىشىپ كەتتى، مۇنچىلىك ۋىجدانلىق قىزلىرىمىزمۇ بار ئىكەنغۇ، دېيىشتى... ئەگەر ئۇ راستىنلا ۋارىسجانغا كۆڭۈل بەرگەن بولسا زايە كەتمەمدۇ... ياق، ياق، ئۇ كۆڭۈل بەرمەي-دۇ، ھەرگىز كۆڭۈل بەرمەيدۇ! ۋارىسجاندىن يىرگىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇرامدۇ، مەن ئېنىق بايقىدىم...» نادەمنىڭ چىرايىدا قىزغا قايىل بولۇپ ئۇرغۇپ چىققان رازىمەنلىك ئۇچقۇندىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن قىزنىڭ گۈزەل چىرايى، گومىنداڭ ئوفىت-سېرىنى ئۇرغىنى، ئۆزىنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ قولىدىن تارت-قىنى، ئەختەمباي نادەمنى جىملىگەندە بايدىن نارازى بولغىنى... بىر ـ بىرلەپ ئۆتتى.

ئۇلارنىڭ ھېكايىسى شۇ يەرگە كەلگەندە، تاغ كەينىدىن خۇددى كۆلۈمسىرىگەندەك تولۇنئاي چىقىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ

كۆمۈش نۇرلىرى ئەتراپقا يېيىلدى. تولۇنئاي نۇرىدا دەريا ئەي-
نەكتەك پارقىراپ، دولقۇن ئۇرۇپ شاۋقۇنلىماقتا ئىدى. تاغ
شامىلى يۈزلەرنى يەلپۈپ ئۆتەتتى. دەريا ياقىسىنىڭ كەچكى
گۈزەللىكى پارتىزانلار قەلبىدە جەڭگىۋار تۇيغۇلارنى ئويغىتىپ،
ئۇلارنى روھلاندۇراتتى، ھاياجانلاندۇراتتى. . .

ئۇلار ھېكايىلىرىنى تۈگىتىپ، ئورۇنلىرىدىن قوزغالغان-
دا، كەپىدە ــ چىراغنىڭ كۆڭگا يورۇقىدا ئولتۇرغان نىزامىد-
دىننىڭ تېخىچە ئىشى تۈگىمىگەنىدى. ئۇ ئەتە ئېچىلىدىغان
ئوتتۇرا ئەترەت كوماندىرلىرىنىڭ يىغىنىدا قويۇلىدىغان ئەترەت-
لەرنى قايتا ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش پىلانى بىلەن ئەترەت
كوماندىرلىرىنىڭ ئىسمىلىكى ئۈستىدە ئىشلەۋاتاتتى.

# ئون بەشىنچى باب

## 1

نىلقا ھاكىم ئىدارىسىنىڭ جۇنىس ئىسىملىك تەرجىمانى گومىنداڭنىڭ شەھەردىن چىققان ئۈچ يۈز كىشىلىك قوشۇنىنى ئۇلاستايغا باشلاپ كەلدى.

ئىسبوسىن سېيىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئىككى قاراۋۇل تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇدا بۇ قوشۇننى كۆرۈپ قالدى، قوشۇن ساي ئېغىزىغا كېلىپ توختىغانىدى. ئىككى قاراۋۇلنىڭ بىرى چاتقاللىق ئىچىدىكى ئېتىنى يالغۇز ئاياغ يولغا ئېلىپ چۈشۈپ مىندى ـ دە، سايىنىڭ بېشىغا قاراپ ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى.

كەلگەنلەرنىڭ ھەقىقەتەنمۇ دۈشمەن ئىكەنلىكى ۋە ساي ئېغىزىغا كېلىپلا توختىغانلىقى ئۇلارنىڭ مۇشۇ ساي ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. قاراۋۇللار بۇنى ئېنىق بايقىدى ـ دە، خۇشال بولۇپ ئاتلىرىنى بولۇشىغا قويۇۋەتتى. قاراۋۇللارنىڭ خۇشال بولۇشى دۈشمەننىڭ ئالدىغا كېلىپ بەرگەنلىكى ئىدى. ھازىرقى ۋاقىتتا، بولۇپمۇ قورال ـ ياراغ يېتىشمەيۋاتقان پەيتتە دۈشمەننىڭ ئالدىغا بېرىپ ھۇجۇم قىلغاندىن كۆرە، ئۇلارنىڭ «مانا مەن» دەپ ئالدىغا كېلىپ بەرگىنى ياخشى ئىدى. پارتىزانلار شتابى مۇشۇنداق پەيتنى ـ گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئالتە ئوغرىنى قوغلاپ يۈرۈپ تۇتۇپ بىلمىگىدىن يوقىتىمىز، دەپ ئۆزلۈكىدىن ئىزدەپ كېلىدىغان پەيتنى بىرنەچچە كۈندىن بېرى كۈتۈۋا-

تاتتى. مۇشۇنداق بىر پەيت كەلسە، قورال يېتىشمەسلىك ھەل بولۇپ كېتىدۇ، دەپ ئويلايتتى. چۈنكى، ئۆزلۈكىدىن كېلىپ پارتىزانلار سېپىگە قوشۇلۇۋاتقان پىدائىيلار نۇرغۇن ئىدى.

— ئۇلار مانا مۇشۇ سايىنىڭ بېشىدا، — دېدى جۇنىس گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ باتالىيون كوماندىرىغا.

— سەن بۇ يەرلەرنى ياخشى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى باتالىيون كوماندىرى.

— بەش قولدەك ئېنىق بىلىمەن، مەن مۇشۇ ئۇلاستايلىق، سىز خاتىرجەم بولۇڭ.

— ياخشى، — دېدى كوماندىر ۋە قوشۇننى ئىككىگە بۆلۈپ يولغا سالدى، ئۆزى بولسا جۇنىس بىلەن بىللە ئىككىنچى قىسمىدا يولغا چىقتى.

ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن قاراۋۇلنىڭ خەۋىرى پارتىزانلارغا يەتكۈزۈلدى. قىسقا مۇزاكىرىدىن كېيىن، دۈشمەن بىلەن ئېلىشىشنى ئەنۋەرنىڭ ئىككىنچى ئەترىتى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

ئوتتۇز كىشىدىن تەشكىل تاپقان ئۈچ كىچىك ئەترەت ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى.

— بىز دۈشمەننى ئالداپ ساي ئىچىگە ئېلىپ كىرىمىز، — دېدى ئەنۋەر جىددىي ھالدا، — بىرىنچى ئەترەت يۇقىرىدىكى يالغۇز قارىغاي يېنىدا تەييار بولسۇن، ئىككىنچى ئەترەت مۇشۇ ئورۇندا تۇرسۇن، ئۈچىنچى ئەترەت دۈشمەننى تولۇق ئۆتكۈزۈپ بولغۇچە ئوق ئاتمايدۇ، كەينىدىن ھۇجۇم قىلىش كېرەك. ئىككىنچى ئەترەت ئالدىدىن چىقىپ ھۇجۇم قىلىپ، بىر قىسىم ئادىمى بىلەن دۈشمەننى ئالداپ، يۇقىرىدىكى ئەترەت بىلەن ئۇچراشتۇرۇش كېرەك.

ئۈچ ئەترەت تېگىشلىك ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ دەرھال قوزغالدى.

دۈشمەننىڭ ئالدىنقى قىسمى ساي بويلاپ ئىتتىكلەپ كەل-

مەكتە ئىدى. ئالدىن ماڭغان ئۈچ رازۋېدكىچى پارتىزانلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ تىنچ ئامان كېتىپ بېرىشى دۈشمەن قىسمىنى بىر ئاز خاتىرجەم قىلىسمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەربىر ئەسكىرى قەيەردىن ئوق چىقىپ قالار، بۇلار ئازمىدۇ، كۆپمىدۇ دەپ ئويلاپ باراتتى. باتالىيون كوماندىرى: «زىۋازدلار» ئاز، قورالىنىڭ تايىنى يوق دېگەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئەسكەرلىرى ئىشەنچسىز، ۋەھىمە بىلەن ماڭاتتى. ئۇلار قەدەملىرىنى ئېھتىيات بىلەن باسسىمۇ تاشلارغا پۇتلىشاتتى، سايىنىڭ ئىككى تەرىپى ئۇلارغا خۇددى ھومىيىپ قاراۋاتقان دەھشەتلىك ھايۋاندەك كۆرۈنەتتى. دېمىسىمۇ ئۇستىدىكى ئېسىلىپ تۇرغان يوغان تاشلار ھېلى چۈشۈپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى.

مەرگەن ئاراشىنىڭ ئوقى گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان روتا كوماندىرىنى يەرگە دومىلىتىۋەتتى، مانا شۇنىڭ بىلەن ئېتىشىش باشلىنىپ كەتتى. ئەپلىك جايلارغا ئورۇنلىشىۋالغان پارتىزانلار دۈشمەننى نىشانغا ئېلىپ ئاتماقتا. تەرەپ - تەرەپتىن ئېتىلىۋاتقان ئوقلار، غۇلىتىلىۋاتقان تاش پارچىلىرى ئىچىدە قالغان دۈشمەن قوشۇنى نېمە قىلارنى بىلمەي قالدى. دۈشمەن باشلىقىدىن ئايرىلىپ تەمتىرەپ قالغاچقا قالايمىقان ئوق ئاتماقتا، ئاتقان ئوقلىرى تاشلارغا ۋە تاش ئارىلىرىغا كېلىپ تەگمەكتە ئىدى.

ئادەم باشچىلىقىدىكى «چاقماق» رازۋېدكىچىلار گۇرۇپپىسى مۇشۇ ئوتتۇرا قىسىمدا ئىدى.

— ئالتە، — دېدى ئادەم.

— يەتتە، — دېدى ئىسھاق.

— سەككىز، — دېدى باتىرغازى. بۇ ساناقلار يوغان كۆتەكتەك تاشلارنى ئۆزلىرىگە دالدا قىلىپ گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى بىر - بىرلەپ يىقىتىۋاتقان «چاقماق» گۇرۇپپىسىدىكى رازۋېدكىچىلارنىڭ ئاۋازلىرى. ئۇلارنىڭ ئوقى ھېچ زايە كەت-

مەي، ئېلىنغان نىشانغا دەل تېگىۋاتاتتى. ھەربىر تال ئوقنى دەل نىشانغا تەگكۈزۈۋاتقان جەڭچىلەر قارىغا ئېتىشنى ئۆگەتكەن ئۇستازى ئاراشىنىڭ ماختىشىغا ئىگە بولۇپ تۇراتتى.

— سىناقتىن ئۆتتۇڭلار، ئەمدى كۆزگە ئىلىنغاننى قوي - مايسىلەر، — دەيتتى ئاراش خۇشال بولۇپ.

نادەم رازۋېدكىچىلىرىنى چېكىنىشكە بۇيرۇدى. رازۋېدكىچىلار بىرياقتىن ئېتىشىپ، بىرياقتىن چېكىنىشكە باشلىدى. قالغانلىرى ئوق چىقارماي، قىمىر قىلماي تۇرۇشتى. گومىنداڭنىڭ ئالدىنقى قىسمى ئۇلارنى قوغلاپ ماڭدى، شۇنداق قوغلاش بىلەن گايىت باشچىلىقىدىكى بىرىنچى ئەترەتكە دۇچ كېلىپ قالدى. گايىتنىڭ بىرىنچى ئوقى ئېتىشقا بېرىلگەن بۇيرۇق ئىدى، جامالىدىننىڭ تاش ئۇستىگە قويۇۋالغان پىلىموتىدىن ئېتىلغان ئوقلار دۈشمەننىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكىلەرنى يىقىتتى، جامالىدىننىڭ يېنىدا كېيۈر ناخشىچى بار ئىدى.

— دۈشمەن دېگەن مانا مەن دەپ، مۇشۇنداق ئالدىڭغا كېلىپ بەرسە ئۇكا، — دېدى كېيۈر مىلتىقىنى قورۇلغا ئېلىۋېتىپ، — بىر سائەتتە قانچىنى يىقىتقىلى بولار؟

— قىزىقسەن - دە، كېيۈركا، ئۇ چاغدا ساڭا دۈشمەن ئوشامدۇ، — دېدى جامالىدىن ئۇدۇل قارىغىنىچە.

دۈشمەننىڭ ئالدىنقى قىسمى خېلىلا ھالسىراپ قالدى.

گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ كېيىنكى قىسمى باتالىيون كوماندىرى بىلەن جۇنىسنىڭ باشچىلىقىدا ناھايىتى تېز كەلمەكتە ئىدى. ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازىنىڭ يىراقلاپ كېتىشى ئۇلارنى شۇنداق ئالدىرىتىۋەتكەنىدى. باتالىيون كوماندىرى: «زېۋازىلار» قاچتى، راستلا ئازكەن، دەپ ئويلىدى، جۇنىس: مېنىڭ يول باشلىشىم ئوڭۇشلۇق بولدى، دەپ خۇشال بولدى. يوللار ئوڭغۇل - دوڭغۇل بولۇپ، ئۇلارنىڭ يۈرۈشىگە كاشىلا قىلسىمۇ، لېكىن ئۇلار سەپلىرىنى بۇزماسلىققا تىرىشىپ كەلمەكتە ئىدى.

ئۈچىنچى پارتىزانلار ئەترىتى جىمجىت، شەپىسىز ھالدا ئۇلارنى ئالدىدىن ئۈتكۈزۈۋەتتى. گومىنداڭ قىسمى بەخىرامان كېتىپ بارغاندا، تۇيۇقسىزلا ئۈچ تەرەپتىن ــــ ساينىڭ ئىككى يېقىدىن، ئارقىسىدىن ھۇجۇمغا ئۆچرىدى. ئۇلار قانداق قىلىشنى، قاياققا قارىتىپ ئوق ئېتىشنى، قاياققا مۆكۈشنى بىلەلمەي قالدى. ئوق بىلەن بىللە سانسىزلىغان تاش پارچىلىرى دومىلاپ چۈشمەكتە ئىدى. گومىنداڭ قىسمى پارتىزانلارنى كۆرەلمەيتتى، ئۇلار يەرگە چاپلىشىۋالغانىدى، خېلىدىن كېيىن پارتىزانلارنى ئارانلا ئىلغا قىلالىدى، شۇنىڭ بىلەن قىقاس - چۇقان باشلىنىپ كەتتى. پارتىزانلار تەرەپ - تەرەپتىن دۈشمەنگە يولۋاستەك تاشلاندى. مانا ئەمدى قورال يېتىشمەي تاياق - چوماق بىلەن جەڭگە كىرگەنلەرنىڭ ئامىتى كەلگەنىدى. باياتىن بىرى ئۇلار دۈشمەنگە تاش پارچىلىرىنى غۇلىتىپ ھۇجۇم قىلغان، ئەمدىچۇ؟ يىتىراپ قاچقان گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى ساي ئىچىدە قوغلاپ يۈرۈپ، چوماقلىرىنى پۇلاڭلىتىپ نەچچىسىنى ئۇرۇپ يىقىتتى!

تاڭ يورۇپ كەلمەكتە ئىدى، گومىنداڭ قىسمى پىتىراپ قېچىشقا باشلىدى. مانا ئەمدى دۈشمەننى ساي ئىچىدە قوغلاپ يۈرۈپ قىرىش جېڭى باشلاندى.

قاچالماي ياكى مۆكۈنەلمەي قالغان بىر قىسىم دۈشمەن سارغىيىپ - تىزلىنىپ باش ئەگدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە سول ئايىغىدىن ئوق يەپ تىرىك قالغان جۇنسىمۇ بار ئىدى. يىراقتىن تاراسلاپ كېلىۋاتقان ئىككى ئاتلىق كۆرۈندى، ھەممىسى شۇ ياققا قاراشتى. ئاتلىقلار يېتىپ كەلدى. ئالدىدىكىسى نىزامىدىن، كەينىدىكىسى ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ئاقىلبەك ئىدى. نىزامىدىن ئاتتىن چۈشتى - دە، تىترەپ تۇرغان، پۈتۈن نىلقا ناھىيىسىدىكى يەتتە ياشتىن - يەتمىش ياشقىچە بولغانلارنىڭ ھەممىسى ياخشى بىلىدىغان سېرىق يۈزلۈك جۇنسىنىڭ ياقىسى-

دىن ئالدى ۋە يەتتە ئوقلۇق تاپانچىسىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە تە-
رەپ:
— سېنىڭ تەقدىرىڭ ئاخىرى مۇشۇنداق بولاتتى، لېكىن
سەن ئويلىمىغان يەردىن بۇرۇنراق قولغا چۈشۈپ قالدىڭ،
ئېيت، ئىپلاس! نىلقىدا يەنە قانچىلىك قوشۇن بار؟ — دېدى
ئۇ ۋارقىراپ تۇرۇپ.
— يوق... يوق... ھەممىسى مۇشۇ، شەھەردىن
چىققان، — دېدى جۇنىس تىترەپ.
— سەن بىزگە ياخشى خىزمەت قىلدىڭ، — دېدى نىزامىد-
دىن ئۇنىڭ ياقىسىنى قويۇۋېتىپ ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ، — بۇ
گېزەندىلىرىڭنى ئالدىمىزغا باشلاپ كەلمىسەڭ، بىز شۇنچە قو-
راللارغا قانداقمۇ ئىگە بولاتتۇق، — نىزامىددىننىڭ قاپىقى
بىردىنلا تۈرۈلۈپ جىددىي تۈس ئالدى، — مانا ساڭا تارىخنىڭ
ھۆكۈمى! — ئۇنىڭ تاپانچىسىدىن ئۈزۈلگەن بىر پاي ئوق
جۇنىسنى ئوڭدىسىغا ئۇچۇرۇۋەتتى. ئۇ، پارتىزانلار ئۈستى -
ئۈستىلەپ تاشلاۋاتقان ئولجا مىلتىق، پىلىموت ۋە ئوق - دورد-
لارنىڭ يېنىغا يىقىلغانىدى. نىزامىدىن تاپانچىسىنى تېخى قېپى-
غا سالماي تۇرۇپ، كېۋىر بىلەن جامالىدىن ئەسىر ئېلىنغان
باتالىيون كوماندىرىنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كەلدى، ئۇ قوشۇن-
لىرى پېتىراپ قاچقاندا، ئۆرلەپ قېچىپ ئالدى - ئارقىسى
ئوچۇق تاش كامارغا مۆكۈنۈۋالغانىكەن، كېۋىر بىلەن جامالىدىن
ئۇنى تىرىك قولغا چۈشۈرگەنىدى. گايىتمۇ كۆك كۆزلىرىدىن
ئوت چاقنىتىپ ئەسىرلەرنى ئالدىغا سېلىپ، بۇ يەرگە يېتىپ
كەلدى، تەرەپ - تەرەپتىن پارتىزانلار بۇ يەرگە يىغىلىشقا باش-
لىدى.
باتالىيون كوماندىرى ئالدىدا جانسىز ياتقان يول باشلىغۇچى-
سى جۇنىسنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى ۋە نىزامىددىننىڭ قولىدى-
كى تاپانچىغا بىر قارىدى - دە، بېشىنى تۆۋەن سالدى.

ھەممىسى ئىزامىدىنىڭ سۆزلۈك يۈزىگە قاراپ، بۇنىمۇ ئېيتىپ تاشلىشى مۇمكىن، دەپ ئويلىغانىدى، ئىزامىدىن ئۇلار. نىڭ ئويلىرىنى بىلىۋالغاندەكلا:

— ياق، بۇنىڭ تېخى قىلىدىغان ئىشى بار، ھازىر شتابقا يەتكۈزۈڭلار، — دېدى بۇيرۇق ئاھاڭىدا. ئۇنىڭ تۇرۇلگەن قاپاقلىرى غەلىبە شادلىقى بىلەن جىلۋىلەنگەن يۈزلەرگە قارىغان چاغدا ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

## 2

يولۇچىلار كەم يۈرىدىغان بۇ يوللاردا بىرنەچچە كۈندىن بېرى توپا - چاڭ بېسىلمايدىغان بولۇپ قالدى.

كېچىك ھەربىي ماشىنىلار ئۇياقتىن - بۇياققا، بۇياقتىن - ئۇياققا ئۆتۈپ تۇراتتى. ماشىنىلار يوللارنىڭ شۇنچە ئوڭغۇل - دوڭغۇل بولۇشىغا قارىماي قاڭقىپ - سىلكىنىپ شۇنداق تېز يۈرەتتىكى، ئەگەر يولدىن مال - چارۋىلار ئۆتۈۋاتـ قان بولسا ئۆتۈپ بولۇشنى كۈتمەيلا بېسىپ كېتىۋېرەتتى. ناۋادا بىرى ماشىنىلارغا دىققەت قىلىپ قاراپ قويسا ئۇ چاغدا دەرھال ماشىنىنى توختىتاتتى - دە، ئۇنى شۇئان تۇتۇۋالاتتى. شۇڭا، بۇ يوللاردا ئادەم يۈرۈش كېمىيىپ كەتتى. يوللارنىڭ سۈرۈنلەـ شىپ ئادەمسىز بولۇپ قېلىشى ماشىنا ئىچىدىكىلەرنى ئاللىقاندـ داق ۋەھىمىلەرگە سېلىپ قويىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ماشىنىلار ناھايىتى تېز ئۇچقاندەك يۈرەتتى.

بۇ چاغ تاغ ئارىلىرىدا يامغۇر - يېشىن كۆپىيىپ قالغان مەزگىل بولۇپ، بىردەم شارىلداپ يامغۇر ياغسا، بىردەمدە قار ئارىلاش شامال ئۇرۇلاتتى ياكى لەپىلدەپ قار يېغىپ كېتەتتى. ئوت - چۆپ، دەل - دەرەخلەر سارغىيىپ كەتكەن، سوغۇق خېلىلا ئەدەپ قالغانىدى.

نادەم بىلەن باتىرغازى تاشداۋاندا، هۆل چۆپنىڭ ئۈستىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ - كۆتۈرۈپ قويۇپ يولغا قاراپ دۈم ياتاتتى. هەر ئىككىسىنىڭ قولىدا ئاپتومات بولۇپ، بەللىرىگە قاتار قىلىپ بومبىلار ئېسىلغانىدى.

شەھەر تەرەپتىن چىقىۋاتقان ماشىنىلار يىراقتىن كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قاتارلىشىپ كېلىۋاتقان ماشىنىلار يېقىنلاپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئاتمىش - يەتمىش مېتىر يىراقلىقتىن ئۆتۈشكە باشلىدى. ئاتلىرىنى يوشۇرۇپ قويۇپ ئەپلىك يەرگە جايلىشىۋالغان نادەم بىلەن باتىرغازىنىڭ كۆزلىرى ماشىنىدا ئىدى. بۈنىڭدىن بۇرۇن شەھەردىن قوشۇن يۆتكەپ چىققان ماشىنىلارنىڭ ئۈستى يېپىلمايتتى، ئۇلاستايدىكى مەغلۇبىيىتىمدىن كېيىن بۇ ماشىنىلارنىڭ كوزۇپتىن ئېگىز قىلىپ ياسالغان تۆمۈر جاھازىسىغا بىرېزىنت ياپىدىغان بولۇۋالغان، ئۇنىڭ كۆزنەكلىرىدىن تىزىلىپ ئولتۇرغان ئەسكەرلىرى كۆرۈنەتتى.

ئىككىسى ماشىنىلارنى ساناۋاتاتتى:

— ئالتە... يەتتە... سەككىز... توققۇز...

ماشىنىلار تولۇق ئۆتۈپ بولدى. لېكىن، ئېيتقۇسىز ئېغىر دەككە - دۈككىدە ئۆتۈپ بولدى. ئېسىبوسىن سېيىغا قايرىلىدىغان جايغا كەلگەندە، كوماندىرلارنىڭ يۈرەكلىرى ئۇرۇپ، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالدى. ساي ئېغىزىدىن سانسىزلىغان قوزغىلاڭچىلار قىقاس - چۇقان بىلەن ئاپتوماتلىرىدىن ئوق ئۈزۈپ چىقىپ كېلىدىغاندەك ياكى ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن هالدا بۆكتۈرمىگە چۈشۈپ قالىدىغاندەك ۋەھىملىك هالەتلەر كۆز ئالدىغا كەلدى. بۇ ۋەھىملەر ئۇلار يولغا چىقماستىنلا باشلانغان، ئىلقىغا يېقىنلاشقانسېرى كۈچىيىپ بارغان. قىسمىنىڭ كوماندىرلىرى ئەسلىدە كىچىك ماشىنىدا ئولتۇرۇپ ئالدىدا ماڭغان، چوڭ قارا سۇغا كەلگەندىن كېيىن، ئەسكەرلىرى چۈشكەن

قارا ماشىنىلارنىڭ بىر قىسمىنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئوتتۇر- دا ماڭغانىدى. ماشىنىلار تاش داۋاندىن ئۆتۈپ بولغاندا، كوماند- دىرلار ئۇھ، دەپ بىر ئاز خاتىرجەملىنىپ قالدى ۋە يۈزلىرىدە، قولاق چۆرىلىرى، بويۇنلىرىدا پەيدا بولغان تەر تامچىلىرىنى سۈرتتى - دە، تاماكا چېكىشكە باشلىدى.

— قەيەرگە بارىدىكىن، چۈشكەن ئورنىنى بىلىۋېلىش كېرەك، — دېدى ئادەم باتىرغازىغا قاراپ.

— يۇر، ئاۋۇ تاغنىڭ ئۈستىدىن قارايلى، — دېدى باتىرغازى قولى بىلەن جەنۇب تەرەپنى كۆرسىتىپ، — تازا ئېنىق كۆرۈنىدۇ.

ئىككى رازۋېدكىچى ئېگىز تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ماشى- نىلارنىڭ كەينىدىن قاراشتى. ماشىنىلار يولاردىن خېلىلا يىراق- لاپ توختىدى - دە، ئادەملىرى چۈشۈشكە باشلىدى.

ئادەم تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كىچىك قويۇن دەپتىرىگە مۇنۇلارنى ئېنىق قىلىپ يازدى:

«جەمئىي يىگىرمە ئۈچ ماشىنا، بىرى پىكاپ، ئىككىسىدە ئادەم يوق (پەس يېپىلغان برېزېنتنىڭ ئاستىدا ئوق - دورىلار بولۇشى مۇمكىن)، ئېنىق ساناشقا مۇمكىنچىلىك بولمىدى. ئۆتكەنكى سانلارغا قارىغاندا، ھەربىر ماشىنىدا ئوتتۇزدىن ئادەم بولۇشى مۇمكىن، دېمەك ئالتە يۈز ئادەم بابىشنىڭ تېمىغا چۈش- تى دېگەن سۆز».

ئىككىسى ئاتلىرىغا مىندى - دە، ئالدىراشلىق بىلەن ئىس- جوسىن سېپىنىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ چاپتى.

دەل شۇ چاغدا، ئىلى - كۆنەس يولىدىمۇ گومىنداڭ قى- سىملىرى ئۈستى برېزېنت بىلەن يېپىلغان ماشىنىلاردا كېتىپ باراتتى.

نىلقا پارتىزانلىرى تاغلاردا، ئورمانلىقلاردا، قاش دەرياسى- نىڭ بىردەم ئۇ قېتىدا، بىردەم بۇ قېتىدا ۋە بەزىدە ناھىيە

ئىچىدە يۆتكىلىپ يۈرۈپ ئۇرۇش قىلماقتا ئىدى. گومىنداڭ قىسىملىرى ئۇلارنى ھېچنەدىن تاپالمايتتى، لېكىن كۈتۈلمىگەن يەردە تۇيۇقسىزلا دۈچ كېلىپ قالاتتى ۋە شۇئان ئۆزلىرىنى ئەمتىرەش، ھودۇقۇشتىن ئوڭشاپ ئورۇن تۇتۇپ جەڭ قىلىشقا تۇتۇنغىچە بىر تالاي كۈچلىرىدىن ئايرىلىپ قالاتتى. ئۇلار رۇس-لىنىپ جەڭ باشلىغاندا پارتىزانلار ئاللىقاچان كۆزىدىن غايىب بولغان بولاتتى. ئۈچ يۈز كىشىلىك قوشۇن ئۇلاستايدا تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئىلى سىلىڭبۇ-سى بىر پولك ئەسكەر ئەۋەتتى. بۇ پولك پارتىزانلارنى ئۈچ تەرەپتىن قورشاپ پۈتۈنلەي يوقىتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئې-لىپ چىققانىدى. ئۇلار يەنە بىر مۇستەقىل باتالىيوننى سۇلتاتا-ۋەيس مازار مەھەللىسىدە زاپاس قىلىپ توختىتىپ قويدى. بىر پولك ئەسكەرنىڭ بىر قىسمى بايىشنىڭ تېمىغا كېلىپ چۈشتى. قالغان قىسمى ئىلى ـ كۆنەس يولى بويلاپ يولغا چىقىپ ئىككىگە بۆلۈندى.

— گومىنداڭ قىسىملىرى ئۈچ تەرەپتىن قورشاپ بىزگە ھۇجۇم قىلماقچى، — دېدى نىزامىدىن ئەترەت كوماندىرلىرىد-غا، — بىرىنچى چوڭ ئەترەت — ئەكبەر قىسىملىرى باسى-گەن ئېغىزىدا ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بېرىدۇ، بىزنىڭ قىسمىمىز بايىشنىڭ تېمىنى ئالىدۇ، ئۈچىنچى چوڭ ئەترەت — ئابابەكرى قىسىملىرى ناھىيىنىڭ غەربىي شىمال چېتىدىن ئۇلارنى كۈتۈۋالىدۇ.

ئەترەت كوماندىرلىرى نىزامىدىننىڭ سۆزلىرىنى تازا زەن قويۇپ ئاڭلاپ ئولتۇرۇشتى.

تاشداۋاندىن ئۆتكەندىن كېيىن، دەريا بويىدىكى كەڭرى كەتكەن چىملىقتا «بايىشنىڭ تېمى» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ بىر قورۇ بار، مانا شۇ چوڭ قورۇغا گومىنداڭنىڭ بىر باتالىيون ئەسكىرى كېلىپ چۈشكەنىدى. بۇلارنىڭ سىلىڭبۇغا بېرىپ

چىققان ۋەدىسى چىلىك، بۇ قېتىم پارتىزانلارنى بىراقلا تۈنجۇقتۇ-رۇۋېتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان.

ئۇلارنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كېلىشىنى كۈتۈش كېرەكمۇ ياكى ياتقان يېرىگە ھۇجۇم قىلىش كېرەكمۇ؟ ھۇجۇم قىلمىسا قانداق مەزگىلدە قىلىنىش كېرەك، ئەترەتلەر ھۇجۇمغا قايسى تەرىقىدە قاتنىشىدۇ؟ ئوتتۇرا ئەترەت كوماندىرلىرى مۇزاكىرىسى مۇشۇ مەسىلىنى ئويلىشىۋاتاتتى.

ئەنۋەر سۆز ئالدى:

— گومىنداڭ قىسىملىرى بۇ يەرنىڭ شارائىتىنى بىلمەيدۇ، ئۆتكەنكى ئۇرۇشلارنىڭ تەجرىبىسىگە قارىغاندا، ئۇلار كېچىدىن بەك قورقىدۇ، شۇڭا ھۇجۇم كېچىدە بولغىنى تۈزۈك.

— ئۇلارنىڭ يىغىلىپ ياتقان يېرىگە ھۇجۇم قىلىپ بېرىش بىز ئۈچۈن ناھايىتى ئوبدان پەيت، — دېدى يەنە بىر ئوتتۇرا ئەترەت كوماندىرى قابىل، — بىز يېقىنلاپ بارغۇچە ئۇلار پەقەت تۇيماسلىقى كېرەك.

— ئەگەر ئۇلار مەزگىلدىن بۇرۇن تۇيۇپ قالسا، — دېدى ئەنۋەر ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاشتۇرۇپ، — ئوچۇقچىلىق يەردە بىز كۆپ چىقىم تارتىپ كېتىمىز ياكى چېكىنىشكە مەجبۇر بولىمىز. ئىككىنچى قېتىملىق ھۇجۇم تېخىمۇ قىيىنغا چۈشىدۇ.

ئوتتۇرىغا يېقىلغان گۈلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرغان ئەترەت كوماندىرلىرى ھەربىر جەڭلەردىن ھاسىل قىلغان تەجرىبىلىرى بويىچە، باشقىنىڭ تېمىدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىنى ئوڭۇشلۇق تارمار قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى ھەققىدە سۆزلىمەكتە ئىدى. نىزامىدىن خېلىدىن بېرى گەپ قىلماي، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتى ۋە بەزىدە سول قولىدا تۇتقان كىچىك دەپتەرىگە بىرنېمىلەرنى يېزىپ قوياتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ماۋزېر ئاسقان ئاقىلبەكمۇ دىققەت بىلەن گەپ ئاڭلاپ ئولتۇراتتى.

ئۇ ئورنىدىن تۇردى.

— شۇنداق، بىز ھۇجۇم قىلىمىز، — دېدى نىزامىدىن جىددىي ھالدا، — مەن بىزنىڭ رازۋېدكىچىلىرىمىز ئىگىلىگەن ئەھۋال بويىچە ئۇ يەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشىنى، ئۇ يەرگە چۈشكەن قوشۇنلارنىڭ سانىنى رەھبەرلىككە مەلۇم قىلدىم. قوماندانلىق بىزگە مۇنداق يوليورۇق بەردى: بىرىنچى، بىزنىڭ ھۇجۇمىمىز تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇقتا — ئۇلار تازا تاتلىق ئۇيقۇدىكى ۋاقىتتا بولىدۇ. ئىككىنچى، بىزنىڭ ئۈچ ئوتتۇرا ئەترىتىمىز ئۈچ تەرەپتىن قىستاپ ھۇجۇم قىلىپ، بىر تەرەپنى يەنى دەريا تەرەپنى ئوچۇق قالدۇرىدۇ. ئۈچىنچى، بۇ ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگىچە رازۋېدكىچىلىرىمىز رازۋېدكا ئىشىنى — بولۇپمۇ چوڭ يول بويىدىكى رازۋېدكىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىدۇ. شەھەردىن قوشۇمچە ياردەم كېلىپ قالسا، يولنى توسۇپ زەربە بېرىش ئۈچۈن ئالاھىدە بۆكتۈرمە قويۇلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، بابىشنىڭ تېمىغا تاڭ ئالدىدا ھۇجۇم قىلىش قارار قىلىندى.

ھۇجۇم باشلاندى، بابىشنىڭ تېمىغا يەر بېغىرلاپ يېقىن كېلىپ قالغان پارتىزانلارنى ئۆگزىدىكى قاراۋۇل كۆرۈپ قالدى ۋە ئەنسىز ۋارقىراپ ئوق چىقاردى، بۇنىڭ بىلەن ھەممىدىن بۇرۇن باتالىيون كوماندىرى ئويغىنىپ كەتتى - دە، ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. ئۇنىڭ خىيالىغا دەرھال قوماندانىنىڭ تاپشۇرۇقى كەلدى. ئۇ بۇياققا ماڭىدىغان چاغدا قوماندان ئۇنىڭغا: «ئالتە ئوغرى» نى يوقىتىپ غەلىبە بىلەن قايتىسىڭىز، شۆھرىتىڭىزنىڭ، مەرتىۋىڭىزنىڭ قانچىلىك ئۆرلەيدىغانلىقىنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭ، دېگەنىدى.

ئۇ تاپانچىسىنى يالىڭاچلاپ تۇتقىنىچە، بېلىنى مۈكچەيتىپ، ئوقلار ۋىژىلداپ ئۆتۈۋاتقان چوڭ ھويلىغا چىقتى.

بابىشىنىڭ تېمىغا شىددەتلىك ھۇجۇم بولۇۋاتقان چاغدا، نادەم، باتىرغازى باشلىق بەش نەپەر رازۋېدكىچى تاشداۋاندا ئىدى. ئۇلار يولغا يېقىن يوغان تاش يېنىدا يېتىۋېلىپ يولنى ۋە يىراقلارنى كۆزىتىپ تۇرۇشاتتى. ئوق ئاۋازلىرى، گۇمبۇرلەشلەر ئوچۇق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۇرۇش شارائىتلىرىغا كۆنۈكۈپ قالغان ئادەملەرگە قانلىق ئۇرۇشلار كۇندىلىك تۇرمۇشتىكى تىرىكچىلىكتەك، ئۆلۈم پۇراپ تۇرىدىغان ھەربىر مىنۇت ئادەتتىكى بىر ئىشتەك بىلىنىدۇ. ئۇلار ئوقلار ئارىسىدىمۇ تىرىكچىلىك، ئۆمۈر ۋە ئۇنى قانداق ئۆتكۈزۈش ھەققىدە ئويلاۋېرىدۇ...

نادەمنىڭ كۆز ئالدىغا يېزىسى، ئانىسى، ئىنىسى، باينىڭ قورۇسى، ئەنۋەر ئەپەندىنىڭ ياتىقى، كېۋىرنىڭ بىر ئېغىزلىق كىچىك ئۆيى ۋە باشقىلار كېلىشكە باشلىدى.

«جاپاكەش يېزىلىقلىرىم، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — مېنىڭ ئاتام ھەم ئانام! ئۇلار ئاجايىپ ئادەملەرنى يېتىشتۇرگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپچىلىكنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ مەيدانغا چىقىپ، مەردلەرچە ئۆلگەنلىرىمۇ بار؛ زامانىنىڭ ئوڭشالمىغانلىقىدىن ئىچى قايناپ، سەۋدايى - دەرۋىش بولۇپ كەتكەنلىرىمۇ بار، بىراق بۇنداق ئىشلار بىلەن ھېچ ئىش ھاسىل بولمىدى. كىشىلەرنىڭ جاپالىق تۇرمۇشى بۇرۇنقى قېلىپتا قېلىۋەردى. زۇلمەتلىك جەمئىيەتتىن ئىبارەت قېرى قارىياغاچنى نەۋرەتكەن بولسىمۇ، يىقىتالمىدى. نېمىشقا يىقىتالمىدى؟ ئەنۋەركامىنىڭ ئېيتقىنى توغرا، ئۇلار چىڭ بىرلىشەلمىدى. ئاخىر بىز ئۇيۇشتۇق، جاندىن كەچمىگۇچە جانانغا يەتكىلى بولماس دەپ ئۇيۇشتۇق. قولىمىزغا قورال ئالدۇق. جاپاكەش خەلقىمىز بىزگە زور ئۈمىد بىلەن قاراپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۈمىدى چۈشىنىشلىك، بىز ئۇنى ئاقلايمىز. تەڭلىكنى، ئازادلىقنى سېغىنغان، ئارزۇ قىلغانلارنىڭ تەشنالىقنى قاندۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قى-

لىمىز. ئاپام مەندىن ئەنسىرىگەندۇ؟ لېكىن ئىشىمدىن رازى بولىدۇ. هازىرچە چۈشەنمەيدۇ، بەربىر چۈشىنىدۇ. مەن كىمنىڭ ئوغلى؟ ئەلۋەتتە ئاپامنىڭ. بۇ تارلىق قىلىدۇ، يېزامنىڭ، دەۋرنىڭ، ئىنقىلابنىڭ! ئاپامنى قەدىرلەيمەن، هۆرمەت قىلىمەن، لېكىن چۈشەنمەسلىكتىن ئايىغىمغا ئېسىلىۋالسا، بۇپتۇ دەپ جەڭگىۋار سەپتىن چۈشۈپ قالامدىم، ئۇنداقتا قانداقمۇ دەۋرنىڭ، ئىنقىلابنىڭ ئوغلى بولىمەن؟! كىچىككىنە ئىنىم ئەمدى باشقىچە ئادەم بولۇپ يېتىشىدۇ، خورلۇق كۆرمەيدۇ، باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرىمايدۇ، بەخۇدۇك ئوقۇيدۇ، بىز تۇتقان مىلتىققا ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئەنۋەر ئەپەندى ئېيتقان سوۋېت ئىتتىپاقىدىكىدەك كەمبەغەللەردىن يېتىشىپ چىققان ئالىم بولىدۇ. بىزنىڭ ئىچىمىزدىمۇ نى - نى ئادەملەر دۇنياغا كېلىدۇ. . . تېخى يېقىندىلا باينىڭ قورۇسىدا ئۇ ئىشقا بۇيرۇلۇپ، بۇ ئىشقا بۇيرۇلۇپ يۈرگەن مالاي ئىدىم، مەيلى بۇنىڭغىمۇ ئۆكۈنمەيمەن، ئاچچىق - چۈچۈك ئىشلارنى بېشىمدىن كەچۈردۈم، شۇڭا دېمەتلىكلىرىمدىن بۇرۇنراق ئويغاندىم. ئەختەمباينىڭ بايلىقى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ گادايلىقىمىزنىڭ سەۋەبلىرىنى ئويلاپ باقتىم، ئەنۋەركامنىڭ ياتىقىدا، كېۋىركامنىڭ ئۆيىدە بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشىنىشكە باشلىدىم. ئەنۋەركام مېنىڭ قاراڭغۇ دىلىمغا چىراغ ياقتى. ئاق - قارىنى پەرق قىلىشقا باشلىدىم. بېشىمىزغا چۈشۈۋاتقان كۈلپەت، دەرد - ئەلەملەرنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشىنىشكە باشلىدىم، بۇ تەڭسىز جەمئىيەت بىزنى قانچىلىك بوزەك قىلمىدى؟ «چېرىككىمۇ، ئەمەلدارغىمۇ، باشقىسىغىمۇ بوزەك بولۇشىمىزنىڭ سەۋەبى: مۇستەبىت هاكىمىيەتنىڭ يەلكىمىزنى بېسىپ تۇرغانلىقىدا»، دېگەننى شۇ ياتاقتا چۈشەندىم! هايات دېگەن ئاجايىپ نەرسىكەن، بۇرۇن كىم ئىدۇق، ئەمدى كىم بولدۇق؟ قېنى ئەمدى پېشانىمىزگە بىرى «تاك» قىلىپ چېكىپ باقسۇنچۇ؟ ياق، جېنى ئون

ئەمەس! . . . »

ئۇ ئۆز خىياللىرىدىن ئۆزى ھاياجانلىنىپ كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ كەتتى ۋە ئالدىدىكى كەڭ كەتكەن بوشلۇققا نەزەر سالدى.

ئۇنىڭ دىققىتى ئەمدى دەريا ياقىسىدىكى توقايلىققا مەركەزلەشكەندى. دەريانى بويلاپ ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان توقايلىق كېچىنىڭ قارا پەردىسى ئاستىدا ئاجايىپ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. ئۇياقتا ئېتىشىش بولۇۋاتاتتى، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئاسماندا يالت ـ يۇلت قىلىپ ئوت پەيدا بولاتتى. تۇرۇپلا قاتتىق گۈلدۈرلەش، پارتلاش ئاڭلىناتتى، ئاسماندىن يىلاندەك كۈشۈلداپ ئوق ئۇچۇپ ئۆتەتتى، نېمىدۇر تۇتەپ كۆيەتتى. . .

— بىزمۇ ئاشۇ ئۇرۇشقا قاتناشساق بولاتتى، قوللىرىم قىچىشىپ كېتىپ بارىدۇ، — دېدى باتۇرغازى ئۇ تەرەپكە قاراپ، — مېنىڭچە ئەمدى دۈشمەن ئۆتمەيدۇ، ياتقىنىمىز بىكار.

نادىم كۈلۈمسىرىدى:

— بۇ گەپلىرىڭ توغرا ئەمەس، ھەرقايسىمىز ئۆز ئورنىمىزدا تۇرمىساق بولامدۇ، بىر يەرگە يىغىلىۋالساق كۈچلۈك دۈشمەننىڭ بۆكتۈرمىسىگە چۈشۈپ قالىمىز. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئۇ يەردە جەڭ قىلىۋاتقانلاردىن كەم ئەمەس، بىز ئەترىتىمىزنىڭ كۆزى، قۇلىقى، مۇشۇنداق ھەر خىل كۆزگە كۆرۈنمەس ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلالىساق، كۈچىمىزنى ساقلاپ قالالايمىز، كۈچلۈك دۈشمىنىمىزنى يېڭەلەيمىز ئەمەسمۇ، — نادىم شۇ سۆزلەردىن كېيىن، كۆزىنى قويۇق توقايلىقلاردىن ئېلىپ قىزغۇچ تاملار باغرىغا تاشلىدى. باتۇرغازى خېلى جىمجىتلىقتىن كېيىن ئويلانغان ھالدا يەنە گەپ باشلىدى:

— تۇرمۇشتا كىشىگە نۇرغۇن نەرسىلەر، ھادىسىلەر دۇچ كېلىدىكەن، شۇنىڭغا قاراپ كىشىنىڭ تونۇشى، كۆزقاراشلىرى ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىدىكەن، مەن گىمنازىيىگە كىشىلەر بى-

لىملىك بولسىلا، باشقىلارغا بوزەك بولمايدۇ دېگەن قاراش بى-
لەن ئوقۇشقا كىرگەن. لېكىن، ئىككى يىللىق ھايات مېنى
ئۆزگەرتىۋەتتى. ئىستىبدات ھاكىمىيەت ھەربىر بىلىملىك ئا-
دەملەرنىمۇ بوزەك قىلالىغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.
نۇرغۇن تەجرىبىلەردىن قولىمىزدا مۇشۇ قورال بولسىلا، ھېچ-
كىم بىزنى بوزەك قىلالمايدىغانلىقىنى ئاستا - ئاستا بىلىپ
يەتتىم، — ئۇ نادەمگە قاراپ دېدى، — ئەلۋەتتە سەندىمۇ
شۇنداق قاراشلار، ئۆزگىرىشلەر بولغاندۇ؟!

— مېنىڭمۇ سېنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، — دېدى
نادەم ئويچان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ، — باللىق
چېغىمدا، بىزنىڭمۇ يەرلىرىمىز، ئات - ھارۋىلىرىمىز بولسا،
ئاپام ئىككىمىز كىشىلەرگە سارغايماي كۈن ئۆتكۈزەتتۇق، دەپ
ئويلايتتىم. كېيىنرەك بايلارنىڭ خورلىشى ماڭا بەك تەسىر
قىلىدىغان بولدى. شۇ چاغدا، مۇشۇلار يوقالسا، جاھان كەمبە-
غەللەرگە كەڭتاشا قالىدىكەنغۇ دەپ ئويلىدىم. لېكىن، ئۇلار
ھەرگىز ئۆزلۈكىدىن يوقالمايدىكەن، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قوغداي-
دىغان قورالى، ھۆكۈمىتى بولىدىكەن، شۇڭا ئۇلارنى يوقاتماي
بولمايدىكەن. مانا قارا باتۇرغازى، ئاتا - بوۋىلىرىمىز، قېرىن-
داشلىرىمىز دەرد - ئەلەم، ھەسرەت - نادامەت بىلەن ئالەمدىن
ئۆتتى. بىزنىڭ ئىشىمىز ئۇلارغا يىغلاش، ئېچىنىش، ئۇلارنى
ئەسلەپ خاتىرىلەپ تۇرۇش ئەمەسكەنغۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن قول-
مىزغا قورال ئېلىپ، ئاشۇلارنى بوزەك قىلغانلارنى يوقاتساق،
ئۇلارغا ھەقىقى ئېچىنغان، ئۇلارنى ھەقىقىي خاتىرىلىگەن بول-
مىزكەنغۇ؟ مانا بىز ھازىر ئۇرۇش قىلىۋاتىمىز، ئېھتىمال
ھايات قالارمىز ياكى ئۆلەرمىز، ئۆلسەك ھېچقانچە ئىش ئەمەس،
ئېغىرى بىرەر مەقسەت - ئارزۇنىڭ بولماسلىقىدا. قىسقىسى،
ھەربىر پارتىزان بىر كىچىك ئۇرۇشتىمۇ مەن نېمە قىلىمەن،
ۋەزىپىنى قانداق ئىجرا قىلىمەن، دۈشمەننى قانداق يوقىتىمەن؟

دېگەننى ئويلىغىنى تۇزۇك.

ئىككىسى جىمجىت هالدا كۆزلىرىنى بىر نۇقتىدىن ئالماي تۇرۇپ قېلىشتى. نادەمنىڭ سۆزىدىن باتىرغازى هاياجانلىنىپ مۇنداق دېدى:

— مەن هازىرغىچە بەش گومىنداڭچىنى ئاتتىم، يەنە ئوننى ئېتىپ ئۆلسەم ئارمىنىم يوق.

— مەن هايانتقا تويمايمەن، — دېدى نادەم جىددىي هالدا، — مېنىڭ ئارمىنىم ناهايىتى كۆپ. قېنى سەن ئېيتقىنا، ئادەمنىڭ كۈچى نېمىدە؟

ئۇ سەپدىشىغا يېنىچە قارىدى.

— ئادەمنىڭ كۈچى، — دېدى باتىرغازى دەرهاللا، — بىر مەقسەت ئۈچۈن ئىرادە تىكلىشىدە.

— شۇنداق، — دېدى نادەمۇ، — ئىرادە ئادەمنىڭ قىلغان ئىشلىرىدا كۆرۈلىدۇ. سەن دۇنياغا كېلىپ قانچىلىك ئىش قىلالىدىڭ؟ بۈگۈنكى خەلقىمىزلا ئەمەس، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز سېنى ئەسلىگۈدەك ئىش قىلالىدىڭمۇ، يوق؟ بۇنىڭ ئۈچۈن تېخى نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. كۆڭلىرىمىزنى مەنىلىك ئۆتكۈزەلىسەك، كېيىن پۇشايمان قىلمايدىغان بەختلىك ئادەم بولىمىز. بىز هازىر بەختلىك ئادەملەرمىز، چۈنكى قولىمىزغا جۈرئەت بىلەن قورال ئېلىپ، دۈشمەنلىرىمىزنى ئېتىۋاتىمىز. ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن، يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىمىز، ئارمانلىرىمىز بەك كۆپ، باتىرغازى!

تۇيۇقسىزلا قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، ئۇلار شۇ تەرەپكە باشلىرىنى سوزۇشۇپ قاراشتى.

— قاچتى! — دەۋەتتى باتىرغازى هاياجانلىنىپ، — دەريا تەرەپكە قاچقان بولۇشى مۇمكىن.

— هە، ئەمدى قالغىنى سۇدا ئۆلىدۇ، — دېدى نادەممۇ هاياجانلىنىپ.

قىقاس - چۇقان تېخىمۇ قاتتىق ئاڭلانماقتا ئىدى. بۇ قىقاس - چۇقانغا تەنتەنە قىلىۋاتقاندەك دەريامۇ قەھر بىلەن شارقىرىماقتا ئىدى.

سۇبھى كۆتۈرۈلۈپ ئەتراپقا ئاجايىپ گۈزەل، ئاقۇچ نۇر تارالماقتا، سوغۇق تاغ شامىلى يېنىك گۇركىرىمەكتە. بىر پەستىن كېيىن ئېتىشىشلارمۇ، قىقاس - چۇقانلارمۇ بېسىلىپ قالدى. ئەتراپ ئاستا - ئاستا يورۇپ كەتتى - دە، ھەممە نەرسە ئوچۇق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ قىمىرلىماي دۇم ياتقىنىغا بىر سائەتتىن ئاشقان، ئۇلار ئەمدى مۇزلاشقا باشلىغانىدى. باتىرغازى ئەنە شۇ چاغدا ئۆزلىرىنىڭ خېلىدىن بۇيان بىرنېمە يېمىگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى.

— مۇزلىدىڭمۇ؟ — دېدى ئۇ، — قېنى ئەمىسە، قورساقلىرىمىزغا ئازراق بىرنېمە بېرەيلى.

ئۇ تۇنۇگۈن بېلىگە تۇگىۋالغان پىششىق كالا گۆشىنى ئالدى - دە، ياغلىقنى يېشىپ ئوتتۇرىغا قويدى.

— مايلىق يېرىنى ماڭا قويۇپ بەۋەرگىن، — دېدى ئۇ.

— مايلىق گۆش بىزگە ياقمايدۇ دەمسەن؟ - دەپ چاقچاق قىلدى نادەم بىر پارچە مايلىق گۆشنى قولىغا ئېلىپ.

ئۇلار گۆش بىلەن قورساقلىرىنى يېرىم - يارتا تويغۇزۇ-شۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى - دە، بابىشنىڭ تېمى ئوچۇق كۆرۈنىدىغان يەرگە كەلدى. بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ شۇ ياققا قارىشىپ، بابىشنىڭ تېمى ئەتراپىدا ۋە دەريا ياقىلىرىدا ياتقان ئۆلۈكلەرنى ھەم ئۆلۈكلەر ئۈستىگە ئولىشىۋالغان سان - ساناق-سىز قاغا - قۇزغۇنلارنى كۆرۈشتى.

نادەم بۇ ئەتراپقا ئۈچ رازۋېدكىچىنى قالدۇرۇپ، باتىرغازى بىلەن بىللە تېيىلغاق تاغ باغرى بويلاپ يۇقىرىغا ماڭدى.

# ئون ئالتىنچى باب

## 1

قاش قارايغان مەزگىلدە «چاقماق» گۇرۇپپىسى يولغا چىقتى ۋە تاغ ئارىسىدىكى يالغۇز ئاياغ يول بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

نادەم تاپشۇرۇققا ئاساسەن ئەتراپقا تازا زەن قويۇپ، كۆرگەنلىرىنى ئەستە قالدۇرۇشقا تىرىشىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ جىددىي پەيتلەردىمۇ ئانىسىنى، يالغۇز ئىنىسىنى پات - پات ئويلاپ قوياتتى، ئۇلار قاچقاندىن كېيىنكى ئانىسىنىڭ ئەھۋالى ئۇنىڭغا قاراڭغۇ ئىدى...

ئەنۋەر ئەپەندىنىڭ نادەم، گايىت، كېۋىر، جامالىدىنلارنى باشلاپ قاچقانلىقى مەلۇم بولدى. ئوفىتسېر مەنسۇرشاگيونى: «سامان قورساق! — دەپ تىللىدى ۋە، — سېنى سولتىۋېتىمەن!» دەپ ھەيۋە قىلدى. ئۇ غەزىپىنى بېسىش ئۈچۈن بىردە شاگيونى، بىردە چېرىكلەرنى تىللىدى، سىلكىدى. ئەختەمباينىڭ كەچكى مەززىلىك غىزاسىدىن كېيىنلا ئاچچىقى بىر ئاز ياندى.

ئۇلار شۇ ئاخشىمى ئەختەمباينىڭ ھەشەمەتلىك سارىيىدا قونۇپ قالدى. ئەمما، يېرىم كېچىگىچە پاراڭ قىلىشىپ چىقتى. ئوفىتسېر ۋەزىيەتتىكى تېز ئۆزگىرىشلەرنى، نىلقا تاغلىرىدا پەيدا بولغان ۋەقەلەرنى سۆزلىدى. ئەختەمباي بىلەن مەنسۇر شاگيو ئاڭلىغان مىش - مىش گەپلەرنىڭ ھۆكۈمەت ئادەمىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقانلىقىدىن، ئۇنىڭ راستلىقىغا مانا

ئەمدى ئىشەندى. ئۇ، ھازىر نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ نىلقىغا قىپ- چىپ بىرىپ قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇپ، ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقى، شۇڭا كىچىلىرى تۇپلىشىپ پاراڭ قىلىشىدىغان پەيلى يامان ئادەملەرگە دىققەت قىلىشنىڭ لازىملى- قى، ئەنۋەرلەرنىڭ يوقاپ كىتىشى نىلقىغا كەتكەنلىكىنىڭ بەل- گىسى ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆزلىدى. مانا بۇ ئىش ئوفىتسىردىلا ئەمەس، باشقىلاردىمۇ بىر خىل ۋەھىمە قوزغاپ قويدى.

ئوفىتسىر شۇ ئىشلارنى ئويلاپ باشقىلار قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن چاغدىمۇ ئۆزى قورقۇپ ئۇخلىيالمىدى ۋە ئۇخلىماي دىگۇدەك بىر كىچىنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. تاڭ ئالدىدا ئۇ ئۇيقۇسى كەلمىگەنلىكى ئۇچۇن ئاشخانىنىڭ ئىشىكىنى قاقتى. ئۇ يەردە ھۆرلىقا ياتاتتى. ئاخشام ئوفىتسىر ئۇنى كۆرۈپ قالغانىدى. ھۆرلىقا ئىشىكنى ئاچتى ۋە ئوفىتسىرنى تونۇدى ـ دە، ۋۇجۇدى غەزەپ ھەم نەپرەتتىن تىترەپ، ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن مەيدى- سىدىن ئىتتىرىۋەتتى. بۇنى كۈتمىگەن ئوفىتسىر تېخىمۇ رەللى بولۇپ سەپراللىشىپ كەتتى، بىر كۈندىلا ئۇنىڭ كۆزلىرى ئولتۇ- رۇشۇپ كەتكەنىدى. ئەتىسى ئەتىگەنلىك چايدىن كىيىن ئۇ گۈل- پەمخاننى بۇ يەرگە چاقىرىپ كىلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. ئەسلىدە ئۇ پەقەت ئەنۋەر ئەپەندىنىلا تۇتۇشقا چىققانىدى، لىكىن ھازىر ئۇنىڭغا تۆت كىشى قوشۇلۇپ قىچىپ، ئىش تېخىمۇ چوڭىيىپ كەتكەن، «ئەمدى شەھەرگە قايسى يۈزۈم بىلەن كىرىمەن، قىنى دىسە، نىمە دەيمەن، بەشەيلەن بىراقلا قىچىپتۇ دەيمەنمۇ» دەپ ئويلايتتى ئۇ. شۇ ئەسنادا چاقىرىلغان گۈلپەمخان نەۋرىسىنى يىتىلەپ يىتىپ كەلدى. ھويلىدا سوراق قىلىش يەنە باشلىنىپ كەتتى.

گومىنداڭ ئوفىتسىرىنىڭ ئۆڭسۈلى ئۆچكەنىدى. ئەمما، ئەختەمباي چىرايىنى ئىچىپ مومايغا چۈشەندۈرۈپ سۆزلىدى:

ـــ بۇلار ھۆكۈمەت ئادەملىرى، ئەسلىدە بۇلارغا ھىلىقى

ئەنۋەر ئەپەندى كېرەك ئىكەن، بىراق ئۇ بىزنىڭ نادەمنى بىللە ئېلىپ كېتىپتۇ، سىلى ئۇلارنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرسىلە بولىدۇ. نادەمنى ھېچنېمە قىلمايدۇ، ئاخشام ئۇقۇشماسلىق بولغانغان ئوخشايدۇ.

گۈلپەمخاننىڭ ئاچچىقى تارقالمىغانىدى، ئاخشامقى سوراقتا يېگەن تايىقى ئۇنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈۋەتكەن، «دەردنى بەرگەن خۇدايىم دەرمانىنىمۇ قوشۇپ بەرمەمدىكەن، نېمانچىمۇ قورقاق بولۇپ كەتتىم. . . » دەپ ئويلىغانىدى. ئۇ شۇنىڭ ئۇچۇن يۈرەكلىك سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن بالىنى سىلىگە تاپشۇرغان، ھەپتىلەپ - ھەپتىلەپ ئۆيگە كەلمەيدۇ، كىچىككىنە جېنى بىلەن چولڭ ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلىۋاتىدۇ، بالىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سىلەر بىلمەي، مەن نەدىن بىلەي؟

ئەختەمباينىڭ تەرى تۈرۈلدى:

— مەن كۆزەتچى ئەمەس ئۇنى ساقلاپ ئولتۇرىدىغان، بالىنى قاچۇرۇۋېتىپ ماڭا ئېسىلىۋاتقىنىنى قارىمامدىغان.

— مېنىڭ بالام نېمە گۇناھى ئۇچۇن قاچىدۇ، بالامنى يوقىتىۋېتىپ، ئەمدىزە، ماڭا دۆڭگىمەكچىمۇ، بالامنىڭ ئۆلۈكىنىمۇ، تىرىكىنىمۇ سىلى ئىگە، مەن ئۇنى ساق تاپشۇرغان.

— سېنىڭ بالاڭ، — دېدى ئەختەمباي ھەيۋە قىلىپ، — ھايۋان ئەمەس بوينىدىن باغلاپ قويىدىغان، ئىككى پۇتى بار، كۆزى بار، نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگىنىنى بىلەمسەن؟ ئۇ ھارىمى ھۆكۈمەتكە قارشى چىقىش ئۇچۇن قاچقانلىقىنى سەن بىلمەمسەن؟

گۈلپەمخاننىڭ مانا ئەمدى قېنى قىزىپ، غەزىپى تېخىمۇ ئۆرلىدى:

— سەن بىلمەيدىغان بولۇپ قالدىڭمۇ، ئۆلگۈدەك ئىشلىتىشنىغۇ خوپ بىلىسەن، سەندە ئىنساپ بارمۇ، ئادەم بالىسى

سەندەك قۇۋ، ھىيلىگەر بولامدۇ، — ئۇ پۈتۈن دەردلىرىنى تۆكۈشكە باشلىدى، — ۋاي ئەختەمباي رەھىمدىل دېسە ئىشىنىپ يۈرۈپتىمەن، سەن رەھىمدىلما، بالامنى ئىشلىتىپ قۇرۇق ئۇستىخان قىلىپ قويدۇڭغۇ. ۋۇي، كىشىنىڭ تەشمەي قېنىنى شورايدىغان ياۋۇز بۆرى! تاپ بالامنى، نەگە يوقاتتىڭ!

باي تېپىرلاپ، تېرىكىپ گۈلپەمخاننىڭ ياقىسىدىن ئالماقچى بولۇپ كەلگەندى، ئۇنىڭغىچە ئوفىتسېر گۈلپەمخاننىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى:

— ھەي، جەددال قېرى، سەن بالاڭنى قاچۇرۇۋېتىپ، يەنە باشقىلارغا تۆھمەت قىلىسەنغۇ، — دېدى - دە، مومايىنىڭ ياقىسىدىن ئالدى، — ئېيتامسەن - يوقمۇ، ھازىر جېنىڭنى ئالىمەن، — ئۇ تاپانچىسىنى قېپىدىن سۇغۇرۇپ ئالدى، گۈلپەمخاننىڭ نەۋرىسى ئادىلجان قورقۇپ يىغلاپ كەتتى.

— ۋاي موما، جېنىم مومام... جۈيى كېتىمىز.

— ئېيت، بالاڭ نەدە، مەن سېنى باغلاپ ئېلىپ كېتىمەن!

مومايىنىڭ كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي قالغانىدى:

— ئات، قانخورلار، ئات، نادىر بالامنىمۇ سەنلەر ئاتقان ئىدىڭ، مېنىمۇ ئات، بۇ دۇنيانىڭ خورلۇقلىرىنى ئەمدى كۆرمەي كېتەي، ئاته مېنى!... — موماي ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئىككى قەدەم چامدىدى، ئىككى ئەسكەر بۇيرۇق بويىچە مومايىنى باغلاش ئۈچۈن ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى. نەق شۇ چاغدا كۈتۈلمىگەن بىر ئىش بولدى، ھۆرلىقا پېشايۋانغا يۈگۈرۈپ چىقتى - دە، ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىنى توراپ:

— مومايدا نېمە گۇناھ، ئۇلارنى مەن قاچۇرۇۋەتتىم، — دېدى ئۇ ئوفىتسېرغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ، ھېچ ئويلىمىغان يەردىن چىققان بۇ گەپكە ئوفىتسېرنىڭ زەردىسى ئۆرلەپ، مومايغا تەڭلىگەن تاپانچىسىنى ئەمدى ھۆرلىقاغا تەڭلىدى. بۇنى

كۆرۈپ ھۆرنساخاننىڭ جان - پىنى چىقىپ كەتتى ۋە سۆغۆر-
دەك چىرقىراپ ئوفمتسىرغا ئېتىلدى. ئەختەمباي نىمە قىلارىنى
بىلمەي، داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى ۋە تەسلىكتە ئايالىنى تۇتۇۋال-
دى. ئوفمتسىر ئىشەنچلىك بۇ ئادەملەردە، ئىشەنچلىك بۇ ھوي-
لىدا يۈز بىرىۋاتقان بۇ غەلىتە ئىشلاردىن قاتتىق چۆچۈدى. ئۇ
ئويلىدى: «ئەمدى ئىش چوڭىيىپ كەتسە، ئاخشامقى موماينىڭ
ھويلىسىدىكى سوراقتىكىدەك ئادەملەر دۈكۈرلىشىپ كىرسە،
ئۇلار ھوميىپ قاراشسا، بەلكى ھەممىسى بىزگە بىراقلا يىپىش-
سا قانداق قىلغۇلۇق، بۇلارنىڭ چاڭگىلىدىن ئامان قۇتۇلۇپ
كەتكىلى بولامدۇ؟ بۇ نادان، ۋەھشىي خەق تېرىمىزنى تەتۈر
سويمىسۇن يەنە» ئۇ ئۆزىنىڭ خىيالىدىن ئۆزى چۆچۈپ چىرايىدا
قان قالمىدى ۋە ئەختەمبايغا بىر ئالايدى - دە، قولىنى قاتتىق
سىلكىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى...
مانا بۇ ئىشلار نادەمگە قاراڭغۇ، ئۇ ئانىسىنى ئويلايتتى،
ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەرىشان ئانىسى دائىم گەۋدىلىنىپ تۇراتتى.
ئۇ ئۆز - ئۆزىگە يەنە پىچىرلىدى:
— ئاپا، مېنى نەگە كەتكەندۇ دەپ ئويلاۋاتىدىغانسەن،
تىرىكمىدۇ، ئۆلگەنمىدۇ دەۋاتىدىغانسەن، ياق ئاپا، مەن ئۆلمىد-
دىم، ئوغلۇڭ ئۆلمەيدۇ، ئۇ قولىدا قورال ئېلىپ دۈشمەنگە
قارشى كۈرەش قىلىۋاتىدۇ، سېنى ۋە جاپاكەش خەلقنى ئازاد
قىلىش ئۈچۈن ۋىژىلدىغان ئوقلار ئىچىدە ئالغا ئىلگىرىلەۋاتە-
دۇ. خاتىرجەم بول ئاپا، پات يېقىندا ئاپئاق تاڭ ئاتىدۇ، شۇ
چاغدا سەن بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىمەن.
ئۇنىڭ قەلبى ھاياجانغا تولغان، ئاشۇ تاڭغا بولغان تەقەززا-
لىق ۋە ئىشەنچ ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالغانىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن
ئوت چاقناپ كەتتى.
رازۋېدكىچىلار چوڭ قارا سۇغا يېقىنلاپ كەلدى، مانا،
ئىتلارنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۇلار ئاتلى-

رىنى تاراسلىتىپ چاپتۇرۇپ ئېگىز دۆڭ ئۈستىگە چىقتى ۋە مەھەللىگە كۆز تىككىنىچە تۇرۇپ قېلىشتى.
كۆمۈردەك قاراڭغۇ كېچە، پەسلىككە جايلاشقان مەھەللە تېخى يېڭىلا ئۇيقۇغا چۆككەن، مەھەللە گويا تاغ سۈيىنىڭ بىر- خىل شارقىرىشىدا يېنىك تەۋرىنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.
رازۋېدكىچىلار ئاتلىرىنى مەھەللىنىڭ چېتىدىكى بىر ئەس- كى تاملىق ئېغىلغا باغلاپ قويۇشتى ـ دە، ئۆزلىرى تۆت ئەتراپ- نى ياخشى كۆزەتكەندىن كېيىن ئۈستەڭ بويىغا كەلدى. ئۈس- تەڭنىڭ ئىككى يېقى قويۇق دەل ـ دەرەخلەر ۋە ئۈسكىلەڭ ئوت ـ چۆپلەر بىلەن قاپلانغانىدى.
نادەم رازۋېدكىچىلىرىنى ئەتراپنى كۆزىتىپ كېلىشكە ئە- ۋەتتى، ئۆزى بولسا باتىرغازى بىلەن تاغ تەرەپكە كەتكەن بىر كىچىك كوچىغا كىردى. ئۇلار كوچىنىڭ ئاخىرىدىكى بىر قورۇ- نىڭ ئالدىدا توختىدى ـ دە، ئاستا شەپە چىقارماي ئىككى بالداق- لىق غورۇدىن ئېگىشىپ چۈشتى، ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرى ئۆرۈ- لۈپ كەتكەن پاكار تاملىق بۇ كىچىك قورۇ جىمجىت ئىدى. ئۆگزىگە بېسىلغان ئوت ـ چۆپ، ئاچا ياغاچتىن ياسىلىپ بۇلۇڭ- غا تىكلەپ قويۇلغان ئارا، كىچىك ئەينەكسىز پەنجىرىگە توراپ قويۇلغان تەڭلە بۇ قورۇدا ئادەم بارلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئىككىسى تۆت تەرەپكە بىردەم قاراپ تۇردى، ئۆي ئىچى جىم- جىت، پەقەت يېنىك پۇشۇلدىغان بىر خىل ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتتى. نادەم باتىرغازىغا ئىشىكنى شەرەت قىلدى. باتىرغازى ئىشىكنى ئاستا چەكتى. ئۆي ئىچىدىكى پۇشۇلدىغان ئاۋازمۇ يوقالدى. ئۇ خۇددى شەرتلىك بەلگىدەك ئىشىكنى يەنە چەكتى:
تاق ـ تاق ـ تاق، تاق ـ تاق ـ تاق...
ـــ كىم، كىمسەن؟
كىمنىڭدۇر بىرىنىڭ ھاسىرىغانلىقى تاشقىرىغا ئاشكارا ئاڭ- لاندى، بىردەمدىن كېيىن پىچىرلىشىش باشلاندى. ئۆي ئىچىد-

دىن چىققان ئاۋاز بوۋاينىڭ ئاۋازىدەك قىلدى.
— بىز، بىز، — دېدى باتىرغازى، — بىز، قورق-ماڭ.
— بىز دېگەن كىمدۇ بۇ كېچىدە، — بوۋاينىڭ قورقۇش كەيپىياتى ئىچىدىكى غۇدۇڭشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇنىڭ مۇڭ-داق دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ قېلىشى سەۋەبسىز ئەمەس ئى-دى. چۈنكى ئۇ تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن مەھەللىدە كىشى قورققۇدەك ئىشلار بولۇپ ئۆتكەن:
گومىنداڭنىڭ بۇ يەرگە چۈشكەن قوشۇنلىرى كېلىپلا مە-ھەللىنى بېشىغا كىيدى، پۈتۈن ئۆيلەرنى ئاختۇرۇپ، چىنە - قاچىلارنى ئۇرۇپ - سۇندۇرۇپ، ھەممىنى تىرىپىرەن قىلىۋەت-تى. قېرىلارنىڭ ساقىلىدىن تۇتۇپ، «بالاڭنى تاپ!» دەپ يۈزلىرىگە تۈكۈردى، ئۇردى؛ موماي‌لارنىڭ ئاپئاق چاچلىرىغا چاڭگال سېلىپ، نوقۇدى، دۈشكەلىدى؛ قارشىلىق قىلغان ياش-لارنى شۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلىدى؛ بەزىلەرنىڭ ماللىرىنى بۇلاپ ئاچىقىپ سويدى؛ تـوخۇ، ئۆردەك - غازلارنى كاللىسىنى ئۈ-زۈپ تاشلاپ يۇڭۇزلىدى؛ بوۋاي، موماي‌لارنىڭ نالىلىرىگە، بالى-لارنىڭ يىغا - زارىغا، ئاياللارنىڭ ئېچىنىشلىق داد - پەريادىغا قارىمىدى، بۇ مەھەللە بىنا بولغاندىن بېرى مۇنداق خورلۇق، ۋەھشىيلىك، ياۋۇزلۇقنى ھېچكىم كۆرمىگەنىدى.
— قورقماڭ، ئاتا، بىز نىزامىدىننىڭ ئادەملىرى، — دېدى باتىرغازى ئېغىزىنى ئىشىكنىڭ يوچۇقىغا يېقىپ تۇرۇپ.
قاراسۇلۇقلار ئۈچۈن نىزامىدىننىڭ ئادەملىرى كىملەر ئى-كەنلىكى ئايان ئىدى. بوۋايغا قايتىدىن جان كىرگەندەك بولدى ئەتىمالىم، «چىراغ ياقساڭچۇ» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى ۋە ئۆي ئىچى سۇس يورۇدى. بوۋاي ئىشىكنى ئاچتى، ئادەم بىلەن باتىرغازى ئۆيگە كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەلدى، ھەر ئىككىسى-نىڭ بويىندا ئاپتومات. بەللىرىدىكى تاسمىسىغا ئۈچ دانىدىن

قاتار قىلىپ گىراناتلار ئېسىلغانىدى. شالاڭ ساقاللىق ئورۇق بوۋاي ئىككىسىنى كۆرۈپ تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى، موماينىڭمۇ قورقۇنچى تارقىلىپ كەتكەنىدى.

— ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ ئاتا، — دېدى نادەم بوۋاينىڭ قولىنى تۇتۇپ ئىللىق كۈلۈمسىرەپ.

— يائاللا، سىلەرنىمۇ كۆرىدىغان كۈن بولىدىكەنغۇ، قې-نى يۇقىرىغا چىقىڭلار، يۇقىرىغا، — دېدى بوۋاي ئېچىلىپ، مومايمۇ پايپېتەك بولۇپ ئورۇن - كۆرپىلەرنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى.

— ئاۋارە بولماڭ ئاپا، — دېدى باتىرغازى، — بىز ئالدىرايمىز، سىلەر بىلەن بىرئاز سۆزلەشكىلى كەلدۇق.

— نېمە، يەنە كېتەمسىلەر؟

نادەم دېدى:

— مەشەگە گومىنداڭچىلارنى كەلدى دەپ ئاڭلىدۇق، بىز شۇنى بىلگىلى كەلگەن، بىز...

بوۋاي ئىتتىكلا سۆزلەپ كەتتى:

— كەلدى بالام، كەلدى، بىر بالا - قازا كەلدى، ئاشۇ دۆڭدىكى ئاكا - ئۇكا باينىڭ چوڭ ئىككى قورۇسىغا چۈشتى، شۇ يەرگە جايلاشتى.

— شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق بالام، كېلىپلا ئالتە ئوغرىغا قوشۇلغانلار بارمۇ، دەپ سۈرۈشتۈرۈپ كۆرمىگەن كۈننى كۆرسەتتى بىزگە. مىڭباي زەڭگە ئۇلارنى كەينىگە سېلىپ، ئۇدۇل مەھەممەت چا-لىنىڭ ئۆيىگە ئاپاردى، ئۇنىڭ بالىسى سىلەرگە قوشۇلۇپ كەت-كەن ئەمەسمىدى، بىلىدىغانسىلەر ئۇنى، ھېلىقى ئوغلاقچى جا-نات شۇ!

ئۇلار ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلمىسىمۇ، بوۋاينىڭ كۆڭلى ئۈچۈنلا:

— ھەئە، بىلىمىز، — دېيىشتى.

— دۇنيادا مۇنداقمۇ تاش يۈرەك ئادەملەر بولىدىكەن، — دېدى بوۋاي سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — چالنى بالاڭنى تاپ، ئۆيگە قاچان كەلگەن، نېمە دېگەن؟ دەپ ئېسىپ قويۇپ ئۇرۇپ، باش - كۆزىنى قىپقىزىل قانغا بويىۋەتتى، جاننىڭ چىقمىغىنىمۇ تەسكەن، ئۇرۇلغان تاياقنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق، بىچارىنى چالا ئۆلۈك قىلىپ تاشلىۋەتتى.

مۇماي كۆز يېشى قىلىشقا باشلىدى، بوۋايىنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى.

— شۇنداق ئاتا، — دېدى نادەم قاپىقىنى سىلىپ، — بۇ جاللاتلارنىڭ خەلققە كۆرسەتمىگىنى ئاز قالدى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئەتە - ئۆگۈن سۆزلەپمۇ تۈگىتەلمەيمىز، — بۇلار بوۋاي بىلەن مومايغا تەسەللى بېرىپ، ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىشقا ئۆتتى، — بىز سىلەرنىڭ ئۆز پەرزەنتىڭلار بىز، ئاشۇ زۇلۇمغا، خورلۇققا چىدىماي ئاتلىنىپ چىقتۇق، بۇ قانخورلارنى ئەمدى چوقۇم يوقىتىمىز.

— باركاللا باللىرىم، شۇنداق قىلىڭلار، بىزنىڭ كۆز يېشىمىز قۇرۇيدىغان چاغلار كېلەر ئەمدى!

— ئەلۋەتتە كېلىدۇ، — دېدى نادەم كۆتۈرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن، — ئاتا، ئۇلار ماشىنىدا كەلدىمۇ؟

— ماشىنىدا كەلدى.

— قانچىلىك ماشىنىدۇ؟

— ۋاي بالام، ئۇنى سانىغىلى بولامدۇ، ئادەم يەيدىغاندەك قىلىپ تۇرسا، نۇرغۇن ماشىنا، نۇرغۇن.

نادەم بىلەن باتۇرغازى ئورنىدىن تۇردى، باتۇرغازى:

— سىلەر خاتىرجەم يېتىڭلار، ئۇلار بۇ يەردىن يۆتكىلىپ كەتكۈچە بىز كۆلنى كۆككە سورۇۋېتىمىز، — دېدى.

شۇ سۆزلەر بىلەن كۆڭۈللىرىدە قانداقتۇر بىر ئىشەنچ پەيدا

بولغان بوۋاي بىلەن موماي ئىككى رازۋېدكىچىنى كوچىغىچە ئۇزىتىپ چىقماقچى بولدى، نادەم كەينىگە بۇرۇلۇپ شەرەت بىلەن ئۇلارنىڭ يولىنى توربدى ـ دە، ئۇنىسىز چىقىپ كەتتى. يېقىن ئەتراپتا ھاۋشىغان ئىتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىتنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ قايسىدۇر بىر قورۇدىن ئاتنىڭ پۇرقىغىنى ئاڭلاندى. تۈنۈگۈنلا ساي ئىچىدىكى بۇ يېزىدا قايغۇلۇق، ھەسەرەتلىك تۈگۈچلەر تۈگۈلگەن، شۇ سەۋەبتىنمۇ ئۇيقۇسى قاچقان ئادەملەرنىڭ ئۆي ـ ئۆيلەردە بوش ئاۋازدا گۇدۇڭلىشىۋاتقانلىقى تازا دىققەت قىلغان ئادەمگە ئاڭلىناتتى. بۇلا ئەمەس، ئۇلاستايغا يېقىن يېزا ـ مەھەللىلەردە قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇپ كەتكەنلەر كۆپرەك بولغىنى ئۈچۈن، قايغۇ ـ ئازابتا قالمىغان ئائىلەلەر ئاز ئەمەس ئىدى. تاغ تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئاچچىق شامال ئۇرۇلماقتا، ئۆگزىلەرگە ئوت ـ چۆپ بېسىلغان قورۇلار مۇڭلۇق جىمجىتلىققا چۆمگەنىدى. گومىنداڭ قىسىملىرى كوماندىرلىرىنىڭ قورقىدىغىنى دەل مۇشۇنداق سىرلىق جىمجىتلىق. كىم بىلىدۇ، مۇشۇنداق جىمجىتلىقتا كىملەر نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ، بۇ خەققە ئىشەنگىلى بولمايدىكەن، دەپ ئويلايتتى ئۇلار. كۆڭۈللەرگە ئەندىشە سېلىپ تۇرۇپلا ئىتلار ھاۋشىپ كەتسە، تۇرۇپلا شىۋىرلاۋاتقان شامال گۇركىرەپ كېتەتتى. شامالنىڭ تۇيۇقسىزلا گۇركىرەپ كېتىشى تېخىمۇ ئەندىشىلىك ئىدى.

مەيلى جىمجىتلىق بولسۇن، مەيلى شامالنىڭ تۇيۇقسىزلا گۇركىرىشى بولسۇن رازۋېدكىچىلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پەيت. ئۇلار ناھايىتى ئەركىن، بىمالال ھەرىكەت قىلالايدۇ، ئەنسىرەش ـ ئەندىشىدە بولمايدۇ. ئۇلار قەيەرگە بارمىسۇن كېچىلەرنىڭ جىمجىت، تىنچ بولۇشىنى ياكى ئۇ يەرنىڭ شاماللىق بولۇشىنى تىلەيتتى.

نادەم بىلەن باتىرغازى بايىقى «چاقماق» گۇرۇپپىسى مۇ-

كۆنۈپ تۇرغان جايغا كەلدى.

— بۇلار ھازىر ئۆستەڭ ئۆستىدىكى ئىككى چوڭ قورۇدا ئىكەن، — دېدى ئادەم، — بۈگۈن كېچىنى ئۆتكۈزۈۋالسا، ئەتە يەنە چوڭ يولغا چىقىشى مۇمكىن.

باتىرغازىمۇ قوشۇمچە قىلدى.

— ياكى بولمىسا، چالىنقول ئارقىلىق بىز تۇرغان يەرگە ھۇجۇم بىلەن بېرىشىمۇ مۇمكىن.

بابىشنىڭ تېمىدىكى جەڭدە يېڭىلگەندىن كېيىن، سۇلتانۋەيستىن چىققان بۇ قوشۇن ئۆستەڭ ئۆستىدىكى ئاكا - ئۇكا ئىككى چارۋىدارنىڭ چوڭ - چوڭ ئىككى قورۇسىغا چۈشكەندىكەن، دەرۋەقە ئۇلار بۈگۈن كېچىنى تىنچ - ئامان ئۆتكۈزۈۋالسا، ئەتە يولغا چىقماقچىدى.

ئىسھاق يەر بېغىرلاپ بېرىقى قورۇغا يۈز مېتىردەك يېقىنلىشىپ بېرىپ، قورۇنىڭ ئۆستىدىكى قاراۋۇلنىڭ ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى بايقىدى ۋە شۇ چاغدا قورۇدىن بىرى چىقىپ ئۆزى تەرەپكە ماڭغانلىقىنى كۆردى - دە، دەرھال كەينىگە ياندى.

— تىرىك تۇتۇۋالايلىمۇ؟ — دېدى ئۇ ئادەمگە ھاسىراپ تۇرۇپ، ئادەم دەرھال:

— يوشۇرۇنۇڭلار، تېز، تېز. . . — دېدى.

رازۋېدكىچىكلار سارغىيىپ كەتكەن قويۇق ئوت - چۆپلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ ماراپ تۇردى. گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ بىر ئەسكىرى چېلەك كۆتۈرۈپ تار يول بىلەن رازۋېدكىچىلار تۇرغان تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. ئۇ يېتىپ كەلدى - دە، ئۆستەڭنىڭ قىرىنى دەسسەپ، ئېڭىشىپ تۇرۇپ چېلەكنى سۇغا چۆكۈردى. شۇ ھامان ئادەمنىڭ شەرتى بىلەن باتىرغازى كەينىدىن چىقىپ كۈچلۈك قولىنى ئۇنىڭ كېكىرتىكىگە سالدى، چۆچۈپ كەتكەن گومىنداڭ ئەسكىرى بوغۇلۇپ قاتتىق ۋارقىراپ ئۆزىنى

سۇغا ئاتتى، شۇ ھامان باتىرغازىمۇ سۇغا بىللە سەكرەپ چۈشتى ـ دە، كېكىرتىكىدىن بوغۇۋالدى ۋە قىرغاققا سۆرەپ ئاچىقتى. قالغانلار تېزلىكتە ھەرىكەتكە كېلىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا لاتا تىقىپ تاڭدى، بەلدىكى ئارقان بىلەن پۇت ـ قوللىرىنى ماتاپ قاتتىق چىگدى. لېكىن، شۇ چاغدا بېرىقى قورۇدىن ئۇلار تۇرغان يەرگە قارىتىپ ئوق ئېتىلىپ قالدى ھەم ۋارقىراشقان، تىللاشقان ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى، بىرنەچچىسى قوراللىرىدىن ئوق ئۈزۈشۈپ ئۆستەڭ تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشتى.

كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىغان نادەم ئالدىراپ:

— باتىرغازى، سەن مۇنۇ مەخلۇقنى ئاتقا ئارتىپ شتابقا تېز يەتكۈز، قالغانلىرىمىز دۈشمەننىڭ ئالدىنى چاپسان توراي ـ لى، — دېدى ۋە ئەسىرنى سۇدىن ئۆتكۈزۈشۈپ بەردى. باتىر-غازى ئۇنى يۈدۈپ ئۆستەڭنى بويلاپ تۆۋەنگە ئېلىپ كەتتى. قىيا ـ چىيا قىلىشىپ كېلىۋاتقان يىگىرمىدىن ئوشۇق گومىنداڭ ئەس-كىرى يېقىنلاپ قالغانىدى، رازۋېدكىچىلارنىڭ گىراناتى، ئوق-لىرى ئۇلارنى ئىلگىرىلەشتىن توختىتىپ، بىرنەچچىسىنى دو-مىلىتىۋەتتى ۋە چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى.

مۇشۇ ئېتىشىشتىن كېيىن، پۈتۈن قاراسۇ دېگۈدەك ئويغى-نىپ كەتتى. ئىتلار ھاۋشىدى، ئاتلار كىشنەپ بىر ئورۇندا تۇرالماي تېپىرلاشتى. كىشىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، چى-راغلىرىنى ياقماي ئەندىشىلىك بىلەن پىچىرلىششقا باشلىدى. ئۇلارغا بۇ نېمە ئىش ئىكەنلىكى چۈشىنىشلىك: مۇشۇ قاراسۇ-دىن بىرنەچچە ئادەم پارتىزانلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن. گومىنداڭ قىسمىنىڭ بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ ئىككى چولڭ قورۇغا بۆلۈنۈپ ياتقانلىقىدىن پارتىزانلارنىڭ خەۋەر تېپىپ كەلگەنلىكى ۋە ئۇلار-غا ھۇجۇم قىلىۋاتقانلىقى ئايان.

گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئۆۋسىدىن يامراپ چىقىشقا باشلى-دى. تۇيۇقسىزلا رازۋېدكىچىلارنىڭ كەينىدىن ئوق چىقىپ قال-

دى، رازۋېدكىچىلار بىرنەرسىنى چۈشەنگەندەك بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراشتى.

— ئەمدى قورشاۋدا قالغان ئوخشايمىز، — دېدى ئاراش پەس ئاۋاز بىلەن.

— شۇنداق، ئەمدى بىر ئورۇندا تۇرۇشقا بولمايدۇ، يۆت-كىلىپ ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك، — دېدى نادەم رازۋېد-كىچىكلىرىغا بۇيرۇق بېرىپ.

رازۋېدكىچىلار كەينىگە سىلجىپ سۇغا چۈشتى ۋە ئىككىگە بۆلۈنۈپ ئۆستەڭنىڭ ئېقىنىغا ھەم يۇقىرىسىغا كەتتى. گومىن-دالڭ ئەسكەرلىرى ئىز قوغلاپ، رازۋېدكىچىلارنى تاپالماي، قا-ياققا يۈزلىنىشنى، نەگە قارىتىپ ئوق ئېتىشنى بىلەلمەي تۇر-غاندا، نادەملەر كەتكەن تۆۋەن تەرەپتىن بىرنەچچە پاي ئوق ئېتىلدى، دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئوق چىققان تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى: «ئاختۇ-رۇڭلار، جەنۇبقا... دىققەت قىلىپ مېڭىڭلار، قورقماڭلار...»

نادەم جىددىي ھالدا: «قورشاۋدا قالدۇق، بۆسۈپ چىقىپ كېتىش تەس، ئەمدى ئېلىشماي بولمايدۇ» دەپ ئويلىدى.

ئۇ ئۇلاستايدا قولغا چۈشكەن ئوفىتسېرنىڭ سوراقتا بەرگەن مەلۇماتىدىن خەۋەردار ئىدى. ئۇنىڭ ئىقرار قىلىپ ئېيتىپ بېرىشىچە، گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئىچىدە مۇنداق بىر تۈزۈم بار ئىكەن: بىر قىسمى ئۇرۇشتا ھالسىراپ قالسا ياكى ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەي قېچىپ كەتسە، ئىككىنچى قىسمى ئۇنى ئۇقماسلىقى كېرەك ئىكەن. «دېمەك بۇنىڭدىن پايدىلىنىش كېرەك» — دەپ ئويلىدى ئۇ، — بۇلارنىڭ ئىككى قورۇغا جايلاشقانلىقى بىز ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى شارائىت.

نادەم ئىسھاقنى يېنىغا تارتىپ مۇنداق دېدى:

— سەن دەرھال يۇقىرىغا بېرىپ ئاراشقا ئېيت، ئۇلار نېرىقى قورۇغا يېقىنلاپ بېرىپ بېرىقى قورۇغا ئوت ئاچسۇن،

بىز بۇياققا ئوت ئاچمىز، قانداق چۈشەندىڭمۇ؟
— چۈشەندىم، — ئۇ سۇ ئىچى بىلەن يۇقىرىغا ماڭدى. ئاز ئۆتمەي رازۋېدكىچىلار بېرىقى قورۇغا قارىتىپ ئوق ئاتتى. قورۇدىمۇ بۇلار تەرەپكە ئوقلار ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى. نېرىقى قورۇدىكىلەر بولسا، يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئېتىشىشلارنىڭ تازا تېگىگە يېتەلمەي جىمجىت هالدا تۇرۇشاتتى. لېكىن، تىنچ تۇرغان بىلەن ئۇلارنىڭ قوراللىرى بەتلەكلىك، مىناميوتلىرى تىكلەكلىك ئىدى.
ئادەمنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىغان ئاراش ئۆزى باشلىغان بەش نەپەر رازۋېدكىچى بىلەن ئاۋۋال سۇنىڭ ئىچىدە، كېيىن سۇدىن چىقىپ، يەر بېغىرلاپ نېرىقى قورۇغا يان تەرەپتىن يېقىنلاپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى هۆل، سۇ سوغۇق، كۈزنىڭ زەھەردەك ئاچچىق شامىلى جاندىن ئۆتەتتى، لېكىن ئۇلار هېچ نەرسە سەزمىگەندەك شەپىسىز ئالغا سىلجىماقتا ئىدى.
شۇ ئەسنادا نېرىقى قورۇغا پارتىزانلارنىڭ ئوقلىرى ۋىژىلداپ يېغىشقا باشلىدى.
— جايىدا، ئىنتايىن جايىدا، — ئادەمنىڭ كۆزلىرىدە گويا غەلىبە ئۇچقۇنلىرى چاقنىغاندەك بولدى، — ئەمدى بۇلارنىڭ ئۆز يېغى بىلەن ئۆز گۆشىنى قورۇشىمىز كېرەك! ئېتىڭلار!
ئۇلارنىڭ ئوقلىرى نېرىقى قورۇغا ئۇچۇشقا باشلىدى ھەم ئۈستەلڭ ياقىلىرىدا ئەلەڭسىز يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن ئەسكەرلەرنىڭ ئۈستىگە مۆلدۈردەك ياغدى.
ئويلىمىغان يەردىن چىققان بۇ ئېتىشىش ھەر ئىككى قورۇدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى هاڭ - تاڭ قالدۇردى. ئەنسىزلىك ۋە قورقۇنچقا سالدى.
«قورققانغا قوش كۆرۈنۈپتۇ» دېگەندەك، بېرىقى قورۇدىكىلەر نېرىقى قورۇنى «ئالتە ئوغرى» ئىگىلەپ بولۇپ، ئەمدى

ئۇلار بىزگە ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئىككى قورۇدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي بىر - بىرى بىلەن ئېتىشىپ كەتتى، ھەتتا مىناميوتلىرىنىمۇ ئىشقا سېلىشقا باشلىدى.

توختاۋسىز ئوقلار ئېتىلىپ مىناميوت ئوقلىرى گۈمبۈرلەپ چۈشەتتى. شۇنداق ئېتىشىش داۋام قىلىۋاتقان چاغدا، قورۇنىڭ كەينى تېمىدىن ئون نەچچە گومىنداڭ ئەسكىرى ئارتىلىپ چۈشتى - دە، نادەملەر يېڭىلا كېلىپ، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالغان يوغان بىر توپ قارىياغاچ تۈۋىگە يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى، ئۇلار كەپقالدى، ئاتماسلىققا بولمىدى، رازۋېدكىچىلارنىڭ ئوقلىرى بىرنەچچىسىنى يىقىتتى. بىراق، بۇ ھالنى كۆرۈپ، چوڭ قورۇ تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشىۋاتقانلار كۆپىيىپ كەتتى ۋە قالايمىقان ۋارقىرىشىپ ئىلگىرىلەپ كېلىشكە باشلىدى.

نادەم جىددىي ھالدا ئويلاندى: «ئەھۋال قىيىنلاشتى، بۇ يەردىن ھەممىمىزنىڭ قۇتۇلۇشىمىز ناتايىن...»

ئۇ رازۋېدكىچىلىرىغا دېدى:

— چېكىنىڭلار، تېز چېكىنىڭلار!

— سەنچۇ؟

— ماڭا قارىماڭلار، پەيتنى قولدىن بەرمەڭلار، بولۇڭلار چاپسان!

— نادەم!

— بۇيرۇق قىلىمەن! تېز چېكىنىڭلار!

نادەم كېلىۋاتقان دۈشمەنلەرگە ھەم ئاپتوماتتىن ئاتاتتى، ھەم گىرانات تاشلايتتى. نادەمنىڭ ئوقىنىڭ پاناسىدا رازۋېدكىچىلار چېكىنىپ كەتتى. لېكىن، دۈشمەن باستۇرۇپ كېلىۋەردى، بىردىنلا نادەمنىڭ ئۈستىگە بىر گەۋدە تاشلاندى، نادەم ئۇنى موللاق ئاتتۇرۇپ يەرگە ئۇرۇۋەتتى، يەنە ئىككىسى تاشلان-

ـدى، ئۇستىلەپ يەنە تاشلاندى ۋە ئۇنى مىدىرلىغۇسىز قىلىپ باغلىۋالدى. ئاردىن ئون مىنۇت ئۆتە ـ ئۆتمەيلا، چولڭ قورۇ-نىڭ غەربىدىكى كىچىك ئىشىكتىن نادەمنى يالاپ بىر گورۇپپا ئەسكەر چىقتى ۋە تېزلىك بىلەن ئۇنى ماشىنىغا سالدى ـ دە، سۇلتانئۇيسكە ئېلىپ كەتتى.

«چاقماق» ئۆز باشلىقىدىن ـ قابىل يول باشچىلىغۇچىسى-دىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇ قانداق كۈنلەرگە قالار، تەقدىرى نېمە بولار، گومىنداڭ تۇتقان ئادەملەرنىڭ تىرىك قالغىنى ئاز. ئۇنى بىر ئىلاجى قىلىپ قۇتقۇلدۇرۇش كېرەك ئىدى. قۇتقۇلدۇرۇشمۇ ئاسان ئەمەس. قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلىش كېرەك. يامان يېرى، نەدىلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلىش ۋە ئۇنى قۇتقۇلدۇرۇش «چاقماق» گورۇپپى-سىنىڭ ئۇستىگە چۈشكەن ئېغىر ۋەزىپە ئىدى.

تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغاندا، باتىرغازى باشلاپ كەلگەن ئەنۋەر باشچىلىقىدىكى ئىككىنچى پارتىزانلار ئەترىتى بىر ـ بىرى بىلەن تازا ئېلىشىپ ھالىدىن كەتكەن گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۈس-تىگە شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كەلدى ۋە ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. ئەتىسى بىرنەچچە ئادەملىرى ئېغىر يارىدار بولغان «چاقماق» گورۇپپىسىنى نادەمنىڭ يوقلۇقى ئېيتقۇسىز چوڭقۇر قايغۇغا سالدى. ئۇنىڭ يا ئۆلۈكى، يا تىرىكى تېپىلمىغانىدى. ئۇلۇغ مەقسەت يولىدا تېزلا سىرداش دوست بولۇپ كەتكەن باتىرغازى، ئىسھاق، ئاراش. . . لارنىڭ ياشلىق كۆزلىرى مۆل-دۈرلەپ ئەنۋەرگە قارايتتى. بۇ ئىش ھەممىدىن كۆپرەك ئەنۋەر-گە ئەلەم قىلغانىدى. ئۇلار بىرنەچچە يىل بىللە بولغان، ئۇلار-نىڭ قايغۇسى، مۇڭلىرى، سەرگۈزەشتىلىرى ئورتاق بولۇپ قال-غان ئەمەسمىدى؟ ئەمدىلىكتە ئىلاجى يوق دەپ قاراپ تۇرۇشقا بولامدۇ، ئۇنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىش كېرەك!

ئەنۋەر ئەلەملىك ھەم ئازابلىق چوڭقۇر ئويغا پاتقانىدى:

«ئۇنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىش ھەقىقەتەن قىيىن، — ئەن-ۋەرنىڭ كۆزلىرىدە قەھر ـ غەزەپلىك ئۇچقۇنلار ياندى، — ئادەم بىر تال توخۇسىنى يىتتۈرۈپ قويسىمۇ ئۇنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىدۇ، بىر قەيسەر جەڭچىمىزنى، يولدىشىمىزنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن مەردلىك قىلغان سەپدىشىمىزنى ئىزدەپ تاپمىساق ھەم ئۇنى قۇتۇلدۇرمىساق قانداق بولىدۇ؟ . . .»

قاپىقى تۈرۈلگەن ئەنۋەرنىڭ ئالدىدا قايتىدىن سەپلەنگەن «چاقماق» رازۋېدكىچىلار گۇرۇپپىسى قاتارلىشىپ تۇراتتى. ئەنۋەر ئويلىدى: «دېمەك نادەمنى سۇلتانۇۋەيسكە ئېلىپ كەتكەن، ناھايىتى تېز ئېلىپ كەتكەن، ئۇ يەردە ئۇنى ئەلۋەتتە توختاتماي-دۇ، پارتىزانلار سېپى ئىچىدىكى ئادەم، دەپ دەرھال شەھەرگە يەتكۈزىدۇ. شۇڭا، ئالدىنى توراپ، ئۇنى جەزمەن قۇتۇلدۇرۇش كېرەك. »

— «چاقماق» گۇرۇپپىسى دىققەت! — دەپ ۋارقىرىدى ئەنۋەر، — سىلەرگە بۇيرۇق قىلىمەن:

بىرىنچى، «چاقماق» رازۋېدكىچىلار گۇرۇپپىسىنىڭ ۋا-قىتلىق باشلىقى باتىرغازى بولىدۇ!

ئىككىنچى، «چاقماق» گۇرۇپپىسىنىڭ بىر قىسمى نادەم-نى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھازىر دەرھال ئاتلىنىپ قوش كۆۋ-رۈككە ماڭسۇن!

ئۈچىنچى. «چاقماق» گۇرۇپپىسى تېخى تۈگەتمىگەن ۋەزى-پىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، بۈگۈن كېچىدە سۇلتان-ۋەيسكە قاراپ يولغا چىقسۇن!

پارتىزانلار ئىككىنچى ئەترىتىنىڭ كوماندىرى ئەنۋەرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىسھاق باشلىق ئۈچ نەپەر رازۋېدكىچىغا گايىت-نىڭ ئەترىتىدىن بىرنەچچە پارتىزانلار قوشۇلۇپ دەرھال قوش كۆۋرۈككە يۈرۈپ كەتتى.

ئەنۋەر ئۆز ئەترىتىنى باشلاپ جالىنقۇل تەرەپكە يۈرۈپ

كەتتى.

## 2

ئايسىز كېچە، ئايسىز كېچىلەر ئۇلار ئۈچۈن ناھايىتى قىممەتلىك! ئۇلار ئۆزلىرىمۇ، مىنگەن ئاتلىرىمۇ مۇنداق كېچىلەردە يول مېڭىشقا كۆنۈكۈپ كەتكەن. مۇنداق كېچىلەردە رازۋېدكىغا چىقىشنىڭ كۆڭۈللۈك ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنىڭ قەدرىنى ئۇلار باشقىلارغا قارىغاندا ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. باشقىلار ئاتلىق ئۇيقۇنىڭ پەيزىنى سۈرگەندە، ئۇلار يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ دۈشمەن ئەھۋالىنى ئىگىلەشنىڭ ياكى دۈشمەن ئىچىگە كىرىۋېلىپ، ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ، تۇيۇقسىز زەربە بېرىشنىڭ پەيزىنى سۈرىدۇ. ئادەتتە كىشىلەر مۇنداق ئايسىز كېچىلەردە بايقالمىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۇلار تېزلا بايقىۋالىدۇ. يىراقتىن قارىيىپ كۆرۈنگەن نەرسە ئادەممۇ، دەل ـ دەرەخمۇ، يوغان تاشمۇ ياكى باشقا نەرسىمۇ، بۇنى ئۇلار باشقىلاردىن ھەرقاچان ياخشىراق بىلىدۇ. . . شۇنىڭ ئۈچۈن دۈشمەننىڭ ئايسىز كېچىلەردىن ھەددى ـ ھېسابسىز دەرىجىدە قورقۇشىمۇ ھەرگىز سەۋەبسىز ئەمەس.

رازۋېدكىچىلار سۇپتاي[1] نىڭ ئىچى بىلەن ماڭماي، ئۇنىڭ جەنۇبىدىكى ھىنەملىك بىلەن توپتوغرا سۇلتانۇيىس مازار مەھەللىسىگە ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇلار ئېغىر ياتقۇدا سۇلتانۇيىسكە يېقىنلاپ كەلدى ۋە ئاتلىرىنى يۈرگۈزۈپ ناغرىخانا دەپ ئاتىلىدىغان ئېگىز ئۈچما چوققىلىق تاغقا چىقتى ـ دە، ئاتلىرىدىن چۈشمەي قامچىلىرىغا تايانغان ھالدا ئەتراپقا كۆز تاشلىدى.

---

[1] سۇپتاي ـ يەر ئىسمى، يېزا.

ئۇزۇندىن - ئۇزۇن سوزۇلۇپ كەتكەن ئابرال ئېغى ھەيۋەتلىك شىردەك بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىيىپ ياتماقتا، غول ئىچىدىكى بۇ يېزا جىمجىت ئۇيقۇدا، مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان مىڭ مارال تاغلىرىدىن كېلىدىغان سۇ، بىر خىل شارقىراپ ئاقماقتا ئىدى. ئۇلار ناغرىخانىدىن قايتىپ چۈشۈپ، بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن مەھەللىگە يېتىپ كەلدى. لېكىن، مەھەللىگە كىرمەي، كەلكۈن سۇلىرى يالاپ - ئۇرۇپ، بەزى يەرلىرىدە ئۈچ - تۆت مېتىر چوڭقۇرلۇقتا يارلىق پەيدا قىلىپ ئېقىۋاتقان سۇ بويىغا چۈشتى، ئاتلىرىنى شۇ يەرگە باغلىدى - دە، ئۆزلىرى مەسلىھەتكە ئولتۇردى:

— مانا، مەنزىلىمىزگە يېتىپ كەلدۇق، — دېدى باتىرغازى، — مۇشۇ يارلىق بىزنى مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ بارىدۇ. بىز ئالدى بىلەن نادەمنىڭ نەدىلىكىنى ئۇقۇشىمىز زۆرۈر.

ئاراش سۆز قىستۇرۇپ دېدى:

— توغرا، ئۇ مەشەدىمۇ ياكى شەھەرگە ئېلىپ كەتتىمۇ، بۇنى ئۇقمىساق بولمايدۇ، بۇ يەردىكى كىشىلەر بەلكى بىلەر.

— مەن ئۇقۇپ كېلەي، — دېدى چوڭ قاراسۇدىكى جەڭدىن كېيىن، رازۋېدكىچىلار سېپىگە قوشۇلغان جامالىدىن، — بۇ يەردە مېنىڭ تونۇشلىرىممۇ بار.

— بولىدۇ، سەن بار، ۋاقىت قىس، تېز قايتىشىڭ كېرەك، — باتىرغازى ئۇنىڭغا يەنە بىر رازۋېدكىچىنى قوشۇپ ماڭغۇزدى.

— ئەجەب ھە، — دېدى ئاراش، — ئىسھاقلاردىن تېخىچە دېرەك يوق، ئۇلار قوش كۆۋرۈككە بارغۇچە نادەمنى ئېلىپ كەتتىمۇ يا؟

— ياق، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇنى بۇ يەردە سوراق قىلمايدۇ، دەمسەن، ماڭغان بولسا بۈگۈن كېچىدە ماڭ -

غاندۇ، — باتىرغازى شۇنداق دېدى - دە، شۈك بولۇپ قالدى، قالغانلارمۇ شۈك بولۇپ كەتتى. ئۇلار ھەممىسىلا نادەم-نى ئويلاشماقتا ئىدى.

جىمجىت كېچە، پەقەت رازۋېدكىچىلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ ئا-رىلاپ - ئارىلاپ پۇرقۇپ قويۇشىلا ئاڭلىنىپ قالاتتى، بولمىسا مەھەللە ئىچىدە خۇددى ھاياتلىق ئۆچۈپ قالغاندەك ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايتتى.

تۇيۇقسىز ئىتلارنىڭ ھاۋشىشى ئاڭلىنىپ قالدى. ھايال قالماي جامالىدىنلار يېتىپ كەلدى.

— يوق، — دېدى ئىتتىك كەلگەن جامالىدىن، — بۈنىگدىن ئىككى - ئۈچ سائەت ئىلگىرى قولى باغلانغان بىرىنى گومىنداڭچىلار ماشىنىغا سېلىپ شەھەر تەرەپكە ئېلىپ كەتكەن-لىكىنى بەزى كىشىلەر كۆرۈپتۇ.

رازۋېدكىچىلار قايغۇ بىلەن بېشىنى ئەگدى، ئېغىر خور-سىندى. ئۇلار ئۈمىدىنى ئەمدى قوش كۆۋرۈككە كەتكەنلەرگە باغلاشتىن باشقا چارە تاپالمىدى.

## 3

قاراڭغۇ چۈشۈپ ھەممە ياق جىمىغاندىن كېيىن، ئىشىك ئالدىدا توختىغان ماشىنىغا قولى باغلانغان نادەم ئولتۇرغۇزۇل-دى. ئىككى يېنىغا مىلتىق تۇتقان ئىككى ئەسكەر ئولتۇردى. ماشىنا گۈرۈلدەپ ئوت ئالدى. قاراسۇدىكى ئۇرۇشتا جېنىنى ئاران قۇتقۇزۇپ قېچىپ كەلگەن باتالىيون كوماندىرى شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئوفىتسېرغا:

— سىلىگە ئېيت، بۇ، «ئالتە ئوغرى» نىڭ مۇھىم ئادىمى ئىكەن، بۇنى جاۋىيىڭجاڭنىڭ ئۆزى تۇتتى، دەپ ئېيت، ئۇقتۇڭمۇ. يولدا پەخەس بولۇڭلار، يوللاردىمۇ «ئوغرى» لار-

نىڭ ئادەملىرى بولۇشى مۇمكىن، ئالدىڭلاردىن توراپ چىسىق. سا، بىوشاڭلىق قىلماي، دەسسىتىپ ئۆتۈپ كېتىڭلار، تېز مېڭىڭلار، — دېدى.

ماشىنا قىزىلكۆتەل[1]گە چىرقىراپ يامىشىپ چىقتى - دە، تۆۋەنگە — دۆڭمازارغا[2] ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. كېچىنىڭ سوغۇق شامىلى يۈزنى ھەرىدەك چېقىپ ئۆتەتتى. نادەم ئاسماندىكى سانسىزلىغان يۇلتۇزلارغا قاراپ خىيال بىلەن كېتىپ بارماقتا ئىدى: «مېنى ئەلۋەتتە ئىلى قوماندانلىق شتابىغا ئاپىرىدۇ، ئۇ يەردە سوراق قىلىدۇ. سوئاللىرى چۈشىنىشلىك، ماڭا سوئاللار بېرىلمىدىمۇ؟ قىيناپ ئازابلىمىدىمۇ؟ ئەمدى ئۇ يەرگە ئاپىرىپ مېنىڭدىن جاۋاب ئالغۇدەكمىش، ئۇخلىماي چۈش كۆرۈشمە، ھېلىغۇ ئۇرۇپ باشلىرىمنى ياردىڭ، يۈزلىرىمنى كۆكەرتتىڭ، كۆزلىرىمنى قانغا تولدۇردۇڭ، ئەمدى بەدەنلىرىمنى قىيما - چىيما قىلىشساڭمۇ باش ئەگمەيمەن! باش ئېگىش — نەسلى - پۇشتۇمغا يات! مەيلى، ھامان بىر ئۆلۈم، لېكىن ئۆلتۈرگەن دۈشمىنىم بەك ئاز بولۇپ قالدى - دە، ئىسىت...»

دۆڭمازاردىن ئۆزاپ چىققان ماشىنا بەزى كاتاڭلىق يەرلەردە ئاستىلاپ، تۈز يەرلەردە ئىتتىكلەپ كېتىپ باراتتى. نادەمنىڭ خىياللىرى داۋاملاشماقتا ئىدى: «شەھەرگە يېقىنلاپ كېتىپ بارىمەن، بىكاردىنلا ئۆلۈپ كېتىمەنمۇ؟ بۇلارنىڭ قولىدىن ساق قۇتۇلۇشقا بولماسمۇ؟»

نادەم ئىككى يېنىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى. بىر يېنىدىكىسى ئۇخلاپ قالغان، ئوڭ يېنىدىكىسى بولسا تېخىچىلا ئويغاق ئىدى: «جۇرئەت قىلمىش كېرەك، — دەپ ئويلىدى ئۇ يەنە، — مەن قويمىدىم باغلاپ قويسا تېپتىنچلا ياتمۇۋېرىدىـ

① قىزىلكۆتەل — يەر ئىسمى، داۋان.
② دۆڭمازار — يەر ئىسمى، يېزا.

غان، ھەرىكەت قىلىش كېرەك.»
ئۇ ماشىنىنىڭ ئېغىر سىلكىنىشىگە ماسلىشىپ تەۋرىنىشكە باشلىدى. بۇ تەۋرەش ئۇنىڭ جىددىي ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەرىكەتىنى چاندۇرماسلىق ئىمكانىيىتى ياراتقانىدى. ئۇ قولىنى مەھكەم باغلاپ تۇرغان ئارغامچىنى ماشىنىنىڭ يان تۆمۈرىگە كۈچ بىلەن سۈركىمەكتە. نادەمنىڭ يەلكىلىرى تېلىپ چېكىسىدە تەر تامچىلىرى يالتىرىدى. لېكىن، ئارغامچا ھېچ بوشايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. «ماشىنا شەھەرگە يېقىنلا قالدى، غەيرەت قىلىش كېرەك» دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە چىشىنى چىشىغا مەھكەم بېسىپ تېخىمۇ كۈچەندى. توختىماي سۈركىدى، ئۇشتۇمتۇت قولىنىڭ بوشاپ قالغانلىقىنى سەزگەندە كۆزلىرىدە غەلىبە شادلىقى چاقناپ كەتتى. «سەنلەر مېنى ئۆز ئىرادەڭگە بويسۇندۇرالىشىڭ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئاۋۋالقى ھالىتىنى قىلچە ئۆزگەرتمەستىن قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ تەۋرىنىپ ئولتۇرۇپ، — ئەمدى ئەپلىك بىر پەيت كەلسۇنچۇ قېنى؟»
دەل شۇ پەيتتە ماشىنا يەنە بىر قېتىم قاڭقىپ ئۇلارنى ئورنىدىن سەكرىتىۋەتتى. نادەم كۆردىكى، ماشىنا كۆۋرۈككە يېقىنلاپلا قالغانىدى. بۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئۇ تەييارلاندى.
قاتتىق سىلكىنىشتىن زېڭىلداپ كەتكەن بېشىنى چاڭگاللىغىنىچە ۋاي - ۋايلاپ ئولتۇرغان ئىككى دۈشمەن ئېسىنى يىغىپ ئۈلگۈرگۈچە، نادەم چاقماق تېزلىكىدە شۇنداق چاققان ھەرىكەت قىلدىكى، توپتەك قاڭقىپ پەستە شارقىراپ ئېقىۋاتقان چوڭ ئۆستەڭگە ئۆزىنى ئاتتى. ئالاقزادىلىك ئىچىدە نېمە قىلاردىنى بىلمەي قالغان دۈشمەنلەر ئالدىراشلىق بىلەن سۇغا قارىتىپ قالايمىقان ئوق ئۈزدى...
نادەم ئۇلۇغ پۈتىنى سۆرەپ دەسسەپ دەريا بويىدىن يولغا چىقتى ۋە قاياققا ماڭسام بولار، دەپ ئويلىنىپ قالدى.
ئۇ خىيال قىلىپ كېتىپ باراتتى: «ئەسلىدە بىزنىڭكىلەر-

نىڭ بۇگۈن كېچىدە سۇلتانئۇەيسكە كېلىدىغان كۈنى، قاراسۇدىكى ئىشلار قانداق بولىدىكىن ياكى ۋەزىپە ئۆزگىرىپ قالدىمىكىن؟ نېمىلا بولسا، سۇلتانئۇەيسكە كىرىش كېرەك.» نادەم ئىغىر ياتقۇدا قىزىلكۆتەلگە يېتىپ كەلدى ۋە ئۇنى ئەگىپ سۇلتاۋەيس- نىڭ جەنۇبىدىكى مەھەللىگە چۈشتى. ئېرىقنىڭ قىرىغا چۆكۈپ ئەتراپنى كۆزەتتى، ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمىغاندىن كېيىن: «ئۇلار كەلسە ئەلۋەتتە يارلىقنىڭ ئىچى بىلەن كېلىدۇ» دەپ ئويلىدى ـ دە، ئۆرلەپ مېڭىپ يارلىققا يۇقىرى تەرەپتىن چۈش- تى ھەم شەپە بېرىپ ماڭدى:

— چاقماق... چاقماق...

ئۇ قەدەملىرىنى يېنىك تاشلاپ، ئاشۇ سۆزنى تەكرارلايتتى:

— چاقماق... چاقماق...

— ھوي... نادەمنىڭ ئۈنىغۇ بۇ! — باتىرغازى ھەممە- دىن بۇرۇن بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغانىدى.

— راست، شۇنىڭ ئۈنى!

نادەم يېقىنلاپ كەلدى:

— چاقماق...

— نادەم!

— نادەم!...

سەپداشلىرىنىڭ ئاۋازىنى نادەممۇ تونۇغانىدى:

— يولداشلار!...

نادەمنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، سەپداشلىرىنىڭ ھەممىسى ئېيتقۇسىز خۇشال بولۇپ ئۇنى ئورىۋېلىشتى:

— قانداق قۇتۇلدۇڭ، نەلەردە يۈردۈڭ؟ بىز قاتتىق قاي- غۇدا قالغانىدۇق.

— ئاستىراق، ئاستىراق، — دېدى نادەم ئۆز ھاياجىنى- نى باسالماي كەتكەن رازۋېدكىچىلارغا، — بۇ قىزىق ھېكايىنى كېيىنرەك سۆزلەپ بېرەي، ئاۋۋال مېنىڭ قورسىقىمغا بىرنېمە

بىرىڭلار.
باتىرغازى قوينىدىن بىر پارچە گۆش، جامالىدىن بىر پارچە نان ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. نادەم مەززىلىك پىشقان گۆشنى تېز - تېز چاپناپ يۇتۇشقا باشلىدى.
— ئاشپاقنىڭ ئۆزى بوپسەن - دە؟
— شۇنداق، سادىر پالۋاننىڭ «قورساق ئىچى يامان ئە- كەن، شالۋۇرنى كاۋاپ قىلدىم» دېگىنى بىكار ئەمەسكەن، — دېدى نادەم قاتتىق ناننى چاپناپ، — خوش، ۋەزىيەت ئۆزگەرمى- گەن ئوخشايدۇ - ھە؟
— ئۆزگەرمىدى، دەل ۋاقتىدا كەلدىڭ، — دېدى باتىر- غازى خۇشاللىق بىلەن.
ئۆز باشلىقىغا ئىگە بولغان بۇ «چاقماق» گۇرۇپپىسى ۋەزد- پىنى ئىجرا قىلىشقا كىرىشتى.
«چاقماق» رازۋېدكىچىلار گۇرۇپپىسى چوڭقۇر يارلىق ئە- چىدىكى سۇدىن چىقماي، مەھەللە ئىچىگە ئىلگىرىلىدى. بۇ سۇ ئېقىپ بېرىپ مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ سۇغا قوشۇلات- تى. ئۇلار شۇ سۇ بىلەن چوڭ سۇغا چىقتى ۋە بىرئاز مېڭىپ خېلىلا ئېگىز قىلىپ ياسالغان كۆۋرۈك ئاستىغا كىردى. كۆۋ- رۈك ئاستىدىن چىقىپ ئۆزلىرىدىن يۈز - يۈز ئەللىك مېتىر دەك يىراقلىقتا تۇرغان گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ پوتىمىنى كۆزەتتى.
غۇلجا شەھىرى بىلەن نىلقا ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدا مۇھىم بېكەت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۇ مەھەللىدە گومىنداڭنىڭ بەزىدە بىر كېچىدىلا بىر پولك ئەسكىرى پەيدا بولۇپ قالاتتى، بەزىدە ئازد- يىپ بىر باتالىيونغا، بىر روتىغا چۈشۈپ قالاتتى. ئەڭ بولمىغاند- دا بىر ئىنژۋۇت ئەسكىرى داۋاملىق تۇراتتى. بۇ يەر نىلقىغا ئەسكەر ئەۋەتىشنىڭ بىر ئوتكۇشلۇق كۆۋرۈكىگە ئايلىنىپ قال- غان، نىلقىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن بۇ يولنى كېسىپ تاشلاش زۆرۈر ئىدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بۇ يەردىكى خەلقتىن

ئۆلگۈدەك قورقاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ئۇلاردىن يېمىگەن ئازابى، تارتمىغان كۈنى قالمىدى. ئاشۇلار-نىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى، تۇرار جايى، ئاتلىرىنىڭ يەم - خەشى-كى، ئوتۇن - ياغىچى، سۇلتانۇەيس خەلقىنىڭ بېشىغا سېلىق بولۇپ چۈشۈپ تۇراتتى. ئىككى ئايدىن بېرى ئۈستى - ئۈستى-لەپ چۈشۈۋاتقان بۇ سېلىقلارغا قارشى نۇرغۇن كۆتۈرۈلۈشلەر بولدى. لېكىن، بۇنداق كىشىلەردىن ئون نەپچىسىنىڭ پۇت - قولى باغلىنىپ شەھەرگە ئېلىپ كېتىلدى، بىرنەپچىسى ئېتىپ تاشلاندى، بىرنەپچىسى پۇت - قولىدىن ئايرىلىپ مەڭگۈلۈك مېيىپ بولۇپ قالدى. لېكىن، گومىنداڭنىڭ خەلققە سېلىۋاتقان كۈلپەتلىرىگە قارشى كۈرەش توختاپ - ئۆچۈپ قالغىنى يوق. شۇڭا، بۇ يېزىدا ھەر كۈنى ئېلىشىش بولۇۋاتاتتى. رازۋېدكىچى-لار تازا سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن، ئەسكەر تۇرۇۋاتقان قورۇنىڭ ئىككى قاناتلىق دەرۋازىسى ئوچۇق ئىكەنلىكىنى، ئىك-كى قاراۋۇلنىڭ دەرۋازىدىن كىرىپ - چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

نادەم دەرۋازىدىن كۆزىنى ئېلىپ مۇنداق دېدى:

— ئاۋۋال ئاۋۇ ئىككى مەخلۇقنى جايلايلى، بىرەر «تىل»نى قولغا چۈشۈرۈپ قانچىلىك ئادىمى بارلىقىنى ئېنىقلايلى، بەلكى باشقا يەردە يەنە ئادەملىرى باردۇر، ئۇنىمۇ ئۇقۇپ، ئاندىن ئەنۋەركامغا ئات سالدۇرۇش كېرەك، قانداق دەيسىلەر؟

نادەمنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىلدى. باتىرغازى بىلەن جامالىدىن ئوڭ تەرەپ ياندىن، ئاراش بىلەن نادەم سول تەرەپتىن دەرۋازىغا شەپىسىز يەر بېغىرلاپ ماڭدى، قالغان را-زۋېدكىچىلار سۇدىن چىقماي ئۆز ئورۇنلىرىدا تۇرۇشتى...

تاڭ قاراڭغۇسىدا قاتتىق ئېتىشىش بولدى. قىقاس - چۇ-قان، تاڭ - تۇلۇق، گۈلدۈر - گۇمبۇرلەر يېزىنى تىترىتىۋەتتى. پۈتۈن يېزا ئويغىنىپ كەتتى. ئىتلارنىڭ ھاۋشىشلىرى، بالىلار-

نىڭ يىغلاشلىرى، ئادەملەرنىڭ غەم ـ ئەندىشىلىرى سۈبھى كۆ‌ـ
تۈرۈلگەندىلا توختىدى.

تاڭ ئاتتى، مەھەللە جانلاندى. ئۇششاق باللار، قىز ـ
يىگىتلەر، ھاسا تاياقلىق بوۋاي ـ مومايلار ئۆي ـ ئۆيلەردىن،
كوچا ـ كوچىلاردىن ئېقىپ كېلىپ يىغىلىشقا باشلىدى. ئۇلار
تەقەززا بولۇپ كۈتكەن بۇ پارتىزانلارنى ھاياجان بىلەن تەبرىك‌ـ
لەشتى. قىز ـ قىزىغا پاتماي كۈلۈشتى.

ئۇچىسىغا پاختىلىق تۇجۇركا، بېشىغا ئاق تېرە قۇلاقچا
كىيىپ، بېلىنى تاسما بەلۋاغ بىلەن باغلىغان ۋە بەلۋېغىغا يالى‌ـ
ڭاچلانغان تاپانچا قىستۇرۇلغان ئەنۋەر نادەم بىلەن بىر مەيدانغا
يېتىپ كەلدى. غەلىبە شادلىقى بىلەن يايرىغان كىشىلەرگە
قاراپ ھاياجانلاندى. ئەنۋەر يوغان قارىياغاچ كۆتۈكىگە چىقتى.
پۈتۈن مەيدان گويا چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك جىمىپ ھەممىيلەن
ئەنۋەرنىڭ ئاغزىغا قاراشتى.

— ئاتا ـ ئانىلار، ئاكا ـ ئۇكىلار، ھەدە ـ سى ـ
ڭىللار! — دېدى ئۇ ئايرىپ ـ ئايرىپ سۆزلەپ، — بىز
گومىنداڭ جاللاتلىرىدىن سۇلتانۇيس مەھەللىسىنى ئازاد قىل‌ـ
دۇق! بىز گومىنداڭنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلدۇق! ئەمدى پۈتۈن
خەلقىمىزنى بۇ زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرىمىز!...

مەيداندا قىقاس ـ چۇقان ياڭرىدى...

— ئالدىمىزدىكى توسالغۇلار سۈپۈرۈپ تاشلاندى، —
دېدى ئەنۋەر نادەمگە كەڭ مەيداندىن يېنىپ چىقىۋېتىپ، —
گومىنداڭ پۈتۈن ئەسكىرىنى ئىلىغا ئاچىقىدۇ، بىز ئىلقا تاغلى‌ـ
رىدىكى پۈتۈن پارتىزانلار غۇلجا شەھىرىگە يۈرۈش قىلىمىز،
سىزنىڭ «چاقماق» گورۇپپاڭ ئاۋۋال مېڭىشى مۇمكىن، تەييار‌ـ
لىنىپ تۇرۇڭلار.

— بىز تەييار! — دېدى نادەم خۇشاللىق بىلەن ئەنۋەرگە
قاراپ.

# ئون يەتتىنچى باب

## 1

بىرنەچچە قېتىملىق ئېغىر مەغلۇبىيەتتىن كېيىن گومىنداڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن نىلقىغا تاشلاندى. مانا شۇ چاغدا — 1944 - يىل 7 - نويابىر كۈنى «ئازادلىق» تەشكىلاتى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى قارار قىلدى.

بۇ تەشكىلات يازغان تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى كوچىلارنىڭ كۆرۈنەرلىك جايلىرىغا چاپلاندى. كۆزلىرىدىن ئوت يانغان كىشىلەر قىن - قىنىغا پاتماي گويا قېلىن يەر قاتلاملىرى ئارىسىدىن پارتلاپ چىقىشقا يول ئىزدىگەن ماگمىدەك چايقىلىپ، كوچىلاردا دۈر - دۈر يامراۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار قىستىلىشىپ ۋەرەقىلەر چاپلانغان يەرلەرگە ئولىشاتتى. ئۆز ھاياجىنىنى باسالمىغانلاردىن، بىرى كىشىلەرنى خۇددى كۈرەشكە چاقىرغاندەك تەشۋىقات ۋەرەقىسىنى ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى:

«قېرىنداشلار!

گومىنداڭنىڭ شەپقەتسىز زۇلمى چىداپ تۇرغۇسىز دەرىجىگە يەتتى. بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ زوراۋانلىققا قارشى تۇرىدىغان ۋاقىت كەلدى! باشنى كۆتۈرۈش — قوزغىلىش دېمەكتۇر. قولغا قورال ئېلىپ قانلىق كۈرەش قىلماي ئازادلىققا چىققىلى بولمايدۇ. دۈشمەندىن قورقماسلىقىمىز كېرەك. ئاتا - بوۋىلىرىمىز ۋە ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەھرىمانلىقى ۋە ئەركىنلىكنى سۆيۈش روھى بىزنى ئىلھاملاندۇرماقتا. . . ھەر مىل-

لەت خەلقى بىر نىيەت، بىر ئارزۇ يولىدا كۈرەشكە ئاتلىنايلى. . . »
بۇ سۆزلەردىن ئىلھاملانغان ئوقۇغۇچى تەشۋىق ۋەرەقىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ئىتتىك ئوقۇماقتا ئىدى. كىمدۇر بىرى ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى:
ـــ ئالدىرىماي دانىمۇ دانە قىلىپ ئوقۇ!
ئۇ داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇدى:
« . . . دۈشمەن مەغلۇبىيەتلىك كۈنلىرى قانچە يېقىنلاشقانسېرى شۇنچە تېپىرلىماقتا، ياۋۇزلۇقنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىۋاتقانلىقى ياۋۇزلارنىڭ يوقىلىشىدىن بېشارەت بەرمەكتە. نىلقا قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ يوقىتىشى بۇنىڭغا ئىسپات! دۈشمەن ھالاكەتلىك تەقدىرىدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ! بىز چوقۇم غەلىبە قىلىمىز!
قوزغىلايلى قېرىنداشلار!
ئازادلىق سېپىگە ئۇيۇشايلى قېرىنداشلار!
قولىمىزغا قورال ئالايلى قېرىنداشلار!
يوقالسۇن گومىنداڭ!
ياشىسۇن ئىنقىلاب! »
توپلاشقان كىشىلەرگە قاراپ بىر توپ قوراللىق چېرىكلەر يىراقتىن يۈگۈرۈشۈپ كەلدى. كىشىلەر گويا ئۆلارنى كۆرمىگەندەك پىسەنت قىلماستىن ئۆز ئورۇنلىرىدا تۇرۇۋاتتى. كوچا تاملىرىغا، سىم تاناپ تۈۋرۈكلىرىگە مۇنداق تەشۋىقات ۋەرەقلىرى چاپلىنىۋاتقىنىغا ئىككى ئاي بولۇپ قالدى. بۇ ۋەرەقلەر قانچىلىك يىرتىلىپ تۇرسا، شۇنچىلىك چاپلىناتتى، كۆپىيىپ تۇراتتى. ھۆكۈمەت قانچىلىك چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپمۇ ئۇنى توختىتىپ قالالمىدى. بۇ ھال خەلقنىڭ ئارزۇلىرىنى ئىشەنچكە ئايلاندۇردى. ھازىرقى خەلق بىر ئاينىڭ ئالدىدىكى خەلق ئەمەس ئىدى. ئۇ چاغلاردا چېرىكلەر كىشىلەرنى قوغلىسا



قاچاتتى ياكى قېچىپ كېتىپ، يەنە قايتىپ كېلىپ توپلىشاتتى. هازىرچۇ؟ قاچمايدۇ، چېرىكلەرگە نەپرەتلىك سۆزلەرنى ياغدۇرالايدۇ، قۇرۇق قوللىرىغا قارىماي ئۇلارغا ئېسىلىدۇ، ئېلىشىدۇ. بۇ هال پۈتۈن شەهەر كوچىلىرىدا ئومۇملىشىپ قالدى. شۇڭا، قوزغىلاڭچىلار رەهبەرلىكى هەرىكەتنى جىددىيلەشتۈرۈش، تېزلەشتۈرۈشكە كىرىشتى.

چوڭ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان ئۈستەلنى چۆرىدەپ يەتتە كىشى ئۆرە تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇغداي ئۆڭلۈك، قىرقىما قارا بۇرۇتلۇق، خۇشخۇي كىشى — ئەخمەتجان قولىدىكى قېرىنداش بىلەن ئۈستەلگە يېيىلغان غۇلجا خەرىتىسىگە قىزىل ئىسترېلكىلارنى قويماقتا ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئابدۇكېرىم ئاباسوف خەرىتىگە كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. ئۇلار بىر سائەتتىن بېرى مۇزاكىرە قىلىپ، شەهەرنىڭ ئەڭ دەسلەپ هۇجۇم قىلىدىغان نۇقتىلىرىنى بەلگىلەۋاتاتتى. كۈننىڭ خېلىلا سوغۇقلىقىغا قارىماي، ئۇلار چاپىنىنىڭ ئىزمىلىرىنى يېشىۋەتكەن، بىردەم ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى، بىردەم خەرىتىگە قارايتتى. ئۇلار هەممىسى جىددىيلەشكەنىدى. ئېلىنغان مەلۇماتنىڭ تازا ئېنىق بولۇشىنى قايتا تەكشۈرۈشكە كەتكەن كىشى ئۆيگە كىردى - دە، دوكلات قىلدى.

— مەلۇمات تۈنۈگۈنكىگە ئوخشاش: گومىنداڭ قوشۇنلىرىدىن ئىلىغا يۈرۈش قىلىپ كەتكىنى بەش مىڭ ئۆپچۆرىسىدە، غۇلجىدا قالغىنى 382 - پولكنىڭ ئىككى باتالىيونى، 4 - پولكنىڭ بىر باتالىيونى، ئاۋىئاتسىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بولۇپ جەمئىي بىر مىڭ بەش يۈز - بىر مىڭ ئالتە يۈز ئەتراپىدا، بۇلار ئايرودروم، باش ساقچى ۋە شەهەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى گازارمىغا توپلاشقان، ئاز بىر قىسمى ئىلى قوماندانلىق شتابىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

دوكلات قىلغۇچى كىشى ئالدىرىماي، رەقەملەرنى ناهايىتى

ئېنىق قىلىپ مەلۇم قىلدى.
— دېمەك، مەلۇمات ئىشەنچلىك بولدى، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى، ئۇ قولىدىكى قېرىنداش بىلەن خەرىتىنىڭ بىرقانچە يېرىگە كۆرسەتكۈچ بەلگىسىنى قويدى - دە، مۇنداق دېدى:
— غۇلجىدىن بىر قىسىم قوزغىلاڭچىلار نىلقىغا كەتكەن، بىز تېخى ئاچىز، نىلقا قوزغىلاڭچىلىرى ھازىرغىچە يېتىپ كېلەلمەيۋاتىدۇ. ئۇلار يول بويى مۇشەققەتلىك جەڭلەرنى قىلى - ۋاتىدۇ، — ئۇ دۈشمەنلەر بىلەن كۈچ سېلىشتۇرمىسى جەھەتتە بىرنەچچە ھەسسە تۆۋەن تۇرغان قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەرىكەتلىنىش يوللىرىنى كۆرسىتىپ سۆزلىمەكتە ئىدى، — بىز گومىنداڭچىلار توپلاشقان چوڭ ئورۇنلارغا ھازىرچە ھۇجۇم قىلمايمىز، ئاساسى ئاجىز ئورۇنلارغا، كېيىنكى چوڭ كۆلەملىك ھۇجۇملىرىمىزغا يول ئاچىدىغان ئورۇنلارغا ئاۋۋال ھۇجۇم قىلىمىز. قېنى، بىز مۇشۇنداق ھۇجۇملارنى باشلايلىچۇ، ئويغانغان خەلقىمىز خۇددى ئۇلغايغان قىياندەك سېپىمىزگە كەينى - كەينىدىن كېلىپ قوشۇلىدۇ. چۈنكى، خەلقىمىز ئىنقىلاب قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. چۈشەندى، بېشىغا چۈشۈۋاتقان كۈلپەتلەرنى مۇشۇنداق ئىنقىلاب بىلەن يەر بىلەن يەكسان قىلىدىغانلىقىنى بىلدى. بىز ئىنقىلاب قىلىشقا ھەقلىقمىز، بىز ھەققانىي ئىش قىلىۋاتىمىز، جاندىن كەچسەك كېچىمىزكى، بۇ يولدىن ئەمدى يانمايمىز! چۈنكى بىز زۇلۇمغا قارشى ئىنقىلاب قىلىشقا جۈرئەتلىك خەلق! يولداشلار مەن ھازىر ۋەزىپىلەرنى تەقسىم قىلىمەن.
ئۇ خەرىتىدىكى كۆرسەتكۈچ بەلگىلىرى قويۇلغان ئورۇنلارنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرۇپ، تەقسىملەنگەن ۋەزىپىلەرنى بىر - بىرلەپ ئېلان قىلدى:
— ئاباسوف گۇرۇپپىسى ليۇ بىندېنى تىرىك تۇتۇشقا

ماڭىدۇ. مەن بىر ئىشنى قىستۇرۇپ ئۆتەي: ئابدۇكېرىم قاتارلىق بىرنەچچە كىشىلىرىمىزنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قولغا ئالماقچى بولغاندا، چەت ئەلگە قېچىپ چىقىپ كەتكەندى. ئۇلار ئالتىنچى نويابىر كۈنى كېلىپ، شەھەرنىڭ سىرتىدىراق ھەم ئاھالىسى شالاڭ ئالتە شوئار مەھەللىسىدىكى روزاخۇننىڭ قورۇسىغا چۈشتى. روزاخۇننىڭ قورۇسى بىزنىڭ ھازىرقى مەخپىي شتابىمىز. ئېلىنغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ليۇ بىندى ئۆيىگە ئوغرىلىقچە بارىدىكەن، ئۇ ھازىر بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە قۇۋۇلىشىپ كەتكەن، ئاشكارا يۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالغان. بىر كۈن باش ساقچى ئىدارىسىدە ياتسا، بىر كۈن ۋالىي مەھكىمىسىدە ياكى بولمىسا يېرىم كېچىدە ئۆيىگە بېرىۋېلىپ ئۆزىنى كۆرسەتمەي يوشۇرۇنۇپ يۈرىدىكەن، ئۇ ئەندىشىلىك، ۋەھىمىلىك، ئالاقزادىلىك ھالغا چۈشۈپ قالغان. خەلق ئالدىدا گۇناھقا بوغۇلغان ئادەملەرلا مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ ھەم ئۇنىڭ خاتىرجەم كۈنىمۇ بولمايدۇ. ئۇنى ئىمكانقەدەر تىرىك قولغا چۈشۈرۈش، خەلقنىڭ سوتلىشىغا تاپشۇرۇش كېرەك! شۇنى چۈشىنىش كېرەككى، تىرىك قولغا چۈشسە، خەلقنىڭ قوزغىلاڭغا بولغان ئىشەنچى ئاشىدۇ. ئەگەر ۋەزىيەتتە باشقا ئۆزگىرىش بولمىسا، ئاباسوف گۇرۇپپىسى يەنە تېزلا توپادەلڭ تۈرمىسىنى ئازاد قىلىپ، مەھبۇسلارنى بوشىتىدۇ. ئۇ يەردە نىلقا قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ئادەملىرى بار. سىز، — دېدى ئۇ يېنىدىكى بىر كىشىگە بۇرۇلۇپ، — شەھەرلىك ساقچىغا سېپىل ياقىسى تەرەپتىن كېلىپ تېگىپ تۇرىسىز، قارشىلىق كۈچلۈك بولمىسا، ئىشغال قىلىشىڭىز مۇمكىن، ئاۋۋال ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەھۋاللارنى كۆزىتىش كېرەك. سىز، — دەپ ئۇ يەنە بىر كىشىگە ئېيتتى، — دۈشمەننىڭ چارلاش قىسىملىرىنى ئىسكەنجىگە ئالىسىز ۋە يوق قىلىسىز. بىز ئۈچ دەرۋازا مەھەللىسىنى ئىشغال قىلىپ، كەلگۈسىدە گومىنداڭنىڭ قوماندانلىق شتابىغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ

يولنى ئاچىمىز.

بىرنەچچە كۈندىن بېرى بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان بۇ كىشىلەر يۈكلەنگەن ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن بۆلۈمدىن بىر ـ بىرلەپ چىقىپ كېتىشتى.

## 2

مەغلۇبىيەت گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنى ئالاقزادىلىككە سېلىپ قويدى. گومىنداڭنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ قوماندانى تېلېفون يېنىدىن نېرى كەتمىدى. ئۇ ئۈرۈمچىدىن ياردەم كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى.

گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۆڭسۈلى ئۆچۈپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ تېخىمۇ سەپرالىشىپ كەتتى. ئادەم تۇتىدىغان كۆك ماشىنىلارنىڭ ئۈنى ئۆچمەيدىغان بولدى. بۇنداق ھەرىكەت قايسى كۈنى قوزغىلاڭچىلار توپادەڭ تۈرمىسىنىڭ بىرنەچچە چېرىكلىرىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈپ، ئۆز ئادەملىرىنى قۇتقۇزۇپ ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن تازا ئەۋج ئالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوزغىلاڭچىلار كېچىلىرى شەھەر ئىچىدىكى بەزى گومىنداڭ ئورگانلىرىغا تەگكەندىن كېيىن، بىردەمدىلا غايىب بولۇپ كېتىپ، ھۆكۈمەتنى ئالاقزادىلىككە سېلىۋەتكەنىدى. شۇڭا، گومىنداڭنىڭ بىر كۆزەتچى ئايروپىلانى ئۇلارنى كەينىدىن قوغلاپ، ھېچ يەردىن ئىز ـ دېرىكىنى ئالالمىدى. شۇ ئاچچىقىغا پايلىماي، جىرغىلاڭدا پادا ـ پادا بولۇپ ئوتلاپ يۈرگەن كالىلارنى ئوققا تۇتۇۋېتىپ ياندى. يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئالامەتلەرگە قاراپ كىشىلەر: «توۋا، مۇنداقمۇ ھۆكۈمەت بولىدىكىنە، بۇلارنىڭ بېشى ئايلىنىپ قالغانمۇ نېمە...» دېيىشتى.

كوچىلاردا ئەسكەرلىق چۈشكەن ماشىنىلار چىرقىرىشىپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا چېپىشاتتى. «توپلانماڭلار، تارقىلىڭلار،

كوچىلارغا چىقماڭلار. . . » دېگەن تەشۋىقاتلار قۇلاقنى ياراتتى. كۇلۇبلاردا يىغىن ئېچىش، بازارلاردا توپلىنىش، مەسچىتلەرگە كىرىپ ناماز ئوقۇش مەنئى قىلىنىدى.

لېكىن، كىشىلەر كەينى ـ كەينىدىن كېلىپ، ئۆزلىرىنى ئىنقىلابقا بېغىشلىغانلىقىنى، قولىغا قورال ئالمىغۇچە يانمايدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە ئىدى. ئۈچ دەرۋازىنىڭ چوڭ كوچىسىدا، ھەرقايسى يان كوچىلارنىڭ دوقمۇشلىرىدا گومىنداڭنىڭ سۇر كىيىملىك ئۆلۈكلىرى ياتاتتى. ھەر خىل كىيىملىك قوراللىق قوزغىلاڭچىلار كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دەرەخلەرنى دالدا قىلىپ، يوشۇرۇن ھەرىكەت بىلەن ساي تەرەپكە ئاقاتتى. شۇ چاغدا بىردىنلا قىمقاس چىقىپ كەتكەندەك گۈرۈلدىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. قىزىق ئىش، بۇ نېمە ئاۋازدۇر؟ ئۇ يەر ـ بۇ يەردە ئېتىشىشلار بولۇۋاتقان، كوچىلاردا خاتىرجەم ئىشەنچلىك ماڭغىلى بولمايدىغان پەيتتە، گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە ئېلىنغان يەرلىك باللاردىن ئىككى يۈزدىن ئوشۇقراقى رەتلىك تىزىلىپ تاش يول بويلاپ قورالسىز ھالدا مەشىق قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۈچىسىدا سوغۇقنىڭ خېلى قاتتىقلىقىغا قارىماي، غەلۋىردەك ماتانى كۆلدە بوياپ تىكتۈرۈلگەن شىم ـ تۇجۇركا، پۇتىدا خەي بولۇپ، گومىنداڭنىڭ ئىككى ئوفىتسېرى ئۇلارنى باشقۇرۇپ كوماندا بېرىپ كېلىۋاتاتتى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن تاراسلاپ ئېتىلغان ئاپتومات ئوقى ئىككى ئوفىتسېرنى شۇئان يىقىتقاندا، يېڭى ئەسكەرلەر نېمە قىلارىنى بىلمەي ھودۇقۇپ قالدى.

بۇ ھالقىلىق پەيت ئىدى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن قوزغىلاڭچىلاردىن بىرى چاققانلىق بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— قېرىنداشلار! قورقماڭلار، ھودۇقماڭلار، بىز ئۆز ئادەملەر، — بىر قولىدا ئاپتومات تۇتقان، بېلىدىكى كە-

مەرگــە بــومبىلار ئــېــسىلغان كىشى جاراڭلىق ئاۋازدا سۆزلــ.
مەكتە ئىدى، — گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلاب باشلاندى، خەلق
تەۋرەپ كەتتى! . . . ئەگەر خالىساڭلار مەن بىلەن شتابقا مېـ
ڭىڭلار!

ئۇلار ئابباسوفنىڭ قىسقا سۆزىنى ئاڭلاپلا خۇددى شۇ سۆز.
نى كۈتۈپ تۇرغاندەك ۋارقىرىشىپ كەتتى:

— هۇررا! هۇررا! . . .

— جېنىمىز پىدا، هۇررا! . . .

— بۇ كىيىمىڭلار بولمايدۇ، بىزنىڭ يىگىتلىرىمىز سىــ
لەرنى دۈشمەندىن پەرقلەندۈرەلمەيدۇ، يۈرۈڭلار، شتابقا بارايــ
لى، — دېدى ئابدۇكېرىم كۈلۈمسىرەپ.

ئىنقىلابقا قوشۇلۇۋاتقان قورالسىزلارغا قورال تارقىتىپ
بېرىش — شتابنىڭ بېشىغا چۈشكەن چوڭ غەم ئىدى. ئۇلارنى
قوراللاندۇرماي بولمايتتى، بىراق قورال يېتىشمەيتتى. قوزغىــ
لاڭچىلار بۆيرۈق بويىچە كوچا ـ كوچىلارغا تارقالدى. چوڭ
كوچىلارنىڭ، يان كوچىلارنىڭ دوقمۇشلىرىدا، كۆۋرۈك باشلىــ
رىدا قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان دۈشمەنلەرگە يوشۇرۇن زەربە بېــ
رىپ، ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋالماقتىن ئۆزگە ئامال يوق
ئىدى، هەم بۇ ئاسان ئىدى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا نىلقا قوزغىلاڭچىلىرى غۇلجىغا هۇجۇم
قىلىپ كىرىش بۇيرۇقىنى ئېلىپ ماڭغاندا، يولدا گومىنداڭنىڭ
بىر بۆلۈك قىسىملىرى تاغدىن چۈشۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توردــ
ۋالغانىدى. دۈشمەن بىلەن ئاۋۋال ئەكبەر باتۇر ئەترىتى ئۇرۇشــ
قا كىردى. لېكىن، كۈچ سېلىشتۇرمىسى جەهەتتە دۈشمەن
ئۈستۈن ئىدى، شۇڭا ئوڭۇشلۇق جەڭ قىلالمىدى. ئارقىدىن
غېنى باتۇر ئەترىتى، ئوسمان ۋە نۇرۇملار ئەترىتى ياردەمگە
كېلىپ، قاتتىق جەڭ بولدى. دۈشمەن نۇرغۇن ئۆلۈكلىرىنى
قالدۇرۇپ چېكىنىپ كەتتى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟

ئۇلارنى قوغلاپ ئۇزۇل - كېسەل يوقىتىش كېرەكمۇ ياكى بولدى قىلىش كېرەكمۇ ۋە ياكى بىر قىسىم ئەترەتلەر قېلىپ، قالغانلىرى شەھەرگە يۈرۈش قىلىش كېرەكمۇ؟ شەھەرگە بەلگە-لەنگەن ۋاقىتتا كىرىش زۆرۈر ئىدى. كېچىكىپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئەترەتلەر تولۇق يولغا چىقتى.

بۈگۈن تاڭغا يېقىن توپۇقسىز ئېتىلغان ئوقلار پۈتۈن شە-ھەر خەلقىنى ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىۋەتتى. ئۇندەرىشىپ ئويغانغان كىشىلەر ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازىغا قاراپ خېلىدىن بېرى كوچى-لارغا چاپلانغان تەشۋىقات ۋەرەقىسىدىكى گەپلەرنىڭ بۈگۈن ھە-قىقەتكە ئايلانغانلىقىغا ئىشەندى.

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ئېتىشىشلار بىرئاز پەسلەپ قالسىمۇ، دۇكانلار ئېچىلماي، سودا - سېتىق توختىدى. ھەر كۈنلۈكى ئىش ئىزدەپ چوڭ كۆۋرۈككە كېلىدىغان مەدىكارچىلار كۆرۈن-مىدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىش ئورۇنلىرىغا ماڭالمىدى. ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار مەكتەپلىرىگە بارمىدى. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا چىقىرىلىدىغان گومىنداڭ-نىڭ ئون ئىككى بۇرجەكلىك بايرىقىمۇ ئۇزۇن موما ياغاچنىڭ ئۇچىغا چىقالماي قالدى.

نېمە ئەھۋال بولغانلىقىنى ئادەملەر ئەتىسى بىلىۋېلىشتى. كېچە نىلقا پارتىزانلىرى غۇلجا شەھرىگە ئىككى تەرەپتىن ھۇ-جۇم قىلىپ كىرگەن. غېنى باتۇر، پاتىخ مۇسلىموۋ، سېيىت ھەم ئوسمان ئىبراھىموف، نۇرۇم ئوبۇلۇف، ھۇشۇرەم مەمەتوۋف-لار رەھبەرلىكىدىكى ئەترەتلەر غۇلجا شەھرىنىڭ غەربىي ھەم شەرقىي تەرىپىدىن كىرىپ غۇلجا قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن قو-شۇلغانىدى. جاسارەتلىك ئىككى قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ قوشۇ-لۇشى گويا ئىككى ھەيۋەتلىك دەريانىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئۇلۇغ ئېقىنغا ئايلاندى. ئەمدى شتابنى ئالتە شوئار مەھەللىسىدىكى مەخپىي ئورۇندىن شەھەر ئىچىگە يۆتكەش زۆ-

زور بولۇپ قالدى. شتابنى يۆتكەش، ئارقا سەپ خىزمىتى ھەم
پارتىزانلارغا كىيىم - كېچەك، ئوزۇق - تۈلۈك يەتكۈزۈپ
بېرىش زەيىندىنگە تاپشۇرۇلدى. ئالتە شوئار مەھەللىسى بىلەن
ئۈچ دەرۋازا مەھەللىسى ئارىلىقىدىكى ئۆستەڭ بويىدىكى چوڭ
قورۇغا پارتىزانلارنىڭ ۋاقىتلىق شتابى جايلاشتى. كىشىلەر
تېخىمۇ جانلاندى، پارتىزانلارغا ئاتاپ داش قازانلار ئېسىلدى،
خىزمەت قىلغۇچىلار پۇت - پۇتىغا، قول - قولىغا تەگمەي
يۈگۈرۈشمەكتە ئىدى. بىرى ئوتۇن ياراتتى، بىرى سۇ توشۇيت-
تى، بىرى قازان - قومۇچلارنى يۇياتتى؛ بىر ياقتا قازاقلار
ئەكىرگەن ئۆكۈز - قويلار سويۇلسا، بىر ياقتا شىۋەلەر ئەكىر-
گەن تاغار - تاغارلاپ گۈرۈچلەر يۇيۇلماقتا ئىدى؛ يەنە بىر
تەرەپتىن ماشىنىچىلار، تۇماقچىلار ئېلىپ كەلگەن پاختىلىق
چاپان، كالتە جۇۋا ھەم قولاقچىلار بىر ئۆيگە توشۇلۇۋاتاتتى؛
بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ مىنىشلىك ئاتلىرىنى پارتىزانلارغا ھەدىيە
قىلماقتا ئىدى. بولا ئەمەس يېقىن مەھەللىلەردىن، ھەتتا گو-
مىنداڭ ئىشغالىيىتىدىكى جايلاردىن پارتىزانلار ئۈچۈن چېلەك -
چېلەكلەپ سۈيۈقئاش، چۆچۈرىلەر، قازان - قازانلاپ پولۇلار
ئېلىپ كەلگۈچىلەر كۆپىيىمەكتە ئىدى. شۇ تاپتا كىشىلەر
ئۆزىنىڭ پۈتۈن تەئەللۇقاتىنى مۇشۇلارغا سەرپ قىلىۋاتقاندەك
قىلاتتى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ چاقىرىشى بىلەن بۆلۈمگە كىر-
گەن نىزامىدىن ئۇستەل يېنىدىكى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا
ئولتۇردى. ئابدۇكېرىم تېز - تېز يېزىۋاتقان خېتىنى
تۈگەتتى - دە، ئۇنىڭغا قاراپ دېدى:

— كۆردىڭىزمۇ خەلقنىڭ تەۋرەپ كەتكىنىنى، ئۇلارنىڭ
بۇ قوللىشى جەڭچىلىرىمىزگە كۈچ، ئىلھام ۋە زور مەدەت
بولماقتا. نىزامىدىن ئەپەندى، مۇشكۈل ۋەزىپىلەر ئالدىمىزدا
تۇرۇپتۇ، سىزنىڭ قىسمىلىرىڭىزنىڭ ۋەزىپىسىمۇ ئېغىر.

— ئەلۋەتتە، — دېدى نىزامىدىن جىددىي ھالدا، — تاغلاردا قىلىنغان ئۇرۇشتىن بۇ يەردىكىسى قىيىنراق بولۇشى مۇمكىن.

— شۇنداق، تاغدىكى ئۇرۇشلاردا دۈشمەنلىرىمىز بىزنى ئىزدەپ ئالدىمىزغا مانا مەن دەپ كېلەتتى، ئەمدى بىز ئالدىغا بارىمىز. ئاساسىي ئىشقا كېلەيلى، — دېدى ئابدۇكېرىم جىددىي تۇردە، — ھازىر بىز ئالدىغان ئىككى قورغان بار. بىرى، ۋىلايەتلىك باش ساقچى، يەنە بىرى، سىلىگبۇ، مۇشۇ ۋەزىپىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇندىساق، قالغانلىرىنىڭ ئىشى ئاساذ - راق، — ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ نىزامىدىنغا قارىدى. نىزامىدىن خىيالچان كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ جىم ئولتۇراتتى. ئابدۇكېرىم سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئالدى بىلەن باش ساقچىغا ھۇجۇم قىلىش قارار قىلىندى، تۈرمىدىكى مەھبۇسلارنى تېزلىك بىلەن ئازاد قىلىش كېرەك. لېكىن ھازىر ئاساسەن باش ساقچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇنى تىرىك تۇتۇشقا مۇمكىنچىلىك بولمىدى، ھۇجۇمدىن بۇرۇن ئۇنى ئېتىش لازىم. ئەگەر ئاتقان ئوقىمىز زايە كەتمىسە بۇ باش ساقچى ئۇچۇن قاقشاتقۇچ زەربە بولىدۇ، ئۇلار پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بىر ھالغا چۈشىدۇ - دە، بىزنىڭ ئۇ يەرنى ئېلىشىمىز ئاسانلىشىدۇ.

— توغرا، — دەۋەتتى نىزامىدىن چارىدىن قانائەتلىنىپ جىددىي ھالدا، — ئۇ چاغدا باش ساقچى چولڭ تىرىكىدىن ئايرىلىپ بىر قانىتى سۇنىدۇ - دە.

— شۇنداق، بۇ ھەم بىزنىڭ ھۇجۇمىمىزنىڭ بىرىنچى غەلىبىسى بولۇپ قالىدۇ.

شەھەرگە كىرگەن پارتىزانلارنىڭ قىلىۋاتقان ئۇرۇشلىرى ئۆزىنىڭ تېزلىكى، جىددىيلىكى بىلەن تاغلاردىكى ئۇرۇشلادىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. بۇ يەردە مىنۇت - سېكۇنتنىمۇ قولدىن بېرىپ قويۇشقا بولمايتتى. چۈنكى، ھازىر شۇ نەرسە ئايان

بولۇۋاتاتتىكى، بىر مىنۇتنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىشى تۈرمىلەر-دىكى قانچىلىغان مەھبۇسلارنىڭ ئەزىز جانلىرىغا بېرىپ تاقىلى-ۋاتاتتى.

— رازۋېدكا ئىشىدا سىزنىڭ رازۋېدكىچىلىرىڭىز مۇش-كۈل ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىپ، خېلىلا تەجرىبىلىك بولۇپ قالدى، — دېدى ئابدۇكېرىم ئويلىنىپ، — ھېلىقى يېزىلىق يىگىتنىڭ ئېتى نېمىدى؟

— نادەم.

— ھە، نادەمنىڭ «چاقماق» گۇرۇپپىسىغا ئىككى ۋەزىپە تاپشۇرماقچىمەن. بىرى، ئالدى بىلەن ليۇ بىندېنى ئېتىش، يەنە بىرى، ۋىلايەتلىك باش ساقچىغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئەپلىك ئور-نىنى كۆزىتىش، قانداق دەيسىز؟

— تولۇق ئورۇنداشقا بولىدۇ! — دېدى نىزامىدىن قەتئىي ھالدا.

— ئۇنداق بولسا، دەرھال ئورۇنلاشتۇرۇڭ!

نىزامىدىن ئابدۇكېرىم ئاباسوفنىڭ بۆلۈمىدىن چىقتى-دە، ئىككىنچى ئەترەتنىڭ كوماندىرى ئەنۋەرنى چاقىرىپ، ئابدۇ-كېرىم بىلەن كېلىشكەن ئىشلارنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇردى.

— ۋەزىپىنىڭ جىددىيلىكىنى تولۇق چۈشەندىڭمۇ؟

— تولۇق چۈشەندىم.

نىزامىدىن ئويلىنىپ دېدى:

— سەن ليۇ بىندېنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟

— ئازراق ئاڭلىغان.

— ھە، ليۇ بىندې خەلقىمىز ئالدىدا قاتمۇ قات جىنايەتكە بوغۇلغان بىر قانخور! ئۇ بىزنىڭ ئىنقىلابىمىزنى «ئىلى ۋەقە-سى» دەپ ئاتىۋالغان. ئۇ ئىنقىلابىمىزنى بۆشۈكىدىلا تۇنجۇقتۇ-رۇۋېتىش ئۈچۈن ئۇرۇمچىدىن ئالاھىدە يارلىق بىلەن كەلگەن. ئۇ، ئۆلكىلىك ساقچىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، يېقىندىن بېرى

ئىلىدا يۈز بېرىۋاتقان ئادەم تونۇش، قىيناش، ئۆلتۈرۈش ــ چېپىش، ئېتىشىشلارنىڭ پىلانلىغۇچىسى ھەم ئاتامانى!

ئەنۋەر بېلىدىكى كەمىرىنى چىڭىتىپ، قەددىنى رۇسلاپ قويدى. ئۇ ھازىرلا ھۇجۇمغا ماڭىدىغاندەك جىددىيلەشكەنىدى.

ــ ئاۋۋال لىيۇ بىندىبىنىڭ يېتىپ قوپىدىغان، ماڭىدىغان كوچىسىنى، ئاندىن باش ساقچىغا ھۇجۇم قىلىشىنىڭ بىز ئۈچۈن قولايلىق، ئەپلىك ئورنىنى رازۋېد قىلىش كېرەك.

ــ رازۋېدكىچىلىرىمىز ھەممىگە تەييار، ــ دېدى ئەنۋەر بېشىنى ئىشەنچلىك سىلكىپ.

ــ قېنى ئەمىسە، چاقماق گۈرۈپپىسىنى چاقىر ــ دە، ۋەزىپىلەرنى بىر ــ بىرلەپ تاپشۇرۇپ دەرھال يولغا سال.

## 3

نادەم، باتىرغازى، ئىسھاقلار تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇقتا، باش ساقچىغا ئېلىپ چىقىدىغان يان كوچىلارنىڭ بىرىدە ئەپلىك جايغا ئورۇنلاشتى، تاڭ ئېتىشىنى ۋە لىيۇ بىندىبىنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇردى.

ۋاقىت ئۆتمەكتە ئىدى.

ــ بىز ئاتىدىغان ئادەم كىچىك ئادەم ئەمەس، ــ دېدى نادەم ئاستا پىچىرلاپ، ــ ئۇ چوڭ ئەمەلدار، لېكىن چوڭ ئەمەلدارنىڭ ئەجىلى بىزنىڭ قولىمىزدا، شۇنچىلىك چوڭ ئە-مەلدارنى بىز ئاتىمىز، بىزگە شۇنچە چوڭ ھوقۇقنى كىم بەر-دى؟ خەلق قوللاۋاتقان ئىنقىلاب بەردى! شۇنداق ئەمەسمۇ؟!

ھاياجانلانغان ئىسھاق دەرھال سۆز قىستۇردى:

ــ گومىنداڭنىڭ ھەرقانچە چوڭ ئەمەلدارىمۇ، ھازىر بىزنىڭ ئالدىمىزدا ھېچقانچە نېمە ئەمەس، ئۇ ھازىر چىرىلدىغان ھاشارات، ئۆلەرمەن قۇرت!

— مانا بۇ ئىنقىلابنىڭ كۈچى، بۈگۈن شۇنچە چوڭ ئەمەل-دارمۇ بىزگە ھېچقانچە نېمە ئەمەس بولۇپ قالدى. تۈنۈگۈنلا بىز يامان قورساق شائىيوغا قاپاق كۆتۈرۈپ قارىيالمايتتۇق، گالۋاڭ خوتۇنلىرىنىڭمۇ ئېغىزىدىن چىققان بىر ئېغىز گەپ بىزنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىمىزنى بەلگىلەيتتى، ھەتتە دەلدۈش بالىلىرىمۇ بېشىمىزدا ياڭاق چاقاتتى، گەجگىمىزگە مىنەتتى، ئىرغىتىپ تاشلىيالمايتتۇق. ھازىرچۇ؟ ئۇلارنىڭ دۇمبىسىدىن ئىس چىقى-رىشقا جۈرئەت قىلىپ تۇرۇپتىمىز، مانا بۇ ئىنقىلاب بەرگەن ھوقۇق! — دېدى نادەم ھاياجان بىلەن.

— شۇنداق، مىلتىق قولىمىزدا، ئەمدى ئۇنىڭدىن چوڭ-نىمۇ ئاتالايمىز، — دېدى باتىرغازى.

تاڭمۇ ئاتتى. بىرھازا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇزۇن قارا خۇرۇم پەلتوسىنى يېپىنىۋالغان، كۆزىگە قارا كۆزەينەك تاقى-غان ليۇ بىندى ئۇرۇمچىدىن ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن ئالتە نەپەر كانغۇيىسنى ئەگەشتۈرۈپ ھويلىدىن چىقىپ كەلدى - دە، كوچىنىڭ باش - ئايىغىغا سەپسېلىپ قارىدى. نادەم ئۇنى قارىغا ئالدى.

— ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاتايلى، — دېدى باتىرغازى ئاستا پىچىرلاپ.

— ياق، ئەگەر تەگمەي قالسا، ئىككىنچى ئوقنى ئېتىشقا ئۈلگۈرەلمەي قېلىشىمىز مۇمكىن.

— ئەمىسچۇ؟

— يۈرىكىگە ئاتايلى.

— بول چاپسان!

ليۇ بىندى ساقچى تەرەپكە بۇرۇلماقچى ئىدى، شۇ چاغدا دەرۋازىغا قارىمۇ قارشى بولغان دېرىزىدىن ئېتىلغان نادەمنىڭ بىر تال ئوقى ئۇنى ئوڭدىسىغا ئۈچۈرۈۋەتتى. ئوق دېگەندەك يۈرىكىگە تەگكەنىدى. ئالتە نەپەر كانغۇيىي باشلىقىنىڭ ئۆلۈك-

نى تاشلاپ، شۇ هامان ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي قورۇنىڭ ئىچىگە قاچتى.
ليۇ بىندي ئۆلگەندىن كېيىن، باش ساقچى ئۇنىڭ ئۆلۈمى-دىن دەرھال خەۋەر تاپتى. بىراق، ئۆلۈكنى ئەكىرىپ كېتىش ئۈچۈن ھېچقايسىسى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشكە ئەڭ دەسلەپ بىر ئالا ئىت جۈرئەت قىلدى. قۇيرۇقىنى دۈپ ـ دۈگىلەك قىلىپ كەينىگە قايرىۋال-غان بۇ ئىت كېلىپ، ئۆلۈكنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىنى پۇرىدى ۋە ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ قويۇپ، يانتقان يېرىدە يېيىشنى ئەپسىز كۆردىمۇ ئەتىمالىم، ئۆلۈكنىڭ مۈرىسىدىن چىشلەپ، ئېرىق ئىچىگە سۆرىدى. شۇ ئەسنادا يەنە بىر قارا ئىت كېلىپ قالدى، بۇ تەييار ئولجىدىن قىزغانغان ئالا ئىت قارا ئىتقا خىرىس قىلدى، ئۇنىڭمۇ نەپسى تاقىلداپ كەتكەن بولسا كېرەك، قارا ئىتمۇ بوش كەلمەي، ئۇزۇن ئۆتكۈر چىشلىرىنى پارقىرىتىپ ئۆلۈككە ئېغىز سېلىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا باش ساقچى تەرەپ-تىن ئىتلارغا قارىتىپ بىرنەچچە پاي ئوق ئېتىلىپ قالدى. بىراق، ئېتىلغان ئوقلار ئىتلارنىڭ بىرىگىمۇ تەگمىدى.
ئەق شۇ پەيتتە نىزامىدىننىڭ تەقەززالىقى بارغانسېرى ئې-شىپ ھېلىدىن ـ ھېلىغا ھويلىغا چىقاتتى. ئىشخانىسىغا كىرەت-تى ۋە دەممۇ دەم سائىتىگە قارايتتى، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ ئىچى تىتىلدايتتى، قويۇق قارا قاشلىرى تىك كۆتۈرۈلۈپ، ئۆتكۈر كۆزلىرى يالت ـ يۇلت قىلاتتى. بۇ ھالنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ئاقىلبەك دەرۋازا يېنىغا كېلىپ كوچى-نىڭ بېشىغا سەپسېلىپ قارىدى.
— كۆرۈنەمدۇ، — ئالدىراپ سورىدى نىزامىدىن.
— ياق، كۆرۈنمەيدۇ.
— نىكەم كېلىدىغان ۋاقتى بولغىلى، نېمە بولغاندۇ ـ ھە، — دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە ھويلا ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا

مېڭىپ.

زەينىدىن شتابتىن چىقىپ كېلىپ، نىزامىدىننى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى:

— نىزامىدىن!

— هوي... زەينىدىن!

ھەر ئىككىسىنىڭ كۆزلىرىدە ھەيرانلىق ئوتلىرى ياندى، بىردەم داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى - دە، ئۆزلىرىنى بىر - بىرىگە ئاتتى. قوللىرىنى سىقىپ، قۇچاقلىشىپ كەتتى.

— قانداق ئەھۋالىڭىز... سىز مۇڭغۇلكۈرەگە چىقىپ كەتكىنىڭىزدىن كېيىن كۆرۈشمىدۇقمۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، ئۇزاق بولدى. ئۇ چاغلاردا ئىككى ئېغىز گەپ ئۇچۇن يان - يېنىمىزغا قارىشاتتۇق، ئەنسىرىشەتتۇق، مانا ئەمدى ئوچۇق - ئاشكارا سۆزلىشىدىغان ۋاقىتتا كۆرۈشۈپ قالدۇق، نېمىدېگەن زور ئۆزگىرىشلەر بۇ - ھە؟

— شۇنداق بولدى، — دېدى زەينىدىن كۈلۈپ، — بىزنى مۇشۇنداق ئاشكارا سۆزلىتىۋاتقان ھەم بىزنى قورقماس ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان نەرسە، بەللىرىمىزدىكى مۇشۇ قورال!

ھەر ئىككىسىنىڭ بېلىدىكى كەمەردە — بىرىنىڭكىدە يالىڭاچلانغان ماۋزېر، يەنە بىرىنىڭكىدە قاپلىق تاپانچا ئېسىقلىق ئىدى.

— خوش، ئۇياققا نېمانچە قاراپ كەتتىڭىز؟

— يىگىتلىرىم ليۇ بىندېنى ئېتىشقا كەتكەن، شۇلارنىڭ يولىغا قاراپ كۆزلىرىمىز تېشىلەي دېدى.

— ئۇنى تىرىك تۇتىمىز دېيىشكەن، مۇمكىن بولماپتۇ - دە؟

— مۇمكىن بولمىدى، ھەم ۋاقىتمۇ ئۆزىراپ كەتتى. باش ساقچىغا ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن ئۇنى ئېتىپ تاشلاش زۆرۈر بولۇپ قالدى. خوش، ئۆزىڭىز قايسى قىسىمدا؟ سىزنى گومىند-

داڭنىڭ شىخوغا ئېلىپ ماڭغان قىشلىق كىيىم ـ كېچەكلىرىنى قولغا چۈشۈردى، دەپ ئاڭلىغۇدىم؟
— ھە، ئۇ بۇرۇنقى ئىشلار.
— ئەمما، جېنىمىزغا ئەسقاتقان ئىشلار... ھازىرچۇ؟
— ئارقا سەپ خىزمىتىنى ئىشلەۋاتىمەن.
— بىزنى كىيىم ـ كېچەك بىلەن قامدايدىغان، قورسىقىمىزنى بېقىۋاتقان ئەسلىدە سىز ئىكەنسىز ـ دە، ياخشى، ھەر-قايسىمىز ئىنقىلابنىڭ ئېھتىياجى چۈشكەن ئىشلارنى قىلىۋاتىمىز.
— خوش، نىزامىدىن، ئالدىرايمەن، كۆرۈشكىچە ئامان بولۇڭ.
ئىككىسى قول سىقىشىپ ئايرىلىشتى.
— ئەنە، كېلىۋاتىدۇ! — دېدى ئاقىلبەك بىردىنلا ھاياجانلىنىپ ئۇ تەرەپنى كۆرسىتىپ.
ئوچۇق دەرۋازىدىن بويۇنلىرىغا ئاپتوماتلىرىنى ئېسىشقان نادەم، باتىرغازى، ئىسھاقلار كىرىپ كەلدى. ئۈچ رازۋېدكىچىنىڭ كۈلۈمسىرىگەن چىرايلىرىنى كۆرگەن نىزامىدىننىڭ تۈرۈلگەن قاپاقلىرى ئورنىغا چۈشۈپ، كۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇششاق قورۇقلار تارقىلىپ كەتتى.
— كېلىڭلار، ئەزىمەتلەر، — نىزامىدىن قولىنى ئۇلارغا ئۇزاتتى، — ئىشلار قانداق؟
— تولۇق ئىجرا قىلدۇق.
— يارايسىلەر، يۇرۇڭلار، — نىزامىدىن ئۈچەيلەننى باشلاپ ئۈچ پەلەمپەيدىن بىر سىراقلا ئاتلاپ، كالتە پېشايۋانغا چىقتى ـ دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ ئاقىلبەككە دېدى:
— ئەنۋەرنى چاقىر!
— مانا ھازىر.
ئۇلار تۆتى نىزامىدىننىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى.

«چاقماق» گۈرۈپپىسى يەنە يېڭى ۋەزىپىلەرنى كۈتۈپ تۇراتتى.

شەھەر ئىچىدە كوچا جەڭلىرى قىزىپ كېتىپ باراتتى، جەڭ ھېلى بۇ كوچىدا بولسا، بىردەمدىلا ئۇ كوچىدا بولاتتى، ھويلىلاردىن پەرىشانلىقتا چۈشكەن ئادەملەر ۋە ئۇششاق باللار چىقىپ قاياقلارغىدۇر قاچاتتى ۋە ئەنسىز ۋارقىراشلار كۆتۈرۈلەتتى. تاملار، ئىشىكلەر، يالىڭاچلانغان دەرەخ غوللىرىدا ئوق ئىزلىرى كۆپەيمەكتە ئىدى. ئەنسىزلىك ئۈستىگە ئەنسىزلىك سېلىپ، ئەتىگەندىن بېرى ئۇن زاۋۇتىنىڭ گۇدۇكى توختىماي غۇڭۇلداپ ۋارقىرىماقتا ئىدى.

نادەمنىڭ «چاقماق» گۈرۈپپىسى يېڭى ۋەزىپە بىلەن يۈرۈپ كەتكەن چاغدا، نىزامىدىن ئۆزى بىر گۈرۈپپا پارتىزانلارنى باشلاپ ئۇن زاۋۇتى تەرەپكە ماڭغانىدى. ئۇ كوچىدىكى دۈشمەن قاراۋۇلىنى ئېتىپ تاشلاپ، ئۇن زاۋۇتىغا دوختۇرخانا تەرەپتىن يېقىنلاپ كەلدى.

گۇدۇك توختىماي ۋارقىرايتتى، پىلىموتمۇ توختىماي چاتىلداپ ئېتىلىۋاتاتتى. نىزامىدىن قولاقچىسىنى كەينىگە سۈرۈپ قويۇپ ئېگىزگە قارىدى. ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن ئېتىلىۋاتقان پىلىموتنىڭ ئوچى كۆرۈندى. نىزامىدىن گۈرۈپپىسى بىناغا بېسىپ كىردى. گۇدۇك تېخىچىلا غۇڭۇلدايتتى. ئۇلار كىرگەندە گۇدۇك تارتىدىغان خادىغا بىر ئۆلگەن گومىنداڭ ئەسكىرى ئېسىلىپ قالغانىكەن. پارتىزانلار نىزامىدىننىڭ كەينىدىن يۇقىرىغا ئۆرلىمەكتە ئىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ئېتىلىۋاتقان پىلىموتنىڭ ئاۋازىدىن باشقا، تاپانچا ئۈنى ئاڭلاندى ۋە بىرىنىڭ چىرقىرىشى ئاڭلىنىپ شۇئان ئۆچتى. تاپانچا ئاتقان كىمدۇ، ئۇلار بىر ـ بىرىنى ئېتىۋاتامدۇ ياكى باشقا بىرى بارمىدۇ، دەپ ئويلىدى نىزامىدىن. كەينىدىنلا ئىشىكنىڭ جالاقىدە تېپىپ ئېچىلغانلىقى ئاڭلاندى. ئىشىكنى تېپىپ ئاچقان نىزامىدىن گۈرۈپپىسىدىن بۇرۇن بۇ يەرگە يېتىپ

چىققان غېنى باتۇر ئىدى. ئىشىكنىڭ ئىچىلىشى بىلەن كەينىگە چۆچۈپ قارىغان گومىنداڭ پىلىموتچىسى ئۆلۈغ ئىچىلغان ئىد-شىكتىن كىرىۋاتقان گەۋدىلىك، كۆزلىرىدىن ئوت يانغان، گويا يولۋاستەك قەھرلىك، زور ئادەمنى كۆرۈپ، قارا باسقاندەك دەھشەت بىلەن چىرقىراپ كەتتى... غېنى باتۇر قولىدىكى يالىڭاچلانغان تاپانچىسىدىن ئوق ئۈزمىدى، ئۇ قەھر بىلەن كې-لىپ پىلىموتچىنىڭ گەجگىسىدىن كۆتۈرۈپ ئالدى ـ دە، دېرى-زىدىن يەرگە بىراقلا چۆرۈۋەتتى. ئۇنىڭ سەت چىرقىراشلىرى «گۈپ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا ئۆچتى.

ئۇلار تۆتىنچى قەۋەتكە چىقىدىغان پەلەمپەيدە ئۇچرىشىپ قالدى:

— ھە، سەنمىدىڭ، — دېدى غېنى باتۇر. ئۇنىڭ چىرا-يىدىن ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىر خىل روھىي ھالەت ئىپادىلى-نىپ تۇراتتى، — سەنمۇ توشقان تۇتۇشقا چىقىپتىكەنسەن ـ دە، كېچىكىپ قاپسەن. توشقاننى مەن تۇتۇپ بولدۇم.

— سىزنىڭ كەلگەنلىكىڭىزنى ئۇقماپتىمەن، ئۇقسام كەل-مەيتتىم.

— مېنى خەقتىن سوراپ ئىش قىلىدۇ دەمسەن، يۈر ئەمدى، پەستىكى ئۆلۈك توشقاننى چۆرۈۋېتەيلى.

## 4

ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ھالقىغان مەزگىلدە باش ساقچىغا قىلىنىدىغان ھۇجۇم باشلاندى.

بۇ پارتىزانلارنىڭ غۇلجا شەھىرىگە كىرگەندىن كېيىنكى بىرىنچى قېتىملىق چوڭ ھۇجۇمى بولۇپ، ھۇجۇم نادەم باشچى-لىقىدىكى «چاقماق» رازۋېدكىچىلار گۇرۇپپىسىنىڭ كۆزىتىشى-گە ئاساسەن باش ساقچىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن باشلاندى. ھەر

ئىككى تەرەپ ئېتىشماقتا ئىدى، ئېتىلغان ئوقلار ۋال - ۋۇل قىلىپ ئوت بولۇپ كۆرۈنەتتى، دەل - دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنى قاراسلىتىپ سۇندۇراتتى، توپىلارنى توزىتاتتى. تاڭ ئاتقۇچە باش ساقچىنى ئېلىش بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئىلگىرىلەش بولمىدى. مۇستەھكەم قىلىپ ياسالغان كۆزىتىش پوتىيىدىكى پىلىموت پارتىزانلارنىڭ بېشىنى كۆتۈرگۈزمەيتتى. تاشلانغان قول بومبىلىرى كۆزىتىش پوتىيىگە يەتمەي، قېلىن تام ئەتراپىغا چۈشەتتى.

گايىتنىڭ كىچىك ئەترىتى ساقچىنىڭ ئارقىسىغا غەربىي جەنۇب تەرەپتىن ھۇجۇم قىلماقتا ئىدى. تاغلاردا، ئوچۇقچىلىق كەڭرى يەرلەردە تېز ھەرىكەتلىنىپ نۇرغۇن ياخشى جەڭلەرنى قىلغان ئۇنىڭ ئەترىتى بۇ يەردە تىقىلىپ قالغاندەك ھۇجۇمنى ئەپلەشتۈرەلمەيۋاتاتتى.

گايىت ئېڭىشىپ مېڭىپ، پاكار تامغا پىلىموتنى قويۇۋېلىپ ئېتىۋاتقان كىبۇرنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ بېشىدىن دۈشمەن ئوقلىرى ۋىڭىلداپ ئۆتەتتى. ئۇ قولىدىكى تاپانچىسىنى خۇددى كىبۇرغا تەڭلەۋاتقان ئادەمدەك قىلىپ دېدى:

— تۆشۈككە، دەل ئالۋاستىلارنىڭ كۆزىگە ئات، — ئۇنىڭ سېرىق ساقاللىرى تىك - تىك بولۇپ كەتكەنىدى.

كىبۇر ھازىر ئۇستا پىلىموتچى بولۇپ قالغانىدى.

— نىشانلىق ئېتىڭلار...، — گايىت جەڭچىلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ شۇنداق دەيتتى.

— ھەسسىنەم... — دەيتتى كىبۇر چاڭ باسقان كۆزىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ، — ئوقلىرىمنىڭ كۆزى بولغان بولسا، بۇ چاغقىچە بۇ رودۇپايىلارنى قويمىغان بولاتتى.

باش ساقچىنىڭ ئارقا تاملىرى قېلىن ھەم ئېگىز ئىدى. ئىچى تەرەپتىن بۇ تاملارغا يېپىشىۋېلىپ ئېتىلىۋاتقانلارمۇ نۇرغۇن، تام ئۈستىدىن بىرەرىنىڭ بېشى كۆرۈندىمۇ، ئۇنىڭغا دەر-

هال ئەجەل يېتەتتى.
— تالڭ ئېتىشقا ئاز قېلىۋاتىدۇ، تالڭ ئاتقۇچە ساقچىنى
ئېلىش كېرەك، تۈرمىدە ياتقان ئادەملەرنى ئازاد قىلىش كې -
رەك، — دەيتتى نىزامىدىن تېز - تېز بېرىۋاتقان بۇيرۇقلى-
رىغا قوشۇمچە قىلىپ. نىزامىدىن ساقچىنىڭ ئارقىسىغا ئۇدۇل
چىقىدىغان كوچىنىڭ ئىككىنچى قورۇسىدا تۇرۇپ ئۇرۇشقا قو-
ماندانلىق قىلماقتا. ئۇ پېشانىسىدىن پۇرۇلداپ چىققان تەرنى
يەڭگى بىلەن سۈرتتى - دە، ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلى-
دى. ئۇنىڭ چېكە تومۇرلىرى لىپىلداپ تۇراتتى. پېشانىسىدىكى
قورۇقلار يول - يول بولۇپ چوڭقۇرلاشقان، يۈزى خۇددى
يانغاندەك قارىداپ كەتكەن، چىشلىرى كىرىشكەنىدى. ئاقىلبەك
نىزامىدىننى ھېچقاچان مۇنداق قىياپەتتە كۆرمىگەنىدى. نىزامى-
دىن تۈرمىدە ياتقانلارنىڭ شۇ تاپتا نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقانلى-
قىنى ئويلايتتى. باش ساقچىنىڭ يوغان ھويلىسى ناھايىتى قالاي-
مىقان، ئۇياق - بۇياققا پەرىشان ھالدا يۈگۈرۈش، قاتتىق
ۋارقىراش - جارقىراشلار، ئوق ئاۋازلىرى بىلەن قوشۇلۇپ،
بىر سۈرلۈك سادا پەيدا قىلىپ تۇراتتى. بەزى بۆلۈملەردە قوللى-
رى تىترەپ، كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتىشكە ئازلا قالغان
ئوفىتسېرلار مۇھىم ھۆججەتلەرنى كۆيدۈرۈش بىلەن ئاۋارە ئى-
دى، ئۇلار بىر - بىرىنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىشماي، ئەسەبىي-
لەرچە ۋارقىرىشاتتى. تىللىشاتتى... باش ساقچى ئەمەلدارلى-
رى، گۇندىپايلار كامېرلاردىن قوللىرى باغلانغان ئادەملەرنى
ئېلىپ چىقىپ، ھاجەتخانا ۋە چوڭقۇر قۇدۇقنىڭ ئاغزىغا ئەكې-
لىپ ئېتىپ ئىتتىرىپ تاشلاۋاتاتتى. ئىسەنە، ئورۇق، كىيىم-
لىرى جۇل - جۇل بىر ئادەمنى ئېلىپ چىقتى، بۇ ئادەم
ئەسلىدە قورايچى ئىدى. بىر كۈنى ئۇ شەھەر ئەتراپىدىكى ئېرىق
ياقىلىرىدىن بىر قۇچاق قوراي ئۇرۇپ كىرىپ، توغرى كۆۋرۈك-
كە كەلگەندە ھېرىپ كېتىپ، سىمتاناپ تۈۋرۈككە يۆلىنىپ

ئولتۇردى. شۇ ئەسنادا بىر چىبىنك كېلىپ، ئۇنىڭ نىمىشقا بۇ يەردە ئولتۇرغانلىقىنى سورىدى. ئۇ ھېرىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. چىبىنك: «يالغان، سەن قورايچى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، خەۋەر ئوغرىلاۋاتقان ئادەم» دەپ ئۇنى تورمىگە تاشلىدى، بىر ئايدىن بېرى بىر قېتىممۇ سوراقسا تارتىلماي، مانا ھازىر ئۇ ھالى ـ تالى قالغان ھالدا ئۆلۈم ئاغزىغا كېلىپ قالدى. ئۇ ئېيتىپ تاشلانغاندىن كېيىن، يەنە بىر گەۋدىلىك ئادەم قۇدۇق ئاغزىغا كەلتۈرۈلدى. . . بۇ يەردە ئېيتىلىپ ياكى چېپىلىپ قۇدۇققا تاشلىنىۋاتقان ئادەملەرنىڭ تەگدىن تولىسى مۇشۇنداق سەۋەبلەر بىلەن تورمىگە ئېلىنىپ، ھېچقانداق سوروشتۇرۇلمەي بىئەجەل ئۆلۈۋاتقانلار.

كامىرلار يىپتىشمەي يوغان لاپاسنى سولاقخانا قىلغان بۇ ئۆيدە ئەللىكتىن ئوشۇق ئادەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە رەيھانمۇ بار ئىدى. ئۇ تورمىگە كىرگەندىن بېرى ئۆزىنى قىلچە يوقاتمىدى، بەزىلەردەك ناھەقچىلىكتىن قاقشاپ، كۆز يېشى قىلمىدى، بەزىلەردەك ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ، كېسەل تارتقان ئادەمدەك سارغىيىپ بىشى ساڭگىلاپ كەتمىدى. باشقىلارغا چىدامىلىق بولۇش، ئۈمىدلىك بولۇش توغرىسىدا سۆزلەپ تۇردى. شۇڭا، ئۇنى بەزى تورمىداشلىرى، ھېلىمۇ قىز بولۇپ قاپتىكەن، ئوغۇل بولغان بولسا، قانچىلىك چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتەتتىكىن، قىز بالا تۇرۇپ ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ، دېيىشەتتى.

رەيھان ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ قوي كۆزلىرىدىن ئوت ئۇچقۇنلىرى چاچرايتتى.

ــ قېرىنداشلار! ــ دېدى ئۇ قاتتىق ۋارقىراپ، ــ بولۇۋاتقان ئالامەتلەرنى ئاڭلاۋاتامسىلەر، بۇ يەردە ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتامدۇق، قېنى، جۈرئەت قىلايلى، ئىشىك ـ پەنجىرىلەرنى چاقايلى!

رەيھاننىڭ جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن تەڭ كىشىلەر خۇددى

باياتىن شۇ بۇيرۇقنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئىشىك ـ پەنجىرىلەرگە ئېتىلدى . . .

ئوق ئاۋازلىرى كۈچەيمەكتە ئىدى.

كۈچلۈك پارتلاش قېلىن تامنى تىترىتەتتى، تۇرمە ئۈستىدىن ئوقلار ۋىژىلداپ ئۇچاتتى.

نىزامىدىننىڭ تاقىتى تاق بولۇپ ئاقىلبەككە ۋارقىرىدى:

— ئەنۋەرنى دەرھال چاقىر!

— ھازىر.

كىيىم ـ كېچەكلىرى چالا ـ توزاندا بۇلغانغان ئەنۋەر يالىڭاچلاپ تۇتۇۋالغان تاپانچىسىنى بېلىگە قىستۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كىردى.

نىزامىدىن ئويلاپ تاپقان چارىسىنى ئەنۋەرگە ئېيتتى:

— ئىككى تەرەپتىن بېرىپ، تام كەينىگە بومبا تاشلاش كېرەك!

— مېنىڭچە، — دېدى ئەنۋەر ئالدىراپ، — ھەم ئالدى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش كېرەك ئىدى.

— ياق! — نىزامىدىن بېشىنى قاتتىق سىلكىدى، — دۈشمەننىڭ تېز بوشىتىشى ئۈچۈن ئۇياقنى ئوچۇق قالدۇرۇش كېرەك. ئەمما، دۈشمەن قېچىپ چىققاندا، يوشۇرۇنغان جەڭچىلىرىمىز ئالدىدىن توسۇپ ئوت ئاچسۇن!

— دەرھال ئورۇندايمىز! — دېدى ئەنۋەر جىددىي قىياپەتتە ۋە ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

— بومبىلار تاشلانسۇن! — قاتتىق ۋارقىرىدى ئەنۋەر.

— بومباڭ بىلەن بۇ سېپىل ئۆرۈلۈپ چۈشمەيدۇ.

ئۇلار كەينىگە قاراپ غېنى باتۇرنى كۆردى. ئۇنىڭ بىر قارىساڭ جىددىيلەشكەندەك، بىر قارىساڭ غەم تارتماي تۇرغاندەك قىياپىتىدىن بىرەر ئۈنۈملۈك ئەقىل ـ چارە تېپىپ قويغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. قارىغايدەك ئېگىز بويى، تاغدەك بەستى

ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنىڭ يېتىلگەنلىكىدىن دالالەت بېرەتتى ھەم ئۇ كىشىگە سۇرلۇك كۆرۈنەتتى.

— سادىر بوۋام [1] سىپىلنى قانداق ئۆرىگەن، بىلەمسەن ئەخمەق؟ — دېدى باتۇر دۇشمەننىڭ ئوت توچكىسىدىن كۆز ئۈزمەي.

— لەخمە كولاپ، پىلتە يېقىپ ئۆرىگەن، — دېدى ئەنۋەر دەرھاللا جاۋاب بېرىپ.

— شۇنى بىلىدىكەنسەن، نېمىشقا شۇنداق قىلمىشمايسەن ـ ھە!...

قىلىن سېپىل ئەتراپىغا تاشلانغان بومبىلار قويۇق چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈۋەتتى.

— سېپىلنىڭ يېنىغا بارغىلى بولمايۋاتسا...

— بارغىلى بولىدۇ، ئاكاڭ قارىغاي بىكارغا تام تەشمىگەن، يەنە بومبا تاشلا، سېپىل ئۈستىدىكى ئاۋۇ ئۆلەرمەنلەرگە توختىماي ئوت ئاچ! ھېلى كارامىتىمنى كۆرىسەن.

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، ئۈچى ئالىقاندەك ياپىلاقلانغان لوم تۆمۈرنى ئېلىپ، كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزان ئارىسىدا سېپىل ئاستىغا يېتىپ باردى. پارتىزانلار توختىماي ئوق ئۈزمەكتە ئىدى. ئۇ سېپىل ئاستىنى كولاپ، كولانغان يەرگە پوروخنى كۆمدى ھەم ئۇنىڭ بىر چېتىگە پىلتىنى تۇتاشتۇرۇپ، پىلتىگە ئوت ياقتى ـ دە، ئۆزى سېپىلگە چاپلىشىپ دېگەندەك يەر بېغىرلاپ نېرىگە كەتتى.

ھايال قىلماي كۈچلۈك پارتلاش ئەتراپنى تىترىتىۋەتتى، سېپىلنىڭ ئۆيدەك ئورنى غۇلاپ چۈشكەنىدى. قىقاس ـ چۇقانلار، ھۇررا سادالىرى دېڭىز دولقۇنىدەك بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ يەر ـ كۆكنى لەرزىگە سالدى. پارتىزانلار قول بومبىلىرىنى

---

[1] سادىر بوۋام — سادىر پالۋاننى دېمەكچى.

ئۈزۈلدۈرمەي ئېتىپ، ئېچىلغان يوغان تۆشۈكتىن قورۇ ئىچىگە كەلكۈندەك بېسىپ كىرمەكتە ئىدى.

قىلىن تام ئەتراپىغا تاشلانغان بومبىلار قويۇق چاڭ - توزان كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇن ئىككى نەپەر جەڭچى كۆتۈرۈلگەن قويۇق چاڭ - توزاندىن پايدىلىنىپ ساقچى تېمىغا ئولاڭ ۋە سول ياقتىن يېپىشىپ كەلدى. كەينى - كەينىدىن تاشلانغان بومبا تەسىرىدىن بىر مېتىردەك تام گۈمۈرۈلۈپ چۈشتى.

— شوتىلار دەرھال قويۇلسۇن! — دەپ ۋارقىرىدى نىزامىدىن ئاقىلبەككە.

ئونلىغان شوتىلار تامغا قويۇلدى. تۆتەكلەر ئارىسىدىن يۈزلىگەن ئادەملەر شوتىلارغا ياماشتى ۋە قول بومبىلىرىنى قورۇ ئىچىگە ئۈزۈلدۈرمەي ئاتتى. قىقاس - چۇقانلار، ھۆررا سادالىرى دېڭىز دولقۇنىدەك بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ، يەر كۆكنى لەرزىگە سالدى. ئاخىر ئۇلار تام ئۈستىگە چىقتى ۋە قورۇ ئىچىگە سەكرىدى.

گومىنداڭچىلار قېچىشقا باشلىدى.

— ئېتىڭلار! . . . — قانتىق ۋارقىرىدى گايىت.

تېخى يېڭىلا كېلىپ، ئۆگزىلەرگە، ئېرىق ئىچلىرىگە، يوغان دەرەخلەر كەينىلىرىگە مۆكۈنگەن گايىتنىڭ پارتىزانلىرى قېچىپ چىقمۇاتقان دۈشمەنگە مۆلدۈردەك ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. كېۋېرنىڭ پىلىموتى توختىماي سايراپ كەتتى.

— يارايسەن كېۋىر!

قورۇ ئىچىگە سەكرەپ چۈشۈۋاتقان پارتىزانلار ھەربىر بۆلۈملەرگە دېرىزىلەردىن بومبا تاشلاپ، ئىشىكلەردىن ئوت ئېچىپ كىرىپ كەلدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تەسلىم بولدى، ئۇلار خۇددى قورۇ ئىچىدە شامال ئۇچۇرۇپ يۈرگەن غازاڭ يوپۇرماقلاردەك سارغىيىشقان، باشلىرىنى ئېگىشكەنىدى.

كامىر ئىشىكلىرى پاچاقلىنىپ تاشلاندى. ھايات قالغان

مەھبۇسلار ۋارقىرىشىپ چىقىپ كېلىشتى.

رەيھانىمۇ ئۆزلىرى چاققان ئىشىكتىن يۈگۈرۈپ چىققانىدى. ئۇ بويۇنلىرىغا ئاپتومات ئاسقان باتىرغازى ھەم ئىسھاقلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى، مۇشۇنداق غەلىبە سادالىرى ئىچىدە ئۇچرىشىپ قالغاچقا خۇشاللىقتىن قىن - قىنىغا پاتماي كېتىشتى.

ئىزامىدىن قاپاقلىرىنى تۈرگەن ھالدا، مەھبۇسلارنى ئېتىپ، چېپىپ تاشلىغان قۇدۇق بېشىدا تۇراتتى. ئۇ ئەلەم بىلەن مۇنداق دېدى:

— خەير... بىز كېچىكتۇق قېرىنداشلار...

سۇبھى كۆتۈرۈلدى، يېڭى تاڭ باش ساقچى قورۇسى ئىچىدىكى مىڭلىغان ئادەملەر ئۈستىگە ئۆزىنىڭ ئاقۇچ نۇرلىرىنى سېخىيلىق بىلەن تۆكۈشكە باشلىدى.

## 5

مانا ئەمدى خەلقنىڭ قەلبىدىكى ئۇچقۇن يالقۇنغا ئايلاندى. خەلق قوللىرىغا چىققاندىكى نەرسىلەر بىلەن قوراللىنىپ ھۇجۇمغا ئىنتىلمەكتە ئىدى. ھەقلىق رەۋىشتە ئالغا تاشلانغان مەردانە قەدەمنى توسۇش مۇمكىنمۇ؟! پارتىزانلار قوشۇنىغا تەرەپ - تەرەپتىن، يېقىن - يىراقلاردىن كىشىلەر كېلىپ قوشۇلۇشقا باشلىدى.

بىرنەچچە كۈندىن بېرى جۆلدەرەپ كەتكەن كوچىلار ئادەملەر بىلەن تولۇشقا باشلىدى. ئۆي - ئۆيلەردىن، شەھەر ئەتراپىدىكى يېقىن يېزىلاردىن چىقىپ كېلىپ، بارغانسېرى ئۇلغىيىۋاتقان خەلق توپى سىلىڭبۇ تەرەپكە ئاقماقتا، ئۇلار سىلىڭبۇنىڭ قانداق ئېلىنغانلىقى توغرىسىدا بىر - بىرىگە ھېكايە قىلىشماقتا. كوچىلار ئاۋاتلىشىپ، شاۋقۇن - سۈرەنلەر ئاۋۋالقىدىنمۇ كۈچەيمەكتە ئىدى.



ئىرنەچچە كۈندىن بېرى ئانىسىنىڭ رايىغا بېقىپ ئۆيىدە تۇرغان رەيھان بۈگۈن ھېچ چىداپ تۇرالمىدى. ئەتىگەنلىك چېيىنى ئالمان ـ تالمان ئىچىپلا سىلىنگبۇغا ماڭماقچى بولدى. ئانىسى ئۇنىڭ يولىنى يەنە توستى.

— ئۇنداق قىلما بالام، قىز جېنىڭ بىلەن بۇ يولغا ماڭساڭ بولامدۇ؟ يان كەينىڭگە.

— جېنىم ئاپا، يولۇمنى تورىما، ۋەتەننىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئوغۇللار باسقان قەدەمنى قىزلار نېمىشقا باسالمايدى-كەن، مەن چوقۇم بارىمەن، ئاپا!

— نە كاشكى ئوغۇل بولساڭچۇ جېنىم بالام.

— ئاپا، ئويلىغىنا، قانخورلاردىن قىساس ئالماي قانداقمۇ تۇرالايمىز؟ ئۇلار بىزگە نېمە كۈنلەرنى سالمىدى، بىزنى قانچە-لىك خورلىمىدى، قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تۇرمىدىكى ئازابلىرى-نى، بىئەجەل ئۆلۈملىرىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ شۇلارنى كۆرۈپ تۇ-رۇپ ئۆيگە سولىنىپ ئولتۇرسام قانداق چىدايمەن، سەنمۇ قاند-داق چىدايسەن؟

رەيھاننىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چېچىلىپ، يۈ-زى ئوت بولۇپ يېنىپ كەتكەن، پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنى غەزەپ-تىن تىترەيتتى. بولۇپمۇ تۇرمىدە ياتقاندىن بېرى كۆكسىگە پاتماي قالغان غەزەپ ـ نەپرەتلىرىنى، ئېغىر ھەسرەت، ئاچچىق ئەلەملىرىنى توختىماي تۆكمەكتە ئىدى:

— قولىمىزغا خەنجەر ئېلىپ بىزنى بوزەك قىلغانلارنىڭ، بىزنى خارلىغانلارنىڭ ،، بىزنى ئادەم قاتارىدا كۆرمىگەنلەرنىڭ باغرىنى تىلىدىغان چاغ كەلدى، جېنىم ئاپا.

— جېنىم بالام، مېنىڭ يالغۇزلۇقۇمدا. . .

— ياق، — دېدى رەيھان كۆتۈرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن، — مەن ئۆزۈمنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگىلى كېتىۋاتقىنىم يوق، ئىن-تىقام ئېلىشقا كېتىۋاتىمەن، قولىغا قورال ئالغان ئوغۇل ـ

Altun Oq

قىزلارنىڭ ھەممىسى سىنىڭ بالىلىرىڭ. ئەمدى نۆۋەت بىزنىڭ!
رەيھان شۇنداق دېدى ـ دە، ئانىسىنى چىڭ قۇچاقلىدى ۋە ئۆزىنى تالاغا ئاتتى.
ئۇ كوچىغا چىقىپ شتابقا قاراپ ئېقىۋاتقان ئادەملەر توپىغا قوشۇلدى. ئۇ قەدەملىرىنى ئىلدام ـ ئىلدام باساتتى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ پەقەت پارتىزانلار جايلاشقان ئورۇنغا بېرىپ، قولىغا قورال ئېلىشنىلا ئويلايتتى.
رەيھان كارىدورنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىردى. ئۆيگە پارتىزانلار سېپىگە قوشۇلۇشنى ئىلتىماس قىلىشىۋاتقانلار تولغانىدى. ئۈستەلنىڭ يېنىدا ماۋزېرىنى مۈرە. سىدىن تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ ئېسىۋالغان بىر ھەربىي كىشى ئولتۇ. راتتى. باياتىن بېرى پەيدائىي بولۇپ، سەپكە كىرىش ئۈچۈن ئىلتىماس قىلىۋاتقان بوۋاينىڭ سۆزلىرى باشقىلارنى ھەم كۆل. دۈرۈۋاتاتتى، ھەم تەسىرلەندۈرۈۋاتاتتى.
— باشقا سۆزىڭىزنى قويۇپ، مېنى خەتلەپ قويۇڭ بالام، — دەيتتى بوۋاي قايتا ـ قايتىلاپ، — پۈتۈن ئۆمرۈم باشقىلارغا تەرىمنى ئاققۇزۇش بىلەن ئۆتتى، ئەمدى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى قانخور گومىنداڭغا ئوق ئېتىش بىلەن ئۆت. كۈزەي. قېرى دەمسىمىز، «بۆرە قېرىسا، قويلۇقى بار» دېگەننى ئاڭلىمىغانمىدىڭىز، قېرى بولساممۇ ئىككى گومىنداڭچىغا تې. تىيمەن!
بوۋاينىڭ سۆزلىرى ئۆيدە تۇرغانلارنى كۈلدۈرۈۋەتتى.
— سىزنىڭ تەلىپىڭىز ئورۇنلۇق بوۋا، — دېدى ئۈس. تەلدە ئولتۇرغان ھەربىي كىشى، — بىراق سىز ياشىنىپ قالغان كىشى، گومىنداڭنى مانا مۇشۇ تۇرغان ياشلارمۇ يوقىتا. لايدۇ، سىزگە رەھمەت.
— قېرىلار گومىنداڭنى يوقىتالمامدىكەن، بۇ قانداق گەپ!؟

— گومىنداڭنى يوقىتىمەن دېسىڭىز ھەسسە قاتىدىغان ئىشلار كۆپ، بوۋا.

— ياق، بۇ قانخورلارنىڭ يۈرىكىنى چەنلەپ تۇرۇپ ئاتمى-غۇچە ياندايمەن، باشقا گەپنى قويۇپ ماڭا مىلتىق بېرىڭلار، مىلتىق ئالغىنىم ئالغان، مېنىڭ!

بوۋاي بىلەن بولۇنغان سۆزلەر خېلى ئۇزۇن داۋاملاشتى. باشقىلارمۇ گەپ قىلىپ باقتى، لېكىن بوۋاي ھېچقايسىسىغا كۆنمىدى، ئۇنىڭ رايىنى ياندۇرۇش مۇمكىن بولمىغاندىن كې-يىن ئاخىر تەلىپىنى قاندۇرۇشقا توغرا كەلدى. ھەربىي كىشى قىرىق بەش، ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى بىر كۆزى قارىغۇ ئادەمگە قاراپ:

— بولىدۇ، سىزنىڭمۇ تەلىپىڭىزنى قاندۇرايلى، سىز ئارقا سەپتە ئىشلەڭ، — دېدى.

— سىز مېنى ئۇرۇشقا قاتناشسا، قارىغۇ كۆزىنىڭ كاشى-لىسىغا ئۇچرايدۇ، دەمسىز؟ ھەي، سىز مېنىڭدىن ئەنسىرەۋا-تىسىزغۇ دەيمەن، ھېچبولمىغاندا مەن دۈشمەنلەرنى چەنلەشتە بىر كۆزۈمنى قىسىپ ئاۋارە بولمايمەن.

ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى ۋە بىرى گەپ قىستۇرۇپ قۇۋۋەتلەپ چاقچاق قىلدى:

— توغرا، دۈشمەننى چەنلەپلا تۇرغان كۆز ـ دە، بۇ. ئېخىمۇ قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— ئالدىنقى سەپ بولسۇن، ئارقا سەپ بولسۇن، — دېدى ھەربىي كىشى كۈلكىدىن توختاپ، — ھەممىسى ئازاد-لىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟

— مەن بۇ بىسىر كۆزۈمىدىن قانداق ئايرىلغان، بىلەمسىز؟ — دېدى ھېلىقى ئادەم ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، ئۇنىڭ ئاۋازى بىردىنلا تىترەپ، يۈزى ئاقىرىپ كەتكەندى. ھەممىسى بۇ ئادەمنىڭ ئېيتقان سۆزىگە قاراپ، ئۇنىڭدا قانداق-

تۆر بىر پاچىسەنىڭ بارلىقىنى چۆشەنگەندەك ئەلەملىك قاراشتى.
ئەسلىدە بۇ ئادەم ھارۋىكەش بولۇپ، بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى گومىنداڭنىڭ شىخودىكى قوشۇنلىرىغا ئوزۇق - تۈلۈك يەتكۈزۈپ بېرىش سەپىرىگە تۇتۇلغانىكەن. ئۇ يولدا زورلۇقتا چىدىماي چېرىكلەرگە يېنىپ قويغىنى ئۈچۈن، چېرىكلەر سىم قامچا بىلەن ئۇرۇپ بىر كۆزىنى قويۇۋېتىپتۇ.
باياتىن بېرى تاقەتسىزلىنىپ تۇرغان رەيھان ئۇستەلنىڭ يېنىغا كەلدى:
— مەنمۇ ئىنقىلابچىلار سېپىگە قوشۇلۇش ئۈچۈن كەلدىم، — دېدى ئۇ ھەربىي كىشىگە قاراپ ئاۋازىنىڭ قاتتىق چىقىپ كەتكىنىنى سەزمىگەن ھالدا.
ماۋزېر ئاسقان ھەربىي كىشى رەيھانغا تىكىلىپ قاراپ قويدى - دە، جىمجىت ھالدا تۇرۇپ قالدى. باشقىلارمۇ قىزغا قارىشىپ تۇراتتى. ھەربىي كىشى: «بۇ قىز بالا ئىكەن، يېشىمۇ ئون سەككىز - ئون توققۇزلاردا بولۇشى مۇمكىن، كۆرەشلەرگە بەرداشلىق بېرەرلەرمۇ» دەپ ئويلاپ قالغانىدى، شۇڭا:
— سىز قىز بالا ئىكەنسىز، ئۇرۇشتا قىيىنلىپ قالىسىزغۇ دەيمەن، — دېدى.
رەيھان سەل تېرىكتى ئەتىمالىم، چىرايى تاتاردى ۋە ئۆز تەلىپىنى قويۇپ سۆزلەپ كەتتى:
— ئوغۇللار قىلالىغان ئۇرۇشنى قىزلارمۇ قىلالايدۇ، ئوغۇللار ۋەتىنىم، خەلقىم، ئازادلىق دەپ قولىغا قورال ئالغان يەردە، بىز قىزلار چەتتە قاراپ تۇرايلىمۇ؟
ھەربىي كىشى كۈلۈمسىرەپ قويدى، باشقىلار قىزنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراشتى.
— بولىدۇ سىڭلىم، بىزگە ھەربىي سانىتاركىلار كېرەك، سىزنى شۇ يەرگە ئەۋەتەيلى، قانداق دەيسىز؟
— ياق، — ئېتىراز بىلدۈردى قىز، — قولىمىزغا

قورال ئېلىپ، ئالدىنقى سەپكە بارمىغۇچە بىزنىڭ غەزىپىمىز ھەرگىز بېسىلمايدۇ!

ئوچۇق ئىشىكتىن كالتە خۇرۇم چاپان كىيگەن، چىرايى سۇرلۇك نىزامىدىن كىرىپ كەلدى. ئولتۇرغان ھەربىي كىشى ئورنىدىن تۇردى. نىزامىدىن قوي كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ تۇرغان قىزغا قاراپ:

— ھوي... بىزنىڭ ئوقۇغۇچىمىزغۇ سىز، — دېدى ھەيران قېلىپ.

— نىزامىدىن ئەپەندى...! — رەيھان ھاياجانلىنىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.

— مانا، بىزنىڭ ۋىجدانلىق قىزلىرىمىز بۇ، — دېدى ئۇ رەيھانغا زوقلىنىپ، — قولىڭىزغا قورال ئالغىلى كەپسىز - دە؟

ھەربىي كىشى بىر نېمە دەي دېگۈچە، رەيھان ھاياجانلىنىپ ئالدىراپ سۆزلەپ كەتتى:

— شۇنداق، قورال ئالمىغۇچە غەزىپىمنى باسالمايمەن ئەپەندىم!

— توغرا ئېيتىمسىز سىڭلىم، — دېدى نىزامىدىن ئۇنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ، — قوشۇنىمىز غەلىبە بىلەن غۇلجا شەھىرىگە بېسىپ كىردى. ھازىر خەلقىمىز دېڭىزدەك دولقۇنلىنىپ تەۋرەپ كەتتى. ئىنقىلابىمىز ھەممىمىزنى — ياشلارنى، قېرىلارنى، ئوغۇللارنى، قىزلارنى... ھەربىي سەپكە چاقىرماقتا، ئالدىنقى سەپ بولسۇن، ئارقا سەپ بولسۇن ھەممىسى شەرەپلىك! ئالدىنقى سەپكە بېرىشنى تەلەپ قىلىسىڭىز بېرىڭ سىڭلىم، ئالدىنقى سەپكە بېرىڭ. قىيىنچىلىق بىلەن، مۇشەققەت بىلەن، ئۆلۈم بىلەن ھېسابلاشساق، ئىنقىلابىمىز ئالغا ئىلگىرىلىمەيدۇ. بېرىڭ سىڭلىم، ئالدىنقى سەپتىكى ئۇرۇش، نۇرغۇنلىغان شەپقەت ھەمشىرىلەرگە موھتاج!

نىزامىدىنىنىڭ يالقۇنلۇق سۆزلىرى رەيھاننىمۇ، ھەربىي كىشىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئىلھاملاندۇرۇپ ھاياجانغا سالدى، رەيھاننىڭ «ۋەتىنىم، خەلقىم» دەپ تەپكەن يۈرىكى كۆچلۈك دولقۇنلىنىپ ئۇرۇپ كەتتى، ئارزۇ - تىلەكلىرى قاناتلاندى.

كىشىلەر كۆز قىرىنىمۇ سىلىشقا ئەيمىنىدىغان شتاب ئىچى ئەمدى مىڭلىغان ئىنقىلابچىلار ۋە خەلقلەر بىلەن تولۇپ كەتكەندى. ئەنە ئەنۋەرمۇ يوغان بىر تۇپ دەرەخ تۈۋىدە كىملەر بىلەندۇ پاراڭلىشىپ قوللىرىنى شىلتىپ كۈلمەكتە ئىدى. شۇ چاغدا نادەم ۋارىسجان بىلەن ھېچ كۈتۈلمىگەندە ئۇچرىشىپ قالدى. نادەم ئۇنىڭ قولىغا مىلتىق ئالغانلىقىغا ھەيران قالدى.

— ئىنقىلاب باشلانغاندىن كېيىن، پۈتۈن خەلق تەۋرەپ كەتتى. دادام «مانا ئەمدى قانات قاقىدىغان ۋاقىتىڭلار كەلدى، گومىنداڭغا قارشى ئوق ئات» دېدى. مەنمۇ ئۆيدە تۇرالمىدىم، تۈنۈگۈندىن باشلاپ سىلەرنىڭ سېپىڭلارغا قوشۇلدۇم، — دېدى ۋارىسجان.

ئۇ راستتىنلا تۈنۈگۈن غۇلجا شەھىرى ئازاد بولۇش ئالدىدا قولىغا قورال ئالغانىدى. ئۇنىڭ دادىسى «مالڭ بالام، ئىنقىلابقا قاتناش، بۇ ئىنقىلابتىن بىزمۇ ئۆز ئۈلۈشىمىزنى ئېلىشىمىز كېرەك، بۇنداق توپىلاڭدا كىشىنىڭ بېشىغا ئويلىمىغان يەردىن تاج كىيىلىپ قالىدۇ، ئامەت كېلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، ھېچبولمىغاندا توپىلاڭنىڭ ئىچىدە تۇرغىنىڭ ياخشى» دېدى. شۇ چاغدا ئانىسى ئوغلىغا يىغلاپ ئېسىلىۋالغاندا، ئەختەمباي «ھەي كەم ئەقىل كالتە پەم خوتۇن، قويۇپ بەر، ھازىرچە بېرىپ تۇرسۇن، سەل كېيىن ئۆزۈم بېرىپ ئوق ئاۋازىدىن يىراقراق يەرگە ئەپلەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىمەن» دېگەنىدى.

نادەم قەلبىدە يانغان ئۆچلۈكىنى قوغۇشۇندەك ئېغىر سۆزلەر بىلەن ئىپادە قىلماي تۇرالمىدى:

— گومىنداڭغا قارشى ئاتلىنىپ چىققانغا ئوخشايسەن،

ئەجەب دەپتا، ئەسلىدە دادالڭ گومىنداڭغا قالتىس ئامراق ئىدى۔غۇ؟
— دادام ئامراق بولسا، مەن ئۆچ، — ۋارىسجاننىڭ يوغان كۆزلىرى پارقىرىدى.
— ھەرھالدا داداڭنى نارازى قىلىپ قويما، سېنى بەك ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلغان ئەمەسمىدى.
ۋارىسجاننىڭ سېرىق يۈزى تىترىدى، ئۇنىڭ ئاچچىقى يۈزى۔گە تېپىپ چىققانىدى.
— سېنىڭچە، مېنىڭ گومىنداڭنى يوقىتىشىمغا يول قو۔يۇلمايدىكەن ـ دە، ئويلاپ گەپ قىلمۋاتامسەن يا...
— خەلق دۈشمەنلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن مەيدانغا چىقىش — ئالقىشلاشقا تېگىشلىك زور ئىش، — دېدى نادەم مەنىلىك قىلىپ.
شۇ ئەسنادا رەيھان ھېلىقى تېزىملاش بۆلۈمىدىن چىقىپ تۆۋەنگە چۈشۈپ كەلدى، ئۇنى ئەڭ دەسلەپ ۋارىسجان كۆردى:
— ھوي... رەيھان! رەيھانغۇسىز، قانداق شامال ئۇچۇ۔رۇپ كەلدى سىزنى؟ — دېدى ۋارىسجان.
رەيھان تەمكىن قىياپەتتە تۇرۇپ دېدى:
— ھە، ھەيران قېلىۋاتامسىز؟ قانداق شامال بولاتتى، شامال ئەمەس، ئىنقىلاب بورىنى!
نادەم رەيھاننىڭ بۇ ئورۇنلۇق جاۋابىدىن رازى بولۇپ قىزغا تىكىلىپ قارىدى.
رەيھان نادەمنى تونۇغانىدى ۋە نېمىشقىدۇر يۈزلىرى ھۆپ۔پىدە ئوت ئېلىپ كەتتى.
— نادەم ئەمەسمۇ سىز، تونۇماي قاپتىمەن.
— مەن تونۇدۇم سىزنى، — دېدى نادەم كۈلۈمسىرەپ.
رەيھان ئىللىق كۈلۈمسىرەپ يۈرىكىدىن قوزغالغان ئىس۔سىق تۇيغۇ بىلەن نادەمگە زوقلىنىپ قارىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە

قوزغالغان تۇيغۇ بۇنىڭدىن ئىككى ئاي بۇرۇن قوزغالغان ئەمەسمىدى، شۇ تاپتا بويىنىغا ئاپتومات ئاسقان، يۈزلىرى قارىداپ يېرىلغان، تالاي ئۇرۇشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇ يىگىتكە قىزنىڭ مېھرى قايتىدىنلا يانغانىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا نادەمنىڭ ھېلىقى ساقچى ئەمەلدارىنى بىر مۇشت بىلەن يىقىتقان مەنزىرە كەلدى.

— مەن سىزنى مۇنداق يەردە ئۇچرىتىمەن، دەپ زادىلا ئويلىمىغانىدىم، — دېدى ۋارىسجان رەيھانغا قاراپ. ۋارىسجاننىڭ يۈزلىرىگە سەكرەپ چىققان ھەيرانلىقنى تېخىچە بېسىلمىغانىدى.

— مېنى قورال تۇتالمايدۇ، دەپ ئويلامسىز، قىزلار زۇلۇمغا قارشى ئىنقىلاب قىلالمايدۇ، دەپ قايسى تارىختا ئېيتىلىپتىكەن؟!

— دۈشمەنلەرگە قارشى غەزەپكە كەلگەن ئادەم، مەيلى قىز، مەيلى ئوغۇل بولسۇن، ھەممىسى قولىغا قورال ئالالايدۇ! — دېدى نادەم قەتئىي ھالدا.

— ئاڭلىدىڭىزمۇ، مانا بۇ ھەقىقىي ئىنقىلابچىنىڭ سۆزى، — دېدى قىز چىن دىلى بىلەن نادەمنى قوللاپ.

قىزىرىپ كەتكەن ۋارىسجان ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالدى.

— مانا ئەمدى بىر سەپتە ئىشلەيدىكەنمىز، بۇ ناھايىتى ياخشى بولدى، — دېدى ۋارىسجان خىجىللىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن گەپ يۆتكەپ، خۇددى ئۇ گەپلەرنى ئاڭلىمىغاندەك.

رەيھان ئويناق قوي كۆزلىرى بىلەن نادەمگە قاراپ ـ قويدى. ئۇ نىزامىدىننىڭ بايا ئېيتقان كەسكىن، يالقۇنلۇق سۆزلىرىگە قانداق قايىل بولغان بولسا، نادەمنىڭمۇ ھېلىلا ئېيتقان ھەققانىي سۆزلىرىدىن ئىنتايىن رازى بولغانىدى.

ئۇلارنىڭ يېنىغا كۈلۈمسىرەپ ئەنۋەر كەلدى. نادەم ئاپتوماتنى تۇتقان قولىنى تۆۋەن چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلـ-

دۇردى.

— مانا ۋارىسجانمۇ بىزنىڭ سېپىمىزگە قوشۇلدى، — دېدى ئەنۋەر، — بۇ ئالقىشلايدىغان ئىش، بىزنىڭ سېپىمىز گومىنداڭغا قارشى تېخىمۇ نۇرغۇن ئىنقىلابچىلارغا موھتاج.

ئەنۋەر باياتىن بېرى ئادەم بىلەن ۋارىسجان ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان گەپلەردىن خەۋەردار ئىدى.

— قېنى، يۈر، — دېدى ئەنۋەر ئادەمگە، — ئىشىمىزغا ماڭايلى.

ئۇ كېتىپ بېرىپ مۇنداق دېدى:

— كىمدە كىم بولسۇن، ئۇ گومىنداڭغا قارشى تۇرسىلا، بىز ئۇنى قارشى ئېلىشىمىز، ئالقىشلىشىمىز كېرەك.

— بىزگە قىلمىغان ئەسكىلىكى، كۆرسەتمىگەن كۈنى قالغانمۇ ئەنۋەركا، سىز بىلمىسىزغۇ، تېخى دادىسى سىلەرنىڭ قانات قاقمىغان ۋاقتىڭلار كەلدى، دەپتىمىش.

ئەنۋەر كۈلدى:

— ئۇ ئىنقىلابچى بولمەن دېسە، مانا كەڭرى يول، ئېھتىمال، ئۇلارنىڭمۇ ئىنقىلابقا قاتنىششتا ئۆز مۇددىئاسى باردۇر. لېكىن، ھازىر ئۇنىڭ پەيتى ئەمەس، ھېساب ئالمىغان كۈنلەر ئالدىمىزدا، كەلگۈسىدە قىلمىغان ئىشلارنى ھازىر قىلمىز دېسەك ئىنقىلابىمىز خاتالىققا ئۇچرايدۇ. ئىزامىدىنكامنىڭ سۆزلىرىنى ئۇنتۇپ قالساق تېخىمۇ بولمايدۇ، ئۇ: بىزنىڭ ئىنقىلابىمىز باسقۇچلارغا بۆلۈنۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ، ھەربىر باسقۇچنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى بار، دېگەن ئەمەسمىدى؟

— ئۇغۇ شۇنداق...

ئۇلار ئىككىسى شتاب ئىچىدىكى قايسىدۇر بىر بۆلۈمگە كىرىپ كەتتى.

# ئون سەككىزىنچى باب

## 1

گۈلپەمخاننىڭ قولى ئىشقا بارماس بولۇپ قالغىنىغا ئۇزۇن بولدى. ئوغلى بىر كېچىدە يوقاپ كەتكەندىن كېيىن ئەندىشىسى كۆپىيىپ، ھەر كۈنى قالايمىقان چۈشلەرنى كۆرۈپ چىقاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە، يىراق يەرنىڭ گېپى ھەر ياڭزا دېگەندەك، تارقالغان ھەر خىل گەپلەر ئۇنىڭغا ھېچ ئارام بەرمىدى. ئانا كۈندە كېلىپ تۇرىدىغان ياخشى خەۋەرلەر بىلەن يەنە: «ئۇلاستايدا گومىنداڭچىلار ئىككى پارتىزان بالىنى تۇتۇۋېلىپ، تېرىسىنى تەتۈر سويۇپتۇدەك»، «بىر تۇل خوتۇننىڭ يالغۇز ئوغلى گومىنداڭچىلاردىن ئوننى ئېتىپ بولۇپ، بىرتال ئوقىدا ئۆزىنى ئېتىۋاپتۇ»، «ساقچىنىڭ قارا دەرۋازىسىغا يەتتە ـ سەككىز ئادەمنى قۇلىقىدىن مىخلاپ ئېسىپ قويۇپتۇ»، «چېرىكلەر نۇرغۇن پارتىزانلارنى تۇتۇۋاپتىكەن، ئۇلارنىڭ قېرىلىرىنى شۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلاپ، ياشلىرىنى ماشىنىغا بېسىپ شەھەرگە ئەكىرىپ كېتىپتۇ»... دېگەندەك ئەنسىز خەۋەرلەرنىمۇ ئاڭلاپ تۇراتتى. ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ئۇ مۇنداق دەھشەتلىك بىر چۈش كۆردى: ئۇرۇش ئاياغلاشقان قانلىق مەيدان، قانچىلىغان ئۆلۈكلەر قانغا پېتىپ يېتىپتۇ. بەزىلىرى ئاران ـ ئاران مىدىرلايدۇ، بەزىلىرى قولىنى سوزىدۇ، لېكىن بېشىنى كۆتۈرەلمەيدۇ ۋە بەزىلىرى سۇس ئاۋازدا ئىڭرايدۇ... گۈلپەمخان مۇشۇ مەيداندا قان كې-

چىپ ئوغلىنى ئىزدەپ يۈرگۈدەك. شۇ چاغدا يىراقتىن بىر ئات كۆرۈنۈپتۇ، ئات تىنىماي بېشىنى سىلكىپ، ئاستا - ئاستا ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلگەنمىش، قارىغۇدەك بولسا، كۈمۈش ئېگەر توقۇلغان شۇنداق چىرايلىق ئېگىز تورۇق ئات. قوش باش ئېگەرنىڭ قېشىغا قانغا بويالغان قىلىچ ئېسىقلىق تۇرغان، ئاننىڭ يۈرىكى ئېچىشىپتۇ - دە، ئۆزىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۇرغان ئاتنىڭ بېشىنى سىلاپ، يايلىلىرىنى تاراپتۇ. شۇ چاغدا ئات زۇۋانغا كەپتۇ: «ئەي قورقۇمسىز ئەرلەرنىڭ ئانىسى، سېنىڭ بالاڭ نەچچە يۈز دۈشمەننى مۇشۇ قىلىچ بىلەن چاناپ، ئاخىر ماغدۇرسىزلىنىپ يىقىلدى، مەن سېنى ئىزدەپ كېتىپ باراتتىم، سېنى يىغلىمايدۇ دەپ ئويلىغانىدىم، مۇنداق يىغلىغىنىڭ نېمىسى؟ سېنىڭ ئېرىڭ زالىم بايلار بىلەن ئېلىشىپ ئۆلدى، چوڭ ئوغلۇڭ زالىم ھۆكۈمەتنىڭ قىلمىشلىرىنى پاش قىلىپ ئۆلدى. مۇنداق شەرەپلىك ئۆلۈملەرگە يىغلىساڭ خۇدا سېنى كەچۈرمەيدۇ، خەلقمۇ كەچۈرمەيدۇ. ئال، قىلىچنى ئال! ئۇنى ئەمدى نەۋرەڭ تۇتسۇن...»

گۈلپەمخان ئۇندەرەپ ئويغىنىپ كەتتى. ئىككى - ئۈچ كۈنگىچە ئۆزىنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەي يۈردى. ئاخىر «چۈشكە نېمە كىرمەيدۇ؟» دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ بىر ئاز خاتىرجەملىنىپ قالسىمۇ، لېكىن ئوغلىنىڭ تىرىك - ئۆلۈكى توغرىسىدا خەۋەر ئالالماي بۇرۇقتۇرما بولۇپ يۈردى. پارتىزانلار غۇلجا شەھىرىگە بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، ئاخىرى ئۇ شەھەرگە كىرىپ چىققانلاردىن ئوغلىنىڭ سالامەت ئىكەنلىكىنى ئۇقتى. شۇنىڭدىن كېيىن خۇشاللىقتا بېشى ئاسمانغا يەتكۈدەك بولدى. ئوغلىنى كۆرۈشكە ئالدىراپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى ۋە تۈنۈگۈن تەۋەككۇل قىلىپ نەۋرىسىنى يېتىلەپ شەھەرگە ماڭغانىدى، قولۇم - قوشنىلىرى يولدىن توسۇۋالدى.

— قويسىلا، ئۇرۇش تېخى بولۇۋاتسا، بۇ نېمە

AltunOq

قىلغانلىرى.

— كىچىك بالىنى سوغۇقتا يېتىلەپ ئاۋارە بولمىسىلا، ئەمدى ئۆزىمۇ كېلىپ قالار، شەھەر دېگەن مانىغۇ.

— بىر - ئىككى كۈن قاراپ باقايلى، ئەگەر كەلمىسە، سىلىنى بىز ئەكىرىپ چىقايلى.

ئۇ ئاخىر قولۇم - قوشنىلىرىنىڭ مەسلىھىتىگە كۆندى.

ئۇ بۈگۈنمۇ ئەتىگەنلىك چاي ئىچىپ بولۇپ، قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرماي، ئەتكەنچايىنىڭ شامىسىنى چايناپ، جوزىغا تايىنىپ خىيال بىلەن ئۇزاق ئولتۇردى. ئادىلجان چېيىنى ئىچىپ بولۇپ هويلىدا ئويناۋاتاتتى. كىچىك دېرىزىدىن كۈن نۇرى غۇۋا چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇي ئىچى خېلىلا ئىللىپ قالغانىدى.

«كىشى ئۆز ئۆمرىدە هادىس نۇرغۇن ئىشلارنى كۆرىدىكەن، — دەپ ئويلايتتى ئانا، — بۇ نېمىدېگەن مالامەتچىلىك - هە، ئۆلگەنلەر ئارماندا كەتتى، تىرىك قالغانلار بۇنى كۆرۈۋاتىدۇ. مۇبادا نادىر بالام هايات بولغان بولسا ئۆزىنى ئاتاتتىكەن - دە. مانا، نادەم جېنىدا قولىغا مىلتىق ئاپتۇدەك، تووۋا، بۇ بالا مېنىڭ يالغۇزلۇقۇمنى نېمىشقا ئويلىمىغاندۇ؟...»

گۈلپەمخاننىڭ ئوي - خىياللىرى تېخى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا، هويلىغا ئاتلىق بىر كىشى كىرىپ كەلدى. ئادىلجان ئويناۋاتقان ئويۇننى تاشلاپ ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قارىدى. ئاتلىق كىشى بالىغا كۆلۈمسىرەپ قارىغانىدى، ئۇ بىردىنلا تونۇپ قالدى - دە، كەينىگە قايرىلىپ ئۆيگە قاراپ يىگىلداپ يۈگۈرگىنىچە ۋارقىرىدى:

— ۋاي موما، ئاكام كەيدى... ئاكام كەيدى...

يول بويى: «ئاپام نېمە دەيدىكىن، قانداق قارشى ئالىدىكىن، ئاللا - تووۋا سېلىپ ئۆزىنى يەرگە ئاتارمىكىن» دەپ ئويلاپ كەلگەن نادەم ئاتتىن چۈشۈپ، ئۇنى يازلىق چايخانا

تۇۋرۇكىگە باغلىدى. گۈلپەمخان ئۆيدىن ئالدىراپ چىقىپ كەل-
دى ـ دە، ئوغلىغا قاراپ يۈگۈردى:
— ۋاي جېنىم بالام، بارمۇ سەن؟ سېنىمۇ كۆرىدىغان
كۈن بولىدىكەنغۇ. . .
ئانا يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ئادەمنى باغرىغا باستى، ئۇنىڭ
پېشانىسىدىن سۆيدى، سوغۇقتا يېرىلغان يېرىك يۈزىنى سىلى-
دى. باياتىن تارتىنىپ تۇرغان ئادىلجانمۇ ئاكىسىغا ئوقتەك
ئېتىلدى، ئاكىسى ئۇنى ئىككى قولتۇقىدىن كۆتۈرۈپ ئالدى.
— ئۆيگە كىر بالام، ئۆيگە كىر.
گۈلپەمخاننىڭ ئوغلىنى كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئولتۇ-
رۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدە ياشلار مۆلدۈرلەشكە باشلىدى. ئادەم
ئادىلجاننى كۆتۈرگىنىچە ئۆيگە كىردى ۋە ئۆي ئىچىگە سەپسال-
دى. ئۆيدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق. ئوچاق باشلىرى، تام
چۆرىلىرى سىغىز لاي بىلەن سۇۋالغان، دېرىزىدىكى بىر جۈپ
قاچا گۈل كۆكىرىپ تۇراتتى، بىساتسىز بۇ ئۆي چىنىدەك پاكىز
ۋە ئىللىق ئىدى.
— قانداق ئاپا ئەھۋالىڭ، تېنىڭ تازىمۇ؟
— ياخشى بالام، ئىشقىلىپ ئايىغىمدىن شامال ئۆتۈپ
تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى ئانا ئارانلا.
ئادەمگە قىشلىق كىيىم سىڭىشقان: ئۇ تاشلانمىغان ئۇزۇن
ئاق جۇۋا كىيىپ، بېلىنى تاسما بەلۋاغ بىلەن مەھكەم باغلىغان،
پۇتىدىكى بوز پىيمىنىڭ قونجىنى قايرىۋالغان، ئاق قۇلاقچىسىد-
نى ئولڭ قېشىغا سەل سىڭايان قىلىپ كىيىۋالغان.
ئادىلجان تامغا تىكلەپ قويۇلغان مىلتىقنى تۇتۇپ كۆرۈپ،
ئاكىسىغا سوئال ياغدۇرۇشقا باشلىدى:
— ئاكا، بۇ نېمە؟
— بۇ مىلتىق، مىلتىقنى بىلەمسەن؟
— نېمە قىلىسەن ئۇنى؟

— دۈشمەنلەرنى ئاتىمەن.
— مەنمۇ ئاتايمۇ؟
— سەنمۇ ئاتىسەن.
— ئەكە ئاتىمەن.
— سەن چوڭ بولغاندا ئاتىسەن.
— ياق، ھازىر ئاتىمەن.
نادەم قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.
— چوڭ بولغاندا چوقۇم ئاتىسەن.
ئاكىسىنى كۆرۈپ يايراپ كەتكەن ئادىلجاننىڭ كەينى - كەينىدىن بېرىۋاتقان سوئاللىرى پات - پات ئۆزگىرىپ تۇراتتى:
— ئاكا سېنىڭ ئېتىڭ چاپامدۇ؟
— چاپىدۇ.
— زىكىيالارنىڭ ئالا موزىيى تازا چاپىدۇ.
ئادىلجاننىڭ كىچىككىنە كۆزلىرىنى ئوينىتىپ كەينى - كەينىدىن بېرىۋاتقان سوئاللىرى كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى. نادەمنىڭ ئىنىسىغا زوقى كېلىپ ئۇنى ئەركىلىتىپ سۆيدى.
باياتىن بېرى ئىككىسىنىڭ گەپلىرىگە زوقلىنىپ ئولتۇرغان ئانا ئەمدى گەپ باشلىدى:
— توۋا بالام، بۇ نېمە قىلغىنىڭ، مېنى تىرىك ئۆلسۇن دېدىڭمۇ؟ — دېدى يىغلامسىراپ.
نادەم ئانىسىنىڭ سېغىنىش ۋە مېھىر - مۇھەببەت بىلەن نەملەنگەن كۆزىگە باللىق ئەركىلەش بىلەن تەلمۈردى - دە، ئانىسىنىڭ قاتمال قوللىرىنى تۇتتى ۋە كۈلۈمسىرىدى:
— خاپا بولما ئاپا! — دېدى ۋە جۇۋىسىنى يەشتى، — مېنىڭ تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىشىم ساڭا ئېغىر بىلىنگەندۇ، ساڭا دەپ قويۇشقا ئۈلگۈرەلمىدىم. كۆرۈۋاتىسەن، باشقىلارمۇ كۆپچىلىكنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن قولىغا قورال ئېلىۋاتىد-

غۇ، مەن قاراپ تۇرسام بولامدۇ، مەنمۇ ئوغۇل بالىمەن دەپ
بېلىمنى باغلاپ يۈرۈپتىمەنغۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ، ئاپا؟

گۈلپەمخان مۇرا ئوچاقنىڭ كۆللىرىنى تازىلاپ قۇم چۆگۈن-
نى چوغقا قويدى.

— ھېچبولمىسا ماڭا دەپ قويۇپ كەتسەڭ بولامدۇ، بالا
دېگەن ئاتا - ئانىنىڭ ئاغزىغا قارايدىغانغۇ، سەن كەتكەندىن
كېيىن مېنىڭ قانچىلىك سەكپارە بولۇپ كەتكىنىمنى بىلەمە-
سەن، «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك ھېلىقى ھارام-
تاماق دەيۈزلەرنىڭ قىلىپ كەتكىنىچۇ تېخى.

— ئۇ ۋاقىتتا شۇنداق تۈيغۇزماي قېچىشقا توغرا كەلدى،
كەتمىسەم شەھەرگە ئەكىرىپ سولاپ قوياتتى.

— ۋاھ، نېمىشقا سولايدىكەن سېنى، سەن ئۇلارنىڭ
ئارپىسىنى خام ئورغانمىدىڭ؟

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ئاپا، رەيھانگۈلگە بولۇشۇپ
ھۆكۈمەت ئەمەلدارىنى ئۇردۇم، — دېدى نادەم ئۆتكەن ئىشلار-
نى ئانىسىغا بىرمۇ بىر چۈشەندۈرۈپ، — ئەنۋەر ئەپەندىنىڭ
چاقىرىقى بىلەن بىر خۇپىيانە تەشكىلات قۇردۇق، ئاخىر نىلقىغا
بېرىپ ئىنقىلابچىلارغا قوشۇلدۇق، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى يو-
قىتىپ، ئېزىلىۋاتقان ئەمگەكچىلەرنى ئازاد قىلىشقا جېنىمىزنى
تىكىپ قولىمىزغا قورال ئالدۇق! بوزەك بولۇۋېرەتتۇقمۇ ئاپا،
ئاكام ئۈچۈن قىساس ئالىدىغان چاغ مۇشۇ ئەمەسمۇ؟

مانا ئەمدى ئانىنىڭ چىرايى باشقىچىرەك تۈس ئالدى،
يۈزلىرى تاتىرىپ، لەۋلىرى تىترەشكە باشلىدى، يۈرىكى سىقى-
لىپ دەم ئالالمايۋاتقان ئادەمدەك، كېكىرتىكىگە ئۆتكۈر ۋە ئە-
لەملىك ئاغرىق تىقىلغاندەك بولدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا خىيال-
چان مۇئەللىم ئوغلى نادىر كەلگەندى!

ئەنە ئۇنىڭ ئوغلى، قاراڭغۇ كېچىلەردە ئانىسىغا مۇڭداش
بولۇپ، چوڭقۇر خىيال بىلەن قاپاق تۇرۇپ ئولتۇرماقتا...

ئەنە ئۇنىڭ ئوغلى، ئاپىسىنىڭ كۆڭلىنى تاغدەك ئۆستۈرۈپ، بىزنىڭمۇ قەد كۆتۈرىدىغان كۈنىمىز پات يېقىندا كېلىدۇ، ئاپا! دېمەكتە. . .

ئەنە ئۇنىڭ ئوغلى. . . ئەمدى ئۇنىڭ ئوغلى يوق ئىدى، غۇيۇلداپ ئۆتكەن يىللار ئانىغا قىرودەك ئاپئاق چاچلارنى چوڭقۇر قورۇقلارنى، مۇڭ - قايغۇلارنى سوۋغا قىلىپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ كۆيۈمجان تاغ يۈرەك ئوغلىنى بىللە ئېلىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەمدى يېنىپ كەلمەيتتى.

ئانا مانتىدا ئولتۇرۇپ خۇددى ئېسەدىگەن ئادەمدەك بىردىنلا يىغلىۋەتتى.

— ئون گۈلىنىڭ بىر گۈلى ئېچىلمىغان بالام!. . .

ئانا قاتتىق ئۆكسۈشكە باشلىدى، ئۇنىڭ پىلدىرلاپ قالغان كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىرى مۇنچاقتەك تىزىلىپ چىقىپ، قويۇق قورۇق بېسىپ كەتكەن يۈز ۋە ئېڭەكلىرىنى بويلاپ تېمىشقا باشلىدى. ئانىنىڭ قەلبىدە نادىر ئۈچۈن نەچچە يىللار چوغ بولۇپ يانغان، ئەمما مۇنۇ نادەم چوڭ بولغاندا ئۆچۈشكە باشلىغان بىر پارچە ئوت ھازىر مانا باشقىچىلا لاۋۇلداپ يېنىشقا باشلىدى. ئانىنىڭ ئەلەملىك يىغىسىغا قاراپ نادەمنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلدى. لېكىن، ئۇ غەيرەت قىلىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ۋە ئانىسىغا تەسەللى بېرىشكە، كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە باشلىدى:

— قوي ئاپا، سەۋر قىل، ئاكام ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەشكەنىدى، مانا ئۇ ئويلىغاندەك زامان كېلىۋاتىدۇ، ئەمدى ھەممىمىز خۇشال بولىمىز.

نادىرنىڭ ئىزىنى بېسىپ قالغان ئادىلجان كىچىككىنە كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ ھەيرانلىق بىلەن بىر ئاكىسىغا، بىر مومىسىغا قاراپ - قوياتتى. ئانا بېشىدىكى ئاقىرىپ - ئۆڭۈپ كەتكەن ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز ياشلىرىنى ئېرتتى، ئۆزىنى بىرقۇر ئوڭشىدى، ئۇنىڭ دىلىدىكى دەرد - ئەلەملەر باياتىن

بىرى ئاقفان ياشلىرى بىلەن چىقىپ كەتكەندەك، گويا يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر تاغ ئاغدۇرۇلۇپ تاشلانغاندەك ئۆزىنى خېلى يېنىك سەزدى، ئۇ چوڭقۇر ئۇھ تارتتى.

— بوۋىتۇ بالام، — دېدى ئانا بىردىنلا غەيرەتلىنىپ، — سەن ئېيتقاندەك، مەندىن سورىدىڭ نېمە، سورىمىدىڭ نېمە، ھەق يولغا ماڭغان بالامسەن، ئەر يۈرەك جەڭچى بول، قولۇڭدىن ملتىقنى تاشلىما، ئاكاڭنىڭ ئىنتىقامىنى ئال، زالىملارنى شەپقەت قىلماي يوقات! سېنى بىرىنچى خۇداغا، ئىككىنچى كۆپچىلىككە تاپشۇردۇم، — ئانىنىڭ تۇرۇلگەن قاپاقلىرى، يىمىرىلگەن لەۋلىرى ئاستا - ئاستا ئورنىغا كەلدى. ئانىسىنىڭ شۇنچىلىك غەيرەتلىك سۆزلىرىدىن نادەمنىڭ يۈرەك - باغرى دولقۇنلاندى. چىرايى ئېچىلىپ، لېۋىگە تەبەسسۇم يۈگۈردى.

چاي قاينىدى، ئادىلجان قوشنىلاردىن ئەكىرگەن قايماقلىق سۈت بىلەن گۈلپەمخان ئۈرۈكتەك ساپسېرىق ئەتكەنچاي ئەتتى. ئانا - بالا دەرقەمتە ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشكە باشلىدى. ئانىمۇ، بالىمۇ بىرنەچچە ئايدىن بېرى مۇنداق مەززىلىك ئەتكەنچاي ئىچىشمىگەنىدى. ئۇنىڭغىچە نادەمنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان قولۇم - قوشنىلار ئۆيگە كەينى - كەينىدىن كىرىپ كېلىشتى.

نادەم ئورنىدىن تۇرۇپ ھەممىسىگە ھۆرمەت بىلدۈردى:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، تىنچلىقمۇ نادەم بالام، مانا قاراڭلار، يوغانلا يىگىت بولۇپ كەتكىنىنى بۇنىڭ، ئاتا بالىسى - دە، ئاتا بالىسى، — دېدى قاسىم بوۋاي زوقلىنىپ قاراپ.

— پاھ... پاھ... ئەسكەرلىك تازىمۇ يارىشىپتۇ بۇنىڭغا، چىرايى سەل قارىداپ قالغان بىلەن، بويىمۇ ئۆسۈپ سەمىرىپلا قالغانمۇ نېمە، — دېدى ئۆيگە كىرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ چوڭى جانارخان موماي.

— ئاكىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىدۇ - دە، ئەمدى مىلتىق-

نى مەھكەم تۇتۇۋېلىشنىڭ بىلىمى، ئۇ مېنى مەنىدە تۇتقىلار بالىلىرىم، — دېدى يەنە بىر بوۋاي، — ياخاللا، نىمىلەرنى كۆرمىدۇق!

ئۆيگە نادەمنىڭ تەڭتۇش دوستلىرىمۇ دۇكۇرشۇپ كىرىپ كېلىشتى.

ئۇزۇندىن بۇيان مۇڭلۇق، شاۋقۇن سۇرەنسىز بولۇپ كەل-گەن بۇ ئۆي بۇگۈن ئىلھامبەخش، ئۇمىدلىك تىلەكلەرگە باي سۆزلەر، خۇشال كۈلكىلەر، شادلىق تەنتەنىلىرىگە تولۇپ كەت-تى. گۈلپەمخانىمۇ ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ قالدى.

نادەم ئۆيگە كىرگۈچىلەرگە پارتىزانلارنىڭ نىلقىدىن شە-ھەرگىچە بولغان سەپەرلىرى، قىزىق ـ قىزىق جەڭلەر توغرىسى-دا سۆزلەپ بەردى. قېرىلار ياشلارنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكى ئۈچۈن دۇئا قىلىشتى، ياشلار بولسا ئازادلىق جەڭچىلىرى سې-پىگە تېزرەك قوشۇلۇشقا تەقەززا ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى. ئۆيگە چوڭ ئۈمىد بىلەن كەلگەن نادەم ئوخشاشلا چوڭقۇر ۋەدە بىلەن ئۆيدىن چىقتى.

نادەم مەھەللىسىدىن چىقىپ بىر قىزغا ئۇچرىدى، قىز ئەختەمباينىڭ بېدىلىك بېغىنىڭ غورۇلانغان ئىشىكىگە يۆلىنىپ تۇراتتى. ئۇ پوكۋاي ياغلىق بىلەن تۇمشۇقىنى ئورىۋالغان، تىزىغا كېلىدىغان نىمكەش مەخمەل چاپان كىيگەن بولۇپ، نا-دەمنىڭ يولىنى توراپ تۇراتتى.

— نادەم! — دېدى قىز ئاتىنىڭ ئالدىنى توراپ، — مېنى ئېتىڭغا مىنگەشتۈرۈۋالغىنە!

— نەگە بارىسىز؟ سىز ھۆرلىقاغۇ؟

— ھەئە، مەن ھۆرلىقا، تونۇغان بولساڭ مىنگەشتۈرۈ ـ ۋال، — دېدى قىز ئاتىنىڭ ئۈزەڭگىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

— نەگە بارماقچىسىز؟

— سىلەر بارغان يەرگە! — دېدى قىز نادەمگە تىك قاراپ تۇرۇپ، — ئېيتقىنا، ئەنۋەر ئەپەندى سالامەتمۇ؟

— سالامەت.

هۆرلىقا شۇنداق جاۋابنى كۈتكەنىدى، كۈتكەن جاۋابى ئېيتىلدى! ئۇنىڭ يۈرەك - باغرى دولقۇنلىنىپ ئوتلۇق ھېسسىيات ئىچىدە نادەمنىڭ تۇرقىغا سەپسالدى: «ئېغى يېقىندىلا باي قورۇسىدىكى بۇ مالاي بالا، مانا ئەمدى تازا ياراشقان ھەربىي كىيىم ئىچىدە بەردەم يىگىتكە ئايلىنىپتۇ، مۇرىسىدىكى بەشئاتار مىلتىق گەۋدىسىگە نېمىدېگەن سىڭىشكەن! ئەنۋەر ئەپەندى شۇ تاپتا قانداق بولۇپ كەتكەندۇ؟ ئۇ مۇشۇلارنى باشلاپ كەتكەن، تايىنلىق، ھازىر ئۇ كوماندىر، ئۇنىڭ ئۇچىسىدا نادەمنىڭكىدەك ئۇزۇن جۇۋا ئەمەس، ياقىلىرىغا، پەشلىرىگە جىيەك تۇتۇلغان كالتە جۇۋا، بېلىدە تاپانچا، مىنگەن ئېتى تۇم قارا، پېشانىسىدە قاشقىسى باردۇر، نادەمدەك نەچچە يۈزلىگەن ئەسكەرلەر ئۇنىڭ ئالدىدا تاق تۇرىدىغاندۇ. ھېلىقى كېچىسى ئۇ ‹مەن سىزنى ئۆلسەممۇ ئۇنتۇمايمەن›، دېگەنىدى، ئەپەندى دېگەن يالغان ئېيتمايدۇ، راست ئۇنتۇمىغاندۇ...» قىز ئويلىغانسېرى يۈرەك ئۇرۇشى ئىتتىكلەپ، يېقىملىق تۇيغۇلارغا چۆمۈلۈشكە باشلىدى، كۆرۈش تەشنالىقى كۈچىيىپ، كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇردى. شۇ تاپتا ئەگەر قانىتى بولغان بولسا ئۇچقان بولاتتى، ئاستىدا نادەمنىڭكىدەك ئېتى بولسا چاپقان بولاتتى. بىراق، ئامال قانچە، ھازىرمۇ نادەم ئېتىغا مىنگەشتۈرۈۋالسا، ئەنۋەر ئەپەندى تۇرغان يەرگە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يېتىپ بارالايدىغۇ؟

— ئەكە ئېتىڭنى، غورۇغا يېقىنراق كەل، — دېدى ھۆرلىقا ئالدىراپ.

— ئاۋارە بولۇپ قالىسىز.

— ئاۋارىچىلىكتىن سەن قورقساڭ مەن قورقمايمەن.

— ئېتىم شاش، مىنگەشتۈرمەيدۇ!

— ئۇنداق بولسا يول بولسۇن، پىيادە كېتىۋېرىمەن.

نادەم قىزغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى - دە، ئېتىنى

دىۋىتتى. ئات قۇيرۇق تەرىپىدە قار قۇيۇن پەيدا قىلىپ، ئاق داستىخاندەك كۆرۈنىدىغان چەكسىز ئىپتىزلار ئارىسىدا يۇگۇرۇپ كەتتى. نادەم ئات ئۇستىدە كىتىۋىتىپ: «كۆڭۈل دىگەن ـ ھە، قارا مۇنۇ باي قىزى قەھرىتان دىمەي ئەنۋەر مۇئەللىمنى ئىزدەپ مىڭىپتۇ» دەپ ئويلىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ خىيالى رەيھانغا يۆتكەلدى، قىزنىڭ كۇلۇپ تۇرىدىغان كۆزلىرى نادەمگە ھامان ھەۋەس، ھۆرمەت ۋە نۇمۇسچانلىق بىلەن تىكىلەتتى. . .

## 2

ئال قولۇڭغا قىزىل تۇغنى،
بەرمە دۇشمەنگە ھىچ ئۇنى.
دۇشمەن سوزسا بىزگە قولىنى،
يانجىپ تاشلايمىز بىز ئۇنى!
...

جەڭچىلەر ياتاقتا بۇ ناخشىنى خور قىلىپ ئېيتقاچ ھەر خىل مەشغۇلاتلار بىلەن بولۇۋاتاتتى. نادەم كىرىپ كەلگەندە ئۇلار خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئورىۋالدى.

— قانداق بولدى، — دىدى ئىسھاق قارا كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ، — ئاپاڭ غوۋغا كۆتۈرۈپ ئۆيىنى بېشىغا كىيدىمۇ؟

— ياق، بىز ئويلىغاندەك بولمىدى، — دىدى نادەم مىلتىقىنى تامغا يۆلەپ قويۇپ، — ئاپام مىنى كۆرۈپ دەسلەپ قاتتىق يىغلىدى، كىيىن بوپتۇ بالام، ئەسكەر بول، ئاكاڭنىڭ، داداڭنىڭ ئىنتىقامىنى ئال، دىدى. بىراق، ئىز ـ دىرەكسىز يوقلىپ كەتكىنىمگە بەك خاپا بولدى، ئاخىر قولۇم ـ قوشنىلار بىلەن خۇشال ئۇزىتىپ قويدى.

— ياخشى بوپتۇ، — دېدى ئىسهاق، — ئانىلار شۇنداق بولىدۇ، بالىنىڭ سۆزىگىمۇ ئەڭ دەسلەپ ئانا كىرىدۇ، جاھالەتنىڭ ئانىسىدەك غوۋغا كۆتۈرسە تەس بولاتتى - دە.

ئۇ خۇددى كۆڭلى كۆرگەن ئادەمدەك سۆزلەپ كەتتى.

بەداشقاننى قۇرۇۋېلىپ تازا بېرىلىپ ئاپتومات تازىلاۋاتقان باتىرغازىمۇ گەپ قىستۇردى:

— بايقۇش ئانىلار باغرىنى يېرىپ چىققان بالىغا چىدامدۇ، ئۆلارنىڭ يېشى كىرىپكىدىلا تەييار تۇرىدۇ، چۈشەنمەسلىكتىن شۇنداق قىلىدۇ، چۈشەنگەندىن كېيىن بەربىر رازى بولىدۇ.

— سىلەرغۇ ئاناڭلارنى كۆرۈپ كېلىپ خاتىرجەم بولدۇڭلار، — دېدى ئاراش نادەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، — مېنىڭ ئانام نېمە دەۋاتىدىكىن، تىرىكمىدۇ، ئۆلگەنمىدۇ، تاغلاردا يىرتقۇچ هايۋانلارغا يەم بولۇپ كەتتىمىكىن، دەپ ئويلاۋاتىدىغاندۇ، مېنىڭ بۇ يەرلەردە يۈرۈشۈم، بەلكى ئانامنىڭ چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغاندۇ، — ئۇ ئويلىنىپ تۇرۇپ قېلىپ مەيۈس ئاھاڭدا دېدى، — بىچارە ئانامنىڭ دەردى تاغلاردىنمۇ چوڭ - دە.

— بورتالانى ئازاد قىلىپ، ئاناڭنى چوقۇم خۇشال قىلىمىز، — دېدى باتىرغازى.

— سېنى مۇشۇ هالەتتە كۆرگەندە ئۇكا، ئاناڭ ئوغۇل تۇغۇپ چوڭ قىلغىنىغا قالتىس رازى بولۇپ كېتىدۇ - دە، — دېدى پىلىموتچى كېۋىر قولىنى لاتا بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، — نادەمنى كۆرۈپ گۈلپەمخىندەمدەك بېشى ئاسمانغا يەتكەندۇ.

— ئۇنى بىر دېمە.

كىۋىر شۇ سۆزلەرنى قىلدى - دە، ئۆز يۇرتى كۆز ئالدىغا كېلىپ نېمىلەرنىدۇ ئويلاپ، كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن ئاراشقا يەنە گەپ باشلىدى:

— ئاراش، ئاپاڭ مۇشۇنداق خۇشاللىق كۈنلەردە سۈيۈن

بولسىچۇ كاشكى، دەپ ئويلايدۇ ـ دە.
— ئۇغۇ تۇرغانلا گەپ، — دېدى ئاراش ئادەتتىكى قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، — لېكىن مەن بورتالانى ئازاد قىلىش جېڭىگە چوقۇم قاتنىشىشىم كېرەك، ئانام بىلەن شۇنداق غەلە-بىلىك كۈنلەردە كۆرۈشسەم، بۇ كۆرۈشۈش ئەلۋەتتە ئۇنتۇلغۇ-سىز خۇشاللىق بولىدۇ.
كىۈىر يەنە جىمىپ كەتتى.
— كىۈىركا، قالتىس خىيال سۈرۈپ كەتتىڭغۇ؟ — دېدى نادەم ھەيران بولۇپ.
— ھەي. . . ئۇكا، خىيال سۈرمەي قانداق قىلاي، سى-لەرغۇ ئانىلىرىڭلارنى كۆرۈپ كەلدىڭلار، گايىتمۇ خوتۇن ـ باللىرىنى كۆرۈپ كەلدى، مەنچۇ. . . مەن. . .
ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالمىدى، غۇربەتچىلىكتە يالغۇز تىكەندەك ئۆتكەن ئۆمرى ھەممىسىگە بولۇپمۇ ئۆز يۇرتلۇقلىرىغا ئايان ئىدى.
— نېمە غەم قىلىسەن، — دېدى نادەم ئۇنىڭغا ئېچىنغان قىياپەتتە قاراپ، — ئۆز يۇرتۇڭ بار، ئۆز خەلقىڭ بار، ھەر چىرايلىق كۈنلەر تېخى ئالدىمىزدا.
ئىسھاق چاقچاق قىلىپراق دېدى:
— غۇلجا تولۇق ئازاد بولغاندىن كېيىن يەڭگىمىزمۇ بولىدۇ، ئۆيۈڭدە مېھمان بولارمىز تېخى!
— مۇشۇنداق كىشىنىڭ يىغانى ئۆرلىگەن چاغلاردا، يې-رىم جىڭ بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە! — دېدى باتىرغا-زى كېۋىرنىڭ يۈزىدە پەيدا بولغان ئېچىنىش ـ ئەلەم ئۇچقۇنلى-رىنى يوقاتماقچى بولۇپ.
— پاھ، ئۇ چاغدا كېۋىركام يايراپ كېتەتتى ـ دە.
— ياق، ئۇنداق ئىشلاردىن ھازىر يىراقلاپ كەتتۇق، — دېدى كېۋىر كۈلۈمسىرەپ.

— ھېلى كوماندىر بەرسىغۇ ياق دېمەمسەن؟
— باش ساقچىنى ئالغان كۈنى ئايىغىمغا نەچچە بوتۇلكا پۇتلىشىپ يۇردى، قىيا كۆزۈمنى سالمىدىم جۇمۇ ئۇكا. هاراق خۇمارى، ئايال خۇمارى ھەممىسى تۇگىدى، هازىر بىرلا خۇمارىم بار، ئۇ بولسىمۇ دۇشمەنلەرنى قويماي يوقىتىش خۇمارى.
ئۇنىڭ چىن دىلىدىن چىققان چاقچاق ئارىلاش گەپلىرى كۆپچىلىكنى كۈلدۇرۇۋەتتى.
ئۇزۇنىسىغا كەتكەن بۇ ياتاقتا نۇرغۇن جەڭچىلەر قىستىلىشىپ ياتاتتى. پارتىزان شەكلىدىن ئاستا – ئاستا مۇنتىزىم قىسىملارغا ئايلىنىۋاتقان بۇ جەڭچىلەر شۇ تاپتا ھەر خىل ئىشلار بىلەن مەشغۇل ئىدى. يېڭىدىن پىدائىي بولۇپ سەپكە كىرگەنلەر قورال ئىشلىتىش، مىلتىق، پىلىموتلارنى چۇۋۇپ قايتىدىن قۇراشتۇرۇش قاتارلىقلارنى مەشىق قىلىۋاتاتتى. كونا جەڭچىلەر كۆڭۈل قويۇپ ئۇلارغا ئۆگىتەتتى. يېڭىلار بولسا بىرىلىپ ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشقا تىرىشاتتى. كونا جەڭچىلەرنىڭ بەزىلىرى كىيىم – كېچەكلىرىنىڭ يىرتىلغان جايلىرىنى ياماۋاتاتتى ۋە بەزىلىرى جۇۋىلىرىنى يېپىنىۋېلىپ شۇنچە ۋاڭ – چۇڭغا پىسەنت قىلماي ئۇخلاۋاتاتتى.
جەڭچىلەرنىڭ ياتىقىغا رەيھان بىلەن ۋارىسجان كىرىپ كەلدى:
— مانا كەپسىزغۇ، — دېدى رەيھان كۈلۈمسىرەپ، ئۇ نادەمنىڭ يېنىغا كەلدى، — ئەنۋەركام باياتىن بېرى سىزنى نەچچە سورىدى، قانداق، ئاپىڭىز تىنچلىقمىكەن؟
— سالامەت تۇرۇپتۇ، سىزگە سالام ئېيتتى.
— ۋىيەي... — دەۋەتتى رەيھان ئەندىكىپ قولاقلىرىغىچە قىزىرىپ، — يا ئاپىڭىز مېنى تونۇمسا...
باتىرغازى چاقچاق قىلدى:
— سىزنى تونۇشتۇرۇپ بولدى – دە، بۇ.

— ھەئە، تونۇشتۇرۇپ بولدۇم، بىزنىڭ بىر شەپقەت ھەمشىرىمىز بار، جەڭچىلەرگە ناھايىتى كۆيۈنىدۇ، ئېتى رەيھانگۈل دېدىم. قانداق، تونۇشتۇرۇشۇم جايىدا بوپتىمۇ؟

— دېگەنلىرىڭ راستلا بولسا، جايىدا، توغرا گەپ قىلىپسەن، — دېدى باتىرغازى.

— بىزنىمۇ تونۇشتۇرماي، يالغۇز رەيھاننىلا تونۇشتۇرغىنىڭ تازا جايىدا بولماپتۇ، — دېدى يەنە بىرى.

— شۇنىڭ ئۈچۈن گۇلپەمخىنىدەم رەيھانگۈلگىلا سالام ئېيتتى - دە، — دېدى كېۋىرمۇ كۈلۈمسىرەپ.

شۇ تاپتا ئولتۇرغانلار ئارىسىدىكى ئۈچ ئادەمدە ئۈچ خىل ھېسسىيات قوزغالدى. رەيھان قىزىرىپ كەتتى، ئۇ ئۆز كۆڭلىدە خېلىدىن بېرى تەكرارلىنىپ كېلىۋاتقان ئويلىرىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئېيتىلغانلىقىغا، بولۇپمۇ نادەمنىڭ «ئاپام سىزگە سالام ئېيتتى» دېگەنلىكىگە قىزاردى. مەيلى قىزارسىمۇ ئۇ مۇنداق سۆزلەرنىڭ يەنە داۋاملىشىشىنى تىلەيتتى ۋە نادەمگە ئېيتالماي يۈرگەن گەپلىرىنى باشقىلارنىڭ دەۋەتكەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ، يۈرەكلىرى تېز - تېز ئۇرۇپ قىزىرىپ كېتىپ باراتتى. نادەم قىزىرىپ كەتتى، ئۇ: «ئاپام سىزگە سالام ئېيتتى» دېگەن گەپنى تۇيۇقسىز، مەقسەتسىزلا، ئادەت بويىچىلا ئېيتقانىدى. بۇنىڭ بىلەن قىزنىڭ ئەندىكىپ، قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كېتىشىنى ۋە باشقىلارنىڭ شۇنىڭغا يۆلەپ مۇنداق چاقچاق قىلىشلىرىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇ «نېمىشقا مۇنداق سۆزلەرنى دېگەندىمەن» دەپ نومۇس قىلىپ قىزىرىپ كەتتى. ۋارىسجانچۇ؟ ئۇمۇ قىزىرىپ كەتتى، ئۇ بولۇۋاتقان بۇ گەپلەرنىڭ يۈرىكىگە زىختەك سانجىلىۋاتقانلىقىدىن تېرىكىپ، غەزەپلىنىپ قىزىرىپ كەتتى. تەبىئىيكى، مۇنداق سۆزلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن دۈشمەنىنىڭ بومبىسىدىنمۇ دەھشەتلىك ئىدى. قايسى كۈنى ئۇمۇ رەيھانغا: «ئاپام سىزگە ئالاھىدە سالام ئېيتتى» دېگەن، شۇ چاغدا رەيھان

بۈگۈنكىدەك قىزارمىغان، باشقىلارمۇ بۈگۈنكىدەك مۇنداق مەنىلىك چاقچاقلارنى قىلىشمىغان... خەپ، بۈگۈن بۇلار مۇنۇ گاداي پۈشتىغا نېماقچە يان بېسىپ سۆزلەپ كەتتىكىن؟

رەيھاننىڭ قىزىرىشى، ئادەمگە ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ قارىشى ۋارىسجاندا گۇمانلا ئەمەس، ئۆز نۆۋىتىدە غەزەپ ھېسلىرىنى قوزغىدى، لېكىن ئۇ غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇپ كۈلۈمسىرىدى:

— ئەل - يۇرت ئامانمىكەن، سىزنىڭ ئۆيگە يولۇقمىغاندسەن؟ — دېدى ئۇ گەپنى باشقا ياققا يۆتكەپ.

— ئەل - يۇرت ئامان ئىكەن، ئۆيۈڭگە يولۇقالمىدىم، چۈنكى ۋاقىت تۇشۇپ قالدى.

رەيھان بىلەن ۋارىسجانمۇ يېڭىدىن تارقىتىپ بېرىلگەن قىشلىق كىيىملەرنى كىيىشكەنىدى. رەيھاننىڭ ئۈچىسىدا قايرىم ياقىلىق ئۇزۇن ئاق جوۋا، پۇتىدا بوز پىيما، بېشىدا ئاق قولاقچا بار ئىدى. ئۇ چېچىنى تۈرۈپ ئىچىگە تىقىۋالغانىدى. رەيھاننىڭ كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلىدىغان قوي كۆزلىرى بىلەن ئادەمگە قاراپ ئوچۇق چىراي بىلەن بېقىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېلى بولۇپ ئۆتكەن سۆزلەر ۋارىسجانغا ھار كېلىپ يۈرىكىگە زىختەك سانجىلغانىدى.

دېمىسىمۇ، ئادەم بىردەم يوقاپ كېتىدىغان بولسا قىز سەككىپارە بولۇپ ئۇنى ئىزدەپ كېتەتتى، كىرمىگەن بۆلۈم، ياتاقلىرى قالمايتتى. تاماق يېگەن چاغدىمۇ دائىم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىۋالاتتى. تېخى قايسى كۈنى ئادەمنىڭ قول ياغلىقىنى ئۇنىمىسىمۇ قولىدىن تارتىۋېلىپ يۇيۇپ بەردى. ئۆيدىن ئەكەلگەن ئاپئاق مايلىق توقاچلىرىنى «ياق» دېسىمۇ ئۇنىماي ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ كېتىشلىرىچۇ... ۋارىسجانغىچۇ؟ ئۇنداق قىلمايتتى، ئۇنىڭدىن قېچىپ يۈرەتتى. بايا ۋارىسجان: ئۆيگە بىللە چىقىپ كېتەيلى، ئاپام سىزنى سوراپ كېتىپ بارىدۇ، سىزنى مۇشۇ

تۇرقىڭىزدا كۆرۈشنى بەك ئارزۇ قىلمۇاتىدۇ، دېسە، قىز ئۇنىمىدى، رەيھان ئۇچۇن ۋارىسجان ئارتۇقچە ۋە زېرىككىشلىك ئادەم بولۇپ قالدى. بۇنى ۋارىسجان سېزەتتى، ئەلۋەتتە. لېكىن، ئۇ بۇنى هار ئالىسىمۇ چىدايتتى، ئۇنىڭ ئۇچۇن رەيھانسىز ياشاش چولڭ هالاكەت، رەيھاننى كۆرمىگەن مىنۇتلار ئازابلىق ئىدى. رەيھان نادەمگە قانچىلىك سەكپارە بولسا، ۋارىسجانمۇ رەيھانغا ئۇنىڭدىن بەتتەر سەكپارە ئىدى. . .

— ئىزدەپ كەتكەن بولسا، — دېدى نادەم، — مەن ئەنۋەر ئەپەندىگە يولۇقاي، ئۆزۈممۇ سەل كېچىكىپ قالدىم.

— قېنى يۇرۇڭ، كەلگەن بولسا مېنى چاقىرىپ چىقىڭ دېگەنىدى، — دېدى قىز ئورنىدىن ئاستا قوزغىلىۋاتقان نادەمنىڭ يېڭىدىن تارتىپ يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ.

رەيھان بىلەن نادەم بىللە چىقىپ كەتتى.

ۋارىسجان تۇرغان ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنى تىترىدى، بۇرۇنقى ئۆچمەنلىكىگە مانا ئەمدى كۈنچىلىكنىڭ ئوتلىرى كېلىپ قوشۇلدى. ئۇنىڭ چىرايى بىردەم قىزىرىپ، بىردەم تاتىرىپ، كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلغاندەك بولۇپ، سەنتۇرۇلۇپ كېتىشكە ئاز قالدى. ئۇ قەدەملىرىنى ئاستا بېسىپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى ـ دە، ئويغا كەتتى: «هە، ئەمدى بىلدىم، رەيھاننى مۇشۇ تېگى پەس ئايلاندۇرۇپ يۇرۇپتۇ ـ دە، بولمىسا دېمىشقا ئۇنىڭ ئالدىدا ئويناقلاپ، كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ كېتىدۇ، نېمىشقا ماڭا ئۇنداق خۇلق كۆرسەتمەيدۇ، مەن گەپ قىلسام تورولڭ ـ تورولڭ تېگىدۇ؟ قارا بۇنى، مېنىڭ بەختىمگە چاڭگال سېلىۋاتقان سەن ئىكەنسەن ـ دە، گادای، «تۇزۇڭنى يەپ، تۇزلۇقۇڭغا تۈكۈرەي» دېگەن مۇشۇكەن ـ دە، سىرىنى ئەمدى بىلدىم. توختاپ تۇر نادەم، مەن سېنى ئەپلىمىگىنىمنى كۆر ئەمدى. . .» ئۇ ئۆزۈن قىلىپ تاماكا ئوراپ تۈتاشتۇردى —

دە، ئەلەم بىلەن ئاچچىق ئىسنى ئىچىگە تارتتى، قويۇق ئىس ئىغىز - بۇرنىدىن پۇرقىراپ چىقتى. ئۇ ئاللىقانداق چوڭقۇر خىياللار دېڭىزىغا غەرق بولغانمۇ بولاتتى، يىراق باتىرغازىنىڭ يوغان ئاۋازى ئۇنى چۆچۈتىۋەتتى:

— ھاي... ھاي... خالايىقلار، يۇڭ پۇراپ كەتتى، يۇڭ، قايسىڭ كۆيدۈرۈشتۈڭ؟!

ھەممىسى ئۆزىنىڭ يانلىرىغا قاراشتى، ۋارىسجاننىڭ يېنىدىن سۇس ئىس كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى.

— ھوي ۋارىس، قولاقچاڭغا قارا، تاماكاڭنىڭ ئوتى چۈشتىمۇ نېمە؟ — دېدى ئىسھاق.

— ئۆزۈڭ كۆيۈپ كەتسەڭمۇ، — دېدى كېۋىر چاقچاق بىلەن، — تۇيمايدىغان ئوخشىمامسەن، نېمانچىلا خىيال سۈرۈپ كەتتىڭ بەڭگىنىڭ خىيالىدەك.

— ماۋۇ كاساپەتچىلىكنى قارىمامدىغان... — دەپ غودۇڭشىدى قىزىرىپ كەتكەن ۋارىسجان.

— جەڭچى دېگەنمۇ شۇنداق بولامدۇ، تازىمۇ بىغەم نېمە - كەنسەنا، — دېدى باتىرغازى.

ۋارىسجان شۇ چاغدا ئۆزىگە كېلىپ، قولاقچىسىنى قولغا ئالدى - دە، تاماكا ئوتى چۈشكەن يەرنى باشمالتىقى بىلەن بېسىپ ئۆۋىلىدى. تېخى تونۇگۇنلا تارقىتىپ بەرگەن يېڭى ئاق قولاقچىسىنىڭ ئوڭ چېكىسىگە تاماكا ئوتى چۈشۈپ، تۇگمىچىلىك ئورنى كۆيۈپ، ئەتراپى سارغىيىپ كەتكەنىدى.

مىلتىقىنى چۈۋۈپ لاتا بىلەن سۈرتۈپ تازىلاۋاتقان ئاراش زاڭلىق ئارىلاش مۇنداق دېدى:

— قولاقچاڭغا ئەن سېلىۋالدىڭ - دە، مۇبادا يىتۈپ كەتسەڭ ئەمدى ئاسانلا تېپىۋالىدىغان بولدۇق، سېنى.

— سەھراغا چىقىپ، بىزنىڭ قولاقچىمىزنىڭ پۇرىمىسى مۇشۇنداق دەپ يۇرمە يەنە گەخمەق.

ھەممىسى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

جەڭچىلەرنىڭ ياتىقىدىن خىلى ئۇزۇنغىچە كۈلكە ـ چاقچاق ئاۋازى بېسىلمىدى.

## 3

قوزغىلاڭچىلار شەھەرگە بېسىپ كىرگەندىن كېيىن قۇرۇلغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ۋە قوماندانلىق شتابىنىڭ خىزمىتى جىددىيلەشتى. مۇشۇ جىددىي خىزمەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىچىدە، نادىم ئەختەمباينى خادىك بىلەن شەھەرگە ئەكىرگەندە كۆرگەن، باي بىلەن ئېرىق ياقىسىدا ئۇزاق پاراڭلاشقان ھېلىقى يوغان سەللىلىك چاساقال كىشىمۇ، باينىڭ بېغىغا مەشرەپ ئويناشقا چىقىدىغان شەھەرلىك بىرنەچچە بايلارمۇ بار ئىدى. نادىم بىلەتتى: ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا نەچچە ئونلىغان مالايلار، چاڭگۇڭلار، يىللىقچىلار بار، شۇ مالايلارنىڭ كۆرگەن كۈنى، تارتقان ئازابلىرى نادەمنىڭ، جامالىدىننىڭ، گايىتنىڭ كۆرگەن ئېغىر كۈنلىرىدىن قېلىشمايتتى. نادەم ئەختەمبايغا قانداق غەزەپلەنسە، نەپرەتلەنسە، شۇ خوجايىنلارغىمۇ شۇنداق غەزەپلەنگەن، نەپرەتلەنگەن. ئەجەبكى، ئۇلار بۈگۈن قوزغىلاڭچىلار قۇرغان ھۆكۈمەت ئىچىدە پايپېتەك بولۇشۇپ خىزمەت قىلىۋاتىدۇ، بۇ نېمە بولغىنى؟ ئۇ مۇنداق بولار دەپ ئويلىمىغان. قايسى كۈنى ئۇ نەق مۇشۇ مەسىلىنى ئەنۋەر ئەپەندىدىن سورىغاندا، ئەنۋەر ئەپەندى نىزامىدىننىڭ بىر گېپىنى ئېيتتى. نىزامىدىن مۇنداق دەپتۇ: «ئۇنداق ئادەملەر بىزنىڭ ئىنقىلابىمىزنى قوللىسا، بىز ئۇلارنى چەتكە قاقمايمىز. ئۇلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرسەك، گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشىمىز تېزرەك، ئوڭۇشلۇقراق بولىدۇ، بۇ، ئەخمەتجان قاسىمى بىزنى دائىم ئەقىللىقراق، زېرەكرەك بولۇشقا ئۈندەپ ئېيتىپ كېلىۋاتقان سۆز.

شۇنىڭغا قارىماي يەنە بەزى خاتالىقلارمۇ يۈز بېرىۋاتىدۇ، ھەقىقىي ئىنقىلابچى خاتالىقلارنى تۈزىتىشكە جۈرئەتلىك بولىدۇ.» نادەم مۇنداق سۆزلەرگە قايىل بولاتتى.

نادەم ئاشۇ ئوي ـ خىياللار بىلەن شتاب ئالدىغا كەلگەندە ئەختەمباي بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئەختەمباي شتاب ئىچىدىن ئۆگىسىلى ئۆچكەن ھالدا چىقىۋاتاتتى. باينىڭ چىرايىنىڭ تاتىرىپ كېتىشىمۇ سەۋەبسىز ئەمەس: ئۇ ھېلىلا بېشىغا كەمچەت تۇمىقىنى، ئۇچىسىغا مۇۋۇتتىن تىكىلگەن ئىسكەتلىك پەرىجىسىنى كىيىپ، نىزامىدىنىنىڭ ئالدىغا كىرگەنىدى. ئۇ نىزامىدىن بىلەن ئۇياقتىن ـ بۇياقتىن پاراڭ قىلىشىپ، ئۆزىنىڭ يالغۇز ئوغلىنىڭ قولىغا قورال ئېلىپ، قان كېچىپ ئالدىنقى سەپتە ئىشلەۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى ۋە بۇ يەرگە كېلىشتىكى ئاساسىي مەقسىتىنى ئېيتتى:

— بىزنىڭ ۋارىسجانىنىڭ خەت ـ ساۋاتى تولۇق، گىمنازىيىدە ئوقۇپ يېتىشكەن، ئۆزى كاتتا ھۆسنىخەتچى، شتابتا ئىشلەشكە تازا لايىق ئىدى. . .

نىزامىدىن شۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، باينىڭ بېشىدىن تارتىپ ـ تاپىنىغىچە بىرقۇر قاراپ چىقتى. قاپىقى بىردىنلا تۈرۈلۈپ، چىرايى سۇرلۇك تۈس ئالدى:

— بىز كىمنى قانداق ئىشقا قويۇشنى سىزنىڭ تەكلىپىڭىز بولمىسىمۇ ھەل قىلالايمىز باي ئاكا، بىزگە ھازىر ھۆسنىخەتچىلەردىن كۆرە ئۆلۈم بىلەن ھېسابلاشمايدىغانلار بەكرەك زۆرۈر. قىسقىسى، بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلاشماڭ!

ئەختەمباي شۇ سۆزلەر بىلەن ئولتۇرغان ئورنىدا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى ۋە: «بىزنىڭ ئىشىمىز دېگىنىنى، بىزدەك بايلارسىز دۇنيادا قايسى ئىش ۋۇجۇدقا چىقىپتىكەن؟» دەپ ئويلىدى ـ دە، ياندى.

باي چىرايىغا زورىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ نادەمگە يېقىنلاپ

كەلدى:

— بەللى نادەممۇ سەن؟ مانا، مانا، ئاتا بالىسى - دە، ئاتا بالىسى، ئەھۋالىڭ ياخشىمۇ بالام؟

ئۇ كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئىككى قولىنى ئۇزاتتى.

— شۈكرى، — دېدى نادەم باينىڭ يۇمشاق قوللىرىنى تۇتجى. قېتىم تۇتۇپ كۆرۈشۈپ.

— پاھ - پاھ، ھەربىرىلىك نىيەمدىگەن ياراشقان سىلەرگە - ھە، — دېدى باي زوقلانغان قىياپەت بىلەن، — ئاپاڭ سېنى كۆرۈپ بېشى ئاسمانغا يەتكەندۇ، رەھمەتلىك بىز- نىڭ ناسىرئاخۇن شۇ تۇرقۇڭنى كۆرگەن بولسىدى - ھە! — باينىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى.

نادەم بايغا ئۇچۇق چىراي ئاچماي قاراپ: «ھە، ئەمدى سېنىڭ ناسىرئاخۇنۇڭ بولۇپ قاپتۇ - دە» دەپ ئويلىدى ۋە ئۇنىڭغا ئۈچلۈكى قوزغىلىپ، پۈتۈن ئەزايى - بەدىنى تىكەنلە- شىپ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچرىدى، لېكىن ئۇ غەزىپىنى تەسلىكتە بېسىپ تۇردى.

— بىزنىڭ ۋارىسجانلار بىلەن بىللە ئوخشايسىلەرغۇ، مانا نىيەمدىگەن ياخشى ئىش بۇ، كىچىككىنىلاردىن تارتىپ بىر ناننى تەڭ تالىشىپ يەپ، بىر ئىشتاننى تەڭ كىيىشىپ دېگۈدەك چوڭ بولدۇڭلار، ھازىر بولسا بىر سەپتە تۇرۇپ جەڭ قىلىۋاتىسىلەر، بۇ نېمىدېگەن ياخشى. ياتاقلىرىڭلار، تاماقلىرىڭلارمۇ بىر ئوخ- شايدىغۇ؟

— شۇنداق.

نادەمنىڭ كۆز ئالدىغا ۋارىسجان چوڭ بولغان ئاستى - ئۈستى تاختايلىق ھەشەمەتلىك ئۆيلەر، ئۆزىنىڭ باي قورۇسىدا ئۆتكەن ھاياتى، ھېلىقى زەي، قاراڭغۇ گۈندىخانىسى، ۋارىسجان- نىڭ ئېسىل كىيىم - كېچەكلىرى، ئۆزىنىڭ كەچ كۈزدە بەر- گىدىن چۇشكەن يوپۇرماقتەك سارغىيىپ يېلىڭ كىيىملەر بىلەن

شۇمشەرەپ يۇرگەن چاغلىرى كېلىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۈچلۈكى تېخىمۇ قوزغىلىپ كەتتى:

— ئەمدى غەيرەت قىلىڭلار بالىلىرىم، — دېدى باي چىرايىنى سەل ئۆزگەرتىپ، — گومىنداڭ دېگەننى تاكى يىلـ تىزىدىن قومۇرۇۋەتمىگۈچە ھەرگىز توختىماڭلار، ئۇ كاساپەتـ لەر بىزگە نېمە كۈنلەرنى سالمىغان، ئۇلارنىڭ تېرىسىنى تەتۈر سويساقمۇ ئازلىق قىلىدۇ.

نادەم ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى ـ دە: «ساڭا نېمە كۈنلەرنى سالغان بولغىيدى، بالاڭغا بولۇشۇپ ھۆكۈمەت ئەمەلدارىنى ئۇـ رۇپ قويغىنىمغا دېمىگەن ـ ئەتمىگىنىڭ قالمىغان، ئەمدى زۇلۇم تارتقان بولۇۋالغانلىقىنى قارىمامدىغان» دەپ ئويلىدى.

— ئاپـاڭنىڭ يـالغۇزلـۇقىنى ئويلىما بالام، غەيرەت قىل، — دېدى باي يەنە، — ئاپاڭغا مەن ئىگە، مەن ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىمەن، ئۇرۇق ـ تۇغقاندەك بولۇپ كەتكەنـ دۇق، ئۇرۇشقا قاتنىشىشۇەر. «يەرگە بىر نۆۋەت، ئەرگە بىر نۆۋەت» دېگەن مۇشۇ، ئەمدى نۆۋەت بىزنىڭ.

نادەم: «ئاپامغا قانچىلىك قارىغانلىرىنى بىلىمەن، نېمە كۈن كۆرسەتكەنلىرىنىمۇ بىلىمەن، ئەمدى بىز سىلەرگە موھتاج ئەمەس، تەقدىرىمىز ئۆز قولىمىزدا» دېمەكچىدى، لېكىن ئەنـ ۋەر ئەپەندىنىڭ گېپى يادىغا يەتتى ـ دە، مەنىلىك قىلىپ:

— خەلق دۈشمەنلىرىنى تولۇق تۈگەتمىگۈچە مىلتىقنى يەرگە قويمايمىز ـ دە، ئەمدى! — دېدى.

— يارايسەن بالام، ھەر ۋاق نامىزىمدا سىلەرگە دۇئا قىلىمەن! — دېدى باي.

ئۇ خۇددى ئابرۇيلۇق ئادەم بىلەن خوشلاشقاندەك، ئۇنىڭ بىلەن ئېگىلىپ تۇرۇپ خوشلاشتى.

ئەختەمباي يول بويى غودۇڭشىپ كېتىپ باراتتى: «چىراـ يىنىمۇ ئاچمايدا ھارىمى يا تۈزۈكرەك سالام ـ سائەتى يوق،

ھېلىقى شتاب ئىچىدىكى قاپىقى يامان بىلەن نېمىدېگەن ئوخشاي-
دۇ بۇ شۇمتەكىنىڭ سۆزى! ۋۇي... قارا كۆڭۈل، ھەممىسى
ئوخشاش بۇ ياڭاقتۆشلەرنىڭ، دادىسىمۇ شۇنداق قارا كۆڭۈل
ئەمەسمىدى، ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق - دە، —
باينىڭ غودۇڭشىغانسېرى قېنى قىزىپ، كۆڭلىگە ئاللىنېمىلەر
كېلىپ، شالاڭ سارغۇچ بۇرۇتلىرى تىترەشكە باشلىدى، —
ئالدىمدا چوڭ بولغان، ياخشىلىقىمنى كۆپ كۆرگەن ئەمەسمىدى
بۇ نائىنساپ ئەسكى، ھايۋان بالىسىنى باقساڭ ئاغزى - بۇرنۇڭ-
نى ماي ئېتەر، ئادەم بالىسىنى باقساڭ ئاغزى - بۇرنۇڭنى قان
ئېتەر، دېگەنلەر بىكار ئېيتمىغان - دە، بىكار ئېيتمىغان.
تېخى تېگى بار گەپلەرنى قىلمۇۋاتىدۇ، توختاپ تۇر، مەن - مەن
دېگەن داداڭنى ئەپلىگەن ئادەممەن، سەن نېمىدىڭ ئۇنىڭ ئالدى-
دا. ۋاقتى كەلگەندە بېشىمغا سەن چوڭ بالا بولىدىغان ئوخشى-
مامسەن، ئورۇس يېرىدە بولغان ئىشلارنى ئۇنتۇماسلىق كې-
رەك... خۇپىيانە قىلغان ئىشلىرىمنى پۇختىلىمىسام بولمىغۇ-
دەك...»

## 4

ئېغىر ياتقۇ مەزگىلى، پۈتۈن يېزا جىمجىتلىق دېڭىزىغا
چۆمگەن، ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايتتى.

ياسىداق ئىچكىرىكى ئۆيدە ئەختەمباينىڭ بىلىگە ئىككى
مامۇق تەكىيە قويۇپ، تامغا يۆلەنگىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇر-
غىنىغا ئۈچ سائەتتەك بولدى. ئۇنىڭ كىشىلەرگە دېگىلى بولماي-
دىغان خىياللارغا چىرمىلىپ قالغىنىغا بىرنەچچە كۈن بولغان
بولسىمۇ، بۈگۈن چۈشتە ئوغلى ۋارىسجان بىر كېچە قونۇپ
كېلىشكە رۇخسەت ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، خىياللىرى تېخى-
مۇ چېچىلىپ، بېشى ساڭگىلاپ كەم سۆزلۈك بولۇپ قالدى.

ئەختەمباينىڭ بۇ ھالىتىگە ھۆرنىساخان تاقەت قىلىپ تۇ-
رالماي تېرىكىپ بوغۇلدى ھەم ئېرىگە ۋايساپ كەتتى:
— نېمانداق بىر قىسما بولۇپ قالدىلا، ئوغۇللىرىنىڭ
كەلگىنى يامان بوپتىمۇ، ئاپلاپ - يىللاپ كەلمىسە بولاتتىمۇ
يا؟ نەدىكى بىرنېمىلەر كەلسە گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ،
ھېلىمۇ جېنىم بالام جېنىنى قولىغا ئېلىپ يۈرۈۋاتىدىغۇ!
ئەختەمباي خوتۇنىنىڭ چېچىلىپ، ئاچچىق بىلەن ئېيتقان
سۆزلىرىگە پەرۋامۇ قىلماي:
— ھىم... ئېشىكنى ئەت، — دېدى - دە، ھويلىغا
چىقىپ كەتتى ۋە ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، بېشىنى ساڭ-
گىلىتىپ ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى.
ھۆرنىساخان كەكلىكتەك يورغىلاپ يۈرۈپ، ئوغلىغا غىزا
ئېتىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئوغلىنىڭ ئاسماندىن چۈشكەندەكلا
كىرىپ كېلىشى ئۇنى ئېيتقۇسىز خۇشال قىلمۇەتكەن ۋە ئاغزى
قۇلىقىغا يەتكەنىدى:
— قاراپ تۇرامسەن، گۆرۈچنى يۇمامسەن، ھېلىقىنىڭغا
ئېيت، ئوتۇن كەسلەپ بەرسۇن.
كەچقۇرۇنلۇقى سۇر گۆش بېسىلغان پولۇ يېيىلگەندىن كې-
يىن، ئەختەمباي خىيال سۈرۈپ بىردەم ئولتۇردى - دە، خۇد-
دى ماغدۇرسىزلانغان ئادەمدەك ئورنىدىن قوپتى:
— ماڭا بىردەم ئاراملىق بېرىڭلار، بېشىم ئاغرىپ كېتىپ
بارىدۇ، — دەپ پەقەت مېھمانلار باشلىنىدىغان نېرىقى ساراي
ئۆيگە كىرىپ كەتتى.
باينىڭ چىگىش كىرىپ كەتكەن خىياللىرى خۇددى يۆگە-
مەچتەك ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى - بەدىنىنى ئورىۋالغان. ئۇ نېمانـ-
چىلا خىيال سۈرىدۇ، ئۇنىڭ خىياللىرىنىڭ چېكى بارمۇ زادى؟
ھە، چېكى بار، باينىڭ خىياللىرىنىڭ تۇگۇنى نادەمنى
كۆزدىن يوقىتىشنىڭ چارىسىنى ئىزدەش ئىدى. بۇنىڭغا سەۋەب

بولۇۋاتقان ئىككى ئىش بار: بىرى، نىزامىدىننىڭ باينى شتاب ئىچىدە كۆزگە ئىلماي مىلكىۋەتكىنى؛ يەنە بىرى، نادەمنىڭ بايا ئۇچۇق چىراي ئاچماي «دۇشمەننى تولۇق تۇگەتمىگۇچە مىلتىقنى يەرگە قويمايمەن» دېگىنى، شۇنىڭ ئۇچۇن ئەختەمباي كەلگۇسى كۈنلەرنى تازا ئاستىن ئويلاپ، يوچۇقلارنى ئېتىشنىڭ كويىدا ئىدى. چۈنكى، ناسىر ئاخۇننى ھۆكۈمەتكە چاقۇ قىلىپ ئۆلتۈر-گۈزۈۋەتتى، نادىر ئەپەندىنىڭ تۇرمىدە ئۆلۈپ كېتىشىدىمۇ ئۇ-نىڭ قولى بار، بۆلارنى ئويلىغاندا، ئەمدىلىكتە ئۆزىنى قويىدى-غان يەر تاپالماي قالاتتى. بۇ ئەنزىلەرنىڭ دەۋاگىرى — نادەم باينىڭ كۆزىگە تىكەندەك سانجىلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ بۇرۇنقى نادەم ئەمەس، شۇڭا ئۇنى ئۇجۇقتۇرماي بولامدۇ؟ بىراق ھازىر ئۇنى دادىسى بىلەن ئاكىسىغا ئوخشاش جىمىقتۇرۇۋېتىش ئۇنداق ئا-سان ئەمەس، ئۇنىڭ قولىدا مىلتىقى بار، قوراللىق يۆلەكچىلە-رى بار. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئەپلىك چارىسىنى تېپىش كېرەك ئىدى. باينىڭ شۇنچىلىك خىيال دېگىنىغا غەرق بولۇپ، ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ كېتىپ بارغانلىقى — نادەمنى ئۇجۇقتۇرۇش ئىشىنى ئۆز ئوغلى ۋارىسجانغا تاپشۇرۇش كېرەكمۇ، يوق؟ دېگەن بىر ئىش ئىدى.

ئەختەمباي ئۇنداق ئويلاپ، بۇنداق ئويلاپ ئاخىرى بۇ سىر-نى خۇددى نادەمگە ئوخشاش مىلتىق تۇتۇپ يۈرگەن ئوغلى ۋارىس-جانغا ئېيتىشنى مۇۋاپىق تاپتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئوغلى قايتىشتىن بۇرۇن ئەختەمباي ئۇنى ھېلىقى ئۆيگە چاقىرىۋالدى. بالا ئاتىسىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئول-تۇراتتى. ئەختەمباي ئۆز مەقسىتىنى بالىسىغا قايسى يول بىلەن ئۇقتۇرۇشنىڭ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ بىر پەس سۆز-سىز تۇرۇپ قالدى.

ئۇ شۇ ھالەتتە خېلى ئۇزاق ئولتۇرغاندىن كېيىن، لەۋلى-رىنى يالاپ قويۇپ مۇنداق دېدى:

— ساڭا ئېيتمىدىغان بىر سۆزۈم بار بالام، سەن مېنىڭ پۇشتۇمدىن تامغان بىردىنبىر ئوغلۇمسەن، ئەلۋەتتە، مېنىڭ سۆزۈمنى يەردە قويمايدۇ دەپ ئويلايمەن. بىز سېنى ئەلنىڭ بالىلىرى كىيمىگەننى كىيدۇرۇپ، يېمىگەننى يېگۈزۈپ ئەتىۋار-لاپ چوڭ قىلدۇق، قاتارغا قوشتۇق، مانا ئەمدى تەپسە تاغنى ئۆرۈۋەتكۈدەك پالۋان بولۇپ يېتىشتىڭ. ئاتا ـ ئانا دېگەن بالى-نىڭ ئالدىدا شۇنداق ئۇلۇغكى، ئەگەر بالا ئاتا ـ ئانىنى ھاپاش قىلىپ ھەرەمگە ئۈچ قېتىم ئاپىرىپ كەلسىمۇ، ئۇنىڭ قەرزى تۈگىمەيدۇ، دېمەك سېنىڭ بىزنىڭ ئالدىمىزدا شۇنداق بالىلىق قەرزىڭ بار. ئەگەر سەن مېنىڭ دېگەنلىرىمنى ئادا قىلالىساڭ، ئاشۇ بالىلىق قەرزىڭ تۈگەپ، ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا مەن سېنىڭ-دىن رازى بولىمەن. يەلكەمنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر تاغمۇ غۇلاپ چۈشىدۇ، بالام.

ئەختەمباي سۆزىنى توختىتىپ، بالىسىغا تەلمۈرگەن قىيا-پەتتە قارىدى. ۋارىسجان دادىسىنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلى-قىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، نېمىلەرنىدۇ ئويلاپ ئولتۇراتتى. باي سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ھازىر بىزنىڭ ئائىلىمىز كۈندىن ـ كۈنگە گۈللىنىۋا-تىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ گۈللىنىشىنى ئىستەيمىز، ئەل-ۋەتتە. ھەممىمىز دەرقەمتە بولۇپ، باشقىلارنىڭ تېخىمۇ مەسلى-كى كەلگۈدەك ئۆمۈر ئۆتكۈزۈش ئارزۇيىمىز بار. ئەمما بالام، بىزنىڭ مۇشۇنداق گۈلدەك ئۆتۈۋاتقان ئۆمرىمىزگە قەست قىل-غان ئادەملەر بولغان، بىزنى خاراب قىلماقچى بولغان ئادەملەر ئۆتكەن.

ۋارىسجان مانا ئەمدى دادىسىغا سەل ھەيران بولغان قىياپەت-تە قارىدى. ئەختەمباي ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىنىڭ بالىسىغا ئۆتۈ-ۋاتقانلىقىنى ۋە ئۆز سۆزىگە قىزىقىۋاتقانلىقىنى سىنچى كۆزلىرى بىلەن سېزىپ چىراي بىرئاز ئېچىلدى:

— ئۇ ئادەملەر باشقىلار ئەمەس بالام، ئۇلار نادەمنىڭ دادىسى ناسىر دېگەن نىيەتى يامان، پەيلى بۇزۇق. ئۇ مەھەللىدىكى يالاڭتۆشلەرنى كەينىگە سېلىپ، بىزنىڭ يەرلىرىمىزنى، مال - مۈلكىمىزنى بۇلىۋالماقچى بولغان، شۇڭلاشقا بىز ئۇنىڭ جېنىنى ئالغانىدۇق. ئىككىنچىسى ئۇنىڭ ئوغلى، يەنى نادەمنىڭ ئاكىسى نادىر ئاتلىق كالتە قۇيرۇق. ئۇ كىشىلەرنى قۇترىتىپ يۇرت چوڭلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى، جۈملىدىن بىزنى يوقاتماقچى بولغان، شۇڭا ئۇنىمۇ بىز ئۆز ۋاقتىدا كۆزدىن يوقاتتۇق. لېكىن، سەن بۇ مۇتەھەملەرنىڭ قىلمىشلىرىنى بىلمەيسەن، ئۇ چاغدا كىچىك ئىدىڭ، بىلىپ قوي ئەمدى.

ئويلىنىپ ئولتۇرغان ۋارىسجاننىڭ نادەمگە بولغان ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ قوزغىلىپ دادىسىغا قارىدى.

— مانا ھازىر بولسا، ئاجايىپ ئىشلار بولۇۋاتىدۇ بالام، — دېدى باي سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ھېلىقى نىزامىدىن دېگەن تەلەتى سۇرۇن، كېلەڭسىزنىڭ گەپلىرى گۇسەلا، مۇنۇ نادەم دېگەن نائىنساپ ماڭا تۈزۈك چىراي ئاچمايدۇ، ئۆچلۈك قىلىپ يۈرىدۇ. ئەھۋالغا قارىغاندا، ئالدىمىزدا تېخى نۇرغۇن ئىشلار بولىدىغان ئوخشايدۇ. پەخەس بولمىساق بولمىغۇدەك. كۆڭلەردىن كۆڭلەر كېلىپ، بۇ سىرلار ئاشكارا بولۇپ قالسا بالام، ئۇلارنىڭ پاختىكى ئوڭدا ئۇچىدۇ، ئورۇس يېرىدە مۇنداق ئىشلار كۆپ بولغان، بىز خاراب بولىمىز، بۇ گۈللەنگەن ئائىلىمىز ۋەيران بولۇپ كەتسە، بۇنىڭغا چىداپ تۇرغىلى بولامدۇ، ئۇ چاغدا پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالمايلى يەنە. ئەنە شۇ چاغدا يۇقىرىقى ئىككى ئىشنىڭ دەۋاگىرى نادەم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا ئېيتماقچى بولغان سۆزۈم بالام، مۇشۇ قالايمىقان ئۇرۇش، ئالتوپىلاڭچىلىق ۋاقتىدا نادەمنى كۆزدىن يوقىتىشنى ئاتلىق سۇپىتىم بىلەن ساڭا تاپشۇرىمەن. ئەگەر بۇ ئىشنى ئادا قىلالىساڭ، مېنى ھەرەمگە ھاپاش

قىلىپ ئاپارغاندىمۇ ئوشۇق خىزمەت قىلغان بولىسەن.

ئەختەمباي سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، بالىسىنىڭ قاداق جاۋاب قايتۇرۇشىنى كۈتۈپ، چېقىر كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تەلمۈرۈپ ئولتۇردى. بىراق، دادىسىنىڭ ناھايىتى تەسلىكتە تاپشۇرغان ۋەزىپىسى ۋارىسجان ئۈچۈن ھېچقانداق يېڭىلىق ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇ ھەيرانمۇ بولمىدى، قورقۇپ - تىترەپمۇ كەتمىدى، ئەختەمباي ئويلىغاندەك غەيرىي ھال يۈز بەرمىدى. چۈنكى، ۋارىسجان بۇنىڭسىزمۇ ئادەمنى يوقىتىشنىڭ قەستىدە يۈرەتتى.

— قانداق بالام، — دېدى ئەختەمباي بىر قىسما بولغان ھالدا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، — قورقۇۋاتامسەن يا؟

— ياق دادا، دېگەنلىرىڭنى چوقۇم ئورۇندايمەن! — دېدى ۋارىسجان قەتئىي ھالدا.

— ھەببەللى! — دېدى ئەختەمباي خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭ سارغۇچ بۇرۇتى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، — ئوغۇل سەن - ئوغۇل، ئوغۇل دېگەن مانا مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك.

باياتىن بېرى يۈزىنى ئەنسىرەش، قورقۇش بەلگىلىرى قاپلاپ كەتكەن باينىڭ كۆڭلى تىندى. بالىسىغا رازى بولۇپ، بۇرۇتلىرىنى ئىككى بارمىقى بىلەن سىلاپ - سىلاپ قويدى.

— ماقۇل دادا، ئەمىسە مەن قايتاي، — دېدى ۋارىسجان ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىپ.

— خوپ بالام، ئەمما ساڭا شۇنى ئېيتىپ قويايكى، بۇ سىرنى بىز ئىككىمىز بىلىمىز، بىر خۇدا بىلىدۇ، ئىنسانغا تىنغۇچى بولما، ئاپاڭغىمۇ بۇ خۇسۇستا ھەرگىز ئېغىز ئاچقۇچى بولما، — دېدى باي قايتا - قايتا تاپىلاپ.

ۋارىسجان دادىسىنى خاتىرجەم قىلىپ:

— مەن سېنىڭ سىزغان سىزىقىڭدىن ھەرگىز چىقمايمەن دادا، بۇ قېتىم تاپشۇرۇقۇڭنى ئورۇنداپ كېلىمەن، — دېدى.

— باركاللا ئوغلۇم!

ئۇ بىرىنچىدىن ئۆزىنى رازى قىلىش، ئىككىنچىدىن دادىسىنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئادەمنى كۆزدىن يوقىتىشقا قەتئىي بەل باغلىدى.

گۈلپەمخان تۆۋەنكى مەھەللىدىن ئۆيىگە قايتىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ ئەختەمباينىڭ يېشىل سىرلانغان ھەيۋەتلىك دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ھويلا ئىچىدە بىرنەچچە ئادەمنىڭ پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. دەرۋازىنىڭ قاناتلىرى يېپىقلىق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كىملىكىنى بىلەلمەي، غەزەپلىك ھېسسىياتلار ئىچىدە ئادىلجاننى يېتىلەپ دەرۋازىدىن ئۆتۈپ كەتتى. قىرىق - ئەللىك ماڭغاندىلا دەرۋازا ئېچىلىپ، ئالدىدا ئېتىنى يېتىلەپ ۋارىسجان چىقىپ كەلدى، ئۇنىڭ كەينىدىن ئەختەمباي، مەنسۇر يۈزبېگى، قەمىردىن ئەللىكبېشى، ھۆرنىساخان ۋە باشقىلار چىقىشتى. قەمىردىن قولتۇقىدىن يۆلەش بىلەن ۋارىسجان ئېتىغا مىندى. ھۆرنىساخان كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ، توغاچ، تاتلىق تۇرۇملەر بىلەن تولغان ئاق خالتىنى ئوغلىغا ئۇزاتتى.

— خوش بالام، سالامەت بول!

— ئىشلىرىڭغا پۇختا بول بالام، — دېدى ئەختەمباي.

— خەير - خوش، ئاق يول بولسۇن! — دېيىشتى باشقىلارمۇ تەرەپ - تەرەپتىن.

گۈلپەمخان ئۇلارغا ئالىيىپ قاراپ قويدى - دە، قوشۇمىسىنى تۈرگەن پېتى يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى - بەدىنى تىكەنلىشىپ، يۈزىدە بىردىنلا غەزەپ - نەپرەت ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى.

# ئون توققۇزىنچى باب

## 1

قوراللىق قوشۇننىڭ بىر قىسمى ئىلى ـ ئۈرۈمچى تاشيولى بويلاپ شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئۇلار دۈشمەن ئىگىلەپ ياتقان ئورۇنلارنى تېزدىن ئىشغال قىلىپ يۈز كىلومېتىردەك ئىلگىرىلىدى. لېكىن يېڭىدىن قۇرۇلغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ۋە قوماندانلىق شتابىنىڭ يېنىدىلا ـــ شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىدا تۇرغان ھەرەمباغ تېخىچە ئېلىنمىغان، گومىنداڭ قىسىملىرى ئۇ يەردە جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى. مانا بۇ ئىش ھەممە ئادەمگە ئەلەم قىلمۇاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئازادلىق» تەشكىلاتىنىڭ ئىچىدە ئىنقىلابنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى نىشانى توغرىسىدىمۇ بەزى ئېغىشلار يوق ئەمەس ئىدى. مانا مۇشۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئېچىلدى. ھاۋا رەڭ چوڭ زالنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرىگە بېغىررەڭ دۇخاۋا پەردىلەر تارتىلغان، ئىشىكتىن تارتىپ يىغىن مۇنبىرىگىچە ئىران نۇسخىلىق قىپقىزىل چوغدەك گىلەملەر سېلىنغانىدى، بۇلۇڭدىكى قاڭالتىر بىلەن قاپلانغان تام مەشلەرنىڭ ئاستى ـ ئۈستىدىكى گەژدىن ياسالغان چىرايلىق گەرنىزلىرى زالنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. سىرتتىن ئوق ئاۋازلىرى تىنماي ئاڭلىنىۋاتقانلىقىغا قارىماي، يىغىن زالىدا شۇنچە ئازادىلىك ۋە خاتىرجەملىك كەيپىياتى ھۆكۈم سۈرەتتى. زالغا

ئادەملەر لىق تولغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاق ساقال، سالاپەتلىك ئادەملەردىن تارتىپ، ئەڭ كىچىكى يىگىرمە ياشقا ئاران تولغانلارمۇ، پۇقراچە كىيىنگەن ئادەملەرمۇ، بەللىرىگە تاپانچا ئېسىۋالغان ھەربىي كىشىلەرمۇ بار ئىدى. پۈتۈن يىغىن ئەھلى رەھبەرلەرگە كۆز تىككەن، بولۇپمۇ ئەخمەتجانغا كۆز ئۈزمەي قاراشىپ، ئۇنىڭ كىشىنى جەلپ قىلغۇچى ئاددىي، ئەمما تەسىرلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا تەشنا بولۇپ ئولتۇرماقتا ۋە ئارىلاپ بىر ـ بىرلىرى بىلەن پىچىرلاشماقتا ئىدى.

يىغىن باشلاندى.

يىغىن باشقۇرغۇچىنىڭ سۆزىدىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمى مۇنبەرگە چىقتى. شۇ چاغدا زال ئىچى بىردىنلا جىمىپ كەتتى. ئۇ يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ تەكشى قاراپ چىقتى ـ دە، سۆزگە كىرىشتى. ئۇ سۆزلەپ كېلىپ، ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئىنقىلاب بولىدىكەن، ئۇنىڭ باسقۇچلىرى بولىدۇ. ھەربىر باسقۇچنىڭ ئۆز ئالدىغا نىشانىمۇ بولىدۇ، ئىككىنچى باسقۇچتىكى ۋەزىپىنى بىرىنچى باسقۇچتا ئىجرا قىلىشقا كىرىشسەك، خاتالىق كېلىپ چىقىدۇ. ھازىرقى باسقۇچ گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش باسقۇچى، بۇ باسقۇچتا بىزنى قوللايدىغان، بىزگە مەنىۋى، ماددىي جەھەتتىن ياردەم قىلىدىغان ھەرقانداق ئادەمنى قارشى ئېلىشىمىز، ھىمايە قىلىشىمىز لازىم، دۈشمەننى كۆپەيتىپ، ئوتتۇشسىزلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى كەلتۈرۈپ قويماسلىقىمىز لازىم. ئۇنداق بولسا، ھازىرقى باسقۇچتا بىز دوست ـ دۈشمەننى قانداق ئايرىيمىز؟

ئۇ بىرەر كىشىدىن ئۆز سوئالىغا جاۋاب ئېلىشنى ئويلىمايتتى، بەلكى ئاشۇنداق ئۆزى سوئال قويۇپ، ئۆزى جاۋاب بېرىش ئۇسۇلىدا سۆزلەشنى ياخشى كۆرەتتى. يىغىنغا قاتناشقۇچىلارمۇ ئۇنىڭ بۇ سۆزلەش ئۇسۇلىغا ئۆگىنىپ قېلىشقانىدى.

شۇڭا، ھەممىسى ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ جىمجىت ئولتۇرۇشتى.
— مۇنداق ئايرىيمىز، — جاۋاب بەردى ئۇ، — بارلىق دۇشمەنلىرىمىز بىزگە ۋە بىزنىڭ ئىنقىلابىمىزغا قارشى تۇرماقتا. كىم ئىنقىلاب ئىشلىرىغا زىيان كەلتۈرسە، ئۇ بىزنىڭ دۇشمىنىمىز، كىم بىز بىلەن بىر يولدا ماڭسا، ئۇ بىزنىڭ دوستىمىز. باشقا خىل قاراشلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي خاتا. ھازىر بىزنىڭ قىيىنچىلىقلىرىمىز كۆپ. قوشۇنلىرىمىزنىڭ ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەكلىرى كەمچىل، خەلقىمىز نامراتلىقىغا قارىماي، ئېغىزىدىكى ناننى بىزگە بېرىۋاتىدۇ، بەزىلەر قورۇ - قوي، كالىلىرىنى بېرىۋاتىدۇ، بەزىلەر خالاپ بېرىۋاتىدۇ، بەزىلەر بىزدىن قورقۇپ بېرىۋاتىدۇ، قانداقلا بولمىسۇن بىزنى تەمىنلەۋاتىدۇ، بۇنى ھېسابقا ئالمىساق بولامدۇ؟! دۇشمەن ئەنە، بىرلا ۋارقىرىساق ئاڭلىغۇدەك يەردە تۇرۇپتۇ. مەسىلىلەرنى چوڭقۇرراق ئويلىغىنىمىز ياخشى. يېقىندا بىز ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرى يىغىنى ھەربىي پروگراممىسى تۈزۈپ چىقىمىز، ئۇ چاغدا ھەر جەھەتتىكى ئىشىمىز بىر قەدەر ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.
يىغىن قاتناشچىلىرى ئۇنىڭ ھەربىر سۆزىنى چوڭقۇر ئويلاپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۆي ئىچى كۆكۈچ تاماكا ئىسىغا تولغانىدى. نىزامىدىن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن، ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئالماي، ھەربىر سۆزىنى مۇلاھىزە قىلىپ، ھازىر يۈز بېرىۋاتقان بەزى ئېغىشلارنىڭ سەۋەبلىرىنى ئويلايتتى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن تاشلىنىدىغان قەدەملىرىنىڭ توغرا بولۇشىنى بەلگىلەشكە تىرىشاتتى. كىملەردۇر خاتىرە دەپتىرىگە بىرنېمىلەرنى يازاتتى ۋە بەزىلەر يېنىدىكىلەر بىلەن پىچىرلىشىپ، باشلىرىنى لىڭشىتىپ قويۇشاتتى.
ئەخمەتجان قاسىمى ئاندىن ئۇرۇش قىلىش مەسىلىلىرى توغرىسىدا سۆزلىدى.
AltunOq

— هازىر قوشۇنلىرىمىز ئىچىدە قورال ـ ياراغ يېتىش- مەسلىك بار، — دېدى ئۇ، — يېڭىدىن سەپكە كىرىۋاتقان پىدائىيلىرىمىزنىڭ قولىدا قورال يوق، ئاساسەن نەيزە، چوماق بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ. ئالدىمىزدا بۇمۇ ھەل قىلىشقا تې- گىشلىك مەسىلە بولۇپ تۇرۇپتۇ. ھازىر يولداش ئىسھاقبېك ھەرەمباغقا ھۇجۇم قىلىشنىڭ يېڭى پىلانى ئۈستىدە ئىشلەۋاتى- دۇ، بىزمۇ يېقىن ئارىدا ھەرەمباغقا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قى- لىشنى ئويلىشىۋاتىمىز. بىزگە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار، ئو- ڭۇشسىزلىقلار دۇچ كېلىۋاتىدۇ، بۇنىمۇ يېڭىمىز. چۈنكى، بىزنىڭ خەلقىمىز باتۇر خەلق، ئېزىلىشكە قارشى كۈرەش قى- لىشقا جۈرئەتلىك خەلق! بىز دەسلەپ ئاتلىنىپ چىققاندا، ئاز- غىنە قوشۇن ئىدۇق، ھازىر قۇدرەتلىك بىر قوشۇنغا — گويا كىچىككىنە بىر ئېرىق سۇدىن دولقۇنلۇق، قەھرلىك دەرياغا ئايلاندۇق! ئەمدى كۈندىن ـ كۈنگە ئۆلغىيىمىز، زورىيىمىز!...

يىغىن قاتناشچىلىرى ئۆز تارىخىدا ئاڭلاپ باقمىغان سۆز- لەرنى ئاڭلاۋاتاتتى. قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، بۇلار بىزنىڭ قاپقىمىزغا قاراپ ياشىشى كېرەك، دەپ كەمسىتىلگەن ئادەم- لەرنىڭ شۇنچىلىك ئىشلارنى تەۋرىتىۋاتقانلىقى، غەم ـ قايغۇ، ئەندىشە ـ قورقۇشتىن باش كۆتۈرۈپ كۈرەش مەيدانىغا چىقىشقا جۈرئەت قىلغانلىقى، ئالتە توك ـ توك، دەپ قارالغانلارنىڭ ئۇششاق ئېقىنلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان دولقۇنلۇق ئۇلۇغ دەرياغا ئايلانغانلىقىنى كىم ئويلىغان؟ مۇنۇ غۇلجىدىكى خەلقنىڭ ئاش ـ نېنىنى يەپ، كىيىمىنى كىيىپ كېرىلىپ يۈرگەن ھەربىي ئەمەلدارلار ئويلىغانمۇ؟ ئۇلارغا يولىيورۇق بې- رىپ ھەرىكەت يۆلىنىشىنى بەلگىلەپ بېرىۋاتقان ئۈرۈمچىدىكى قوماندانلار ئويلىغانمۇ؟ ئۇلارنىڭ شېرىن چۈشلىرىنى كىم بۇز- دى؟ كىم ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى؟... سۇلار ئاقىدۇ، كەينىگە يانمايدۇ، ئازادلىق ئەركىنلىك بايرىقى يىقىلمايدۇ!

«ئالتە ئوغرى» دەپ ئاتالغان، باشقىلاردىن بۇرۇنراق ئويغانغان، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەتلىك ئالتە باتۇر باشلىغان، مىڭلاپ - مىڭلاپ دەردمەنلەرنى ئەگەشتۈرگەن ئىنقىلاب يولى ئۇنىڭ بوران - چاپقۇنى قان ئىچەر جاللاتلارنىڭ خاندانلىقىنى تەۋرىتىپ، شېرىن چۈشلىرىنى بۇزۇۋەتتى ھەم ئۇلارنى ساقايماس تۇتقاقلىق كېسىلىگە گىرىپتار قىلىپ قويدى، كېچىسى ئۇخلىيالمايدىغان، كۈندۈزى ئارامسىزلىنىدىغان ھالغىمۇ كەلتۈرۈپ قويدى. مۇشۇ ئولتۇرغانلار كۈندىن - كۈنگە زورىيىۋاتقان ئىنقىلابنىڭ يول باشچىلىرى، ئۇلۇغ تەۋرىنىشنىڭ رەھبەرلىرى، ئەسلىدە بۇلار زاۋۇتلارنىڭ ئىشچىلىرى، ئېتىزلارنىڭ دېھقانلىرى، مەكتەپلەرنىڭ ئاددىي ئوقۇتقۇچىلىرى ئىدى. بۇ ئاددىي ئادەملەرنىڭ تىللاردا داستان بولغۇدەك ئۇچقۇنلارنى پەيدا قىلىپ، ئۇنى يالقۇنغا ئايلاندۇرغانلىقى ئەلۋەتتە ئۇلارنى تۇتقاقلىق كېسىلىگە گىرىپتار قىلىدۇ - دە. . . مۇشۇ ئولتۇرغانلار ئۇلارنىڭ ئالىقىنىدىكى قۇللۇقتىن كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلغاندىلا ئەركىنلىكنى قولغا ئالغىلى بولىدۇ، دېگەن كۈرەشچان تارىخ ياراتتى. ئۇلار ئۈزۈل - كېسىل ئازادلىق ئۈچۈن يەنە قەيەرگە ھۇجۇم قىلىش، قانداق ھۇجۇم قىلىشنى، ئۆزلىرى ئاچقان يولدا خاتالىقلاردىن قانداق ساقلىنىشنى كېڭىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلماقتا ئىدىكى، كېڭەش ئۇلارنى يېپيېڭى دۇنيا قۇرۇشقا يېتەكلەيدۇ، ئىلھاملاندۇرىدۇ. ئالدىراڭغۇلۇق - ئالدىراقسانلىقتىن ساقلايدۇ. ئادەمنىڭ ھاياتىدا بىر قېتىملا تاللاش بولۇشى مۇمكىن، ئۇلار ئىنقىلاب يولىنى تاللىغانلار، يەلكىسىگە چۈشكەن ئېغىر ۋەزىپىلەرنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغانلار.

يالقۇنلۇق سۆزلەردىن ئولتۇرغانلار تەسىرلەندى، ھاياجانلاندى. ئەخمەتجان كىشىلەرگە يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ قارىدى. ئۇنىڭ ھەربىر سۆزىلا ئەمەس، بەلكى شۇ تۇرقىمۇ كىشىلەرگە ئىشەنچ،

جۇرئەت ۋە ئۈمىد بېغىشلايتتى.

## 2

قەھرىتان قىش.

بۇ يىل قار قېلىن چۈشكەن، كائىناتتا زەھەردەك ئاچچىق سوغۇق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. ئوزۇقسىز قالغان قاغىلار خىرە ئاسماندا ئاران ـ ئاران ئۇچۇشاتتى. سېغىزخانلارمۇ لەمپىلەرگە، دەل ـ دەرەخلەرگە قونۇۋېلىپ شاراقلاشلاردىن بەزگەن. قېلىن قاردىن گومىنداڭچىلار ئېغىر ۋەھىمىگە چۈشكەندى. چۈنكى، ئۇلار ئوزۇق ـ تۈلۈك، كىيىم ـ كېچەكتىن قىسىلغان، شۇڭا ئاسمانغا كۆز ئۈزمەي قاراپ ئۆز ئايروپىلانلىرىنىڭ كېلىپ مەدەت بېرىشىنى كۈتەتتى.

بۈگۈن چۈش مەزگىلىدە ئاسماندا غارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئاقۇچ بۇلۇتلار ئارىسىدىن بىردىنلا ئايروپىلانلار پەيدا بولۇپ، كوچىلاردىكى كىشىلەر ئاسمانغا ئەنسىزلىك بىلەن قاراشتى. ئايروپىلانلار شەھەر ئۈستىنى بىر ئايلاندى ـ دە، غارقىراپ شۇڭغۇپ كېلىپ، ئادەملەر ئۈستىگە پىلىموتتىن ئوق ياغدۇرۇۋەتتى. كوچىلاردا كىشىلەر ئۇياقتىن ـ بۇياققا قېچىشىپ، كىچىك بالىلار قىيا ـ چىيا قىلىشىپ، قالايمىقان ۋارقىراشلار، تىللاشلار، كايىش، نالە ـ زار بىلەن شەھەر ئىچى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى.

ـــ قېچىڭلار خالايىقلار! . . . مۆكۈنۈڭلار! . . .

بۇيرۇق بويىچە ئەنۋەرنىڭ قىسمى دەرھال كوچىغا چىقىپ، ئايروپىلانلارغا يېنىك قوراللىرىدىن ئوق ئۈزۈشكە باشلىدى. ھېچبولمىسا ئۇلارنىڭ پەسلەپ ئۇچۇشىنى توسۇپ قىلىش مۇمكىن ئىدى.

ئايروپىلان ھۇجۇملىرىغا قارشى ئوق ئېتىش ناھايىتى قى-

ـزىق كوچا جىگى ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەلق ئاساسەن تاشلەپكە بازىرى، بوينىكپىسك مەھەللىسى، يېڭىھايات كوچىسىنىڭ جەـ نۇبى ۋە قىزىل كۆۋرۈك تەرەپلەردە بولۇۋاتاتتى. گومىنداڭنىڭ دەسلەپتە كەلگەن ئۈچ ئايروپىلانى مۇشۇ تەرەپلەرنى جىمىقتۇرۇ. ۋالىسا، ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان ئايروپىلانلىرى ئۇزۇق - تۈلۈك، ئوق - دورا قاچىلانغان شارلارنى ھەرەمباغ گازارمىسىـ نىڭ ئىچىگە تاشلىماقچىدى.

ھەرەمباغ، لەڭشاڭ بۇتخانىسى ۋە ئايروپىلان ئىستانسىسىـ نى ھېسابقا ئالمىغاندا، غۇلجا شەھىرى گومىنداڭچىلاردىن تەلـ تۆكۈس تازىلىنىپ بولغانىدى. قالدۇق دۈشمەننىڭ بىر قىسمى لەڭشاڭ بۇتخانىسىدىن قىسىملىرىمىزغا ئوت ئېچىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كەينى تەرىپى سازلىق ۋە بايكۆل مەھەللىسى ئىدى. بۇ يەرلەر يەر ئاستى يوللىرى بىلەن ھەرەمباغقا تۇتىشاتتى. ھەرەمـ باغ ئېگىزلىككە جايلاشقان، كەينى تەرىپى ئايرودروم بىلەن تۇتىشىدۇ. دېمەك، ئۈچ ئورۇندىكى دۈشمەنلەر بىر - بىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرۇشاتتى.

نادەم بىلەن جامالىدىن يوغان قارىياغاچ دەرىخىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ، تۆۋەنلەپ كەلگەن ئايروپىلانلارغا ئاپتوماتلاردىن ئوق ئۈزمەكتە ئىدى. باشقىلار دۇكانلار لەمپىسىنى، چېدىرچە يېـ پىلغان يوغان دەرۋازىلارنى ئۆزلىرىگە پاناھ قىلىپ ئوق ئاتماقتا ئىدى. كوچىلاردا ئوق تېگىپ ئىڭراپ ياتقان كىشىلەرنى، كىـ چىك باللارنى كۆرگەن باتىرغازى دەرغەزەپ بولۇپ، كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمىدى. ئۇ بېشىدىن ئەمـ دىلا ئۆتەي دېگەن بىر ئايروپىلانغا ئاپتوماتىدىن تاراسلىتىپ ئوق ئۈزدى.

تامغا چاپلىشىپ تۇرغان ئەنۋەر قاتتىق ۋارقىرىدى:

ـــ باتىرغازى! ئۆت بۇياققا!

ئاسماندىن يەرگە، يەردىن ئاسمانغا بولۇۋاتقان ھۇجۇم تازا

ئەۋج ئالغاندا، بىر ئايروپىلانغا ئوق تەگدى! شەھەردە بىردىنلا قىقاس ـ چۇقان ۋە ھۇررا ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئوق ئايروپىلاننىڭ ماتۇرىغا تەگكەنىدى. قاپقارا ئىسلىرىنى پۇرقىرىتىپ قاچقان ئايروپىلان ئاچالغىچە ئارانلا چىدىدى. لېكىن، كىشىلەر ئۇنىڭ چۈشكەن ـ چۈشمىگەنلىكىنى كۆرەلمىدى.

چىددي ئېتىشىشلاردىن كېيىن، شەھەر ئۈستىدە يەنە بىر مۇنچە ئايروپىلانلار كۆرۈندى. ئۇلار شەھەر ئۈستىنى ئايلىنىپ ئاستا ـ ئاستا تۆۋەنلىدى ۋە تۆۋەنلىگەنىچە ھەرەمباغ گازارمىسىنى مولجالاپ يۇزلىگەن شارلارنى تۆكۈۋەتتى ـ دە، غوڭۇلداپ ئۇچۇپ بىردەمنىڭ ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى. شەھەر ئۈستىنى ئاپئاق ـ ئاپئاق لەيلەپ يۈرگەن شارلار قاپلاپ كەتتى. لېكىن، شارلار ھەرەمباغ گازارمىسى ئىچىگە ئەمەس، نۇرغۇنلىرى يېڭى ھايات ۋە بوينىكېسىك مەھەللىسىگە چۈشتى.

مانا بۇ كوچا جەڭلىرىنىڭ تۈگىگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

ھارغان جەڭچىلەر ياتاقلىرىغا قايتىپ كېلىشتى.

شەھەردە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى. بىراق، ئۇرۇش ۋاقتىدىكى جىمجىتلىق ھامان بىردەملىك بولاتتى. «بۇگۈن ئەجەب تىنچ كۈن بولدى» دەپ تۇرۇۋشۇڭغا تاراسلىغان ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى ياكى تۇيۇقسىزلا دەھشەتلىك ئېلىشىشلار باشلىنىپ قالاتتى. نادەم بۇ جىمجىتلىققا قاراپ، ئۇنىڭ كەينىدىن بولىدىغان شىددەتلىك جەڭلەرنى ۋە ھەرقاچان شۇنداق تۇيۇقسىز جەڭلەرگە تەييار تۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى ئويلاۋاتاتتى. بۇ خۇسۇستا ھېچكىم ئۇنىڭغا بىرنېمە دېگىنى يوق، لېكىن نادەمنىڭ قەلبى شۇنداق سېزىپ تۇرىدۇ. يات يېقىندا قايناق جەڭلەر دېڭىزى ئۆز باغرىدا سانسىزلىغان مەردلەرنى ئۇزدۇرىدىغانلىقىنى ئۇ سېزىپ تۇرىدۇ.

رەيھان كىردى.

— غەلىبەڭلارنى تەبرىكلەيمىز، يولداشلار، — دېدى قىز نادەمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، — ئايروپىلانغا كىم-نىڭ ئوقى تەگكەندۇ؟

— بىلگىلى بولامدۇ، سانسىزلىغان ئوقلار ئېتىلىۋاتسا، — دېدى نادەم بىپەرۋا هالدا.

— ئاراش مەرگەننىڭ تەگكەندۇ، تايىنلىق.

ئاراش كۈلۈمسىرەپ ئېيتتى:

— هازىر هەممىسىلا مەرگەن بولۇپ كەتتى، مېنى يولدا قويدۇ بۇلار.

— يالغۇز ئوق بىلەن ئايروپىلاننىڭ چۈشۈپ كېتىشى ناتايىن، — دېدى رەيهان نادەمگە تەبەسسۇم بىلەن، — سىز-نىڭ ئاپتوماتىڭىزنىڭ ئوقىمۇ يا؟

بۇ سۆزلەر يېنىچە ياتقان ۋارىسجاننىڭ قۇلىقىغا مۇشت بىلەن ئۇرغاندەك تۇيۇلدى. بولۇپمۇ نادەمنى كۆرگەندە رەيهان-نىڭ ئېچىلىپ - يېيىلىپ كېتىشى ئۇنىڭغا ناهايىتى ئەلەم قىلاتتى. ۋارىسجاننىڭ ئۇلارنىڭ كۈلۈشۈپ ئوچۇق چىراي بىر - بىرىگە قاراشلىرىنى زادىلا كۆرگۈسى كەلمەيتتى. شۇڭا، ئىچىدە: «ئۇياتسىز نايناقلار...» دەپ تىللىدى - دە، ئۇياققا قاراپ يېتىۋالدى. ئۇرۇش باشلانغاندىن بېرى ئۇنىڭ كۆڭلىدە پەيدا بولغان كۈنچىلىك ئوتلىرى مانا هازىر تېخىمۇ يېنىپ ئۇنى ئازابلاۋاتاتتى ۋە شۇنداق تولغىنىپ ياتقىنىچە ئاللىنېمىلەرنى ئويلىماقتا ئىدى...

باتالىيون كوماندىرى ئەنۋەر ئىشىكنى ئىتتىك ئېچىپ كىر-دى. ئۇنىڭ چوققۇر يۈزلىرى ئىللىق تۇس ئېلىپ نۇرلىنىپ ئېچىلىپ كەتكەندى:

— يولداشلار، خۇش خەۋەر!

جەڭچىلەر كوماندىرنىڭ ئاغزىغا قاراشتى.

— بورتالا، ئارشاڭ ناهىيىلىرى ئازاد قىلىندى!

— شۇنداقمۇ! . . .
— كىمنىڭ قىسمى ئازاد قىپتۇ؟
— غېنى باتۇرنىڭ!
جەڭچىلەر قىن قىنىغا پاتماي ۋارقىراشتى. غەلىبە خەۋىرى ئۇلارنىڭ يۈرەك باغرىنى دولقۇنلاتتى ۋە كەينى - كەينىدىن توختىماي ۋارقىراشتى:
— ھۇررا! . . . ھۇررا! . . .
— ئېخ . . . مېنىڭ ئانا يۇرتۇم، — دېدى ئاراش ھايا-جان ئارىلاش تىت - تىت بولۇپ، — سېنى ئازاد قىلىشقا قاتنىشالمىغىنىم، ئىسسىت . . . ئەلەم قىلدى - دە، ئەلەم.
— بۇ غەلىبە خەۋىرى ھەممىمىزنى خۇشال قىلغاندا، ساڭا ئەلەم قىلغىنى قىزىق ئىش - دە، ئاراش، — دېدى ۋارىسجان.
— سىلەرگە ئەلەم قىلمىغىنى بىلەن ماڭا قىلىدۇ. ئەگەر مەن ئازاد قىلىشقا قاتناشقان بولسام، بۇنىڭ خاسىيىتى ناھايىتى زور بولغان بولاتتى - دە.
— بۇنىڭغا كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما ئاراش، — دېدى ئىسھاق، — غۇلجىنى ئازاد قىلىشقا قاتنىشىۋاتقانلىقىڭنىڭ خاسىيىتى تېخىمۇ زور.
كوماندىر ئەنۋەر كۈلدى ۋە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ دېدى:
— ماڭا قارا ئاراش، سەن غۇلجىنى ئازاد قىلىشقا قاتنى-شىۋاتىسەن، باشقا جەڭچىلىرىمىز بورتالا، ئارشاڭ ناھىيىلىرى-نى ئازاد قىلىشقا قاتناشتى. بۇ ئىنقىلابتا ھەممىمىزنىڭ ئۈلۈشى بار.
ئەنۋەر نادەمنى باشلاپ چىقىپ كەتتى - دە، ئۇنىڭغا مۇنۇ يېڭى ۋەزىپىنى ئېيتتى:
— بۈگۈن كېچە يېڭىھايات مەھەللىسىنىڭ يۇقىرى تەرد-پىگە بىزنىڭ قىسىم ئورۇنلىشىدۇ ھەم لەڭشاڭ بۇتخانىسىغا شەرقىي جەنۇب تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىمىز. سەن بىر جەڭچىنى

باشلاپ ئال ـ دە، بىز ئورۇنلىشىدىغان جاينىڭ ئوي ـ چوڭقۇ-
رىنى ئوبدان كۆرۈپ كەل، ئەگەر ئۇ يەرنىڭ خەرىتىسىنى سىزى-
ۋالساڭ تېخىمۇ ياخشى.

ۋاقىت نامازدىگەرگە يېقىنلاپ قالغانىدى. نادەم ياتاققا كىر-
گەندە ھەممەيلەننىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى، پەقەت ۋارىسجاننىڭلا
كۆزلىرىنى تورۇسقا تىككىنىچە خىيال قىلىپ ياتقىنىنى كۆر-
دى. ئۇ ۋارىسجاننى چاقىردى ـ دە، تېزلىك بىلەن شۇياققا
قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئىككىسى ئۆز قىسمىنىڭ ئورۇنلىشىدىغان يېرىنى، يەر
شارائىتىنى، پاناھلىق جايلارنى، ھۇجۇم قىلىشقا ئەپلىك ئورۇن-
لارنى يەر بېغىرلاپ يۈرۈپ، تولۇق بايقاپ بولغاندىن كېيىن
قايتتى. «قىش كۈنى بىر تۈتام» دېگەندەك ھەش ـ پەش دېگۈچە
قاراڭغۇ چۈشۈپ بولغانىدى. ئورۇش ۋاقتىدا قاراڭغۇ چۈشتىمۇ،
كوچىلار بوش قالاتتى ياكى ئادەم كەمدىن ـ كەم كۆرۈنەتتى.
ئىككىيلەن ئادەمسىز قالغان قاراڭغۇ كوچىدا قەدەملىرىنى ئىل-
داملىتىپ ماڭماقتا ئىدى.

ۋارىسجاننىڭ يۈرىكى ئۇشتۇمتۇملا قاتتىق سوقۇشقا باشلى-
دى. چۈنكى، خىيالىغا دادىسى قاتتىق تاپىلىغان ھېلىقى ئىش
كەلگەنىدى. ئۇ خېلىدىن بېرى شۇ ئىشنى ئادا قىلىشقا
چارە ـ پەيت ئىزدەپ يۈرەتتى. ئۇ بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت
بىلمەكچى بولدى. ئېھتىياج تۇپەيلىدىن ئىككىسى باشقا قىسىم-
لارغا ئالمىشىپ كەتسە، دادىسى تاپىلىغان ئىشنى ئورۇنداش
قىيىن بولاتتى ـ دە.

— پىيامىنىڭ ئىچىگە نەدىن تاش كىرىۋالغاندۇ، ئەجەب
پاتتى، — دېدى ئۇ غودۇڭشىپ ۋە ئولتۇرۇپ پىيمىسىنى يەش-
تى. ئۇ دەممۇ دەم نادەمگە قارايتتى. بۇ چاغدا نادەم ئۇنىڭدىن
ئەللىك مېتىرچە يىراقلاپ كەتكەنىدى. ئۇ تۆت ئەتراپىغا ئەن-
سىزلىك بىلەن بىر قاراپ چىقتى ـ دە، يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ

ئويلاشقا باشلىدى: «ئەمدىغۇ تازا پەيت كەلگەندۇ، بۇ قاراڭغۇ كېچىدە كىم كۆرەتتى. يامىنىغا كەلسە ئۆزۈمنىڭمۇ قولىغا ياكى پۇتۇمغا ئاتامدىم. چىدىساملا بولىدىغۇ، ئەلۋەتتە چىدايمەن. ناۋادا سۈرۈشتۈرۈپ قالسا، دەرەخنىڭ كەينىدىن تۇيۇقسىزلا ئىككى ئادەم چىقىپ ئېتىپلا قاچتى، مەن ئۇلارنى قوغلاشقا، ھەتتا ئېتىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدىم، دېسەم بولمىدىمۇ...» نادەم ئاستا كېتىپ باراتتى، ۋارىسجان مۈرىسىدىكى مىلتىقنى قولىغا ئال-دى، نادەمگە قاراتتى. بىراق، شۇ چاغدا كوچىنىڭ بېشىدىن ئۈچ ئادەمنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. بۇ كىمدۇ؟ ۋارىسجان تولغىنىپ كەتتى، ئەلەمگە چىدىماي ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلىدى. «ئىسست، ئىسست... مېنىڭ سۆرەلمىلىكىم...» ئۇ شۇنداق دېدى - دە، تېز - تېز يۈرۈپ نادەمگە يېتىشىۋالدى. لېكىن، ئۇ تەرلەپ ھاسىراپ كەتكەنىدى.

— نېمە بولدى، ۋارىسجان، پۇشۇلدايسەنغۇ؟

— تاش پاتقان يەر ئاغرىۋاتىدۇ.

— سېنى كىچىككىنە تاشلارمۇ بوزەك قىلىۋېتىپتۇ - دە، غەي-رەت قىل، ئاز قالدۇق.

— ياتاققا بېرىپ رەيھانئايغا تاڭدۇرۇۋالىسام...

كۆزىتىلگەن يېڭى ئورۇنغا شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە كېلىپ ئورۇنلاشقان جەڭچىلەر بىرىنچى سەھەرنى ئاق قار، كۆك مۇز ئۈستىدە كۈتۈۋالدى. ھەر ئىككى تەرەپتىن چۈشكىچە ئوق ئاۋاز-لىرى ئاڭلانمىدى. لېكىن، چۈشتىن كېيىن، غۇلجا ئاسمىنىدا يەنە ئايروپىلانلار پەيدا بولۇپ، سانىسىزلىغان شارلارنى تۆكۈۋې-تىپ، بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى. شۇ شارلارنىڭ بىرى لەيلەپ كېلىپ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشتى. يوغان يەشكىنى ئېلىپ چۈشكەن شار، گومىنداڭ قىسىملىرىنىمۇ، پارتى-زانلارنىمۇ ئوخشاش بىراقلىقتا ئىزدىتاتتى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن — ئاكوپلاردىن، پوتەيلەردىن ۋە پاناھلانغان جايلار-

دىن، چولاق تاملار كەينىدىن سانسىزلىغان كۆزلەر يەشككە تىكىلىپ تۇراتتى. ئىككى ياق جىمجىت، ھېچقايسىسى ئۈنى ئېلىپ كېتىشكە ئادەم چىقىرىشمىدى. ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈن-
سىلا ئەجەل ئوقلىرى ئۇچۇپ كېلەتتى.
— بۇلارنىڭ كۆزى شۇنىڭغا قاراشلىق بولۇپ قالدى - دە، — دېدى كېۋىر، — جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغاندا ئاسمانغا قارىماقتىن باشقا نېمە چارىسى بار؟
— قېنى گايتكا، پەرەز قىلىپ باققىنا، — دېدى كوماندىر ئەنۋەر، — يەشكىنىڭ ئىچىدە نېمە باردۇر؟
— نېمە بولاتتى، ئوق - دورا باردۇر.
— ياق، — دېدى بىرى، — مېنىڭچە يەيدىغان نېمە بار.
— كىم بىلىدۇ، قۇلاقلىرى شىڭتىيىپ تۇرغان جۇۋاۋىلار بارمۇ تېخى؟
— مېنىڭچە يەيدىغان نەرسە بار، — دېدى نادەم ئويلانغان ھالدا، — ئوق - دورا بولسا يەشكى ئۇنداق يوغان بولمايتتى.
— ئۇۋچىدەك كەچكىچە قاراپ تۇرامدۇق، نېمە بولسىمۇ ئېتىپلا كۆمپەيكۈم قىلىۋەتمەمدۇق، — باتىرغازىنىڭ گېپى ھەممىنى كۈلدۈرۈۋەتتى.
ئەنۋەر مۇنداق دېدى:
— مەيلى ئوق - دورا بولسۇن، مەيلى ئوزۇق - تۈلۈك بولسۇن ھازىرقى پەيتتە بۇنى كىم قولغا چۈشۈرۈۋېلىش ئىنتا-
يىن مۇھىم. ئەگەر ئۇ ئوق - دورا بولۇپ قېلىپ دۈشمەنلەر ئېلىۋالىدىغان بولسا بىزگە تېخىمۇ كۆپ زىيىنى بولىدۇ، ئوزۇق - تۈلۈك بولسا ماغدۇرغا كېلىۋالىدۇ. شۇڭا، ھېچبول-
مىغاندا پارتىلىتىۋېتىشىمىز مۇمكىن.
شۇ ئەسنادا دۈشمەن پوتىيىنىڭ ئاستىدىن ئۇچىغا ئىلمەك تۆمۈر بېكىتىلگەن ئىنچىكە، ئۇزۇن ياغاچ چىقىپ كەلدى. ئۇ

يەشكىنىڭ يىپىنى ئىلدى ـ دە، سۆرىدى.

ــ تۆمۈرنى چەنلەپ ئېتىڭلار، ــ بۇيرۇق قىلدى ئەن-ۋەر.

ئوقلار ئىلمەك تۆمۈرنى ياغاچتىن ئۈزۈپ تاشلىدى. ئىك-كىنچى ئىلمەك تۆمۈرلۈك ياغاچ چىقىپ كەلدى، ئۇمۇ يەشكىنى ئىلىۋالدى ـ دە، ئۇنى پوتەينىڭ ئالدىدىكى ئېگىزرەك يەرگە سۆرەپ چىقتى، بىراق نېمىدۇر بىرنېمىگە تىرىلىپ توختاپ قالدى، ئۈچىنچى ئىلمەك چىقتى ـ دە، ئۇمۇ يەشىككە ئىلىندى ۋە ئىككىسى بىرلىكتە يەشىكنى سۆرەپ ماڭدى. يېرىم مىنۇت ئۆتۈپ كەتسە، يەشىك ئۇلارنىڭ ئۇۋىسىغا كىرىپ كېتەتتى.

ئەنۋەر دەرھال بۇيرۇق قىلدى:

ــ يەشىككە ئېتىڭلار!

پىلىموت، مىلتىقلاردىن تاراسلاپ ئېتىلغان ئوقلار يەشىك-نى پاچاق ـ پاچاق قىلىۋەتتى ۋە شۇئان جەڭچىلەرمۇ پاراقلاپ قاتتىق كۈلۈپ كەتتى. چۈنكى، پاچاقلانغان يەشىكنىڭ ئىچىدى-كى جىڭمۇما ھەم مانتىلار ئەتراپقا تېرىلىپ كەتكەنىدى.

ــ بىچارىلەرنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلگەنىدى ـ دە . . .

شۇنىڭدىن كېيىن ئەنۋەر بۈگۈن كېچە قىلىنىدىغان ھۇجۇم توغرىسىدا كېڭىشىش ئۈچۈن ئىززۋوت كوماندىرلىرىنى چاقىرىپ ئويمانلىققا چۈشۈپ كەتتى.

## 3

كېچە.

ئالتۇن كىرپىكلىرىنى چىمىلدىتىپ، ئاسمان گۈمبىزىگە زىننەت بېرىپ تۇرغان سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار غۇۋا نۇر چاچىدۇ، سوغۇق قاتتىق، زەھەردەك ئاچچىق شامال يۈزلەرنى چېقىپ، غۇيۇلداپ ئۆتۈپ تۇرىدۇ. پۈتۈن ئەتراپ ئاپئاق قار

بىلەن كۆمۈلۈپ كەتكەچكە، قارائىغۇلۇق ئانچە بىلىنمەيدۇ. ئاق قۇلاقچا، ئاق جۇۋا، ئاق پېيما كىيگەن جەڭچىلەر قارغا كۆمۈلۈپ ئالغا سىلجىماقتا. ئەگەر جەڭچىلەر بىر ئورۇندا تىپتىنچ ھالدا يېتىۋالسا، سىرتتىن قارىغان كىشى ئۇنىڭ ئادەم ياكى قار ئىكەنلىكىنى ئاجرىتالمايتتى.

لەڭشاڭ بۇتخانىسىنى ئېلىش ئۈچۈن باشلانغان جەڭ پۈتۈن سەپ بويلاپ قاتتىق داۋام قىلماقتا. ھەر ئىككى تەرەپتىن توختاۋسىز ئېتىلىۋاتقان ئوقلار كىشىنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى يەپ كېتەتتى. ئوقلار ۋىژىلداپ ئۆتۈپ، توپ ئوقلىرى چۈشۈپ، قار - توپا توزانلىرىنى ئاسمانغا ئۇچۇراتتى. ئاسماندا كۆكۈچ قارامتۇل ئىس بۇلۇتلىرى لەيلەيتتى. ئېتىشىشلار گاھ پەسلەپ، گاھ ئەۋج ئېلىپ كېتەتتى. گومىنداڭ پوتەيلىرى مانا مەن دەپ ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئېلىش قىيىن ئىدى. چۈنكى، ئاشۇ پوتەي، ئاكوپلاردىن چىقىۋاتقان ئوقلار جەڭچىلەرنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈشكە يول قويمايتتى. ھېلىدىن - ھېلىغا ئوق تېگىپ يىقىلغان جەڭچىلەرنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى، كۈچسىز ئىڭراشلىرى ئاڭلىناتتى... ئۇمۇمەن قىسىملىرىمىزغا ئاسانلىق يوق ئىدى. مۇنداق چاغلاردا بىر قەدەم ئالغا سىلجىش، بىر چولاق تامنى ئىشغال قىلىش چوڭ غەلىبە ھېسابلىناتتى.

جەڭچىلەر ۋەيران قىلىنغان ئۆيلەرنىڭ تاملىرىنى دالدا قىلىشىپ، بەزىلىرى كىچىككىنە دۆڭلەرنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، دۈشمەن ئىستىھكاملىرىغا ئوت ئېچىشاتتى، جەڭ قاتتىق بولۇۋاتاتتى. لېكىن، تۆت سائەتتىن بېرى ئالغا سىلجىش بولمىدى، بۇ ھال ھەممىنىڭ ئىچىنى تىت - تىت قىلاتتى.

جەڭ مەيدانىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئورۇنلاشقان ئەنۋەرنىڭ قىسمى سەپ بويىچە قاتتىق ئۇرۇشماقتا ئىدى. مىس سىمدەك سېرىق ساقال - بۇرۇتلىرىغا بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۇستىرا تەگمەي، يۈزلىرى سۇرلۇك تۈس ئالغان گايىت كۆك كۆزلىر-

دىن ئوت چاچرىتىپ ئۆز قىسمىغا بۇيرۇق بېرىپ تۇراتتى:
— بىرىنچى گۇرۇپپا ئالدىمىزدىكى چوڭ پوتەيگە يان تەرەپتىن ئىلگىرىلەش كېرەك، ئىككىنچى گۇرۇپپا ئوق بىلەن ئىلگىرىلەڭلار! قېنى كېۋىر، پىلىموتىڭنى سايرات، كۆنچىقمىش تەرەپتىكى ئاكوپلاردىن ئۆمىلەپ چىقىۋاتقانلارنى كۆرگەنسەن، قول بومبىلار تەييارلانسۇن!
جەڭچىلەر ھېلى ھۇجۇم ھالىتىگە ئۆتسە، ھېلى مۇداپىئە ھالىتىگە ئۆتۈپ قالاتتى. يېرىمى ئۆرۈلگەن تامنىڭ ئۈستىگە پىلىموتنى ئورنىتىۋالغان كېۋىر پىلىموتىنى سايرىتىپ، شەرقىي شىمال تەرەپتىن ئاۋۋال ئۆمىلەپ، كېيىن بېشىنى ئېگىشتۈرۈپ ھۇجۇم بىلەن كېلىۋاتقان دۈشمەنلەرنى دومىلىتىۋەتتى.
— پاھ. . . پاھ. . . بۇلبۇلدەك سايرىدى - دە، پىلىموتاڭ!
— مۇشۇ چەتتىكى پوتەيگە قاتتىق ھۇجۇم بىلەن بېسىپلا بارساق بولاتتى - دە، — دېدى باتۇرغازى غەزەپلىك كۆزلىرىنى پوتەيگە تىكىپ تۇرۇپ.
ئىسھاق بېشىنى سىلكىپ ئېيتتى:
— ياق، ئۇنداق قارامىلىق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ!
— ئەنە ئاۋۇ چولاق تامغا ئۆلىشىۋالساق، — دېدى ئادەم شەرقىي جەنۇب تەرەپتە تۇرغان تامنى كۆزى بىلەن شەرەتلەپ كۆرسىتىپ، — مۇنۇ چەتتىكى پوتەيگە يان تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ بېرىشقا ئاسان بولاتتى.
— توغرا، — دېدى رەيھان مىلتىقى بىلەن دۈشمەن پوتەيسىنىڭ تۆشۈكىنى چەنلەپ تۇرۇپ، — بىزۇ ئۇنۇملۇك چارە! — ئۇنىڭ دۈمبىسىدە مۇرىسىگە بېغىدىن ئۆتكۈزۈۋالغان دوختۇرلۇق سومكىسى پۇلاڭلاپ تۇراتتى. ئۇلار تامنىڭ ئۈستىگە قوراللىرىنى قويۇشۇپ تۆتقىنىچە ئۆرە تۇرۇشاتتى. شۇ ئارىلىقتا بىر زەمبىرەك ئوقى چىرقىراپ كەلدى.

— ۋارىس، يات! — دەپ ۋارقىرىدى ئىسھاق ۋە ئۇنىڭ ئىككى مۇرىسىنى بېسىپلا يېتىۋالدى. ئۇلاردىن تۆت - بەش مېتىر يىراقلىقتا چۈشكەن ئوق ئەتراپنى تىترىتىۋەتتى. قار - توپا توزانلىرى ئىچىدە ھەممىسى بېشىنى كۆتۈردى:

— تازا ھاڭۋاقتى نېمىكەنسەنا، — دېدى ئىسھاق شۇ ياتقىنىچە ۋارىسجانغا.

— تاس قالدىڭىز - دە، شېھىت بولۇپ كەتكىلى، — دېدى رەيھان ئۇنىڭغا قاراپ.

چىرايى تاتارغان ۋارىسجان:

— ئۇنداق ئاسان شېھىت بولۇپ كېتەتتىممۇ؟ — دېدى.

ۋارىسجاننىڭ سۆزى ئاياغلاشمايلا كەينى - كەينىدىن يەنە ئىككى پاي زەمبىرەك ئوقى كېلىپ چۈشتى. ئۇلار قار - توپا توزانلىرى ئىچىدىن يەنە بېشىنى كۆتۈردى. بىراق، گايىت بېشىنى كۆتۈرمەي ياتاتتى، باتۇرغازى چاقچاق قىلدى:

— قورقما، ھوي گايىتكا، بېشىڭنى كۆتۈر، نىكەم ئوق چۈشۈپ بولغىلى.

لېكىن، ئۇ دۈم ياتقىنىچە ياتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ياتقان ۋارىسجان بىردىنلا ۋارقىرىۋەتتى.

— قان... قان... بېشىدىن! بىرنەچچىسى ئۇنىڭ بېشىغا يىغىلدى ۋە ئۇنى ئاۋايلاپ ئاستا ئوڭدا قىلدى، ئۇڭسىلى ئۆچكەن نادەم:

— گايىتكا! گايىتكا! كۆزۈڭنى ئاچقىنا، — دېدى ھودۇقۇپ. ئوق پارچىسى ئۇنىڭ چېكىسىنى قاتتىق يارىدار قىلغان، قان ئولۇق مەڭزىنى بويلاپ ئاقماقتا ئىدى. ئۇ كۆزىنى ئاستا - ئاستا ئاچتى. رەيھان سومكىسىدىن دورىلىرىنى ئېلىپ يارىلانغان يەرنىڭ ئەتراپىنى سۈرتۈپ، دورا چاپتى ۋە داكىنىڭ ئىچىگە پاختا ئېلىپ تېڭىپ قويدى. گايىت ئاستا - ئاستا

هوشىغا كەلدى ـ دە، ئۆلىشىۋالغانلارغا نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن سەپسېلىپ:

— مەن... ئۆلمەيمەن... قورقماڭلار، — دېدى. ئۇ دەسلەپكى تېببىي ياردەم بىلەن بىرئاز ئۆزىگە كېلىپ قالدى.

رەيھان ئۇنى ھاپاش قىلىپ كەينىگە ئېلىپ كەتتى، قالغانلار ئۆرە تۇرۇشۇپ كەينىدىن قاراپ قېلىشتى. ھەممىلا ئادەم ئۇ ساق قالارمۇ دېگەن ئەندىشىدە قالدى.

غەزەپلەنگەن نادەم ئاپتوماتنى مەھكەم تۇتۇپ، ھېلىقى چولاق تامغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ تامغا ئۆلاشتى ـ دە، ئاپتوماتنى تامنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، پوتەيگە قارىتىپ توختىماي ئوت ئاچتى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئاراش يۈگۈردى. شۇ ئارىلىقتا پوتەيدىن ئوق چىقىپ قالدى، بىراق ھېچكىمگە تەگمىدى. دۈشمەن پوتەيگە يان تەرەپتىن ئۇنۇملۈك ھۇجۇم قىلىۋاتقان نادەم بىلەن ئاراشنى كۆرگەن كېۋىر ئورنىدا تۇرالماي قالدى:

— قېنى يۈر، جامالىدىن ئۇكا، بىزمۇ كەتتۇق، — دېدى ئۇ ھەم تامغا قاراپ يۈگۈردى. ئەمما، ئىس ـ تۈتەكلەر ئارىسىدىن دۈشمەن ئوقلىرى يامغۇردەك يېغىشقا باشلىدى. ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېتىپ بارغان كېۋىر بىردىنلا مەيدىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ قالدى، تىزلىنىپ يىقىلدى...

نادەم ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى:

— ئۇنى قۇتقۇزۇڭلار!

رەيھان ئۆزىنى ئوقتەك ئاتتى، كىمدۇر بىرسى ئۇنىڭ كەينىدىن ۋارقىرىدى:

— رەيھان!

دۈشمەن پوتەيىنىڭ ئەتراپىغا چۈشۈۋاتقان قول بومبىلىرى شىددەت بىلەن پارتلاۋاتاتتى. سومكىسىنى يۆلەڭلىتىپ يۈگۈرگەن رەيھاننىڭ قۇلىقىغا سەپداشلىرىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى كىرمەيتتى. ئۇ قولاق چۆرىلىرىدىن ۋىڭىلداپ ئۆتۈپ بارغان

ئوقلارغىمۇ قارىمىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس ـ ھوشىنى كېۋىر پىلىموتچىنى قۇتقۇزۇش كېرەك دېگەن بىرلا ئوي ئورىۋالغانى- دى. كېۋىرنىڭ يېنىغا ھاسىراپ يېتىپ كەلگەن قىز ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتتى، تىڭشىدى، لېكىن ئۇنىڭ يۈرىكى ئۇرۇشتىن توختاپ، كۆزلىرى مەڭگۈلۈككە يۇمۇلغانىدى. رەيھان ئۇنى يەر بېغىرلاپ سۆرەپ ئېلىپ كەلدى.

كېۋىر سۇرلۇك قىياپەت بىلەن چىشلىرىنى كىرىشتۈرۈپ، قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا ئوڭدا ياتاتتى.

— كېۋىركا!

— كېۋىركا!

ئۇرۇش مەيدانى يۈرەكتىن ئېتىلىپ چىققان كۈچلۈك، ئەمما قايغۇرلۇق ئاۋاز بىلەن جاراڭلىدى. بىردەمنىڭ ئىچىدە بۇ خەۋەر سەپتىن ـ سەپكە تارقىلىپ ئېچىنىشلىق ئېغىر تۇيغۇ قوزغىدى. جەڭچىلەرنىڭ كۆزلىرىدە ئاچچىق ياش تامچىلىرى پارقىرىدى. تىكەندەك يالغۇزلۇقتا ئۆمرىنىڭ يېرىمىنى ئۆتكۈز- گەن، ئەمدىلىكتە خەلقىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى مىلتىققا باغ- لىغان ھەم ئۇنى مەھكەم تۇتۇپ، كۆمۈردەك قاراڭغۇ تۈننىڭ باغرىغا ئاتقان سەپدىشىنىڭ سىنىمىدىن مەڭگۈ ئايرىلغانلىقىنى كۆرۈش قانچىلىك ئېغىر! جەڭچىلەر بىر ـ ئىككى مىنۇت ئېتىشىشتىن توختاپ سۈكۈتتە تۇرۇشتى.

ئەنۋەر بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ يۈزى سۇرلۇك تۈس ئال- غانىدى. ئۇ جىددىي قىلىپ:

— مەنىسىز ياشاشتىن مەنىلىك ياشاشقا ئۆتكەن، ئۇلۇغ كۈرەشكە ئۆزىنى ئاتىغان، خەلقىنىڭ بوينىغا چۈشكەن سىرتماقنى ئۈزۈش ئۈچۈن قولىغا قورال ئېلىپ ھازىرغىچە ياخشى جەڭلەر- نى قىلغان، بۈگۈن مەردلەرچە قۇربان بولغان سەپدىشىمىز كې- ۋىرنىڭ قەھرىمانلىقى بىزنىڭ ئازادلىق ئۇرۇش تارىخىمىزغا يېزىلىدۇ! — دېدى ئەنۋەر تاپانچىسىنى قولىغا ئېلىپ، —

بىز مۇشۇ مۇجۇمــمــىزنى يــولداش كېۋىرنىڭ نامى بىلەن باشلايلى!

يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان پارتلاشلار، قولاق-نى پاڭ قىلىدىغان ئوق ۋە مۇررا ئاۋازلىرى غۇلجا ئاسمىنىدىكى بۇلۇتلارنى تىترىتىپ يىراق ـ يىراقلارغا ئەكس سادا پەيدا قــىلــدى. هــەممــىنىڭ كاللــىسىدا كېۋىر ئۇچۇن دېگەن سادا جاراڭلايتتى.

# 4

شەھەردە ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازى گۈلپەمخاننى ئاللىقاچان ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىۋەتكەنىدى. ئۇرۇش باشلانغاندىن بېرى ئۇ مۇنداق دەھشەتلىك ئېتىشىش ئاۋازلىرىنى ئاڭلىمىغانىدى. بۇ يېزا شەھەرگە خېلى يىراق بولسىمۇ، لېكىن جىمجىت كېچىدە ئوق ئاۋازلىرى ئاشكارا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئانا دەسلەپ خېلى ۋاقىتلارغىچە ئوق ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ ياتتى، كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا نادەم كەلدى. ئوغلى خىيالىدىن ھېچ نېرى كەتمىدى. ئېتىشىش-لار بارغانسېرى كۈچەيدى. ئۇ ئۆي ئىچىدە تۇرالماي قالدى. ئۇ ئوغلىنىڭ ئامانلىقىنى تىلەپ دۇئا قىلدى، ئاندىن ھويلىغا چىقتى. باغلارمۇ، داللارمۇ، دەرەخلەرمۇ ئاپئاق قار بولۇپ، توزىغاندەك يەنە ئۇششاق قار يېغىۋاتاتتى. ئوق ئاۋازلى-رى تېخىمۇ قاتتىقراق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئانا بەزىدە شەھەر تەرەپكە ئەنسىزلىنىپ قارايتتى، بەزىدە چەكسىز ئاسمانغا نېمە-نىدۇر ئىزدىگەندەك تەلمۈرەتتى. كۈچلۈك پارتلاش ئاۋازىدىن ئۇنىڭغا يەر تىترەپ كەتكەندەك بىلىندى.

— يائاللا خۇدايىم، ئارسلانلىرىمىزغا كۈچ ـ غەيرەتنى يار قىلغايسەن، كۆپچىلىكنى ئامان قىلغايسەن، كۆپچىلىك قاتا-

ردا بىر تال ئوغلۇمنى ئامان قىلغايسەن. . .
بىر چاغدا سۈس قىقاس ـ چۇقان ئاڭلانغاندەك بولدى، ئانىغا باشقىدىنلا جان كىردى:
— ھە، ھە، زاۋاللىق تاپتى زالىملار، بىزگە نېمە كۈنـ لەرنى سېلىشمىدىڭ، ھەر كېتىشقاندا بىر جاجاڭنى يەيسەن، شۇنداق قىلىپ ئاخىر تۇگەيسەن! قومۇشمۇ پۈپۈكلىرىنى ئۈينىـ تىپ مىڭ غادايغان بىلەن ئاخىر بېرىپ بورا بولىدۇ، — ئۇ بىردىنلا غەيرەتلەندى. گەرچە «ھۇررا» ئاۋازلىرى پەسلەپ قالـ غان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا پەيدا بولغان غەيرەت يوقالمىغانىدى.
— ياق، — دېدى ئانا ئىشەنچ بىلەن، — ئوغلۇم كۆپچىلىكنىڭ ئازادلىقى، بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا ئوق تەگمەيدۇ. زالىملارنى يوقات ئوغلۇم! — ئانا ھاياجان بىلەن پىچىرلايتتى.
شۇ چاغدا توختاۋسىز ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازلىرى ھۆرنـ ساخانىمۇ ئويقۇسىدىن ئويغىتىۋەتكەنىدى.
ئۇ ئۇنىدەرەپ ھويلىغا چىقتى، ئوق ئاۋازلىرى تېخىمۇ قاتـ تىقراق ئاڭلىنىشقا باشلىدى.
— يائاللا خۇدايىم، — دەپ ئالىقىنىنى مەيدىسىگە قويدى ئۇ، — ئۆزۈڭگە ئامانەت، ئوت ئىچىدە پاختىنى ساقلىغان قۇدرىتىڭدىن ئايلىناي، ئەزىز ئوغلۇمنى ئامان قىل خۇدايىم. . .
ھۆرنىساخانىنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلغاندەك بولدى، ئاق سېرىق يۈزى پەردىشان ھالغا چۈشكەن، ئىنچىكە قېشى پات ـ پات يىمىرىلىپ ـ كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ياپىلاق ماڭلىيى ھېلىمدىن ـ ھېلىغا تۈرۈلەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئوغلى ۋارىسـ جاندىن باشقا ھېچ نەرسە كەلمەيتتى.
— جىنىم بالام، جېنىمنى قولۇڭغا ئېلىپ يۈرۈۋاتىسەنـ غۇ، ئىسىت، ئىسىت، نېمىشقىمۇ رازى بولدۇم ـ ھە، قاراپ تۇرۇپ بالا ـ قازاغا تۇتۇپ بەردۇق، ئۆزىمىزلا ئوتقا ئىتتىرىپ

بەردۇقۇق سېنى.

ھەۋرنىساخان نېمە قىلارىنى بىلمەي، ھويلا ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ، شۇنداق دەپ كوتۇلدايتتى. بىر چاغلاردا گۇمبۇرلىگەن توپ ئاۋازلىرى، قىقاس ـ چۇقانلار ئاڭلاندى. ئۇ ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ تىترەشكە باشلىدى:

— ياللا. . . بىرەر يېرىم پاي ئوق تېگىپ كەتسە قانداق قىلارمەن، ھارام كەتمەمدۇ بالام، ئەل يېمىگەننى يېگۈزۈپ، كيىمىگەننى كيىگۈزۈپ ئارزۇلاپ باققان ئەمەسمىدىم، نەدىن چىقتى بۇ ئىنقىلاب دېگەن بالا ـ قازا؟

شۇ ھالدا ئۇ، پايپېتەك بولۇپ، ئېرىنى قارغاپ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى:

— مېنى كالتە پەم دەيدۇ تېخى. . . توپىلاڭنىڭ ئىچىدە يۈرگىنى ياخشى، ئامىتى كېلىپ قالىدۇ، دېگىنىڭگە توي ئەمدى قاقۋاش. . .

بۇ چاغدا يېزا ئۆيلىرىنىڭ ھەممىسىدىلا چىراغ يانغان، ئادەملەر ئويغىنىپ كېتىشكەنىدى، بەزىلىرى ھويلىلىرىغا چىقىشىپ شەھەر تەرەپكە قاراپ تۇرۇشاتتى ۋە بىرنېمىلەرنى پىچىرلايتتى. نۇرغۇن ئادەملەر كوچىغا چىقىشقانىدى. ھەتتا يېڭىۋاتقان قارغا قارىماي، مۇزلاپ كۆكەرگەن، ئاياغلىرىنى قوڭالتاق سالغان ئۇششاق بالىلارمۇ بىر ئۆيگە كىرىپ، بىر كوچىغا چىقاتتى. ھەر قېتىملىق ئېتىشىشتىن كېيىن، بىر غەلىبە خەۋىرىنى ئاڭلاپ يۈرگەن خەلق بۇ ئېتىشىشتىن خۇشال ئىدى. بىردەمنىڭ ئىچىدىلا كوچىدىكى كىشىلەر كۆپىيىشكە باشلىدى. گۈلپەمخاننىڭ ھويلىسىدىن چىقىپ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ كىشىلەر توپلاشقان يەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە بىر موماي كەلدى.

— ھوي، مۇنۇ زېۋىدىخانغۇ، بارمۇ سېلى؟ — دېدى گۈلپەمخان ئۇنىڭغا قاراپ.

— قانداقراق تۇرۇۋاتىدىلا، ئەھۋاللىرى ياخشىمۇ؟
— خۇداغا شۈكۈر، ئۆزلىرىچۇ؟
— ئېتىشىشلارنى ئاڭلاپ زادىلا ياتالمىدىم، بىرنەچچە كۈنلەر بولۇپ كەتتى، كۆڭلۈمنىڭ ھېچ ئارامى يوق، ئۆز ھە- لەكچىلىكىمىز بىلەن بولۇپ، قانداق ئەھۋالىڭ دەپ سىلىنىمۇ يوقلىيالمىدىم.
— بىزنىڭ نادەم ئىنقىلابقا قېتىلىپ كەتكەندىن بېرى يالغۇزدىن - يالغۇز قالدىم، ھېلىمۇ ياخشى نادىرنىڭ بىر يالدا- مىسى مەن ئۈچۈنلا قاپتىكەن، شۇ ھەمراھ بولۇۋاتىدۇ.
— مېنىڭمۇ دەيدىغىنىم شۇ ئەمەسمۇ جېنىم گۈلپەمخان، مېنىڭ بالامغا نېمە يوق، ئۈچ - تۆت كۈن بولدى، شەھەرگە كىرىپ چىقاي دەپ كىرىپ كەتكەن. بۈگۈن چىقار يوق، ئەتە چىقار يوق، ھازىرغىچە يوق، ئاڭلىسام ئەسكەر بولۇپ كېتىپتۇ- دەك، ئاتا - ئانىنىڭ ئاغزىغا قارايدىغانغۇ بىز... — ئۇنىڭ قورۇق باسقان يۈزلىرى ئۈمچەيدى.
— بوپتۇ زىۋىدىخان، يامان ئىش قىلماپتۇ، ئەسكەر بول- غىنى يامان ئىشمىدى.
— قىزىقلا خوتۇنغۇ سىلى، جاننى قولىغا ئېلىپ سوقۇشقا كىرىدىغان ئىش ياخشى ئىشمۇ، بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ — دېدى ئۇ ھەيران بولغاندەك.
— ئويلاپ باقسىلا زىۋىدىخان، — دېدى گۈلپەمخان تەمكىنلىك بىلەن، — سىلىنىڭ ئىككى ئوغۇللىرى بار، بىرى ئەسكەر بولسا نېمە بولاتتى. مېنىڭ يالغۇز ئوغلۇم تۇرۇپ رازى بولدۇمغۇ، مېنىڭ بالام ئەسكەر بولمىسا، سىلىنىڭ بولمىسا، بۇ قانخورلارنى كىم يوقىتىدۇ. نېمە دەردلەرنى تارتمىدۇق بۇ زالىملاردىن!
— ھەي گۈلپەمخان، باغرىلىرى تاشمۇ؟ نېمە مۇشەققەت- لەر بىلەن چوڭ قىلىمىدۇق بۇ بالىلارنى، سوقۇش دېگەننى بىر

AltunOq

نېمىدەپ بولامدۇ؟ بىرەر ياماننىڭ ئوقى... — ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالماي يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىدە ئەلەملىك ھېسسىياتلار قوزغىلىپ كەتكەنىدى. گويا ئوغلى سوقۇشقا كىرىپ، بىرەر ياماننىڭ ئوقى تېگىپ ئۆلۈپ كەتكەندەك، بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەندەك ئۆپكە - ئۆپكىسىنى باسالماي قالدى.

— ئەجەبلا قىزىق خوتۇن - دە سىلى، كۆزلىرىنىڭ ئۈستىدىن بىر ئېرىق ياش ئاقىدۇ - دە، كىرپىكلىرىنى «لىپلا» قىلىسىلا تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. ماڭا قارىسىلا، خەۋەرلىرى بار، باللارنىڭ دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئېچىنىشقان يەرگە تۇز سېپىپتۇ دېگەندەك كەينىدىن نادىر كەتتى، ئۇلارنىڭ كەينىدىن مېنى يالغۇز تاشلاپ نادەم ئىنقىلابقا قېتىلىپ كەتتى، ۋاي دېدىممۇ؟ بوپتۇ، ئاكاڭنىڭ ئىنتىقامىنى ئال دېدىم. بۈلتۈر كۈزدە، دەن تۆكمۈدۈڭ دەپ شەنگەن يامۇلدىن چىققان چېرىكلەر ئۆمراخۇنكامنىڭ قولىنى ئۇرۇپ سۇندۇرۇۋەتكىنىنى ئۇنتۇپ قالدىلىمۇ يەرگە بىر نۆۋەت، ئەرگە بىر نۆۋەت دېگەن گەپ بار، ئەمدى بىزگە نۆۋەت كەلگەندە، باللىرىمىز ئىنتىقام ئالماي قاراپ تۇرسا قانداق چىدايمىز؟! ئوغۇللىرى ئۇرۇشتا دۈشمەننىڭ بېشىنى يانجىپ يولۇۋاستەك ھۆركىرەپ يۈرسە، مەيدىمىزنى كېرىپ يۈرمەمدۇق؟! قىزلار جېنىدا بىلىگە تاسما باغلاپ ئۇرۇشقا كىرىپتۇ. قارىسىلا، مەھەللىمىزدىكى خەقلەرنىڭ تەۋرەپ كەتكىنىنى، بۇلارنى كىم ئۇرۇشقا دالالەت قىلدى؟!

ئوق ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ مەھەللىدىكى ئادەملەر ھەقىقەتەن تەۋرەپ كەتكەنىدى. بېشىغا تۈلكە قۇلاقچا، ئۇچىسىغا كورەك جۇۋا، تېرە شالۋۇر كىيگەن ئادەملەر پىدائىي بولۇپ شەھەرگە يۈرۈشكە ھازىرلىنىشقانىدى. بەزىلىرىنىڭ ئاستىدا ياۋداق ئات، قوللىرىدا چوماق بار ئىدى. ئۇلار توشقان قوغلاش ئۈچۈن ھەربىر چىغ تۈۋىلىرىگە ئەمەس، بەلكى ئۇرۇش بولۇۋاتقان

يەرگە — دۈشمەن بىلەن ئېلىشىشقا ئۆزلۈكىدىن ئاتلانغانىدى. ئۇلار يەنە كىملەرگىدۇر قاراپ تۆرۈشاتتى، بەزىلەرنىڭ چاقچاق ئارىلاش گەپلىرى جاراڭلايتتى.

— ھۆي ساۋۇر، سېنىڭ ئۇ چومىقىڭ ئادەمنىڭ جېنىنى ئېلىشقا يارامدۇ، توشقانغا يارايدۇ، توشقانغا.

— سەن ئاشۇ قىرچاڭغۇ بىلەن ئۇرۇشقا كىرەلەمسەن، ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىسا بەدەر قاچار ئۇ چولاق قاشقاڭ.

ھەممىدىن كۆپرەك گەپنى ئەختەمباي قىلىۋاتاتتى:

— قېنى ئەزىمەتلەر، يولۇڭلار بولسۇن، گومىنداڭ دې-گەن ئەبلەخنى قويماي يوقىتىڭلار. ھاي ئاتا - ئانىلار، بالى-رىڭلارنىڭ ئالدىنى تورىماڭلار، غازاتقا ماڭغانلارنىڭ ئالدىنى توراش گۇناھ بولىدۇ، مانا مەن ئوغلۇمنى پىدائىيلىققا بەردىم-غۇ، ئوغلۇم تالاي - تالاي دۈشمەننىڭ كاللىسىنى ئالدى.

شۇ ئەسنادا دەھشەتلىك گۈمبۈرلىگەن زەمبىرەك ئوقىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مانا، مانا ئاڭلىدىڭلارمۇ، — دېدى ئەختەمباي، — نېمىدېگەن كۈچلۈك ئېتىلغان - ھە، تايىنلىق ۋارىسجان ئاتتى بۇنى، بىزنىڭ ۋارىسجان ھازىر قالتىس.

— بۇنى ئادەم ئاتقان بولۇشى مۇمكىن، — دېدى بىر دېھقان، — ئاۋازىغا قارىغاندا بىزنىڭ ئادەم ئاتقاندەك قىلىدۇ.

— ياق، بۇنىڭ ئاۋازىنىڭ كۈچلۈكلۈكىگە قارىغاندا، — دېدى يەنە بىر دېھقان، — گايىت ئاتتىمىكىن.

— ھېلى تاراسلاپ ئېتىلغىنى كېۋىرنىگمىكىن، بىزنىڭ كېۋىرنى ئۇستا پىلىموتچى دەيدۇ، تايىنلىق كېۋىر ئاتتى، كې-ۋىرنىڭ پىلىموتىدا قانچە يۈز دۈشمەن ئۆلۈپتۇدەك.

— پىلىموتنىڭ ئوقىغا نېمە توشۇيدۇ، دۈشمەن دېگەننىڭ سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپ كېتىپتۇدەك.

— ھەممىدىن چىڭ چىققىنى ئەنۋەر ئەپەندى بولدى،

گايمت، كېۋىرلارنى كەينىگە سىلىپ شۇنچە ئىشلارنى تەۋرەتتى ئۇ، ئوقۇغان ئادەم باشقا - دە.

— ئۇنىڭ باشلىقىمۇ ئەپەندىمىش.

— مەيلى قايسى بولسىمۇ، — دېدى ئەختەمباي، — ھەممىسى يۇرت بالىلىرى، مېنىڭ بالىلىرىم. گايمت، ئادەملەر ئۆزۈن يىل مېنىڭ تۇزۇمنى يېگەن، جامالىددىنمۇ نەچچە يىل قولۇمدا تۇرغان، ئەنۋەر ئەپەندىمۇ قالتىس گەپ ئاڭلايتتى، دېگىنىمنى قىلدى، يېتىملارنى ئوقۇتتى، تەربىيىلىدى. قېنى ئەزىمەتلەر، مېڭىڭلار، ئەنۋەر ئەپەندىنىڭ كەينىگە چۈشۈڭلار، ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭساڭلار دۈشمەننى قويماي يوقىتىسىلەر.

ئاتلانغان پىدائىيلار چوماقلىرىنى پولاڭلىتىپ شەھەرگە قا-راپ يۈرۈپ كەتتى.

بۇلار قوللىرىغا تاياق - چوماق ئېلىپ، ياۋىداق ئاتلىرىنى مىنىپ ئۆزلۈكىدىن تەشكىللەنگەن پىدائىيلار، بۇلارغا ھېچكىم ئىنقىلابقا قاتناش دېگىنى يوق. بۇلارنى شۇنچىلىك ئىشتىياق - قىزغىنلىققا، ھاياجانلىق، جان پىدالىق تۇيغۇغا كەلتۈرگەن كۈچ نېمە؟ يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىققان قىساس ئوتى! بۇلار، ئۆزلىرىنىڭ گومىنداڭ ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ئادەم قاتارىدا كۆرۈلمىگەنلىكى، بوزەك بولغانلىقى ۋە خارلانغاز-لىقىنىڭ ئەنتىنى ئالماقچى، زۇلمەتلىك ئالەمنىڭ باغرىغا چو-ماق ئۇرۇپ يورۇقلۇق تاپماقچى، قىساس قوشۇنلىرىنىڭ قاناد-سىز ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ قويماقچى!

ئېتىشىش ئاۋازلىرى ئاستا - ئاستا پەسىيىشكە باشلىدى، كېچىچە ياغقان قارمۇ پەسلىدى. سۇبھى كۆتۈرۈلۈپ، تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلى-دى، سوغۇق شامال سۆس ئۇشقىتاتتى. گۈلپەمخان غەيرەتلىك قەدەملىرىنى ئالدىرىماي بېسىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

# يىگىرمىنچى باب

## 1

ئۆستەل ئۈستىگە ھەرەمباغنىڭ چوڭايتىلغان خەرىتىسى يې-
يىلغان، ئىسھاقبېك سەل ئېگىلىشىپ قولىدىكى قىزىل قېرىنداش
بىلەن خەرىتىگە ھۇجۇم قىلىنىدىغان يەرلەرگە بەلگە ئۇرماقتا
ئىدى. ئۇ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە پۈتۈن زېمى-
نى بىلەن ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تۈزمەكتە ئىدى.
ئىشىك ئېچىلدى. ئۆيدىكىلەر كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراشتى.
كىرىپ كېلىۋاتقان ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئابدۇكېرىم ئاببا-
سوف ئىدى. ئۇلار قىزغىن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئەخمەتجان
بىلەن ئابباسوف خەرىتىدىكى بەلگىلەرگە زەن سېلىپ ئۇزاق
قارىدى. ئەخمەتجان بىلەن ئابدۇكېرىم قوماندانلىق شتابىغا
پات - پات كېلىپ ئىسھاقبېك بىلەن ئۇرۇش توغرىسىدىكى
كونكرېت مەسىلىلەر ئۈستىدە مەسلىھەت قىلىشىپ تۇراتتى.
ئىسھاقبېك قولىدىكى قېرىنداشنى خەرىتە ئۈستىگە تاشلاپ
قويۇپ مۇنداق دېدى:
— ھېلىراقتا كوگۇرشىندىن كەلگەن ئىككى خەۋەرچى
پارتىزانلىق قىلغان دوكلاتىغا قارىغاندا، تاغ ئاغزىدا دۈشمەن
پەيدا بولغان، گومىنداڭ راۋېدكىچىكلىرى بىزنىڭ پارتىزانلىرى-
مىز بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ ئېتىشقان، پارتىزانلىرىمىز دۈش-
مەن رازۋېدكىچىلىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان، دۈشمەن رازۋېدكى-
چىلىرى باشلىقىنىڭ يانچۇقىدىن ناھايىتى مۇھىم بىر خاتىرە

دەپتەر چىققان، خاتىرە دەپتەردە:

«گېنېرال جانابلىرى، شى پىلى باشچىلىق قىلغان قىسىم- لار 1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، كوگۈرشىن تاغ ئاغزىدىن ئۆتتى ۋە قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنى يوقىتىش ئۈچۈن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە» دەپ يېزىلغان. تاغ ئاغزى گەرچە هازىر تېپتىنچ تۇرغان بىلەن ئەتە - ئۆگۈن گومىنداڭ- نىڭ ئاساسىي كۈچى بۇ يەردە پەيدا بولۇشى مۇمكىن.

— ئىسهاقبېك توغرا ئېيتتى، — ئەخمەتجان ئۇنىڭ پەرىزىنى مۇقىملاشتۇرۇپ شۇنداق دېدى، — دۈشمەن ھىيلە- گەر، ئۇ بىزنىڭ كۈچىمىزنى پارچىلىماقچى، بىزنىڭ دىققىتى- مىزنى كەڭساي تاغ ئاغزىغا بۇراپ قويۇپ، پەيتنى تېپىپ بىزگە ھۇجۇم قىلماقچى.

— ھەرەمباغدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىمۇ، — دېدى ئابدۇكېرىم جىددىي قىياپەتتە، — ياردەمگە كېلىدىغان قوشۇن- لىرىنىڭ يېقىنلاشقىنىنى ئاڭلىسا، بىزگە شىددەت بىلەن ھۇ- جۇم قىلىشى مۇمكىن.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، — ئەخمەتجان ئۇلاشتۇرۇپ سۆزلەپ كەتتى، — بىرىنچى ئاينىڭ ئون ئۈچىنچى كۈنى ئۇلارنىڭ ھۇجۇم قىلغانلىقى بۇنى ئىسپاتلىدى.

بىرىنچى ئاينىڭ ئون ئۈچىنچى كۈنى كېچىسى شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ھەرەمباغ گازارمىسىغا جايلىشۋالغان گو- مىنداڭ قوشۇنلىرى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىغانىدى. ئۇلار قو- رۇلارنى، كوچىدىكى دەرەخلەرنى دالدا قىلىشىپ، شەپىسىز ھالدا قىزىل كۆۋرۈككە كەلگەندە، كۆۋرۈك يېنىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئىچىگە ئورۇنلاشقان قوزغىلاڭچىلارنىڭ قاراۋۇللىرى تۇيۇپ قېلىپ، قاتتىق ئېلىشقان ۋە پىلىموتلاردىن شىددەت بىلەن ئوق ئېچىپ يېرىم سائەت تىركەشكەندىن كېيىن، دۈش- مەن ئۇۋىسىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولغانىدى.



— بىز دۈشمەنگە ئالدى بىلەن ھۇجۇم قوزغىشىمىز لازىم، — دېدى ئەخمەتجان، — بولمىسا ئۇلار بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆتۈۋېلىشى مۇمكىن، بىز ئالدى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتەمدۇق ياكى مۇداپىئەگە تەييارلىنامدۇق، بۇنى بەلگىلىشىمىز لازىم.

ئەخمەتجان بۇ سۆزى بىلەن بىر مۇھىم مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىر مىنۇتتەك جىملىق ھۆكۈم سۈردى.

ئىسھاقبېك ئويلانغان ھالدا بارمىقى بىلەن ئۈستەلنى چېكىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ھەم ھۇجۇمغا، ھەم مۇداپىئەگە پۇختا تەييارلىق قىلىشىمىز كېرەك.

ئەخمەتجان ئۇنى قۇۋۋەتلىدى:

— مەن بۇ پىلانغا قوشۇلىمەن. مېنىڭچە بىز ئاچال تاغ ئاغزىغا پۈتۈنلەي كۆڭۈل بۆلمىسەكمۇ بولمايدۇ. دۈشمەن بىزنىڭ ھەربىي كۈچىمىزنى غەربكە جەلپ قىلىپ قويۇپ، ئاچالدىن ھالقىپ ئۆتۈشنى قەستلەيدىغان ئەھۋال يۈز بېرىشى مۇمكىن. چۈنكى، كەڭساي بىلەن كېلىش يىراق، ئەپسىز ھەم ئۇ يەردە بىزنىڭ قوشۇنلىرىمىز بار، بۇنى دۈشمەن ياخشى بىلىدۇ، — ئەخمەتجان ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — پىلان تۈزگەندە ھەر خىل يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئېلىش لازىم. بولمىسا دۈشمەن بىزنىڭ چوتنى خاتا سوقۇپ قويۇشىمىزدىن پايدىلىنىپ، بىزنى ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىتىدۇ. ئەگەر دۈشمەن بىز ئويلىغان يۆنىلىشتە ھەرىكەتلەنسە، ئۇ چاغدا ناھايىتى ياخشى بولغان بولاتتى، ئۇلار بىزنىڭ بۆكتۈرمىمىزگە چۈشۈپ قالاتتى. لېكىن، ئىش ئۇنداق ئوڭۇشلۇق بولىۋەرمەيدۇ، دۈشمەنمۇ سەگەكلىشىپ تېخىمۇ ھىيلىگەرلىشىپ كەتتى. ئەگەر ئۇ باشقا بىر يۆنىلىشنى تاللىۋالسىچۇ؟ — ئۇ ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشتىن

توختاپ، ئۆز سوئالىغا جاۋاب بەردى، — بىز بۇ ۋاقىت ئىچىدە جەڭگىۋار ئەترەتلىرىمىزنى ھەرقايسى جايلارغا ئورۇنلاشتۇرغۇدەك قۇدرەتكە ئىگە ئەمەسمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن قوشۇنلىرىمىز جانلىق، ھەرىكەتچان بولۇشى، ھەر خىل تەييارلىقتا تۇرۇشى لازىم. ئەگەر دۈشمەن ھەر ئىككى تاغ ئاغزىدىن ماڭسا، ئۇ چاغدا دۈشمەننىڭ كوگۇرشىندىن ئۆتۈپ، بىزنىڭ قاپقىنىمىزغا چۈشۈشىگە يول قويۇپ، ئۇلارنى شۇ جايدىلا يوقىتىشقا توغرا كېلىدۇ، ئاندىن كۈچىمىزنى توپلاپ ئاچالغا ئاتلىنىپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى جىلغىغا كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى شۇ يەردە تولۇق يوقىتىشىمىز كېرەك. مانا بۇلارنى يولداش ئىسھاقبېك ئوبدان ئويلىشىپ كۆرسۇن، باشقىلارمۇ ياخشىراق ئويلىنىپ باقايلى.

ھەممەيلەن جىمجىت بولۇپ قېلىشتى. ئىسھاقبېك بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئويلىنىپ تۇراتتى. ئەخمەتجان ئۇياقتىن بۇياققا ماڭاتتى، ئۇ قوللىرىنى بىردە چاپىنىنىڭ يانچۇقلىرىغا سالاتتى، بىردە ئۇۋۇلاپ قاراسلىتىپ ئىسھاقبېككە، ئابدۇكېرىمگە سوئال نەزىرىدە قارايتتى. ئۆزىگە ياراشقان كالتە خۇرۇم چاپان كىيگەن ئابدۇكېرىم خەرىتىگە تىكىلىپ تۇراتتى. ئىسھاقبېك خىياللىرىنى بىر نۇقتىغا جەملىدى ـ دە، ئەخمەتجانغا بۇرۇلۇپ مۇنداق دېدى:

— مېنىڭچە، ئاچال تەرەپكە قوشۇن ئەۋەتىش كېرەك، ئۇ يەر داخىيەنزە جىگدىن چىققان دۈشمەن قوشۇنلىرى ئۆتىدىغان جاي.

ئابدۇكېرىم ئۇنى قۇۋۋەتلىدى:

— توغرا، — دېدى ئۇ ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — ئۇ يەرگە مېنىڭچە نىزامىدىن قىسىملىرىنى ئەۋەتىش كېرەك.

— مېنىڭمۇ ئويۇم نىزامىدىن ئىدى، قوشۇلىمەن، — دېدى ئىسھاقبېك.

ئەخمەتجانمۇ ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى:

— نىزامىدىن قىسىملىرى تاغلاردا ئۇرۇش قىلىپ چېنىققان، ئەمتىرەپ قالمايدۇ.

— يولداش ئىسهاقبېك، سىزدىن بىرنەرسىنى سورىۋالاي، — دېدى ئابدۇكېرىم، — كوگگۇرچىن داۋىنىدىن كەلگەن رازۋېدكىچىلىرىمىز ئۆلگەن دۈشمەننىڭ يانچۇقىدىكى خاتىرىدىن باشقا نەرسىلەرنى بايقىماپتىمۇ؟

ئىسهاقبېك ئويلىنىپ، ئۆزىمۇ سوئال قويدى:

— يولداش ئابدۇكېرىم، سىز قايسى مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇۋاتىسىز؟

— مەن دۈشمەننىڭ يېمەك - ئىچمىكى، كىيىم - كېچىكى، قورال - يارىغى، روھى كەيپىياتى قاتارلىقلارنى كۆزدە تۇتۇۋاتىمەن.

— داۋاندا ئۆلگەن دۈشمەنلەرنىڭ بويىنىدا يىپقا تىزىپ ئۆتكۈزۈۋالغان، خۇددى مۇزدەك قاتقان گىردە نان، ئۈچىسىدا ماتادىن ئېتىلگەن كۆل رەڭ پاختىلىق شىم - تۇجۇركا، پۇتىدا پاختىلىق خەي، باشلىرىدا بىرىنىڭ تېرە، ئىككىسىنىڭ پاختىلىق قۇلاقچا بولۇپ، ئىككى يۈزدىن ئوق، تۆتتىن گىرانات بار ئىكەن. ئەپسۇسكى ئۇلارنى تىرىك تۇتۇشقا مۇمكىن بولماپتۇ.

— دېمەك، دۈشمەنلەر داخېيەنزىدىن 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى يولغا چىققان، ئىككى كۈن يول يۈرۈپ، كوگگۇرچىن داۋىنىنىڭ ئاستىغا ئۇلاشقان. بۇ ئەسلىدە بىر كۈنلۈك يول ئىدى، لېكىن يوللار قېلىن قار بىلەن كۆمۈلۈپ كەتكەن، دېھقانلارنىڭ قان تۆككۈلگەن يىلى سوغۇق قاتتىق بولىدۇ، دېگىنىدەك بۇ يىل سوغۇق قاتتىق، قونالغۇ قىلغۇدەك ئۆيلەرمۇ يوق. ئەسكەرلىرىدە قىشلىق ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەك ناچار، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەر شارائىتىنى بىلمەيدۇ. ئەگەر دۈشمەنلەرنى تاغ ئىچىگە قامىۋالساق، ۋاقتىنى ئۇزۇنغا سوزساق، ئۇلار تەبىئەت دەھشىتىدىنمۇ هالاك بولىدىكەن - دە؟...

— شۇنداق، — دېدى ئىسھاقبېك ئىشەنچلىك ھالدا، — دۈشمەن ياخشى قوراللانغان بولسىمۇ، ئالغا ئىلگىرىلەشمۇ، كەينىگە چېكىنىشمۇ قىيىن بولغان قارلىق تاغدا ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ - دە، ئۇلارنى يېڭىش ئاسانراق بولىدۇ. ئەمدى شەھەر ئىچىگە كېلەيلى: دۈشمەن كەلگەن سايىن ئۆتەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ يەردە بىزنىڭ كۈچلۈك ئەترەتلىرىمىز بار. ئېلىنغان مەلۇماتقا قارىغاندا، ھازىر ھەرەمباغ، لياڭشاڭ بۇتخانىسى، ئايرودروم ئىچىدە ئىككى مىڭ سەككىز يۈز دۈشمەن ئەسكىرى بار. بۇ ئۈچ ئورۇننى بىزنىڭ پارتىزان، خەلقلىرىمىز بولۇپ يەتتە مىڭ كىشى قورشاپ ئالغان. لېكىن، يەتتە مىڭ كىشىدىن بىر مىڭ ئىككى يۈز كىشىدە قورال بار، قالغانلىرى تاياق - چوماق كۆتۈرگەن قىقاسچىلار، شۇڭا بىزنىڭ دىققىتىمىز كۆپرەك مۇشۇ ئۈچ ئورۇنغا قارىتىلىشى كېرەك.

ئەخمەتجان قاسىمى ئادەتتىكى بويىچە ئۆي ئىچىدە يەنە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپ ھەرەمباغنى ئېلىشنىڭ يوللىرىنى ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىز ھازىر ئاساسىي دىققىتىمىزنى ھەرەمباغقا قارىتىشىمىز لازىم. بۇ ناھايىتى مۇھىم بىر جاي. ئەگەر بۇ جايغا قامىلىپ قالغان گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىلەن يېتىپ كېلىدىغان قوشۇنلىرى بىرلىشىۋالسا، ئۇ بىز ئۈچۈن ئىنتايىن خەتەرلىك بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز شەھەر خەلقىنى تەشكىللەپ، شەھەر ئەتراپىدىكى يېقىن يېزا ئاھالىلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، گومىنداڭ بىلەن جەڭ قىلىشىمىز، دۈشمەننى پۈتۈنلەي يوق قىلىشتا ھەممە ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىشىمىز لازىم. يولداش ئىسھاقبېكنىڭ ھەرەمباغ توغرىسىدىكى ھېلى ئېيتقان پىكرى توغرا، بۈگۈن بولمىسا ئەتە دۈشمەن چوقۇم ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز پۈتۈن سەپ بويىچە ھەم مۇداپىئەگە، ھەم ھۇجۇمغا ھازىرلىنىشىمىز لازىم. ئەگەر دۈشمەن ئال-

دىن ھۆجۇم قوزغىسا، ئۇ چاغدا تېخىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى. ئۇ چاغدا بىز ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارغا زەربە بېرىپ، لياڭشالڭ، بايكۆلنى ئىشغال قىلاتتۇق، ھەتتا شۇ پايدىلىق ۋەزىيەتتىن تولۇق پايدىلىنىپ ھەرەمباغنى ئىشغال قىلىۋېلىشىمىزمۇ مۇمكىن ئىدى. قانداق بولمىسۇن دۇشمەن ئۈچۈن ئۇپرىتىلىشى لازىم، بۇ يەردە ئۇنىڭ تولۇق قىلاپ. ئالىدىغان ئاساسى يوق. ئۇ چاغدا ئۇلار ياردەمچى قوشۇننى كۈتمەي، قامالنى بۇزۇشقا ئۇرۇنىدۇ، ئۇرۇنغانىكەن، ئەلۋەتتە تېزلا زەربىسىنى يەيدۇ. بۇنداقتا شەھەر رايونىغا بولغان تەھلىكىمۇ كېمىيىدۇ. بىزمۇ بەزى تەجرىبىلەرگە ئىگە بولۇپ قالدۇق. گومىنداڭ كەلگ ــ كۈشادە جەڭ ئېلىپ بېرىشتىن قورقىدۇ، ئۇلار نىلقىدىكى پاجىئەلىك ساۋاقتا ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن مۆلچەرلەش مۇمكىنكى، گومىنداڭ قوشۇنلىرى كوگۈرشىندىن ئۆتۈپ، تۇزلەڭلىككە چۈشكەن تەقدىردىمۇ، ھەرەمباغقا يېتىپ كېلەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يولىنى بىزنىڭ ئەۋەتكەن پارتىزانلىرىمىز توسىۋالىدۇ.

كۈن ئولتۇراي دېگەندە، ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئىسھاقبېكنىڭ بۆلۈمىدىن خۇشال كۆلۈشۈپ چىقتى. ئىسھاقبېكمۇ ئۇلارنى ئۇزىتىپ بىللە چىققانىدى. دەرۋازىنىڭ تۈۋىگە كەلگەندە، دەسلەپ ئەخمەتجان كۆلۈمسىرەپ ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزاتتى:

— خەير ئەمىسە، مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز.

— خەير ئەخمەتجان، خەير ئابدۇكېرىم، — دېدى ئىسھاقبېك ھۆرمەتبىلدۈرۈپ.

دەرۋازىدا پوستتا تۇرۇۋاتقان نادەم «ئەخمەتجان» دېگەن بۇ سۆيۈملۈك نامنى ئاڭلاش بىلەنلا ھەيرانلىق ۋە ھاياجان ئىلكىدە قالدى.

نادەم ئەخمەتجاننىڭ تەرىپىنى كۆپ ئاڭلىغان، كۆرمەي

تۇرۇپ كۆڭلىدە خېلى بۇرۇنلا ئۇ كىشىگە نىسبەتەن ھۆرمەت تۇيغۇسى قوزغالغانىدى. ئۇ ئەخمەتجان بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئالدىغا ئىككى قەدەم مېڭىپ:

— سالام، ئەخمەتجان ئەپەندىم! — دېدى ۋە ئاۋازىنىڭ قاتتىق چىقىپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمىدى.

— ئوھۇي، هارۋىكەش يىگىت، — دېدى ئەخمەتجان مۇلايىم قىياپەتتە كۈلۈمسىرەپ، — ئىنقىلاب شامىلى يېزىدىن سىزنىمۇ ئۇچۇرۇپ كەپتۇ - دە، يېزىدىكى چاغدا سىز گومىندائچىلارنىڭ زۇلۇمىغا يالغۇز ئۆزىڭىزلا قارشى چىقىپ زەربە بېرەلمەيتتىڭىز، مانا ئەمدى، ھەرقاندىقىغا بوزەك بولمايسىز.

— شۇنداق ئەپەندىم، هازىر جاجىسىنى تازا بېرىۋاتىمىز، — دېدى نادەم ئەمدى خېلىلا غەيرەتلىنىپ.

ئابدۇكېرىم سۆز قىستۇردى:

— مۇشۇ قورالنى چىڭلا تۇتساق، باشقىلارغا بوزەكمۇ بولمايمىز، ئارزۇ - ئارمانلىرىمىزغىمۇ يېتەلەيمىز.

ئەخمەتجان مېهرىبانلىق بىلەن نادەمنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ:

— خەير يىگىت، ھوشيار بولۇڭ! — دېدى.

ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوف بۇ يەرگە ئاتلىق كېلىشكەنىدى، ئۈنىڭغىچە ئاتلىرىمۇ كەلتۈرۈلدى، نادەم ئۇلارنى ئاتقا مىندۈرۈش ئۈچۈن تەمشىلىۋىدى، ئىسهاقبېك:

— قېنى يىگىت، سىز ئۆز ئورنىڭىزغا كېلىڭ، بۇ ھۆرمەتنى مەن بىلدۈرەي، — دېدى - دە، ئۇلارنى ئاتلاندۇرۇپ يولغا سالدى.

نادەم پوستا تۇرۇش نۆۋىتىنىڭ دەل مۇشۇ ئۈنتۈلغۇسىز پەيتكە توغرا كەلگەنلىكىدىن ئىنتايىن رازى بولۇپ، ئۇلارغا زوقلىنىپ قاراپ قالدى.

# يىگىرمە بىرىنچى باب

## 1

جىرا ئېغىزى ۋە قىيا تاشلار ئۈستىدە كۈنگە قاقلىنىپ شۈمشىيىپ ئولتۇرغان قوزغۇنلار ھەيۋەت بىلەن كېلىۋاتقان قوشۇندىن ئۈركۈپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. قوزغۇنلار ئۇزۇن يىللىق ئۆمرىدە كۆرمىگەن بۇ ھەيۋەتلىك ئاتلىقلارغا ھەيران قالغاندەك ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ئەگىشىشكە باشلىدى. ئاتلىق قوشۇننى كۆرۈپ قاچقان ئاچ بۆرىلەر ئېگىز چوققىلارغا چىقىپ چوقچىيىپ ئولتۇرۇشتى. ھىيلىگەر تۈلكىلەرمۇ ئانچە يىراققا كەتمەي قىيا تاشلار ئارىسىغا كىرىپ قاراپ تۇرۇشتى:

نىزامىدىننىڭ ئىككى يۈز كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى بۇيرۇق بويىچە بۈگۈن كېچىدە ئاچالغا قاراپ يولغا چىققان، ئۇلار شۇ تاپتا بۇ كەڭرى سايغا كىرگەنىدى. قوشۇننىڭ ئالدىدا تۇرۇق ئاتقا مىنگەن، بېلىگە تاپانچا ئاسقان، بېشىغا ئاق قۇلاقچا كىيگەن بەستلىك نىزامىدىن كېلەتتى. ئۇ قوشۇنلىرىنى باشلاپ پەنجىمبۇلاققا كەلگەندە، تۇنۇگۈن بۇياقنى چارلاشقا ئەۋەتكەن بەش نەپەر رازۋېدكىچىنىڭ ئىككىسى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلار: «دۈشمەندىن تېخى شەپە يوق»، دېيىشتى. نىزامىدىن خاتىرجەم بولۇپ يۈرۈشنى داۋاملاشتۇردى.

بۇ چوڭ سايغا ئىككى ياقتىكى سانسىزلىغان جىرالاردىن شوخ تاغ سۇلىرى ئېقىپ چۈشەتتى، ھازىر بولسا قېلىن مۇز بىلەن قاتقان سۇ يوللىرىدىن قويۇق ھور كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى.

نادەم ئىككى ياققا تەكشى قاراپ كېلىۋاتاتتى. بۇك قارىغايلىق قاپتاللار ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈنەتتى. ئۇ يەر - بۇ يەرلىرى ئاقىرىپ كۆرۈنگەن قارىغايلىقلار ئارىسىدا توپ - توپ بولۇپ يۈرگەن ئۇچقۇر كېيىكلەرنى ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. قەيەرلەر- دىندۇر كەكلىك، قىرغاۋۇللارنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى. مۇز قاپلىغان قىرغاقلىرىنى سۆيۈپ، تاشتىن - تاشقا سەكرىشىپ ئېقىۋاتقان ئويناق، شوخ سۇلار ۋە ئاشۇ قىرغاقلاردىكى ئاپئاق سۇزۇك مۇزلار سېخىيلىك بىلەن تۆكۈلۈۋاتقان كۈن نۇرىدا قىم- مەتلىك ئېسىل تاشلاردەك يالتىراپ كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى. يېزىدا تۇغۇلۇپ چولڭ بولغان نادەم تاغلاردا قانچە - قانچە جەڭ- لەرنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تاغنىڭ قىش مەنزىرىسىنىڭ مۇنچىلىك گۈزەل ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن تاغ- نىڭ قىشلىق مەنزىرىلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاجايىپ بىر يېڭى- لىق، قىزىقارلىق بولۇپ تۇيۇلدى. شۇڭا، ئۇ بۇ مەنزىرىلەرگە تويماي - تويماي قارايتتى، «قىش مۇنچىلىك گۈزەل، يې- زى قانچىلىك گۈزەلدۇر - ھە؟» دەپ ئويلىدى. بۇ يەرلەرنىڭ ھۆكۈمرانى ھازىر نادەملەر، مانا بۇنى ئويلىسىلا ئۇنىڭ غۇرۇرى بارغانسېرى ئېشىپ كېتەتتى. «دۇنيادا مۇنداق گۈزەل يەر يەنە بارمىدۇ؟! ئېھ... گۈزەل تۇپراق، سېنىڭ بۇ گۈزەل يەرلىرىڭنى دۈشمەننىڭ ئىپلاس ئاياغلىرىدا بۇلغىتىش مەن ئۈچۈن گۇناھ!...» ئۇ كۆكسىنى تولدۇرۇپ چوڭ- قۇر نەپەس ئالدى - دە، ھەيۋەتلىك، كۆركەم بۇك قارىغايلىق قاپتاللارغا زوقلىنىپ قارىدى.

قوشۇن ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.

نىزامىدىن ئۆز قىسىملىرىنى بىر كىلومېتىردەك يەرگە يايدى. پارتىزانلار قىيا تاشلار، چاتقاللىقلار ئارىسىدىكى ئەپلىك جايلارغا ئورۇنلاشتى.

نىزامىدىن ئوتتۇرا ۋە كىچىك ئەترەت كوماندىرلىرىنى چا-

قىرىپ مۇنداق دېدى:

— ئالدى بىلەن قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكۈچە ئوقتىن پاناھ-لىنىش ئىستىھكاملىرى ياسىلىشى كېرەك. ۋەزىپىمىز ئاچالدىن كېلىدىغان دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بېرىش. بۇ يەردە ئېھتىمال بىر كۈن تۇرارمىز ياكى بىرنەچچە كۈن تۇرارمىز، ھازىر بىرنېمە دەپ بولمايدۇ. ھاۋا سوغۇق، كېچىسى تېخىمۇ سوغۇق بولىدۇ. شۇڭا، بىرمۇ ئادەمنىڭ ئۇخلىشىغا يول قويۇل-مايدۇ، ئارىلاپ تەكشۈرۈپ تۇرۇش كېرەك.

نىزامىدىننىڭ جېكىلەپ ئېيتىۋاتقان سۆزلىرى كوماندىرلار ئۈچۈن چۈشىنىشلىك ئىدى.

— ئوزۇقلىنىشچۇ؟ — سورىدى ئەنۋەر.

— ئوزۇقلىنىش پاناھلىنىش ئىستىھكاملىرى پۈتكەندىن كېيىن بولىدۇ، — دېدى ئۇ ۋە يەنە تاپىلىدى، — لېكىن ئوت قالاپ چاي قاينىتىشقا، ئىسسىنىشقا ھەرگىز بولمايدۇ، قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن تاماكا چېكىشكىمۇ بولمايدۇ.

كوماندىرلار تارقالدى.

پارتىزانلار قار ئاستىلىرىدىن تاشلارنى چىقىرىپ ئەكېلىش-كە باشلىدى، يوغان تاشلارنى بىرنەچچىسى «ھە ـ ھۇ» بىلەن ئىتتىرىپ يۇمىلىتاتتى، كىچىكرەكلىرىنى كۆتۈرەتتى، بەزى تېخىمۇ يوغان تاشلارنىڭ ئاستىغا پىشالىڭ سالاتتى. ياسىلىۋاتقان ئېگىزلىكى يېرىم مېتىرغىچە كېلىدىغان پاناھلىنىش تاملىرى ئارىسىغا شاخ ـ شۇمبىلار قىستۇرۇلاتتى. قارلارنى شاخ ـ شۇمبىلار ئۈستىگە چېچىپ، تاشلارنى يېرىم كۆمەتتى. شۇنداق قىزغىن، ئالدىراشلىق بىلەن قىلىنىۋاتقان ئەمگەك پارتىزانلارنى بىردەمدىلا قىزىتىپ تەرلىتىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ بويۇنلىرى-دىن، قولاق چۆرىلىرىدىن تەر تامچىلىرى ئېقىشقا باشلىدى.

بىرىنچى ۋەزىپە ناھايىتى كۆڭۈللۈك ھالدا تېزلا پۈتتى. پارتىزانلار مانا ئەمدى ئەركىن ـ ئازادە ئولتۇرۇشۇپ تاماكا

چېكىشكە باشلىدى. پارتىزانلار تاماكا چېكىش پەيتىنى ئەڭ قەدىرلەيتتى. شۇنداق ھاللارمۇ بولاتتى، تاماكا گويا ئۇلارنىڭ مۇڭدىشى، سىردىشى بولاتتى. ئۇلار بېشىغا ئۇشتۇمتۇت كەلگەن ئەلەملىرىنى تاماكا چېكىش بىلەن ئاخىرلاشتۇراتتى، خۇشاللىق-لىرىنىمۇ تاماكا چېكىش بىلەن كۆڭۈللۈك ئورتاقلىشاتتى.

پارتىزانلار بەللىرىگە تۈگۈۋېلىشقان مۇزدەك، پىششىق گۆشلىرىنى ئېلىپ مەززە قىلىپ يېيىشكە باشلىدى.

— قاراڭلار، ماۋۇنىڭ گۆشىنىڭ مايلىقلىقىنى، — دېدى جامالىدىن باتىرغازىنى كۆرسىتىپ.

— شۇنىڭ ئۈچۈن گۆش پارچىلاشقا ئامراقتە بۇ، — دېدى ئاراشمۇ ئۇنى قۇۋۋەتلەپ.

باتىرغازى مايلىق قوۋۇرغىنى ھەدەپ چايناپ:

— سەن قالماقنى گۆش پارچىلاشقا قويغىلى بولامدۇ، ھەممىنى ھارام قىلىسەن، — دېدى كۈلۈپ، ئاراش باتىرغازى-نىڭ قولىنى شەرەت قىلىپ:

— ساڭا مايلىق بولسىلا ھالال بولىدىغۇ - ھە؟ — دېدى.

— مەن ئەمگەك قىلغاندىكىن ئەلۋەتتە مايلىقراق يېرىنى يېيىشىم كېرەك.

— سېنىڭ ئەمگىكىڭنىڭ مەقسىتى چۈشىنىشلىك، گۆش پارچىلاشتىن باشقا ئىشقا قاراپمۇ قويمايسەن، گۆش بولسا ئۆ-زۈڭنى ئاتىسەن.

— راستىنى ئېيتسام ئاغىنىلەر، — دېدى باتىرغازى، — بىر تاۋاق پولۇيۇڭدىن بىر پارچە گۆشنى ئەۋ-زەل كۆرىمەن. گۆش يېسەم تەنلىرىم يايراپ كېتىدۇ، بىراق مۇزدەك گۆشتە ھېچقانداق مەززە يوق.

— مەززىسىنى قورساقتا چۈشكەندە بىلىسەن، بولمىسا، ئەكەلگىنە قوۋۇرغاڭنىڭ قالغىنىنى مەن يەۋېتەي.

غىزالىنىپ بولغۇچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، ئاسماندىكى
يۇلتۇزلار پارتىزانلار بىلەن كۆز قىسىشىۋاتقاندەك ئالتۇن كىر-
پىكلىرىنى چىمىرلىتىپ تۇراتتى. گويا ئۇ قول سوزسا يەتكۈدەك
يېقىن يەردە تۇرغاندەك بىلىنەتتى. قاپتاللارنىڭ بەزى يەرلىرى
قارامتۇل، بەزى يەرلىرى ئاقۇچ كۆرۈنمەكتە ئىدى. تۆۋەندە
جىرا - جىرالاردىن شاۋقۇنلىنىپ ئېقىۋاتقان سۇلاردىن قويۇق
هور كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. قەيەردىدۇر يىراقلاردىن ئاچ بۆرىلەر-
نىڭ هۇۋلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

كېچىنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزۈش تەس، لېكىن پارتىزانلار
ئۈچۈن تەسمۇ ئەمەس. ئۇلار قانچە - قانچە كېچىلەرنى مۇشۇنداق
ئۇخلىماي ئۆتكۈزۈپ كۆنۈپمۇ قالغان. كىشى دۇنياغا كەلگەندى-
كەن، ئاچ قېلىشى، ئۇيقۇسىز قېلىشى مۇمكىن، لېكىن تارت-
قان جاپا - مۇشەققەتلىرى، تۆككەن قانلىرى ئەهمىيەتلىك بىرەر
ئىشقا سەرپ قىلىنىپ ئۆز ۋەتىنىنى ئاياغ ئاستى قىلغۇچىلاردىن
ئازاد قىلىش ئۈچۈن تەقدىم قىلىنسا، ئەركىنلىك، تەڭلىك
ئۈچۈن هەسسە بولۇپ قېتىلسا، دۇنيادا بۇنىڭدىن ئارتۇق خۇ-
شاللىق بولامدۇ؟!

ئۈچتىن، تۆتتىن بولۇشۇپ مىلتىق، ئاپتوماتلىرىنى قۇ-
چاقلىشىپ ئولتۇرۇشقان ياكى يانپاشلىغان، قىزىق پاراڭلارغا
چۈشكەن پارتىزانلارنى نىزامىدىن مۇهاپىزەتچىسى ئاقىلبەك بى-
لەن ئارىلاشقا باشلىدى.

بەزىلەر ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ئېغىر كۈنلەرنى ياكى ئاتا -
ئانىلىرىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ۋە ياكى مۇهەببەت ئوتىغا گى-
رىپتار بولۇپ پەيدا بولغان ئىسسىق تۇيغۇ، تەسىرلىك، نازۇك
ۋەقەلەرنى، بەزىلەر باشقىلارغا قاتتىق كۈلمەسلىك شەرتىنى قو-
يۇپ، نەسىردىن ئەپەندىنىڭ كۈلكىلىك لەتىپىلىرىنى ۋە بەزىلەر
ئالداركۆسىنىڭ قىزىقارلىق هېكايىلىرىنى سۆزلىشىپ، قىش-
نىڭ ئۇزاق كېچىسىنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزۈشمەكتە ئىدى. سو-

غوْق ئوْزىنى كوْرسەتمەكتە ئىدى، پارتىزانلارنىڭ پاختىلىق كى‐يىملىرى يانۋارنىڭ ئاچچىق سوغۇقلىرىغا دالدا بولالمايتتى. جەڭچىلەر بىردە دومىلايتتى، بىردە ئورنىدا تورۇپ ھەرىكەت قىلاتتى. ئۇلار ئۇيقۇسىزلىق، سوغۇق زەربىسىگە قارشى قەي‐سەرلىك بىلەن كېچىچە جەڭ قىلىپ چىقىشتى.

تاڭ سۈزۈلۈپ كەلمەكتە ئىدى. ئاقوچ نۇر چىرالارغا ئاستا ـ ئاستا يېيىلىپ ئاجايىپ گۈزەل كوْرۈنۈشلەرنى ھاسىل قىلدى. شۇ چاغدا ساي ئاغزى تەرەپتىن ئاتلىق رازۋېدكىچى ئات چاپتۇرۇپ كەلدى ـ دە، نىزامىدىنغا دوكلات قىلدى:

— دۈشمەن كېلىۋاتىدۇ!

نىزامىدىن ئويلىنىپ سورىدى:

— قانچىلىك ئارىلىقتا؟

— ئەنە ئاۋۇ، — رازۋېدكىچىنىڭ بىرسى كەينىگە بۇرۇ‐لۇپ سايغا ئۇسۇپ كىرگەن تاغ تۇمشۇقىنى كوْرسەتتى، — تۇمشۇققا ئون بەش ـ يىگىرمە مىنۇتتا يېتىپ كېلىشى مۇمكىن.

نىزامىدىن ئەترەت كوماندىرلىرىنى چاقىرىپ مۇنداق دېدى:

— پارتىزانلار ئوْز ئورۇنلىرىنى ئىگىلىسۇن، بۇرۇنقى ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە يوشۇرۇنسۇن، دۈشمەن سايغا تولۇق كىرىپ بولمىغۇچە ئوق چىقىرىشقا رۇخسەت يوق! ھۇجۇم بۇي‐رۇق بىلەن باشلىنىدۇ!

كوماندىرلار ئوْز ئورۇنلىرىغا تېز قايتتى.

دۈشمەن كوْرۈندى.

ئەڭ دەسلەپتە ئون ئاتلىق كوْرۈندى. ئۇلار ئالدىغا ۋە ئىككى يېنىغا ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ كەلمەكتە ئىدى. بىرەر يەردىن كىچىككىنە شەپە ئاڭلىنىپ قالسا، ئاتلىرىنى توختى‐تىپ، ئەتراپقا سىنچىلاپ قاراپ كېتەتتى. پارتىزانلار ئۇلارنى تىنچ ئوْتكۈزۈۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئالدىدا ئون ئاتلىق، كەينىدە يۈز مېتىر يىراقلىقتا روتا ـ روتا بولۇپ سەپ تارتىپ

كېلىۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرى كۆرۈندى. نىزامىدىن دۈر-بۈندا دۈشمەننى كۆزەتتى. ياقىلىق سېرىق پەلتو، سۆسەر قۇلاق-چا كىيگەن گېنېرال شى پىڭ سېمىز تورۇق ئاتتا باشلىقلارغا خاس ھەيۋە بىلەن كەلمەكتە ئىدى. نىزامىدىن بۇ قوشۇن توغ-رۇلۇق تولۇق مەلۇماتقا ئىگە، ئۇ بىلىدۇ: كېلىۋاتقان بۇ دۈش-مەننىڭ ئاساسىي كۈچى مىڭ كىشىلىك قوشۇن. ئۇلار جىلغ ئالدىنقى سەپ قوماندانىغا شەھەرگە بېسىپ كىرىپ ھەرەمباغ گازارمىسىدىكى قوشۇنلار بىلەن بىرلىشىپ قوزغىلاڭچىلاردىن غۇلجىنى تارتىۋېلىشقا ۋەدە بېرىپ يولغا چىققان. بۇ قوشۇننىڭ قوراللىرى خىل، ھەربىر روتىدا ئىككىدىن ئۇچكىچە كىچىك تېپىكى مىناميوت بار.

پارتىزانلار قىمىرلىماستىن يېتىپ قوراللىرىنى بەتلەپ دۈشمەندىن كۆز ئۈزمەيتتى.

قوشۇننىڭ ئالدى ئاخىرقى بۆكتۈرمىگە كەلگەندە بۇيرۇق بېرىلدى:

— ئېتىڭلار!

پۈتۈن سەپ بويىچە مىلتىق، پىلىموتلاردىن بىراقلا ئوق ئۈزۈلدى. گېنېرال شى پىڭ ۋە ئۇنىڭ كوماندىرلىرى ئۆزىنى يوقىتىپ پىتىراشقا باشلىدى. چۈنكى، ئۇلار بۇ قىلىن قارلىق جىلغىلاردىن ئوق چىقار دەپ زادىلا ئويلىمىغانىدى. گېنېرال ئاتتىن يەرگە تاشلاندى — دە، ئۆزىنى ئۆيدەك يوغان تاشنىڭ كەينىگە ئالدى. ئۇنىڭ قوشۇنى ئاتتىن چۈشۈپ پاناھلانغۇچە ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. ئۇلار بىردەم ۋار — جۇر بىلەن سارا-سىم بولغاندىن كېيىن، ساي ئىچىدىكى تاشلارنى ۋە ئۆلگەن ئاتلارنى پاناھ قىلىشىپ يۇقىرىغا قارىتىپ ئۈزلۈكسىز ئوق ئې-تىشقا باشلىدى. ئوقلار پارتىزانلارنىڭ بېشى ئۈستىدىن ۋىژىل-داپ ئۇچۇپ ئۆتۈپ تاشلارغا تېگىپ چاچرايتتى. دەسلەپتە گو-مىنداڭ قوشۇنىدىن نۇرغۇنلىرى يىقىلغان بىلەن ئەمدى بارغاند-

سىرى چىقىمى ئازايماقتا ئىدى.

جەڭ قىزىپ كەتتى.

گومىنداڭ قوشۇنلىرى تەمتىرەشتىن قۇتۇلۇپ، ئەپلىك جايلارغا ئورۇنلىشىپ ئاتماقتا ۋە يوغان تاشلارنى دالدا قىلىپ مىناميوتلىرىنى ئىشقا سالماقتا، ھەربىر ئوق توچكىلىرىنى چەنلەپ ئېتىۋاتقان مىناميوت ئوقلىرى پارتىزانلارنى قارغا چاپلىشىپ يېتىۋېلىشقا مەجبۇر قىلماقتا. گېنېرال شى پىلۇ قوشۇنلىرىنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە بۇيرۇق بەرمەكتە. گومىنداڭ قوشۇنلىرى ھەدەپ ئېگىزگە ياماشماقتا ئىدى. دەھشەتلىك ئوق ئاۋازلىرى بېسىلىپ، پارتىزانلار بېشىنى كۆتۈرگۈچە ئۇلار ئىككى - ئۈچ قەدەم ئىلگىرىلىۋالاتتى. شۇ تەرىقىدە دۈشمەنلەر پارتىزانلارغا بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئىككى تەرەپتىن توختاۋسىز ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازلىرى پۈتۈن جىلغىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. ئوقنىڭ ئەكس سادالىرى يىراقلاردا جاراڭلايتتى. ئۆمرىدە ئاڭلىمىغان بۇ دەھشەتلىك ئاۋازلاردىن تاغ ئۆچكىلىرى، بۇغا - ماراللار، كېيىك، توشقان، ھەتتا بۆرە، تۈلكىلەرمۇ ئاللىقاياقلارغا قېچىپ كەتكەن. قارىغايلار ئارىسىغا باغلاپ قويۇلغان، قىرو باسقان ئاتلار بىر ئورۇندا تۇرالماي يەر چاپچىپ كىشنەشمەكتە ئىدى.

قاپىقى تۈرۈلگەن، قورۇقلىرى چوڭقۇرلاشقان، غەزەپكە كەلگەن نىزامىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، كەينىگە سۈرۈلگەن قۇلاقچىسىنى ئالدىغا چۆكتۈردى - دە، ئاۋۋال دۈشمەن مىناميوتچىلىرىنى چەنلەپ ئېتىشقا بۇيرۇق بەردى. ئۇنىڭ بۇيرۇقى ئېغىزىدىن - ئېغىزغا ئۆتۈپ پۈتۈن سەپ بويىچە تارقالدى.

يېڭىلا ئىككى پارتىزاننىڭ ئوق تەگكەن بېشىنى تاڭغان رەيھان مىلتىقىنى ئېلىپ نادەمنىڭ يېنىغا كەلدى. نادەم بىلەن بىللە تۇرۇپ جەڭ قىلىش قىز ئۈچۈن كۆڭۈللۈك ئىدى. ئۇ نادەمسىز جەڭ قىلسا ئوقلىرىنى زايە كەتكۈزۈۋەتكەندەك ھېس

قىلاتتى، قانداقتۇر بىرنەرسە كەملىك قىلىۋاتقاندەك، ھېچبىر ئىش قاملاشمايۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. شۇڭا، ئۇ ئادەم بىلەن يانمۇ يان تۇرۇشنى ئىزدەيتتى.

ئۇرۇشمۇ ئۆز قانۇنى بويىچە داۋام قىلىدۇ، مۇھەببەت ئوتىمۇ ئۆز قانۇنى بويىچە يالقۇنلايدۇ. گىرەلەشكەن ئۇرۇشنى توختىتىۋالغىلى بولمىغىنىدەك، رەيھانىنىڭ كۆڭلىدە يانغان مۇھەببەت ئوتىنى ھەرقانچە قانلىق ئۇرۇش ئىچىدىمۇ ئۆچۈرگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ مەيلىگە شەرتسىز بويسۇنغان ئاياغلىرى ئۇنى ھەرقاچان ئادەمنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ قوياتتى. ئەجەل ئوقلىرى بېشىنى ئەگىپ يۈرگەن چاغلاردىمۇ قىز ئادەم بىلەن بولىدىغان كەلگۈسى ئىشلارنى ئويلايتتى، بۇنىڭ ھېچبىر يالغىنى يوق، قانلىق ئېتىشىش بەزىدە پەسلەيتتى، لېكىن قىزنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدىكى ياش يىگىت بىلەن بىللە بولۇش توغرىسىدىكى شېرىن خىياللىرى مىنۇتمۇ توختىمايتتى، مانا قىز ئادەمگە مۇرىسى بىلەن سۈركەلدى ۋە يېنىچە قارىدى:

— قانچىنى يىقىتاي دەۋاتىسىز؟ — دېدى قىز نومۇسچان كۆزلىرى بىلەن يىگىتكە تىكىلىپ.

— قانچىسىگە تەگسە شۇنچىسىنى! — دېدى يىگىت كۆزىنى دۈشمەندىن ئالماي تۇرۇپ.

— كۆڭلىڭىزگە ھېچ نەرسە پۈكۈپ قويمىدىڭىزمۇ؟ — قىز دائىم يىگىتنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى چېكىپ بېقىشنى ياخشى كۆرەتتى. يىگىت ھامان قىزنىڭ نازۇك سىرلىرىغا بىپەرۋالىق بىلەن جاۋاب بېرەتتى. ئۇ ھازىرمۇ شۇنداق قىلدى:

— سىزچۇ؟

— مەن، مەن، — قىز ئويلىنىپ دېدى، — ئەگەر جەڭچىلەرگە ئوق تەگمەي تۇرسىلا، مىنامىيوتچىدىن ئۆچ-نى ئاتماقچىمەن!

— قېنى چەنلەڭ!



نادەم بىلەن رەيھان تەڭلا ئاتتى ـ دە، ئىككى مىناميوتچىنى يىقىتتى. ئىككىسى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ كۈلدى.

بۇ جەڭدە بولۇپمۇ ئاراڭ مەرگەننىڭ ئامىتى كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئوقى ھېچبىر زايە كەتمەي تېگىپ تۇراتتى. باشقىلارمۇ زايە كەتكۈزمەسلىككە تىرىشىپ ئاتاتتى.

ئۇرۇش دېگەن قىزىق بولىدۇ، ھېچقانداق بۇيرۇقسىزلا بىردە دەھشەتلىك تۇس ئېلىپ، بىردە پەسلەپ قالىدۇ. مانا ھازىر شۇنداق بولدى، ھەر ئىككى تەرەپتىن ئېتىش ئۈزلۈكىدىنلا جىمىپ قالدى.

ــ بىزنىڭ تازا قاتتىق كۈچەپ جەڭ قىلىشىمىزغا توغرا كېلىۋاتىدۇ، نادەم، ــ دېدى قىز، ــ قارالڭ، دۈشمەنلەر بىزدىن نەچچە ھەسسە كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېغىر تىپتىكى قوراللىرىمۇ بار.

نادەم قىزغا قارىدى:

ــ قانداق، ئەنسىرەۋاتامسىز؟

ــ ياق، ئەنسىرىگىنىم يوق، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىۋاتىمەن.

ــ ئۇرۇش دېگەن ھەرقاچان كىشىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولىۋەرمەيدۇ، ــ دېدى نادەم ئويلىنىپ تۇرۇپ، ــ يېڭىش ـ يېڭىلىش بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمما، ئادالەتلىك ئۇرۇش ئاخىرى يېڭىپ چىقىدۇ. ئۇرۇشتا كوماندىرنىڭ پەم ـ پاراسىتى، تەدبىرچانلىقى، زېرەكلىكى بەك مۇھىم. ئېھتىمال، شۇنچە كۆپ دۈشمەننى بىراقلا سورۇپ كېتەرمىز ياكى چېكىنەرمىز. كوماندىر تەدبىرلىك، پاراسەتلىك بولسا، ئاز ئادەمى بىلەن كۆپ دۈشمەننى يېڭەلەيدۇ. بىزنىڭ يۇرتلاردا سادىر پالۋاننىڭ قورقماسلىقى، پەم ـ پاراسىتى توغرىسىدا ئەل ئاغزىدا سۆزلىنىپ يۈرگەن نۇرغۇن ھېكايىلەر بار. سادىر پالۋان چېرىكلەر بىلەن بىر ئۆزى ئۇرۇشقاندا، بىر ئورۇندا تۇرۇۋېلىپ

ئۇرۇشقان ئەمەس، قېچىپ يۈرۈپ، يەم ئىشلىتىپ، قالپىقىنى تاشقا كىيدۈرۈپ قويۇپ ئۆزى مۆكۈۋېلىپ، ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ ئۇرۇشقان.

شۇڭا:

چېرىك ئاتىدۇ تاشقا،
سادىر ئاتىدۇ باشقا.

دەپ قوشاق توقۇغان ـ دە، — دېدى قىز كۈلۈمسىرەپ.

— سادىر پالۋاننىڭ قوشاقلىرى ئۆزى توغرىسىدىكى داستان، بۇ داستاندىن بىز ئۇنىڭ پالۋانلىقىنى، قورقۇمسىزلىقىنى، ئەقىل ـ پاراستىنى، زېرەكلىكىنى كۆرەلەيمىز. نىزامىدىنكام تەدبىرلىك كوماندىر، قاراڭ، بىزنى قانداق ئۇرۇشلاشتۇردى؟ ياسىغان ئىستىھكاملىرىمىزنى دۈشمەن تۇيماي ئالدىمىزدىن ئۆتتۈپ كەتتىغۇ. ئەنە ئۇلار پەستە، بىز ئېگىزدە، ئەگەر بولمىغاندا، تاش دومىلىتىپ بولسىمۇ ئۇلارنى يوقىتالايمىز، بىز تاغلاردا نىزامىدىنكامنىڭ ئەقلى بىلەن مۇنداق ئۇرۇشلارنى كۆپ قىلدۇق. بەلكى بىزمۇ سادىر پالۋاندەك قېچىپ ـ چېكىنىپ يۈرۈپ ئۇرۇش قىلارمىز، بەربىر ئۇلارنى ئامان قويمايمىز، شەھەر تەرەپكە ھەرگىز ئۆتكۈزمەيمىز...

رەيھان نادەمنىڭ مەردانە سۆزلىرىدىن ھاياجانلاندى:

— توغرا، سادىر پالۋاننىڭ ئەۋلادلىرى ـ دە، بىز.

— بىزنىڭ بەدەنلىرىمىزدە سادىر پالۋاننىڭ قېنى بار، — دېدى نادەم غۇرۇرلىنىپ — قان بولغاندىمۇ قانداق قان دېمەمسىز، تەڭسىزلىك ـ ئادالەتسىزلىكتىن، زۇلۇم، خورلۇقتىن غەزەپلەنگەن قايىنىغان قان!

رەيھانمۇ غۇرۇرلىنىپ كەتتى:

— شۇنىڭ ئۈچۈن بىز يېڭىپ كېلىۋاتىمىز ـ دە!

— ئەلۋەتتە، — دېدى نادەم، — دۈشمەنلىرىمىز ئەنە، بىز شۇلارنىڭ زۇلمىدىن غەزەپلىنىپ ئاتلىنىپ چىققانلار، شۇڭا

بىز يېڭىمىز. ئۇلارچۇ؟ بىزنى مەڭگۈلۈك خورلاش، بوزەك قىلىش ئۈچۈن كېلىۋاتقانلار، شۇڭا ئۇلار يېڭىلىدۇ.

گومىنداڭ مىناميوتچىلىرى شالاڭلاپ قالغان بىلەن باشقىلىرى ئىستىھكامغا يېقىنلىشىشقا باشلىدى. ئۇلار ھەدەپ يۇقىرىغا يامىشاتتى، بىر ئىتتىپ، بىر ئۆمىلەپ، بەزى يەرلەردە ئىستىھكامغا ئوتتۇز مېتىر چامىسى يېقىنلاپ قالدى. نىزامىدىنىڭ بۇيرۇقى جاراڭلىدى:

— قول بومبىلىرى تاشلانسۇن!

ئەڭ دەسلەپ نىزامىدىن ئاتقان قول بومبا پارتلىدى. كەينى ـ كەينىدىن يۇزلىگەن بومبىلار دەھشەتلىك پارتلاپ ئىستىھكام ئالدىنى قار تۇزانلىرى قاپلاپ كەتتى.

سەپنىڭ بېشىغا ئەنۋەرنىڭ ئەترىتى جايلاشقانىدى، ئەنۋەر جايلاشقان يەرنىڭ چەت تەرىپىدىن دۇشمەنلىك بىر توپ ئادىمى ئۆيدەك يوغان بىر تاشنى پاناھ قىلىپ ئىستىھكامغا باستۇرۇپ كەلدى. ئەنۋەرنىڭ قىسمى ئۇنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، نەيزىۋازلىق ۋە قوچاقلىما جەڭ باشلىنىپ كەتتى.

— رەيھان!

غەزەپتىن كۆزلىرىدە ئوت يانغان نادەم چاقچانلىق بىلەن رەيھاننىڭ ئالدىغا ئۆزىنى ئاتتى. رەيھان مىلتىقىنى تۆۋەنگە قارىتىپ تۇرغاندا ئۇنىڭ ئالدىدىكى تاشنىڭ يېنىدىن تۇيۇقسىزلا بىر گومىنداڭ ئەسكىرى چىقىپ رەيھانغا قارىتىپ مىلتىقىنىڭ ئىتتىكىنى توغرىلىغانىدى، ئۇنىڭ ئىتتىكى قىزغا ئۇرۇلۇش ئالدىدا نادەم ئىتتىكىنى قېقىۋەتتى ۋە دۇشمەننىڭ قورسىقىغا تەپتى. قىز شۇ چاغدا نادەمنىڭ كەينىدىن چىقىۋاتقان يەنە بىرىنى كۆردى ـ دە، پۈتۈن كۈچى بىلەن نادەمنى ئىتتىرىۋېتىپ، يوغان بىر تاش بىلەن دۇشمەننىڭ بېشىغا ئۇردى. ئۆزى كۈچ زەربىدىن ئوڭدىسىغا يىقىلدى. لېكىن، ئۇنى نادەم قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى.

بىر قولىغا ئوق تەگكەن ئىسھاق ئالدىغا ئەمدىلا كەلگەن ئىككى گومىنداڭچىنىڭ بىرىنىڭ بىقىنىغا ئىتتىگىنى شۇنداق تېز سانجىپ، ئىككىنجىسىگە بىر پەشۋا ئاتتى ـ دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ پاناھلىنىش تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشكەن يەنە بىرىنىڭ كۆكسىگە چاقتانلىق بىلەن ئىتتىك سانجىدى. ئىككىلا قولىغا تاپانچا تۇتقان ئەنۋەر ئىستىھكامغا كىرىۋالغانلارنى ئېتىپ دومىلىتىشقا باشلىدى.

پۇتۇن سەپ بويىچە قول بومبىلىرى تاشلاش ئەۋج ئېلىپ كەتتى، گۇمبۇرلەشلەر تاغلارنى تىترەتمەكتە ئىدى. گومىنداڭ قوشۇنلىرى مىناميوتچىلىرىدىن ئاساسىي جەھەتتىن ئايرىلىپ قالغاچقا، بىر قەدەممۇ ئىلگىرىلىيەلمەي يەر بېغىرلاپ ياتاتتى ۋە كەينى ـ كەينىدىن چۈشۈۋاتقان قول بومبىلىرى ئۇلارنى كەينىگە سىلجىشقا مەجبۇر قىلىۋاتاتتى.

ئىزامىدىنىنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈش تەدبىرى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ھەربىر پارتىزان پۈتۈن سەپ بويىچە ئىستىھكامدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ ھەيۋەتلىك ئۇررا سادالىرىنى ياڭرىتىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى.

ـــ ئۇررا... ! ئۇررا!

دولقۇنلىنىپ كېلىۋاتقان قەھرلىك سادادىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق تۇزانلار ئىچىدە ھېچنېمىنى ئىلغا قىلالمىغان گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ تۆۋەنگە قاچتى. مانا ئەمدى پارتىزانلارنىڭ ئوقلىرى ئۇلارنىڭ دۈمبىسىگە تەگمەكتە ئىدى. سايىنىڭ تاپىنىغا چۈشكەنلىرى تىترىگەن قوللىرىنى كۆتۈردى.

گېنېرال شى پىلەڭ ئەللىكتەك ئادىمى بىلەن تاغ ئاغزىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ جەنۇبقا قاراپ قاچتى.

ئىزامىدىن پارتىزانلىرىنىڭ بىر قىسمى تۆت يۈزگە يېقىن ئەسىرنى ئالدىغا سېلىپ شەھەرگە ماڭدى. ئۇلار كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراشقاندا، سانسىزلىغان قۇزغۇنلار دۈشمەن ئۆلۈكلىرى

ئۈستىدە ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئەگىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى.

## 2

قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرىدا قىزىرىپ تۇرغان غۇلجا ئاسـ-
مىنىدىكى شالاڭ بۇلۇتلار بۈگۈن مۆجىزە كۆرىدۇ! غۇلجا شەـ-
ھىرىدە ئادەم قېنى ئاقىدۇ، چۈنكى بۈگۈن قانلىق جەڭ كۈنى.
— ئالغا!
— ئالغا يولداشلار، ئالغا!
مۇشۇ بىر جۈملە سۆز جەڭچىلەرنى بىرلەشتۈرىدۇ ۋە ئۇلار-
نى ئالغا يېتەكلەيدۇ. مۇشۇ بىر جۈملە سۆزگە قانلىق جەڭلەر-
نىڭ مەزمۇنى، خەلقنىڭ ئارزۇ - تىلەكلىرى سىڭدۈرۈلگەن!
بۇ غەلىبە چاقىرىقى!
— ئالغا!!!
ھەرەمباغ، لەڭشاڭ بۇتخانىسى ۋە ئايروپىلان ئىستانسىـ-
لىرىدىكى دۈشمەن پوتەيلىرىگە قارشى شىددەتلىك جەڭ داۋام
قىلماقتا ئىدى. قىسىملىرىمىزنىڭ ئاساسلىق كۈچى ھەرەمباغ
بىلەن لەڭشاڭ بۇتخانىسىغا سىلىندى. توختاۋسىز ئېتىلىۋاتقان
ئوقلار، گۇمبۈرلەشلەر يەر - جاھاننى تىترىتىپ لەرزىگە كەلتۈ-
رەتتى. قويۇق دەرەخلەر بىلەن چۆمكەلگەن شاھاجىننىڭ بېغى ۋە
ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باغلارنىڭ دەل - دەرەخلىرى ئوقلار زەربىـ-
سىدىن قاراسلاپ سۇنماقتا، قارلار توزىماقتا. زەمبىرەك ئوقى
چۈشكەن يەرلەردىن قار، توپا توزانلىرى، كېسەك ۋە تاش پار-
چىلىرى ئۇچۇپ چىقىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلمەكتە ۋە ئۇ يەرلەردە
گوداڭلار پەيدا بولماقتا.
بۈگۈن ئالدىنقى سەپكە كەلگەن ئادەملەر ناھايىتى نۇرغۇن
ئىدى. قىسىملىرىمىزنىڭ كەينىدە يېڭىدىن سەپكە كىرگەن پىـ-
دائىيلار كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ قوللىرىدا ئۇزۇن ياغاچ ساپلىق

نەيزىلەر بار ئىدى. ئۇلارغا قوشۇلۇپ تاياق ـ چوماق تۇتقانلار-مۇ، قىقاس ـ چۇقان سېلىشقا كەلگەنلەرمۇ نۇرغۇن ئىدى. ئۇرۇش مەيدانىنىڭ ئالدىنقى سېپىدىن تارتىپ تا ئارقا سەپكىچە ئارىلىشىپ يۈرگەن شەپقەت ھەمشىرىلەر ئالدىراش يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈشەتتى.

بۈگۈن جەڭ مەيدانىغا نىزامىدىن كەلگەن. ئۇنىڭغا ئىككى كىشى ھەمراھ بولۇپ يۈرەتتى. ئۇ نەيزە، كالتەك ـ توقماق بىلەن قوراللانغان قىقاس ـ چۇقانچىلارنىڭ يېنىغا كەلدى:

— ساڭا قورال يېتىشمەيتۇ ـ دە، — دېدى نىزامىدىن كالتە پاختىلىق چاپان سىرتىدىن ئارغامچا بىلەن بېلىنى باغلى-ۋالغان ياش يىگىتكە كۈلۈمسىرەپ.

— بىزنىڭ كۆپچىلىكىمىزدە قورال يوق، — دېدى يە -گىت، — ئەگەر دۈشمەن بىلەن گىرەلىشىپ قالساق، مۇشت بىلەن پەشۋا بىزنىڭ قورالىمىز بولىدۇ.

ھەممىسى پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. نىزامىدىنمۇ كۈلۈپ دېدى:

— بارايسىلەر، خەلقىمىز مانا مۇشۇنداق قوزغالغان، ئۇنىڭغا نېمىمۇ تەڭ كېلەلەيدۇ ـ ھە؟!

نىزامىدىن قالايمىقان سەپلەرنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، بىر توپ ئادەملەر يېنىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى نەيزە، بەزىلىرى چوماق تۇتقان ۋە بەزىلىرى قۇرۇق قوللا ئىدى.

— نەيزەڭ ئىتتىكمۇ؟

— ۋاھ... بۇنى بىلەپ قالتىس ئىتتىك قىلىۋەتتىم، شەمشەر دەڭا.

— ياخشى.

— ئەگەر يولى كەلسە، نەچچىسىنىڭ جېنى جەھەننەمگە كېتىدۇ بۇنىڭ بىلەن.

— ئەگەر مىلتىقىمىز بولسىغۇ ئەڭ ئالدىغا باراتتۇق،

چوماق بىلەنمۇ ئۈز ھەسسىمىزنى قوشىمىز ـ دە، ئەمدى. بۈگۈن بۇ ئاپەتلەرنى جەزمەن يوقىتىپ، مەجبۇرلاپ ئەكىرىپ كەتكەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىزنى قۇتقۇزىمىز، — دېدى پاكىنەك بىر ئادەم.

گومىنداڭچىلار سىلىڭبۇنى تارتقۇزۇپ قويۇپ، ھەرەمباغقا قاپسىلىپ قالغان كۇنىنىڭ ئەتىسى قېچىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالغان بايكول، يېڭىھايات مەھەللىلىرىنىڭ بىر قىسىم ئادەملىرىنى بالا ـ چاقىلىرى بىلەن ھەرەمباغقا ئەكىرىپ كەتكەنىدى.

نىزامىدىن ئۈزلۈكىدىن قوزغىلىپ بۇ يەرگە كەلگەن، مىلـ ـلىق ئاۋازىدىن ئىلھاملانغان بۇ پىدائىيلار سەپلىرىنى ئارىلاپ چىقىپ ھاياجانلانىدى. ئۇ كۆپچىلىككە مۇنداق دېدى:

— بۈگۈن ھەرەمباغنى چوقۇم ئالىمىز، بۈگۈن شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ غۇلجىدىكى ئەڭ ئاخىرقى قىـ ـسىملىرىمۇ تەلتۆكۈس تۈگەيدۇ!

تاڭ ئاتقۇچە نىشانلانغان ئورۇنلار ئېلىنىپ بولۇش كېرەك ئىدى. لېكىن، ئىلگىرىلەش ئاستا بولۇۋاتىدۇ، تاڭ يېقىنلاپ كەلمەكتە. قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ ھەممە ئادەمنى ئويلىتىـ ـۋاتقان جىددىي سوئال ئىدى.

نىزامىدىن شاھىجىنىڭ بېغىنىڭ تۆۋىنىدىكى قورۇغا جايـ ـلاشقان ئىستېھكامدا تۇرۇپ ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلماقتا.

كەينى ـ كەينىدىن بىرنەچچە پاي زەمبىرەك ئوقى كېلىپ چۈشتى ـ دە، ئەتراپنى تىترىتىۋەتتى. يەرگە چاپلىشىپ يېتىـ ـۋالغان جەڭچىلەر ئارىسىدىكى ئەنۋەر بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالدىدا ئوق ئۈزۈپ تۇرغان پوتەيگە تىكىلدى. ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول يېنىدا ئىككى جەڭچى شۇ پېتىچىلا يېتىپ قالغانىدى.

غەزىپىنى ھېچ باسالمىغان ئەنۋەر كەينىگە سىلجىپ يېنىپ نىزامىدىننىڭ يېنىغا كەلدى. سۇرلۇك بىر تۇستە خىيال قىلىپ تۇرغان نىزامىدىن كەينىگە بۇرۇلۇپ، مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ

تۇرغان ئەنۋەرگە قارىدى، يېنىدىكى ئىككىيلەنمۇ ئەنۋەرگە تى-كىلدى.

— رۇخسەت قىلىڭ، — دېدى ئەنۋەر ئۆزىنى باسالمىغان هالدا، — دۈشمەن ئىستىهكامىغا هۇجۇم بىلەن ئوت ئېچىشقا!

نىزامىدىن بېشىنى قاتتىق سىلكىدى:

— پوتەينى گۇم قىلماي تۇرۇپ هۇجۇمغا ئۆتۈش — ئۆزىمىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىش بىلەن باراۋەر!

— بىزدە چىقىم كۆپ بولۇۋاتىدۇ.

— قانچى قان بىلەن يۇيىمىز دېمەكچىمۇ سىز؟

— يېتىۋېرەمدۇق؟

— ئۇرۇش چىقىمسىز بولمايدۇ، لېكىن بىلىپ قويۇڭ، بىز بىكارغا قان تۆكمەيمىز، چىقىم بەدىلىگە ئازادلىق غەلىبە-سىگە ئىگە بولىمىز.

— هۇجۇمغا ئۆتمىسەك...

— جىددىي پەيتتە ئۆزىنى بېسىۋالالماسلىق كوماندىرنىڭ مەغلۇبىيىتى، ئەنۋەر ئەپەندى! — دېدى نىزامىدىن دەرهال ئۇنىڭ سۆزىنى كېسىپ، — سەۋر قىلىڭ، هۇجۇم ئالدىمىزدا!

ئارىنى بىر مىنۇتتەك جىملىق باستى. نىزامىدىننىڭ كۆز ئەتراپلىرىدىن تارتىپ كەڭ ماڭلايلىرىغىچە ئۇششاق قورۇقلار پەيدا بولغانىدى، ئۇ مۇنداق دېدى:

— قىسىملىرىڭىزنىڭ بىر قىسمى دۈشمەن توپچىلىرىغا توختىماي ئوت ئاچسا، ئوقنى پاناھ قىلىپ قالغان قىسمى غەر-بىي تۆپىلىككە چىقسا قانداق؟

ئەنۋەرنىڭ چىرايى ئېچىلدى.

— ناهايىتى ياخشى، — دېدى ئۇ جانلىنىپ، — مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئالغا سىلجىيلى.

نىزامىدىن يېنىدىكى ئاقىلبەككە قاراپ:

— ئۇرۇش مەيدانىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قىسىملار

Altun Oq

مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئالغا سىلجىش كېرەك! — دېدى بۇيرۇق ئاھاڭىدا.

نىزامىددىنىنىڭ مۇشۇ بۇيرۇقى ئاقىلبەك ئارقىلىق پۈتۈن ئۇرۇش مەيدانىدا ئېغىزدىن - ئېغىزغا ئۆتۈپ جاراڭلاشقا باشلىدى:

— غەربىي تۆپىلىككە قاراپ ئالغا!

— غەربىي تۆپىلىككە قاراپ ئالغا!

ئەنۋەر باتالىيونىنىڭ بىر قىسمى ئۆز دائىرىسىدىكى پوتەيلەرگە توختىماي ئوت ئېچىشقا باشلىدى، قالغان قىسمى ھەرەمباغنىڭ غەربىي تۆپىلىكىگە قاراپ ئالغا سىلجىدى. يەر بېغىرلاپ ئالغا سىلجىۋاتقان جەڭچىلەر پوتەيلەرنى شىددەت بىلەن ئوققا تۇتماقتا، چوغ بولۇپ ئۇچۇۋاتقان سانسىزلىغان ئوقلار، ھەرەمباغ تۆپىلىكىنى يورۇتۇۋەتكەن، قوماچ قورۇغاندەك ئاڭلىنىۋاتقان ئاۋازلار، گۈلدۈرلىگەن، قاراسلىغان، ئۇشقىتقان ئاۋازلار پۈتۈن شەھەرنى زىلزىلىگە سالماقتا ئىدى.

— ئەگەر ئاشۇ چولاق تامغا يېتىۋالسام، — دېدى بىر قولى تېڭىلغان پىلىموتچى ئىسھاق يەردە دۈم يېتىپ يېنىدىكى ھەمرىيىغا، — قالتىس ئىش بولاتتى - دە.

— شۇنداق، — دېدى جامالىددىن، — ئۇنىڭ ھىمايىسىدە نۇرغۇن جەڭچىلەر ئۇ يەرگە بېرىۋالاتتى.

شۇنداق ئىدى، نۇرغۇن جەڭچىلەر ئۇ يەرگە يېتىۋالسا قول بومبىلىرىنى كۆچەپ ئېتىپ نىشانغا يەتكۈزۈش مۇمكىن ئىدى. ئۇ چاغدا دۈشمەن قورغىنىنىڭ بىر قانىتىدىن تۆشۈك ئېچىلغان بولاتتى.

— قېنى، كوماندىر بۇيرۇقۇڭنى قىل، — دېدى ئىسھاق، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى، بارماقلىرى پىلىموت كورجۇگىنى قاتتىق قىستى.

— قول بومبىلىرى تاشلانسۇن!

بومبىلار پوتەيىنىڭ ئەتراپىدا پارتلاپ، قار ئارىلاش تۈتەكلەر كۆتۈرۈلدى. شۇ پەيتتە ئىسھاق پىلىموتنى كۆتۈرۈپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى. بىراق، تۈتەكلەر ئارىسىدىن ئۇچۇپ كەلگەن ئوقلار ئۇنى بىردىنلا توختىتىپ قويدى. ئۇ قىڭغىيىپ يىقىلدى. كۆزدگە ھېچنېمە كۆرۈنمىگەن رەيھان ئۆزىنى ئۇ يىقىلغان يەرگە ئاتتى.

كىمدۇ بىر ۋارقىرىۋەتتى:

— ھەي... يامان بولدى ـ دە!... ئىسىت!...

ئۇ ئىسھاقنىڭ بېشىنى تىزىغا ئالدى، ئوق ئۇنىڭ ئوڭ مۈرىسىنىڭ ئاستىغا، چوڭ يانپىشىغا ۋە سول قولىنىڭ جەينىكىگە تەگكەنىدى. ئۇ كۆزىنى ئاچتى. شۇ چاغدا پوتەيىنىڭ يېنىدىكى تام ئۆرۈلدى ـ دە، قورغان ئىچىدىن گومىنداڭ قوشۇنلىرى ۋارقىرىشىپ ھۇجۇم بىلەن چىقىپ كەلدى، رەيھان ئىسھاقنىڭ قولىدىكى پىلىموتنى ئالدى ـ دە، چولاق تامنىڭ ئۈستىگە قويۇپ سايرىتىۋەتتى. ھۇجۇم قىلىپ چىققان دۈشمەن ئوڭدا ـ دۈمدە يىقىلىشقا باشلىدى... شۇ ئەسنادا قول بومبىلىرىنى تېز ـ تېز تاشلىشىپ، بىرنەچچە جەڭچى يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلدى. ئورۇن ئىگىلەش ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. باتۇرغازى رەيھاننىڭ قولىدىن پىلىموتنى ئالدى. رەيھان قاتتىق يارىدار بولغان ئىسھاقنى چوڭقۇر گوداڭغا سۆرەپ چۈشۈپ، سومكىدىن دورىلىرىنى ئالدى ـ دە، تېزلىك بىلەن تېڭىشقا باشلىدى. ئىسھاق سۆزلەپ ياتاتتى.

غەزەپتىن چىشلىرى كىرىشكەن ئەنۋەر غەربىي تۆپىلىككە قاراپ ئىلگىرىلىشنى داۋام ئەتكۈزدى. يەر بېغىرلاپ چاققانلىق بىلەن ئۆمىلەپ كېتىۋاتقان ئەنۋەر، نادەم ھەم ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭغان ۋارىسجان باشقا جەڭچىلەردىن ئۇزاپ كەتتى. ۋارىسجاننىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ، قوللىرى تىترەيتتى. ياخشى پۇرسەت كەلدى، دەپ ئويلىدى ئۇ مىلتىقنىڭ ئۇچىنى نادەمگە توغرىلاپ. ئۇ يان تەرەپتىن ئاتماقچىدى، تەپكىنى باساي دېگۈ-

چە، دۈشمەن پوتىيىدىن چىققان ئوقلار ئۇنى يەرگە چاپلىشىپ يېتىۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى. ئوق يېسىلغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغانىدى، ئۇنىڭغىچە بىرنەچچە جەڭچى يېتىپ كەلدى. ناھايىتى تەسلىكتە قولغا كەلتۈرگەن پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ قويغان ۋارىسجان تولغىنىپ كەتتى، يۈرىكىنى قانداقتۇر بىر ئەلەم تاتىلىغاندەك بولدى. «خەپ توختاپ تۇر، بۈگۈنكى سېنى ئەپلەرمەن» دەيتتى ئۇ ئىچىدە.

ئەنۋەرنىڭ ئاۋازى جاراڭلىدى:

— ئالغا! يولداشلار، ئالغا!

جەڭچىلەر يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلار ئارىسىدىن يەر بېغىرلاپ ئالغا سىلجىماقتا ئىدى. شۇ ئارىلىقتا بىر جەڭچىگە ئوق تەگدى. جەڭچىلەرنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان رەيھان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ يۈگۈردى.

— رەيھان. . !

رەيھان يۈگۈرگىنىچە ھېلىقى ئوق تەگكەن جەڭچىنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى، بىر جەڭچى جان ئۈزگەنىدى. رەيھان ئۇنى مۈرىسىگە ئارتىپ ماڭدى. ئۇ ئون مېتىردەك تۆۋەنلىگەندە نادەمنىڭ يېنىدا كېتىپ بارغان يەنە بىر جەڭچىنىڭ ماڭلىيىنىڭ ئولڭ چېتىگە ئوق تەگدى، قان ئېتىلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى بويىدى. نادەم ياغلىقى بىلەن دەرھال قان چىقىۋاتقان يەرنى بېسىپ تۇرۇۋالدى - دە، ۋارقىرىدى:

— قېنى سىز رەيھان!

بۇ ئاۋاز رەيھاننىڭ قولىقىغا جاراڭلاپ يېتىپ كەلدى، ئۇ ئالدىغا يېتىپ كەلگەن يەنە بىر شەپقەت ھەمشىرە قىزغا دۈمبىسىدىكى ئۆلگەن جەڭچىنى قالدۇرۇپ، ئۆزى قايرىلىپ ئالغا ماڭدى. يارىلانغان جەڭچىنىڭ ھوشى بار ئىدى. سومكىسىدىن دورىلىرىنى ئېلىپ، جەڭچىنىڭ بېشىنى چاپسانلىق بىلەن تاڭدى - دە، قانغا بويالغان يۈز - كۆزلىرىنى پاختا بىلەن

ئېرتتى. رەيھان شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنىنىڭ تەرلەپ سۇ بولۇپ كەتكىنىنى، يۈزلىرىدىن تەر تامچىلىرىنىڭ شۇرقىراپ ئېقىۋاتقانلىقىنى سەزدى. تەردىن ھۆل بولغان مەڭزى ۋىللىداپ ياناماقتا ئىدى.

قىسىملىرىمىز ھەرەمباغنىڭ غەربىي تۆپىلىكىدىكى زاراڭگاھلىقنى ئىگىلىدى. جەڭ مانا ئەمدى دۈشمەن ئىستىھكاملىرىغا يېقىن، بىراق ئوچۇقچىلىقتا بولۇۋاتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن تېز ھەرىكەت قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ئېرىقنىڭ قىرلىرى، توپا ئېلىنىپ ئازگال بولۇپ قالغان جايلار، قارىغا كۆمۈلگەن دۈمچەك ـ دۈمچەك قەبرىلەر جەڭچىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشى دالدا بولۇپ قالغانىدى.

نادەم ئۆمىلەپ بىر قەبرە يېنىغا ماڭدى. بۇ پوتەيگە يېقىن ۋە ھۇجۇم قىلىشقا ئەپلىك جاي ئىدى. ۋارىسجانمۇ نادەمنىڭ كەينىدىن شۇ يەرگە بېرىپ ئەپلىك بىر جايغا ئورۇنلاشتى. مانا شۇ چاغدا يۈرىكى يەنە دۈپۈلدەپ ئۇرۇشقا باشلىدى، قوللىرى تىترىدى، ئۇ ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا رەيھاننىڭ نادەمگە قىلىدىغان يېقىنلىقلىرى ۋە ئۆزىگە قىلىدىغان سوغۇقلىقلىرى بىرمۇ بىر كەلدى ـ دە، چىشلىرى كىرىشتى. ئەنە شۇنداق دەككە ـ دۈككىدە مىلتىقىنى ئاستا نادەمگە تەڭلىدى، بىر سېكۇنت، ھە، جۈرئەت قىلىدىغان بىرلا سېكۇنت...

— مىلتىقىڭنى تۈز تۇت!

ئۇ تۇيۇقسىز چىققان ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتى. بۇ ئۇنىڭ يېنىغا ئۆمىلەپ كەلگەن ئاراشىنىڭ ئاۋازى ئىدى. ۋارىسجان شۇ چاغدىلا ئۆزىنى ئاجايىپ بىر دەھشەت ئورىسۇالغانلىقىنى سەزدى ـ دە، ۋەھىمىلىك ئاۋازدا:

— سەنمىدىڭ، ئەجەب چۆچۈتتىڭ كىشىنى، — دېدى بىر قىسما ھالغا چۈشۈپ.

— كەينىڭدە دۈشمەن بولمىسا، چۆچۈپ كېتىشىڭ قىزىققۇ!

ۋارىسجان نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، ئوسال ھالغا چۈشۈپ تەمتىرەپ قالدى:

— پوتەيگە ناھايىتى قاتتىق تىكىلىپ تۇرۇپ كېتىپتىمەن، — دېدى گەپ ياساپ.

— ئاراش، ھۈنىرىڭنى كۆرسەتسەڭچۇ ئاراش، — دېدى نادەم پوتەيدىن كۆزىنى ئالماي.

— مەنمۇ شۇنداقغا كەلدىم، مەشە ئەپلىكتەك قىلىدۇ.

تاڭ ئېتىپ كېلىۋاتىدۇ. مانا سۈبھى، تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇق ھازىرلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، قانداق قىلىش كېرەك زادى؟

بۇ سوئال ھەممە ئادەمنىڭ مېڭىسىنى چىرمىۋالغانىدى، بۇ سوئال ھەممە ئادەمنى قىيناپ ئازابلىماقتا ئىدى. جىلى بولۇپ تۇرغان باتالىيون كوماندىرىنىڭ ئالدىغا نىزامىدىنىڭ بۇيرۇقىنى ئېلىپ ئاقىلبەك يېتىپ كەلدى، ئۇنىڭ يۈزلىرىدىن تەر تامچىلاپ تۇراتتى. ئاقىلبەك:

— پوتەيلەرنى پارتلىتىشقا ئادەم ئەۋەتىلسۇن، — دېدى ئۇنىڭغا.

— خوپ.

ئاقىلبەك ئۇرۇش مەيدانىنىڭ باشقا سەپلىرىگە يۈگۈرۈپ كەتتى.

— يولداش كوماندىر، — دېدى بىر جەڭچى بېشىنى كۆتۈرۈپ، — رۇخسەت قىلىڭ، پوتەيگە بومبا تاشلاشقا!

— بېرىڭ ئىنىم، — دەۋەتتى ئەنۋەر دەرھاللا. جەڭچى يەر بېغىرلاپ ئالغا كەتتى. ئوقلار توختاۋسىز ئېتىلىۋاتاتتى. ئەنۋەر جەڭچىدىن كۆز ئۈزمەيتتى. ئۇ پوتەيگە يېقىن باردى - دە، قول بومبىسىنى ئاتتى، پوتەي تۆشۈكىدىن قويۇق ئىس چىقتى ۋە پوتەي ئېتىشتىن دەرھال توختاپ قالدى، ئەنۋەر خۇشال بولۇپ ئورنىدىن ئىتتىك تۇردى - دە!

— ئالغا! — دەپ ۋارقىراپ بۇيرۇق قىلدى، پۈتۈن

جەڭچىلەر «ئۇررا...!» دېيىشىپ ئورنىدى تۇرۇشۇپ يۈگۈر-دى... لېكىن، تۆت - بەش قەدەم يۈگۈرە - يۈگۈرمەيلا تۆشۈكتىن ئوق چىقىپ قالدى. ھېلىقى جەڭچى خەتەرلىك يەردە يىقىلدى. كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي ئالغا ئىنتىلگەن رەيھان-نى باشقىلار قويۇۋەتمىدى. يەنە بىر جەڭچى يەر بېغىرلاپ ئالغا ماڭدى، بىراق ئۇنىڭغىمۇ ئوق تەگدى. ئەھۋال جىددىيلەشمەك-تە، ھەممىنىڭ كۆزلىرىدە يانغان قەھر - غەزەپ ئۇچقۇنلىرى گويا يالقۇنغا ئايلانماقتا ئىدى.

تەرى تۈرۈلگەن، ئاچچىقى كەلگەن ئەنۋەرنىڭ قېشىغا نادەم ئۆمىلەپ يېتىپ كەلدى:

— يولداش كوماندىر! — دېدى ئۇ ئۆزىنى باسالماي ھاياجانلانغان ھالدا، — رۇخسەت قىلىڭ، ھازىر بېرىپ ئۇ-جۇقتۇرىمەن!

ئەنۋەر ئويلىنىپ قالدى.

— ماڭا ئىشىنىڭ، كوماندىر! — نادەمنىڭ ئاۋازى قەتئىي ئىدى.

— ماقۇل بارغىن، — دېدى ئۇ ۋە قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا دۈشمەن پوتىيىگە قارىدى.

نادەم يېنىدىن بومبىلىرىنى قولىغا ئالدى - دە، يەر بېغىر-لاپ تېز سىلجىپ ماڭدى. جەڭچىلەر قوراللىرىنى بەس - بەس بىلەن سايرىتىۋەتتى. ئۇ تولغىنىپ - سىلجىپ ئالغا بارماقتا ئىدى، ئەتراپلىرىغا ئوقلار ۋىژىلدىشىپ چۈشۈپ تۇراتتى. ئەن-ۋەرنىڭ كۆزى نادەمدە، رەيھاننىڭ كۆزى نادەمدە، ھە، ۋارىس-جانىنىڭمۇ كۆزى نادەمدە ئىدى. جەڭچىلەر بىر ياقتىن ئاتاتتى، بىر ياقتىن ئۇنىڭغا ئۈمىد بىلەن قارايتتى.

نادەم پوتەيگە يېقىن باردى - دە، ئوڭ پۇتى بىلەن تىزلى-نىپ تۇرۇپ كۈچ بىلەن بومبا ئاتتى، كەينى - كەينىدىن يەنە ئىككىنى ئاتتى. كۈچلۈك گۈمبۈرلەش بىلەن پوتەينىڭ بىر

تەرىپى گۈمۈرۈلۈپ چۈشتى! ھەرەمباغ قورغىنىغا تۇنجى ئىشىك ئېچىلدى. نادەم قورغانىنىڭ ئىچىگە قارىتىپ ئاپتوماتتىن ئوق ئۈزدى. ھاياجان ھېسلىرىدىن يۈرەك - باغرى دولقۇنلىنىپ، يۈزلىرى نۇرلىنىپ كەتكەن ئەنۋەر ئورنىدىن دەرھال تۇرۇپ، قولىدىكى تاپانچىسىنى ئېگىز كۆتۈرگەن ھالدا:

— ئالغا! . . . — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى ۋە ئۆزى ئۈچقاندەك ئېتىلدى. پۈتۈن جەڭچىلەر ئۇررا سادالىرىنى ياڭرىتىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. بىراق، نەدىندۇر ئۇچۇپ كەلگەن بىر تال ئوق ئەنۋەرنى كېتىپ بارغان ئورنىدا توختىتىپ قويدى. ئۇ سەنتۇرۇلۇشىگە رەيھان يۈگۈرۈپ كېلىپ يۆلىۋالدى. بۇ چاغدا تەرەپ - تەرەپتىن كۆچلۈك دېڭىز دولقۇنلىرىدەك قىقاس - چۇقانلار ۋە ئۇررا سادالىرى كۆتۈرۈلدى. سادالار بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ يەرۇ كۆكنى تىترەتتى. بۇ غەلىبە ساداسى، ئالغا قاراپ يۈرۈش قىلىش ساداسى ئىدى. نەيزىچىلەر، قىقاس - چۇقانچىلارمۇ ئاشۇ سادا بىلەن ئېگىزلىككە يۈگۈرۈشۈپ چىقماقتا ئىدى.

دولقۇنلىنىپ - قەھرلىنىپ كېلىۋاتقان غەلىبە سادالىرىدىن ئۆزلىرىنى تامامەن يوقاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي قاچماقتا ۋە بەزىلىرى قوراللىرىنى تاشلاپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، تىترىگەن قوللىرىنى كۆتۈرمەكتە ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىغا يېزىلغان بۇ مۇقەددەس كۈن — 1945 - يىل 29 - يانۋار ئىدى.

## 3

تالڭ ئاتتى.

بۈگۈنكى كۈن غۇلجا تارىخىدا ئۆچمەيدىغان كۈن، يۈرەك

يېرىلغۇدەك خۇشاللىق كۈنى، ئاجايىپ جۇشقۇنلۇق بىر كۈن بولدى. يۈزلىرىگە تەبەسسۇم يۈگۈرگەن، يۈرەك باغرى دولقۇن- لانغان كىشىلەر قاتتىق سوغۇقتا قارىماي كوچىلارغا چىقتى. بىر بىرىگە غەلىبە خەۋەرلىرىنى يەتكۈزۈشۈپ، ھەرەمباغ ۋە لەڭشالڭ بۇتخانىسىنىڭ ئېلىنىشىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئاجايىپ مەردلىك- لەر، قەھرىمانلىقلار ھەققىدە ھېكايە ئېيتىشىپ قىن - قىنىغا پاتماي قېلىشقانىدى.

كىشىلەر گومىنداڭ قوشۇنلىرى سەكسەن تۆت كۈن ساقلاپ ياتقان ۋە ئاخىر تاشلاپ قاچقان ھەرەمباغ قورغىنىنى كۆرۈش ھەم بەزىلىرى ئۆ يەرگە ئەكىرىپ كېتىلگەن ئۇرۇق - تۇغقانلى- رىنىڭ تەقدىرىنى ئۇقۇش ئۈچۈن شۇ ياققا مېڭىشتى.

كىشىلەر توپى ئۇرۇش خارابىسىگە ئايلانغان ھەرەمباغنىڭ ئىچىگە كىردى.

رەيھان ئۆيمۇ ئۆي كىردى، ھەر تەرەپكە كەتكەن يەر ئاستى يوللىرىغا چۈشتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەتراپقا تەلمۈرگەندەك با- قاتتى، يۈزلىرى بارغانسېرى پەرىشانلىقتا چۈشمەكتە، كۆزىدىن بۇلدۇقلاپ ياش قۇيۇلماقتا ئىدى.

ئۆيلەر ۋەيران قىلىنغان، تاملار غەلۋىردەك ئۆتمۈتۆشۈك بولۇپ كەتكەن، پوتەيلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ يېرىمى يوق، بەزىلە- رى پۈتۈنلەي گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن، قىيسىيىپ قالغان ئۆيلەر- دىن تېخىچە قاپقارا ئىسلار بۇقسىماقتا ئىدى.

رەيھان زالدەك يوغان بىر ئۆيگە كىردى، بۇ ئۆيدە ھەر خىل ھايۋان ئۇستىخانلىرى چېچىلىپ تۇراتتى. يېڭىلا بۇغۇزلاپ قو- يۇلغان ئورۇق بىر ئاتمۇ ياتاتتى. كىشىلەر ئارىسىدا يۈرۈپ ئۇياق - بۇياققا تېزلا سەپسالغان رەيھان بۇ ئۆيدىن ئالدىراپ چىقىپ كىچىكرەك يەنە بىر ئۆيگە كىردى. بۇلۇڭدا ئۈچ ئۆلۈك دۈم ياتاتتى. ئولڭ تەرەپتىكى تامغا بىر يىگىتنىڭ ئىككى قولىنى كېرىپ مىخلاپ قويۇپتۇ، ئۇنىڭ كىيىملىرى جۇل - جۇل،

يۈزلىرى ئاپئاق تاتىرىپ كەتكەن، قولىقىدىن ئاقىقان قان بويۇن-لىرىدا ئويۇپ قالغان، چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، كۆكرىكى داغلانغان، تىلى ۋە بۇرنى كېسىلگەن، چىشلىرى كىرىشكەن، بېشى سەل ساڭگىلىغاندى، قاتقان كۆزلىرى قور-قۇنچلۇق ۋە ئېچىنىشلىق هالدا كۆرۈنەتتى.

— ياقۇپ! . . . — بىر ياش يىگىت هۆڭگۈرىگىنىپ يىغلاپ مۇردىغا ئۆزىنى ئاتتى.

رەيهان ئۇ ئۆيدىن چىقىپ، يەنە بىر ئۆيگە كىردى. ئىشىك-تىن كىرگەن يەردە بىرنەچچە تال ياپىلاق داقلاش - جازالاش قوراللىرى تۇراتتى، هەممىلا يەر قان داغلىرى بىلەن بۇلغانغان-دى. ئۆيدە ئاندىن تۇغما هالدا يالىڭاچلانغان، كۆكسىلىرى كېسىپ تاشلانغان بىر ئايال ياتاتتى. ئايالنىڭ چاچلىرى يۇلۇن-غان، تەنلىرى داغلانغان، يۈزلىرى قىيما - چىيما بولۇپ كەت-كەن، بەدىنى ئاللىقاچان قېتىپ قالغانىدى. ئايالنىڭ يېنىدا جان يېرى كېسىپ تاشلانغان تۆت ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بالىمۇ ئۆلۈك هالدا ياتاتتى. قەلبىدە غەزەپ ئوتلىرى يانغان كىشىلەر ئۆزلىرىنى باسالماي هۆركىرىشىپ يىغلىشۋەتتى. ئۆي-نىڭ بىر بۇلۇڭىدا دۈم ياتقان بىر جەسەتنى بىرسى ئوڭدا قىل-دى. رەيهان كىشىلەرنى ئىتتىرگىنىچە شۇ يەرگە كېلىپ ئەل-لىك ياشلار چامىسىدىكى، ئوچ يېرىدىن ئوق يەپ ئۆلگەن بۇ كىشىگە سەپسېلىپ قارىدى - دە، بىردىنلا ۋارقىرىۋەتتى!

— تاغا! . . . — ئۆزىنى ئۆلۈكنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى.

ئۇ رەيهاننىڭ تاغىسى ئىدى. رەيهاننىڭ تاغىسى بايكۆل مەهەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، گومىنداڭچىلار هەرەمباغ ئىچىگە قاچقان كۈنى ئۇ بالا - چاقىسىنى شەهەر ئىچىگە كۆچۈ-رۈپ كەلگەن، ئەتىسى سىغىپ ئىچىۋاتقان كالىسىنى ئەكېلىش ئۈچۈن ئىككىنچى قېتىم قورۇسىغا بېرىپ كالىسىنى يېتىلەپ چىقىۋاتقاندا، گومىنداڭچىلار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، كالىسى بىلەن

بىللىلا ھەرەمباغ ئىچىگە ئەكىرىپ كەتكەنىدى. قايسى كۈنى ھېلىقى ئايالنى بالىسى بىلەن قاتتىق قىيىنىغان چاغدا، ئۇ چىداپ تۇرالماي ئېتىلىپ بېرىپ ئايالنى قىيناۋاتقان گومىنداڭچىنى كۆتۈرۈپ يەرگە قاتتىق ئۇرغان، شۇ چاغدا ئىككىنچىسى تاپانچا بىلەن ئۇنى ئېتىۋەتكەنىدى.

ئۆپكە - ئۆپكىسىنى باسالمىغان رەيھان كىشىلەرنىڭ تەسەللى بېرىشى بىلەن ئاران ئورنىدىن تۇردى.

ھايات گۈللىرى بەرگىدىن ۋاقىتسىز ئاجراپ دەسسەلگەن، قەلبى ئەلەم زۇلمىدا ئۆرتەنگەن، ئازادلىققا تەلپۈنگەن ۋۇجۇدى جاللات تىغى بىلەن چانالغان، گۇناھسىز، شەبنەمدەك تازا تەنلەر ھەربىر ئۆيدىن بەشلەپ - ئونلاپ تېپىلاتتى. كۆز ھۆلاقلىرىدىن ئۈنچىدەك تىزىلىپ چىقىۋاتقان ياشلىرىنى يىرتىق چاپانلىرىنىڭ يېڭىگە ئېرتىپ، ھەرەمباغ قورغىنى ئىچىدىن چىقىۋاتقان ئادەملەر قەدەملىرىنى ئاستا - ئاستا بېسىپ، بايكۆل مەھەللىسى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

## 4

بايىراقتا نادەم ئەنۋەردىن قوشقاچ تىلىدەك قىسقىلا بىر خەت تاپشۇرۇۋالدى، خەتتە: «نادەم، ھايال قىلماي باتۇرغازى، ئاراش، جامالىدىن، رەيھان، ۋارىسجانلارنى باشلاپ كەل، يولداش كېۋىر توغرىسىدا يېزىلغان ماقالىنى بىللە كۆرىمىز» دېيىلگەنىدى. شۇئا، نادەم ئۇلارنى باشلاپ دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقان ئەنۋەرنىڭ قېشىغا كەلدى.

قايسى كۈنى گېزىتخانىنىڭ ئىككى مۇخبىرى دوختۇرخانىغا كېلىپ ئەنۋەرگە «سىز توغرۇلۇق بىرەر نەرسە يېزىش ئۈچۈن كېلىۋىدۇق» دەپ ئېيتقاندا ئەنۋەر:

— ئاۋۋال سىلەر يازىدىغان بىر جەڭچى بار، ئۇ كېۋىر

ئىسىملىك يىگىت، ئۇ مەردلىك بىلەن قۇربان بولغان قەھرىـ ـمان! ــ دېگەنىدى ۋە كېۋىرنىڭ تارىخىنى، بولۇپمۇ ئۇرۇشقا قاتناشقاندىن بېرىقى جەڭگىۋار پائالىيەتلىرىنى تەپسىلىي سۆز- لەپ بەرگەنىدى. مۇخبىرلار كېۋىرنىڭ ئىشلىرىدىن تەسىرلە- نىپ:

ــ بولىدۇ، بىز بۈگۈنلا يېزىپ، ئەتە سىزگە ئېلىپ كېلىمىز، ــ دېگەنىدى.

ــ مۇخبىرلارغا بۈگۈن رەيھاننى تونۇشتۇرمىز، قانداق دەيسىلەر؟ ــ دېدى نادەم كېتىۋېتىپ.

ئاراش ئۇنىڭغا ئۇلاپ دېدى:

ــ توغرا، يازسا رەيھاننىڭ ئەرزىگۈدەك نۇرغۇن ئىشلىرى بار.

قۇلىقىغىچە ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتكەن رەيھان:

ــ ۋىييەي. . . مېنىڭ يازغۇدەك نېمەم بار، يېزىشقا توغرا كەلسە، ئاۋۋال نادەمنى يېزىش كېرەك، ــ دېدى.

نادەم بېشىنى چايقىدى:

ــ ياق، ياق، ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، مېنىڭ نېمەم باركەن؟

ــ سىــز توخــتــاپ تۇرۇڭ، ــ دېدى رەيھان گەپ بەرمەي، ــ ھەرەمباغنىڭ ئېلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان سىز بولماي مەنمىدىم؟

ــ جەڭچىلەر مۇھىم رول ئوينىماي، مەن قانداق مۇھىم رول ئويناي؟

جامالىدىن گەپ قىستۇردى:

ــ سىنىڭ رولىڭنى كىچىكلىتىشكە بولمايدۇ، قانداق دېدىم، ۋارىسجان؟

ــ شۇنداق بولماي، ــ دېدى ۋارىسجان بىر ئۆگۈپ، بىر تاتىرىپ، ئۇنىڭ يۈرىكىدە داغ بولۇپ قالغان ئەلەملىك تۈيغۇ قايتىدىن ئوت بولۇپ يېنىشقا باشلىدى.

باتىرغازى بۇ تالاشلاردىن خۇلاسە چىقارغاندەك قىلىپ:

— ھەرەمباغنىڭ ئېلىنىشىدا جەڭچىلەرنىڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانلىقى راست، يولداش نادەمنىڭ مۇھىم رول ئوينىغانلىقىمۇ راست، — دېدى.

ئۇلار ئاشۇنداق قىزىق پاراڭلار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى تۇيماي قېلىشتى. بىراق، باتاليون كوماندىرى ئەنۋەر ئەپەندىنىڭ ياتىقىغا كىرگەندە، ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قېلىشتى. كوماندىرنىڭ قېشىدا پوكۇاي ياغلىقىنى بوينىغا چۇشۇرۇۋالغان، ئىككى مەڭزى ئانارەدەك قىزىرىپ كەتكەن چىرايلىق قىز ھۆرلىقا ئولتۇراتتى. ئەنۋەر كەينى ـ كەينىدىن سالام قىلىشىپ كىرىۋاتقان ئۆز جەڭچىلىرىنى كۆرۈپ ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى.

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

## 1

غۇلجا شەھىرىدە ئوق ئاۋازلىرى توختىدى. غۇلجا خەلقى بۇ تىنچلىق بەدىلىگە بىرنەچچە يۈز پەرزەنتىدىن ئايرىلدى. لېكىن بوراندىن كېيىنكى ئىللىق ئاپتاپ پۈتۈن ھاياتلىقنى شادلاندۇرغىنىغا ئوخشاش، قانلار بەدىلىگە كەلگەن خاتىرجەملىك ھەربىر كۆڭۈلنى كۆلدۈردى. ھايات قالغان ۋە غەلىبە ئىگىسى بولغان ئادەملەر قۇربان بولغانلارنى ئەسلىگەندە كۆڭۈللىرىدىن رازىمەنلىك ھېس قىلدى. لېكىن، قورال تۇتقان جەڭچىلەرنى تېخى قانلىق جەڭلەر كۈتمەكتە ئىدى. نىزامىدىن قىسىملىرى شەرققە قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلەشكە بۇيرۇق ئالدى. نادەم باتاليون كوماندىرى ئەنۋەر ئەپەندىنىڭ ئالدىغا كىرىپ، قىسىم يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ - خوشلىشىپ كېلىشكە رۇخسەت سورىدى.

— بولىدۇ ئىنىم، تېز بېرىپ كەل، ئاپاڭغا مەندىن ئالاھىدە سالام ئېيتقىن، — دېدى ئەنۋەر ئۇنىڭ قولىنى قىسىپ.

نادەم قايتىپ چىقىپ، توقۇقلۇق بوز ئېتىنى مىندى - دە، يېزىغا قاراپ يول ئالدى.

بۇ يىل قار قېلىن ياغقان، ئۈچىنچى ئاي كىرگىلى خېلى بولغان بولىسىمۇ، باش ئەتىيازنىڭ ھېچقانداق شەپىسى يوقتەك ئىدى. پۈتۈن ئەتراپ ئاپئاق قار بىلەن چۈمكەلگەن، بىرنەچچە

كۆن ئىلگىرى ياغقان قارنىڭ سوغۇقى تېخى بوشىمىغانىدى. چىڭدالىمىغان يېزا يولىدا بوز ئات مىنىپ كېتىپ بارغان نادەم يېزىسىغا يېقىنلاشقانسېرى ھاياجانلىناتتى.

يايلىسى، ساغرىسى، كىرپىكلىرى ئاپئاق قىرو بولۇپ كەت-كەن بوز ئات ئىگىسىنىڭ ھاياجىنىنى چۈشەنگەندەك تىزگىن سېرىپ، تۇياقلىرىدىن پىيالىدەك قار كاللەكلىرىنى چاچرىتىپ يورغىلاپ كېتىپ باراتتى. نادەم چىڭقى چۈش مەزگىلىدە يېزىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ يېزىغا كىرىش بىلەنلا كىشىلەر بىلەن تىنچ-لىق سورىشىش باشلاندى. بەزى يەرلەردە ئاتتىن چۈشتى، بەزى يەرلەردە توختاپ كىشىلەرگە سالام بەردى، بەزىلەر بىلەن قۇچاق-لىشىپ كۆرۈشتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ھە، نادەم، ئاتقان ئوقۇڭلار زايە كەتمەپتۇ بالام، دېگەنبىلەن، — دېيىشتى قېرىلار ئۇنى روھلان-دۇرۇپ.

— غۇلجىنى ئازاد قىلدۇق دەپ توختاپ قالماڭلار يەنە، گومىنداڭ دېگەن ئاپەتنى يىلتىزىدىن قومۇرۇۋەتمىگۈچە توختى-ماڭلار ئەمدى، كەينىڭلاردا بىز بار، قېرىساقمۇ ئوق - دوراڭ-لارنى يەتكۈزۈپ بېرەلەيمىز!

ئۇششاق باللارمۇ ئويناۋاتقان ئويۇنلىرىنى تاشلاپ نادەم-نىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. بەزىلىرى: «كۆردۈڭمۇ، نادەم ئاكام ئەسكەر بولۇپ كېتىپتۇ» دېسە، بەزىلىرى: «مەنمۇ چوڭ بولغاندا نادەم ئاكامدەك تاپانچا ئاسقان كوماندىر بولىمەن» دېيىشتى.

گۈلپەمخان سېغىز لاي بىلەن قازان باشلىرىنى سۇۋاۋاتات-تى، ئادىلجان دېرىزىدىكى چىرايلىق گۈل شەكلىگە كىرىپ قېتىشقان، ئەمدى ئېرىشكە باشلىغان مۇزلارنى تىرنىقى بىلەن سىجاپ ئولتۇراتتى.

نادەم ھويلىغا كىردى - دە، ئاتتىن چۈشمەيلا

ۋارقىرىدى:

— ئاپا! ھاي ئادىلجان!

ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىققان ئادىلجان ئۆزىنى ئاكىسىغا ئوق-تەك ئاتتى.

— كەل، ساقام، ئاتقا مىندۈرەي سېنى.

نادەم ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئۇكىسىنى قولتۇقىدىن كۆتۈرۈپ ئاتقا مىندۈردى. ئادىلجان كىچىككىنە كۆزلىرىنى ئوينىتىپ خۇشال بولۇپ كەتتى. نادەم ئېتىنى تۈۋرۈككە باغلى-دى ۋە ئادىلجاننى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئالدى. ئۇنىڭغىچە ئۆيدىن ھۆل قولىنى كۆڭلىكىنىڭ پېشىگە ئېرتىپ گۈلپەمخان چىقتى - دە، ئادىلجاننى يېتىلەپ كىرىۋاتقان ئوغلى-غا:

— كۆزۈمدىن ئۇچۇپلا كەتتىڭغۇ، كەلدىڭمۇ بالام! — دېدى - دە، ئوغلىغا تاشلاندى ۋە پېشانىسىدىن سۆيدى.

— سالامەت تۇردۇڭمۇ ئاپا؟

— چىرايىڭ سۇرقىداپلا قاپتىغۇ بالام!

ئانا ئوغلىغا قاراپ قانمىدى. قاتتىق ئىشلەپ ھاردۇق يەتكەن ئادەمدەك چوڭقۇر ئۇھ تارتتى ۋە تىزلىرىغا تايىنىپ يېنىك ئاتلاپ، مانتىغا چۈشۈپ ئوچاققا سامان قالاشقا تۇتۇندى. نادەم ئۆيگە سىنچىلاپ قارىدى ۋە بېشىنى ئېرغىتىپ كۈلۈپ قويدى. ئۆي ئىچى بۇرۇنقىدەكلا، ئۆزگىرىش يوق ۋە چىنىدەك پاكىز ئىدى. قازان باشلىرى سۇۋالغان، دېرىزىدىكى قاچىغا تېرىلغان گۈللەر كۆكىرىپ تۇرۇپتۇ. تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، بۆشۈكىدەك ئۆز ۋە يېقىملىق ئۆيىنى كۆرۈپ نادەم ئېچىلىپ - يېيىلىپ كەتتى. ئۇ ئوڭدا يېتىپ ئادىلجاننى قور-سىقىغا مىندۈردى. ئادىلجان قىن - قىنىغا پاتماي قاقاقلاپ كۈلدى. كۆڭلى كۆتۈرۈلگەن ئانىمۇ قېنىپ - قېنىپ كۈلدى. بىردەمنىڭ ئىچىدىلا قازان قايناپ ئۆي ئىچىگە نەم ھور تولدى.

گۈلپەمخان چاي ئەتتى، جوزا قويۇلۇپ، بىر نەچچە يېرىگە ياماق چۈشكەن پاكىز داستىخان سېلىندى.
ئۇلار جايغا ئولتۇردى.
— نېمانچىلا ئالدىراش كەلدىڭ بالام! — سورىدى چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ ئانا.
— ئالدىنقى سەپكە مېڭىشىمىز مۇمكىن. سىلەر بىلەن خوشلاشقىلى كەلدىم، ئاپا.
— نەگە ماڭىسىلەر؟ — گۈلپەمخاننىڭ چىرايى بىرئاز ئۆزگەردى.
— سوقۇشقا ئاپا، پات ئارىدا يۈرۈپ كېتىمىز.
ئوغلىنىڭ كېتىمەن دېيىشى دەسلەپتە ئانىسىغا ئېغىر تۇيۇلدى، ئۇ ئويلىنىپ قالدى، ئويلىغانسېرى قاپىقى تۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئوغلى ئۇنىڭغا ئات ئۈستىدە قىلىچىنى ئوينىتىپ دۈشمەنلەرنى سۈرۈپ كېتىپ بارغاندەك كۆرۈندى. شۇڭا، ئۇ چىرايىنىمۇ ئاچماستىن:
— بوپتۇ ئوغلۇم، نېمىمۇ دەيتتىم، قولۇڭغا مىلتىق ئالغان بولغاندىكىن ماڭ، سېنىڭ يولۇڭ شۇ! — ئانا شۇنداق دېدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆينىڭ تۆرىدىكى ساندۇقنىڭ يېنىغا باردى. گۈلپەمخان ساندۇقنىڭ ئالدىدىن ئاستا تۇردى - دە، ئوغلىغا سوۋغىسىنى ئۇزاتتى.
— مانا بالام يوللۇقۇم، داداڭنىڭ تەۋەررۇكى، ساڭا يالداما بولسۇن.
نادەمنىڭ قولىنى ئۇزىتىپ ئالغىنى دادىسىدىن قالغان بەكە ئىدى. ئۇ بەكىنى تۇتقىنىچە ھاياجانلىنىپ دادىسىغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن تۇرۇپ قالدى. ئانىسىمۇ، بالىنىمۇ كۆز ئالدىدا خۇددى ناسىر ئاخۇن قاراپ تۇرغاندەك، ئارمان بىلەن كەتكەن ئاتا بۈگۈن ئوغلىدىن رازى بولۇپ كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇلار ئىككىسى بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قېلىشـ

تى. ئۇلار ئەنە شۇنداق ئۇنسىز ئازاب چېكىشتى. ئانىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى، چۈنكى مۇئەللىم ئوغلى نادىرنىڭ قىياپىتىمۇ كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىشكە باشلىغانىدى. نادەم ئانە-نىڭ يوللۇقىنى ئەلڭ ئەتىۋارلىق نەرسىدەك ئاۋايلاپ قولىغا ئالدى ۋە ئاستا يانچۇقىغا سالدى. شۇ ئېغىر مىنۇت ئىچىدە ناسىر ئاخۇننىڭ پاجىئەسى، چولڭ ئوغلىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدى-رى ئانىنىڭ ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالغانىدى. ئۇنىڭ غەزىپى ئۆر-لەپ، ئوت بولۇپ يانغان يۈرىكىدىن بىردىنلا يالقۇنلۇق سۆزلەر تىزىلىپ چىقىشقا باشلىدى:

— ئوغلۇم، — دېدى ئانا تەمكىنلىك بىلەن، — ئاق يول بولسۇن، كۆپچىلىك ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئايىما! كۆپنى دەپ سەپەر قىلدىڭ، باسقان ئىزىڭدىن گۈل ئۈنىدۇ، ئېيتقان سۆ-زۈڭدىن گۆھەر ياغىدۇ، نامەرد بولما، گېزى كەلگەندە ئەل ئۈچۈن بىر قوشۇق قېنىڭنىمۇ ئايىما! مۇبادا سېنى قورقۇنچ باسقۇدەك بولسا، بوۋاڭ سادىر پالۋانغا سېغىن، ئۇنىڭ نامى ساڭا مەدەت بولىدۇ! ئاتا - بوۋىلىرىڭنى قەبرىدە تىنچ ياتسۇن دېسەڭ، كەينىڭگە بىر ماڭدام چېكىنمە! كەينىدىن ئوق يەپ ئۆلگەن بالا — مېنىڭ بالام بولمايدۇ، قاچقۇنلۇق نەسىل - پۇشتىمىزغا يات! — ئانا چوڭقۇر بىر تىنىپ تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ يۈزلىرى تاتىرىپ، لەۋلىرى تىترەپ كەتكەنىدى، — ئاكاڭنىڭ ئىنتىقامىنى ئال، دۈشمەنگە زادىلا رەھىم قىلما، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىل بالام، ناۋادا جەڭ قىلىپ ئۆلۈپ كەتسەڭ، كېچىلىرى كىرىپىك قاقماي، سوغۇق بۆشۈك قۇچاق-لاپ ساڭا بەرگەن ئاق سۈتۈمدىن رازىمەن!...

ئانىنىڭ يۈرەكتىن ئۇرغۇپ چىققان يالقۇنلۇق سۆزلىرى نادەمنى تېخىمۇ هاياجانغا سالدى، بۇ سۆزلەر ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىش ئۈچۈن تەييار تۇرغان ئوغۇل ئۈچۈن خورىماس غەي-رەت، تاغدەك مەدەت بولدى. يۈرىكى ئويناپ يۈزلىرى هۇپپىدە

ئوت ئالغان نادەم:
— ماقۇل ئاپا، ئېيتقان سۆزلىرىڭنى ئېسىمدە چىڭ ساقلايمەن! — دېدى.
ئۇ هاياجان بىلەن هويلىغا چىقتى ـ دە، ئېتىنى يەشتى ۋە يېتىلەپ كوچىغا چىقتى. بوز ئات ئىگىسىنىڭ ۋەدىلىرىنى چۈشەنگەندەك قومۇش قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ تىپچەكلەپ تۇراتتى.
ئۇ ئېتىغا ئىرغىپ مىندى:
— خەير ئاپا، سالامەت بول!
— خوش ئوغلۇم، ئاق يوللۇق بول!
نادەم ئېتىنىڭ بېشىنى قايرىدى ـ دە، تىزگىنىنى قويۇپ بەردى، گويىاپ تۇرغان ئات ئۇنى ئۇچقاندەك ئېلىپ كەتتى. ئۇ كوچىنىڭ دوقمۇشىغا يەتكەندە، كەينىگە قايرىلىپ قاراپ، ياغلىقىنى ئورۇنۇپ قاراپ تۇرغان ئانىسىنى هەم قوللىرىنى كۆتۈرۈپ تەلپۈنۈپ تۇرغان ئىنىسىنى كۆردى.
ئانا ئۆزىنى قانچىلىك غەيرەتلىك، خۇشال تۇتقان بولسىمۇ، بەربىر كۆزىدىن ئېتىلىپ چىققان ياش مەڭزىگە تېمىپ چۈشتى.
ئۇ ئوغلىنىڭ كەينىدىن ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ، قەدەملىرىنى ئېغىر، ئاستا بېسىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

## 2

سۈتتەك ئاق ئايدىڭ كېچە، تولۇنئاي بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەي بۇلۇتلار ئارىسىدا ئۈزەتتى.
ئېگىز سۇۋادان تېرەكلەرنىڭ يوپۇرماقسىز شاخلىرى كوچىغا سۇس قارامتۇل سايە تاشلىغان، ئاچچىق شامال ئاستا ئۇرۇپ تۇراتتى.

كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى جەڭچى قەدەملىرىنى ئالدى-
رىماي بېسىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئاۋازىنىڭ زىل-
لىقىدىن، قۇلاقچىسىنىڭ كەينىدىن تۇرۇلگەن چېچى كۆرۈنۈپ
تۇرغانلىقىدىن، ھە، بۇ قىز ئىكەنغۇ دېمىسە سىرتتىن قارىغان
كىشى قايسىسىنىڭ ئوغۇل، قايسىسىنىڭ قىزلىقىنى پەرق ئې-
تەلمەيتتى. ھەر ئىككىسىنىڭ ئۇچىسىدا ئۇزۇن ئاق جۇۋا،
بېشىدا ئاق قۇلاقچا، پۇتىدا بوز پىيما بار ئىدى. ئۇلار بىر سەپتە
جەڭ قىلىۋاتقىنىغا ئۇچ ئاي بولغان بولسىمۇ، لېكىن كوچىدا
ئىككىسىنىڭ مۇشۇنداق يالغۇز مېڭىشى، ئۇنىڭ ئۇستىگە كېچى-
دە يانمۇ يان مېڭىشى بىرىنچى قېتىم. ئۇلار ئىككىسى قىزنىڭ
ئۆيىگە بىللە بېرىشتى، بىللە يېنىشتى. شۇ تاپتا قىز مۇشۇ
مۇساپىنىڭ يىراق بولۇشىنى، يىگىتنىڭ تېخىمۇ ئاستا مېڭىشى-
نى ئىستەيتتى. پىيادىلەر ئۇچۇن خېلىلا ئۇزۇن بولغان بۇ يول
ئۇلارغا ناھايىتى قىسقا بىلىنمەكتە ئىدى. قىز يىگىتنىڭ بىلى-
كىگە قولىنى ئۆتكۈزۈۋالغان، ئۇ ئۆزىنى چەكسىز بەختلىك ۋە
خۇشال سېزەتتى، شۇڭا ئۇ شۇنچىلىك ئېچىلىپ كەتكەنىدى.
— شۇنداق قىلىپ، رەيھان، جەڭگە يەنە بىللە ماڭىدىغان
بولدۇق - دە، — دېدى يىگىت رەيھانغا سەل ئېڭىشىپ تۇ -
رۇپ، — چىڭ ئىكەنسىز جۇمۇڭ، تاس قالاتتىڭىز قېلىپ
قالغىلى، ئەمدى سىناقتىن ئۆتتىڭىز.
نادەم رەيھانغا كۈلۈپ قارىدى، قىز ھەيرانلىقتا قالغان
كۆزلىرى بىلەن نادەمگە يېقىملىقىنا تىكىلدى.
— سىنىقىڭىزدىن ئەمدى ئاران ئۆتتۇپتىمەن - دە، —
دېدى قىز كۆزلىرىنى تېخىمۇ خۇمارلاشتۇرۇپ. نادەم بۇرۇن
قىزنىڭ ئويناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن نۇرغۇن مەنىلەرنى چۇشەن-
گەن، بىراق ئەختەمبايغا بولغان ئۆچمەنلىكى ئۇنى قىزدىن قا-
چۇرۇپ كەلگەنىدى. ئۇ بۇگۇن قىز توغرىسىدىكى خاتالىقلىرى-
دىن خىجىل بولدى.

— رەيھان، مەن سىزنى خاتا چۈشىنىپ كەپتىمەن، — دېدى يىگىت قىزنىڭ بارماقلىرىنى قىسىپ، — باي قىزلىرى كەمبەغەل يىگىتكە بىكار يېقىنلاشمايدۇ، پەقەت ۋارىسنى تېخىمۇ قىزىقتۇرۇش ئۈچۈنلا ماڭا يېقىنچىلىق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ ئىچىمدە سىزدىن نەپرەتلىنىپ يۈردۇم، مېنى كەچۈرۈڭ. . . مەن سىزگە ئىشەندىم، سىز بىلەن بەختسىز بولمايمەن.

— ھەرقانچە بولسامۇ ئالتۇن خەجلەپ تېزەك سېتىپ ئالغۇدەك ئەخمەق ئەمەسمەن، — دېدى قىز نادەمنىڭ قاۋۇل بىلەكلىرىگە يۆلىنىپ، — مەن ئاق كۆڭۈل بىر دېھقان يىگىت-نى تاللىغىنىمغا ناھايىتى خۇشالمەن، مەنمۇ خاتالاشماپتىمەن.


— ئالدىمىزدا تېخى قايناق جەڭلەر، ئېلىشىشلار بار، — دېدى نادەم قىزنىڭ ئۆز كۆكسىگە قويغان بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، — گومىنداڭچىلاردىن ئارانلا بىرنەچچە ئورۇننى تازىلىدۇق، تېخى سەپىرىمىز ئۇزاق ھەم مۇشكۈل. كىم بىلىدۇ، قايسىمىزنىڭ ئۆلۈكى قەيەرلەردە قالىدۇ، بىراق ھاياتتىن ئۈمىدىمىز زور، شۇ تاپتا، مەن. . . — نادەم شۇنداق دېدى-دە، قىزنىڭ يۈزىگە يۈزىنى ياقتى، قىز قاچۇرمىدى، پەقەت تارتىندى، قورۇندى. . .

ئۇلار خۇددى يۈرىكى توختاپ قالغاندەك، خۇددى يالغۇز ئادەمدەك جىمجىت. ئۇزاق تۇرۇشتى. بۇلۇتلار ئارىسىدىن تو-لۇنئاي چىققاندا ئۇلار ئۇنىڭدىن ئىزا تارتقاندەك بىر-بىرىنى قويۇۋېتىشتى. قىز نادەمنى قولتۇقلىۋالدى، ئۇلار سەپىرىنى داۋاملاشتۇردى، خېلى يەرگىچە سۆزسىز مېڭىشتى.

— شۇنداق، رەيھان، — دېدى نادەم ئاستا كېتىپ بېرىپ، — سەپەرلىرىمىزمۇ تۈگەيدۇ، گومىنداڭمۇ تۈگەيدۇ، لېكىن كۈرەش تۈگىمەيدۇ، بىزنى بوزەك قىلغان ئادەملەر بىلەن بولىدىغان كۈرىشىمىز تېخى بار.

— كىم جىنايەتچى بولسا، — دېيىشتى رەيھان جىددىي

AltunOq



هالدا، ــ شۇ ئۆزىنىڭ جازاسىنى تارتىش كېرەك.
ــ شۇنداق، تېخى ئىشلار نۇرغۇن. بىز دۇنياغا كېلىپ نېمە ئىش قىلدۇق؟ ھېچقانچە ئىش قىلمىدۇق. ئەمدىلا قولدىمىزغا قورال ئالدۇق. تارىخقا يازسا ئەرزىگۇدەك ئىشلارنى ئەمدىلا باشلاۋاتىمىز. ئاتا - بوۋىلىرىمىز دۇنيادىن قاقشاپ ئۆتكەن، بىزچۇ؟ جەڭ بىلەن قان ئىچىدە ئۆتسەكمۇ مەيلى، ئەمما ئەۋلادلىرىمىز دۇنيادىن كۈلۈپ ئۆتسىلا بولدى ئەمەسمۇ؟
ــ مەن بۇرۇن بىلىملىك بولسام، ئىناق ئائىلە قۇرسام بەختلىك بولىمەن دەپ ئويلايتتىم، ــ دېدى قىز ھاياجانلىنىپ، ــ لېكىن قولىمىزغا قورال ئالمىغۇچە بەختلىك تۇرمۇش قۇرۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشەنمەيتىكەنمەن، قاراڭا نادەم، قانداق بەختلىكمەن - ھە! ــ ئۇ نادەمنىڭ بىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋالغان قولى بىلەن ئۆزىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى. نادەمنىڭ تېنىگە يەنە قايتىدىن ئوت تۇتاشقاندەك، پۈتۈن بەدىنى لاۋۇلداپ يانغاندەك، سۆڭەكلىرى ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ مۇھەببەتنىڭ بۇ ئاجايىپ كۈچىدىن مەست بولۇپ يىقىلىق كۈلدى. ئۇ يەنە جۈرئەت قىلىپ قىزغا ئېگىشىۋىدى، قىز ئۆزىنىڭ ئېگىكىنى ئاستا نۇقۇپ قويدى:
ــ بولدى، ئەمدى كەلگۈسى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىڭ نادەم!
ئۇلار يەنە سۆزسىز مېڭىشتى، نادەم يىراقلارغا كۆز تاشلاپ سۆزىنى داۋام قىلدى:
ــ كەلگۈسىدە ئاجايىپ ئىشلار بولىدۇ، خەلقىمىز كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان، ھەيران قالارلىق يېڭىلىقلارنى يارىتىدۇ. ئەنۋەر ئەپەندىنىڭ سۆزى يادىمدا، ئۇ، بىز ناھايىتى ئارقىدا قالدۇق، خەلقىمىز ئازاد قىلىنسا، ئازاد بولغان ئەقلىدىن كەلگۈسىدە ئاجايىپ مۆجىزىلەر يارىتىلىدۇ، دېگەنىدى.
ــ شۇنداق، ــ دېدى رەيھانمۇ ئويلىنىپ، ــ بىز

ئەمدى ئەركىن ياشايمىز، خالىغان ئىشىمىزنى قىلالايمىز.

— بىزمۇ ئۆي تۇتارمىز، بالا - چاقىلىق بولارمىز، بالىلىرىمىز موھتاجلىق كۆرمەي بەختلىك ياشار. بىز ئۇلارغا سىلەرنىڭ بۇ بەختىڭلار، بىزنىڭ كۆرەشلىرىمىزدىن كەلگەن، دەپ جەڭگىۋار ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرەرمىز، بەلكى مۇشۇ كۆرەشلىرىمىز ھەققىدە كىتابلارنىمۇ يازارمىز. گومىنداڭنى تەلتۆكۈس يوقاتساق، قىلىدىغان ئىشلىرىمىز تېخىمۇ كۆپىيەر، — دېدى نادەم، قىز خۇددى كىچىك بالا ئەركىلىگەندەك ئۇنىڭغا يۆلەندى. نادەم سۆزىنى داۋام قىلدى، — بىز ھەقىقەتەن بەخت-لىك ئىكەنمىز، باشقىلارغا ياخشى كۈن يارىتىش ئۈچۈن جېنىنى ئاتىغان ئادەم مېنىڭچە ئەڭ بەختلىك ئادەم بولىدۇ.

ئاددىي دېھقان يىگىتنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان مەردانە سۆز-لەر كۆپ كىتاب ئوقۇغان، ھېسسىياتلىق، ياش قەلبى ئارزۇ - ئۈمىدكە تولغان شەھەر قىزىنى ھەم جەلپ قىلاتتى، ھەم ھەيران قالدۇراتتى. قىز شۇ تاپتا يىگىت بىلەن كېچىچە كوچا ئايلىنىشقا تەييار ئىدى.

ئۇلار يان كوچىدىن قايرىلىپ ئۇزۇندىن ئۇزۇن كەتكەن يەنە بىر كوچىغا چىقتى. بۇ كوچىمۇ ئاسمانغا تاقاشقۇدەك ئېگىز سۇۋادانلىق كوچا ئىدى. يانداش كوچىلاردىن ئارىلاپ ئات تۇياق-لىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالمىسا كوچىلار پۈتۈنلەي جىم-جىت، ئادەمسىز ئىدى. رەيھاننىڭ يۈرىكى تېز - تېز سوقۇپ يۈزلىرىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى. ئۇ نادەمنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەندە، ئۆزىدە پەيدا بولغان ئارزۇ - تىلەكلەرنىڭ ئىشقا ئاشىدىغانلىقىغا ئەمدى ئىشەندى. ئۇلار كېلەچەكتە بولىدى-غان ئاجايىپ ئىشلار توغرىسىدا ئويلىشىپ، خېلى يەرگىچە جىم-جىت مېڭىشتى.

ئۇزۇن كوچىنىڭ ئۇلۇغ تەرىپىدىكى تار يان كوچا دوقمۇشىدا تۇساتتىن ۋارسجان پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇ ئۆزى تەرەپكە كېلى-

ۋاتقان نادەم بىلەن رەيھاننى يىراقتىنلا تونۇغانىدى. بايا قىز نادەمنى ئەگەشتۇرۇپ ئۆيىگە ماڭغانلىقىنى ۋارىسجان كۆرگەن ۋە لېۋىنى چىشلەپ نېمىلەرنىدۇ ئويلاپ قاراپ قالغانىدى.

— كەل، نادەك، كەل، ئاتىلىمىزنىڭ ئولىنى كولاۋاتقان سەنمىدىڭ، ئەمدىغۇ قولغا چۈشكەنسەن، قىز مېنىڭ دەپ ئويلاۋاتمىغانسەن، چۈچۈرىنى خام ساناپسەن، — دېدى ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — ۋۈي يېتىم ئوغلاق! رەيھان سەن تېگى پەس گادايغا لايىقمىدى؟...

ئۇ تاپانچىسىنى قېپىدىن سۇغۇرۇپ ئالدى ـ دە، نادەمگە توغرىلىدى. ئۇنىڭ قولىدىكى تاپانچا كۈزنىڭ ئىزغىرىن شامىلىغا يولۇققان قاقشال شىۋاقتەك تىترىدى.

— نەرىڭگە ئاتاي، بېشىڭغىمۇ؟ ياق، ئۇ كىچىكلىك قىلىدۇ، يۈرىكىڭگە ئاتاي... — دېدى ئۇ غالىلداپ تىترەپ.

نادەم بىلەن رەيھان قولتۇقلىشىپ يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. كوچىدا ئۇلاردىن باشقا ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. تولۇنئاي بىردىن ئاقۇچ، شالاڭ بۇلۇت پارچىلىرىنىڭ ئارىسىدا قالدى. ۋارىسجان دەرەخكە چاپلىشىپ تۇرۇپ نادەمنى چەنلىدى ـ دە، ئاتتى، تۇيۇقسىز چىققان ئوق بىلەن تەڭ رەيھان قاتتىق چىرقىرىدى.

— ئاھ... نادەم!

— رەيھان!

نادەم كەينىگە يىقىلىۋاتقان قىزنى يۆلىدى، بولمىدى، قىزنىڭ پۇتلىرى يەر تىرەپ تۇرالمىدى. نادەم قىزنىڭ بېشىنى تىزىغا قويدى. ۋارىسجاننىڭ تاپانچىسىدىن چىققان ئوق نادەمگە تەگمەي رەيھاننىڭ ئولۇڭ چېكىسىگە تەگكەنىدى. ئۇ يەردىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان قان قىزنىڭ يۈزىنى، بويۇنلىرىنى بويىۋەتتى. ئوق تەگكەن يەرنى ئالىقىنى بىلەن بېسىپ تۇتۇۋالغان نادەمنىڭمۇ قوللىرى قىپقىزىل قان بىلەن بويىلىپ كەتتى.

ۋارىسجان ئاتقان ئوقنىڭ كىمگە تەگكەنلىكىنى بىلىشتىن قورقتى. ئۇ تەمتىرەپ، ھودۇقۇپ، كەلگەن كوچىسىنىمۇ ئۇنۇتۇپ، ئۆزىنى نەگە قويۇشنى، قاياققا قاراپ قېچىشنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ بېشى قايغان تەرەپكە يۈگۈردى ۋە نېمىدۇر بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلدى. ئۇ خۇددى ئۇۋۇسىنى تاپالماي قالغان چاشقاندەك ئۇياق - بۇياققا تاشلاندى، ئاخىرى ئۆمىلەپ قوپۇپ قاچتى. كوچىغا چىققان ئىككى قاراۋۇل ئاتلىرىنى تاراسلىتىپ دەرھال يېتىپ كەلدى.

— رەيھان! رەيھان! — دەيتتى نادەم بىتاقەت بولۇپ. نادەمنىڭ ئاۋازى قۇلىقىغا بىلىنەر - بىلىنمەس كىرگەن قىز كۆزىنى ئاستا ئاچتى. ئۆچكەن چىراغ قايتا يانغاندەك، نادەمگە ئۈمىد پەيدا بولدى.

— ئوق قاياقتىن چىقتى؟ — دەپ سورىدى قاراۋۇللار ئالدىراپ، نادەم تار كوچىنىڭ دوقمۇشىنى كۆرسەتتى.

ئىككى قاراۋۇل قايتىپ كېلىپ دېدى:

— يوق، قېچىشقا ئۈلگۈرۈپتۇ.

قىزنىڭ تاتارغان لەۋلىرى ئاستا پىچىرلىدى:

— نادەم. . . مېنى. . . دوختۇرخانىغا. . . چاپسان. . .

قىزنىڭ ئۈزۈك - ئۈزۈك سۇس ئاۋازى نادەمنىڭ جېنىغا جان قوشقاندەك بولدى. شۇ چاغدىلا ئۇ ئۆزىگە كېلىپ تېخىچە قىزنىڭ ئوڭ چېكىسىنى ئالىقىنى بىلەن چىڭ بېسىپ تۇرغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى ۋە بوغۇن چۆشتە رەيھان يۇيۇپ بەرگەن قولياغلىقىنى ئوق تەگكەن يەرگە قويۇپ، قاراۋۇللار سۇنغان قولياغلىق بىلەن ئۈستىدىن تاڭدى ھەم بىرلا ئىرغىپ ئۇلارنىڭ ئېتىغا مىندى. قاراۋۇللار قىزنى ئۇنىڭغا ئاستا سۇنۇپ بەردى، نادەم قىزنى ئاۋايلاپ ئاتنىڭ ئالدىغا ئالدى - دە، ھەربىي دوختۇرخانا تەرەپكە قاراپ ئىلداملاپ ماڭدى.

## 3

باھار كەلدى. ئىلى ۋادىسىدىن قاراڭغۇ قىشمۇ ھەيدەلدى. پۈتۈن ۋىلايەت ئەمدى ئىلى دەرياسىنىڭ شاۋقۇنلىرى بىلەن جازلانغاندى. جىڭ ناھىيىسىنى ھىسابقا ئالمىغاندا، ئىلى ۋىلايىتى گومىنداڭچىلاردىن تامام ئازىلىنىپ بولدى. ھۆكۈمەتنىڭ قارارى بويىچە مۇنتىزىم مىللىي ئارمىيە قۇرۇلدى ۋە داغدۇغىلىق ئارمىيە قۇرۇلۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. يارىشىملىق ھەربىي فورما — ئۆتۈك، گەلەپى شىم، گىمناستيۇركا ۋە ئىسپانكا كىيگەن جەڭچىلەر، ئوردىن، مېداللارنى تاقىغان گېنېراللار، پولكوۋنىكلار، مايور، كاپىتانلار، كومىسسارلار تولۇق قوراللىنىپ غۇلجا شەھىرىدە نامايىش قىلدى. خەلق ئۆز ئارمىيىسى بىلەن پەخىرلەندى. خۇددى خەلق ئارزۇسىنى چۈشەنگەندەك ئىلىق باھار ئاپتىپى پۈتۈن تەبىئەتنى جانلاندۇرۇۋەتتى. قولۇن - قوزىلار قىيىغىتىشتى، ئېرىقلاردا سۇلار شىۋىرلاشتى، چوكانلار ياشىرىپ جالا بولدى، يىراق جايلاردىن ئۇچۇپ كەلگەن نەغمىچى قۇشلار چاڭىلداپ سايراپ، يېتىپ كەلگەن باھارغا زوقى بىلەن تەنتەنە قىلىشقا باشلىدى.

مۇنتىزىم تۈسكە كىرگەن قوشۇنلار كوچىنىڭ ئىككى تەرەپىدە تۇرغان كىشىلەر ئالدىدىن ئۆتمەكتە ئىدى. پولك، باتاليون، روتا كوماندىرلىرى ئۆز پولكلىرىنى، باتاليونلىرىنى، روتىلىرىنى باشلاپ، ئېيتقۇسىز خۇشاللىق ۋە مەغرۇرلۇق بىلەن ئۆزلىرىنى تەبرىكلەپ تەنتەنە قىلىشىۋاتقان ئاتا - ئانىلىرى، ئاكا - ئۇكىلىرى، ھەدە - سىڭىللىرى ئالدىدىن ھەيۋەت بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى. كىشىلەر ئۆز قوشۇنلىرىنىڭ شۇنچىلىك زورايغانلىقىنى، شۇنچىلىك مەرد - مەردانىلىكىنى كۆرۈپ،

خۇددى بىشى ئاسمانغا يەتكۇدەك خۇشال بولۇشۇپ، ئىپتىخارلى-نىپ، مەغرۇرلىنىپ كېتىشتى. بۇ كىشىلەر ئۆز تارىخىدا شۇن-چىلىك مۇنتىزىم كۈچكە، غەيرەتكە، جاسارەتكە، قۇدرەتكە ئىگە بولغان قوشۇنلىرىنى تېخى كۆرمىگەنىدى. بۇ قوشۇن قۇدرەتلىك جاسارىتىنى نامايان قىلىپ، غالىب ناخشىلىرىنى جاراڭلىتىپ كىشىلەر توپى ئالدىدىن ئۆتمەكتە ئىدى.

ئال قولۇڭغا قىزىل تۇغنى،
بەرمە دۈشمەنگە هېچ ئۇنى.
دۈشمەن سوزسا بىزگە قولىنى،
يانچىپ تاشلايمىز بىز ئۇنى!

بۇ قوشۇننىڭ ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئەمدىكى ۋەزىپىسىمۇ ئىنتايىن ئېغىر، لېكىن مۇقەددەس! ئالىي باش قوماندان گېنې-رال لېيتىنانت ئىسهاقبېك هۆكۈمەت پەرمانلىرىغا ئاساسەن بۇ قوشۇننىڭ يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقىنى جاكارلىدى:

«شەرقىي شىمال تەرەپتە: ئۈچىنچى ئاتلىق پولك تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ دۆربىلجىن ۋە چۆچەك ناهىيىلىرىنى ئېلىپ، ئان-دىن ئالتاي ۋىلايىتىگە يېتىپ بېرىشى؛

تېكەس بىرىنچى پىيادە پولكى بىلەن تۇڭگان ئونىنچى پولك، غۇلجا ئىككىنچى پولكىنىڭ بىر ئىسكادرونى ۋە تۆتىنچى زاپاس پولكىنىڭ بىرىنچى باتاليونى داخىيەنزە بىلەن جىڭنى ئېلى-شى؛

سۈيدۈڭ بىرىنچى پولك بىلەن موڭغۇلكۈرە پولكى ھەمدە مۇستەقىل ئىسكادرون ۋە توپچىلار قىسمى شىخونى ئازاد قىلغان-دىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلىشى؛

جەنۇب تەرەپتە: تېكەس ئىككىنچى ئاتلىق پولكى بىلەن بىر ئىسكادرون مۇزات تاغ ئاغزى ئارقىلىق ئاقسۇغا چۈشۈشى؛

تۆتىنچى زاپاس پولك غۇلجىنى ساقلاپ قېلىشى لازىم.»
جاي ـ جايلاردىكى خەلقلەر بۇ قوشۇننىڭ مۇبارەك قەدىمىگە تەقەززا بولۇپ تۇرماقتا ئىدى.

تولۇق قوراللانغان ئون بەش مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم قوشۇن نىشانلانغان ھەرقايسى جايلارغا ـــ گومىنداڭنىڭ تاپىنى ئاستىدىكى يەرلەرگە قاراپ ھەيۋەتلىك ھەربىي يۈرۈشكە ئاتلاندى! تاغ ـ دالانى تىترىتىپ كۈچلۈك ناخشا ياڭرىدى:

ئاڭلا ئەي ۋەتەن بالىلىرى،
شامالлاردىن خەۋەر باردۇ.
قەھرلىك، كۈچلۈك، باتۇر ئەرلەر،
شىر ۋە يولۋاسلار باردۇ.

مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان كىشىلەر قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئاتلانغان غالىب جەڭچىلىرىنى ئۇزىتىپ قالدى.

ـــ خەير، سىلەرگە ئاق يول بولسۇن!

ـــ خەير، سىلەرگە غەلىبە يار بولسۇن!

ـــ دۈشمەنلىرىڭلار يەر بىلەن يەكسان بولسۇن!

پولكوۋنىك نىزامىدىن ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ شەرققە ـــ يېڭى جەڭ مەيدانىغا ئاتلاندى. بۇ قوشۇننىڭ قەيسەر جەڭچىسى، قىساسچى نادەم قوشۇننىڭ ئالدىدا كۆكرەك كېرىپ، بوز ئېتىنى ئوينىتىپ كېتىپ بارماقتا ئىدى.

1980 ـ يىلى غۇلجىدا يېزىلدى.

مەسئۇل مۇھەررىرى: سۇلتان ھاشىم
مەسئۇل كوررېكتورى: ئاسىيە ئەھمەت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: رىزۋان تۇردى


# ئىلى دولقۇنلىرى (1)
(رومان)
ئابدۇراخمان قاھار

*


شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14-ئوتتۇرا مەكتەپ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 14.875 قىستۇرما ۋارىقى: 4
2000 - يىل 1 - ئاي 2 - نەشرى
2000 - يىل 1 - ئاي 3 - بېسىلىشى
تىراژى: 1—3000
ISBN7—228—00421—3/I·142
باھاسى: 19.80 يۈەن